جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخى مەجمۇئەسى

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى

4

( 2 ـ كىتاب )

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇللۇقىدا يېزىلدى


باش مۇھەررىر: ئابدۇشۈكۈر تۇردى
ئازاد رەھمەتۇللا سۇلتان

ئاپتورلار: ئازاد رەھمەتۇللا سۇلتان
كېرىمجان ئابدۇرېھىم



مىللەتلەر نەشرىياتى

## «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» تەھرىر ھەيئىتى


**ھەيئەت پەخرىي مۇدىرى:**

**ئىسمائىل تىلىۋالدى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى

**ھەيئەت مۇدىرلىرى:**

**ئابدۇرازاق تۆمۈر** تەتقىقاتچى، ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى

**ليۇ بىن** تەتقىقاتچى، دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى

**ھەيئەت ئەزالىرى:**

**ئابدۇشۈكۈر تۇردى** تەتقىقاتچى

**ليۇ كۈيلى** تەتقىقاتچى، دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى

**لاڭ يىڭ** تەتقىقاتچى، دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى

**ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان** پروفېسسور، دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى

**ئالىمجان سابىت** ئالىي مۇھەررىر

**ئىمىنجان ئەھمىدى ئۇتتۇق** كاندىدات تەتقىقاتچى

**ھەبىبۇللا ئابدۇسالام** كاندىدات تەتقىقاتچى


# ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخى(2)

# ئۈچىنچى باب . ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان پروزىچىلىقى

## ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان پروزىچىلىقىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى

**— تېيىپجان هادى ، ئابدۇللا تالىپ ، ئايشەم ئەخمەت ، سەمەت دۇگايلى ، مۇھەممەت ئىمىن ، ئالىمجان ئىسمايىل ، قاھار جېلىل ، غەيرەت ئاسىم ، ئەكبەر غۇلام .**

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا پروزىچىلىقنىڭ تەرەق-
قىيات يولى ئەگرى ـ توقاي ، ئەمما ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى
ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى . قەدىمدىن تارتىپ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى-
نى ئاساس قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مىلادىيە 20 ـ ئەسىردە
ئەدەبىي ژانىر ـ ئەدەبىي شەكىللەر جەھەتتە كۆپ خىللىشىپ ، پۈتۈن
ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەڭ قايىنام ـ تاشقىنلىق بىر دەۋرنى باشتىن
كەچۈردى . بۇنداق قايىنام تاشقىنلىق ۋەزىيەتتە پروزىچىلىق ساھەسىدە
تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى . ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى زامان باس-
قۇچىدا زۇنۇن قادىرى ، سەيپىدىن ئەزىزى ، ئابلىز نازىرى . . .
قاتارلىق بىر ئەۋلاد يازغۇچىلار «ماغدۇر كەتكەندە» ، «مۇئەللىمنىڭ
خېتى» ، «يېتىم توختى» ، «تۈگمەن» ، «مىجىلغان ياش يۈرەكلەر»
قاتارلىق ھېكايىلىرى بىلەن ئاساس سالغان رېئالىزملىق ئۇيغۇر پرو-
زىچىلىقى بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى باسقۇچىغا قەدەم قويغاندىن كې-



يىن تېخىمۇ مول ئىجادىيەت نەتىجىلىرىگە ئېرىشىپ ، قىسقىلا بىر
مەزگىللىك تەرەققىيات ئارقىلىق ئەدەبىياتىمىزدىكى ئاساسلىق ژانىر-
لارنىڭ بىرىگە ئايلاندى ، يېڭى دەۋر باسقۇچىغا كەلگەندە بولسا ، پروزا
ئىجادىيىتى جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەت ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتا-
رىدا تۇردى .

بۈگۈنكى زاماندىكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشىگە ھا-
زىرقى زامان باسقۇچىدىكى پروزىچىلىقىمىز ئاساس بولدى ، باشقا
مىللەتلەرنىڭ پروزىچىلىقى مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى ، ئازاد-
لىقنىڭ دەسلەپكى قايىنام ـ تاشقىنلىق ، جۇشقۇن ، يېڭىچە ھايات
پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئىلھام بۇلىقى ۋە تۇرمۇش مەنبەسى بولدى ،
يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان «تارىم» («شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئى-
تى» ) ژۇرنىلى ئىجادىيەت سورۇنى بولدى . شۇنىڭ بىلەن مىلادىيە
1950 ـ يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا پروزىچىلىق ساھەسىدىمۇ ئاز
بولمىغان ئىجادىيەت نەتىجىلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى . بۈگۈنكى زامان
ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپىدە يېزىلغان سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «تۇردى قا-
سىمنىڭ خۇشاللىقى» ناملىق ئوچېركىدە ، شۇكۇر يالقۇنىنىڭ «چىن
دوستلۇق» ناملىق ھېكايىسىدە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر قىسىم ئە-
سەرلەردە كونا جەمئىيەتتە پومېشچىك يەرلىرىگە يالىنىپ ئىشلەپ
تۇرمۇشنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى بولۇشچە تارتقان ئۇيغۇر دېھ-
قانلىرىنىڭ ئازادلىققا ، يەر ـ زېمىنغا ، بەختىيار ھاياتقا ئېرىش-
كەندىن كېيىنكى خۇشاللىقى ، قەلبىدىكى ھاياجانلىق ئىپتىخارى ،
شۇنىڭدەك يېڭى جەمئىيەتتە شەكىللىنىۋاتقان يېڭىچە كىشىلىك مۇنا-
سىۋەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلدى . بۇلار بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر پروزىچى-
لىقىنىڭ دەسلەپكى نەتىجىلىرىگە ، شۇنداقلا ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىگە
ۋەكىللىك قىلىدۇ .

زۇنۇن قادىرى ، ئابلىمىت مەسئۇدى ، تۇردى سامساق ، ئەرشى-
دىن تاتلىق قاتارلىق يازغۇچىلار ئاشۇ يىللاردىكى پروزىچىلىقنىڭ

ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرى ۋە تۆھپىكارلىرىدىن ئىدى . زۇنۇن
قادىرىنىڭ «چىنىقىش» ناملىق ھېكايىسى 1950 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر
پروزىچىلىقىنىڭ يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ،
ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىش-
لەر يۈكسەك بەدىئىي دىت ۋە كامالەتكە يەتكەن بەدىئىي ماھارەت بىلەن
ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھېكايە سۈپىتىدە ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان پروزىچى-
لىقىدىن يېڭى بىر سەھىپە ئاچتى . ئابلىمىت مەسئۇدى «ساراڭ
ساقايدى» ، «ئۇ ئۆز يولىنى تاپتى» ، «دەسلەپكى قەدەم» ، «ئازاد
يېزىنىڭ قىزى» قاتارلىق بىر تۈركۈم ھېكايىلىرى بىلەن 1950 ـ
يىللارنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ ، جۈملىدىن تۇرپان يې-
زىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلىرىنى ، بۇنداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ
كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنياسىغا ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلى-
رىگە ئېلىپ كەلگەن يېڭىلىقلىرىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ ،
دەسلەپكى مەزگىللەردىكى پروزىچىلىقنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن گەۋدى-
لىك تۆھپىلەرنى قوشتى . تۇردى سامساق شېئىر ئىجادىيىتىگە ياز-
داشتۇرۇپ يەنە پروزا ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى جەڭگىۋار كۆرەشلەر تېما قىلىنغان «تىيانشان
باغرىدا» ، «بەش تال ئوق» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يېزىپ ئۇيغۇر
ھېكايىچىلىقىغا ھەربىي تۇرمۇش تېمىسىدىن ئىبارەت يېڭى بىر تېمى-
نى ئېلىپ كىردى ۋە ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىنىڭ تېمىسىنى كېڭەيتىش
جەھەتتە گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى . ئەرشىدىن تاتلىق پروزا ئىجادىيى-
تىنىڭ بۇ يىللاردىكى مۇۋەپپەقىيىتى ۋە تەسىرىمۇ خېلى روشەن
بولدى . ئۇنىڭ «سادىق باپكار» ، «پۇشايمان» قاتارلىق ھېكايىلىرىدا
يېڭى دەۋردىكى يېڭىچە تۇرمۇش ، يېڭىچە كىشىلىك مۇناسىۋەت ،
كىشىلەر ئېڭىدىكى ئۆسۈش گەۋدىلىك ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى بىلەن
خاراكتېرلەندى ، شۇنداقلا ئەدەبىيات ساھەسىدە بەلگىلىك تەسىر قوز-
غىدى . ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدىكى يەنە بىر قىم-



مەتلىك ئەمگىكى شۇكى ، ئۇنىڭ 1956 ـ يىلى يېزىلغان «سىناق»
ناملىق پوۋېستى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخىدا يېزىلغان
تۇنجى پوۋېست بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . يازغۇچى بۇ پوۋېستىدا گەرچە
يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇيغۇر ئەدەبى-
ياتىدا كۆپ يېزىلغان تېمىنى يازغان بولسىمۇ ، ئەمما ئەسەرنىڭ
قىممىتى يازغۇچىنىڭ پوۋېستتىن ئىبارەت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن
يېڭى بولغان شەكىلگە مۇراجىئەت قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭدا كۆرۈنەرلىك
مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكىدىن ئىبارەت . پروزىچىلىقتا قولغا كەل-
تۈرۈلگەن بۇ بىر قاتار نەتىجىلەرگە مەتتىمىن توختايوپ يازغان
«قانلىق يەر» رومانىنىڭ 1950 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدا
چىقىدىغان «غەربىي شىمال ئەدەبىيات سەنئىتى» ژۇرنىلى تەرىپىدىن
ئېلان قىلىنغانلىقىنى قوشۇپ قارايدىغان بولساق ، 1950 ـ يىللارنىڭ
ئالدىنقى يېرىمىدا ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ پروزا ئىجادىيىتىدە ئاز
بولمىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز .
ئەمما ، پروزا ئىجادىيىتىدىكى بۇنداق گۈللىنىش ۋەزىيىتى ئىز-
چىل داۋاملىشىپ بارالمىدى . 1957 ـ يىلىدىن كېيىن سولچىل
پىكىر ئېقىمىنىڭ ئەزۋەيلەپ كېتىشى بىلەن يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئى-
جادىيىتى بىر مەزگىل توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى ، تېمىلارغا ، يېزىش
ئەركىنلىكىگە چەك قويۇلدى ، ئىلگىرى يېزىلغان بىر تۈركۈم مۇنەۋ-
ۋەر ئەسەرلەر يولسىزلىق بىلەن زىيانكەشلىك شەكلىدە تەنقىد قىلىن-
دى . شۇنىڭ بىلەن باشقا ژانىرلار قاتارى پروزىچىلىقتىمۇ بىر مەز-
گىللىك ئۇزۇلۇش بولدى . 1960 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە
ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىياسىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ ، ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىدىمۇ يەنە بىر قېتىملىق جانلىنىش ۋەزىيىتى مەيدانغا كەل-
دى . پروزىچىلىقنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولسا ، پروزا ئىجادىيىتى
ساھەسىگە قەييۇم تۇردى ، ئەخەت تۇردى ، ئابلىمىت سابىر ، ئابلىمىت
ھاجى ، قاھار جېلىل ، ئابلا ئەخمىدى ، مالىك كېۋىر . . . قاتارلىق

بىر تۇركۇم ياش يازغۇچىلار كىرىپ كەلدى . بۇ بىر تۇركۇم ياش يازغۇچىلار ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ 17 يىللىق ئىجادىيەت مۇساپىسىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق كۆتۈرۈلۈش مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈردى . بولۇپمۇ «ھاياتنىڭ باشلىنىشى» (ئەخەت تۇردى) ، «خالتا كوچىدىن يانغاندا» (ئەرشىدىن تاتلىق) ھېكايىلىرى پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش جەھەتتە خاراكتېر يارىتىشتا ئىچكى كەچۈرمىشلەرنى چىن ۋە قايىل قىلارلىق قىلىپ يورۇتۇپ بېرىشتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسا ، «مىنبىڭ دۈيجاڭ» ، «قىزىل يۇلتۇزلۇق شەپكە» (قەييۇم تۇردى) ھېكايىلىرى تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلىكنىڭ جىددىي ۋە جەلپكارلىقى بىلەن كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى . ئەمما بۇنداق قايتا گۈللىنىش ۋەزىيىتىمۇ ئۇزۇن داۋاملىشالمىدى . مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىراق باشلانغان بىرقاتار سىياسىي - ئىجتىمائىي كۈرەشلەر ئەمدىلا شەكىللىنىشكە ، تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنى يەنە بىر قېتىم خاراب قىلىۋەتتى .

ئەدەبىيات تارىخى نۇقتىسىدىن قارىغاندا ، مىلادىيە 1949 - يىلىدىن 1966 - يىلىغىچە بولغان 17 يىللىق ئۇيغۇر پروزىچىلىقى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى . ئالدى بىلەن بۇ باسقۇچتا بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر پروزىچىلىقى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى ، تەرەققىي قىلىپ ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پروزىچىلىق ساھەسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردى . باشقىسىنى قويۇپ تۇرغاندىمۇ ، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان پروزىچىلىقىغا پۇختا ئاساس سېلىنغانلىقىنىڭ ئۆزىلا بۇ يىللاردىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ بىر مۇۋەپپەقىيىتى ھېسابلىنىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن ، ئاشۇ يىللاردىكى پروزىچىلىقنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى . ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان پروزىچىلىقى باشلىنىشى بىلەنلا ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي - ئىجتىمائىي ھاياتىدا ، تۇرمۇش شەكلىدە ، روھىي دۇنياسىدا يۈز بەرگەن ۋە يۈز بېرىۋاتقان ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ ، تۇرمۇشنى ، دەۋر رېئاللىقىنى نىسبەتەن كەڭ ، جانلىق ۋە چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشتى ، پروزا ئەسەرلىرى ئىجتىمائىي ھاياتنى دەسلەپكى قەدەمدە خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ ، ئۇيغۇر رېئالىزملىق پروزىچىلىقىغا تېخىمۇ پۇختا ئاساس سېلىندى . ئۇنىڭ ئۈستىگە 17 يىللىق پروزا ئىجادىيىتىدە گەرچە ھېكايە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان ، ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيەت ھېكايە ئىجادىيىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ ، ئەمما پوۋېست ، رومان قاتارلىق تۈرلەرگىمۇ دەسلەپكى قەدەمدە ئاساس سېلىندى . يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا ، بۇ يىللاردىكى پروزىچىلىق يېزا تۇرمۇشىنى ئاساسلىق تېما قىلدى ، ئۇلاردا يېزىلاردىكى سىياسىي - ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر ، سىنىپىي - ئىدىيىۋى كۈرەشلەر ، يېزا ھاياتى ۋە دېھقانلار تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەر نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلدى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە يازغۇچىلىرىمىزنىڭ پروزىچىلىقىمىزنىڭ بەدىئىي سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ، پروزا ئىجادىيىتىدە مىللىي ئالاھىدىلىك يارىتىش . . . قاتارلىق جەھەتلەردىكى تىرىشچانلىقىمۇ خېلى ئۈنۈملۈك بولدى . گەرچە ، بۇ يىللاردىكى پروزىچىلىقىمىزدا يەنىلا ئاز بولمىغان يېتەرسىزلىكلەر ساقلانغان بولسىمۇ ، ئەمما دەۋرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە قويغان چەكلىمىسىگە ، ۋە پروزا ئىجادىيىتىنىڭ ئەمدىلەتتىن شەكىللىنىۋاتقانلىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، نەتىجە - مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇشقا بولىدۇ .

مىلادىيە 1960 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ باشلانغان مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئالدى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىنى ۋەيران قىلدى . مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكى يۈرگۈزۈلگەن ئاپەتلىك يىللاردا پروزا ئىجادىيىتىمۇ ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا ئوخشاش قارا بورانىنىڭ ئىچىدە قالدى . لىن بياۋ ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» «ئۇچىنى گەۋدىلەندۈرۈش» ، «باش تېما ئالدىن يۈرۈش» دېگەندەك

سەپسەتىلەرنى بازارغا سېلىپ يۈرگەن بۇ يىللاردا ھەقىقىي ئەدەبىياتنىڭ نورمال مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويۇلمىدى . كىتابلار كۆيدۈرۈلۈپ ، يازغۇچىلار سۈرگۈن قىلىنىپ ، مىسلىسىز ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە قالدى . بىراق ، شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى ، مانا مۇشۇنداق ئاق تېررورلۇق قاپلاپ كەتكەن يىللاردا ئۇيغۇر يازغۇچىلاردىن بىرەرسىمۇ «سۇيىقەست ئەدەبىياتى» غا جور بولىدىغان ئەسەرلەرنى يازمىدى . بىر قىسىم قەيسەر يازغۇچىلىرىمىز شۇنداق ئاپەتلىك يىللاردىمۇ قەلىمىنى تاشلاپ قويماي ، خەلق تەشنا بولىدىغان ئەسەرلەرنى يازدى . ئۇلارنىڭ بىرقىسمى قول يازما شەكلى بىلەن خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ يۈردى . پەرھات جىلان يازغان «پۇل» ، مەخمۇت ئىلياس يازغان «مۇھەببەت لوگىكىسى» ، مۇھەممەت پولات يازغان «ئالتۇن چىش» قاتارلىق ھېكايىلەر دەل مۇشۇ تۈردىكى ھېكايىلەردىن بولۇپ ، ئاشۇ يىللاردا خەلقىمىزنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇشتا مۇھىم روللارنى ئوينىدى . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە ، پروزا ئىجادىيىتى قايتىدىن جانلىنىپ ، سىياسىي خاھىش گەۋدىلەندۈرۈلگەن دەۋر روھى كۈچلۈك بولغان بىر قىسىم ئەسەرلەر يېزىلدى . زوردۇن سابىرنىڭ «تاغ كەينىگە ئۆتكەچە» ناملىق ھېكايىسى ، قەييۇم تۇردىنىڭ ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى رومان ھېسابلىنىدىغان «قىزىلتاغ باتۇرلىرى»[1] ناملىق رومانى ، يەنە شۇ يىللاردا يېزىلغان زوردۇن سابىرنىڭ «ئاۋرال شاماللىرى» ناملىق رومانى قاتارلىقلار مانا مۇشۇ يىللاردىكى ئىجادىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . گەرچە بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى ۋە بەدىئىيلىكىدە ئالاھىدە تىلغا ئالغۇدەك يېڭىلىقلار ، مۇۋەپپەقىيەتلەر بولمىسىمۇ ، ئەمما ئۇزۇن

[1] مەمتىمىن توختايوۋنىڭ «قانلىق يەر» رومانى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا تەۋە بولغاچقا، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى رومان ھېسابلانمايدۇ —— ئاپتوردىن.



مەزگىل قاقاس پېتى قالغان پروزىچىلىق تۇپرىقىدا قايتىدىن ياشىنىغان تۇنجى گىياھلار بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەدەبىيات تارىخىدا مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدۇ . قەييۇم تۇردىنىڭ «قىزىلتاغ باتۇرلىرى» رومانىنى ئالىدىغان بولساق ، بۇ رومان گەرچە مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتلەردە نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي بولمىغان بولسىمۇ ، لېكىن بۈگۈنكى رومانچىلىقىمىزنىڭ باشلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ۋە دەل مۇشۇ يىللاردا يېزىلغانلىقى ئۈچۈن بۇلارنى يۇقىرىقى كۆزقاراشىمىزنىڭ دەلىللىرى سۈپىتىدە تىلغا ئالىمىز .

مىلادىيە 1976 - يىلى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ گۇمران بولۇپ ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىشى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەركىنلىكىنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى . ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۈچۈن چەكسىز ئىمكانىيەتلەر يارىتىلغان بۇ دەۋردە ئىدىيىنى ئازاد قىلىش ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە يازغۇچىلىرىمىز بىر مەزگىللىك ئۆگىنىش ، قايتىدىن تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئەدەبىياتنىڭ رېئالىستىك روھىنى قايتىدىن ئۇرغۇتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان پروزىسى ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى تولىمۇ مۇدھىش بولغان بىر دەۋرنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ، ئۈچىنچى قېتىم قايتىدىن جانلىنىش باسقۇچىغا كىردى . شۇنداق دەپ جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى ، بۈگۈنكى زامان پروزىسىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن گۈللىنىش باسقۇچى تارىخنىڭ مانا مۇشۇ بۇرۇلۇش دەۋرىدىن باشلاندى .

مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا پوئېزىيىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغانلىقى ، ئۇيغۇر مىللىتىنى شېئىرىي مىللەت دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدىغانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت . بىراق ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا پروزا ئۆزىنىڭ كۆپ جەھەتلەردىكى ئەۋزەللىكلىرى بىلەن ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى . بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشىنى بىز 1956 - يىلى يولداش ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلسۇن ، ھەم-

مه ئېقىملار بەس ـ بەستە سايرىسۇن » فاڭجېنىنىڭ ھەقىقىي ئەمەلىيـ
لەشكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارايمىز . ھازىرغىچە پۇتكۇل سوتسىـ
يالىستىك ئەدەبىياتىمىزغا بولغان يېتەكچىلىك ئەھمىيىتىنى يوقاتماي
كېلىۋاتقان «قوش فاڭجېن» غا قارىتا ، بولۇپمۇ بۇگۇن يەنى ئەدەبىـ
ياتنىڭ جۇت پەسلى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنكى باھار پەسلىدە ، يەنە
كېلىپ نۇرغۇن تەجرىبىلەرگە بولۇپمۇ ئاچچىق ساۋاقلارغا ئىگە بولغان
بۇگۇنكى كۇندە چۇشەنچىمىز تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ ، ئەقىدىمىز تېـ
خىمۇ كۇچەيمەكتە . بۇ نېمە ئۇچۇن ؟ بۇنىڭ سەۋەبى ، بۇ فاڭجېنىنىڭ
ئەدەبىياتنىڭ قانۇنىيەتلىرى بىلەن ھەمدە ئېستېتىك پرىنسىپلار بىلەن
يۇغۇرۇلغانلىقى ۋە كۇچلۇك ئىلمىيلىققا ئىگە ئىكەنلىكىدىندۇر .

ھەممىمىزگە مەلۇم ، مول ، رەڭدار ، خىلمۇ خىللىققا ئىگە ئەدەـ
بىياتلار خەلقىنىڭ مەنىۋى تەلەپلىرىگە ياندىشالايدۇ . دەرۋەقە ، ئۇيغۇر
ئەدەبىياتى جۇملىدىن پروزىسى مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە راۋاجلاندى .
ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن پروزىمىز بىر خىللىقتىن كۆپ
خىللىققا يۇزلەندى .

پروزىمىزنىڭ تەرەققىي تاپقانلىقى ئەلۋەتتە يېڭى شەكىللەرنىڭ
تېزلىك بىلەن بىخ سۇرۇپ مېۋىگە كىرگەنلىكىدە ، ئەسەرلەرنىڭ سان ـ
ساپاسىنىڭ ئۆسكەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ . ئەڭ مۇھىمى پروزىنىڭ ئىجاـ
دىيەت باغچىسىدا ھەممە گۇللەر تەڭ ئېچىلىدىغان مەنزىرىنىڭ شەكىلـ
لەنگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ . شۇنداق بولغانلىقى ئۇچۇن ئەگەر بىرى
بۇگۇنكى ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ تۇپ ئالاھىدىلىكى نېمە ؟ دەپ سورىسا ،
بىز خىلمۇ خىللىق دەپ جاۋاب بېرىمىز . ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ يۇزلىـ
نىشى نېمە ؟ دەپ سورىسىمۇ ئوخشاشلا خىلمۇ خىللىق دەپ جاۋاب
بېرىمىز . چۇنكى ، بۇگۇنكى پروزىمىز مىلادىيە 1950 ـ ، 1960 ـ
ۋە 1970 ـ يىللاردىكى پروزىمىزدىن تېما ، ئىدىيىۋىلىك ، پېرسوناژـ
لار ئوبرازى ، قۇرۇلما ، ئىپادىلەش ئۇسۇلى قاتارلىق كۆپ تەرەپلەردە
روشەن پەرقلىنىدۇ . بۇ پەرقلەرنى بىر خىللىق بىلەن كۆپ خىللىقـ



نىڭ ، ئاددىيلىق بىلەن مۇرەككەپلىكنىڭ پەرقى دەپ يىغىنچاقلاشقا
بولىدۇ .

ھېلىمۇ ئېسىمىزدە ، ئىلگىرى تېما ، پېرسوناژ ، ئىجادىيەت ئۇـ
سۇلى ۋەھاكازالار ئۇچۇن ئېنىق بەلگىلىمىلەر بار ئىدى . ئىجادىيەتـ
چىلەر ئۇچۇن قالدۇرۇلغان «قالدۇرۇق يەر » يەنى تاللاش ئىمكانىيىتى
ئىنتايىن كىچىك ئىدى . تېما جەھەتتە دەسلىپىدە ئىشچى ـ دېھقان ـ ئەسكەر ـ
لەردىن باشقىسىنى يېزىش مەنئى قىلىنغان ئىدى . ئىشچى ـ دېھقان ـ
ئەسكەرلەرنى يازغاندىمۇ پەقەت ئۇلارنىڭ كۇرەش ھاياتىنىلا يېزىشقا
بولاتتىكى ، ئۇلارنىڭ كۇندىلىك تۇرمۇشىغا ، ئادىمىي ھېسسىياتىغا ۋە
باشقا تەرەپلىرىگە تېگىشكە بولمايتتى . بەزى يازغۇچىلىرىمىزنىڭ تاكى
1980 ـ يىللارغىچە بۇ چەكلىمىدىن چىقالماي يۇرگەنلىكلىرى ئۇلارـ
نىڭ قانچىلىك يۇرەكسىزلىكى بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرسەتسە كېرەك .
بۇ چەكلىمىلەر ئوبيېكتىپ ياقتىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى بۇرمىلاش ،
تۇرمۇشنى ئاددىيلاشتۇرۇش ، بىر خىللاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان
بولۇپ ، بۇ ئەمەلىيەتتە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى ۋە دۇنيا
قاراشتىكى ئېغىر بىر تەرەپلىمىلىك ۋە مېتافىزىكىلىق ئىدى . يېڭى
باسقۇچتىكى ئۇيغۇر پروزىسىدا ئىشچى ـ دېھقان ـ ئەسكەرلەرنىلا
ئەمەس ، بەلكى پۇتكۇل جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كۇرەش ھاياتى ، شۇـ
نىڭدەك ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ھەممە تەرەپلەر يورۇتۇلدى .

پروزىمىزدا يېزا تېمىسى ، سانائەت تېمىسى ، شەھەر تۇرمۇشى
تېمىسى ، مەكتەپ ھاياتى تېمىسى ، ھەربىي تۇرمۇش تېمىسى ، زىياـ
لىي ياشلار تېمىسى ، مەدەنىيەت ئىنقىلابى تېمىسى ، ئاياللار تېمىسى ،
ئىسلاھات تېمىسى ، مۇھەببەت تېمىسى ، ئائىلىۋى تۇرمۇش تېمىسى ،
تارىخىي تېما قاتارلىق نۇرغۇن تۇرلەر مەيدانغا كەلدى . تېمىلار قاتارىـ
دا جۇلا قىلىۋاتقان بۇ رەڭدارلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىلگىرىكى
ئەندىزە ـ قېلىپلاردىن زور دەرىجىدە ھالقىپ چىققانلىقىنى كۆرسىتىـ
دۇ .

مىلادىيە 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا باشلىنىپ ، تاكى ئە-
سىر ئاخىرىغىچە 20 نەچچە يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېسىپ
ئۆتكەن يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ ئەڭ
گۈللەنگەن شۇنداقلا ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بىر باسقۇچى
بولدى . بۇ باسقۇچتا پېشقەدەملەر ، ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشلاردىن
تەشكىل تاپقان ، تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن زور بىر يازغۇچىلار
قوشۇنى شەكىللەندى . ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى سۈپە-
تىدە ھەرقايسى ژانىرلار بويىچە كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئىجاد
قىلىندى . پروزا ئەسەرلىرىنىڭ ژانىر ـ تۈرلىرى تولۇقلاندى ، ھېكا-
يىدىن باشقا يەنە پوۋېست ، رومان ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرمۇ
ئالاھىدە بولدى . بولۇپمۇ ئەسىر ئاخىرىغا كەلگەندە رومان ئىجادىيىتى-
دە مول ھوسۇل مەنزىرىسى شەكىللەندى . پروزا ئەسەرلىرىنىڭ تېمى-
سى كۆپ خىللاشتى ، رېئال تېمىلار ئاساس قىلىنىش بىلەن بىرگە
تارىخىي تېمىدىكى ئىجادىيەتنىڭ كۆلىمى بارغانسېرى كېڭىيىپ ، ئۇ-
تۇقمۇ گەۋدىلىك بولدى . بالىلار تۇرمۇشى ، ئاياللار تۇرمۇشى ، زىيا-
لىيلار تېمىسى ، سانائەت تېمىسى . . . دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىدە ئە-
سەرلەر يېزىلدى ، يازغۇچىلىرىمىز تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنمىغان
تېمىلار ئاساسەن قالمىدى . ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغىنى
شۇكى ، يېڭى دەۋردىكى پروزا ئىجادىيىتىدە گەرچە دەرىجىسى ئوخ-
شاشمىسىمۇ ، ئەمما ئىزدىنىش ، يېڭىلىق يارىتىش ، پروزىچىلىقنىڭ
بەدىئىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بارلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ
ئورتاق تىرىشىش نىشانى بولدى ، شۇنىڭ بىلەن پروزىچىلىقىمىزنىڭ
شەكلى رەڭدارلاشتى ، ئۇسلۇبى كۆپ خىللاشتى ، بەدىئىي سەۋىيىسى
كۈنسېرى ئۆسۈپ باردى . قىسقىغىنە 20 يىللىق تەرەققىيات نەتىجى-
سىدە ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى يارىتالىغان بىر
تۈركۈم ئېسىل ئەسەرلەر مەيدانغا چىقتى .
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى دەۋر باسقۇچى «جاراھەت ئەدەبىيا-



تى» بىلەن باشلاندى . «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلىپ ، «مەدە-
نىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلىشىپ ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيد-
تى ئۇچۇن داغدام يول ئېچىلغان 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا
يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىزنىڭ ئالدى بىلەن يازغىنى «تۆت كىشىلىك
گۇرۇھ» نىڭ ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ
قەلبىدە پەيدا قىلغان جاراھەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش مەزمۇ-
نىدىكى ئەسەرلەر بولدى . ئۇلار مۇدھىش يىللاردىن قۇتۇلۇپ ، يېڭى
دەۋرگە ئېرىشكەنلىكىگە بولغان خۇشاللىقىنى مانا مۇشۇنداق جاراھەت-
نى يېزىش بىلەن ئىپادىلىدى ، شۇنىڭ بىلەن 1970 ـ يىللارنىڭ
ئاخىرلىرى 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىكى ئەدەبىياتتا «جاراھەت
ئەدەبىياتى» دەپ ئاتالغان بىر خىل ئەدەبىي ئىجادىيەت خاھىشى مەيدا-
غا چىقتى . يازغۇچى ئابلىمىت سابىر يازغان «ئۇنىڭ ماكانى» ،
ئەخەت تۇردى يازغان «مەرھابا باغۋەن» ، زوردۇن سابىر يازغان
«قەرزدار» ، «قوبۇلخانىدا» ، «دولان ياشلىرى» ، قادىر ئارسلان
يازغان «تىترىگەن ئاۋاز» قاتارلىق ئەسەرلەر دەل مانا مۇشۇ «جارا-
ھەت ئەدەبىياتى» نىڭ دەسلەپكى ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋە-
كىللىك قىلىدىغان ئەسەرلەردىن بولۇپ قالدى . ئەدەبىي ئىجادىيەت
نۇقتىسىدىن قارىغاندا ، «جاراھەت ئەدەبىياتى» ئۇيغۇر پروزىچىلىقى-
دىكى ئىجادىيەت نەتىجىلىرى گەۋدىلىك بولغان مۇھىم بىر ئۆتكۈنچى
دەۋر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .
يېڭى دەۋردىكى پروزىچىلىقتا تارىخىي تېمىدىكى ئىجادىيەت گەۋ-
دىلىك ئورۇن تۇتتى . نۇرغۇن يازغۇچىلار ئىلگىرىكى دەۋرلەردە
«چەكلەنگەن رايون» دەپ قارالغان تارىخىي تېمىلارغا دادىللىق بىلەن
مۇراجىئەت قىلىپ ، قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان تارىخىدا مۇھىم ئو-
رۇن تۇتىدىغان تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ئاز
بولمىغان ھېكايە ، پوۋېست ، رومانلارنى يازدى . يېڭى دەۋردىكى تارى-
خىي تېمىدىكى پروزا ئەسەرلىرى ئىجادىيىتىگە ئاساس سالغان ۋە

ئۇنىڭ دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيىتىنى ياراتقان يازغۇچى تېيىپجان ھادى بولدى.

**تېيىپجان ھادى** — بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ «پالۋان كەلدى»، «چورۇق ھېكىم»، «ئاق ئۆستەڭ، ئاق» قاتارلىق بىر تۈركۈم تارىخىي ھېكايىلىرى بىلەن يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تارىخىي ھېكايىچىلىقنى ئاساس سالغان ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇناسىپ ھەسسىلەرنى قوشقان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى.

تېيىپجان ھادى مىلادىيە 1925 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1934 ـ يىلىدىن 1939 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچىدە ئوقۇغان. مىلادىيە 1941 ـ يىلىدىن 1944 ـ يىلىغىچە غۇلجىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. مىلادىيە 1944 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىدە خىزمەت قىلغان. ئازادلىقتىن كېيىن 1952 ـ يىلىغىچە بىر مەزگىل سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىدە كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىن ھەر خىل سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەردە خاتا ھالدا زەربىگە ئۇچرىغان. مىلادىيە 1980 ـ يىللاردىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. مىلادىيە 1989 ـ يىلى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن غۇلجىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

تېيىپجان ھادىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى 1940 ـ يىللاردىلا باشلانغان. ئاشۇ يىللاردا ئۇنىڭ «يىمىرىلگەن توسالغۇ»، «بىر كۈنلۈك ياتلىق» قاتارلىق ھېكايىلىرى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان. ئەمما ئۇ ھەر خىل زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچراپ، ھايات خاتىرجەملىكىگە ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىجادىيىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرالمىغان. مىلادىيە 1980 ـ يىللارغا كەلگەندە قولىغا قايتىدىن قەلەم ئېلىپ، تارىخىي تېمىلارغا بېغىشلانغان «پالۋان كەلدى» (1980)، «چورۇق ھېكىم» (1980)، «ئاق ئۆستەڭ، ئاق»



(1982)، «باتۇركەلدى» (1986)، «كۆزۈمنى ئېچىپ چىقتىم» (1987)، «چىن مودەن» (1987) قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ھېكايىلەرنى يېزىپ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم يازغۇچىلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

تېيىپجان ھادى ئاساسەن ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھېكايىلىرى ئۆزىگە خاس روشەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ھەممىلا ھېكايىسى تارىخىي ھېكايىلەر بولۇپ، بۇ بىر قاتار ھېكايىلىرىدە يازغۇچى ئېلىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەرنى ۋە شۇ مەزگىللەردە مۇھىم رول ئوينىغان تارىخىي شەخسلەرنى يازغان. تارىخنى يازغاندا، يازغۇچى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇپ، تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى، قەھرىمانلارنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى شۇنداقلا خەلق ئاممىسىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بەدىئىي توقۇلمىنى ئاز ئىشلىتىپ، تارىخنى چىنلىق بىلەن ئەمما بەدىئىي يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈپ، تارىخىي تېمىدا ئەسەر يېزىشنىڭ يېڭى بىر پەللىسىنى ياراتتى.

تېيىپجان ھادىنىڭ يۇقىرىقى بىر قاتار ھېكايىلىرى «تارىختا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئۈچ نەپەر خەلق قەھرىمانىنىڭ ھايات ۋەقەلىكلىرىگە بېغىشلانغان. «چورۇق ھېكىم»، «ئاق ئۆستەڭ، ئاق» ھېكايىلىرىدە ئېلىنىڭ ئېتىز ـ ئېرىقلىرىنىڭ جان تومۇرى بولغان ‹ئاق ئۆستەڭ› نى چېپىشقا كۈچ چىقارغان چورۇق ھېكىمنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى يېزىلغان؛ «باتۇر كەلدى» ھېكايىسىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە ئۆزىنىڭ قورقۇمسىزلىقى ۋە باتۇرلۇقى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋەھىمە سالغان غېنى باتۇرنىڭ بىر قېتىملىق جەڭدىكى قەھرىمانە كارتىنىسى سىزىپ بېرىلگەن؛ «پالۋان كەلدى»، «كۆزۈمنى ئېچىپ چىقتىم»، «چىن مودەن»، «ئۆچكە دۆڭدە لاۋۇلدىغان مەشئەللەر» قاتارلىق ھېكايىلەر ئاپتور-

نىڭ سادىر پالۋان ھەققىدە يازماقچى بولغان كىتابىنىڭ بىر قىسمى
بولۇپ ، بۇ ھېكايىلەر مەشھۇر خەلق قەھرىمانى سادىر پالۋاننىڭ
ھاياتىغا بېغىشلانغان »[①] . «پالۋان كەلدى » — تېيىپجان ھادىنىڭ
يېڭى دەۋر باسقۇچىدا يازغان تۇنجى ھېكايىسى ، شۇنداقلا ئەدەبىيات
ساھەسىدە چوڭ تەسىر قوزغىغان ھېكايىلەرنىڭ بىرى . بۇ ھېكايە
ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن ، رادىئو
دىرامىسى قىلىنىپ ئىشلەنگەن ، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە
مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن .
«پالۋان كەلدى » ناملىق بۇ ھېكايىدە سادىر پالۋان ئەسەرنىڭ
باش قەھرىمانى قىلىنىپ ، ئۇنىڭ خەلق مەنپەئىتى ۋە خەلق ئىرادىسىـ
گە ۋەكىللىك قىلىپ ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران كۈچلەر بىلەن ئېلىپ
بارغان بىرقاتار كۈرەشلىرى تەسۋىرلەنگەن .
ھېكايىدە ئىلىنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ 1960 ـ يىللىرىدىكى سىياـ
سىي ـ ئىجتىمائىي رېئاللىقى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ ،
مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ يەرلىك فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن
بىرلىشىپ ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى دەھشەتلىك تۈردە ئەزگەنلىكى ،
خەلق قەھرىمانى سادىر پالۋاننىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋەـ
كىللىك قىلىپ ھۆكۈمران كۈچلەرگە قاقشاتقۇچ زەربىلەرنى بېرىپ ،
خەلقنىڭ دەردىنى ئېلىپ بەرگەنلىكى ؛ ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ بۇنىڭغا
چىدىماي سادىرنىڭ ئايالى ۋە بالىلىرىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقى ،
ئۇلار دارغا ئېسىلىدىغان چاغدا ، سادىر تەرىپىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىنـ
غانلىقى يېزىلغان .
يازغۇچى بۇ ھېكايىدە سادىر پالۋاننىڭ جازا مەيدانىغا كېلىپ ،
ئايالى ۋە بالىلىرىنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ۋەقەنى تەسـ

---

① مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «تېيىپجان ھادى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىغا قاراڭ. «چورۇق ھېكىم»،
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 7 ـ بەت.



ۋىرلەش ئارقىلىق ، بىر تەرەپتىن ئەينى ۋاقىتتىكى دەھشەتلىك زۇـ
لۇمنى كۆرسىتىپ ، خەلق ئاممىسىنىڭ قوزغىلىپ كۈرەش قىلىشىـ
نىڭ بىر خىل تارىخىي مۇقەررەرلىك ئىكەنلىكىنى ، خەلقنىڭ زورـ
لۇققا قارشى كۈرەش قىلىشتەك جەڭگىۋار روھىنى مۇئەييەنلەشتۈرـ
گەن ؛ يەنە بىر تەرەپتىن سادىر پالۋاننىڭ ھەقىقىي خەلق قەھرىمانىغا
خاس باتۇر ، قەيسەر ، ھەققانىي خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن .
ئۇنىڭ «چورۇق ھېكىم » ناملىق ھېكايىسىدە ، ئىلى زېمىنىنىڭ
گۈللىنىشى ، ئاۋاتلىشىشىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان «ئاق ئۆسـ
تەڭ » قۇرۇلۇشىنىڭ پىلانلىغۇچىسى ۋە تەشكىللىگۈچىسى چورۇق
ھېكىمنىڭ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ساختىلىق قىلىپ ، باي بالىـ
لىرىنىڭ ئورنىغا دېھقان بالىلىرىنى ئىشلىتىپ ، ئۇلارغا ھەق بەرمەي
ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان يۈز بېگىلەرنى جازالىغانلىقى ، شۇنداقلا
شۇ قاتاردا يەنە ئۆزىگىمۇ ئېغىر جازا بەرگەنلىكىدەك بىر ۋەقەنى
يېزىش ئارقىلىق ، چورۇق ھېكىمنىڭ ۋەتەننى سۆيىدىغان ، ئەمگەكچى
خەلقنى ھۆرمەتلەيدىغان ، يۇرتنىڭ گۈللىنىشىنى ئويلايدىغان ، ناھەقـ
چىلىققا قارشى ، ئادالەتنى ياقلايدىغان خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ
بەرگەن شۇنداقلا ئۇنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن .
«ئاق ئۆستىڭىم ، ئاق » ناملىق ھېكايە يازغۇچىنىڭ «چورۇق
ھېكىم » ناملىق ھېكايىسىنىڭ داۋامى بولۇپ ، بۇ ھېكايىدە يازغۇچى
ئىلى خەلقىنىڭ ئاق ئۆستەڭنى چېپىش جەريانىدىكى بىرقانچە تىپىك
كۆرۈنۈشنى ، شۇنداقلا چورۇق ھېكىمنىڭ ئاق ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىدىـ
كى باشلامچىلىق رولىنى تىپىك تەپسىلاتلار ئارقىلىق كۆرسىتىپ ،
ئاق ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئىلى زېمىنىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى
ئۈچۈن غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ ۋە
ئەمگەكچان خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخىي تۆھپىسى ئۈچۈن بەدىئىي
ئابىدە تىكلىگەن . ھېكايىدە يازغۇچى بىر تەرەپتىن خەلق ئاممىسىنىڭ
تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن خەلق ئامـ

مىسىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، يۇرتقا سۇ باشلاپ كېلىشتەك ئۇلۇغ
ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا غايەت چوڭ رول ئوينىغان چورۇق ھې-
كىمنىڭ تۆھپىسىنى ئۇلۇغلىغان. چورۇق ھېكىمنىڭ خاراكتېر -
ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ تىپىك تەپسىلاتلار ئارقىلىق گەۋدىلەندۈر-
گەن.

بۇ بىر قاتار ھېكايىلەردە يازغۇچىنىڭ تارىخىي تېمىلارغا مۇراجى-
ئەت قىلىش، تارىخىي شەخسلەرنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىشنى
ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇش، تارىخىي شەخسلەرنىڭ خاراكتېر - ئالاھى-
دىلىكلىرىنى يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىش، پېرسوناژ خاراكتېرىنى
تىپىك بولغان ئىجتىمائىي مۇھىتقا قويۇپ، تىپىك بولغان تەپسىلاتلار
ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈش، تارىخىي چىنلىقنى ئاساسلىق ئورۇنغا قو-
يۇش، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش قاتارلىق
ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

تېيىپجان ھادىنىڭ ئەسەرلىرى گەرچە سان جەھەتتىن ئانچە كۆپ
بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا مۇنا-
سىپ ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىر قىسىم
ھېكايىلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر تارى-
خىي ھېكايىلەرنى ئېلىپ كىردى، ئېلىنىڭ يېقىنقى زامان، ھازىرقى
زامان تارىخىدىكى بىرقاتار تارىخىي ۋەقە، تارىخىي شەخسلەرنى ئەدەبى-
ياتىمىزغا ئېلىپ كىردى، شۇنداقلا تارىخىي تېمىدىكى ھېكايىچىلىقتا
تىپىك بولغان تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ئارقىلىق تارىخىي شەخسلەرنىڭ
خاراكتېرىنى، تۆھپىسىنى كۆرسىتىشتەك رېئالىزملىق ئۇسۇلنىڭ
مەلۇم پەللىسىنى ياراتتى.

تېيىپجان ھادىدىن كېيىن تارىخىي تېمىدا ئەسەر يازىدىغان يازغۇ-
چىلار كۆپلەپ مەيدانغا چىقتى. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر («ئىز»، «ئوي-
غانغان زېمىن»)، زوردۇن سابىر «ئانا يۇرت» قاتارلىقلار تارىخىي
رومانچىلىقنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى. مەتتىمىن ھوشۇر (



«نۇزۇگۇم»)، زوردۇن سابىر («گۈلەمخان») قاتارلىقلار تارىخىي
پوۋېستلارنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى. ئابدۇللا ساۋۇت («تەگىرد-
ىنىڭ ئوغلى»، «شىراق»)، نۇرمۇھەممەت توختى («شاھ مەشرەپ
خوتەندە»، «قوشتاغدىكى مۇشائىرە») قاتارلىق يازغۇچىلار تارىخىي
ھېكايىچىلىقتا يۇقىرى پەللە ياراتتى. بۇلاردىن باشقا تارىخىي تېمىلار
بويىچە يەنە بىر تۈركۈم قىسسەلەر يېزىلدى. خېۋىر تۆمۈرنىڭ «ئاب-
دۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە»، ئابدۇۋەلى ئەلىنىڭ «بەدۆلەت»، «ئاپ-
پاق خوجا» قاتارلىق قىسسىلىرى مانا مۇشۇ تۈردىكى ئىجادىيەتكە
ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ناھايىتى
ئۇزۇن تارىختا ئىگە بولغان، ئەمما ئارىلىقتا ئۈزۈلۈپ قالغان قىسسە-
چىلىكنى قايتىدىن ئەدەبىياتىمىزغا ئېلىپ كىردى، شۇنداقلا بۇ ژا-
نىرنىڭ دەۋرىمىزدىكى يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى.

يېڭى دەۋر پروزىچىلىقىدىكى مۇھىم ھادىسىلەرنىڭ بىرى رومان-
چىلىق ھادىسىسى بولدى. رومانچىلىق ئاساسەن يېڭى دەۋر ئەدەبىيا-
تىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچىدا تەخمىنەن
100 پارچىدىن كۆپرەك رومان مەيدانغا كېلىپ، رومان ئىجادىيىتىدە
گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ دەس-
لەپىدە رومان ئىجادىيىتىدە نىسبەتەن چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن
يازغۇچى قەييۇم تۇردى بولدى. ئۇ «قىزىلتاغ باتۇرلىرى» رومانىدىن
كېيىن يەنە جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ئازادلىقنىڭ ئالدى -
كەينىدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «كۆرەشچان
يىللار» ناملىق ترىلوگىيىسىنى يازدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئارقا - ئارقى-
دىن بىر تۈركۈم رومانلار نەشر قىلىنىپ، ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ
گۈللىنىش مەنزىرىسى شەكىللەندى. 1980 - يىللارنىڭ ئالدىنقى
يېرىمىدا ئابدۇراخمان قاھارنىڭ «ئېلى دولقۇنلىرى» (1982 - يىل)
رومانى، ئابدۇللا تالىپنىڭ «قاينام ئۆركىشى» (1982 - يىل) روما-
نى، ئايشەم ئەخمەتنىڭ «ئۆچمەس ئىزلار» (1983 - يىل) رومانى،

زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» (1983 ـ يىل ) رومانى ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» (1985 ـ يىل ) رومانى قاتارلىق بىر تۈركۈم رومانلار مەيدانغا كېلىپ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدا رومان قىزغىنلىقى شەكىللەندۈردى . بولۇپمۇ «ئىزدىنىش» رومانى بىلەن «ئىز» رومانىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ، تەسىرى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى ، بۇ ئىككى رومانىنىڭ بىرى رېئال تېمىدا يېزىلغان رومانلارنىڭ ، يەنە بىرى تارىخىي تېمىدا يېزىلغان رومانلارنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى ياراتتى . بۇ رومانلارنىڭ تەسىرى ۋە تۈرتكىسى بىلەن 1980 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ يېزىلغان رومانلارنىڭ سەۋىيىسىدە كۆرۈنەرلىك يۈكسىلىشلەر بولدى . سەيپىدىن ئەزىزى يازغان «سۇتۇق بۇغراخان» (1987 ـ يىل ) ، ئەخەت تۇردى يازغان «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» (1987 ـ يىل ) ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر يازغان «ئويغانغان زېمىن» (1988 ـ يىل ) ، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم يازغان «تۈندىكى چاقماق» (1988 ـ يىل ) ، جالالىدىن بەھرام يازغان «مېھرىگىياھ» (1988 ـ يىل ) ، خېۋىر تۆمۈر يازغان «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» (1990 ـ يىل ) قاتارلىق رومانلار ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىك جەھەتتىن پىشىپ يېتىلىۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى بولدى . 1990 ـ يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمى رومانچىلىق ئۈچۈن ئۆتكۈنچى بىر دەۋر بولدى ، ئۇيغۇر رومانلىرىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ھەققىدىكى مۇھاكىمىلەر رومانچىلىقىمىزغا ئاكتىپ تەسىرلەرنى كۆرسەتتى . شۇنىڭ بىلەن رومانچىلىقىمىزنىڭ سەۋىيىسىدە ماھىيەتلىك يۈكسىلىشلەر بولدى . 1990 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەن مەمتىمىن ھوشۇر يازغان «قۇم باسقان شەھەر» (1996 ـ يىل ) رومانى ، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم يازغان «داغ» (1996 ـ يىل ) رومانى ، سەمەت دۇگايلى يازغان «ھايات شاماللىرى» (1996 ـ 2000 ـ يىللار ) رومانى ، زوردۇن سابىر يازغان «ئانا يۇرت» (2000 ـ



يىل ) رومانى قاتارلىق بىر تۈركۈم يىرىك رومانلار مانا مۇشۇ يۈكسىلىشنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ، بۇ رومانلار كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ ، كىتابخانلار ئارىسىدا ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە چوڭ تەسىر قوزغىدى . بولۇپمۇ «ئانا يۇرت» رومانى شەخسنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن تارىخ قىسمەتلىرىنى كىرىشتۈرۈپ يېزىشتىكى ئۆزگىچىلىكى ، پۈتۈن بىر تارىخنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ئېپوسلۇق خاراكتېرى ، مىللىي تۇرمۇش ۋە خەلقىمىزنىڭ قىسمەتلىرىنى يېزىشتىكى يېگانىلىقى ، پېرسوناژلار ئوبرازىنى سۈرەتلەشتىكى نەپىسلىكى ، تىلدىكى ئاجايىپ پاساھىتى بىلەن ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ مىلادىيە 20 ـ ئەسىردىكى ئەڭ يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتىنى نامايان قىلدى .

ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ دەسلەپكى ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان يازغۇچى ئابدۇللا تالىپ ، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى ، جۈملىدىن يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدىغان ، ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھپە قوشقان يازغۇچىلارنىڭ بىرى . ئۇنىڭ «قاينام ئۆركىشى» ، «چالا تەگكەن ئوق» قاتارلىق رومانلىرى ئەينى ۋاقىتتا خېلى چوڭ تەسىر قوزغىغان .

**ئابدۇللا تالىپ** (مىلادىيە 1926 ـ 2005 ـ يىلى ) ئاقسۇنىڭ كەلپىن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان . 1943 ـ يىلىدىن 1946 ـ يىلىغىچە ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاقسۇدا ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان . 1956 ـ يىلى مەركىزىي مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان . شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ مائارىپ تەتقىقات ئورنىدا تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن . ئۇنىڭ «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېركلار» ناملىق ئىلمىي تەتقىقات ئەسىرى بار .

ئابدۇللا تالىپنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1943 ـ يىلى «ئاقسۇ

گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «مەرپەت ئانا» ناملىق تۇنجى شېئىرى بىلەن باشلانغان. شۇ يىللاردىن تارتىپ «پەزلى جاھان» تەخەللۇسىنى قوللىنىپ، «باتۇر ئوغلانلار»، «ئانا يۇرتۇم»، «ئىشقىدا»، «شامالغا خىتاب»، «ئانا يۇرت سۆيگۈسى» قاتارلىق شېئىرلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىپ، تونۇلغان شائىرلاردىن بىرىگە ئايلانغان. ئۇ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنى ئازادلىقتىن كېيىنمۇ داۋاملاشتۇرۇپ، «سەددىچىن»، «ئۇنتۇلماس خاتىرە» قاتارلىق داستانلارنى يازدى. مۇشۇ شېئىرلىرى ئاساسىدا «جۇپ ھەيكەل» (1987) ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان.

ئابدۇللا تالىپ گەرچە شېئىرىيەتتىن باشقا دراماچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، «ئەركىن جانان»، «سۆيگىنىم ئەلا» قاتارلىق درامىلارنىمۇ يازغان بولسىمۇ، ئەمما ئەدەبىي ھاياتىدا رومانچىلىق ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ مىلادىيە 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا رومان ئىجادىيىتىگە كىرىشىپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ جەڭگىۋار ھاياتى ۋە ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېغىشلانغان چوڭ ھەجىملىك رومانى «قاينام ئۆركىشى» نى يېزىپ، ئەدەبىيات ساھەسىدە، شۇنداقلا كىتابخانلار ئارىسىدا چوڭ تەسىر قوزغىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە رومان ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن «چالا تەگكەن ئوق»، «لالە ـ قۇربان» قاتارلىق رومانلارنى جامائەتچىلىككە تەقدىم قىلىپ، ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇناسىپ ھەسسىلەرنى قوشتى.

ئابدۇللا تالىپنىڭ رومانلىرى تېما جەھەتتە ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ھەممە رومانىدا دېگۈدەك يۇرتىمىزنىڭ تارىخىي ـ ئىجتىمائىي رېئاللىقى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئەكسىيەتچى، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارنىڭ، يەرلىك زالىم ئەمەلدارلارنىڭ خەلققە ئېلىپ كەلگەن بالايىئاپەتلىرى، شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ



زۇلۇمغا باش ئەگمەي، ئەركىنلىك ئۈچۈن ئېلىپ بارغان جەڭگىۋار كۈرەشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يازغۇچى مەيلى ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن جان پىدا قىلغان ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ جەڭگىۋار ھاياتىغا بېغىشلانغان «قاينام ئۆركىشى» رومانىدا بولسۇن، مەيلى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ 1940 ـ يىللاردىكى چوڭ داۋالغۇش مەزگىلىدە باشتىن كەچۈرگەن قىسمەتلەرگە باي ھايات سەرگۈزەشتىلىرى، ئاشكارا ـ يوشۇرۇن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى، ۋە پاجىئەلىك تەقدىرلىرى تەسۋىرلەنگەن «چالا تەگكەن ئوق» رومانىدا بولسۇن، ياكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا كۇچا خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ۋە ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ مۇھەببەت ئەركىنلىكى، شەخسىي ئازادلىق يولىدىكى جان پىدالىقى تەسۋىرلەنگەن «لالە قۇربان» رومانىدا بولسۇن، يازغۇچى كەڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، شۇ رېئاللىققا نىسبەتەن تىپىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان كىشىلەرنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى، ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى، ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، خەلقىمىز بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى ـ توقاي ھايات مۇساپىسىنى، خەلقنىڭ ئەركىنلىك ـ ئازادلىق ئۈچۈن ئېلىپ بارغان جەڭگىۋار كۈرەش تارىخىنى، شۇنداقلا ھايات ئۈچۈن كۈرەش دېگەن ھەقىقەتنى بەدىئىي يوسۇندا كۆرسىتىپ بەرگەن.

«قاينام ئۆركىشى» — ئابدۇللا تالىپنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى، ئۇيغۇر رومانچىلىقى شەكىللىنىۋاتقان دەسلەپكى مەزگىللەردە چوڭ تەسىر قوزغىغان رومانلاردىن بىرى، شۇنداقلا تارىخىي شەخسلەرنىڭ بەدىئىي ئوبرازى تۇنجى قېتىم نىسبەتەن مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان يىرىك ئەسەرلەرنىڭ بىرى. بۇ رومان ئارقىلىق يازغۇچى بىر تەرەپتىن لۇتپۇللا مۇتەللىپتىن ئىبارەت بۇ مەشھۇر شائىرنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى رومان شەكلى ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تارىخىي تېمىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنى قىمـ

مەتلىك تەجرىبە - ساۋاقلار بىلەن تەمىنلىدى .

«قايىنام ئۆركىشى» رومانىدا مىلادىيە 1922 - يىلىدىن 1945 - يىلىغىچە ياشىغان ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 1930 - ، 1940 - يىللىرىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئىنقىلابىي كۈرەشلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ ، خەلقىنىڭ ئازادلىق كۈرەشلىرى ئۈچۈن جان پىدالىق كۆرسىتىپ ، ئۆزى ياشىغان مۇدھىش يىللارغا ئىجادىيىتى ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق كۈچلۈك جاۋاب بەرگەن ۋەتەنپەرۋەر شائىر ۋە ئىنقىلابچى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى ، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىش جەريانىنى ، ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىنى ۋە ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن . يازغۇچى روماندا ، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن بولۇپ ، ئەسەرنىڭ پۈتۈن تەركىبىي قىسىملىرى ، ھەربىر تەپسىلاتلىرى ، ئومۇمىي قۇرۇلمىسى مۇشۇ بىر مۇددىئا ئاساسىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان . شۇڭا ، رومانىنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيىتىمۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئوبرازىنى يارىتىشتا گەۋدىلەنگەن . يازغۇچى لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئوبرازىنى ياراتقاندا ، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى قەيسەرلىك ، تىرىشچانلىق ، ئىلىم - مەرىپەتكە ، سەنئەتكە ، تەبىئەتكە ھېرىسمەنلىككە ئوخشاش تۇغما ئالاھىدىلىكلەرنى گەۋدىلەندۈرگەن بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى شۇ دەۋردىكى مۇرەككەپ ، جەڭگىۋار سىياسىي ، ئىجتىمائىي كۈرەشلەر قوينىغا قويۇپ تەسۋىرلىگەن . لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئوبرازىدىكى بۇنداق تەبىئىي خاراكتېر بىلەن رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردە گەۋدىلىنىدىغان خاراكتېرلەرنىڭ بىرلىكى رومانىنىڭ ئوبراز يارىتىش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىنى مەلۇم يۇكسەكلىككە كۆتۈرگەن . ئۇنىڭدىن باشقا يازغۇچى بۇ ئوبرازنى ياراتقاندا ، بىر تەرەپتىن لۇتپۇللا مۇتەللىپنى ئۇزۇن مەزگىل ئۆگىنىپ ، تەتقىق قىلىپ ، ئۇنىڭغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنى كەڭ



كۆلەمدە يىغىپ ، مۇشۇ ئاساستا رومانىنىڭ تارىخىي ئاساسىنى ياراتقان ھەم بۇ ئوبرازنى ياراتقاندا ئاشۇ تارىخىي چىنلىققا ھۆرمەت قىلغان بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، يۇكسەك دەرىجىدىكى تەسەۋۋۇر كۈچىگە تايىنىپ ، رومانىنىڭ جەلپكارلىقىنى ھەم بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان نۇرغۇن بەدىئىي توقۇلمىلارنى قوشقان . ئەمما يازغۇچى ئەسەرگە قوشقان توقۇلمىلاردا باش قەھرىماننىڭ خاراكتېرى بىلەن دەۋر روھىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويغان .

روماندا يارىتىلغان لۇتپۇللا مۇتەللىپ خۇددى رېئاللىقتىكىگە ئوخشاشلا ئالدى بىلەن بىر تالانتلىق سەنئەتكار . ئۇنىڭ سەنئەتكارلىقى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى تالانتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتىدە گەۋدىلىك نامايان بولىدۇ . يازغۇچى روماندا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شائىرلىقتىن ئىبارەت بۇ سۈپىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ يازغان ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئىدىيىسى ، ئۇنىڭ ھاياتى ، ئۇنىڭ كۈرەشلىرى ، شۇنداقلا ئۇنىڭ بارلىقىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرگەن . شائىرنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى رومان سۇژىتىنىڭ ، رومان مەزمۇنىنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان . يازغۇچى نۇرغۇن سەھىپە ئاجرىتىپ لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىجادىيىتىنىڭ قىممىتى ، ئەھمىيىتى ، ئەينى دەۋر رېئاللىقىدىكى تەسىرى قاتارلىقلارنى يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشقان ۋە بۇ جەھەتتە ئاز بولمىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ ، ئەمما يازغۇچى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى ياراتقاندا ، ئۇنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىنى يېزىشقا تېخىمۇ بەك ئەھمىيەت بەرگەن . يازغۇچى ئۇنىڭ خەلقىنىڭ بەختى ، ئەركىنلىكى ئۈچۈن مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى كۆپ سەھىپىدە تەسۋىرلەپ ، شائىرنىڭ قەھرىمانلىق ، كۈرەشچانلىق خاراكتېرىنى ياراتقان .

رومانىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ھەققىدە توختىلىشقا

توغرا كەلسە ، ئالدى بىلەن روماننىڭ قۇرۇلمىسى ياخشى ئورۇنلاشتۇ-
رۇلغان . روماننىڭ باش قەھرىمانى بولغان لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ
ھايات سەرگۈزەشتىلىرى روماننىڭ ئاساسلىق سۇژىت لىنىيىسى قىلىن-
نىپ ، ئۇنىڭ ھاياتىغا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك مۇناسىۋەتلىك بول-
غان تەپسىلاتلار ـ تەركىبلەر ئارقىلىق رومان سۇژىتى بېيىتىلگان .
بىر شەخسنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق روماننىڭ قۇرۇلمىسىنى
تەشكىللەيدىغان بۇنداق قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى كېيىنكى مەزگىللەردى-
كى تارىخىي رومانچىلىق ئۈچۈنمۇ ئۈلگە بولۇپ قالدى . روماندا يەنە
پېرسوناژلار خاراكتېرى يارىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن . رو-
ماندىكى ھەر بىر پېرسوناژ ئۆزىگە خاس خاراكتېر ـ ئالاھىدىلىككە
ئىگە قىلىپ يارىتىلغان بولۇپ ، ئەسەر مانا مۇشۇ خاراكتېرلار مۇنا-
سىۋىتى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ بارغان . يەنە بىر تەرەپتىن يازغۇچى
ئەسەر سۇژىتىغا بىرلەشتۇرگەن ئاساستا ئەسەرگە نۇرغۇن لىرىك
تەركىبلەرنى قوشقان . ئۈچىنچى بىر تەرەپتىن يازغۇچى خەلق ماقال ـ
تەمسىللىرىنى ناھايىتى كۆپ ئىشلەتكەن ، شۇنداقلا يەنە مىللىي تۇر-
مۇش ، يەرلىك تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى كۆپ تەسۋىرلەپ ، ئەسەرنىڭ
مىللىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۇرگەن .

**ئايشەم ئەخمەت** (مىلادىيە 1942 ـ يىلى ) يېڭى دەۋردىكى
رومانچىلىقىمىزنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ۋەكىللىرىدىن بىرى .
ئۇيغۇر رومانچىلىقى ئەمدىلا شەكىللىنىۋاتقان مەزگىلدە بىر ئايال
يازغۇچىنىڭ تارىخىي تېمىغا مۇراجىئەت قىلىپ چوڭ ھەجىملىك
يىرىك ئەسەر يېزىپ چىقىشى كىتابخانلارنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغىغان
ئىدى .

ئايشەم ئەخمەت مىلادىيە 1942 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قۇمۇل كونىشە-
ھەردە تۇغۇلغان . مىلادىيە 1955 ـ يىلىدىن 1958 ـ يىلىغىچە سابىق
شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇ-
رۇمچى ۋە قۇمۇلدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان . 1980 ـ يىلىدىن كېيىن



«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلى-
گەن . ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى مىلادىيە 1957 ـ يىلى شېئىرىيەت
ئىجادىيىتى بىلەن باشلانغان . مىلادىيە 1980 ـ يىللاردىن كېيىن
پروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، «قارا چامىدان» ، «ھەس-
رەت» ، «باشلىقنىڭ رايى» قاتارلىق ھېكايىلەرنى ، «قىز مەڭزىدىكى
خال» قاتارلىق پوۋېستلارنى يازغان . بولۇپمۇ يازغۇچىنىڭ رومان
ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى گەۋدىلىك بولۇپ ، مىلادىيە 1983 ـ
يىلى «ئۆچمەس ئىزلار» ناملىق رومانىنى ، مىلادىيە 1999 ـ يىلى
«مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ» ناملىق رومانىنى كىتابخانلارغا تەقدىم
قىلدى .

«ئۆچمەس ئىزلار» ـ يازغۇچىنىڭ تۇنجى يىرىك ئەسىرى ، شۇن-
داقلا يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدا ئەڭ دەسلەپ مەيدانغا كەلگەن رومانلار-
نىڭ بىرى . «ئۆچمەس ئىزلار» تارىخىي تېمىدا يېزىلغان رومان
بولۇپ ، ئۇنىڭدا مىلادىيە 1910 ـ يىللاردا قۇمۇل خەلقىنىڭ شاھ
مەخسۇت ۋەكىللىكىدىكى فېئودال ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران كۈچلەرگە
قارشى ئېلىپ بارغان دېھقانلار قوزغىلىڭى تەسۋىرلەنگەن . روماندا
شاھ مەخسۇتنىڭ تۆمۈر چارۋا سانىقىنىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن
ۋاڭ ئوردىسىغا قۇل سۈپىتىدە ئېلىپ كېلىنگەن باتۇرنىڭ سەرگۈ-
زەشتىلىرى ئارقىلىق تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلى-
ڭىنىڭ پارتلاش سەۋەبى ، قوزغىلاڭنىڭ بىر پۈتۈن جەريانى ، شۇنداقلا
قوزغىلاڭچىلارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . يازغۇچى
بۇ روماندا قوزغىلاڭ جەريانىنى ئاددىي خەلقنىڭ سەرگۈزەشت ـ
قىسمەتلىرى ئاساسىدا كۆرسىتىپ بەرگەن ، شۇنداقلا قۇمۇلنىڭ
1910 ـ يىللاردىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى شۇنداقلا يەرلىك ئالاھى-
دىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشقان .

يېڭى دەۋردە ئوتتۇرىغا چىققان «رومان قىزغىنلىقى» نى يەنە
مۇنداق بىر تەرەپتىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ : شېئىرى-

يەت ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى گەۋدىلىك ، ئۇيغۇر بۈگۈنكى
زامان شېئىرىيىتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىن بولغان ئاب-
دۇرېھىم ئۆتكۈر ، مۇھەممەتجان سادىق ، مىرزاھىت كېرەم قاتارلىق
شائىرلار، بولۇپمۇ مۇھەممەتجان سادىق بىلەن مىرزاھىت كېرەم
مىلادىيە 1990 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە شېئىرىيەت ئىجا-
دىيىتىنى ئاساسەن تاشلاپ رومان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى .
ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىجادىيىتى ناھايىتى ھوسۇللۇق بولدى .
بىرقانچە يىل ئىچىدىلا مۇھەممەتجان سادىق «زۇلپىقار» ناملىق ترىد-
لوگىيىسىنىڭ ئالدىنقى ئىككى تومىنى ، شۇنداقلا «بوز ئەر» ناملىق
ترىلوگىيىسىنىڭ 1 ـ تومىنى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۇردى .
مىرزاھىت كېرەم بولسا «جۇدالىق» ناملىق ئىككى قىسىملىق روما-
نىنى ، «سەئىدخان» ناملىق رومانىنى ، شۇنداقلا ئىككى قىسىملىق
«ئابدۇرەشىدخان» ناملىق رومانىنى يېزىپ كىتابخانلار بىلەن يۈز
كۆرۈشتۇردى . بۇ بىر تۈركۈمدىكى يازغۇچىلارنىڭ رومانلىرى تارد-
خىي تېمىغا مۇراجىئەت قىلىش ، كۈچلۈك لىرىكىلىقتا ئىگە بولۇش-
تەك ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى .
يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پوۋېست ئىجادىيىتى بويىچە-
مۇ ئاز بولمىغان نەتىجىلەر قولغا كەلدى . پوۋېست ئىجادىيىتىنىڭ
گۈللىنىشى ئاساسەن يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچىدىكى ئىش . گەر-
چە دەسلەپكى 17 يىلدا «سىناق» ناملىق پوۋېست مەيدانغا چىققان
بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ، تەسىرى ئانچە چوڭ بولمى-
غان ، بولۇپمۇ شۇنىڭدىن كېيىن تاكى يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باشلانغۇ-
چە يەنە بىر پوۋېست يېزىلمىغان . پەقەت يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇ-
چىغا كەلگەندىلا ئاندىن پوۋېست ئىجادىيىتىدە گۈللىنىش ۋەزىيىتى
شەكىللەندى . ئىجادىيەتنىڭ ساپاسى ، بەدىئىي قىممىتى جەھەتتە پو-
ۋېست ئىجادىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى .
زوردۇن سابىرنىڭ «گۈلەمخان» ، «كەچ كۈز» ، «ئاخىرقى پادىچى»



قاتارلىق پوۋېستلىرى ، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «نۇزۇگۇم» ناملىق
پوۋېستى ، مۇھەممەت باغراشنىڭ «ئاقساق بۇغا» ، «كۆلرەڭ
رەسىم» ، «يۈرەك تاغ» ، «جەزىرە» قاتارلىق پوۋېستلىرى ، خالىدە
ئىسرائىلنىڭ «قۇملۇقنىڭ چۈشى» ، «ئوربىتا» ، «مەختۇمسۇلا»
قاتارلىق پوۋېستلىرى ، ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» ، «زې-
مىن ، قارا ئادەملىرىڭگە» ، «تاش مۇنار» قاتارلىق پوۋېستلىرى ، توختى
ئايۇپنىڭ «قۇم باسقان دېڭىز» ، «مۇڭگۈز» ، «ئارمان» قاتارلىق
پوۋېستلىرى پىكىر ـ ئىدىيە ئىپادىلەشتىكى چوڭقۇرلۇقى ، تۇرمۇشنى
ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى نەپىسلىكى ، قەلبنى سۈرەتلەشتىكى يېڭىلىقى ،
پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىشتىكى ئۆزگىچىلىكى ، مىللىي ئالا-
ھىدىلىك ، خاس ئۇسلۇب يارىتىش جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرى بىلەن
ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى ياراتقان نادىر ئەسەر-
لەردىن بولۇپ قالدى .
بۇلاردىن باشقا سەمەت دۇگايلى ، مۇھەممەت ئىمىن ، ئالىمجان
ئىسمايىل قاتارلىق يازغۇچىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت تالانتى ۋە
ئىقتىدارىنى پوۋېست ئىجادىيىتىدە روشەن گەۋدىلەندۈردى .
**سەمەت دۇگايلى** ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا مۇناسىپ
ئورۇن تۇتىدىغان ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى . گەرچە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى
ئەدەبىياتنىڭ پروزا ، شېئىرىيەت ، دراما ، نەسر قاتارلىق ھەممە تۈر-
لىرىگە چېتىلىدىغان بولسىمۇ ، ئەمما ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيىتى يەنىلا
پروزا ئىجادىيىتىدە گەۋدىلىنىدۇ . ئۇنىڭ ۋەقەلىكى جانلىق ، دەۋر
روھىغا باي ، پېرسوناژلار خاراكتېرى روشەن ، پېرسوناژلارنىڭ رو-
ھىي دۇنياسىنى ئىچىپ بېرىشتە بەلگىلىك چوڭقۇرلۇق ياراتقان ،
لىرىكىغا باي پوۋېست ، رومانلىرى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا
بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە .
سەمەت دۇگايلى مىلادىيە 1947 ـ يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر
ناھىيىسىدە تۇغۇلغان . ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملاپ ، مىلادىيە 1961 ـ يىلى

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتناشقان . مىلادىيە 1967 ـ
يىلى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن قەشقەر شەھىرىدە تەرجى-
مان بولۇپ ئىشلىگەن . مىلادىيە 1980 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلىغىچە
قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق
قىلغان . مىلادىيە 1985 ـ يىلىدىن 1989 ـ يىلىغىچە مەملىكەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كاتىبات باشقارمىسىدا ئىشـ-
لىگەن . ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتې-
تىدا ئىشلەۋاتىدۇ .

سەمەت دۇگايلىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى مىلادىيە
1950 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن باشلاذ-
غان . ئۇ دەسلەپكى مەزگىللەردە شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇ-
غۇللانغان بولسىمۇ ، ئەمما كېيىنچە بارا ـ بارا پروزا ، دراما ئىجادىيى-
تى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ ، بۇ ئىجادىيەت ساھەلىرىدە كۆرۈنەرلىك
مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن . گەرچە سەمەت دۇگايلى ئەدەبىياتنىڭ
ھەممە ژانىر ـ شەكىللىرىدە يازغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ ئىجادىيى-
تىدە پوۋېست ۋە رومان ئىجادىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى گەۋدىلىك
بولۇپ ، «كىچىك لەقۋا» ، «گۈزەللىك ، ئۇ سەندە» ، «تۇمانلىق
قىرغاق» قاتارلىق پوۋېستلىرى ۋە «ھايات شاماللىرى» ناملىق كۆپ
توملۇق رومانى كىتابخانلارنىڭ ياخشى باھالىرىغا ئېرىشكەن . ئۇنىڭ
بۇلاردىن باشقا يەنە «نۇرلۇق قەلبلەر» ، «گۈلئايىم» قاتارلىق روماذ-
لىرى ، «شائىر ئۆلمەيدۇ» ، «رابىيە ـ سەئىدىن» قاتارلىق دراملىد-
رىمۇ بار .

«كىچىك لەقۋا» ناملىق پوۋېست سەمەت دۇگايلىنىڭ ئەدەبىيات
تارىخىدىكى ئورنىغا ئاساس سالغان ئەسەرلەرنىڭ بىرى . بۇ پوۋېستتا
كىچىك ئاخۇندىن ئىبارەت بىر نامرات دېھقاننىڭ يېزا ئىسلاھاتى
ئېلىپ بېرىلغان دەسلەپكى يىللاردىكى كومېدىيىلىك سەرگۈزەشتىلىرى
تەسۋىرلىنىپ ، يېزا ئىسلاھاتىنىڭ ئۇيغۇر يېزىلىرىغا ئېلىپ كەلگەن



يېڭىلىقلىرى ، شۇنداقلا دېھقانلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا كۆرسەتكەن
تەسىرى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن . بۇ پوۋېستتا يازغۇچىنىڭ يېزا
تۇرمۇشىنى ناھايىتى ياخشى بىلىش ، تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەينەن
ۋە ئىنچىكە سۈرەتلەپ بېرىش ، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ تەرەققىيا-
تىنى سۈرەتلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قاراش ۋە شۇ ئاساستا
ئەسەر سۇژېتىنى تەسۋىرلەش ، ئەسەرنى قويۇق يۇمۇرلۇق تۈسكە ۋە
لىرىك كەيپىياتقا ئىگە قىلىشقا ئوخشاش بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى
روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . بۇ پوۋېست يېڭى دەۋر ئەدەبىيا-
تىنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن يېزا تۇرمۇشىدا يېزىلغان مۇنەۋۋەر
ئەسەرلەر قاتارىدا سانىلىپ ، ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭمۇ ياخشى باھالد-
رىغا ئېرىشكەن . ئەسەردە يارىتىلغان كىچىكئاخۇن تىپ دەرىجىسىگە
كۆتۈرۈلگەن ، شۇنداقلا يۇقىرى ماھارەت بىلەن يارىتىلغان پېرسوناژ
ئوبرازى سۈپىتىدە يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ .

يازغۇچىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بېرى كىتابخانلار بىلەن يۈز
كۆرۈشكەن «ھايات شاماللىرى» ناملىق كۆپ توملۇق رومانى يازغۇچى
ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس ، بەلكى ئۇيغۇر رومانچىلىقىدىمۇ مۇھىم ئورۇن
تۇتىدىغان مۇنەۋۋەر رومانلاردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . يازغۇچى
بۇ روماندا ئەسەر باش قەھرىمانى «مەن» ـــ مىربىلال قارىنىڭ
قىسمەتلەرگە باي سەرگۈزەشتىلىرىنى رومانىنىڭ ئاساسلىق سۇژېت
لىنىيىسى قىلىپ ، باش قەھرىماننىڭ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى ، باش-
تىن كەچۈرگەنلىرى ئاساسىدا بىر تەرەپتىن قەشقەرنى مەركەز قىلغان
جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مىلادىيە 1930 ـ ، 1940 ـ يىللاردىكى سىيا-
سىي ـ ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىنى تارىخىي يوسۇندا تەسۋىرلەپ ، ئاشۇ
يىللاردا قەشقەردە ، شۇنداقلا جەنۇبىي شىنجاڭدا بولۇپ ئۆتكەن بىر
قاتار تارىخىي ۋەقەلەرنى چىنلىق بىلەن شۇنداقلا بەدىئىي يوسۇندا بايان
قىلغان بولۇپ ، رومانىنىڭ تارىخنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتىكى مۇ-
ۋەپپەقىيىتى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغان ؛ يەنە بىر تەرەپتىن يازغۇچى

رومانغا تۇرمۇش مەدەنىيىتىگە دائىر نۇرغۇن تەپسىلاتلارنى ئېلىپ كىرىپ ، ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئورتاق بولغان ، قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تۇرمۇش ئۇسۇلى ، كىشىلىك ئالاقە يوسۇنلىرى ، ھەرخىل ئۆرپ - ئادەت ، ئادىمىيلىك پەزىلەتلىرىنى گەۋدىلىك يېزىپ ، رومانىنى كۈچلۈك مىللىي مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە قىلغان . مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن تارىخىي ۋەقەلەرنى كىرىشتۈرۈپ تەسۋىرلەش ، شەخسنىڭ قىسمەتلىرى ئارقىلىق دەۋر ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش مەزكۇر روماننىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بولۇپ ، يازغۇچىنىڭ ئىلگىرىكى رومان ئىجادىيىتىگە سېلىشتۇرغاندا بۇ رومانى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى چوڭ بىر ئىلگىرىلەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

**مۇھەممەت ئىمىن** ئەدەبىياتنىڭ ھەممە ژانىر - شەكىللىرىدە دېگۈدەك يېزىپ ، ھەممىسىدىلا بەلگىلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپ كېلىۋاتقان ۋە مۇشۇ مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ رەڭدارلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشۇۋاتقان ئىقتىدارلىق ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇنىڭ ھېكايە - پوۋېستلىرى ئادەم ھەققىدە ، ھايات ھەققىدە بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈش ، تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ، جەمئىيەت مەسىلىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش ، رېئاللىقنى دادىل يۈزلىنىش ، بەدىئىي ئۇسۇل - ماھارەتلەرنى يېڭىلاش ، ھەم ئىجتىمائىي قىممەت ھەم ئېستېتىكىلىق قىممەت يارىتىشتەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كىتابخانلارنىڭ ، ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ ياخشى باھالىرىغا ئېرىشكەن ، كۆپ قېتىم مەملىكەتلىك ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات مۇكاپاتلىرىدا مۇكاپاتلانغان . بولۇپمۇ ئۇنىڭ پوۋېست ئىجادىيىتىدىكى نەتىجىلىرى گەۋدىلىك بولۇپ ، بۇ جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك شەكىللەندۈرگەن .



مۇھەممەت ئىمىن مىلادىيە 1946 - يىلى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئارال يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . مىلادىيە 1963 - يىلىدىن 1965 - يىلىغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ، مىلادىيە 1965 - يىلىدىن 1970 - يىلىغىچە بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن تارتىپ مىلادىيە 1975 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىدە ئىشلىگەن . 1975 - يىلى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن بېيجىڭغا يۆتكىلىپ بېرىپ ، مىلادىيە 1990 - يىلىغىچە مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن . مىلادىيە 1990 - يىلىدىن 2000 - يىلىغىچە مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئەدەبىي تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن . ھازىر مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا ئىشلەپ كەلمەكتە .

مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى 1963 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «بەختلىك بىر كۈن» ناملىق شېئىرى بىلەن باشلانغان . ئۇ دەسلەپكى مەزگىللەردە ئاساسەن شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ «باھار ناخشىسى» ، «سالام بېيجىڭ» ، «ئاسلان ئويغاندى» ، «ۋەتەن ئىلھامى» ، «نوزۇگۇم» ، «مۇھەببەت ناخشىلىرى» ، «پەسىل لىرىكىلىرى» ، «قەلب جۇشقۇنلىرى» ، «باركاللا ، غۇنچىلار» ، «جاسارەتلىك قوشكېزەك» ، «باغۋەن سىڭلىمغا» قاتارلىق شېئىر - داستانلارنى يېزىپ ، كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلىرىمىزنىڭ بىرىگە ئايلانغان . 1982 - يىلى «رەيھان بەرگىدە شەبنەم» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان .

مۇھەممەت ئىمىن 1982 - يىلىدىن كېيىن ئاساسەن ھېكايە ، پوۋېست ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان . ئۇنىڭ «دۇتار ۋە زۇلپىقار» ، «رەيھاننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» ، «ئاينۇرى» ، «تورغاي» ، «راست ۋە يالغان» ، «قورقۇنچلۇق ئاپەت» ، «ئۇمۇرتقىسىز ئەرۋاھ» قاتار-

لىق ھېكايىلىرى ، «داغدا قالغان قىز» ، «ئالتۇن گىرۋەكلىك ھاڭ» ، «ئىككى يۈزلۈك ئادەم» ، «ۋىجدانىڭ نېمە دەيدۇ» ، «ئاخىرەتلىك سوۋغا» ، «ئالۋاستىغا تەگكەن ساھىبجامال» قاتارلىق پوۋېستلىرى ئەدەبىيات ساھەسىدە بەلگىلىك تەسىرلەرنى قوزغىغان . بۇ ھېكايە ، پوۋېستلار رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن بەدىئىي يۈكسەكلىكتە ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ، دەۋرىمىز كىشىلىرى كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىجتىمائىي ، ئەخلاقىي ۋە مەنىۋىيەت مەسىلىلىرىنى تېما قىلغانلىقى ، ئۆزگىچە خاراكتېرلارغا ئىگە پېرسوناژلار ئوبرازلىرىنى ياراتقانلىقى ، زىددىيەت - توقۇنۇشلىرىنىڭ مۇرەككەپ - كەسكىنلىكى . . . گە ئوخشاش ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كىتابخانلارنى جەلپ قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ياخشى باھالىرىغا سازاۋەر بولدى .

«مۇھەممەت ئىمىن تۇرمۇشنى چوڭقۇر كۆزىتىپ ، ئاممىنىڭ دەردى - ھالىنى چۈشىنىپ ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى ، مۇڭ - زارى ۋە يۈرەك ساداسىنى ، ياشلار كۆڭۈل بۆلىدىغان غايە ، ئەخلاق ، خىزمەت ، مۇھەببەت ، ئائىلە قاتارلىق جىددىي ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈشكە ؛ جەمئىيەتنىڭ بەزى قاراڭغۇ تەرەپلىرىنىمۇ دادىللىق بىلەن ئېچىپ تاشلاپ ، كىشىلەرنى جاق تويغۇزغان ناتوغرا ئىستىللارنى ، چاكىنا - ناچار ئىللەتلەرنى ، خۇنۇكلۈك - رەزىللىكلەرنى چوڭقۇر پاش قىلىپ رەھىمسىز قامچىلاپ ، ئۇنى بىر قەدەر يۇقىرى بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كەڭ كىتابخانلارنىڭ ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ياش ۋە ياش كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە» («ئالتۇن گىرۋەكلىك ھاڭ»غا بېرىلگەن «نەشرىيات سۆزى» دىن) .

يازغۇچى «داغدا قالغان قىز» ناملىق پوۋېستىدا ، يېزىلىق قىز زىننەتنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەي يېزىغا قايتقاندىن كېيىن چىقىش يولى تاپالماي ، مۇھەببەت ، نىكاھ ، ئائىلە ، ھېسسىيات قاتارلىق جە-



ھەتلەردە باشتىن كەچۈرگەن كۆڭۈلسىز سەرگۈزەشتىلىرىنى شۇنداقلا داغدا قالغان روھىي دۇنياسىنى تەسۋىرلىگەن . يازغۇچى پوۋېستتا بىر تەرەپتىن زىننەتنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى شەھەرگە ، راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇشقا ، جاپا - مۇشەققەتسىز ھاياتقا ئىنتىلىش ، ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىنى ، يېزىلىقلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ، كۈچ - غەيرىتىنى ، ياراتماسلىقتەك ئىللەتلەرنى ئەدەبىياتنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى بويىچە كۆرسىتىپ بەرگەن بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلاھات دولقۇنىدا ئالغا كېتىۋاتقان ، ئۆز يۇرتىنى سۆيۈپ ، يۇرتىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ چوڭ نەتىجىلەرنى يارىتىۋاتقان شۆھرەتكە ئوخشاش ئىرادىلىك ، قەيسەر ، مۇھەببەت - نەپرىتى ئېنىق يېزا ياشلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن ، شۇنداقلا يەنە ساتتاروپقا ئوخشاش رەزىل كىشىلەرنى كېلىشتۈرۈپ تەنقىدلىگەن . «ئالتۇن گىرۋەكلىك ھاڭ» پوۋېستىدا يازغۇچى پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ تەرەققىياتىنى تەسۋىرلەشتىكى ئالاھىدە ماھارىتىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلىپ ، باش قەھرىمان «مەن»نىڭ تېگىرقاش ھېسسىياتىنى ناھايىتى جانلىق ، ئوبرازلىق ۋە قايىل قىلارلىق قىلىپ تەسۋىرلىگەن . ئەسەردىكى «مەن» ئاتا - ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە كىچىكىدىن تارتىپلا پەقەت يالغان گەپ قىلمايدىغان خاراكتېرنى يېتىلدۈرىدۇ . راست سۆزلەش گەرچە ئىنساننىڭ ئەڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىدىن بىرى بولسىمۇ ، لېكىن مانا مۇشۇ خاراكتېرى سەۋەبىدىن ئۇ ئوقۇش ، خىزمەت ، ئائىلە ، ئىجتىمائىي ئالاقە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ . ئاخىرى بۇ خىل خاراكتېرنى ئۆزگەرتىپ يالغان سۆزلىگەندە بولسا ، ھەممە ئىشلىرى ئوڭ كېلىپ ناھايىتى چوڭ ھوقۇق - ئىمتىيازلارغا ، كۆپ بايلىققا ۋە ھۆرمەت - شەرەپلەرگە ئېرىشىدۇ . يازغۇچى پېرسوناژ خاراكتېرىدىكى مانا مۇشۇنداق ئۆزگىرىشلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ناھايىتى مۇھىم بىر ئادەملىك مەسىلىسىنى ، ئىجتىمائىي مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان . ئەسەردىكى

چۈش تەسۋىرىمۇ ناھايىتى ياخشى يېزىلغان . توپلامدىكى «ئىككى يۈز-
لۈك ئادەم» ، «ۋىجدانىڭ نېمە دەيدۇ» قاتارلىق پوۋېستلاردىمۇ يازغۇ-
چى خاراكتېر يارىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ ، قاسىم ، كۆيدۈر-
گە بەگ قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازىنى ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەتلىك يارات-
قان ، شۇڭا بۇ بىر قاتار پېرسوناژلار پەقەت مۇھەممەت ئىمىن ئىجاد-
يىتىگىلا خاس بولغان پېرسوناژلارغا ئايلىنالىغان . يازغۇچى ئىجاد-
يىتىنىڭ قىممەتلىك بىر تەرىپى شۇكى ، ئۇ يالغۇز خاراكتېر يارد-
تىشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ قالماستىن ، بەلكى يەنە ئەسەرلىرىدە مۇ-
ھىم ، ماھىيەتلىك ئىجتىمائىي ، ئەخلاقىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا
قويۇشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ . «ۋىجدانىڭ نېمە دەيدۇ» نام-
لىق پوۋېستتا يازغۇچى ماھىيەتتە «ۋىجدان دېگەندە مېنىڭ كۆزدە
تۇتقىنىم ھەرگىز ئاللىقاچان ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغان كۆيدۈرگە بەگ
ئەمەس ، بەلكى ھېلىمۇ بىر - بىرىنىڭ پېيىنى قىرقىش كويىدا
ئۆتكۈر قايچىلىرىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن تىرىك ئادەملەر » دېگەن مەسد-
لىنى ئوتتۇرىغا قويغان .

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، مۇھەممەت ئىمىن پوۋېستلىرىنىڭ
ئىدىيىۋىلىكىمۇ ، بەدىئىيلىكىمۇ ، خېلى ئۈستۈن بولۇپ ، ئۇلاردا رې-
ئاللىق ، تۇرمۇش بەدىئىي يۈكسەكلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ تەس-
ۋىرلەنگەن ، نوقۇل ھېكايىلەر سۆزلىنىپ قالماي ، بەلكى ئۆزگىچە
خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن يېڭى دەۋر پروزىچىلىقىمىزدىكى
پېرسوناژلار گەۋدىسىدە روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان پېرسوناژلار
ئوبرازلىرى يارىتىلغان ، ھەر خىل ئىجتىمائىي ، ئەخلاقىي ، مەنىۋد-
يەت مەسىلىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان . يازغۇچى ئەسەرلىرىدە مۇھا-
كىمىگە ئالاھىدە ئورۇن بەرگەن بولۇپ ، ئادەم ھەققىدە ، ھايات ھەققد-
دە ، جەمئىيەت ھەققىدە ئىزدەنگەن . پوۋېستلارنىڭ ھەجۇي تۇسى
خېلى كۈچلۈك ، ئۇلارنىڭ بايان ، تەسۋىرلىرىمۇ ئىنچىكە ھەم نەپىس .

مۇھەممەت ئىمىننىڭ ھازىرغىچە «داغدا قالغان قىز» (1986 -



يىل ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ) ناملىق ھېكايە ، پوۋېستلار توپلد-
مى ، «ئىككى يۈزلۈك ئادەم» (1990 - يىل ، شىنجاڭ ياشلار -
ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ) ناملىق پوۋېستلار توپلىمى ، «قورقۇنچلۇق
ئاپەت» (1990 - يىل ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ) ناملىق ھېكايىلەر
توپلىمى ، «ئالتۇن گىرۋەكلىك ھاڭ» (1997 - يىل ، مىللەتلەر
نەشرىياتى ) ناملىق پوۋېستلار توپلىمى ، «ئالۋاستىغا تەگكەن ساھىب-
جامال» (2000 - يىل ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ) ناملىق پوۋېستى
قاتارلىق پروزا ئەسەرلىرى نەشر قىلىندى .

**ئالىمجان ئىسمايىل** (مىلادىيە 1941 - يىلى ) مۇ يېڭى دەۋر-
دىكى پروزىچىلىقىمىزدا مۇھىم بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولغان يازغۇ-
چىلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇ مىلادىيە 1941 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتد-
نىڭ چۆچەك ناھىيىسىدە تۇغۇلغان ، مىلادىيە 1955 - يىلدىن 1957 -
يىلىغىچە سابىق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار مەكتىپد-
دە ئوقۇغان . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن قاراشەھەر ، كورلا قاتار-
لىق جايلاردا مۇخبىر ، مۇھەررىر ، كۇتۇپخانا خىزمەتچىسى بولۇپ
ئىشلىگەن ، مىلادىيە 1984 - يىلدىن 2000 - يىلىغىچە «تارىم»
ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن . ھازىر شىند-
جاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋا-
تىدۇ .

ئالىمجان ئىسمايىلنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى 1960 -
يىللاردا ئەدەبىي ئاخبارات ، ئوچېرك يېزىش بىلەن باشلانغان . 1979 -
يىلى «بوستان» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «ساداقەت» ناملىق ھېكا-
يىسى بىلەن ئۆزىنىڭ پروزىچىلىق ھاياتىنى باشلىغان . شۇنىڭدىن
بېرى ئۇنىڭ «نەشپۈت ئۈزگەن كۈنلەردە» ، «ئىجارە ھەققى» ، «ئۆ-
مۈر ئىزى» ، «ئاق چاچلىق كىشى» ، «لەقەملەر سىرى» ، «دەسلەپ-
كى مۇھەببەت» قاتارلىق ھېكايىلىرى ، «يۇلتۇزلار جىمىرلايدۇ» ،
«تەقدىر» ، «يىغلىما قىز» ، «سەھرالىقلار» قاتارلىق پوۋېستلىرى

ۋە «تۇمانلىق ئۇپۇق» ناملىق رومانى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئالىمجان ئىسمايىل ئىجادىيىتىدە پوۋېستلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى نىسبەتەن گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ پوۋېستلىرىدا هازىرقى زامان تۇرمۇشى ئاساسلىق تېما قىلىنىپ، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ هايات قارىشى، تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى، قىممەت قارىشى، ئەخلاق قارىشى، شۇنداقلا ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىشلەر چىنلىق بىلەن سۈرەتلەنگەن. ئۇنىڭ تەسىرى نىسبەتەن كۈچلۈك بولغان «يۇلتۇزلار جىمىرلايدۇ» ناملىق پوۋېستىدا هوشۇر باينىڭ قىزلىرى ۋە كۈيئوغۇللىرىنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمەت جەھەتتىكى كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق يېڭى دەۋر كىشىلىرىنىڭ كەسىپ، ئەخلاق ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت قارىشىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بولۇپمۇ هوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش، هوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىپ يولسىزلىق قىلىش، باشقىلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا زىيانكەشلىك قىلىشقا ئوخشاش بىرقاتار ناچار ئىللەتلەرنى تەنقىدلىگەن. «يىغلىما قىز» ناملىق پوۋېستتا يازغۇچى ئالىي مەكتەپ هاياتىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، پۇل ـ مالنىڭ، يامان ئادەتلەرنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئۇچراپ، ئۆز ئىستىقبالىنى يوقىتىپ، ئالىي مەكتەپتىن هەيدەلگەن قىز ـــ ئامانگۈل ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان. دېهقان قىزى ئامانگۈل ئىمتىهاندىن ئەلا ئۆتۈپ ئالىي مەكتەپكە كېلىدۇ. ئەمما، ساۋاقدىشى ئادىلە بارا ـ بارا ئۇنى ئويۇن ـ تاماشا دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ، ئۇ شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنلىرىنى تانسىخانىلاردا، رېستورانلاردا، ئولتۇرۇش ـ چايلاردا ئۆتكۈزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى بىلىپ ـ بىلمەي يامان يولغا ماڭىدۇ. هەتتا تەتىل مەزگىلىدە ئۆيىدىكىلەرگە يالغان سۆزلەپ سودىگەرلەرگە ئەگىشىپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئوينايدۇ. ئۇلار ئارىلاشقان سودىگەرلەر ئەتكەسچىلىك بىلەن قولغا ئېلىنغاندا بۇلارمۇ تەڭ تۇتۇلىدۇ. مەكتەپ تەشكىلى ئۇلارغا مەكتەپتىن هەيدەش چارىسى بېرىدۇ. يازغۇچى بۇ پوۋېستىدا ئامانگۈلدىن ئىبارەت دېهقان قىزىنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشتىن ئىبارەت قىممەتلىك پۇرسەتنى قەدىرلىمەي، كەيپ ـ ساپا يولىغا مېڭىپ، ئاخىرىدا هەممىدىن قۇرۇق قالغانلىقى، هەممىنى ۋەيران قىلغانلىقىدەك ئېچىنىشلىق بىر مەنزىرىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن جەمئىيەتتە مەلۇم دەرىجىدە ئەۋج ئالغان ئەخلاقىي جەھەتتىكى بۇزۇلۇش خاھىشىنىڭ ياش ئەۋلادلارنى خاراب قىلىۋاتقانلىقىدەك بىر مەسىلىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ياشلارنى بۇنداق ئىشلاردىن ساۋاق قوبۇل قىلىپ، ياشلىق باهارىنى قەدىرلەپ، بارلىقىنى ئۆگىنىش ۋە كەسىپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتەك ئۇلۇغۋار ئىشلارغا قارىتىشقا چاقىرغان.



يېڭى دەۋردىكى پروزىچىلىقتا هېكايە ئىجادىيىتىدىمۇ ئاز بولمىغان نەتىجىلەر مەيدانغا چىقتى. يېڭى دەۋر پروزىچىلىقىدىكى تەرەققىيات، گۈللىنىش، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش ۋەزىيىتى هېكايىچىلىقتا گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ جاراهەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن هېكايىلەر كۆپ يېزىلىپ، خەلقىمىزنىڭ بالايىئاپەتلىك هەرىكەتلەردىن قۇتۇلۇپ، تىنچ ـ بەختىيار هاياتقا ئېرىشكەندىن كېيىنكى خۇشاللىقى ئىپادىلەندى. مىلادىيە 1980 ـ يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا كەلگەندە مۇھەببەت ۋە كەسىپ ئاساسىي تېما قىلىنغان، ياشلارنىڭ كەسىپ، تۇرمۇش، مۇھەببەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېغىشلانغان ئەسەرلەر يېزىلدى. 1980 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى هېكايىلەردە يېزا تېمىسى ئاساس قىلىنىپ، يېزىلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاهاتلار، بۇلارنىڭ دېهقانلارنىڭ هاياتىغا، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىگە، روهىي دۇنياسىغا كۆرسەتكەن تەسىرى قاتارلىقلار ئەكس ئەتتۈرۈلدى. مىلادىيە 1990 ـ يىللارغا كەلگەندە بولسا، هېكايە ئىجادىيىتىدە يۈكسىلىش بولدى، مەخسۇس تېمىلاردا يازىدىغان، ياكى مەلۇم خاھىش ئاساس قىلىنىدىغان ئەھۋاللار بولمىدى،

ھەرکىم ئۆزى قىزىققان تېمىلار بويىچە يازدى ، ھېكايىلەرنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا زور يېڭىلىنىشلار بولدى ، ھېكايىلەردە تېخىمۇ ماھىيەتلىك مەسىلىلەر ، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ھايات ھەققىدىكى چوڭقۇر ئويلىنىشلىرى ، ئازابلىق مۇلاھىزىلىرى ياكى پەلسەپىۋى تۈس ئالغان پىكىرلىرى ئىپادىلەندى . قىسقىسى ، ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىنىڭ يېڭى دەۋردىكى 20 يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسى ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلغان ، مۇۋەپپەقىيەتلەر گەۋدىلىك بولغان ، ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىنىڭ يېڭى سەھىپىسى ئېچىلغان 20 يىل بولدى .

ھېكايە يازغۇچىلىرى قوشۇنى جەھەتتە ، زوردۇن سابىر يېڭى دەۋردىكى ھېكايىچىلىقىمىزنىڭ بايراقدارى بولدى . 1950 ـ ، 1960 ـ يىللاردا قولىغا قەلەم ئالغان تۇردى سامساق ، قەييۇم تۇردى ، ئەخەت تۇردى ، قاھار جېلىل ، ئابلىمىت سابىر ، ئەھەت ھاشىم ، ئېزىز ساۋۇت قاتارلىق يازغۇچىلار قايتىدىن بۇ ساھەگە كىرىپ ، مول ئىجادىيەت نەتىجىلىرىگە ئېرىشتى . مەمتىمىن ھوشۇر ، مۇھەممەت باغراش ، خالىدە ئىسرائىل ، توختى ئايۇپ ، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ، نۇرمۇھەممەت توختى ، ئابدۇللا ساۋۇت ، ئابدۇراخمان ئەبەي ، ئالىمجان ئىسمايىل ، زۇلپىقار قاتارلىق بىر تۈركۈم يېڭى دەۋر يازغۇچىلىرى يېتىشىپ چىقىپ ، ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈردى . 1990 ـ يىللار كىرگەندىن كېيىن بۇ ساھەگە يەنە پەرھات تۇرسۇن ، ئەسئەت ئەمەت ، كۇرەشچان ئۆمەر ، ھۆسەيىن تاش ، ياسىنجان سادىق ، ئابباس مونىياز ، ئەنۋەر مۇھەممەت ، قاھار نىياز قاتارلىق بىر تۈركۈم ياش كۈچلەر كىرىپ كەلدى ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى ئىزدىنىش ، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي بولۇش ، ھېكايە ئىجادىيىتىدە يېڭىچە بەدىئىي ماھارەتلەرنى قوللىنىش ، قەلبنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى ئېچىپ بېرىش ، چىنلىقنى باشقىچە چۈشەندۈرۈش . . . كە ئوخشاش ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىنى تېخىمۇ بەك ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى .



**قاھار جېلىل** (مىلادىيە 1943 — 1994 ـ يىلى ) بۈگۈنكى زاماندىكى پروزىچىلىقتا مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدىغان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇ مىلادىيە 1943 ـ يىلى 7 ـ ئايدا خوتەن ناھىيىسىنىڭ يېڭىئېرىق يېزىسىدا تۇغۇلغان . مىلادىيە 1958 ـ يىلىدىن 1962 ـ يىلىغىچە سابىق شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن تارتىپ مىلادىيە 1976 ـ يىلىغىچە خوتەن دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان . مىلادىيە 1976 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 1988 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن . مىلادىيە 1988 ـ يىلىدىن كېيىن شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن . مىلادىيە 1994 ـ يىلى خوتەندە 51 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن .

قاھار جېلىلنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى مىلادىيە 1962 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «ئالتۇن قىز» ناملىق ھېكايىسى بىلەن باشلانغان . شۇ يىللاردا ئۇ يەنە نەسر ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ ، «قۇياش ۋە مايسا» ، «چېچەكلەر» قاتارلىق بىر تۈركۈم ياخشى نەسرلەرنىمۇ يېزىپ ، ئەدەبىيات ساھەسىدە تونۇلۇشقا باشلىغان . يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچى يازغۇچى ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلى بولدى . مىلادىيە 1980 ـ يىللاردا يازغۇچى «ئاچالدا» ، «چېچەكلەر» ، «كىشىلەر» ، «كۈلۈمسىرىگەندە» ، «غۇجىزادە ھەققىدە لەتىپە» قاتارلىق ئونلىغان ھېكايىلەرنى ، «مېھرىبان» ، «ئەپۇ» ، «بالدۇر توزىغان گۈل» ، «تەقدىرنى كىشىلەر يارىتىدۇ» قاتارلىق پوۋېستلارنى ۋە «قىساس» رومانىنى يېزىپ ، يېڭى دەۋردىكى تونۇلغان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرىگە ئايلاندى .

قاھار جېلىل ئىجادىيىتىدە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغىنى يەنىلا ئۇنىڭ ھېكايىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . يازغۇچى «كۈلۈمسىرىگەندە» ناملىق ھېكايىسىدە ئىككى يۈزلىمىچى ، مەنسەپپەرەس شەخسنىڭ

يىرگىنىشلىك روھىي دۇنياسىنى پاش قىلىپ ، پاكلىق ۋە سەمىمىيـ
لىكنىڭ غەلىبىسىنى مەدھىيىلەيدۇ . ئىپادىلەش جەھەتتە قىسقا ـ
ئىخچام بولۇش تەلىپى بويىچە تەپسىلات ۋە دىئالوگلارنى كۆچلۈك
خاسلىققا ئىگە قىلىدۇ ، شۇڭا بۇ ناھايىتى قىسقا ھېكايىدە خېلى
روشەن بەدىئىي خاراكتېر يارىتىلغان . «چەۋەنداز» ناملىق ھېكايىدە
ھازىرقى دەۋر دېھقانلىرىنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدە يۈز بېرىۋاتقان ئۆزـ
گىرىشلەر ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنى «ئوغلاق تارتىش» ۋەقەـ
سى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلۈپ ، سىياسىي مۇھىتتىكى دېموكراتىيەـ
نىڭ مۇھىملىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . . . «كىشىلەر» ناملىق ھېكاـ
يىدە چىنلىق ، گۈزەللىك ۋە ھەقىقەتنىڭ ھامان غەلىبە قىلىدىغانلىقى
كۆرسىتىلىپ ، ئىككى يۈزلىمىچىلىك ، ئاداۋەتخورلۇق ۋە رەزىللىك
قامچىلانغان . . . «ۋاقىت ئۇنتۇلدۇرالامدۇ» ناملىق ھېكايىدە چىن
مۇھەببەت ۋە ئەقىدە مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ ، دېگەن پىكىر ئىلگىرى
سۈرۈلۈپ ، ئىنساننىڭ مەنىۋى ئەركىنلىكى مەدھىيىلەنگەن»[①] . يازـ
غۇچىنىڭ بۇ بىر قاتار ھېكايىلىرىدىن ئۇنىڭ يېزا ھاياتىنى ئەكس
ئەتتۈرۈشكە ماھىرلىقى ، تۇرمۇش رېئاللىقىدىكى ۋەقەلەردىن ئەسەرـ
لىرىگە سۇژىت تاپىدىغانلىقى ، قىسقا ھەجىم ، ئىخچام تەسۋىرلەر ئارـ
قىلىق چوڭقۇر پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ماھىرلىقى ، ئادىمىيـ
لىككە ، ئەخلاقىي پەزىلەتكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ ،
ئەسەرنىڭ تەربىيىۋى رولىنى گەۋدىلەندۈرىدىغانلىقى ، ئەسەرلىرىدە
مىللىي ئالاھىدىلىك ، يەرلىك پۇراق ، خاس خاراكتېر يارىتىشقا ئەھـ
مىيەت بېرىدىغانلىقى . . . غا ئوخشاش بىر قاتار ئىجادىيەت ئالاھىدىـ
لىكىنى كۆرۈۋالالايمىز .
يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۆزگىچە ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىگە
ئىگە بىر تۈركۈم ياش يازغۇچىلار ئوتتۇرىغا چىقىپ ، ئۇيغۇر پروزىچىـ

① ئابلىمىت ئىسمايىل، ماخمۇتجان ئىسلام: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى»، 599 ـ بەت.



لىقىغا گەۋدىلىك يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى . يېڭىچە ئىپادىلەش
ئۇسۇلى ، يېڭىچە تەپەككۇر شەكلى بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشىۋاتقان
بۇ بىر تۈركۈم ياش يازغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىنساننىڭ ئىچكى
دۇنياسىنى قېزىشقا تىرىشتى . ئۇلار ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ روھىي
دۇنياسىنى ، يەنى ئۇلارنىڭ مۇرەككەپ ، ھەرىكەتچان پسىخىكىسى ۋە
ئاڭ پائالىيەتلىرىنى مۇمكىنقەدەر چىن ۋە ئىلمىي ھالدا تەسۋىرلەشنى
ئۆزلىرىنىڭ ئېستېتىكىلىق ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەزمۇنى قىلدى .
يازغۇچى مۇھەممەت باغراشنىڭ «كۆل رەڭ رەسىم» ناملىق
ئەسىرىدىكى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغايدىغان يېڭىلىق شۇكى ، ئاپـ
تور قەلىمىنى باش قەھرىمان پەررۇخنىڭ روھىي ھالىتىدىكى ئۆزگىـ
رىشلەرنى ، پسىخىكىلىق تەۋرىنىشلەرنى ئىنچىكىلەپ تەسۋىرلەشكە
قاراتقان . ئۇنىڭ روھىي زىددىيەتلىرىنى ، مەنىۋى ئۆزگىرىشلەرنى
ئېچىپ بەرگەن .
يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر «قاغجىرىغان تىنىق» ناملىق ھېكايىسىدە
مەقسەتلىك ھالدا قەلىمىنى پېرسوناژنىڭ روھىي دۇنياسىغىلا مەرـ
كەزلەشتۈرگەن بولۇپ ، روھىيەتنى يېزىشتا سىناق ئېلىپ بېرىپ
مەلۇم مۇۋەپپەقىيەت قازانغان . ھېكايىدە «مەن» نىڭ بىھوشلۇق
ئىلكىدىكى غۇۋا خىياللىرى ، سېزىلەر ـ سېزىلمەس تۇيغۇلىرى ، بىر
تۇرۇپ چۈشكە ، بىر تۇرۇپ تۇيغۇغا ئوخشاپ قالىدىغان پسىخىكىلىق
پائالىيەتلىرى ، قىسقىسى ، ئۇزۇلمەس ئېقىندەك داۋاملاشقان ئاڭ
پائالىيەتلىرى تەپسىلىي تەسۋىرلەنگەن . ئەسەر باشتىن ـ ئاخىر سىمـ
ۋوللۇق مۇھىت ئىچىدە بولغان ، ئەسەردىكى سىمۋوللۇق كەيپىيات
قويۇق ۋە كۈچلۈك .
**غەيرەت ئاسىم** (مىلادىيە 1958 ـ يىلى ) 1979 ـ يىلى
«مۇساجان بوۋاي» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەـ
سىگە كىرىپ كەلگەن . ئۇ مەكتەپنى خەنزۇ تىلىدا ئوقۇغان بولغاچقا ،
خەنزۇ تىل ـ يېزىقىغا ناھايىتى پۇختا بولۇپ ، ئىجادىيىتىنى ئىككى

خىل تىلدا ئېلىپ بارىدۇ . ئۇ خەنزۇ ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتىغا پىششىق
بولغاچقا ، بۇ ئەدەبىياتلارنىڭ تەسىرىگە كۆچلۈك ئۇچرىغان . شۇڭا
ئۇنىڭ «پۇل خۇدا ئەمەس» ، «ئويغانغانلار ۋە ئۇخلاۋاتقانلار» ، «قۇ-
ياش ھەممىگە شاھىت» ، «پەردە» ، «كونا گىلەم» ، «ياشىسۇن
تۇرمۇش» قاتارلىق ھېكايە پوۋېستلىرىدا بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا
كۆپ قوللىنىلىدىغان سىمۋوللاشتۇرۇش ، بىمەنىلەشتۇرۇش ، سېھىر-
لەشتۇرۇش ، ناتونۇشلاشتۇرۇشقا ئوخشاش بىر قاتار ئىپادىلەش ئۇ-
سۇللىرى ئارقىلىق مىللىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرۇش قاتارلىق
جەھەتلەردە دادىللىق بىلەن يېڭىلىق ياراتتى .

**ئەكبەر غۇلام** (مىلادىيە 1952 ـ يىلى ) قوش تىللىق يازغۇچى-
لىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇ قۇمۇلدا تۇغۇلغان ، مىلادىيە 1960 ـ يىلى
ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە بېيجىڭگە بېرىپ ، باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا
مەكتەپلەرنى بېيجىڭدا ئوقۇغان . مىلادىيە 1975 ـ شىنجاڭ ئۇنى-
ۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، «شىنى-
جاڭ گېزىتى» خەنزۇ تەھرىر بۆلۈمىدە مۇخبىر ۋە مۇھەررىر بولۇپ
ئىشلىگەن . مىلادىيە 1980 ـ يىلى بېيجىڭگە يۆتكىلىپ بېرىپ ،
جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى قارىمىقىدىكى «مىللەتلەر ئەدەبىياتى»
ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن . ھازىر مەملى-
كەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا ئىشلەۋاتىدۇ .

ئەكبەر غۇلامنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى 1978 ـ يىلى
ئېلان قىلىنغان «كاندىن كەلگەن خەت» ناملىق ھېكايىسى بىلەن
باشلانغان . شۇنىڭدىن كېيىن ئىزچىل تۈردە ھېكايە ـ پوۋېست ئىجا-
دىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، «يامغۇردا قالغان سۆيگۈ» ، «گۇ-
مان» ، «مودا قالپاق» قاتارلىق ھېكايىلەرنى ، «ئاي كۆيۈپتۇ» ،
«ئاھ ، ئاجىز بەندىلەر» ، «بىر جۈپ ئالتۇن ھالقا» قاتارلىق پوۋېست-
لارنى ئېلان قىلغان .

يېڭى بىر ئەسىرنىڭ باشلىنىش ھارپىسىدا دۇنيا قاراش ۋە ئىجا-



دىيەت مېتودى جەھەتتە ئالدىنقىلارنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈن-
لىگەن ھالدا يېپيېڭى بىر روھ بىلەن پەرھات تۇرسۇن ، كۈرەشچان
ئۆمەر ، ئەسئەت ئەمەت قاتارلىق ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە بىر تۈركۈم
ياش يازغۇچىلار تېزلا كۆزگە كۆرۈندى . بۇلارنىڭ يازغان ئەسەرلىرى
ئەدەبىياتىمىزدا يېڭى بىر ھادىسە سۈپىتىدە «ئىزدەنمە ھېكايىچىلىق»
دەپ ئاتالماقتا .

ياش يازغۇچى پەرھات تۇرسۇننىڭ پروزا ئىجادىيىتىكى مۇۋەپپە-
قىيىتى نىسبەتەن گەۋدىلىك بولدى . ئۇ ئىنسان قەلبىنىڭ چوڭقۇر
قاتلاملىرىنى ، پېرسوناژلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ ھەرىكەتلىرىنى ، ئىنى-
سانىنىڭ چاقماق تېزلىكى ئىچىدىكى ھېس تۇيغۇسىنى ئىپادىلەشنى
ئاساسلىق ئالاھىدىلىك قىلغان بولۇپ ، بۇنداق ئىجادىيەت ئالاھىدىلى-
كى ئۇنىڭ «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» ناملىق رومانىدا ، «مەسىھ چۆلى»
قاتارلىق پوۋېستلىرىدا روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . ئۇنىڭ
«مەسىھ چۆلى» پوۋېستى بايان ئۇسۇلىدا پىسخىكىلىق ماكان ۋە
پىسخىكىلىق زامان تەرتىپى بويىچە بايان قىلىشتەك يېڭى ئۇسۇلدا
يېزىلغان ياخشى ئەسەردۇر . بۇ ئەسەرنىڭ ئۆزگىچىلىكى شۇكى ،
ئەسەردىكى «مەن» نىڭ ھېسسىياتى ، ئاڭ پائالىيەتلىرى ئەنئەنىۋى
يېزىقچىلىقتىكىدەك تاشقى دۇنيادىكى ھادىسە ۋە شەيئىلەرنىڭ تەسىرى-
دىن پەيدا بولغان «نەتىجە» سۈپىتىدە ئەمەس ، بەلكى ئۇلارنىڭ سەۋە-
بى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن . ئاپتور بۇنداق تەسۋىرلەش ئارقىلىق
ئاڭنىڭ يوشۇرۇن روجەكلىرىگە شۇڭغۇپ مەنىۋىيەتنى ئىپادىلەشنىڭ
ئەۋزەل شارائىتىغا ئېرىشكەن .

ياش يازغۇچى كۈرەشچان ئۆمەر «باياۋان» توپلىمىدىكى «قار-
غىش» قاتارلىق پوۋېستلىرى ۋە «غۇۋا ئەسلىمە» قاتارلىق ھېكايىلى-
رىدا ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ خىيالىي تۇيغۇلىرىنى ، مۇرەككەپ ۋە
ئۆزگىرىشچان پىسخىكىلىق كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەپ ئۆزگىچە
بەدىئىي ئۈنۈم ياراتقان . ئەسەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا بۇ

خىل يېزىش ئۇسۇلىنى ئەدەبىياتىمىزدىكى يېڭى ھادىسە دەپ قاراشقا بولىدۇ . ئۇ پېرسوناژلىرىنىڭ زامان ۋە ماكان بىلەن چەكلەنمەيدىغان ئاڭ پائالىيەتلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ ، ئۇيغۇر يېڭى ھېكايىچىلىقىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئالاھىدىلىكىنى بىرلەشتۈرەلىگەن . ئاپتور يۇقىرىقى ئەسەرلىرىدە سۇژىتنىڭ ئىزچىللىقىنى ئەمەس ، ئاڭ ھەرىكىتىنىڭ ئىزچىللىقىنى ئاساس قىلغان . ئەسەرلەردە سىمۋوللۇق ئۇسۇللار كۆپ ۋە جايىدا ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ئۆزىدىكى بايان مەزمۇنىدىن ھالقىپ تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقان . شۇنىڭ بىلەن ئەسەرلەر مول مەدەنىيەت ئاساسىغا ۋە تارىخىي سېزىمگە تويۇنغان .

ياش يازغۇچى ئەسئەت ئەمەت ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر يېڭى ھېكايىچىلىقىدىكى ئالاھىدە بىر مۇۋەپپەقىيەت دېيىشكە بولىدۇ . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كۈچلۈك دارىتمىلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ ، بەددىئىيلىكى يۇقىرى . ئەسئەت ئەمەتنىڭ «كېچىدىكى ئادەم» ، «قەبرە ئىزدەش» ، «ئۇچقۇر ئاياغ» قاتارلىق ئەسەرلىرى سىمۋوللۇق يېزىش ئۇسۇلىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ مىللەتنىڭ خاراكتېرىدىكى خېلى ئومۇملۇققا ئىگە كوللېكتىپ ئاڭسىزلىق ھالىتىنى ئېچىپ بەرگەن . بۇ ئۈچ پارچە ھېكايىنىڭ ھەممىسىلا ئەنئەنىۋى بايان ئۇسۇلىدا يېزىلغان بولۇپ ، سۆزلىنىۋاتقان ۋەقەلەرنىڭ باش - ئايىغى مەنتىقىلىق تەرتىپكە ئىگە .

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ھۇسىيىن تاشنىڭ «سېختىكى ئىشلار» ، ئەكبەر سالىھنىڭ «ئوت ۋە يامغۇر» ، ئەركىنجان ئەمەتنىڭ «مازار چاشقىنى» ، قاھار نىيازنىڭ «تۇمانلىق يەكشەنبە» ، باھارگۈل ساۋۇتنىڭ «سارغايغان ياپراق» قاتارلىق ھېكايىلىرىمۇ ئۆزگىچە ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىنى يورۇتۇشنى مەقسەت قىلغان ئەسەرلەردىندۇر .

بىزنىڭ يۇقىرىقى ئەسەرلەرنى «ئىزدەنمە ھېكايىچىلىق» دەپ



ئاتاپ ئۇلارنى بىر دائىرىنىڭ ئىچىگە ئالغانلىقىمىز ئۇلاردا يېڭىچە ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بولغانلىقىدىندۇر . يۇقىرىدا بىز بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئىنساننىڭ روھىيىتىنى ئىپادىلەشنى ، پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى يورۇتۇشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى ۋە بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ ئوخشاشمىغان دەرىجىدە نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى بايان قىلدۇق . بىز ئېيتىۋاتقان روھىي دۇنياغا بۇرۇلۇش — بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ .

ئۇنىڭدىن باشقا پسىخىكىلىق قۇرۇلمىنى بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى دېيىشكە بولىدۇ . يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھېكايە ، پوۋېستلارنىڭ كۆپىنچىسىدە پسىخىكىلىق قۇرۇلما بار . بىزگە مەلۇم ئەنئەنە بولۇپ كېلىۋاتقان قۇرۇلما شەكلىدە ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىدە بايان قىلماقچى بولغان تىپىك ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىيات تەرتىپى بويىچە ، يەنى زامان ۋە ماكاننىڭ ئۆزگىرىش تەرتىپىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ سۇژىتنى تەشكىللەيدۇ . ئەمدى بۇ پسىخىكىلىق قۇرۇلمىدىكى ئەسەرلەر بولسا قۇرۇلمىنى ئەسەردىكى باش پېرسوناژنىڭ ئاڭ ھەرىكىتى بويىچە ، يەنى ئۇنىڭ ئوي - خىياللىرىنىڭ ، روھىي كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ھەرىكىتىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ سۇژىتنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ . ئېنىقىنى ئېيتقاندا ، سۇژىت پېرسوناژلارنىڭ پسىخىكىلىق كەچۈرمىشلىرىنىڭ ماكان ۋە زامان تەرتىپى — پسىخىكىلىق ماكان ۋە پسىخىكىلىق زامان تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى . نەتىجىدە بۇ ئەسەرلەردە پېرسوناژلىرىنىڭ ئېڭىدىكى ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملار ، ئەڭ نازۇك ھېسسىياتلار ۋە مەنىۋى ئۆزگىرىشلەر چىنلىق بىلەن ئىپادىلىنىدۇ .

يۇقىرىقى ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمىدىن قارىغاندا ئۇلاردا پسىخىكىلىق قۇرۇلما ئۇسۇلى قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن ئەسەرلەردە ۋەقەشۇناسلىق سۇسلىشىپ ، ئوبيېكتىپ مەزمۇن ئورنىنى سۇبيېكتىپ مەزمۇنلار ئىگىلىگەن ، تاشقى دائىرىگە مەنسۇپ ئوبيېكتىپ

دۇنيا تەسۋىرلىرىنىڭ ئورنىنى ئىچكى دۇنيا تەسۋىرلىرى ئىگىلىگەن ،
تاشقى دائىرىگە تەۋە سەرگۈزەشتىلەرنىڭ ئورنىنى پسىخىكىلىق كەچۈر-
مىشلەر ئىگىلىگەن .

باياق ئۇسۇلىدا بولسا بايان باشتىن - ئاياغ پېرسوناژغىلا مەر-
كەزلىشىش ، يەنى پېرسوناژنىڭ كۆرگىنىنى ، ئاڭلىغىنىنى ، قىلغى-
نىنى ، ئويلىغىنىنى ، ئەسلىگىنىنى يېزىش — «ئىزدەنمە ھېكايى-
چىلىقتا» ئورتاق بولغان يىگانە بايان قىلىش ئۇسۇلىدۇر . بۇ خىل
ئىزدەنمە ھېكايىلەر ئىلگىرىكى تەسۋىرلىنىۋاتقان ۋەقەلىككە ، شۇنداق-
لا پېرسوناژلارغا مۇناسىۋەتلىك ھەممە نەرسىنى يېزىش ، تەپسىلىي
تەسۋىرلەش ، ئۇلار توغرىسىدا بىۋاسىتە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش ،
ئەقلىي خۇلاسىلەر چىقىرىش ، ئاپتورنىڭ بايانى ئارقىلىق ئىزاھاتلار
بېرىشتەك ئەنئەنىۋى بايانچىلىقنى بۇزۇپ تاشلىدى .

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ، «ئىزدەنمە ھېكايىچىلىك» يۇقىرىدا
تىلغا ئېلىنغاندەك مەزمۇنى جەھەتتە ئىچكى دۇنياغا بۇرۇلۇش ، قۇ-
رۇلمىدا پسىخىكىلىق قۇرۇلما شەكلىنى قوللىنىش ، بايان ئۇسۇلىنى
يىگانىلاش قاتارلىق تەرەپلىرى ئارقىلىق پروزا ئىجادىيەت قوشۇنىدىكى
بىر تۈركۈم ياش كۈچلەرنىڭ ئىزدىنىش روھىنى ئىپادىلىدى . گەرچە
ئۇلار مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتە تېخى دۇنياۋى ئۇنۇم ھاسىل
قىلالمىغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىزدىنىشلىرىنى ئىنساننىڭ
ئىچكى دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ مەنىۋىيىتىنى قېزىشتا ۋە كىتابخانلار-
نى قايتا ئىجادىيەتكە جەلپ قىلىشتا ئەھمىيەتلىك دەپ قاراشقا بولى-
دۇ .

يېڭى باسقۇچتىكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقى تېما ، ئىپادىلەش ئۇسۇل-
لىرى ۋە ئۇسلۇبلارنىڭ خىلمۇ خىللىقى بىلەن يۇقىرىقىدەك رەڭدار-
لىقنى شەكىللەندۈرۈپلا قالماي ، شەكىل جەھەتتىكى بىر خىللىقنى-
مۇ بۇزۇپ تاشلىدى .

ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى ، يېڭى باسقۇچقا كەلگەندىمۇ دەسلى-



پىدە خەلقنىڭ مەنىۋى تەرەپلىرىگە ئەڭ دەسلەپ ياندىشقان ئەدەبىي
شەكىل يەنىلا ھېكايە بولدى . ھېكايە شەكلى ئۆزىنىڭ ئەپچىل ، چاق-
قانلىقىغا ۋە ئىنكاسىنىڭ تېزلىكىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ پروزا ئىجادىيى-
تىنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭدى . مەلۇم مەزگىللىك تەييارلىق باسقۇچىدىن
كېيىن پوۋېستچىلىق باش كۆتۈرۈپ سالماق قەدەم بىلەن ھېكايىلەرگە
ئەگەشتى . ئەگەر بىز تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ھېكايىلەرنى تۇر-
مۇشتىكى نۇقتىلارنى يورۇتۇپ بەردى دېسەك ، ئۇنداقتا پوۋېستلار
بىرقانچە ھەتتا تېخىمۇ نۇرغۇن نۇقتىلارنى تۇتاشتۇرىدىغان سىزىقلارنى
سىزدى . نۇقتا ۋە سىزىقلارنىڭ تۇرمۇش كارتىنىسىنىڭ ئومۇميۈز-
لۈك كۆرۈنۈشىنى بىر يولىلا سۈرەتلەپ بېرىشتە ئاجىزلىق قىلىۋاتقاند-
لىقىنى تونۇپ يەتكەن سەزگۈر يازغۇچىلىرىمىز رومانغا مۇراجىئەت
قىلدى . ئۇيغۇر رومانچىلىقى «قىزىلتاغ باتۇرلىرى» ۋە «ئاۋرال
شاماللىرى» رومانلىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق تەجرىبىلىرى ۋە ئىبرەت ئې-
لىشقا تېگىشلىك ساۋاقلىرى ئاساسىدا بولۇپمۇ ھېكايىچىلىقنىڭ نىس-
پىي موللۇقتا ئىگە جۇغلانمىسىنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ تۇرۇپ تېزلا
جانلىنىپ كەتتى .

رومان ۋە پوۋېست ئىجادىيىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشىنى كىتابخان-
لارنىڭ زوقلىنىش پسىخىكىسىغا باغلاپ تۇرۇپ تۆۋەندىكىدەك چۈشەن-
دۈرۈشكە بولىدۇ .

بىزگە مەلۇم ، رومانلار ئۆز مۇئەللىپىدىن تۇرمۇشنى ئومۇميۈز-
لۈك توغرا ئىگىلەپ ئۇنى بەدىئىي چىنلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشنى
تەلەپ قىلىدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن تۇرمۇش جۇغلانمىسى ھېسسىيات جۇغ-
لانمىسىدىن سىرت يەنە چوڭقۇر كۆزىتىش ، چوڭقۇر تەپەككۇر بولۇ-
شى زۆرۈر .

رومان يازغۇچىسىنىڭ رېئال ۋەقەلەرنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇۋې-
لىپ ، تۇرمۇشنىڭ مەلۇم دەرىجىدە تىندۇرما (چۆكتۈرمە) بولۇشىنى
كۈتمەيلا ئىنكاس قايتۇرۇشى ئەلۋەتتە مۇمكىن . لېكىن ، بۇنىڭدا

ئاسانلا نەزەر دائىرە تار بولۇپ قېلىپ توغرا كۆزىتەلمەسلىك ، توغرا خۇلاسىلىيەلمەسلىك ئەھۋالى كۆرۈلۈشى مۇمكىن . كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئۆز رومانلىرىنى تارىخىي تېمىلارغا بېغىشلىغانلىقىنى مانا مۇشۇ سەۋەبتىن دەپ قارايمىز .

تۇرمۇشنىڭ تىنىدۇرما جەريانىغا ۋاقىت كېتىدۇ . رومانىنى يېزىپ چىقىشقا ۋە ئۇنى نەشر قىلىشقىمۇ خېلى ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ .

ئەپسۇسكى ، كىشىلەر ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ئۆتكەن زامانىنىلا ئەمەس ، بۈگۈنكى دەۋرنىمۇ ، ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان ئىزلارنىلا ئەمەس ، بۈگۈن ئۆزلىرى مېڭىۋاتقان تۇرمۇش يولىنىمۇ كۆرۈشنى خالايدۇ . ئۇلارنىڭ مەنىۋى تەلەپلىرى تىنىدۇرما جەريانىغا ، يېزىلىش ۋە نەشر قىلىنىش جەريانىغا تەخىر قىلىپ تۇرالمايدۇ . مانا مۇشۇنداق ئېھتىياج ۋە ئېھتىياجنى قاندۇرالماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت يازغۇچىلىرىمىزنىڭ دىققىتىنى يەنىلا پوۋېست ئىجادىيىتىگە قاراتتى .

**ئۇيغۇر پروزىسىدا** پوۋېست ئىجادىيىتىنىڭ ناھايىتى تېز كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى بۇ شەكىلنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ . پوۋېست ھەجىم جەھەتتە روماندىن كىچىك ، ھېكايىدىن چوڭ بولىدۇ . ھېكايىلەرگە قويۇلىدىغان قىسقا ، كىچىك بولۇش تەلىپى ئۇنى چەكلىيەلمىگەچكە ، ئۇ خېلىلا مول تۇرمۇش مەزمۇنىنى ئۆزىگە سىغدۇرالايدۇ . بۇ جەھەتتە بولۇپمۇ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ سىغىمچانلىقى ياقتىن رومانلارغا يېقىنلىشىدۇ . ئۇنىڭدىن رومانلاردەك جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى كەڭلىكى بويىچە كارتىنىلاشتۇرۇپ بېرىش تەلەپ قىلىنمايدۇ .

دېمەك ، ئۇيغۇر پروزىسىدىكى رومان ، پوۋېست ، ھېكايە ئىجادىيەتلىرىنى گويا بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىپ كېتىۋاتقان دولقۇنلاردەك بىر ـ بىرىنى قوغلاپ ۋە بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ ئىلگىرىلىدى ۋە ئىلگىرىلىمەكتە .

كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى ، يېقىنقى باسقۇچتا خېلى كۆپ



پىشقەدەم يازغۇچىلار ياشانغىنىغا قارىماي تىرىشىپ يازدى . ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىنى مۇشۇ باسقۇچتا ئىجاد قىلدى . بۇنىڭغا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ، سەيپىدىن ئەزىزى ، تۇردى سامساق ، خېۋىر تۆمۈر ، ئابدۇللا تالىپ قاتارلىق پىشقەدەملەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ . پروزا ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن ۋاقتى 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا توغرا كېلىدىغان زوردۇن سابىر ، ئابدۇراخمان قاھار ، توختى ئايۇپ ، نۇرمۇھەممەت توختى ، سەمەت دۇگايلى ، ئالىمجان ئىسمائىل ، مەمتىمىن ھوشۇر قاتارلىق بىر قىسىم يازغۇچىلىرىمىزنىڭ پروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقتى ئانچە ئۇزۇن بولمىسىمۇ ، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇندىن توپلىغان تۇرمۇش جۇغلانمىسى ، ھاسىلاتلىرىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ تېزلىك بىلەن ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى يازغۇچىلىرىغا ئايلاندى .

نۆۋەتتە ، ئۇيغۇر پروزىسىدا رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى گەرچە يەنىلا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ يېتەكچىلىك ئورۇندا تۇرسىمۇ ، لېكىن ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىمۇ ئەركىن تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان يازغۇچىلىرىمىز بەزى ئەسەرلىرىنى روشەن ھالدىكى رومانتىزملىق تۈس بىلەن يېزىپ چىقتى . بەزى يازغۇچىلار مودېرنىزملىق ئەدەبىياتتىكى بەزى ئېقىملارنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوللاندى . ياكى ئۇلاردىن ئىجادىي پايدىلاندى .

پروزىمىزدا ھايات سىرلىرى ، تۇرمۇش ھەقىقەتلىرىنى يورۇتۇش مەزمۇنىنىڭ يادروسىدا تۇرىدىغان ، ئادەمنى يېزىش مەقسەت قىلىنىدىغان ساپ ئەدەبىيات خاھىشى مەلۇم دەرىجىدە مەۋجۇت . بىزنىڭ خېلى بىر قىسىم رومان ، پوۋېست ۋە ھېكايىلىرىمىز بۇ خىل خاھىشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ .

مەردىمەيدانلىق ياكى ھەر خىل ئاجايىپ ۋەقەلەرنى ، دېلو ـ رازۋېد ، فانتازىيىلىك ھېكايىلەرنى سۆزلەيدىغان ئاممىباب ئەدەبىيات خاھىشىمۇ يېقىنقى يىللاردا خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تەلەپلىرىگە يارىشا

پەيدا بولدى ۋە تەرەققىي قىلدى .
ئومۇملاشتۇرغاندا ، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچىدىكى پروزا
ئىجادىيەت باغچىسىدا خىلمۇ خىل گۈللەر تەك خۇش پۇراق چاچىدىغان
گۈللىنىش مەنزىرىسى شەكىللەندى . بىراق ، شۇنى ئۇنتۇماسلىق كې-
رەككى ، ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇن ياقتىن ئاددىيلىقتىن
قۇتۇلۇپ مۇرەككەپلىككە يۈزلىنىشى پەقەت يېقىنقى يىللاردىلا ئەمەلگە
ئاشتى . بۇ دېگەنلىك ھەممىلا يازغۇچى ھەممىلا ئەسەرلىرىدە مۇشۇن-
داق قىلالىدى ، دېگەنلىك ئەمەس .
پېشقەدەم يازغۇچىمىز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئۆزىنىڭ «ئىز» روما-
نىنىڭ مۇقەددىمىسىدە «... مۇنداق ئەسەر مۇئەللىپىدىن تارىخ ئىچىگە
چوڭقۇرلاپ كىرىشنى ۋە تارىخ ئىچىدىن قاڭقىپ چىقىش ماھارىتىنى
بىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ ... » دەپ يازىدۇ . يازغۇچى بۇ سۆزنى تارىخىي
رومان ئىجادىيىتىگە قارىتىپ ئېيتقان بولۇپ ، بۇ سۆزنىڭ توغرىلىقىد-
ا شەك يوق . لېكىن ، مېنىڭچە بۇ سۆزنى نوقۇل تارىخىي رومانلار-
نىڭ ئىجادىيىتىگىلا ئەمەس ، بەلكى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدىكى ئەدەبىي
ئىجادىيەتكە باغلاشقا بولىدۇ . چۈنكى ، دۇنيادا مەشھۇر ئاتالغان ئۆل-
مەس ئەسەرلەرنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىسىدىن قارىغاندا ئۇتۇقلۇق چىق-
قان ھەرقانداق ئەسەر ئۆز مۇئەللىپىدىن ئۆزى تەسۋىرلىمەكچى بولغان
تۇرمۇش مەزمۇننى پىششىق بىلىشنى تەلەپ قىلىپلا قالماي ، يەنە
ئاپتوردىن ئاشۇ تۇرمۇش مەزمۇنىدىن قاڭقىپ چىقىپ پۈتكۈل ئىجتى-
مائىي تۇرمۇشنى ۋە ئىنسانلارغا باغلىنىپ تۇرغان كەڭ دۇنيانى
پەيلاسوپ ، تارىخشۇناس ، ئىنسانشۇناس ، پسىخولوگنىڭ نەزەر كۆزى
بىلەن كۆزىتىپ ، ئۇنى پەلسەپە ، تارىخ ، دەۋر ۋە سەنئەت يۈكسەكلى-
كىدە تونۇشنى شۇنىڭدەك ئۇلارنى پۈتۈنلۈكى بويىچە ئىگىلەپ بىر
تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ .
مۇشۇنداق بولغاندىلا بۇ ئەسەر ئۆزىدە تەسۋىرلەنگەن تونۇش رې-
ئاللىقنىڭ ماكان ۋە ۋاقىت چەكلىمىسىدىن ھالقىپ ، تارىخىي سې-



زىم ۋە رېئال تەسىراتقا تويۇنغان ، ئەبەدىيلىككە ئىگە تۇرمۇش پەلسە-
پىسى يورۇتۇلغان ئۆلمەس ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ .
ئۇيغۇر پروزا ئىجادىيىتى گەرچە نۇرغۇن نەتىجىلەرنى قولغا
كەلتۈرگەن بولسىمۇ ، ئەمما ئەسەرلەرنىڭ سۈپەت ـ ساپاسىدىن ،
بولۇپمۇ مەزمۇن كۆچىدىن ئېيتقاندا يۇقىرىدا شەرھلىگىنىمىزدەك
ئالەمشۇمۇل شۆھرەتكە ئىگە ئەسەرلەر تېخى چىقمىدى ۋە شۇنداق
يازغۇچىلىرىمىزمۇ يېتىشىپ چىقمىدى .
نۆۋەتتە ئۇيغۇر پروزىسىنى مەملىكەتكە ھەتتا دۇنياغا تونۇتۇشتەك
شەرەپلىك ۋەزىپىنى خەلق ۋە دەۋر يازغۇچىلىرىمىزغا يۈكلىدى . بۇنى
ئورۇنداش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنى ، بۇنىڭ پۈتۈن مىللەتنىڭ
مەدەنىيەت ساپاسىغا ، شۇنىڭدەك يەنە نۇرغۇنلىغان ئامىللارغا باغلى-
نىشلىق ئىكەنلىكىنى ھەممەيلەن بىلىدۇ . بىراق ، يۈسۈپ خاس ھا-
جىپتەك ، مەھمۇت قەشقەرىدەك ئەجدادلىرىمىزدىن تەۋەررۈك بولۇپ
قالغان مەرىپەت چىرىقىنى ئۆچۈرمىسەكلا ، مۇھىمى ئۇلارنىڭ ئىجاد-
كارلىق روھى ۋە ئىزدىنىش روھىغا ھەقىقىي رەۋىشتە ۋارىسلىق
قىلىدىغان بولساقلا مەملىكەتلىك ئەدەبىيات مۇكاپاتىغىلا ئەمەس ، ھەت-
تا نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشىدىغان كۈنلەر جەزمەن كېلىدۇ ،
شۇنداق بىر كۈن چوقۇم كېلىدۇ .

## زۇنۇن قادىرى

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى ، بۈگۈنكى زامان
ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارلىرىدىن بولغان پېشقەدەم يازغۇچى ، دراما-
تورگ ۋە مەسەلچى زۇنۇن قادىرى (مىلادىيە 1911 ــ 1989 ـ
يىلى ) نىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ، كۆرسەت-
كەن تەسىرى ناھايىتى چوڭ ، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى بۇ ئىككى

دەۋردىكى ئەدەبىياتىمىزغا نىسبەتەن ئۇل تاشلىق رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭ «ماغدۇر كەتكەندە»، «چېنىقىش» قاتارلىق ھېكايىلىرى، «غۇنچەم» قاتارلىق درامىلىرى مەملىكەت ئىچى - سىرتىدا ناھايىتى چوڭ تەسىرگە ئىگە ئەسەرلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## زۇنۇن قادىرىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

زۇنۇن قادىرى 1911 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىدە شەھەر كەمبەغىلى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. بالىلىق مەزگىلىدە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە غۇلجا شەھىرىگە كۆچۈپ كىرىپ ئولتۇراقلاشقان. مەكتەپ يېشىغا توشقاندا، دەسلەپ دىنىي مەكتەپتە، كېيىن پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغان. مىلادىيە 1935 - يىلى غۇلجىدا ئېچىلغان ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسىغا ئوقۇشقا كىرگەن. كېيىنكى يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ، غۇلجا شەھىرىدىكى بەيتۇللا باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. مىلادىيە 1937 - يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىككى يىل، ئۆلكىلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدە بىر يىل ئوقۇغان. بۇ مەزگىللەردە يېڭىچە ئىلغار ئىدىيىلەر بىلەن تونۇشۇپ، يېڭىچە مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە قاتناشقان. مىلادىيە 1941 - يىلى غۇلجىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى سانايىنەپىسەدە ئارتىس، ئىجادىيەتچى بولۇپ ئىشلىگەن. مىلادىيە 1944 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندا، ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، دەسلەپ ھەربىي مۇخبىر، كېيىنچە «كۈرەش»، «ئىتتىپاق» ژۇرناللىرىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. مىلادىيە 1951 - يىلىدىن 1954 - يىلىغىچە غۇلجا قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. مىلادىيە 1954 - يىلى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، ئۆلكىلىك مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئىجادىيەت بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. مىلادىيە 1957 - يىلى شىنجاڭ



ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلانغان. سول ئىدىيىنىڭ زىيانكەشلىكى سەۋەبىدىن مىلادىيە 1962 - يىلىدىن 1979 - يىلىغىچە ئاقسۇ تارىمدا نەزەربەند ھېسابىدا جىسمانىي ئەمگەككە سېلىنغان. مىلادىيە 1979 - يىلىدىن كېيىن شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن، مىلادىيە 1989 - يىلى 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن.

زۇنۇن قادىرى ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىنى مىلادىيە 1937 - يىلى ئېلان قىلىنغان رېئال ئەھمىيىتى ۋە بەدىئىيلىكى يۇقىرى، ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئىلغار بولغان «جاھالەتنىڭ جاپاسى» دېگەن ئۈچ پەردىلىك درامىسى بىلەن باشلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان «ئۇچراشقاندا»، «پارتىزانلار ئەترىتى»، «ھەر ئىشنىڭ يولى بار»، «غۇنچەم»، «گۈلنىسا» قاتارلىق رېئالنى تېمىلارنى ئاساس قىلغان ئون نەچچە درامىسى ئارقا - ئارقىدىن جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە زىلزىلە قوزغىدى.

مىلادىيە 1944 - يىلىدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى كۆپ خىللىشىشقا ھەم مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلەندى. ئۇ دراما ئىجادىيىتىدىن باشقا ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. بىر قىسىم شېئىرىي مەسەللەرنىمۇ يازدى. ئۇنىڭ شۇ دەۋردە يازغان ئەدەبىياتقا ئائىت ماقالىلىرىگە يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس ئېستېتىك قاراشلىرى سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ مۇھىم ئوقۇشلۇقى بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ 1940 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە زۇنۇن قادىرىنىڭ ئىجادىيىتى يېڭى بىر گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. بۇ يىللاردا ئۇ «رودۇپاي»، «ئىككى بارمىقىم بىلەن»، «كۈچلۈككە ھۇجۇم»، «مۇئەللىمنىڭ خېتى»، «ماغدۇر كەتكەندە» قاتارلىق بىر قاتار مەشھۇر ھېكايىلەرنى يازدى. ئۇ بۇ

ئەسەرلىرىدە ئەينى دەۋردىكى تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي بېسىملار ئاستىدا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تالان ـ تاراجلىققا ئۇچرىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن تەسۋىرلەپ ، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئىستېداتىنى نامايان قىلدى .

مىلادىيە 1950 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە زۇنۇن قادىرىنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتىدە مۇھىم بۇرۇلۇش بولدى ، ئۇ بۇ ۋاقىتتا كەلگەندە «چېنىقىش» ، «گۇمان» ، «قىزىلگۈل» ، «بەختىخانىنىڭ ھاياتى» ، «رەھمەت» قاتارلىق بىر قاتار ھېكايە ۋە «توي» دىرامىسى ، «غېرىب ـ سەنەم» سېنارىيىسى ، «غەزەپ» رومانىنىڭ تولۇق ۋە مۇكەممەل لايىھىسىنى يېزىپ چىقتى . مىلادىيە 1960 ـ ، 1970 ـ يىللار يازغۇچىنىڭ ھاياتىدىكى بالايىئاپەتلىك مەزگىلدۇر . ئۇ مەزگىل بالايىئاپەتكە تولغان ئاتالمىش مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا توغرا كەلگەچكە ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىمكانىيەت بولمىدى . شۇنداق قىلىپ يازغۇچىنىڭ قەلىمى تازا ئۆتكۈرلەشكەن ، ياشلىق ، بىلىم ئىقتىدارى ۋە تالانتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان 10 ـ 20 يىل ۋاقىت بىرقىسىم ئەسەرلىرى بىلەن بىللە نابۇت قىلىندى .

ۋەتەنىنىڭ باھارى بۇ پېشقەدەم يازغۇچىنىڭ ھاياتىغا يەنە بىر قېتىم باھار مەۋسۇمىنى باشلاپ كەلدى . مىلادىيە 1980 ـ يىللار يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتى يېڭى بىر ئىلھام بىلەن قايتىدىن جانلاندى . ئۇ يۈكسەك ئۈمىدۋارلىق بىلەن قولىغا قايتىدىن قەلەم ئېلىپ بۇرۇن يېزىپ يوقاپ كەتكەن بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى قايتا يېزىپ چىقتى ھەم چوڭ تىپتىكى «زۇنۇن قادىرى ئەسلىمىلىرى» دېگەن ئاپتوگرافىك رومانىنى يېزىپ پۈتتۈردى .

زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغاچقا ، ئۇنىڭ «غۇنچەم» دىرامىسى بىلەن «چېنىقىش» ھېكايىسى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتى تۈزگەن «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن تاللانمىلار» غا



كىرگۈزۈلدى . جۇڭگو ئالىي مەكتەپلەر دەرسلىكىگە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلۈپ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى تونۇشتۇرۇلغان ھالدا ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىلمىي يوسۇندا باھالاندى .

ئۇنىڭ 1950 ـ يىللاردا يازغان «توي» دىرامىسى 1955 ـ يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك دىراما ـ تىياتىر كۆرىكىدە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ، «چېنىقىش» ناملىق ھېكايىسى بىلەن «غۇنچەم» دىرامىسى 1981 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى 30 يىللىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تاللاپ باھالاش پائالىيىتىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى . ئۇنىڭ «چېنىقىش» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى 1958 ـ يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇچە نەشر قىلىنغاندىن كېيىن يەنە نۇرغۇن ئەسەرلىرى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ خەنزۇچە ، رۇسچە ، ئىنگلىزچە ، نېمىسچە ، فرانسۇزچە ، ياپونچە قاتارلىق دۇنياۋى تىللارغا تەرجىمە قىلىندى . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كۆپلەپ نەشر قىلىنغاندىن كېيىن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ كۈچلۈك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى .

ئاتاقلىق يازغۇچى زۇنۇن قادىرىنىڭ ئازغىنا كەم يېرىم ئەسىرلىك ئىجادىي ھاياتى ناھايىتى نۇرغۇن ئېگىز ـ پەسلىكلەر ئىچىدە ئۆتتى . ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدە بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئىجادىيەت مېۋىلىرى سان ۋە ھەجىم جەھەتتە ئالاھىدە كۆپ بولمىسىمۇ ، لېكىن بەدىئىي ماھارەت ، سۈپەت ، سەۋىيە تەرەپلەردىن ئۇيغۇر دىراماتورگىيىسى ھەم پروزىسىنىڭ پەللىسى ۋە نىشانىغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ .

يازغۇچى زۇنۇن قادىرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ تۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ .

مىلادىيە 1937 ـ يىلىدىن 1950 ـ يىلىغىچە بولغان بىرىنچى باسقۇچتا ئۇ دەسلەپتە دىراما ئىجادىيىتى ، كېيىنچە ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى .

ئۇنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا يازغان ئون نەچچە
پارچە درامىسى كۈچلۈك رېئالىزملىق ئىجادىيەت پرىنسىپى بويىچە
يېزىلغان بولۇپ ، ھەممىسى دېگۈدەك ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي
تۇرمۇشنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ۋە رېئال تۇرمۇشقا بېغىشلانغان-
دى . ئۇ بۇ دراممىلىرىدا زالىم پومېشچىك ، بەگلەرنىڭ قانلىق قامچى-
سى ئاستىدىكى خورلانغان ، يانچىلغان ئەمگەكچى خەلققە چوڭقۇر
ھېسداشلىق قىلغان ھالدا ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكىگە ئېچىندى . زومى-
گەر ، مۇشتۇمزور ئەزگۈچىلەرنىڭ ئاچ كۆزلۈكى ، زالىملىقى ، رە-
زىل ۋە ئىپلاسلىقلىرىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلدى . شۇنىڭ بىلەن
بىللە ھۆرلۈك ، ئەركىنلىككە ھەم چىن مۇھەببەتكە تەلپۈنگەن ئەم-
گەكچى خەلقنىڭ زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى ئالاھى-
دە مۇئەييەنلەشتۈرۈپ تەسۋىرلىدى . بۇ سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئىچىدە
«غۇنچەم» درامىسى تارىخىي تۇرمۇشىمىزنىڭ بىز يۇقىرىدا قەيت
قىلغان ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەپ بەدىئىي يۈك-
سەكلىككە كۆتۈرگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىكتۇر . «غۇنچەم» درامى-
سى ئۆزى ئېرىشكەن بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن زۇنۇن قادىرىنىڭ
دراما ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس ، بەلكى پۈتۈن ئۇيغۇر دراماتورگىيىسى-
دىمۇ ئەڭ ئالدىنقى قاتارغا قويۇلۇشقا تامامەن ھەقلىق .

زۇنۇن قادىرىنىڭ دراما ئىجادىيىتى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىك-
لەرگە ئىگە :

1 . زۇنۇن قادىرىنىڭ دراممىلىرى رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇ-
لىدا ئىجاد قىلىنغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ماتېرىياللىرى رېئال تۇرمۇش-
تىن ئېلىنغان ، شۇڭا ، ئۇلارنى ھەقىقىي تۇرمۇش سەھنىسىدە ئېچىل-
غان سەنئەت گۈللىرى دېيىشكە بولىدۇ . بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئەسەر-
لەردىكى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنىڭ چىن ۋە ئىشەنچلىك بولغانلىقى-
دا ، پېرسوناژلىرىنىڭ يارقىن ۋە جانلىقلىقىدا ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى-
دە ئىپادىلەنگەن مىللىي ئالاھىدىلىك ، مىللىي روھ ۋە مىللىي پسى-



خىكىدا روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ .

2 . زۇنۇن قادىرى دراممىلىرىدا دراماتىك زىددىيەت توقۇنۇشلىرى
كەسكىن ، زىددىيەتلەر ئۆتكۈر ۋە جىددىي بولۇپ ، دراما پېرسوناژلى-
رى ھەمىشە ئۆز خاراكتېرىنىڭ مەنتىقلىق ئىپادىسىنى ، شۇنىڭدەك
ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلەرنى يورۇتۇشقا ئىمكانىيەت بېرىدىغان يېتەر-
لىك دەرىجىدىكى دراماتىك توقۇنۇشلار بىلەن تەمىنلىنىدۇ . ئۇلار
باشتىن - ئاياغ مۇشۇنداق مەركەزلەشتۈرۈلگەن ۋە تىپىك بەدىئىي
سەھنە ئىچىدە ھەرىكەت قىلىدۇ .

3 . زۇنۇن قادىرى دراممىلىرىنىڭ تىلى يۈكسەك دەرىجىدە تاۋلان-
غان بولۇپ ، جانلىق ، ئاددىي ۋە يېغىنچاق . مەيلى بەدىئىي مۇھىت
ياكى قىياپەت تەسۋىرلىرىدە بولسۇن ۋە ياكى پسىخىكىلىق پائالىيەت-
لەرنىڭ تەسۋىرلىرىدە بولسۇن ھەممىسىدە ئاپتور ئاددىي ، چۈشىنىش-
لىك ۋە جانلىق تىلدا سۆزلەيدۇ . بولۇپمۇ دراممىلىرىدىكى دىئالوگلار-
نىڭ ئىخچاملىقى ، تۇرمۇش بىلەن بىردەكلىكى ، پېرسوناژلارنىڭ سا-
لاھىيىتىگە ، خاراكتېرىگە بايلىقى قاتارلىق تەرەپلەردە ئاپتورنىڭ ھە-
قىقەتەن تىل ئىشلىتىشتىكى يۇقىرى ماھارىتى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقەتەن
تىل ئۇستىسى ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . دراما ئىجادىيىتىدە مانا
مۇشۇنداق يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن بۇ دراماتورگ 1945 - يىلى-
دىن ئېتىبارەن ئاساسەن دراما يازمىدى (ئازادلىقتىن كېيىن پەقەت
«توي» ناملىق بىرلا پارچە درامىنى يازغان ) ، ئۆز ئىجادىيىتىنى
پروزىغا يۆتكىدى ۋە دەرھاللا ئاجايىپ ياخشى ھېكايىلەرنى مەيدانغا
چىقارغىلى تۇردى . زۇنۇن قادىرىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدىكى بۇ چوڭ
بۇرۇلۇش بىزنى قىزىقتۇرسا ئۇنىڭ پروزىدىمۇ ناھايىتى تېزلىك بىلەن
مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى بىزنى سۆيۈندۈرىدۇ ھەم ھەيران قالدۇرىدۇ .
ئەگەر بىز زۇنۇن قادىرى ئىجادىيىتى ئۈستىدە ئاز - تولا تەتقىقات
ئېلىپ بارىدىغان بولساق ، بۇ ئىجادىيەت ھادىسىلىرىنىڭ تامامەن
نورمال ۋە تەبىئىي ئىكەنلىكىنى ، ھەيران بولۇشنىڭ ئورنى يوقلۇقىنى

كۆرەلەيمىز . ئۇنىڭ پروزىغا قىزىقىپ قېلىشى ۋە پۈتۈنلەي شۇنىڭغا بېرىلىشى پروزا ژانىرىنىڭ مەزمۇن ۋە ۋەقەلىككە باي بولىدىغانلىقى ، ۋەقە ۋە كۆرۈنۈشلەرنى قىزىقارلىق ، يۆتكىلىشچان قىلىپ يازغىلى بولىدىغانلىقى ، شۇنىڭدەك پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى قېزىشقا باپ ئىكەنلىكىدىندۇر .

زۇنۇن قادىرى دراما ئىجادىيىتىدىن باشقا پروزىدىمۇ ئاجايىپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى . ئۇنىڭ ھېكايىلىرى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى پروزىغا مۇستەھكەم ئاساس سېلىپ بەردى . بولۇپمۇ «رودۇپاي» ، «ئىككى بارمىقىم بىلەن» ، «كۈچلۈككە ھۆججەت» ، «ماغدۇر كەتكەندە» ، «چېنىقىش» ھېكايىلىرى يەتكەن بەددىئىي يۇكسەكلىك ئەينى دەۋردىلا ئەمەس ، ھەتتا بۈگۈنكى زامان پروزىدىمۇ تا ھازىرغىچە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە بولۇپ كۆزنى قاماشتۇرۇپ كەلمەكتە .

زۇنۇن قادىرى بۇ مەزگىللەردە ئۆزىنىڭ ئىستېتىك ئىدېيىدىكى چوڭقۇرلۇقىنى يۇقىرىدا بىز تىلغا ئالغان «گۈلنىسا» ، «غۇنچەم» قاتارلىق درامىلاردا ئىپادىلەپلا قالماي ، ئۇيغۇر رېئالىستىك پروزىنىڭ ئۇل تېشى بولغان «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسىدىمۇ كۆرسەتتى . بۇ ھېكايىنىڭ رېئالىزملىق پروزىمىزدىكى ئەڭ ئۇتۇقلۇق چىققان ئەڭ دەسلەپكى ھېكايە ئىكەنلىكىدىن ھېچكىم شەكلەنمەيدۇ . بىراق ، بىزدە مەنپەئەتدارلىق ئېھتىياجىدىن ئۇنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغىلا قاراپ ، بەدىئىي جەھەتتىن ، بولۇپمۇ ئېستېتىكىلىق نۇقتىدىن باھالاش ، شۇنىڭدەك بۇ ئەسەرنىڭ باشقا يازغۇچىلارنىڭ ئېستېتىكىلىق ئىڭىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى تولۇق كۆرسىتىش يېتەرسىز بولۇپ كەلدى .

ئەسەرنىڭ تراگېدىيىلىك قەھرىمانى بولغان باقى ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئادەمدەك ياشىشى ، باشقىلار بەھرىمەن بولغان تۇرمۇش گۈزەللىكلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشى لازىم ئىدى . ئۇ ئەسلىدە



بىز ئەسەردە كۆرگەندەك چىرايى ساماندەك ، قاپاقلىرى ئىششىق ، گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرى ئۈستىدە تۇكۇرۇك كۆپۈكلىرى گىژىلداپ ، چۈشىنىپ بولمايدىغان غەلىتە ئاۋازلار چىقىرىپ تۇرىدىغان ، كۆڭلەكسىز تېنىگە كىيىۋالغان ياماق ۋە كىرلىشىپ كەتكەن پەشمەتى ، مايلاشقان شاپاق دوپپىسى چىرايىنى تېخىمۇ سەتلەشتۈرۈپ ، ئۇنىڭ قىياپىتىنى كىشىنىڭ كۆڭلىگە غەشلىك سالغۇدەك بەتبەشىرە قىلىپ تۇرغان كۆرۈمسىز ئادەم ئەمەس ئىدى .

ئۇ ئۆزىنىڭ پۈشتىدىن تامغان ، كېسەل ۋە ئاچلىق دەردىدىن يۆتىلىپ ياتالمايۋاتقان نارەسىدە باللىرىنى «سەپرايىمنى ئۆرلەتمە! ھازىر ئۇجۇقتۇرۇۋېتىمەن ، يا ئۆلمىدى بۇ ئىنجىمارۇق جىن تەپكەندەر... خۇدايىم تىلىگەنگە بەرسە بولمامدىغاندۇ بۇ ئىتنىڭ كۈچۈكلىرىنى... » دەپ تىللايدىغان ئەسەبىي ئادەم ئەمەس ئىدى . ئۇ ئۆزى ئېيتقاندەك «ھايۋان ئەۋلادى ئەمەس» ، بەلكى ئادەم ئىدى . ئۇمۇ «جاھان تۈتۈپ كۆرگەن» ، «ئەلنىڭ گۈلىگە گۈل ، خىلىغا خىل بولغان» ئىدى . ئۇ ناخشا ئېيتقان ، ئېيتقاندىمۇ «پۈتۈن مەھەللە بويىچە ھېچكىم ئېيتالمىغان سېزىملىرىگە تولغان ، ئۇ ئېچىق ئېتىش ئۈچۈن قومۇرۇپ كۆتۈرگەن چىمنى ئىككى ـ ئۈچ ئادەم ئاران كۆتۈرەتتى . ئەمدىچۇ ؟ «ئەمدى كۈچ يوق ، يۈرەك يوق! » قىسقىسى ، ماغدۇر يوق .

ئاپتور ئەسەرنى باشتىن ئاخىرغىچە تراگېدىيىلىك كەيپىيات ۋە يۈرەكنى ئەزگۈدەك مىسكىنلىك بىلەن چۈمكەپ باقى ۋە ئۇنىڭ خۇۋلۇق كۆرمىگەن قەدىنىسى باھارخان ، شۇنىڭدەك يېشىغا يەتمىگەن شور پېشانە باللىرىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى تىپىك شارائىت ئىچىدىكى تۇرمۇش مۇھىتىدا قويۇپ تەسۋىرلەپ بېرىدۇ . بۇ يازغۇچىنىڭ روشەن ئىدىيىۋى خاھىشىنىڭ ، تۇرمۇش چىنلىقىغا سادىق بولۇشتەك رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ ، شۇنىڭدەك خېلىلا مۇكەممەللەشكەن تراگېدىيىلىك ئىڭىنىڭ نامايەندىسىدۇر .

زۇنۇن قادىرىنىڭ «غۇنچەم» (1956 ـ يىل ) ناملىق شېئىرلار
توپلىمى ، «چېنىقىش» (1983 ـ يىل ) ناملىق ھېكايە ـ ئۆچېركلار
توپلىمى ، «خاتىرىلەر» (1984 ـ يىل ) ناملىق ئەسلىمىسى ، «مە-
سەل ـ چۆچەكلەر» (1987 ـ يىل ) ناملىق ئىجادىي مەسەل ـ چۆ-
چەكلەر توپلىمى ، «غېرىپ ـ سەنەم» (باشقىلار بىلەن بىللە ، 1981 ـ يىل )
ناملىق كىنو سېنارىيىسى قاتارلىق ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغان . 1992 ـ
يىلى داڭلىق ئەدەبىي تەنقىدچى مۇھەممەت پولاتنىڭ نەشرگە تەييارلى-
شى بىلەن زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي توپلىمى ــ «زۇنۇن
قادىرى ئەسەرلىرى» نەشر قىلىندى .

## «چېنىقىش» قاتارلىق ھېكايىلىرى

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋالىرىدىن بولغان زۇ-
نۇن قادىرىنىڭ ئازادلىق تېگى بىلەن تەڭ باشلانغان بۈگۈنكى زامان
ئەدەبىياتىغا خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن ئېستېتىكىلىق ئېڭى ،
مۇكەممەل ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى ۋە پىشقان قەلىمى بىلەن كىرىپ
كېلىشى يېڭىدىن باشلىنىۋاتقان سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنى بىر
بايراقدارغا ئىگە قىلدى . چۈنكى ، ئەينى چاغلاردىكى ئەدەبىياتىمىزدا
مەيلى تالانت ۋە ئىستېدات جەھەتتىن بولسۇن ۋە ياكى بەدىئىي ماھا-
رەت جەھەتتىن بولسۇن زۇنۇن قادىرىغا ئەگىشەلەيدىغان يازغۇچىلار
بار ئىدىكى ، تەڭلىشەلەيدىغان ، ياندىشالايدىغان يازغۇچىلار تېخى يوق
ئىدى . زۇنۇن قادىرى يېڭى ھاياتتىن ئالغان ئىلھاملىرىنىڭ تۈرتكى-
سىدە يېڭى دەۋر ئاتا قىلغان بۇرچىنى ئادا قىلىشقا باشلىدى .
مىلادىيە 1950 ـ يىلدىن 1960 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىق
ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئىككىنچى باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ . زۇنۇن قادى-
رى ئىجادىيەتكە ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ، ئۆز ئىجا-
دىيىتىگە ۋە خەلققە مەسئۇلىيەتچان يازغۇچى بولغاچقا ، گەرچە ئازاد-



لىقنىڭ ئالدىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدىكى ئازاد رايوندا
ياشىغان ۋە ئىجاد قىلغان ، يېڭىچە تۇرمۇش قارىشىغا ئىگە بولغان ،
رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنى ئۆزلەشتۈرگەن بولسىمۇ ، ئەمما
ئازادلىقتىن كېيىن ئىجادىيەتكە ئالدىراپلا كىرىشىپ كەتمىدى . مىلا-
دىيە 1930 ـ ، 1940 ـ يىللاردا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەڭ تۆۋەن
قاتلىمىدىكى ھاقارەتلەنگەن ، خورلانغان خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق قىس-
مەتلىرىنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەپ ئۇلارنىڭ ئاھۇ زارىنى ، ئۈمىد ـ
ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن . زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىكنى غەزەپ بىلەن
قاتتىق سۆككەن خەلقپەرۋەر يازغۇچى زۇنۇن قادىرى ئازادلىق تېڭى
ئاتقاندىن كېيىن مىڭلىغان ، تۈمەنلىگەن خەلق قاتارىدا ئېلىمىزدە ،
جۈملىدىن شىنجاڭ زېمىنىدا يۈز بەرگەن ئاسمان ـ زېمىن ئۆزگىرىش-
لەردىن ھاياجانلاندى ، ئىلھاملاندى . ئۇ كونا ۋە يېڭىنى سېلىشتۇرۇش
ئاساسىدا يېڭى جەمئىيەتنىڭ خەلقىمىز ئۇزۇندىن بېرى كۈتكەن ،
ئارزۇ قىلغان مەنزىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتى . سوتسىيالىستىك
تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى چۈشەندى . سوتسىيالىزم يولىنىڭ خەلقنى
بەخت ـ سائادەتكە باشلايدىغان داغدام يول ئىكەنلىكىنى تونۇدى ،
بىراق ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىققا ئىگە بولغان
بۇ يازغۇچى يېڭى تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ ئەڭ قۇلايلىق ۋاسى-
تىسى ، تەسۋىر ، بايانىنىڭ يېڭى نۇقتىسى ئۈستىدە ئويلىنىشنىڭ زۆ-
رۈرلۈكىنى ، يازغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا ، ئەڭ ئالدى بىلەن خەلقىمىز
تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە قارىتا چوڭقۇر
چۈشەنچە ھاسىل قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلغاچقا ، ئۇپۇل ـ
توپۇل قەلەم تەۋرىتىشكە ئالدىرىمىدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ ئىجادىيەت
ئىستىكى زوقلانغۇچىلارغا پىشمىغان خام غورا بېرىشنى كۆتۈرمەيت-
تى . شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن زۇنۇن قادىرى دەسلەپكى مەزگىلدە
بىرقانچە يىلغىچە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە ، بولۇپمۇ يېزا تۇرمۇشىغا
چوڭقۇر چۆكۈپ ، دېھقانلارنىڭ كۈندىلىك ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرى-

نى ، تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ، ھەر قاتلامغا مەنسۇپ بولغان ھەر خىل
خاراكتېردىكى كىشىلەرنىڭ روھىي تەۋرىنىشلىرى ، نازۇك پسىخىكد-
سىنى ، ھەتتا تىل ئادەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممە تەرەپلىرد-
نى ئىنچىكىلەپ كۆزەتتى ، ئەتراپلىق ئۆگەندى . كۆزىتىش ، ئۆگد-
نىش باشقۇچىدىن كېيىن ھېكايە ئىجادىيىتىنى قايتىدىن باشلىدى ،
«چېنىقىش» (1955 ـ يىل ) ، «گۇمان» (1957 ـ يىل ) ، «رەھمەت»
(1958 ـ يىل ) . «ئەسلەش» (1959 ـ يىل ) ، «قىزىلگۈل»
(1959 ـ يىل ) ، «خاتىرجەم بولغان ئائىلە» (1960 ـ يىل )
قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلدى . ئازادلىقتىن
كېيىنكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر زۇنۇن قادىرىنىڭ ئىجادىيەت ئىل-
ھامىنى قوزغىدى . ئۇ يېزىلارغا بېرىپ دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى
ۋە مەنىۋى دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ماھىيەتلىك ۋە چوڭقۇرلۇقىنى
ھېس قىلدى . بۇ چاغدا يەر ـ زېمىننىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلانغان
ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئەسىرلەر بويى ئۆزلىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ
كەلگەن فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئۆزگىرىشى ، جەمئىيەت قىياپىتىنىڭ
يېڭىلىنىشى ، روھىي قىياپىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئەۋزەللىكىنى ناما-
يان قىلىپ خەلقىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە قىلغانىدى .
شۇنىڭ ئۈچۈن زۇنۇن قادىرى مەتنىياز («چېنىقىش» ھېكايىسىد-
كى ) ، توختى («ئەسلەش» ھېكايىسىدىكى ) ئوبرازلىرىنى يارىتىپ
ئۇلارنىڭ تۈنۈگۈنى ۋە بۈگۈنىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق خەلق تۇر-
مۇشىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۇردى .
زۇنۇن قادىرىنىڭ ھېكايىلىرىدە دەۋر روھى كۈچلۈك ئىپادىلد-
نىدۇ . خەلقنىڭ كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتى ، كۈنسېرى بېيىۋاتقان ئىجتىد-
مائىي تۇرمۇشى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى ، پەيدا بولۇۋاتقان يېڭى ئىش
ۋە يېڭى شەيئىلەر ئەسەر ئوبرازلىرىغا ، ئەسەر مەزمۇنىغا سىڭدۈرۈ-
لۈپ قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلىنىدۇ .
«قىزىلگۈل» ھېكايىسىدىكى رازىيە ئەرلەرنى ئەزىزلەپ ، ئايال-



لارنى خارلايدىغان فېئوداللىق ئىدىيىگە قارشى جەڭ ئېلان قىلغان
ئايال . ئاپتور ئۇنىڭ جانلىق ، تۇرگۇن ، جاپادىن قورقمايدىغان ، ئې-
سىل پەزىلەت ۋە خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنى جانلىق يورۇتۇپ بېرىش-
كە تىرىشقان . ئۇنىڭ ئوبرازىدىن ئاياللارنىڭ تارىخ سەھنىسىگە ،
ئىجتىمائىي تۇرمۇش سەھنىسىگە چىقىپ ، ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك
ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلىقىدەك دەۋر روھى
كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . رازىيەگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئوبرازلىرى «بىر
دېھقان يىگىت بىلەن سۆھبەت» دېگەن ھېكايىدىمۇ يورۇتۇلغان . ئۇ-
نىڭدا ئۆزىنىڭ يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش ، بەختىيار ھاياتنى بەرپا قىلىش
ئۈچۈن جاپالىق ئىگىلىك تىكلەۋاتقان ئابدۇرېھىم قاتارلىق ئەمگەك-
چان ، ئاق كۆڭۈل ، سەمىمىي ئۇيغۇر دېھقانلىرى چىن مۇھەببەت
بىلەن تەسۋىرلەنگەن . بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى كۈچلۈك دەۋر رو-
ھىغا ئىگە .
زۇنۇن قادىرىنىڭ كېيىنكى يىللاردىكى ھېكايىلىرى گەرچە كۆپ
بولمىسىمۇ ، ئەمما ئۇلار ھەر خىل تېمىلاردا يېزىلغان . يېزا تۇرمۇ-
شىدا يېزىلغان «چېنىقىش» ، «ئەسلەش» ، «بىر دېھقان يىگىت بى-
لەن سۆھبەت» ، ئائىلىۋى تۇرمۇش تېمىسىدا يېزىلغان «گۇمان» ،
باللار تېمىسىدا يېزىلغان «رەھمەت» ، ئاياللار مەسىلىسى تېمىسىدا
يېزىلغان «قىزىلگۈل» ھېكايىلىرى تېمىدىكى رەڭدارلىقى بىلەن
1950 ـ يىللار تېمىسىدىكى بىر خىللىقنى بۇزۇپ تاشلىدى .
مىلادىيە 1955 ـ يىلى يېزىلغان «چېنىقىش» ھېكايىسى زۇنۇن
قادىرىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى بولۇپ ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىدد-
يىۋى ۋە بەدىئىي ياقتىكى مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن كۈچلۈك تەسىر پەيدا
قىلغان مۇنەۋۋەر ئەسەردۇر .
«چېنىقىش» 1955 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان ھېكايە . زۇنۇن
قادىرى بۇ ھېكايىنىڭ ئىجادىيىتىگە خېلى ئۇزاق بىر مەزگىللىك
كۆزىتىش ، ئۆگىنىش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈپ پۇختا تەييارلىق

بىلەن كىرىشكەن بولغاچقا بۇ ھېكايە ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ھېكايە ئىجادىيىتىدە ئىپادىلەنگەن ئاددىيلاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇش خاھىشلىرىغا بېقىنمىغان ھالدا بۆسۈش خاراكتېرلىك زور نەتىجىگە ئېرىشىپ، ئاپتورنىڭ ئېستېتىكىلىق ئېڭىدىكى يېڭى بۇرۇلۇشنى نامايان قىلدى. «چېنىقىش» ئاشۇ جۇشقۇنلۇق يىللاردىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە بېغىشلانغان ھېكايە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئۆزىنى، ئۆز قەدىر - قىممىتىنى تونۇشقا باشلاۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئېڭىنىڭ شۇنداقلا خوجايىنلىق تۇيغۇسىنىڭ ئويغىنىۋاتقانلىقىنى، ئىنسانىي تەلەپلىرى ئەمەلگە ئېشىش ئىمكانىيىتىگە، ئىنسانىي خۇسۇسىيەتلىرى ئىپادىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن.

ھېكايىدە ھەمكارلىق گۇرۇپپا قۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن كوپېراتسىيىلىشىشكە ئۆتۈش ھەرىكىتى يېزىلغان. بۇ ھەرىكەت سىياسىي جەھەتتە چەك قويۇپ پومېشچىكلارنىڭ يەر - زېمىنىنى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى مەجبۇرىي تارتىۋالىدىغان يەر ئىسلاھاتىغا ئوخشىمايدۇ. گەرچە كوللېكتىپلىشىش ھەرىكىتى جەريانىدىمۇ بۇ ئىككى يولنىڭ كۈرىشى جىددىي داۋاملىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ھەرىكەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى دېھقانلارنى تەربىيىلەش، ئۇلارنى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئازاد قىلىشقا قارىتىلغان. ئىككى يولنىڭ كۈرىشىدە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئىشقا ئاشۇرغاندا، دېھقانلار بۇ ئەۋزەللىكلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىلا دېھقانلار ئاممىسى كوللېكتىپلىشىش يولىغا ئۆزلۈكىدىن بېرىلىدۇ.

بۇ ھېكايىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئاپتور دېھقانلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىدىيىۋى ۋە پسىخىكىلىق ئۆزگىرىش جەريانىنى ئاددىيلاشتۇرمىغان، قېلىپقىمۇ كىرگۈزۈۋالمىغان، بەلكى بۇلارنى سەنئەت نۇقتىسىدا بىر تەرەپ قىلىپ، ئوبراز ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن.

ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى مەتنىياز تارىخنىڭ ئېغىر بوپىسىنى



يۈدۈگەن ھالدا يېڭى تۇرمۇشقا كىرگەن پېرسوناژ. ئاپتور ئەسەرنىڭ بېشىدىلا دېھقانچىلىقتا كىرىشكەن بۇ «يېڭى دېھقان»نىڭ ئىش - ئەمگەكتىكى ۋە تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدىكى كونكرېت ئىپادىسى ئارقىلىق ئۇنى ئۆتمۈشكە باغلىغان ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى مۇرەككەپلىكنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

مەتنىياز ھۇرۇن، لايغەزەل، ھېچبىر ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان ئىرادىسىز كىشى. ئەسەردە ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى خۇسۇسىيەتلەر ئاپتورنىڭ بىۋاستە تەسۋىرلىرى، شۇنىڭدەك مەتنىيازنىڭ ئۆزىنىڭ ئىش - ھەرىكىتى ۋە گەپ - سۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

«بىر دېھقان مەتنىيازغا ئېرگولو ھارۋىنىڭ بىر چاقىنى تۈزىتىش ئۈچۈن بېرىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئالتە ئاي داۋامىدا قاتراپ يۈردى. بىرنەچچە قېتىم يالۋۇرۇپ، بىرنەچچە قېتىم تىللىدى. مەتنىيازنى تىللىساڭمۇ، ياخشى گەپ قىلساڭمۇ ھىجىيىپلا تۇرۇۋېرىدۇ. شۇنداق بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ھېچ كىشى ئۇرۇشالمايدۇ - دە»، «مەتنىياز بەزى ۋاقىتلاردا دېھقانلارنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى ياساپ قويىدۇ. ئۇنىڭغا باش چۈشۈرتكەن ئادەمنىڭ ئالدىراش ئىشى بولماسلىقى ۋە ئۆزىمۇ زېرىكمەسلىكى كېرەك. ئۇ ئىشكىنىڭ ئالدىدىكى تاشتا ئولتۇرغان كىشىنىڭ بېشىنى ئاۋۋال ئون ~ ئون بەش مىنۇتقىچە قۇرۇق ئۇۋۇلايدۇ. كېيىن ئوچۇمىغا سۇ ئېلىپ ئۇششاق قوللىرىنىڭ ئارىسىدىن ئېقىتىپ يەنە ئۇۋۇلاشقا باشلايدۇ. بۇ ھەرىكەت خېلى ۋاقىتقىچە داۋام قىلىپ چاچ ئالدۇرغۇچىنىڭ قۇلاق چۆرىلىرى ۋە قاشلىرىنى بويلاپ يۇندا ئېقىپ كۆڭلەكلىرىنى ھۆل قىلىۋېتىدۇ. ساتىراش بولسا ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەستىن ئەزمىلىك بىلەن جەڭنامە قىسسىلىرىنى سۆزلەۋېرىپ، قوللىرىنىڭ ئىشتىن توختاپ قالغانلىقلىرىنى سەزمەي قالاتتى. تاكى تاش ئۈستىدە مۇكچىـ

يىپ ئۇلتۇرغان كىشى : ‹ئۇستام ، چاچ قۇرۇپ كەتتىغۇ › دېگەندىن
كېيىن مەتنىياز يەنە هۆلدەپ ئۇۋۇلاشقا كىرىشىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن
تەڭلا تۈگىمەس قىسسىلىرىنى داۋام قىلىشقا باشلايتتى .» مەتنىيازنىڭ قاذ-
داق قىلىپ مۇشۇنداق كېرەكسىز ، لايغەزەل ئادەم بولۇپ قالغانلىقى-
نى ئەلۋەتتە هوشيار كىتابخانلار سۈرۈشتۈرمەي قالمايدۇ ، تەجرىبى-
لىك ئاپتورمۇ بۇ نۇقتىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى ئۇنتۇپ قالمىغان .
ئۇ يىغىنچاق بايان ئارقىلىق ئۇنىڭ هايات تارىخىنى ۋاراقلايدۇ : «مەت-
نىيازنىڭ ئەسلى كەسپى ساتىراش ، ئۇ هۈنەرنى شەهەردە دادىسىدىن
ئۆگەنگەن ۋە دادىسىنىڭ هەيدەكچىلىكى بىلەن ئون نەچچە يىل داۋام
قىلغان . بوشىشىپ كېتەي دېگەندە قۇلىقىنى سوزۇپ بۇراپ – بۇراپ
قويىدىغان دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ هۈنىرىنى تاشلاپ ساتىراشلىق
قىلىدىغان دۇكاننى گازىر – پۇرچاق ساتىدىغان تەنزە قىلىۋالدى .
بۇ تەنزە ئاز كۈندە قۇرۇق بولۇپ قالدى . كېيىنكى ئەتىيازدا مەتنىياز
ئۆزى ياسىغان تۇرلۇك لەگلەكلەر بىلەن يەنە ئېچىلدى . لېكىن ، بۇ
نەرسىلەر بىلەن دۇكان ئىجارىسىنى تۆلىيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىگى-
سى ئۇنى قايتۇرۇۋالدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇنىڭدىن بىرنەچچە
يىل بۇرۇن دادىسىدىن مىراس بولۇپ قالغان يېزىدىكى هېلىقى بىر
ئېغىز ئۆيى بار كىچىك بېغىغا كۆچۈپ چىققاندى .»
يۇقىرىقى بايانلاردىن مەتنىياز خاراكتېرىدىكى ئىللەتكە ياتىدىغان
يارىماسلىقلار ، ئېگىدىكى بىخۇدلۇق خاراكتېرىدىكى بوشاڭلىق ئەلۋەت-
تە مۇئەييەن كونكرېت تۇرمۇش شارائىتى ئىجتىمائىي مۇهىت ئىچىدە
شەكىللەنگەن دەپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ . شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن
كىتابخانلار ئىنساننىڭ ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشقا ، تۇرمۇش-
نى ۋە ئۆزىنى ئۆزگەرتىشكە پۇرسەت بەرمەيدىغان ، كىشىلەرنى ئۆزد-
نىڭ ئادەملىكىنى ئۇنتۇش دەرىجىسىدە ياتلاشتۇرۇپ نابۇت قىلىۋېتى-
دىغان كونا جەمئىيەتنىڭ ئادەمخور ماهىيىتىنى كۆرۈۋالالايدۇ . بىز
ئەسەردىكى كونكرېت تەپسىلاتلاردىن مەتنىيازنىڭ دېهقانلارنىڭ هارۋى-



لىرىنىڭ چاقىنى ياساپ بېرىش جەريانى ، كىشىلەرنىڭ چېچىنى قاذ-
داق ياسىغانلىقى ، ئىززەتخاننىڭ توپلىيىنىڭ تىكىلىش ئەهۋالى ،
دېهقانچىلىققا كىرىشكەندىن كېيىنكى ئورما ئورۇش كۆرۈنۈشلىرىدىن
گەرچە ئۇنىڭ قولى هۈنەرلىك بولسىمۇ ، هېچبىر ئىشنى بىر باشقا
ئېلىپ چىقالمايدىغان بېلى بوش ، بىكار تەلەپ ، ئۆزىنىڭ ئەتىسىنى
ئويلىمايدىغان بىر كىشىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگەن بولساق ،
ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ باشقا بىر تەرەپلىرىگە مەنسۇپ بولغان خۇسۇسى-
يەتلەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىنسانىي گۈزەللىكنىڭ ئامىللىرىنى يو-
رۇتىدۇ . مەتنىياز يەنىلا ئاق كۆڭۈل كىشى ، ئاچ كۆز ، تەمەگەر
ئەمەس . «ئۇ مەهەللىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئاياغ كىيىملىرىنى ياماپ ،
داس – چېلەكلىرىنى تۈۋلەپ ، سۇنغان لىڭگىرچاق ۋە بوغا – جاۋەنلى-
رىنىمۇ تۈزەپ بېرىدۇ . لېكىن ، هەق بەرسە تالاشماي ئالىدۇ . هېچ
نەرسە بەرمەي قۇرۇق (رەهمەت ) دەپ قويسىمۇ خۇشال بولۇپ قېلى-
ۋېرىدۇ . بىرەر چىنە قايماق چاي ياكى تاماققا چاقىرىپ قويسىغۇ
تاغدەك خۇش بولۇپ كېتىدۇ . لېكىن ، هېچكىمنىڭ ئىشىگە تەمە
قىلىپ بارمايدۇ . قىسقىسى ، ئۇنىڭ پايدا – زىيان بىلەن ئانچە كارى
بولمايدىغانلىقى هەممىگە مەلۇم ئىدى . » بۇ تەرەپلىرى ئۇنىڭ قانائەت-
چان ، سەمىمىي ، ئاق كۆڭۈللۈكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . ئۇنىڭ
سەمىمىيلىكىنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆپچىلىك
بىلەن بىللە ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا كېتىۋېتىپ قىلغان قاملاشمىغان
بىر ئىشىنى مىسال قىلسا ئارتۇقچىلىق قىلمايدۇ .
«ئاشلىقلار يىغىلىپ بولۇپ ئېرىق – ئورمانلارنى ساپسېرىق
غازاڭ قاپلىغان كەچ كۈزنىڭ بىر ئەتىگىنى يېزىلىق هۆكۈمەت باشلى-
قى مەهەللىدىكى پۈتۈن دېهقانلارنى ئۆستەڭ چېپىشقا چاقىردى . شۇ
كۈنى مەتنىيازمۇ كەتمەننى دولىسىغا سېلىپ هەممىنىڭ ئالدىدا ئۆس-
تەڭ تەرەپكە كېتىپ باراتتى . ئۇ قەدىمىنى بارغانسېرى چاپسانلىتىپ
كۆپچىلىكتىن خېلى ئۇزاپ كەتتى – دە ، تام ياقىسىدىكى پاكار –

پاكار قويۇق ئۆسكەن ئۆرۈك ياغاچلىرى ئارىسىغا مۆكۈۋالدى . ئارقىدا كېلىۋاتقانلار يۈز قەدەمچە نېرىدىلا ئۇنىڭ شاخ ئارىسىدا كىرىپ‌پدەك تۇگۈلۈپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ قېلىشتى . ھېچكىم ئۇنى ھېچقانداق ئىزدەپ ئاۋارە بولماستىنلا كۆرۈپ قېلىشنىڭ سەۋەبى : ئۇ ئۆرۈكلۈككە سۇڭگۈپ كىرىۋاتقاندا ئاق قوي تېرىسىدىن قىلىنغان كونا جۇۋىسىنىڭ پەشلىرىنى تىكەنلىك شاخلار تەتۇر ئۆرۈپ،«مانا مەتنىياز ماۋۇ يەردە» دەپ كۆرسىتىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ قاملاشمىغان بۇ ئەخمىقانە ئويۇنى ئۆستەڭگە ماڭغۇچىلار ئۇچۇن خېلى كۈلكە بولدى .

— ھوي، ماۋۇ يەردە سېمىزلا بىر قوي ئۆلۈپ قاپتىغۇ ، — دېدى كەكىساقال بىر قىزىقچى مەتنىيازنىڭ جۇۋىسىنى كۆرسىتىپ .

كۆپچىلىك كۈلۈشۈپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى .

— «توپتىن ئايرىلغاننى بۆرە يەر»، بۇ ھەمراھلىرىدىن قاچقان قوي بولسا كېرەك . بىچارىنى بىرنېمە بوغۇپ قويۇپتۇ - دە .

— ھاي - ھاي ، توختاڭلار! سىلەر بۇنى قوي دەيسىلەر ، مۇرىسىدە كەتمەن تۇرىدىغۇ بۇنىڭ ؟

— دېھقانچىلىقنى ئۆگىنىۋالغان قوي بولسا كېرەك .

— ھەي تىرىك ئىكەن ، مىدىرلاۋاتىدۇ .

مەتنىياز تىكەنلىك شاخلاردىن ئاران قۇتۇلۇپ ، ئارقىسىغا سىلجىپ چىقىپ ئورنىدىن تۇردى :

— ئەستاغپۇرۇللا ، غەلىتە ئىش بولدى - دە ، مۆكۈۋالسام كۆرۈپ قالدىڭلار ، — دېدى خىجالەت بولۇپ ، ھىجىيىپ يۈزىنى تۆۋەن قاراتتى .

توساتتىنلا كاللىسىغا كىرىپ قالغان ئىشتىن قېچىش خىيالىدا ئويلىمايلا قىلىپ قويغان ئىشى كۆپچىلىككە خېلى كۈلكە بولدى . مەتنىياز بۇنى كۈلكە - قىزىقچىلىق ئۇچۇن ئويۇن قىلدىم دېگەن باھانىنى كۆرسەتكەن بولسا ھېچكىم گۇمانلىنىپمۇ كەتمىگەن بولاتتى . لېكىن ، تۈز سۆزلۈك ، سەممىي مەتنىياز يالغان ئېيتمىدى . ئۇ تېخى



ھېچكىم بۇ ئىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەن شارائىتتا :

— ئەمدى - ئەمدى ، قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ ••• راستىنى ئېيتقاندا ، بىز ئەيىبلىك ، — دېدى مەتنىياز قول قوۋۇشتۇرۇپ .

— شۇنداق ، ھېچ قاملاشمىغان بىر ئوي مېڭەمگە كىرىپ قالدى - دە ، ئۆستەڭگە بېرىشتىن قېچىپ مۆكۈۋالدىم .

— ئەمدى بۇنى نېمە قىلىش كېرەك ؟ — دېدى سىيىت ئاخۇن مەتنىياز تەرەپكە قولىنى سوزۇپ .

— مۇساپىرنىڭ كۇچۇكىدەك بويىنىمىزنى ئېگىپ تۇردۇق ، نېمە قىلساڭلار ئىختىيار سىلەردە ، — دېدى مەتنىياز قول قوۋۇشتۇرۇپ بوينىنى ئەگكەن ھالدا . »

مىسال ئالغان بۇ پارچە مەتنىياز خاراكتېرىنىڭ تېخى ئېچىلمىغان تەرەپلىرىنى كۆرۈۋېلىشىمىزغا ئىمكانىيەت بېرىدۇ . بىرىنچىدىن ، مەتنىياز ھەممە ئىشقا پەرۋاسىز قارايدىغان ئادىتى تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغدايدىغان ھەلقۇملۇق پەيتتىمۇ بۇ ئىشقا ئېتىبارسىزلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ . بىراق ، بۇ ئېتىبارسىزلىق ھەرگىزمۇ قېلىنلىق ، يۈزسىزلىك دەرىجىسىگە بارغان نومۇسسىزلىق ئەمەس . مەتنىيازنىڭ ئوڭايسىزلىنىشى ، يۈزىنىڭ قىزىرىشى ، بوينىنى ئېگىپ خىجىللىق بىلەن تۇرۇپ كېتىشلىرى ، كېيىن ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىدا ياخشى ئىشلەپ كەمچىلىكىنى يۇيۇشى بۇنى ئىسپاتلايدۇ . ئىككىنچىدىن ، بۇ پارچىدا ئەڭ مۇھىمى مەتنىيازنىڭ راست سۆزلۈك ، ھالال ، سەممىيلىكى ئىپادىلەنگەن بولۇپ ، بۇ دېھقاننىڭ ۋۇجۇدىدىكى ساددا ، سەممىي يەنى ئىنسانىي گۈزەللىكىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئىپادىلىرى يورۇتۇپ بېرىلگەن .

ئۇنىڭ بەزى قىلىقلىرى ، باشقىلارغا ھەتتا ئۆزىگىمۇ بولغان مەسئۇلىيەتسىزلىكى ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ئۆزگەرتىش ، ئادەمدەك ياشاش ئىستىكى يوقتەك ، ئادىمىي ھېس - تۇيغۇلار يوقتەك تۇيغۇ بېرىدۇ . بىراق ، ئۇنىڭ ئەمگەكچان ، ساغلام ، روھلۇق

يېزا قىزى ئىززەتخانغا يوشۇرۇن كۆيۈشى ، نېمىلا بولمىسۇن ئاخىرقى
ھېسابتا ئۇنىڭ توپلىيىنى تىكىپ پۈتتۇرۇپ ياغلىققا چىگىپ ئالايتەن
ئاپىرىپ بېرىشى ، ئىززەتخاننى كۆرگەندە ھېسسىياتىنىڭ داۋالغۇشلىـ
ـرى ئۇنىڭ روھىي جەھەتتىن بۇزۇلغان ئەمەس ، بەلكى ھېسسىياتقا
باي ، ئادەملىك خۇسۇسىيەتلىرىنى يوقاتمىغان شەخس ئىكەنلىكىنى
كۆرسىتىدۇ .

كىشىلەرنىڭ مەتنىيازغا ئاچچىق قىلىپ ھەتتا تىللاپ كەتكىنى
بىلەن يەنىلا ئۇنى ئارىغا ئېلىشى ، ئۇنىڭ كىشىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىـ
ـدىغان ئىشلىرىنى كۆرگەندە زاڭلىق قىلىپ كۈلگىنى بىلەن يامانمۇ
كۆرمەسلىكى ، ئومۇمەن مەتنىيازنىڭ خاراكتېرىدە يۇقىرىدا بىز كۆرـ
سەتكەندەك ياخشى تەرەپلەرنىڭ ھولغانلىقىدىندۇر . شۇنداق بولغانلىقى
ئۈچۈن بىز ئۇنى ھەم ئەيىبلەيمىز ، ھەم ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز ھېسـ
ـداشلىق قىلىمىز . ئۇنىڭ سەمىمىي ، ئاق كۆڭۈللۈكىگە قايىل بولـ
ـمىز . نېمىشقىدۇر بىز بۇ بىر پۈتۈن پېرسوناژنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى
ئەيىبلەپ زاڭلىق قىلساق ، مەلۇم تەرەپلىرىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن
كەچۈرگىمىز كېلىدۇ ، ھەتتا ئۇنىڭغا قايىل بولىمىز .

زوقلانغۇچىلارنىڭ قەلبىدە نازۇك ۋە كۆپ تەرەپلىمە ھېسسىيات
دولقۇنلىرىنى ئۇرغۇتۇش ھەرقانداقلا بىر يازغۇچىنىڭ قولىدىن كېلىـ
ـۋەرمەيدۇ . زۇنۇن قادىرىنىڭ پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنى يورۇتۇشتىـ
ـكى ماھارىتىگە قايىل بولماي مۇمكىن ئەمەس .

ئومۇمەن يازغۇچى مەتنىياز ئوبرازىنى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى
ئىچىگە قويۇپ تۆرۈپ ئۇنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى يېتەرلىك دەرىجىدە
يورۇتقان ۋە خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئىپادىلەپ بەرگەن .

ئەڭ مۇھىمى ، ئۇنىڭ ئوبرازىنى ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئېھتىياجى
بويىچە ئۆزگىرىش ئىچىگە ، ھەرىكەت ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلىگەن .

ئاپتور مەتنىيازنىڭ ئۆزگىرىشىنى يەنىلا ئۇنىڭ ئوبرازىغا تايىـ
ـنىپ تۇرۇپ ئىپادىلەيدۇ . خۇددى تۇخۇمغا يېتەرلىك ھارارەت بېرىلسە



چۈجە تۆرەلسىمۇ ، ئەمما تاشقا قانچىلىك ھارارەت بېرىلگىنى بىلەنمۇ
تاشتىن سادا چىقمىغىنىدەك مەتنىيازنىڭ ئۆزگىرىشى مۇمكىنچىلىككە
ئىگە ئىدى .

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى يېڭىلىقلار يەنى تۇرمۇش ئەمەلىيىتىـ
ـنىڭ تەسىرى مەتنىيازنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى تاشقى ئامىلدۇر .

ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك ئۆزگىـ
ـرىشلىرى كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشىدا شۇنىڭدەك مەنىۋى قىياپەتـ
ـلىرىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى . مەنىۋى كورلۇق ، قاشـ
ـشاقلىقتىن قۇتۇلالماي كەلگەن دېھقانلار ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان
ئۆزگىرىشلەرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئەتراپىنى كۆزەتتى ۋە ئۆزىگە نەزەر
سالدى . ئىنسانىي سېزىملارنىڭ ئويغىنىشى ، ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزـ
ـگەرتىشتىكى ئىستىكى ، كەلگۈسىگە تەلپۈنۈش قاتارلىق ئاشۇ دەۋر
كىشىلىرى ئۈچۈن ئورتاق ئىدى .

بۇ خىل روھىي كەيپىيات ئۆزىنىڭ يېڭىلىقى ، ئىلغارلىقى ،
قىزىقارلىقى بىلەن ھەتتا «كېرەكتىن چىققان» ، «يارىماس» مەتنىـ
ـيازغىمۇ تەسىر قىلماي قالمىدى . بولۇپمۇ كوللېكتىپ ئەمگەكنىڭ
ئەۋزەللىكلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ، ئۆز تەسىراتى بىلەن
ھېس قىلغان مەتنىياز تەدرىجىي ھالدا ھەمرا باشچىلىقىدىكى تەشكىلـ
ـلەنگەن دېھقانلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىگە سەپسالىدىغان ، قىزىقىدىغان
بولۇپ قالىدۇ . تەنھا ئۆزى پىژغىرىم ئاپتاپتا ئورما ئورۇۋېتىپ ،
يىراقتىن (ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئىشلەۋاتقان تەرەپتىن )
كېلىۋاتقان كۈلكە ۋە ناخشا ئاۋازلىرىغا قۇلاق سالىدۇ . خوتۇنلارنىڭ
قولىدىكى بوغما قاپاقلارغا قارايدۇ . ھەمكارلىق گۇرۇپپا ئەزالىرىغا
ئېلىپ كېتىلىۋاتقان بۇ سوغۇق چايلارنى ئىچكۈسى كېلىدۇ . خۇش
چاقچاق ، قىزىقچى ، گەپدان كەلگەن مەتنىياز تۇنجى رەت ئۆزىنى
خۇشاللىقتىن ، كۈلكىدىن مەھرۇم قىلىپ ، كۆز ئالدىدىكى تەنھالىقـ
ـقا ، جاپاغا قالدۇرغان ئۆزىدىن نارازى بولىدۇ . مۇشۇنداق روھىي

ئازاب ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ئىچكى ئامىللارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىدۇ . مەتنىيازنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدا گەپ بولغاندا ئاپتورنىڭ مۇھەببەت ۋاسىتىسىدىنمۇ پايدىلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ . مەتنىياز ئېرى ئۆلۈپ تۇل ئولتۇرۇپ قالغان ياش چوكان ئىززەتخاننى ياخشى كۆرىدۇ . مەتنىياز ئىززەتخاننى ياخشى كۆرگەنلىكتىن ئىززەتخاننىڭ يۇيۇپ ئېسىپ قويغان گۈللۈك چىت كۆڭلىكىنى كۆرسىمۇ ئۇنىڭدا قانداقتۇر بىر خىل ئىسسىق تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ . ھەتتا ئىززەتخانغا تىكىۋاتقان توپلىسىمۇ تېخى ئۇنىڭ پۇتىغا سىپىلماي تۇرۇپ ئۇنىڭ كۆزىگە ئۆيدىكى پۈتۈن نەرسىلەردىن باشقىچىرەك يېقىملىق كۆرۈنىدۇ . پات - پات «مۇشۇنى كىيىدۇ - دە» ، دەپ ئالىقىنى بىلەن سىلاپ قويىدۇ . ئۇ توغرىسىدا ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كېتىدۇ ؛ «ئىززەتخان ئەجەب كېلىشكەن قاۋۇل چوكان . ئۇ ئاكىسىغا ئوخشاش نامراتلارغا شەپقەتلىك . نېمىشقا خۇدايىم شۇنداق خوتۇنلاردىن بىرەرىنى ‹ئال قۇلۇم › دەپ بېرىۋەتمەيدىغاندۇ . »

ئەمدى ئىززەتخانغا كېلىدىغان بولساق ئىززەتخان ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن چىققان لايىقلارغا تۇرمۇشلۇق بولۇشقا قىزىقمايدۇ . بالىسىنىڭ ئۆگەيلىك بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ . بۇ تەرەپلىرىدىن مەتنىياز ئەڭ باپ - لايىق . ئۇنىڭ ئوغلى ئەركىنجانمۇ «بۇ يۇمشاق مۇئامىلىلىك كىشىنى» ئوبدان كۆرىدۇ . لېكىن ، ئىززەتخانغا ياقمايدىغىنى ئۇنىڭ بوشاڭ ۋە بىپەرۋالىقى . «ئەگەر ئۇستام باشقىلارغا ئوخشاش دادىلراق بولۇپ ، ئەمگەككە قاتنىشىدىغان بولسا ئەلۋەتتە ئىززەتخان ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە تەييار ئىدى . »

ئىززەتخانغا بولغان يوشۇرۇن كۆيۈش مەتنىيازنى ئىززەتخاننى ئويلاشقا قىستايدۇ . ئۇ ماڭغان يولغا ، ئۇ ئىشلىگەن ئېتىزغا قاراشقا تەلمۈرتىدۇ . بىراق ، يار ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن ، يارنىڭ مەيلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن يارنىڭ كۆتكىنىدىن چىقىش كېرەك . شۇڭا ، ھېكايىدە



يوشۇرۇن ئىپادىلەنگەن مۇھەببەتنىڭ كۈچى مەتنىيازنىڭ ئۆزگىرىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ .

دېمەك ، زۇنۇن قادىرى مەتنىيازنىڭ ئۆزگىرىشىنى قېلىپلاشقان كونا تەجرىبىلەر بويىچە ئەمەس ، تۇرمۇشنىڭ مەنتىقىسى ، خاراكتېرىنىڭ مەنتىقىسى بويىچە ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ياقتىن كۆپ تەرەپلىمە قىلىپ تەسۋىرلىگەن بولغاچقا ، بۇ ئۆزگىرىش ئۆزىنىڭ چىنلىقى بىلەن كىشىلەرنى قايىل قىلىدۇ ۋە ئىشەندۈرىدۇ . دېمەك ، ئەسەرگە كونا جەمئىيەت ئادەملەرنى خاراب قىلغان بولسا ، يېڭى جەمئىيەت كىشىلەرنى گۈل قىلدى دېگەن تۈپكى ئىدىيە مەجبۇرىي تېڭىش يولى بىلەن ئەمەس ، بەلكى مۇرەككەپ خاراكتېردىكى جانلىق ئوبرازغا تەئەللۇق تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ، كونكرېت ئىش - ھەرىكەت ۋە گەپ - سۆزلەر بىلەن تەبىئىي سىڭدۈرۈلگەن .

يۇقىرىقى تەھلىللىرىمىزدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، ئاپتور ئۆز ئەسىرىنى ئەينى يىللاردا ئېلىمىز يېزىلىرىدا يۈز بەرگەن چوڭ ئۆزگىرىشلەر ۋە ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي ، ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ خاتىرىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويمىغان ، بەلكى ئادەمنى يېزىش ، ئادەم تەقدىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتەك ئېستېتىكىلىق غايە بويىچە ئىجاد قىلىپ زور نەتىجىگە ئېرىشكەن . شۇڭا ، مەتنىياز ئوبرازىنىڭ سىمۋول دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى بۇ ئەسەرنىڭ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى دەپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ . مەتنىياز كونا ۋە يېڭىنىڭ ئالمىشىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان بىر بۆلۈم ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئارىسىدا ۋەكىللىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بەدىئىي ئوبراز .

ھېكايىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى مەتنىيازدىن ئىبارەت پېرسوناژنىڭ پسىخىكىلىق تەۋرىنىشلىرىنى جانلىق خاتىرىلەپ ئۇنىڭ خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بەرگەنلىكىدىن ئايرىتىپ قارىغىلى بولمايدۇ .

بۇ ھېكايە باشقا ئەسەرلەردەك كوپېراتسىيىلىشىش قاتارلىق سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ جەريانىنى ئىپادىلەشنى يېزىش مەقسىتى قىل-

مىغان . بۇ دېگەنلىك كىشىلەر خاراكتېرىگە ، تۇرمۇشىغا چوڭ تەسىر
كۆرسىتىۋاتقان تارىخىي ئۆزگىرىشلەردىن چەتلەپ كەتكەن دېگەنلىك
ئەمەس ، بەلكى ئۇلارنى پېرسوناژنى تەسۋىرلەشتىكى ئوبيېكىت (ئا-
دەمنى ) تېپىك مۇھىت ئورنىدا بىر تەرەپ قىلغان . دەل مۇشۇ نۇقتىدا
زۇنۇن قادىرى باشقا يازغۇچىلاردىن پەرق قىلىدۇ . 1950 ـ يىللاردىلا
ئەدەبىياتنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بۇ ئەسەرنىڭ
تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئەتىۋارلىنىشىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىندۇر . «چىنى-
قىش » ھېكايىسىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ئالدى بىلەن مەتنىياز
ئوبرازىنىڭ ئۇتۇقلۇق يارىتىلغانلىقىدا كۆرۈلسە ، ئىككىنچىدىن تەس-
ۋىرلىرىنىڭ چىن ۋە يارقىنلىقىدا كۆرۈلىدۇ .
ئەسەردە مەيلى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئومۇمىي تەسۋىرى
بولسۇن ياكى كونكرېت پېرسوناژلىرىنىڭ پورترېت ، پىسخىكىلىق
تەسۋىرلىرى بولسۇن ۋە ياكى مۇھىت ۋە تەبىئەت تەسۋىرلىرى بولسۇن
ھەممىسى ئىنچىكە ، ئېنىق ۋە روشەن بولغاچقا ، كىتابخان بۇ تەسۋىر-
لەردىن «مۇشۇ» پېرسوناژنى قەيەردىدۇر كۆرگەندەك ، ئۇ ياشاۋاتقان
ماكانغا بارغاندەك ئۇنىڭ تۇيغۇ سېزىملىرى ، مەنىۋى پائالىيەتلىرى
ئۆزىگە مەلۇملۇقتەك ئېنىق تەسىراتقا كېلىدۇ . ئاپتور مەتنىيازنىڭ
پورترېتىنى تەسۋىرلىگەندە ئۇنى ئاجرىتىۋېلىپ ئالاھىدە تەسۋىرلەپ
ئولتۇرمايدۇ . بەلكى كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ تەپسىلاتلىرى ئىچىدە تەد-
رىجىي تەسۋىرلەپ ، ئۇ توغرىسىدىكى مەلۇماتنى بېيىتىپ بارىدۇ .
مەسىلەن ، مەتنىيازنىڭ پورترېتى توغرىسىدىكى ئەڭ تولۇق تەسۋىر
مەتنىيازنىڭ كىشىلەرنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ قويغان چاغلىرىدىكى
ئەزمىلىكلىرىگە ئۇلىنىۋېتىلگەن .
« — ھى ، ھى ، ھى ··· — ئۇ ئۆزىنىڭ گېپىگە ئۆزى ھۇزۇر
قىلىپ كۈلەتتى . لېكىن ، قاراپ تۇرغان كىشىگە ئۇنىڭ كۈلكىسى
بىلەن يىغىسىنى ئايرىۋېلىش تەس ئىدى . ئۇنىڭ پىستە كۆزلىرى
پۇرۇلۇپ ، ئۇچلىرى جاۋغىيىغا ئېگىلىپ تۇرىدىغان كىچىككىنە شالاڭ



سارغۇچ بۇرۇتى كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى . ئۇ بېشى سەل ئالدىغىراق
ئېگىشكەن ، ئۇيقۇغا مايىل مۇلايىم قىياپەتلىك چاقچاقچى ئادەم ئىدى . »
مەتنىياز پورترېتىدىكى ماھىيەتلىك باشقا خۇسۇسىيەتلەر خاراكتېرى-
نىڭ ئۆزگىچىلىكىنى يورۇتۇشقا ماس كېلىدىغان يەنە باشقا تەپسىلات-
لار ئىچىدە ئازراقتىن تەسۋىرلىنىپ بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ بارىدۇ .
مۇھىت ئەسەر قەھرىمانلىرى ھەرىكەت قىلىدىغان ، ياشايدىغان بەدىئىي
سەھنە . زۇنۇن قادىرى «چېنىقىش» ھېكايىسىدە مۇھىت تەسۋىرلىرى
ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ ئوبرازىنى مۇكەممەل يارىتىشقا ناھايىتى ياخشى
خىزمەت قىلغان . ئەسەرنىڭ بېشىدا مەتنىيازنىڭ بېغى ، ئۆيى ، ئۆي
روزىغارلىرى ھەققىدىكى تەسۋىرلەر كىشىگە تولىمۇ روشەن ۋە ئېنىق
چۈشەنچە بېرەلەيدۇ .
«ئۆيىنىڭ توغرا كەلگەن بىر يېرىدە تۆمۈرچىلىك ، ياغاچچىلىق ،
موزدۇزلۇق ۋە ساتىراشلىق ئۈچۈن كېرەكلىك تۈرلۈك جابدۇقلار بىر ـ
بىرىگە ئارىلىشىپ چېچىلىپ ياتىدۇ . قازان بېشى ۋە ئويۇقلارغا بۇ-
رۇنقى زاماندىن قالغان تۆمۈر قۇتىلار ، دات باسقان سۇنۇق ئۇستىرى-
لار ، ئۇششاق ۋىنتا ، گايكا ، كونا تاقا ۋە مىخلار تاشلاپ قويۇلغان .
ئويۇقتا قېلىن ، چۆرىسى قىرچىلىپ ياغلىشىپ كەتكەن كونا جەڭنامە
كىتابتىنمۇ ئىككىسى تۇرىدۇ . تورۇسنىڭ ھەر تەرىپىدە ۋە ئىسلىشىپ
كەتكەن تاملاردا ئېسىقلىق تۇرغان قول ھەرە ، ياغاچ تېشىدىغان ئۇش-
كە ، قېلىپنى تارتىپ چىقىرىدىغان بولجۇرغىغا ئوخشاش نەرسىلەرگە
ئۆمۈچۈكلەر تور باغلاپ كەتكەن . » مىسال كەلتۈرۈلگەن بۇ پارچە
مەتنىيازنىڭ ئۆيىنىڭ يەنى ئۇ ياشايدىغان مۇھىتنىڭ تەسۋىرى بولۇپ ،
بۇ ھەرگىزمۇ ئارتۇقچە ، بولسىمۇ ، بولمىسىمۇ بولۇۋېرىدىغان قۇرۇق
گەپلەرنىڭ تىزمىسى ئەمەس . بۇ تەسۋىرلەردە مەتنىياز خاراكتېرىدى-
كى چۈۋالچاق ، ئەزمە ، ئىرادىسىز ، بىپەرۋالىق قاتارلىق خۇسۇسى-
يەتلەرنىڭ ئىزناسى بار . ئۇنىڭدىن باشقا تاشلاقلىق تۇرغان جەڭنامە
كىتابلار مەتنىيازنىڭ ھەر ھالدا خەت ساۋاتى بارلىقىدىن شەپە بېرىش

بىلەن بىللە ئۇنىڭ چاچ چۇشۇرۇۋېتىپ سۆزلىگەن جەڭنامىلىرىنى
مەنبە بىلەن تەمىنلىسە ، ھەر خىل جابدۇقلار ئۇنىڭ قولى «ھۈنەر-
لىك» ئادەم ئىكەنلىكىنىڭ ماددىي پاكىتلىرى بولالايدۇ . ئۆيدىكى
رەتسىزلىك ، مەينەتچىلىك ئۇنىڭ تۇرمۇشقا بىپەرۋا قارايدىغانلىقىنى
كۆرسىتىش بىلەن بىللە ئۇنىڭ بويتاق ئادەم ئىكەنلىكىدىنمۇ بېشارەت
بېرىدۇ . تەبىئەت تەسۋىرلىرىمۇ شۇنداق ئېنىق ۋە يارقىن . ئۇلار
ئەسەردىكى پېرسوناژنىڭ روھىي ھالىتى ، كەيپىياتىنى ئىپادىلەش ،
روھىي دۇنياسىنى ئېچىش ، مەنىۋى توقۇنۇشلىرىنى يورۇتۇپ بېرىش
ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى زېمىن ھازىرلىغان .

مەسىلەن ، «كۆپۇشۇپ ، تاۋلىنىۋاتقان ئېتىزلاردىن نەم تۇپنىڭ
پۇرىقى بىلەن شىۋاقنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى كېلىپ دىماغقا ئۇرۇلاتتى .
قىشچە ھەرىكەتسىز ياتقان قۇرت - قوڭغۇزلار ئۇچەكلىرىدىن چىقىپ
يېڭىدىن ھەرىكەتكە چۈشمەكتە . ئىسسىقراق جايلارغا قىشلاپ كېلىش
ئۈچۈن كەتكەن ئۇچارقاناتلارمۇ قايتىپ كېلىپ يازچە قىلىدىغان ئىش-
لىرىنىڭ پىلانىنى تۈزمەكتە .»

«يېڭىدىن ئېڭىزغا ئايلىنىۋاتقان ئېتىزلار ئۈستىدىكى گىرىم-
سەن يىراقلاردىن كۆرۈنگەن سۇدەك چىمىرلاپ تۇرىدۇ . ئېرىقنىڭ
ياقىسىغا ئارقانلاپ قويغان ئات ئوت چىشلىمەستىن تىنماي بېشىنى
سىلكىمەكتە . ئاشلىقلار ئىچىدىكى چېكەتكىلەرنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاران
قوزغاۋاتقان ئىسسىق شاماللار ھۆرۈنلۈق بىلەن خېلى يەرلەرگىچە
ئېلىپ كېتىدۇ .»

بۇ تەسۋىرلەر شۇنداق كونكرېت ۋە روشەنكى ، ئۇنى تەبىئەتنىڭ
جانلىق كارتىنىسى دېيىشكە بولىدۇ . ئاپتور تەبىئەت تەسۋىرىنى خالى-
سا يازىدىغان ، خالىمىسا تاشلىۋېتىدىغان ، گاھىدا ئۇزارتىپ ، گاھىدا
قىسقارتىۋەتسىمۇ بولۇۋېرىدىغان ئەھمىيەتسىز قىستۇرما ئورنىدا كۆر-
مىگەن . ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى تەبىئەت تەسۋىرلىرى ئەسەرنىڭ
كەم بولسا بولمايدىغان ئايرىلماس قىسىملىرى ھېسابلىنىدۇ . ئۇ ئەمە-



لىيەتتە ئەسەر ۋەقەلىكى ، پېرسوناژلار ھەرىكىتى ۋە خاراكتېرىنىڭ
تەرەققىياتى ئۈچۈن باب كېلىدىغان تاشقى شارائىت ، يەنى ھەرىكەت
سەھنىسىدۇر .

مىسال ئېلىنغان ئالدىنقى ئابزاستا باھار بىلەن تەڭ ئويغانغان
پۈتۈن كائىنات ئىخچام سۈرەتلەنگەن بولۇپ ، تەسۋىرنىڭ مۇھىم نۇق-
تىسىغا ھەرىكەتنى ، يەنى تەبىئەتنىڭ جانلىنىشىنى قويغان . بۇ ئارقى-
لىق دېھقانلارنىڭ ئالدىراشلىقى مەتنىيازنىڭ تۈنجى قەدەمنى بېسىشقا
تەرەددۇتلانغانلىقىنى سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋەت ئىچىگە قويغان .
شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن مەتنىيازنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى ، پسى-
خىكىلىق تەۋرىنىشلىرى ئىشەنچلىك تاشقى شارائىت بىلەن تەمىنلەن-
گەن . كېيىنكىسى تومۇز ئىسسىقتىكى تەبىئەتنىڭ تەسۋىرى بولۇپ ،
ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە تۈنجى رەت دېھقانچىلىققا تۇتۇش قىلغان بۇ يېڭى
دېھقاننىڭ قېيىنچىلىقلىرىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ ، ئۇنىڭ روھىي پائا-
لىيەتلىرىنى يورۇتۇشقا زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن .

ئەگەر بۇ تەسۋىر بېرىلمىگەن بولسا مەتنىيازنىڭ ئۆزگىرىشىدە
تەكرارلىنىشلارنىڭ بولغانلىقى ، ئۇزۇن جەريانلىق ۋە جاپالىق بولغان-
لىقىنى ئىپادىلەشكە تەسىر يەتكەن بولاتتى .

زۇنۇن قادىرنىڭ تەبىئەت تەسۋىرلىرى ھەمىشە ناھايىتى ئىخچام
بېرىلىدۇ . بۇنىڭدا ھەيران قالغۇدەك دەبدەبىلىك ، جەزبىدار سۆزلەر
يوق . ئارتۇقچە «رەندىلىمەيدۇ» ، تەبىئىيلىكنى قوغلىشىدۇ . بۇ تەس-
ۋىرلەر ئېنىق ۋە ئاددىيلىقى بىلەن زور ئېستېتىكىلىق ئۈنۈم ھاسىل
قىلالايدۇ . تەبىئەت ۋە مۇھىت داۋاملىق ئەسەرنىڭ ئېھتىياجى بويىچە
تەسۋىرلىنىدۇ . تەبىئەت ۋە مۇھىتنىڭ تەسۋىرى جەزمەن ئادەمنىڭ
پائالىيىتىگە بېرىپ تۇتىشىدۇ . ئادەم ئۆز نۆۋىتىدە تەبىئەت ۋە مۇھىت
تەسۋىرلىرىگە جان كىرگۈزىدۇ . «چېنىقىش» ھېكايىسىدىكى مەتنى-
ياز ئوبرازىنىڭ جانلىق ، يارقىن يارىتىلىشى ، جۈملىدىن ئۇنىڭ
خاراكتېر - ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلۈشىدە پسىخى-

كىلىق تەسۋىرلەرنىڭ ئوينىغان رولىنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ . بۇ پىكرىمىزنى ھېكايىدىن ئېلىنغان بىرلا مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرىمىز .

«مەتنىياز ئىززەتخاننىڭ ئاكىسىنىڭكىگە ئوخشاش قارا ئەگمە قاشلارنى ، قويۇق كىرپىكلىك قوي كۆزلەرنى ، ئاناردەك مەڭزلەرنى ، كېلىشكەن سۇمباتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . ئۇ ئەتىياز ئىززەتخاننىڭ پۈتىنى چىگە بىلەن ئۆلچەۋاتقاندا دومىلاق پاچىقى تېگىپ كېتىپ بىلىكىنى ئىسسىتىۋەتكەنلىكى يادىغا چۈشۈپ بىئارام بولدى . ئۇ ئىززەتخاننىڭ يۇيۇپ يېيىپ قويغان گۈللۈك چىت كۆڭلىكىنى كۆرگەندىمۇ ئۆزىدە قانداقتۇر غەلىتە ئىسسىق بىر تۇيغۇ بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى .»

مەتنىيازنىڭ مۇھەببەت سېزىملىرى ، نازۇك پىسخىكىلىق تەسۋىرلەنگەن بۇ پارچە مەتنىيازنىڭ يوشۇرۇن كۆيۈش باشقۇچىدىكى سېزىملىرىنى ، مۇھەببەتلىك ھېسسىياتىنى شۇنداق جانلىق ۋە جايىدا تەسۋىرلىگەنلىكى ھەرقانداق كىتابخان مەتنىياز خاراكتېرىنىڭ ئەڭ پىنھان قاتلاملىرىنى ئاشكارىلاۋاتقان بۇ تەسۋىرلەرگە قايىل بولماي قالمايدۇ ؛ مۇھەببەت كۈچىنىڭ مەتنىيازنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان سۇبيېكتىپ ئامىللارنىڭ بىرى بولغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ ھاسىل قىلىدۇ ؛ ئاپتورنىڭ تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە يۇگۇرەلەيدىغان ، ئادەم قەلبىنىڭ ئەڭ نازۇك ۋە ئىنچىكە ساھەللىرىغىمۇ شۇڭغۇپ كىرەلەيدىغان قەلىمىگە زوقلىنىدۇ .

تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى ، مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ روشەن ئىپادىلەنگەنلىكى ھېكايىنىڭ يەنە بىر مۇھىم خۇسۇسىيىتىدۇر .

«چىنىقىش» ھېكايىسى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇش خۇشاللىقلىرى ، غەم - قايغۇسى ، ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلىگەن . ھېكايىدىكى تېپىك تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىدىن كونا ۋە يېڭىنىڭ ئالمىشىش پەيتىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ روھىي ھالىتى-



نى ، ئەينى يىللاردىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ جەريانىنى روشەن كۆرگىلى بولىدۇ .

ھېكايىدە تۇرمۇش رېئاللىقىغا زىت بولغان بىرەرمۇ كۆرۈنۈش ۋە بىرەرمۇ پېرسوناژ يوق . تەسۋىرلەنگىنى پۈتۈنلەي يېزا تۇرمۇشى ، ئاددىي دېھقانلارنىڭ ئادەتتىكى تۇرمۇشى ، توپىلىق يول ، ئېتىز - ئېرىق ، كۈندە تەكرارلىنىۋېرىدىغان دېھقانچىلىق ئىشلىرى ، ئەمما شۇ كۈندىلىك تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ئىچىدە چىن ۋە ھەقىقىي ھايات نامايان قىلىنغان . مىللىي ئالاھىدىلىكمۇ ئالاھىدە ۋاستىلەر ئارقىلىق ئايرىم قىلىپ ئەمەس ، بەلكى يەنىلا شۇ تۇرمۇش ئىچىدە يورۇتۇلغان . پېرسوناژلارنىڭ گەپ - سۆز ، ئىش - ھەرىكەتلىرى ، ئەخلاق ۋە قىممەت قاراشلىرى ، ئادەت ۋە يوسۇنلىرى ئۆزگىچە تۇرمۇش شەكلى ۋە تەپەككۇر شەكىللىرى ئارقىلىق يورۇتۇلغان ، قىسقىسى ، باشقا مىللەتلەرنىڭكىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان مىللىي خۇسۇسىيەتلەرگە باي تۇرمۇش كارتىنىسى ئارقىلىق ئەكس ئېتىلگەن .

مەتنىيازنىڭ دېھقانلارنىڭ چاچلىرىنى ياساپ قويۇشى مەتنىيازنىڭ خاراكتېرىنى يورۇتۇشنى مەقسەت قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر كۆرۈنۈش ، لېكىن بىز مۇشۇ كىچىككىنە كۆرۈنۈشتىن ، يەنى باشنى سۇ بىلەن قۇرۇق ئۇۋۇلاپ ئىۋىتكەندىن كېيىن ، ئۇستىرا بىلەن چاچنى قىرىپ چۈشۈرۈشلىرىدىن ، ئەزمىلىك قىلىپ سۆزلەپ تۈگىتەلمىگەن جەڭنامىلىرىدىن مەتنىيازنىڭ قانداق ئادەملىكىنى ، ئۇنىڭ قايسى مىللەتكە تەۋە ئىكەنلىكىنى ، تەسۋىرلەنگىنى قايسى مىللەتنىڭ تۇرمۇشى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندەك بولىمىز . دېمەك ، مىللىي ئالاھىدىلىك تۇرمۇش تەسۋىرلىرى ئارقىلىق ، پېرسوناژلارنىڭ ئۆزگىچە خاراكتېرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەنلىكىنى ھەرگىزمۇ ئاپتورنىڭ بىۋاستە بايانلىرىنى ، مۇھاكىمە - مۇلاھىزىلىرىنى ۋاستە قىلمىغان . شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنى بىز بىر سەنئەت دەپ ئەتىۋارلاپ كېلىۋاتىمىز .

دەرۋەقە ، مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ ئىپادىلىنىشىدە تىلنىڭ ئويند-
غان ۋاستىلىك رولىنى كۆرمەسلىككە بولمايدۇ .

ھېكايىدە ئىشلىتىلگەن تىل ھەقىقىي ئۇيغۇر تىلى بولۇپ ، جان-
لىق ۋە يۇمۇرلۇق ، ئىپادىلەش كۈچىگە باي . ھېكايىنى ئوقۇغان
كىشى ئەسەرنىڭ ئاممىباب ، يەڭگىل ۋە قىزىقارلىق تىلىدىن ھۇزۇر-
لانماي قالمايدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ تىلىنىڭ باشقىلارنىڭ
تىلىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ .

زۇنۇن قادىرى خەلقىمىزنىڭ جۈملىدىن ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ
ئاغزاكى تىلىدىن ئىجابىي پايدىلىنىپ ئۇنى بەدىئىي جەھەتتىن پىش-
شىقلاپ چىققان بولغاچقا ھېكايە تىلى روشەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە
بولغان . بۇ ئۆزگىچىلىكنى ئەسەرنىڭ ئومۇمىي بايانىدا ، پېرسوناژ
خاراكتېرىنىڭ ئىنچام ، قىزىقارلىق تەسۋىرلىرىدە ئېنىق كۆرىمىز .
مەيلى بايان بولسۇن ياكى كونكرېت تەسۋىردە بولسۇن قۇرۇقتىن -
قۇرۇق گەپ ئۇيىنىتىش ، سۆز ئويۇنى قىلىش مەۋجۇت ئەمەس .

تىل شۇنداق ئاددىي ، چۈشىنىشلىك ۋە توغرا ئىشلىتىلگەن بول-
غاچقا ، ھېكايىنى ئوقۇغان ھەربىر كىتابخان ساددا ، ئەمما ھۇرۇن ،
قولى ھۈنەرلىك ، ئەمما قولىدىن ئىش چىقمايدىغان ، ھەرىكىتى ئاز
ۋە ئۇيقۇغا مايىل ، شاپاق دوپپىسىنى كۆزىگە چۈشۈرۈۋېلىپ سۆگەت-
نىڭ سايىسىدا ئوڭدا ياتقان ، بولۇۋاتقان ئىسسىقنى ، ھەتتا ھەلقۇمىنى
لىپىلدىتىپ تۇرغان توك قاغىنىمۇ تىللاپ قارغاۋاتقان مەتنىيازدىن
ئىبارەت «مۇشۇ» دېھقاننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ . ئاپتور كىتاب-
خاننى ، ئاددىيلىقتىشتە يەنە ئاددىيلىتىش مۇمكىن بولمايدىغان تىلنىڭ
ياردىمىدە مەتنىيازنىڭ كىچىككىنە باغلىق قورۇسىغا ، ئىگىسىنىڭ
چۈۋالچاقلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇرغان سۇپىلىق ئۆيىگە باشلاپ كىرد-
دۇ . ئەسەرنى ئوقۇغان كىشى ھەمراھلارنىڭ كاۋا بارىڭىنىڭ تېگىدە
ئولتۇرۇپ يۇمغاقسۇت ۋە پىننە كۆكى سېلىنغان مەززىلىك سۇيۇق-
ئاشنى ئاشۇلار بىلەن ئىچىپ ، كۆڭۈللۈك يېزا تۇرمۇشىدىن بىللە



راھەتلەنگەندەك بولىدۇ . ئىسسىقتىن بوغۇلۇپ ، چارچاشتىن ئۈزۈلۈپ
كەتكەن مەتنىيازنىڭ بىچارە ، ئەمما كۈلكىلىك ھالىتىنى ئۆز كۆزى
بىلەن كۆرۈپ تۇرغاندەك بولىدۇ . قىسقىسى ، ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن
تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ۋە پېرسوناژلار ھەققىدە ئېنىق ، روشەن تەسە-
ۋۋۇراتقا ئىگە بولالايدۇ .

ھېكايىنىڭ تىلى ئاددىي ، ھەرگىز ھەشەمەتلىك ئەمەس ، ئەسەردە
تەسۋىرلەنگەنلەرمۇ ئاجايىپ سەلتەنەتلىك ئوردا - قەسىرلەر ياكى
يۈرەكنى جىغىلىتىدىغان مەردۇ مەردانىلىكلەر ئەمەس ، بەلكى ھەممى-
سى شۇنداق ئاددىي كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى تۇرمۇشى . بى-
راق ، نېمە ئۈچۈن ئەسەر بىزنى مەپتۇن قىلىۋالىدۇ ؟ چۈنكى ، ھېكايە
ئېستېتىكىلىق زوقلىنىشنىڭ ئوبيېكتى بولالىغان . ھېكايىنىڭ ھەممە
تەرەپلىرى - تەسۋىرلىرى ، تىلى ، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلىرى ،
قۇرۇلمىسى ۋەھاكازالارنىڭ ھەممىسى بىزدە گۈزەللىك تۇيغۇسى قوز-
غىيالايدۇ .

ئېيتقىنىمىزدەك ، ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ ئادەمنى يېزىشتىن
ئىبارەت ئىجادىيەت مۇددىئاسىغا بويسۇندۇرۇلغان بولغاچقا ، بۇنىڭدا
باش - ئايىغى بار ئىزچىل داۋاملاشقان بىر پۈتۈن ھېكايە سۆزلەنمەي-
دۇ ، بەلكى ۋەكىل خاراكتېرلىك تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى مەتنىيازنىڭ
ئوبرازىنى يارىتىشنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان . مەيلى
ئاپتورنىڭ بايانى بولسۇن ياكى كونكرېت تەسۋىرلەر بولسۇن پۈتۈنلەي
ئادەمنى يېزىشنىڭ ئېھتىياجى بويىچە بولىدۇ . دېتاللارنى مەقسەتسىز
دۆۋىلەپ ئەمەس ، بەلكى مەقسەتلىك ھالدا باش قاتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇ-
رىدۇ . «چېنىقىش» زۇنۇن قادىرىنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ ئىچىدە ھەجىم
جەھەتتە نىسبەتەن چوڭراقى . لېكىن ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن ،
تارىخىي مۇساپە ، ئىپادىلەنگەن تۇرمۇش دائىرىسى جەھەتلەردىن ئېيت-
قاندا ، بۇ ھەجىمنى چوڭ ئەمەس ، بەلكى يۈكسەك دەرىجىدە ئىخچاملا-
نغان دېيىشكە توغرا كېلىدۇ . چۈنكى ، بىز بۇ ھېكايىدىن مەتنىيازنىڭ

پۈتۈن ھاياتىنىڭ جانلىق كارتىنىسىنى ، كونا ۋە يېڭى دەۋردىكى
سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆرەلەيمىز .

ئاخىرىدا ھېكايىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى قاتارىدا ئۇنىڭ
كومېدىيىلىك تۈسى ۋە يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى
كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ . «چېنىقىش» مۇشۇنداق ئالاھىدىلىككە
ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلى-
رىدىكى ۋە مەتنىياز خاراكتېرىدىكى كومېدىيىلىك ئامىللار ئەسەرنىڭ
يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيىتىنى شەكىللەندۇرگەن .

ئەسەردە ئاپتور ئۆز قەلىمى ئاستىدىكى باش قەھرىمانىنىڭ يېڭى
دەۋرگە سىغىشمايدىغان قىلىقلىرىنى ، يارىماس ئادەتلىرىنى مەسخىرە
قىلىدۇ ۋە تەنقىد قىلىدۇ . ئۇنىڭ ئەزمىلىكى ۋە بوشاڭلىقىنى ئۆتكۈر
ھەجۋىينىڭ ئاستىغا ئېلىش بىلەن بىللە ئۇنىڭ تۈزۈلۈشكە بولغان
ئىشەنچىسى ئارقىلىق كېيىنكى ئۆزگىرىشكە زېمىنمۇ قالدۇرىدۇ .

تەسۋىردىكى بۇ خىل مايىللىق ئەسەرگە ئوچۇق ، يەڭگىل كەيپىد-
ياتنى سىڭدۇرگەن . شۇڭا ، بۇ ھېكايىنىڭ ئۇسلۇبىنى قەلەم يەڭگىل ،
تىل قىزىقارلىق ، تەسۋىرلەر يۇمۇرلۇق ، كەيپىيات يورۇق ۋە يەڭگىل
دەپ خۇلاسىلەشكە بولىدۇ .

ئەسەر ئۇسلۇبىدىكى بۇ ئالاھىدىلىك ئەلۋەتتە «ماغدۇر كەتكەندە»
ھېكايىسىدىكى مىسكىن ، مۇڭلۇق كەيپىياتتىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ .
ھەممىمىزگە مەلۇم ، ئۇسلۇبنىڭ ئۆزگىرىشى ئاپتورنىڭ ئۆزىگە باغ-
لىق . ئەسەر ئېستېتىكىنىڭ قايسى كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولىدۇ — كو-
مېدىيىلىكمۇ ، تراگېدىيىلىكمۇ ياكى تراكومېدىيىلىكمۇ ، بۇ پۈتۈنلەي
ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ . زۇنۇن قادىرى-
نىڭ ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشاشمايدىغان ئىككى خىل تۇرمۇش ئەمە-
لىيىتىنى ئوخشىمىغان ئۇسلۇب بىلەن بىر تەرەپ قىلغانلىقىدىن ئۇ-
نىڭ ئىجادىيىتىدىكى رېئالىزملىق روھنىڭ ئىزچىللىقىنى ئېنىق كۆ-
رۈۋالغىلى بولىدۇ .



ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ، يۇقىرىقى تەھلىللىرىمىزدىن شۇنى
كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، « چېنىقىش » ھېكايىسى ئۆزىنىڭ نۇرغۇن
تەرەپلەردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن زۇنۇن قادىرىنىڭ ئازادلىقتىن
كېيىنكى ئەڭ نادىر ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە
ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان پروزىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىل-
لىك قىلىدۇ . گەرچە بۇ ھېكايە 1950 - يىللاردىكى تارىخىي چەكلى-
مىلەرنىڭ تەسىرىگە ئاز - تولا ئۇچرىغان بولسىمۇ ۋە بەزىبىر نۇقساد-
لارغا يول قويغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ ئەينى شارائىتتا ئۆزىنىڭ
ئىجادىيەت تەجرىبىسى ئارقىلىق ئەدەبىياتنىڭ شان - شۆھرىتىنى يەنە
بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى . شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھېكايە
ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يوقاتماي كەلمەكتە . مانا مۇشۇنداق ئۆلمەس
ئەسەرنىڭ ئاپتورى زۇنۇن قادىرىنىڭ ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلىپ
توغرا خۇلاسىلەپ چىقىش — ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشتە
ئەلۋەتتە ئەھمىيەتكە ئىگە .

## ئابلىمىت مەسئۇدى ، تۇردى سامساق ۋە ئەرشىدىن تاتلىق

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا پروزىچىلىقنىڭ شەكىللىنىد-
شى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئاساس سالغان ۋە كۆرۈنەرلىك تەسىر
كۆرسەتكەن يازغۇچىلاردىن زۇنۇن قادىرىدىن باشقا يەنە ئابلىمىت
مەسئۇدى ، تۇردى سامساق ، ئەرشىدىن تاتلىق قاتارلىقلارمۇ بار .
گەرچە ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى بەدىئىي يۈكسەكلىك جەھەتتە ئۇنچىۋالا
بولمىسىمۇ ، ئەمما ئەدەبىيات تارىخىي نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ، ئۇلار-
نىڭ ئىجادىيىتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزىچىلىقنىڭ شەكىللىنىشى ،
تەرەققىي قىلىشى ، تېمىسىنىڭ رەڭدارلىشىشى ، ژانىرلىرىنىڭ كۆپ
خىللىشىشىغا كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەن قىممەتلىك ئىجادىيەت

بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . تۆۋەندە بۇ يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە
قىسقىچە توختىلىمىز :

## ئابلىمىت مەسئۇدى

ئابلىمىت مەسئۇدى — بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىـ
نىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە
قوشقان مۇنەۋۋەر يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرىـ
نىڭ 1950 ـ يىللاردىكى ئىجتىمائىي ، سىياسىي تۇرمۇشىنى جانلىق
ۋە تەسىرلىك تەسۋىرلەشتىن كۆرە ، ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىدا دەۋر
رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ، پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىش ، سۇـ
ژىت ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئوخشاش بەدىئىي ماھارەتلەردە ياراتقان يېڭىلىـ
قى ۋە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن بۈگۈنكى زامان
ئەدەبىياتىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ .

ئابلىمىت مەسئۇدى مىلادىيە 1932 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە
تۇغۇلغان . يۇرتىدا باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئوقۇپ تاماملىـ
غاندىن كېيىن ، مىلادىيە 1950 ـ يىلى شىنجاڭ كادىرلار مەكتىپىگە
ئوقۇشقا كىرگەن . مىلادىيە 1951 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئۆلكىـ
لىك ياشلار ئىتتىپاقى كومىتېتىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان .
شۇنىڭدىن تارتىپ بىر مەزگىل «شىنجاڭ ياشلىرى» گېزىتىدە مۇـ
ھەررىر ، كېيىنچە «1 ـ ئاۋغۇست» توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىشـ
چى ، مائارىپ ساھەسىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن . مىلادىيە
1981 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان .

ئابلىمىت مەسئۇدىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى مىلادىيە
1950 ـ يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ھېكايىچىلىق بىلەن باشلانغان .
ئۇنىڭ ھېكايىلىرى تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى چىنلىقى ، يارـ
تىلغان پېرسوناژلىرىنىڭ جانلىقلىقى ، خاراكتېرلارنىڭ يارقىنلىقى ،



مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ قويۇقلۇقى ، شۇنداقلا
ھەر خىل بەدىئىي ماھارەتلىرىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن شۇ يىللاردىكى
ئەدەبىيات ساھەسىدە ناھايىتى چوڭ تەسىر قوزغىغان .

ئابلىمىت مەسئۇدى ئاساسەن مىلادىيە 1950 ـ يىللاردا ئىجادىـ
يەت بىلەن شۇغۇللانغان يازغۇچى . ئۇ ئاشۇ يىللاردا «مەتۋاقى» ،
«ئۇ ، ئۆز يولىنى تاپتى» ، «ئازاد يېزىنىڭ قىزى» ، «ساراڭ ساقايـ
دى» ، «دەسلەپكى قەدەم» ، «كارىز پالۋانلىرى» قاتارلىق ھېكايىـ
لەرنى يازغان . بۇ ھېكايىلىرى 1957 ـ يىلى «دەسلەپكى قەدەم»
دېگەن نام بىلەن توپلام بولۇپ نەشر قىلىنغان . بۇ ئاشۇ يىللاردا ۋە
ئاشۇ يىللارغىچە نەشر قىلىنغان بىردىنبىر ھېكايىلەر توپلىمى ئىدى .
شۇڭا بۇ توپلامنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات
تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش بولۇپ ھېسابلىنىـ
دۇ .

ئابلىمىت مەسئۇدىنىڭ ھېكايىلىرىدە ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىماـ
ئىي ئىسلاھاتلار ، يېزا تۇرمۇشى ، دېھقانلار ھاياتى ئوخشاشمىغان نۇقـ
تىلاردىن چىقىپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . ئۇنىڭ «ساراڭ ساقايدى»
ناملىق ھېكايىسىدە ، باش قەھرىمان داۋۇتنىڭ ئىككى جەمئىيەتتىكى
ئوخشاشمىغان تەقدىرى ئارقىلىق ، كونا جەمئىيەت بىلەن يېڭى جەمئىـ
يەت سېلىشتۇرۇلۇپ ، ئۇلارنىڭ ماھىيىتى كۆرسىتىپ بېرىلگەن .
داۋۇت كونا جەمئىيەتتە بىر يوقسۇل دېھقان بولۇپ ، نامراتلىق دەستىـ
دىن پۈتۈن ئائىلىسى ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغاندا ، ئۇ
باشقا جايلارغا بېرىپ ئىشلەپ ئاز ـ تولا پۇل تاپماقچى ، شۇ ئارقىلىق
ھاياتىنى ساقلاپ قالماقچى بولىدۇ . ئۇ يۇرت ئارىلاپ يۈرۈپ ھىدايـ
تۇللا ھاجىنىڭ قورۇقىغا كېلىپ قالىدۇ ھەم بۇ يەردە ئىشلەمچى
بولىدۇ . ئۇ نەچچە يىل جېنىنى سېتىپ جاپالىق ئىشلىسىمۇ ئاخىرىغا
بارغاندا پومېشچىككە قەرزگە بوغۇلۇپ قالىدۇ . بۇنداق ناھەقچىلىق
ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئېغىر ئازاب ئۇنى ساراڭغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ .

يۇرت ئازاد بولۇپ ، يېزىغا يەر ئىسلاھاتى ئەترىتى كېلىدۇ ، ئۇلار
خەلق ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ ھىدايىتۇللا ھاجىغا ئۆلۈم جازاسى
بېرىدۇ . داۋۇتمۇ باشقىلارنىڭ يارىدىمىدە ئېسىگە كېلىپ ساقىيىدۇ .
كىشىلەر ئۇنىڭدىن «ساقىيىپ قاپسەنغۇ ؟» دەپ سورىسا ئۇ : «مەن
ساراڭ ئەمەس ئىدىم ، مېنى زامان ساراڭ قىلغان . ماڭا چاپلاشقان
جىننى گوڭسەنداڭ ئېتىپ بەرسە ساقايماي تۇراتتىممۇ ؟ !» دەپ جا-
ۋاب بېرىدۇ . بۇ ھېكايىدە ئابلىمىت مەسئۇدىنىڭ ھېكايىچىلىق ئالا-
ھىدىلىكى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ ، ئۇنىڭدا يېزا
تۇرمۇشى ، ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ئىسلاھاتلارنىڭ يېزىغا ، دېھقانلار
ھاياتىغا ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىغا ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىش-
لىرى تەسۋىرلەنگەن ، يازغۇچى داۋۇتتىن ئىبارەت بىر ئادەمنىڭ تەق-
دىرىدىكى ئۆزگىرىشنى يېزىش ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە شۇ دەۋردىكى
ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ يېڭىچە قىياپىتىنى جاز-
لىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن . بۇنداق ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ باشقا
ھېكايىلىرىدىمۇ گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان .
ئابلىمىت مەسئۇدى ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى ،
ئۇ بۇگۈنكى زامان پروزىچىلىقى تېخى ئەمدىلا تىن شەكىللىنىۋاتقان
ئاشۇ يىللاردا «ساراڭ ساقايدى» ، «ئازاد يېزىنىڭ قىزى» ، «كارىز
پالۋانلىرى» ، «ئۇ ، ئۆز يولىنى تاپتى» قاتارلىق دەۋر بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتى قويۇق ، چىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى ، پېرسوناژلىرى رو-
شەن خاراكتېر ئالاھىدىلىككە ئىگە ، تەسۋىرلەنگەن زىددىيەت ـ توقۇ-
نۇشلار بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بەدىئىي تەسۋىرلەش
سەنئىتىدە مەلۇم پەللە ياراتقان بىر تۈركۈم ھېكايىلىرى ئارقىلىق
بۈگۈنكى زامان پروزىچىلىقىمىزنىڭ شەكىللىنىشىگە ، تەرەققىي قىلد-
شىغا ، شۇنداقلا مەلۇم بەدىئىي سەۋىيە يارىتىشى ۋە مەلۇم كۆلەم
شەكىللەندۇرۇشكە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان . ھېسابتا ئۇيغۇر بۈ-
گۈنكى زامان پروزىچىلىقىنىڭ دەسلەپكى مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى



بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ رېئال قىممىتىدىن كۆرە ، تارىخىي
قىممىتى يۇقىرى .
ئابلىمىت مەسئۇدىنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتى ئۆزىگە خاس روشەن
ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە . ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە يېزا تۇرمۇ-
شى ، بولۇپمۇ ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى تۇرپان يېزىلد-
رىنىڭ تۇرمۇشى ئاساسلىق تېما قىلىنىپ ، يېزىلاردىكى ئىجتىمائىي ـ
سىياسىي ئىسلاھاتلار ، بۇ ئىسلاھاتلارنىڭ دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىدا ،
ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدا ، ئاڭ ـ چۈشەنچىلىرىدە پەيدا قىلغان غايەت
زور ئۆزگىرىشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە ئازاد-
لىقتىن كېيىنكى يېڭىچە تۇرمۇش ئوخشاشمىغان نۇقتىلاردىن چىقىپ
تەسۋىرلىنىپ ، يېڭى تۇرمۇش ، يېڭىچە ھاياتنىڭ جانلىق كارتىنىسى
سۈرەتلىنىپ ، ئۇيغۇر يېزىلىرىدا پەيدا بولۇۋاتقان يېڭىچە كىشىلىك
مۇناسىۋەت ، جۇشقۇن ، قاينام ـ تاشقىنلىق كوللېكتىپ ھايات قىز-
غىن مەدھىيىلەنگەن . ئابلىمىت مەسئۇدى ھېكايىلىرىدە ئەڭ گەۋ-
دىلىك قىلىپ يېزىلغىنى ھەر خىل ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ، يېڭى دەۋر
ئېلىپ كەلگەن يېزا ھاياتىدىكى ، دېھقانلار تۇرمۇشىدىكى ، كىشىلىك
مۇناسىۋەتلەردىكى ، ئىدىيە ـ ھېسسىياتتىكى ، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇ-
لىدىكى ، ئىشقىلىپ نۇرغۇن ـ نۇرغۇن تەرەپلەردىكى بۇنداق ئۆزگد-
رىشلەر شۇ دەۋر رېئاللىقىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسى ئىدى . ئابلىمىت
مەسئۇدى دەۋرنىڭ مانا مۇشۇنداق ئاساسىي مېلودىيىسىنى ئەسەرلىرىدە
جانلىق تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ئارقىلىق ، بولۇپمۇ مەلۇم بەدىئىي
يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈپ ، ھېكايىلىرىمىزنىڭ رېئاللىق
بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى زور دەرىجىدە يېقىنلاشتۇردى . ئۇنىڭ
«ساراڭ ساقايدى» ناملىق ھېكايىسىدىمۇ ، «ئۇ ئۆز يولىنى تاپتى»
ناملىق ھېكايىسىدىمۇ ، «ئازاد يېزىنىڭ قىزى»ناملىق ھېكايىسىد-
مۇ ، ھەتتا ئېمىسى باشقا ھېكايىلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان «مەت-
ۋاقى» ناملىق ھېكايىسىدىمۇ شۇ بىرلا باش تېما ــ «ئۆزگىرىش»

باش تېمىسى ئىپادىلەنگەن . «ساراڭ ساقايدى» ناملىق ھېكايىدە كونا
جەمئىيەتنىڭ زۇلۇمىدا ساراڭ بولۇپ كەتكەن نامرات دېھقان داۋۇت-
نىڭ يېڭى جەمئىيەتتە ساقايغانلىقى يېزىلغان ؛ «ئۇ ئۆز يولىنى تاپ-
تى» ناملىق ھېكايىدە يېزىدىكى دېھقانچىلىق ئەمگىكىنى جاپا دەپ
قاراپ ، ئۇنىڭدىن قېچىپ ، ئاسان پۇل تېپىش مەقسىتىدە سودا بىلەن
شۇغۇللانماقچى بولغان جامالنىڭ ئاخىرىدا سودا قىلىپ پۇل تاپماقتا
يوق ، ئەكسىچە يېرىگە تېرىغان بۇغدىيىنىڭ يېرىم ھوسۇلىدىن ئايرى-
لىپ قايتىپ كەلگەنلىكى ، ئۇنىڭ بۇ ئىشتىن قاتتىق پۇشايمان ۋە
خىجىللىق ھېس قىلىپ ، ئىدىيە ، كۆزقاراشتا ، شۇنداقلا ئىشلەپچىقى-
رىش ئۇسۇلىدا ، كوپىراتسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە تۈپكى ئۆز-
گىرىش ياساپ ، يەرنى ، دېھقانچىلىق ئەمگىكىنى قەدىرلەپ ، كوللېك-
تىپ بىلەن بىللە ئەمگەك قىلىشتەك يېڭى يولنى — ئۆزىنىڭ يولىنى
تاپقانلىقى يېزىلغان . «ئازاد يېزىنىڭ قىزى» ناملىق ھېكايىدە تەس-
ۋىرلەنگەن ئۆزگىرىش تېخىمۇ گەۋدىلىك . ئۇنىڭدا ئاتا - ئانىسىدىن
كىچىك يېتىم قېلىپ ئاكىسى ئەتيۇللانىڭ ھامىيلىقىدا چوڭ بولغان
يېزا قىزى ھاۋاقىزنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان يىگىت بىلەن توي
قىلىشتەك مەجبۇرلاشقا قارشى چىقىپ ، ئاخىرى غەلىبە قىلغانلىقى-
دىن ئىبارەت ۋەقەلىك ئارقىلىق ، سوتسىيالىستىك ئازاد يېزىلاردىكى
ئۆزگىرىشلەر ، يەنى يېڭى دەۋرگە خاس بولغان ئەركىن مۇھەببەت ،
ئەركىن نىكاھنىڭ كونىچە فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ ئورنىنى
ئالغانلىقى ، ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ، ئائىلىدىكى ، مۇھەببەتتىكى
ئورنىدا چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقى ، نىكاھ ئەركىنلىكى ، ئاياللار
ئازادلىقى مەسىلىسىگە پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلگەن-
لىكى يېزىلغان . ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى بولغان ھاۋاقىز ئاددىي
بىر يېزا قىزى بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ ئەسىرلەردىن بېرى خەلقىمىزنىڭ ،
بولۇپمۇ قىز - ئاياللىرىمىزنىڭ مۇھەببەت ، نىكاھ ئەركىنلىكىنى ،
شۇنداقلا ھايات ئەركىنلىكىنى بوغۇپ كېلىۋاتقان فېئوداللىق نىكاھ



تۈزۈمىگە ، قالاق ئاڭ - چۈشەنچىلەرگە ، كونىچە ئادەت كۆچلىرىگە
دادىللىق بىلەن قارشى چىققان يېڭى دەۋردىكى ئىسيانكار قىز . 1954 -
يىلى يېزىلغان بۇ ھېكايىدە ئەركىن مۇھەببەت ، ئاياللار ئازادلىقى
مەسىلىسىنىڭ مۇشۇنداق جانلىق ، تەبىئىي ۋە تەسىرلىك قىلىپ يو-
رۇتۇپ بېرىلىشى يازغۇچى ئابلىمىت مەسئۇدنىڭ خېلى يۇقىرى بەدى-
ئىي ئىقتىدارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپلا قالماي ، تېخىمۇ مۇ-
ھىمى ھېكايىچىلىقىمىزنىڭمۇ تېما جەھەتتىن رەڭدارلىشىپ ، مەزمۇن
جەھەتتىن چوڭقۇرلىشىپ ۋە ئىپادىلەش ماھارىتى جەھەتتە پىشىپ
يېتىلىۋاتقانلىقىنى نامايان قىلىدۇ .
ئابلىمىت مەسئۇدى ھېكايىلىرىنىڭ يەنە بىر روشەن ئالاھىدىلى-
كى شۇكى ، ئۇلاردا دېھقانلارنىڭ ئوبرازى ناھايىتى ياخشى يارىتىل-
غان . ئابلىمىت مەسئۇدى ئادەمنى يېزىشقا ماھىر يازغۇچى بولۇپ ،
ئادەمنى جەمئىيەت بىلەن ، كىشىلەر بىلەن ، ئۆزى بىلەن بولغان ھەر
خىل مۇناسىۋەتلەر ئىچىگە قويۇپ يازىدۇ . پېرسوناژلارنى يازغاندا
ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ، خاراكتېر - مىجەزىنى ، ئوي - خىيا-
لىنى ئىپادىلەشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ . شۇڭا ئۇنىڭ پېرسو-
ناژلىرى كىشىگە ھەقىقىي دېھقانلىق تەسىراتى بېرىدۇ . ئۇنىڭ ئۇستى-
گە ئۇ ياراتقان پېرسوناژلارنىڭ كۆپىنچىسى تۇرمۇش ۋە ئىدىيىدە ،
جۈملىدىن خاراكتېردە ئۆزگىرىش ياسىغان پېرسوناژلار بولغاچقا ،
ئۇلارنىڭ خاراكتېر ئۆزگىرىشى ھېكايىلەرگە سۈژىت قىلىنغان .
ئابلىمىت مەسئۇدى ھېكايىلىرىنىڭ يەنە بىر روشەن ئالاھىدىلى-
كى شۇكى ، ئۇ ئەسەرلىرىدە يالغۇز دەۋر رېئاللىقىنى ، جەمئىيەت ۋە
كىشىلەردىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي ، بەلكى يەنە
ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ ، بولۇپمۇ ئۆزى ھېكايىلىرىنىڭ تۇرمۇش بازىسى
قىلغان تۇرپان يېزىلىرىنىڭ تەبىئىي مەنزىرە - ئالاھىدىلىكلىرىنى ،
مەدەنىيەت ئۆرپ - ئادەتلىرىنى پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىش ،
تەپسىلاتلارنى تەسۋىرلەش بىلەن ئورگانىك ھالدا زىچ بىرلەشتۈرۈپ ،

ناھايىتى يۇقىرى بولغان بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇنۇمى ياراتقان . بۇ ھال
ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان .
«ئازاد يېزىنىڭ قىزى» ناملىق ھېكايىدىن ئېلىنغان تۆۋەندىكى پار-
چىلارنى كۆرۈپ باقساق بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ روشەن ھېس قىلالايمىز :
«شامال خۇددى سۇدەك يالاپ كەتكەن يەر ـــ كەڭ كەتكەن
قۇملۇق ۋە قومۇشلۇق جاي ، گۈزەل تۇرپانىنىڭ بىر چېتىدە يەرگە
تاشلانغان ئەسكى پالاستەك پەرۋاسىز ياتىدۇ . تەشمىلەردىن كارىز
قۇدۇقلىرىنىڭ ئەتراپىغا چىقىرىلغان لاي لاتقىلىرى خۇددى گۆرىستاند-
ىكى قەبرىلەردەك ئۇزۇن سەپ تارتىپ تۇرىدۇ . ئەنە شۇ چۆلنىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز قۇم تۆپىلىكتە 25 ياشلار چامىسىدىكى كۆزلىد-
ىرى قىزارغان بىر يىگىت ھاراقنىڭ كۈچىدىن ئېگىز ـ پەس دەس-
سەپ ، ئالىلقانداق خىياللار بىلەن قوشدۆڭ تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ . . . ئار-
ۋاڭ ـ سارۋاڭ مېڭىشىغا بېقىپ ، ئۇنىڭ دوگاڭخوغا يېرىم جىڭ پاختا
ئەۋەتىپ ، ئالاھىدە توقۇتقان ئىشتان بېغىنىڭ قارا ، يېشىل ئاق
رەڭلىك چۇچىلىرى تىزىغىچە ساڭگىلاپ ئۇيان ـ بۇيان پۇلاڭشىپ
تۇرىدۇ» . . .
. . . «ھاۋاقىز يېنىك بىر تىن ئالدى ـ دە ، قولىغا سېۋەتنى
ئېلىپ ئۆگزىگە چىقتى . ئۇ ئېچىلىپ ئۇلگۇرەلمىگەنلىكتىن ئۆگزىگە
يېيىپ قويۇلغان غوزىلارنى يىغدى . كۈن ‹چۆلتاغ › ئۈستىدە ئۇزلۇك-
سىز نۇر چاچماقتا . ھاۋاقىز سېۋەتنىنى تۇتقىنىچە خىيالچان كۆزلىرد-
ىنى ئەتراپقا تىكتى . تۆۋەندە چۆلتاغنىڭ بېرىسىدە پايانسىز جاڭگاللىق-
تا سۇنايلىنىپ ياتقان توقسۇن ئېقىنى كۈمۈشتەك پارقىراپ كۆزنى
چاقنىتاتتى . ھاۋا سالقىن ، باھاردىن دېرەك بېرىدىغان ئىللىق شامال
غۇرقىراپ بۇ ئانا دىيارنىڭ ھەربىر چالمىسىنى قويماي سۆيۈپ ئۆتد-
مەكتە ، ھاۋاقىزنىڭ ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچلىرىنى سىيپىماقتا . . .
ئازاد يېزىنىڭ ئەركىن قىزىمەن ، ـــ دەپ ئويلىدى ئۇ ، ـــ مەقسد-
ىتىمگە چوقۇم يېتىمەن . بۇ ئوي ئۇنىڭ دەرد ـ ئەلەم دەستىدىن



زەرداپ بولۇپ كەتكەن دىلىنى قۇم بىلەن چىلاپچىنى ئاقارتقاندەك
ئاقارتىپ ، خىرەلىشىپ كەتكەن كۆڭلىنى كېچىنى يورۇتقان ئايدەك
ئاپئاق يورۇتۇپ تۇراتتى .» . . .
«مانا بۇ ـــ تۇرپانىنىڭ ھەقىقىي بەدىئىي مەنزىرىسى ، ئاپتورنىڭ
تۇرمۇشقا ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئەقىدە بىلەن ياندىشىدىغان ، ھاياتنىڭ
ھەممە لەززەت ۋە خۇشاللىقىنى ئۆزى ياشاۋاتقان ئاشۇ بىر پارچە
زېمىن بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ساددا ئېتىقاد ۋە چۈشەنچىسىدە دەپ بىلىد-
غان ھالال ۋە ئاق كۆڭۈل كىشىلىرىنىڭ قەلب سۈرىتى .» (م .
پولات : «ئۇ ، سەنئەت ۋە گۈزەللىكنىڭ ئۆمۈرلۈك شەيداسى ئىدى»
دىن ) .

## تۇردى سامساق

تۇردى سامساق ـــ بۈگۈنكى زاماندىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ
تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان ئەدىب-
لىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇ ئەدەبىياتنىڭ شېئىرىيەت ، پروزا ، دراما قا-
تارلىق ھەممە شەكىللىرىدە يېزىپ ئىجاد قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما
ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيىتى يەنىلا پروزىچىلىقتا گەۋدىلىنىدۇ . بولۇپمۇ
ئۇ بۈگۈنكى زامان پروزىچىلىقى تېخى ئەمدىلا شەكىللىنىۋاتقان 1950 ـ
يىللاردا «بەش تال ئوق» ، «تىيانشان باغرىدا»قاتارلىق بىر تۈركۈم
مۇنەۋۋەر ھېكايىلەرنى يېزىپ ، ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىنىڭ دەسلەپكى
مەزگىللەردىكى مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرىگە ئايلانغان ۋە ھېكايىچد-
ىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپىلەرنى قوشقان . ئۇنىڭ
ئۆزى بىۋاسىتە باشتىن كەچۈرگەن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسد-
ىنىڭ جەڭگىۋار كۈرەشلىرى تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش پۇرىقىغا باي ،
ئوبرازلىرى جانلىق ، قۇرۇلمىسى ماھارەتلىك بىر تۈركۈم «ئۇرۇش
تېمىسىدىكى ئەسەرلىرى» بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزدا مۇھىم ئو-

رۇن تۇتىدۇ .
تۇردى سامساق مىلادىيە 1923 ـ يىلى قەشقەر كونا شەھەر
ناھىيىسىنىڭ بەشكېرەم يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . بىر
مەزگىل ئوقۇغان بولسىمۇ ، ئەمما ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ قىيىنلىقى ۋە
مەكتەپ شارائىتى سەۋەبىدىن ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرالمىغان . مىلادى-
يە 1942 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قەشقەردىن يۇرت ئاتلاپ چىقىپ كېتىپ
ئىلى ، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا سەرسان بولۇپ يۈرگەن . مىلادىيە
1944 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندا ، پىدائىي بولۇپ
ئىنقىلابقا قاتنىشىپ ، ئارمىيىدە تەشۋىقاتچى ، ھەربىي مۇخبىر ۋە
كېيىنچە ئوفىتسېر بولغان . بىۋاسىتە كۆرۈپ باشتىن كەچۈرگەن
جەڭگاھ تۇرمۇشى ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئىجادىيىتىنى مول
ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن . مىلادىيە 1949 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت
ئارمىيىسى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەركىبىگە قوشۇۋېتىل-
گەندە ، تۇردى سامساق ئازادلىق ئارمىيە 14 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ سىيا-
سىي بۆلۈمىدە تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى ، سىياسىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى
قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن . كېيىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ، شىن-
جاڭ ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپىدە تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى
بولۇپ ئىشلىگەن . مىلادىيە 1954 ـ يىلىدىن كېيىن نەشرىيات ـ
مەتبۇئات ئورۇنلىرىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن . كېيىن سول
سىياسەتنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن خىزمىتىدىن ئايرىلىپ ، ناھايىتى
قىيىن تۇرمۇش كەچۈرگەن . مىلادىيە 1979 ـ يىلى نامى ئەسلىگە
كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە ئىشلەپ
پېنسىيىگە چىققان . مىلادىيە 1992 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى
ئېغىر ھادىسىگە ئۇچراپ ئۈرۈمچىدە ئالەمدىن ئۆتكەن .

تۇردى سامساق كىچىكىدىن تارتىپلا شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە
قىزىقىپ ، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا شېئىر-
لارنى يېزىشقا كىرىشكەن . دەسلەپكى شېئىرلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقى-



لابىنىڭ مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنغان . ئۇ ئاشۇ يىللاردا «بۈيۈك
بايرام» ، «خۇش قال» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ ، گومىنداڭ ھۆ-
كۈمرانلىقىدا ئازاب چېكىۋاتقان خەلققە ھېسداشلىق قىلىپ ، ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن ۋە ئىنقىلاب ئارقىلىق
مەيدانەن ھۆر ھاياتقا قىزغىن تەنتەنە قىلغان . تۇردى سامساق ئاشۇ
يىللاردا يەنە دراما ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ ، «قەھرىمان
قىز» ، «تۇرمۇشتا كۈرەش» ، «مەستلەر» قاتارلىق دراملارنى ياز-
غان . بۇ دراملار ئارمىيىنىڭ سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئوينىلىپ ، ئو-
فىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ياقتۇرۇپ كۆ-
رۈشىگە سازاۋەر بولغان ۋە ئۇلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى جانلاندۇرغان .
شۇنىڭ بىلەن تۇردى سامساق ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە رەسمىي
كىرىپ كەلگەن .

مىلادىيە 1950 ـ يىللار تۇردى سامساق ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ
گۈللەنگەن بىر دەۋرى بولغان . بۇ يىللاردا ئۇ بىر تەرەپتىن شېئىر
ئىجادىيىتى بىلەن ، يەنە بىر تەرەپتىن پروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇ-
غۇللىنىپ ، ھەر ئىككىسىدە ناھايىتى ياخشى ئىجادىيەت نەتىجىلىرىگە
ئېرىشىپ ، ئاشۇ يىللاردىكى ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى-
گە ئايلانغان . ئۇنىڭ مۇشۇ يىللاردا يېزىلغان «دوستلۇق تەشەككۈرى» ،
«قانۇن» ، «يۈرەك» ، «كۆكلەم» ، «كېڭەش» قاتارلىق شېئىرلىرى
ئازاد زامانىنى ، يېڭىچە ھاياتنى ، ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلار ئېلىپ كەل-
گەن ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بولۇپمۇ ، دوستلۇق ، مۇ-
ھەببەت ، ئىنسان ھاياتى قاتارلىق ئاشۇ دەۋرلەردە كەم يېزىلىدىغان
تېمىلارغا ناھايىتى ياخشى ياندىشالىغانلىقى بىلەن شۇ دەۋردە يېزىلغان
باشقا شېئىرلاردىن پەرقلىق ھالدا ئەدەبىيات ساھەسىدە ۋە كىتابخانلار
ئارىسىدا ناھايىتى ياخشى تەسىر قوزغىغان . شائىرنىڭ 1950 ـ
يىللاردا يېزىلغان شېئىرلىرى «كۆكلەم» دېگەن نام بىلەن توپلام
قىلىنىپ نەشر قىلىنغان . 1950 ـ يىللار تۇردى سامساق شېئىر

ئىجادىيىتىنىڭ بىر مۇھىم دەۋرى بولغان بولسا، يەنە بىر مۇھىم
دەۋرى 1980 ـ يىللار بولدى. ئۇ 1980 ـ يىللاردا ئىجادىيەت
مۇمكىنچىلىكىگە ئېرىشىپ، بالايىئاپەتلىك يىللاردىكى ئازابلىق كە-
چۈرمىشلىرى ۋە مۇرەككەپ ھېسسىياتلىرىنى، ھايات ھەققىدىكى
چوڭقۇر ئويلىرىنى، گۈزەللىك ياخشىلىق، چىنلىق ھەققىدىكى مەد-
ھىيىلىرىنى شېئىرلىرىدا ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدە يازغان
شېئىرلىرى ئىچىدە «ئىلتىجا»، «مۇھەببەت توۋىسى»، «تونۇر بې-
شىدا»، «ئەسسالام»قاتارلىق قىسقا شېئىرلىرى، «باتۇر»، «خو-
تەن»، «سالام، قەشقەر» قاتارلىق قەسىدىلىرى، «تارىخ قەھرىمان»،
«ئادالەت قوڭغۇرىقى»، «خوراز ۋە مايسا» قاتارلىق مەسەللىرى ۋە-
كىللىك خاراكتېرگە ئىگە. شائىرنىڭ 1980 ـ يىللاردا يېزىلغان
شېئىرلىرى ئاساسىدا «بەشكېرەم» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر
قىلىنغان.

تۇردى سامساق ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان پروزىچىلىقىدا مۇھىم
ئورۇن تۇتىدىغان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ھېكايە ئىجادىيد-
تى 1950 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا شۇ يىللاردىكى ئىجارە ھەققىنى
كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي
ھەرىكەتنى ئەكس ئەتتۇرۇشكە بېغىشلانغان «خۇشاللىق» ناملىق ھې-
كايىسى بىلەن باشلانغان. 1957 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇ «بەش تال
ئوق»، «تىيانشان باغرىدا» قاتارلىق مۇنەۋۋەر ھېكايىلەرنى يېزىپ،
ئاشۇ يىللاردىكى ئەدەبىيات ساھەسىدە چوڭ تەسىر قوزغىغان، ھەم
بۈگۈنكى زاماندىكى پروزىچىلىقىمىزغا تۈنجى بولۇپ ئۇرۇش تېمىسى-
نى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئېلىپ كىرگەن. ئۇنىڭ ئۇيغۇر
بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم ئورنىنى مانا مۇشۇ ھېكايىلىرى
بەلگىلىگەن. «بەش تال ئوق» 1957 ـ يىلى يېزىلغان. ئۇنىڭدا ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، ئەسىر قەھرى-
مانى پولاتنىڭ ناتونۇش قىزدىن خەت تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىنكى



بىر قاتار سەرگۈزەشتىلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۇرۇش قوينىدا ئۆسۈپ
يېتىلىشى ۋە ئۇرۇش مەيدانىدا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى ئەكس
ئەتتۇرۇلگەن. مىللىي ئارمىيە مەلۇم قىسمىنىڭ ئاشپەز جەڭچىسى
پولات قىشلىق ھەربىي كىيىم ئالغاندا ئۇنىڭ يانچۇقىدىن: «مەن
تىككەن مۇشۇ كىيىم مىللىي ئارمىيىنىڭ قانداقلىكى جەڭچىۋارىغا
نېسىپ بولسا، مەن شۇنىڭكى. مۇشۇ كىيىمنى كىيگەن ئەي مەردانە
يىگىت، سىز ئەڭ ئېغىر ھۇجۇم پەيتىدە، مېنىڭ نامىمدىن بەش تال
ئوق بىلەن بەش دۈشمەننى يەر ياتقۇزۇپ، غەلىبە بىلەن كەلسىڭىز،
مېنى تېپىۋېلىڭ، مەن سىزنىڭ» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان خەتنى
تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. بۇ خەت پۈتۈن قىسىمدىكىلەرنىڭ قىزىقىشىنى
قوزغايدۇ. پولات بۇ خەتنى ئېزىلگەن خەلقنىڭ مىللىي ئارمىيە جەڭ-
چىلىرىدىن كۈتكەن ئۈمىدى، دەپ ئويلاپ، خەت يازغان قىزنىڭ
تەلىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ئاشپەزلىكتىن ئۇرۇش قىلغۇچى ئەس-
كەرلىككە ئالمىشىدۇ. ئۇ جەڭ مەيدانلىرىدا قەھرىمانلىق كۆرسى-
تىپ، قىسمىنىڭ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشى-
دۇ، شۇنداقلا ناتونۇش قىز نامىدا ئايرىم ئېلىپ قويغان بەش تال
ئوق بىلەن بەش دۈشمەننى يوقىتىدۇ. يازغۇچى ھېكايىدە ئۇرۇش
بىلەن مۇھەببەتنى بىر گەۋدە قىلىپ يېزىپ، ئۇرۇش تېمىسىنىمۇ،
مۇھەببەت تېمىسىنىمۇ ئوخشاشلا گەۋدىلەندۈرگەن. ناتونۇش قىزنىڭ
خېتى نوقۇل مۇھەببەت خېتىلا ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئۇ مۇدھىش كونا
جەمئىيەتتە زۇلۇمدىن زارلىنىپ، يېڭى بەختىيار ھاياتقا تەشنا بولغان
كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىگە بولغان چەك-
سىز مۇھەببىتىنىڭ، كۈچلۈك ئارزۇ ـ ئۈمىدىنىڭ ئىپادىلىنىشى.
باشتىلا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ئاشۇ خەت گەرچە ھېكايە تەرەققىياتىنىڭ
ئاساسى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن
كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىگە بولغان
ئۈمىدىنىڭ، ئۇنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەش ئىرادىسىنىڭ ئوبرازلىق

ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت . يازغۇچى بۇ ئەسەردە ، ئەسەر باش قەھرى-
مانى پولاتنىڭ ئاشۇ ناتونۇش قىزنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداش جەريانىنى
ھېكايە قىلىش ئارقىلىق ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەڭچىلىرىنىڭ
خەلق ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ ، شىنجاڭنىڭ ئازادلىقى ، ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ بەختى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئېلىپ بارغان
كۈرەشلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن . «تىيانشان باغرىدا» ناملىق
ھېكايىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگىنىمۇ يەنىلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدى-
كى ئىشلار ، ئۇنىڭدا يېزىلغىنىمۇ مىللىي ئارمىيە جەڭچىسىنىڭ
مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئۇرۇش جەريانىدىكى قەھرىمانلىقى .
بۇ ھېكايىدە ئاساسلىق قىلىپ ئەسەر باش قەھرىمانى كېرەمنىڭ قى-
سمىدىكى بىر قانچە تىپىك ئىزى يېزىلغان . كېرەم سىنىپىي ۋە
مىللىي زۇلۇم دەستىدىن ئۆز يۇرتىدا ھايات كەچۈرۈشكە ئامالسىز
قېلىپ ، يۇرتىنى ، قېرىنداشلىرىنى تاشلاپ باش ئېلىپ چىقىپ كەت-
كەن ، كېيىن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى تەركىبىگە پىدائىي
بولۇپ كىرگەن باتۇر ، جەسۇر جەڭچى . ئۇ ئازاب چېكىپ ياشاۋاتقان
قېرىنداشلىرىنى ئۇزۇل - كېسىل ئازاد قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ،
شۇڭا ، بىتىمدىن كېيىن ئەسكەر قىسقارتىلغاندا ، ئۇ تەلەپ قىلىپ
قىسمىدا قالىدۇ . ئۇ ھەربىي تۇزۇمنى كۆز قارىچۇقىنى قوغدىغاندەك
قوغدايدۇ ، شۇڭا ، ئۇ ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىش
ئۈچۈن ، گېنېرالنىمۇ قول كۆتۈرگۈزۈپ قويۇۋېرىدۇ . ئۇ ئىنتايىن
باتۇر ، قەيسەر ، شۇنداقلا ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىغا ئىگە ، يېڭى
كۆندۈرۈلگەن شاش ئاتلار زەمبىرەكنى ئېلىپ قاچقاندا ، ئۇ ھاياتىنىڭ
خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي ، ئاتلارنى توسۇپ ، يامان ئاقىۋەتنىڭ ئال-
دىنى ئالىدۇ . شۇ سەۋەبتىن يارىلىنىپ دوختۇرخانىدا ياتقاندا ، سېستى-
را قىز مارىيە بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ . كېرەمنىڭ ياخشى سۈپەتلىرى
قىزدا مۇھەببەت ئويغىتىدۇ ، ئىككىسى بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشى-
دۇ . ئەمما ھەر ئىككىسى ۋەتەن ، خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش



قىلىشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدۇ ، ئازادلىق كۈنىنى ئۆزلىرىنىڭ توي
كۈنى دەپ بىلىدۇ . ئاشۇ قۇتلۇق كۈننى دەپ كېرەم جەڭگە كېتىدۇ .
ئۇ جەڭلەردە ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ . ۋەتەن ، خەلق
يولىدا ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى قۇربان قىلىدۇ ، ئۇنىڭ قەبرىسى
تىيانشان باغرىدا قالىدۇ . تۇردى سامساق بۇ ھېكايىسىدىمۇ ، مىللىي
ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ باتۇر ، قەھرىمانلىق جاسارىتىنى ، ۋەتەن ،
خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىنى قىزغىن
مەدھىيىلىگەن . تۇردى سامساقنىڭ بۇ ھېكايىلىرى ئۆزىگە خاس بەزى
ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە . ھېكايىلەر ئۇرۇش تېمىسىدا يېزىلغان ، جەڭ-
گاھلار پېرسوناژلار پائالىيىتىنىڭ سورۇنى قىلىنغان . ھېكايىلەردە
ئۇرۇش بىلەن بىرگە يەنە مۇھەببەتمۇ يېزىلغان ، ئۇرۇش بىلەن مۇ-
ھەببەتتىن ئىبارەت بۇ ئىككى تېما بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈلگەن
ھالدا بىر - بىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن . ھېكايىلەردە گەرچە ئەسكىرىي
تۇرمۇش ئاساس قىلىپ يېزىلغان بولسىمۇ ، ئەمما يازغۇچى ئەسكەرلەر
بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى يېزىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت
بېرىپ ، بۇ ئىنقىلابنىڭ «مىللىي دېموكراتىك» خاراكتېرىنى ئىز-
چىل گەۋدىلەندۈرۈپ بارغان . ھېكايىلەردە يەنە باش قەھرىمانلار ئوب-
رازى ناھايىتى ياخشى يارىتىلغان ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرلىرى روشەن
بېرىلگەن ، خاراكتېرنىڭ تەرەققىياتى ئەسەر سۇژىتىنىڭ ئاساسى قى-
لىنغان . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەسەردە جەڭچىلەر كوللېكتىپىنىڭ
ئوبرازىنى يارىتىشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىلگەن . يازغۇچى ھېكايىلەردە
كوللېكتىپ پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ بايانىنى «بىز باتۇر يولداشلى-
رىمىزنىڭ پاك قېنى تامغان يەرگە ئىسسىق ياشلىرىمىزنى ئاققۇزۇپ ،
بېشىمىزنى تۆۋەن ئەگكەن ھالدا مۇڭلۇق ماتەمدە تۇردۇق» دېگەن
شەكىلدە كۆپ بەرگەچكە ، ھېكايىلەرنىڭ چىنلىق تۈسى ناھايىتى زور
دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن . ھېكايىلەردە ناھايىتى ئورۇنلۇق ئىش-
لىتىلگەن ماقال - تەمسىللەر ، خەلقنىڭ ئادەت سۆزلىرىمۇ ھېكايى-

لەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ۋە جەلپكارلىقىنى زور دەرىجىدە
يۇقىرى كۆتۈرگەن . قىسقىسى ، تۇردى سامساق ئۇرۇش تېمىسىدىكى
مانا مۇشۇ ياخشى ھېكايىلىرى بىلەن 1950 ـ يىللاردىكى ھېكايىچىلىـ
قىمىزغا كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشقان .

مىلادىيە 1960 ـ يىللارغا كەلگەندە تۇردى سامساق مۇھەببەت
ۋە ئائىلە ئەخلاقى تېمىسىدىكى داڭلىق ھېكايىسى «قەشقەر گۈزىلى»
نى ئېلان قىلىپ ، يەنە بىر قېتىم چوڭ تەسىر قوزغىغان . بۇ ھېكايە
ئەر ـ ئاياللىق مۇھەببەت ۋە ئەخلاق مەسىلىسىگە مۇراجىئەت قىلغاندىـ
لىقى بىلەن ھېكايىچىلىقىمىزنىڭ تېما دائىرىسىنى كېڭەيتىشتە مۇـ
ھىم رول ئوينىغان . قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن ، خۇش خۇي ،
مۇلايىم زەرگەر يىگىت ئىمام مۇھەممەت ناھايىتى كېلىشكەن ، ئاجاـ
يىپ چىرايلىق قەشقەر گۈزىلى گۈلنەزەر بىلەن توي قىلىدۇ . ئۇلارـ
نىڭ تويدىن كېيىنكى بەختلىك تۇرمۇشىغا ھەسەت قىلغان كىشىلەر
ئۇلارنى ئەخلاقسىزلىقتا ئەيىبلەپ ، بولۇپمۇ ئىمام ھەسەننى تالاغا
قارايدىكەن دەپ ئۆسەك سۆز تارقىتىدۇ . بۇ گەپلەر گۈلنەزەرنى
ناھايىتى بىئارام قىلىدۇ ، قاتتىق ئازابلايدۇ . ئەمما ئۇ يىغلاپ ـ
قاقشاش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي ، ئېرىنى سىناپ باقماقچى بولىدۇ .
ئىمام مۇھەممەت ئايالىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن
«ئىمام مۇھەممەت بىردىنلا يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ نەپەسى بوغۇـ
لۇپ تىنالمايۋاتقاندەك قېتىپلا قالدى . گۈلنەزەر قاتتىق قاقاقلاپ
كۈلۈۋەتتى . ئۇ قاتتىق كۈلكىنىڭ كۈچىگە چىدالماي قالدىمۇ ، كەيندـ
گە سەنتۈرۈلۈپ بارغىنىچە ، يول بويىدىكى ئېرىقنىڭ كۆك چىملىق
قېشىغا كېلىپ ئەركەكچە زوڭلا ئولتۇردى . ئاندىن كۈلكىدىن توختاپ
شۇنداق قاتتىق يىغلاشقا باشلىدىكى ، ئۇنىڭ يىغانىنى ئاڭلار بولسا
تاغمۇ تاقەت قىلالماي ، تاشمۇ ئېرىپ كەتكەن بولار ئىدى . . .
تاتلىق كۈلكە ھەم ئاچچىق يىغا . . .
بۇ ھاقارەتلەنگەن مۇھەببەتنىڭ نەپرەتلىك غەزەپ كۈلكىسى ،



ئېغىر نومۇسنىڭ ئاچچىق يىغىسى ئىدى . . .»

تۇردى سامساق ئەسەرلىرىدە مۇھەببەتتىكى ئەخلاقنى ئىزچىل
تۇردە تەشەببۇس قىلىدىغان يازغۇچى بولۇپ ، ئۇنىڭ بۇنداق ئىدىيىسى
بۇ ھېكايىدە تېخىمۇ گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . يازغۇچى
مۇھەببەت سىنىقىدىن ئىبارەت بۇ ۋەقەلىك ئارقىلىق ئالدى بىلەن ئەر ـ
ئاياللىق مۇناسىۋەتتە ئەخلاقلىق ، بىر ـ بىرىگە ۋاپادار بولۇشنىڭ
ئىنتايىن مۇھىملىقىنى كۆرسەتكەن ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە گۈلنەـ
زەر ئوبرازى ئارقىلىق ئويغانغان ، مۇھەببەتنى قەدىرلەيدىغان ، ئائىلە
بەختىنى قوغدايدىغان ئاياللارنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن . شۇنداقلا
يېڭى دەۋردىكى ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكى مەسىلىسىنى ، ئاياللارنى
خورلايدىغان ، شەخسىي مۈلۈك قاتارىدا كۆرىدىغان دەۋرنىڭ كەلمەسكە
كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇھىم بىر ئەمەلىيەتنى گەۋدىلەندۈرگەن . بۇ
ھېكايىنىڭ قىممەتلىك بىر تەرىپى ئۇنىڭ تېمىسىنىڭ ئاكتىپلىقى ،
تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بولسا ، يەنە بىرى ئۇنىڭ تىل
ئىشلىتىشتىكى ماھارىتىنىڭ ئالاھىدە ئۈستۈنلۈكى بولۇپ ھېسابلىنىـ
دۇ . يازغۇچى ئەسەر تىلىنى ناھايىتى ئاممىباب ، ئىپادىلىك ، يەرلىك
تۈسكە ئىگە شۇنداقلا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرگە باي ، ئاھاڭدار
قىلىپ يازغان . ئەسەرنىڭ تىل ئىشلىتىشى ناھايىتى روشەن خاسلىققا
ئىگە بولۇپ ، بۇ جەھەتتە تۇردى سامساق ھېكايىلىرىنىڭ يۇقىرى
سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ .

مىلادىيە 1980 ـ يىللاردا تۇردى سامساق ئىزچىل تۇردە پروزا
ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ ، يىرىك ئەسەرلەرنى يېزىش ۋە
ھەر خىل ژانىرلاردا يېزىش ئۇنىڭ بۇ باسقۇچتىكى ئىجادىيىتىنىڭ
ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى . ئۇ «بەختاخۇننىڭ بەختى» ،
«ئاجايىپ» ، «كۈتكەن كۈن» ، «قوشنامنىڭ خوتۇنى» ، «ۋىجدان
ئازابى» ، «ھەرەمنىڭ ھالقىسى» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يېزىپ ئوخـ
شاشمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى ، بولۇپمۇ

ئىسلاھات دەۋرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ، مەنىۋىيىتىمىزدىكى ھەر خىل ئىللەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ، دەۋر ئالدىدىكى يازغۇچىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئىپادىلىگەن . ئۇنىڭ بۇ باسقۇچتىكى ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغىنى يەنىلا پوۋېست ، رومانلار بولۇپ ، ئۇ يېڭى دەۋر باسقۇچىدىكى تەخمىنەن ئون يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا «يۈرەك سىرى» ، «ئۇيغۇر قىزى پەردەۋسى» ، «ئاقتوغراق» قاتارلىق پوۋېستلارنى ھەم 1940 ـ يىللاردىكى جەڭگىۋار ھايات تەسۋىرلىنىدىغان «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» رومانىنى يېزىپ ، پروزا ئىجادىيىتىمىزنى بېيىتىشقا مۇناسىپ ھەسسىلەرنى قوشقان . قوللانغان ئەدەبىي شەكىللىرىنىڭ كۆپ خىللىقى تۇردى سامساقنىڭ بۇ باسقۇچتىكى ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ ، ئۇ شېئىر ، ھېكايە ، پوۋېست ، رومان ئىجادىيىتىدىن باشقا يەنە كىنو سېنارىيىسى ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ ، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ باتۇرلۇق ـ قەھرىمانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان «ئۆچمەس يۇلتۇزلار» ناملىق كىنو سېنارىيىسىنى يازغان ، شۇنداقلا يەنە مەزمۇنىدا ھايات ھېكمەتلىرى مۇجەسسەملەشكەن ، شەكىلدە خەلق ھېكايەتلىرى ئۇسۇلى قوللىنىلغان «لوقمان ھەققىدە ھېكايىلەر»گە ئوخشاش ئەسەرلەرنىمۇ يازغان .

«ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» رومانى تۇردى سامساقنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان يىرىك ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ رومان 1985 ـ يىلى يېزىلغان . بۇ بىر تارىخىي رومان بولۇپ ، ئۇنىڭدا ، 1940 ـ يىللاردىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ ، ئابدۇراخمان ، گۈلقىز ، سادىق قاتارلىق بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ ئاشۇ يىللاردا باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرى ، تەقدىرى ئارقىلىق ، ئالدى بىلەن جە-



نۇبتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى چىدىغۇسىز زۇلۇم ئاستىدا ئېچىنىشلىق ھالىتى ، پاجىئەلىك تەقدىرى ، ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋەھشىي ، زالىملىقى ، مەككار ـ ئالدامچىلىقى ، خەلقنىڭ بۇنداق زورلۇق ـ زۇلۇمدىن قاتتىق تويغانلىقى قاتارلىقلار يېزىلىپ ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قوزغىلىشىنىڭ بىر خىل تارىخىي مۇقەررەرلىك ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن . يازغۇچى روماندا ئابدۇراخماننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق گەۋدىلىك قىلىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر بىر قىسىم تارىخىي ۋەقەلەرنى ، مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېر ـ جەڭچىلىرىنىڭ ئۇرۇش جەريانىدىكى باتۇرلۇق ـ قەھرىمانلىقلىرىنى ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ جوڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەركىبىگە قوشۇلغانلىقى ۋە مىللەتلەر ئارىسىدىكى دوستلۇق ـ ئىتتىپاقلىقنى ئەكس ئەتتۈرگەن .

«ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» رومانىنىڭ قۇرۇلمىسى ئۆزگىچە بولۇپ ، پۈتۈن رومان ئىككى چوڭ قىسىمدىن تەشكىل تاپقان . 1 ـ قىسىم ھېسابتا رومانىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئاساسەن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى قەشقەردە بولغان ۋەقەلەر يېزىلغان . ئۇنىڭدا ئاساسلىق قىلىپ گۈلقىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ كېتىلگەنلىكى ، سادىقنىڭ بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ، گۈلقىزنىڭ ئاكىسى ئابدۇراخماننىڭ يالغان ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئېلانىغا ئالدىنىپ ، گومىنداڭغا ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلىقى قاتارلىق بىر قاتار ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن . 2 ـ قىسىمدا بولسا ، ئابدۇراخماننىڭ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ مىللىي ئارمىيە تەركىبىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ، ئۇلارنىڭ مىللىي ئارمىيە تەركىبىدىكى جەڭگىۋار پائالىيەتلىرى ، ئابدۇراخماننىڭ ئۇرۇش قوينىدا ئۆسۈپ يېتىلىپ كۆزگە كۆرۈنگەن ئوفىتسېرغا ئايلانغانلىقى ، كېيىن جوڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەركىبىگە قوشۇلۇپ ، ئازادلىق ئارمىيە قايتۇرۇپ كەلگەن سىڭلىسى گۈلقىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكى قاتارلىقلار يېزىلغان . يازغۇ-

چى رومانىنىڭ مۇقەددىمىسى ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارت-
لىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولسا ، ئابدۇراخمان ھەق-
قىدىكى ھېكايىلەر ئارقىلىق ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باش ـ
ئاخىرىنى ، ئىنقىلاب جەريانىدىكى تارىخىي ۋەقەلەرنى ، بولۇپمۇ يۇرتد-
ىنى ، ئاتا ـ ئانىلىرىنى گومىنداڭچىلاردىن ئازاد قىلىپ بەختىيار
كۈنگە ئىگە قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ جەڭ قىلغان جەڭچىلەرنىڭ باتۇر-
لۇق ـ قەھرىمانلىقلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن . يازغۇچى ئەسەردە
ئابدۇراخماننى ئەخمەتجان قاسىمى ، ئىسھاقبېك قاتارلىق رەھبەرلەر
بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ ئوبرازلىرىنىمۇ ناھايىتى جانلىق
ياراتقان . يازغۇچى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئۆزى بىۋاستە باشتىن
كەچۈرگەن بولغاچقا ، روماندا بۇ ئىنقىلابقا دائىر ۋەقەلەر ، تەپسىلاتلار ،
ماتېرىياللار چىنلىق بىلەن ، ھېسسىياتلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن .

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، تۇردى سامساق كۆپ خىل ژانىر ـ
شەكىلدىكى ئەدەبىي ئەسەرلىرى ، جۈملىدىن 1950 ـ يىللاردا يېزىل-
غان «بەش تال ئوق» ، «تىيانشان باغرىدا»غا ئوخشاش مۇنەۋۋەر
ھېكايىلىرى بىلەن ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا مۇناسىپ ئو-
رۇن تۇتىدىغان ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى .

تۇردى سامساقنىڭ ھازىرغىچە «كۆكلەم» (1957 ـ يىل ، شىن-
جاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ) ، «بەشكېرەم» (1982 ـ
يىل ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ) قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى ؛
«تىيانشان باغرىدا» (1982 ـ يىل ، مىللەتلەر نەشرىياتى ) ناملىق
ھېكايىلەر توپلىمى ، «يۈرەك سىرى» (1989 ـ يىل ، شىنجاڭ
ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ) ناملىق پوۋېستلار توپلىمى ، «ئۆچ-
مەس يۇلتۇزلار» (1985 ـ يىل ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر
نەشرىياتى )ناملىق ئەسەرلەر توپلىمى ، «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر»
(1985 ـ يىل ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ) ناملىق
رومانى قاتارلىقلار نەشر قىلىنغان .



## ئەرشىدىن تاتلىق

ئەرشىدىن تاتلىق ـــ ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ھېكايىچىلىقى ئەمدىلا
شەكىللىنىۋاتقان مەزگىللەردىكى مۇھىم يازغۇچىلارنىڭ بىرى . ئۇ
«سادىق باپكار» ، «پۇشايمان» ، «تۇنجى پويىز شوپۇرى» ، «خالتا
كوچىدىن يانغاندا» قاتارلىق ھېكايىلىرى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇنجى
پوۋېست ھېسابلىنىدىغان «سىناق» ناملىق پوۋېستى بىلەن ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىدا پروزىچىلىقنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈ-
چۈن مۇناسىپ ھەسسىلەرنى قوشقان .

ئەرشىدىن تاتلىق مىلادىيە 1927 ـ يىلى ئاقسۇ كونا شەھەر
ناھىيىسىدە تۇغۇلغان . ئۇ ئۆسمۈرلۈك ھاياتىدا تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچى-
لىقلىرىنى كۆپ تارتقان ، نۇرغۇن سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈر-
گەن بولغاچقا ، بۇنداق مول تۇرمۇش ئۇنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتىگە
چوڭ تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن . ئۇ مىلادىيە 1945 ـ يىلى ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارمىيىسى غۇلجىدىن ئاقسۇغا چۈشۈپ باي ، كونا
شەھەر ناھىيىلىرىنى ئازاد قىلغاندا ئەرشىدىن تاتلىق پىدائىي بولۇپ
مىللىي ئارمىيىگە قاتنىشىپ ، ئارمىيىدە ئوفىتسېر بولۇپ ئىشلى-
گەن . 1953 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ
سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ ، «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەن-
ئىتى» (ھازىرقى «تارىم» ) ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلى-
گەن . مىلادىيە 1983 ـ يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتى تەتقىقاتى جەمئىيىتىدە «مىراس»
ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن . مىلادىيە 1999 ـ يىلى كېسەل-
لىك سەۋەبى بىلەن ئۆرۈمچىدە ئالەمدىن ئۆتكەن .

ئەرشىدىن تاتلىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە 1948 ـ يىلى
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنغان «ۋەتەن

بالىسىغا» ناملىق شېئىرى بىلەن كىرىپ كەلگەن . ئۇ شۇنىڭدىن تارتىپ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان . ئۇنىڭ شېئىرلىرى مىلادىيە 1957 - يىلى «ئاقسۇ دەرياسى» دېگەن نام بىلەن ، 1981 - يىلى «قەلب كۈيى» دېگەن نام بىلەن توپلام قىلىنىپ نەشر قىلىنغان . ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەرنىڭ بەدىئىي سۈرىتىنى شائىرنىڭ قەلب ھېسسىياتى ئارقىلىق كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى ، تەبىئەت مەنزىرىلىرى ئارقىلىق چوڭقۇر پىكىرلەر ئىپادىلىگەنلىكى ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ، مەرىپەتچىلىك ئاساسلىق تېما قىلىنغانلىقى ، كۈچلۈك تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ، ھەر بىر شېئىردا لىرىكا بىلەن ئېپىكا ياخشى بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىگە ئوخشاش ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە . ئەرشىدىن تارلىق گەرچە شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە ئاز بولمىغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان بولسىمۇ ئەمما ، ئۇنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيىتى يەنىلا پروزىچىلىقتا كۆرۈلىدۇ . ئۇنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنىنىمۇ ئۇنىڭ پروزا ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى بەلگىلىگەن .

ئەرشىدىن تاتلىق 1955 - يىلدىن تارتىپ پروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان . ئۇ ئەمدىلاتىن شەكىللىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان پروزىچىلىق ساھەسىگە دادىللىق بىلەن كىرىپ كېلىپ ، قىسقىغىنە بىر مەزگىلدە ئەينى يىللاردىكى ئىجتىمائىي ھايات ، سىياسىي - ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلار ، كىشىلەر ئىدىيىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «سادىق باپكار» ، «ھاراق ئىچسە ئىلھام كېلەمدۇ ؟» ، «توغرا يول» ، «تۇنجى پويىز شوپۇرى» ، «خالتا كوچىدىن يانغاندا» قاتارلىق بىر تۈركۈم ھېكايىلەرنى ، شۇنداقلا «سىناق» ، «تاڭ ئالدىدىكى يۇلتۇزلار» قاتارلىق پوۋېستلارنى يازغان .

ئەرشىدىن تاتلىق ھېكايە - پوۋېستلىرىدا ئاساسلىق قىلىپ ، 1950 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېزىلاردا ئېلىپ بېرىلغان ھەمكار-



لىق گۇرۇپپىسى ، كوپېراتسىيە قۇرۇشتىن ئىبارەت چوڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنىڭ يېزىلارغا ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشلىرى ، دېھقانلارنىڭ مۇشۇ ئىجتىمائىي ئىنقىلابقا تۇتقان ئوخشىمىغان پوزىتسىيىلىرى ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى تەرەققىياتلار ۋە ئاخىرىدا كوپېراتسىيەنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . بۇ ئەسەرلەردىكى ئاساسلىق سۇژېت يېڭى ئىگىلىكنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشنى قوللاش بىلەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ زىددىيىتى ئاساسىدا قانات يايدۇرۇلغان ، بۇ ئەسەرلەردە يېزىلاردىكى ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلار ، بوران - چاپقۇنلۇق كۈرەشلەر جەريانىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن كادىرلارنىڭ ، ئاكتىپ ئاممىنىڭ ئوبرازلىرىنى يارىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەرشىدىن تاتلىق ئەسەرلىرىدە تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە بەك دىققەت قىلىدىغان يازغۇچى بولغاچقا ، ئەسەرلىرىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا راستىنلا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى يېزىپ ، ئەسەرلىرىنىڭ چىنلىق تۈسىنى ، دەۋر تۈسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان . ئۇ ئۆز ئىجادىيىتى ھەققىدە توختالغاندا : «مېنىڭ پوۋېست ۋە ھېكايىلىرىمدىكى ۋەقەلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى ئويدۇرمىمۇ ئەمەس ، يالغانمۇ ئەمەس ، ھەقىقىي بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە ۋە ئىشلار . مۇشۇ ئىشلارنى بۈگۈنكى كۈندە ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن خاتىرىلىك ئىزلىرى سۈپىتىدە ئوقۇپ كۆرگىنىمىزدە ، ئەلۋەتتە ، ئالدى بىلەن ئۇلارنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەن نامسىز قەھرىمانلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ . مەن بولسام ئۇلار ئېيتىپ بەرگەن ۋەقەلىكلەرنى تىپىكلەشتۈرۈپ يازدىم» دېگەن ئىدى . يازغۇچىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن بىز يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىغا ۋە ئەسەر ۋەقەلىكىگە تۇتقان «تۇرمۇشنى ئەينەن يېزىش»تەك ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى بىلىۋالالايمىز . مەلۇم جەھەتتىن قارىغاندا ، بۇنداق يېزىش — ئۇيغۇر پروزىچىلىقى ئەمدىلاتىن شەكىللىنىۋاتقان ئاشۇ دەۋرلەردىكى يازغۇچىلار ئۈچۈن ئورتاق بولغان

بىر خىل يېزىش ئۇسۇلى بولۇپ، دەل شۇنداق بولغاچقا بۇ دەۋرلەردە يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك، دەۋر ئالاھىدىلىكى روشەن ئەمما بەدىئىي جەھەتتە ئانچە پىشىپ يېتىلمىگەن ئەسەرلەردىن بولغان.

ئەرشىدىن تاتلىق ئىجادىيىتى ھەققىدە توختالغاندا، ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى پوۋېست ھېسابلىنىدىغان «سىناق» ناملىق پوۋېستىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ پوۋېستتا، 1950 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېزىلاردا ئېلىپ بېرىلغان يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۇرۇش ھەرىكىتى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، مۇشۇ ھەرىكەت جەريانىدا يېزىلاردا بولۇپ ئۆتكەن بىر قاتار زىددىيەت - كۈرەشلەر، دېھقانلار ئىدىيىسىدىكى ئارىسالدىلىقلار ئارقىلىق ئاخىرى كوپېراتسىيىلەشتۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ غەلىبىسىنىڭ مۇقەررەرلىكى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. كوپېراتسىيە قۇرۇلىدىغان دەسلەپكى مەزگىلدە دېھقانلارنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىسى چوڭقۇر بولمىغاچقا ئۇلار كوپېراتسىيىگە كىرىشتىن باش تارتىدۇ. ساۋۇت ئىسىملىك دېھقان ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئوغلى ۋە تۇغقىنى بىلەن كۆرۈشۈپ سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى، كوپېراتسىيىلەشتۇرۇشنىڭ دېھقانلارنىڭ نىجاتلىق يولى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قايتىپ كېلىپ كوپېراتسىيىگە قاتنىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يېزىدىكى دېھقانلار ئارقا - ئارقىدىن كوپېراتسىيىگە كىرىدۇ. ئەمما ئارىلىقتىكى بەزىبىر ئوڭۇشسىزلىقلار دېھقانلارنى يەنە ئارىسالدى قىلىپ قويىدۇ، ھەتتا بەزىلىرى كوپېراتسىيىدىن چىقىپ كەتمەكچىمۇ بولىدۇ، ئىلگىرى نۇرغۇن يامانلىقلارنى قىلىپ، ئەمدى بولغاندا بىر ياخشى ئادەمنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالغان سېتى ئاتىنىڭ پۇتىغا مىخ قېقىپ، كالىنىڭ يېمىگە يىڭنە ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، جىنەستەمنى بوغۇزلىۋەتمەكچى بولۇپ ۋە ئاخىرىدا تىلەك قۇرباننى ئۆلتۈرۈۋېتىپ كوپېراتسىيە قۇرۇلۇشىغا، دېھقانلارنىڭ رو-



ھېي دۇنياسىغا ناھايىتى يامان تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ، ئەمما تىلەك قۇربان، تاش مەمەت، سابىر قاتارلىق كادىرلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن كوپېراتسىيىنىڭ نەتىجىلىرى بارغانسېرى مۇستەھكەملىنىپ، ھوسۇلى ئېشىپ، دېھقانلارنى رازى قىلىپ ئاخىرى ھەممە مول ھوسۇل شادلىقىغا چۆمىدۇ. بۇ پوۋېستتا تۇرپان يېزىلىرىدىكى يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ باش - ئاخىرى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، ئەينى يىللارنىڭ رېئاللىقى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەسەر كۆپلىگەن كىچىك تەپسىلاتلاردىن، پېرسوناژلارنىڭ پائالىيەتلىرىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، روشەن بولغان بىرەر پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىلمىغان، بەلكى كوپېراتسىيىلەشتۇرۇش ھەرىكىتىگە قاتناشقان كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ كوللېكتىپ ئوبرازى يارىتىلغان. يازغۇچى ئەسەردە پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىشقا ئانچە دىققەت قىلمىغىنى بىلەن، ئەسەر ۋەقەلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئەسەردە يازغۇچى كوپېراتسىيىنى قۇرغۇچىلار بىلەن ئۇنىڭغا قارشى چىققۇچىلار، كوپېراتسىيىنى قوللىغۇچىلار بىلەن ئۇنىڭ ماھىيىتىگە يېتەلمەي، ئىدىيىدە ئارىسالدى بولغۇچىلارنىڭ زىددىيىتى ئارقىلىق ئەسەر سۇژېتىنى قانات يايدۇرغان. شۇڭا ئەسەرنىڭ سۇژېتى خېلى تىپىك، جەلپ قىلارلىق، قىزىقارلىق چىققان.

ئەرشىدىن تاتلىق ھېكايە ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مۇۋەپپەقىيىتى شۇكى، ئۇ «تۇنجى پويىز شوپۇرى»، «خالتا كوچىدىن يانغاندا» غا ئوخشاش ھېكايىلىرى بىلەن ھېكايىچىلىقىمىزنىڭ تېما دائىرىسىنى كېڭەيتىشتىمۇ مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقى ئەمدىلا شەكىللىنىۋاتقان ئاشۇ يىللاردا ئەڭ ئاساسلىق، بىردىنبىر تېما يېزا ئىگىلىكى تېمىسى ئىدى، بۇنداق ئەھۋال خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە داۋاملاشقان ئىدى. ئەرشىدىن تاتلىق «تۇنجى پويىز شوپۇرى» ناملىق ھېكايىسى بىلەن

پروزىچىلىقىمىزغا سانائەت تېمىسىنى ، «خالتا كوچىدىن يانغاندا»
ناملىق ھېكايىسى بىلەن شەھەر ئاھالىلىرى تۇرمۇشى تېمىسىنى ئەدە-
بىياتىمىزغا ئېلىپ كىردى . شۇنىڭ بىلەن پروزىچىلىقىمىزنىڭ تېما
دائىرىسى كۆرۈنەرلىك كېڭەيدى ، بۇنداق دادىللىق كېيىنكى مەزگىل-
لەردە ئىجادىيىتىمىزدە تېمىنىڭ كۆپ خىللىشىشىغا ئاكتىپ تەسىر-
لەرنى كۆرسەتتى . ئۇنىڭ «تۇنجى پويىز ئاۋازى» ناملىق ھېكايىسىدە
ئۇيغۇرلاردىن چىققان تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر پويىز شوپۇرى ھوشۇرنىڭ
ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ھېكايە قىلىنغان . يازغۇچى بۇ ھېكايىدە
بىر تەرەپتىن ھوشۇرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى ئىدىيۋى
كەچۈرمىشلىرىنى ، كۆڭلىدىكى زىدىيەت - توقۇنۇشلارنى نىسبەتەن
چىن چوڭقۇر ئىپادىلىسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ پويىز شوپۇرى
بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدا تېخنىكا جەھەتتە رىن چۇڭلۇك قاتارلىق
ئۇستىلارنىڭ ناھايىتى كۆپ ياردىمى بولغانلىقىنى بايان قىلغان . تۇن-
جى ئۇيغۇر پويىز ئىشچىسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى مانا مۇشۇ ئىككى
نۇقتىدىن كۆرسىتىپ بەرگەن . بۇ ھېكايىنىڭ بىر قىممەتلىك تەرىپى
ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يېڭى تېما ـــ سانائەت تېمىسىغا بېغىشلان-
غانلىقى بولسا ، يەنە بىر قىممىتى ئۇنىڭدا يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇيغۇر
ئىشچىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى ئەكس ئەتتۇرگەنلىكى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

«خالتا كوچىدىن يانغاندا» ـــ ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ مۇھىم ھېكا-
يىلىرىدىن بىرى ، شۇنداقلا 1950 - يىللاردا ناھايىتى كۆپ مۇنازىرى-
لەرگە سەۋەب بولغان ھېكايىلەرنىڭ بىرى . يازغۇچى بۇ ھېكايىسىگە
«چاقىدا گۇناھ يوق ، تانىسى بۇزۇق . قىزىدا گۇناھ يوق ، ئانىسى
بۇزۇق» دېگەن خەلق ماقالىنى ئېپىگراف قىلغان بولۇپ ، بۇ ئېپىگ-
راف ھېكايىنىڭ ئاساسى مەزمۇنىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ .
ھېكايىدە مۇنداق بىر ۋەقەلىك يېزىلغان :ئانىسىدىن مىراس قالغان
پاھىشىلىك بىلەن جان باقىدىغان قېرى دەللە ئايىمنىساخان چوڭ



قىزى تۇرسۇنخاننى ئۆزى شۇغۇللىنىدىغان ناشايان ئىشلارغا ئۆگى-
تىپ ، بۇنىڭ «پايدىسى» نى كۆرگەندىن كېيىن كىچىك قىزى قەم-
بەرنىسانىمۇ بۇ يولغا مېڭىشقا مەجبۇرلايدۇ . ئەمما ئەدەپ - ئەخلاق-
لىق ، بىلىم خۇمار چوڭ بولغان بۇ قىز ئانىسىنىڭ مەجبۇرلىشىغا
بوي سۇنمايدۇ . ئەمما ئانىسى ئۇنى ھەر خىل يوللار بىلەن قىيىن -
قىستاققا ئېلىپ ، ئالدى بىلەن ئۇنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالىدۇ ، ئاند-
دىن ئۇنىڭغا «خېرىدار» ئىزدەيدۇ . ھېچ كۈتۈلمىگەندە قەمبەرنىسا
ئانىسى بىلەن ئاچىسى تاپقان لايىقنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ ، تويدىن
كېيىن ئۇلار بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ . قەمبەرنىسانىڭ بۇنداق
بەختى ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ قىزىنى ئاجراشتۇرۇۋېلىپ ، بىرقانچە ئەرگە
بېرىپ ، ياكى پاھىشە قىلىپ كۆپ پۇل ، بايلىق تېپىشتەك شېرىن
خىيالىنى يوق قىلىۋەتكەچكە ئۇ قىزىنىڭ بەختىنى بىر ئاماللار بىلەن
يوق قىلىۋەتمەكچى بولىدۇ . قەمبەرنىسا تۇغۇتلۇق ياتقان كۈنلەردە
ئۇنىڭ يولدىشى خىزمەت بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ . ئايىمنىسا-
خان بۇ ۋاقىتنى بىر پۇرسەت دەپ قاراپ قەمبەرنىسانى ئالداپ ئېلىپ
كېلىپ ، بىرسىگە تۇتۇپ بېرىدۇ . قەمبەرنىسا ئۆز ئىپپىتىنى ساقلاش-
قا قانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ، ئەمما بۇ رەزىللىككە
تاقابىل تۇرۇپ بولالمايدۇ . بۇنداق ئىش بىرقانچە قېتىم داۋاملىشى-
دۇ ، قەمبەرنىسا ئۆزىنى يولدىشى ئالدىدا ، كىشىلەر ئالدىدا گۇناھكار
ھېسابلاپ روھىي جەھەتتىن تۈگىشىپ كېتىدۇ . ئەمما ، كادىرلار-
نىڭ ، خىزمەتداشلىرىنىڭ ياردىمىدە روھىي جەھەتتىن قايتا تىرىلىپ ،
يېڭى بىر ھاياتلىق يولىغا ئېرىشىدۇ : ئۇ تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇ-
شى بىلەن ئۇرۇمچىدىكى تېببىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپىگە
ئەۋەتىلىدۇ ، ئۇ ياخشى ئوقۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆز كەسپىدە
نەتىجە يارىتىپ بىر ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ قالىدۇ . يازغۇچى بۇ
ھېكايىسىدە ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇزۇلۇپ ، ئۆز بالىلىرىنى ۋەيران
قىلغان بىر يىرگىنىشلىك ئانىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ ، ئەخلاقىي
جەھەتتىكى ساپلىقنىڭ بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم رول

ئوينايدىغانلىقىنى ، ئەخلاقىي جەھەتتىكى بۇزۇلۇشىنىڭ پۈتۈن جەمئىيەتكە ، ئائىلىگە ئېلىپ كېلىدىغان يامان ئاقىۋەتلىرىنى جانلىق ، تەسىرلىك قىلىپ كۆرسىتىپ ، يېڭى دەۋر ئادەملىرىنى ئەخلاقىي جەھەتتىكى مۇكەممەللىككە دەۋەت قىلغان . شۇنداقلا يەنە قەمبەرنىسانىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا خالتا كوچىدىن قايتىپ ، توغرا يولغا — خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ھاياتلىق يولىغا قەدەم قويغانلىقىنى يېزىش ئارقىلىق يېڭى تۈزۈم ، يېڭى جەمئىيەتنىڭ ھالاكەت يولىغا ماڭغان ، چىقىش يولى تاپالمىغان ، ھاياتلىق ئۈمىدىنى يوقاتقان ئادەملەرگە يېڭى بىر ھاياتلىق يولى بېرىپ ، ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنى ئىپادىلىگەن . بۇ ھېكايىدە يازغۇچى پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ بېرىش جەريانىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرگەن ، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىشقا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىپ ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان سۆز - جۈملىلەرنى ، ۋەقە - تەپسىلاتلارنى دەل جايىدا ئىشلەتكەن .

قىسقىسى ، ئەرشىدىن تاتلىق يۇقىرىقى بىر تۈركۈم پوۋېست - ھېكايىلىرى بىلەن ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا مۇناسىپ ھەسسىلەرنى قوشقان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىدە ئەدەبىيات تارىخىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ .

ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر قىسىم ئەمگەكلىرىمۇ بار . ئۇ بىر ئۆمۈر ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان مەشھۇر شائىر نىمشېھىتنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاش ، رەتلەش ، نەشرگە تەييارلاش بىلەن شۇغۇللىنىپ ، 1980 - يىلى نىمشېھىتنىڭ «يۈرەك سۆزى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ، 1998 - يىلى نىمشېھىت ئەسەرلىرىنىڭ تولۇق توپلىمى بولغان «نىمشېھىت ئەسەرلىرى» نى نەشرگە تەييارلاپ نەشر قىلدۇرغان . يەنە بىرسى ، ئەرشىدىن تاتلىق شەرق ئەدەبىيات تارىخىدىكى كلاسسىك



ئەسەر - «مىڭ بىر كېچە» نى نەشرگە تەييارلاپ ، بۇ دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرنى ئۇيغۇرلارغا تونۇشتۇرۇشتا مۇھىم خىزمەت كۆرسەتكەن .

## قەييۇم تۇردى

قەييۇم تۇردى — بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزىچىلىق ساھەسىدە مەلۇم تەسىرگە ۋە مۇناسىپ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئىگە ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇ مىلادىيە 1950 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ، 1960 - يىللارنىڭ باشلىرىدا يېزا تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئوچېرك - ھېكايىلەرنى يېزىپ ئەدەبىيات ساھەسىدە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان . مىلادىيە 1970 - يىللاردا ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخىدىكى تۇنجى رومانى ھېسابلىنىدىغان «قىزىلتاغ چىراغلىرى» رومانىنى ۋە تۇنجى ترولوگىيە ھېسابلىنىدىغان «كۈرەشچان يىللار» ترولوگىيىسىنى يېزىپ ، رومانچىلىقىمىزغا تېگىشلىك ھەسسە قوشقان . مىلادىيە 1980 - ، 1990 - يىللاردا زىيالىيلار تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان ، نېفىت سانائىتى تېمىسىغا بېغىشلانغان «سۈزۈك ئاسمان» ، «جىمجىت جۇڭغارىيە» رومانلىرىنى يېزىپ ، رومانچىلىقىمىزنىڭ تېما دائىرىسىنى كېڭەيتكەن .

## قەييۇم تۇردىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

قەييۇم تۇردى مىلادىيە 1937 - يىلى 11 - ئايدا قەشقەر شەھىرىدە كىچىك تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قەشقەر شەھىرىدە ئوقۇپ تاماملاپ ، 1951 - يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن . مىلادىيە 1954 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە ئىشلىگەن . مۇشۇ مەزگىللەردە تۇرمۇشنى پۇختا ئۆگىنىپ ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن . مىلادىيە 1961 - يىلى «يەـ

كەن گېزىتى» ئىدارىسىگە خىزمەتكە ئەۋەتىلىپ، بۇ يەردە تاكى مىلادىيە 1979 - يىلىغىچە مۇخبىر، مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. مىلادىيە 1979 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. مىلادىيە 1980 - يىلى شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلانغان ۋە شۇنىڭدىن تارتىپ كەسپىي يازغۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. مىلادىيە 1989 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا بىرلەشمىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىنىپ، مىلادىيە 1997 - يىلى 1 - ئايغىچە بۇ خىزمەتنى ئۆتىگەن. مىلادىيە 2000 - يىلى 8 - ئايدا قارامايدا ۋاپات بولغان.

قەييۇم تۇردىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى بۇگۇنكى زامان ئەدەبىياتى دەۋرىدە باشلانغان. ئۇ 1955 - يىلى ئېلان قىلىنغان «ئوراز بوۋا» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن. بۇ ھېكايىسى خەنزۇ، ئىنگلىز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان. تۇنجى ئىجادىيەت مېۋىسىدىن ئىلھاملانغان يازغۇچى ئاشۇ يىللاردا «ماي ئەتىگەنلىكى»، «شەمشەرخان»، «بەخت يولى» قاتارلىق ھېكايە - ئوچېركلارنى يېزىپ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش يولىدا جان پىداكارلىق بىلەن ئىشلەۋاتقان ئەمگەكچى خەلقنى، قەھرىمان - ئىلغارلارنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. 1960 - يىللارنىڭ باشلىرىدا «زەرەپشان بويىدا»، «زەينەپخان شۇجى ھەققىدە ھېكايە»، «قىزىل يۇلتۇزى بار شەپكە»، «تىنچسىز كۇنلەر» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يېزىپ، يېزا تۇرمۇشىنى، دېھقانلار ھاياتىنى خېلى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئەكس ئەتتۇرگەن. بۇ ھېكايىلەر شۇ دەۋر ھېكايىچىلىقىنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلغان ھەم ياخشى باھالارغا ئېرىشكەن. 1970 - يىللاردا قەييۇم تۇردى رومان ئىجادىيىتىگە كىرىشىپ، 1974 - يىلى «قىزىلتاغ چىراغلىرى» («قىزىلتاغ ئېتىكىدە»)



رومانىنى نەشر قىلدۇرغان. بۇ قەييۇم تۇردىنىڭ تۇنجى يىرىك ئەسىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇر بۇگۇنكى زامان ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن تۇنجى رومان بولۇش سۇپىتى بىلەن ئەدەبىيات تارىخىدا بەلگىلىك ئورۇن تۇتىدۇ. 1979 - يىلى قەييۇم تۇردىنىڭ «كۈرەشچان يىللار» ترولوگىيىسىنىڭ 1 - تومى «تاڭ ئالدىدا» نەشر قىلىنىپ، ئەدەبىيات ساھەسىدە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان. ترولوگىيىنىڭ 2 -، 3 - قىسىملىرى 1981 -، 1985 - يىللىرى نەشر قىلىنىپ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئىزچىل رومان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1985 - يىلى «سۇزۇك ئاسمان» رومانىنى، 1992 - يىلى «جىمجىت جۇڭغارىيە» ترولوگىيىسىنىڭ 1 - قىسمىنى نەشر قىلدۇرغان. «جىمجىت جۇڭغارىيە» قەييۇم تۇردىنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ 1 - تومى «قامەتلىك گىلتاغ» دا تارىخىي ۋەقەلەر ۋە مول تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قاراماي نېفىتلىكىنى ئېچىش ۋە نېفىتلىك سانائىتىنى مەيدانغا كەلتۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان جاپالىق شۇنداقلا تارىخىي ئەھمىيەتلىك كۈرەشلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. سېلىم بوۋا باشلىق نەچچە ئەۋلاد نېفىتچىلارنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان، قاراماي نېفىتلىكى باشتىن كەچۈرگەن بىر قاتار تارىخىي ۋەقەلەرنى نىسبەتەن جانلىق تەسۋىرلىگەن. بۇ — ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سانائەت تېمىسىدا مەيدانغا كەلگەن تۇنجى رومان بولۇپ، ئۇ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، مەملىكەت مىقياسىدا بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان. «جىمجىت جۇڭغارىيە» ترولوگىيىسىدە يازغۇچى شىنجاڭ نېفىتلىكىنىڭ شەكىللىنىشتىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئۇزاق ھەم جاپالىق تارىخىي مۇساپىسىنى ئەكس ئەتتۇرگەن. قەييۇم تۇردى 1980 - يىللاردا يەنە پوۋېست ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «يول»، «بوغدا ئاتا»، «ئىنژېنېر ئەلىنىڭ ھېكايىسى»، «ئاسماندىكى ھېكايە» قاتارلىق پوۋېستلارنى يازغان. «بوغدا ئاتا» — جۇڭغا-

رىيىدىكى نېفىتلىكنى بايقاش ۋە ئىپتىدائىي ھالەتتە نېفىت ئېچىش
بىلەن تارىختا مەشھۇر بولغان سېلىم بوۋىغا بېغىشلانغان پوۋېست .
يازغۇچى بۇ پوۋېستتا تارىخىي مەلۇماتلار ۋە مول تەسەۋۋۇرغا تايىـ
نىپ ، سېلىم بوۋاينىڭ ياشلىقتىكى قىسمەت ـ سەرگۈزەشتىلىرىنى ،
سەرگەردانلىق ھاياتىنى جۈملىدىن جۇڭغارىيىدە قارىماي نېفىتلىكىنى
دەسلەپكى قەدەمدە ئېچىش جەريانىنى جانلىق ھەم تەسىرلىك بايان
قىلغان .

قەييۇم تۇردى ئىجادىيىتىدە رومانچىلىق ناھايىتى مۇھىم ئورۇن
تۇتىدۇ . ئەگەر بىز ئۇنىڭ «قىزىلتاغ باتۇرلىرى» نى ئۇنىڭ رومان
ئىجادىيىتىنىڭ باشلىنىشى ، شۇنداقلا رومان يېزىشنى ئۆگىنىش ۋە
سىناق قىلىش باسقۇچى دېسەك ، ئۇنداقتا ئۇنىڭ «كۈرەشچان يىللار»
تىرىلوگىيىسىنى ئۇنىڭ رومان ئىجادىيىتىدە خېلىلا پىشقانلىقى ۋە
ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىۋاتقانلىقىنىڭ دەلىلى دەيمىز . بۇ چوڭ
ھەجىملىك ئەسەر سۈرەتلىگەن تۇرمۇش كارتىنىسىنىڭ كەڭ ۋە رەڭـ
دارلىقى ، تۇرمۇش مەزمۇنىنىڭ مولluqى ، قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختا ۋە
مۇكەممەللىكى ، مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ روشەنلىكى قاتارلىق مۇـ
ۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ئەينى دەۋردە تېخى ئەمدىلا بىخ سۈرۈۋاتقان
ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە . شۇنىڭ بىلەن بىللە
قەيۇم تۇردىنىڭ ئىجادىيىتىدىمۇ ۋەكىللىك ئەھمىيەتكە ئىگە .

قەيۇم تۇردىنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتىدە ئالاھىدە كۆرسىتىشكە
توغرا كېلىدىغان يەنە بىر ئالاھىدىلىك : ئۇنىڭ تېمىلىرىنىڭ خىلمۇ
خىللىقىدۇر . بىزگە مەلۇم ، قەيۇم تۇردى ئۆز ئىجادىيىتىنى يېزا
تېمىسىدىن باشلىغان يازغۇچى ، تەخمىنەن ئون بەش يىلنى يېزا ـ
قىشلاقلاردا ئۆتكۈزگەن ۋە يېزا تۇرمۇشىغا ئائىت مول ماتېرىيال
توپلىغان يازغۇچى . ئۇ دېھقان تۇرمۇشى بىلەن پىششىق تونۇش . شۇڭا
ئۇ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن «قىزىلتاغ چىراغلىرى» ، «كۈرەشچان يىلـ
لار» ، «سۈزۈك ئاسمان» رومانلىرىنى ۋە نۇرغۇنلىغان ھېكايە ،
پوۋېستلىرىنى يېزا تۇرمۇشىغا بېغىشلاپ دېھقانلارنىڭ ئازابى ۋە غەم ـ



قايغۇسى ، خۇشلۇقى ۋە ئارزۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ . كېيىنكى
چاغلارغا كەلگەندە بولسا «ئىنژېنېر ئەلىنىڭ ھېكايىسى» ، «ئاسمانـ
دىكى ھېكايە» ، «بوغدا ئاتا» ، «جىمجىت جۇڭغارىيە» قاتارلىق روـ
مان ۋە پوۋېستلارنى يېزىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سانائەت تېمىسىدا
ئەسەر كەم بولۇش ، ئىشچىلار تۇرمۇشىنى قانائەتلىنەرلىك يازالماسـ
لىقتەك كەمتۈكلۈكنى تولدۇرۇشتا زور ھەسسە قوشتى .

## «كۈرەشچان يىللار» ترولوگىيىسى

«كۈرەشچان يىللار» ترىلوگىيىسى قەيۇم تۇردىنىڭ ۋەكىل
خاراكتېرلىك ئەسىرىدۇر . بۇ ترىلوگىيىنىڭ 1 ـ تومى «تاڭ ئالدىـ
دا» 1979 ـ يىلى ، 2 ـ تومى «زەرەپشان ئۈستىدە نۇر» 1981 ـ يىلى
نەشر قىلىندى . بۇ رومانلاردا ئاپتور ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنـ
لەپ ئۆز ئىجادىيىتىدە ساقلانغان ئۇقۇملاشتۇرۇش ، قېلىپلاشتۇرۇش
خاھىشىنى ، شۇنىڭدەك ئاخباراتچىلىقنىڭ چەكلىمىسىنى يېڭىشكە تىرـ
ىشقان . كونكرېت ۋە جانلىق ئوبرازلار ، ئىشەنچلىك تۇرمۇش تەپسىـ
لاتلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ، جۈملىدىن يەكەن دەريا ۋادىسىـ
دىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئازادلىق ھارپىسىدىكى ۋە كېيىنكى تۇرـ
مۇشلىرىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن . بۇ ئارقىلىق شىنجاڭ خەلقىنىڭ
ئەگرى ـ توقاي ، جاپالىق ، شۇنداقلا غەلىبىلىك كۈرەش يولىنى
كارتىنىلاشتۇرغان .

ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋە باشقا قېرىنداش
مىللەتلەرنىڭ شەخسىي ئىنتىقام ، ئىستىخىيىلىك قارشىلىقتىن تەشـ
كىللىك ئىنقىلاب باسقۇچىغا ئۆتۈپ فېئوداللىق تۈزۈمنى ۋە چىرىك
ھاكىمىيەتنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىغانلىقى ، كومپارتىيە رەھـ
بەرلىكىدە تەلتۆكۈس قەد كۆتۈرۈپ يەر ـ زېمىنىنىڭ خوجايىنلىرىغا
ئايلانغانلىقىنى ، غەلىبە مېۋىلىرىنى قوغداپ ۋە مۇستەھكەملەپ سوتـ
سىيالىزم يولىغا ماڭغانلىقىدىن ئىبارەت مەركىزىي ئىدىيىنى يورۇـ

تۇپ بەرگەن .

قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ بۆشۈكلىرىدىن بولغان شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ باي ، مۇنبەت تۇپراق ئەسىرلەر بويىچە ئاچ كۆز باي ـ تۆرىلەر ، قىزىلكۆز ـ ئالدامچى دىنىي ئۆلىمالار تەرىپىدىن خانىۋەيران قىلىنىپ كەلگەندى . چىرىك ھۆكۈمرانلار بىرىنىڭ ئورنىغا بىرى ئالمىشىپ تۇرغان بولسىمۇ ، خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى ئۆزگەرمىگەن ، ئاھى يىتمەي كەلگەندى .

روماندا نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن مەخسۇتبەگ ، ھېسامىدىن داموللاملارنىڭ بوۋىسى سۇلايمان توپبېشىنىڭ ئۆز يىللىقچىلىرى تەرىپىدىن بوغۇزلاپ تاشلىنىشى ، ئاشلىق ساڭلىرى ، چەللە ـ بېدىشلىرى ، ئامبار ـ سارايلىرىنىڭ كۆيدۈرۈلۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋېتىلىشى ئەل غەزىپىنىڭ بىر تامچىسى ، بىرلا مىسالى ، خالاس ، بىراق ، ئەزگۈچىلەر سىنىپى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھايۋانىي ۋەھشىيلىك ، ئىنسان قۇلىقى ئاڭلىمىغان ، مىسلى كۆرۈلمىگەن جازالارغا ، كىشىنى غەپلەت بۆشۈكىگە بۆلەيدىغان دىن ـ پەتىۋارلارغا يۆلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، خەلقنىڭ قارشىلىقىنى سۇندۇرۇپ كېلىۋاتاتتى . ھەممە يەر قان ـ زەردابقا ، ھەممە يەر ئاھۇ پەريادقا تولغان ، خەلقنىڭ سەۋر قاچىسى پۇتۇپ گويا بىر تاللا سەرەڭگىنىڭ چېقىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان قۇرۇق تەرمەچكە ئايلانغان چاغلىرى ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ چاڭجياڭدىن كېسىپ ئۆتۈپ ، نەنجىڭنى ئالغان ، ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتكەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سايىسىدە كۈن كۆرۈۋاتقان باي ـ تۆرىلەرنىڭ ئەجەل ھودۇقۇشىدا تەلۋىلەرچە پىتىرلاۋاتقان چاغلىرى ، يەنى ئەسەردىكى مۇھىم پېرسوناژلاردىن بولغان ئېلشاننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «ئەل قوزغالسا تەخت قوزغىلىپتۇ» دېگەن مەزگىل 1 ـ توم «تاڭ ئالدىدا» نىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىدۇر .

رومانىنىڭ بېشىدا ئاسىم ئەپەندى ئېلىپ كەلگەن «نەنجىڭ ئېلىندى» دېگەن قۇتلۇق خەۋەر ئەسەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىدىن



دالالەت بەرگەندىن سىرت ، يەكەن ۋادىسىنى كونكرېتراق ئېيتقاندا بۇ كىچىككىنە «ياڭاقلىق ماكانى» نى كەڭ ئىجتىمائىي كۆرۈنۈش بىلەن باغلايدۇ . يەنى كۈرەشنىڭ بۇ كىچىك مەيدانىنى تېخىمۇ چوڭ ئىنقىلاب مەيدانى بىلەن تۇتاشتۇرىدۇ . زەرەپشان خەلقىنىڭ كۈرەشلىرىگە تېخىمۇ چوڭقۇر مەزمۇن بېرىدۇ . بۇ مەزمۇن شىنجاڭ خەلقىنىڭ كۈرەشلىرى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى دېگەنلىكتىن ئىبارەت .

ئاپتور ئەسەرنىڭ بېشىدا خېلى كۆپ سەھىپە ئاجرىتىپ «ياڭاق پۇشتى ماكانى» نىڭ «بەگلىك يېزىسىغا» «بەگلىك مەھەللىسىگە» ئۆزگىرىش جەريانىنى تونۇشتۇرۇپ زەرەپشان تەزكىرىسىنى ۋاراقلايدۇ . مەخسۇتبەگ ۋە ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى قۇرغان ھۆكۈمرانلىق تەختىنىڭ ئېچكى قۇرۇلۇشىنى ، يەنى توغرا كەسمە يۈزىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرىدۇ . بۇ يەردىكى تەپسىلىي بايان بىھۇدە نەرسە ئەمەس . بۇ زۇلۇم مەنبەسىنى ، ئىنقىلابنىڭ ئوبيېكتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىق . «ھەممە جايدا قازاننىڭ قۇلىقى تۆت ، دۇنيادىكى قاغىلارنىڭ ھەممىسى قارا .» تۇپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا ، مەخسۇتبەگ ھاكىمىيىتى ماھىيەت جەھەتتىن سىچۈەندىكى يەرلىك پومېشچىك لىيۇ ۋېنسەيگە ، خەينەنداۋدىكى نەن باتيەنگە ئوخشىسىمۇ ، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ تەركىبىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ۋاسىتىلىرى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە ئۇسۇلىدا ئۆزگىچىلىك بار .

ھېسامىدىن داموللا ، ياسىن شاڭخەي ، مەخسۇتبەگ بۇ ئۈچەيلەن قۇربانىنىياز داموللىنىڭ ئوغۇللىرى بولۇپ ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە قول سوزۇپ ئۆز ئەتراپىغا شايكا توپلاپ ، يەكەن دەريا ۋادىسىدا تەسىرى زور مۇشتۇمزور يەرلىك خاقانغا ئايلانغان .

مەخسۇتبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ ئىككى مۇھىم تىرىكى بار . ئۇنىڭ بىرى ، قورچاق ۋالىي پاساربەگ باشچىلىقىدىكى ساقچىنىڭ باشلىقى ئا جۇيجاڭ ، ھەربىي ئەمەلدار جۈيىڭجاڭ قاتارلىق گومىنداڭنىڭ ھەربىي ، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىدىن تەشكىللەنگەن پارىخور ـ چىرىك

ئەمەلدارلار . يەنە بىرى ، مەخسۇتبەگنىڭ جىنايەتلىرىگە يېشىل چىراغ
يېقىپ بېرىدىغان ، خەلقنى مەنۋى جەھەتتىن زەھەرلەپ غەپلەت بۆشۈ-
كىگە بۆلەيدىغان ئالدامچى دىنىي ئۆلىمالاردۇر . بەگ مەھەللىسىدىكى
يىراق - يېقىنغا داڭقى كەتكەن «خۇدالىق مەدرىسە» ھېسامىدىن
داموللامنىڭ چاڭگىلىدا ئىلمۇ ھېكمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ، دى-
نىي تەتقىقات يۈرگۈزىدىغان سورۇن ئەمەس ، بەلكى مەخسۇتبەگ ھا-
كىمىيىتىنىڭ ئىشەنچىلىك تۈۋرۈكى بولۇپ ئۇنى يۆلەپ تۇرىدۇ . ئۇ
مەخسۇتبەگنىڭ زۇلمىنى نىقابلاش ، بېزەش رولىنىمۇ ئىگە . مەخسۇت-
بەگ ھاكىمىيىتى دەل مۇشۇ ياقتىن ليۇ ۋېنسەي ، نەن باتيەنلەردىن
پەرقلىنىپ تۇرىدۇ .

مەخسۇتبەگ ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىكىگە تولۇق ئى-
شەنچتە ئىدى . يوقسۇللارنىڭ ئايرىم - ئايرىم شەخسىي قارشىلىقلى-
رىنى باستۇرۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ نەرسە ئەمەس بولۇپ ، ئۇ ئەزەل-
دىن ھودۇقىغان ، تەمتىرىگەن ئەمەس . بۇلار ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر تاما-
شا ، ھايۋانىي تەبىئىتىگە ماس ۋەھشىي خۇمارىدىن چىقىدىغان بىر
پۇرسەت ئىدى . مەخسۇتبەگ دېدەك قىزنى ئېلىپ قاچقان ئېلشانى ۋە
شۇ دېدەك قىزنىڭ بوينىغا تاش باغلاپ دەرياغا تاشلىغان ، ئىسيان
كۆتۈرگەن ئەزىمەت ۋە چىنارخاننىمۇ ئاق قار ، كۆك مۇز ئىچىدە
ئېچىنىشلىق تۈرمۈش كەچۈرۈشكە مەجبۇر قىلغانىدى . بىراق ئۇ ئەل
بېشىغا مىنىپ كەلگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ھودۇقتى . چىرايى
تاتىرىپ پۇت - قولى سىرقىراپ قالدى . بۇ روماندا نۇقتىلىق تەسۋىر-
لەنگەن تۇنجى قېتىملىق كۆرەش - «ئېلىقۇل ۋەقەسى» ئىدى . مەخ-
سۇتبەگ مۇشۇ ۋەقەدە تۇنجى قېتىم ھودۇقتى ، قورقتى . بۇ ئۆزلۈكى-
دىن پارتلىغان ئىسيان دېھقانلارنىڭ ئىستىخىيىلىك قارشىلىقى بولۇپ
ۋەيران قىلىش كۈچى ، كۆلىمى جەھەتتىن ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ھەرد-
كەتلەرگە قارىغاندا كەڭ دائىرىلىك ، ئۇيۇشقاق ئىدى . ئۇنى ھېچكىم
ئالدىن پىلانلىمىغان ، تەشكىللىمىگەن ، غەزەپ ۋە ئىنتىقام ئۆزلىرد-
نىڭ سىنىپىي قېرىندىشىغا بولغان مۇھەببەت ، مەخسۇتبەگنىڭ ۋەھ-



شىيلىكىگە بولغان ئۆچمەنلىك بۇ كىشىلەرنى بىر سەپكە تۇرغۇزغانىد-
دى . بۇ غەزەپ يالقۇنىنىڭ ھاجى ئىشان ، ھېسامىدىن دامولللاملار
تەرىپىدىن ئۆچۈرۈۋېتىلىشى بىر تەرەپتىن ، دىنىنىڭ مەخسۇتبەگنىڭ
قولىدىكى بىر قورال ئىكەنلىكىنى ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر جاڭ-
گالىنىڭ بۆرىلىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ،
شۇ دەۋردىكى خەلقنىڭ روھىي ھالىتىنى ، ئېڭىنىڭ ھەقىقىي دەرىجد-
سىنى ، كۈرەش تەجرىبىسىنىڭ كەملىكىنى كۆرسىتىدۇ . بۇنداق
تەسۋىرلەش تارىخىي چىنلىق ۋە رېئاللىققا ئۇيغۇن ، ئەلۋەتتە . ئەگەر
بۇنداق تەسۋىرلىمىگەن بولسا تارىخىي چىنلىق بۇرمىلانغان بولاتتى ،
كىتابخانلارمۇ ئىشەنمەيتتى . بۇ ۋەقە شۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى . شۇ
كېچىسى مەخسۇتبەگ نۇرغۇن كىشىنى تۇتقۇن قىلدى . خەلق ئالداد-
غانلىقىنى بىلدى . بىر قېتىم ئەخمەق بولغان كىشى ئىككىنچى قېتىم
ئالدانمايدۇ . بىر پۇتلاشقان يەرگە ئىككىنچى قېتىم يەنە پۇتلىشىپ
يۇرمەيدۇ . ئەمدى دامولللامنىڭ نەيرەڭلىرىمۇ ئاقماي قالدى . خەلقنىڭ
ئەمدى ئالدانماسلىقى شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىغا ئۇيغۇن .
خەلقنىڭ شۇ چاغدىكى روھىي كەيپىياتىغا ماس كېلىدۇ . دەرۋەقە
بۇنىڭ ئىچىدە ئاسىم ئەپەندىنىڭ تەشۋىقاتى ۋە تەشكىللەشلىرى كۈچ
كۆرسەتكەن . شۇنداق قىلىپ مەخسۇتبەگ تۇنجى قېتىم ئۆز قارارىنىڭ
ئەتۈرىنى قىلىشقا مەجبۇر بولدى (تۇتقۇنلارنى قويىۋېتىۋەتتى) . بۇ
مىلادىيە 1948 - يىلىدىكى ۋەقە ئىدى .

مىلادىيە 1949 - يىلى يەنى ئەكسىيەتچىل گومىنداڭ ھۆكۈمد-
تىنىڭ ئۇۋىسى نەنجىڭ ئېلىنغان ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جاجىسىنى بېرىپ ، ئاللىقاچان ماناس
دەرياسىغا يېقىتاپ قويغان چاغدا زەرەپشان خەلقىنىڭ كۈرىشى تېخىمۇ
ئۇلغايدى .

ئېلىش بېشىدا يۈز بەرگەن ۋەقە مانا مۇشۇ ئوت بىلەن سۇدەك
كېلىشەلمەيدىغان ئىككى سىنىپنىڭ بىر قېتىملىق جىددىي ئېلىشىشى
بولۇپ ، بۇ كۈرەش خەلقنىڭ غەلىبىسى ، مەخسۇتبەگ گۇرۇھىنىڭ

شەرمەندە مەغلۇبىيىتى بىلەن تاماملىنىدۇ . بۇ يېڭى تارىخىي شارائىت-
تىكى كەسكىن كۈرەش بولۇپ ، زەرەپشان خەلقىنىڭ ئەمدى ئىلگىرى-
كىدەك تېرىقتەك چېچىلىپ ، قۇمدەك تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان خەلق ئە-
مەسلىكىنى كۆرسىتىپ ، مەخسۇتبەگ ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىغا خەلقنىڭ
كۈچ - قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ ۋە ئۇلارغا ئۇلارنىڭ «ئامەتلى-
رىنىڭ» ئەمدى كەلمەسلىكە كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ . «توختىمىغان
سۇغا توختى ئىسىملىك ئادەمنى بېسىش» ئۇنىڭ خۇن بەدىلىگە خەلق-
تىن مال - دۇنيا شىلىۋېلىش مەخسۇتبەگ ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى ھېسامى-
دىن داموللامنىڭ ھىيلە - مىكىرلىك سۇيىقەستى ، بىراق ئۇلار
بۈگۈنكى خەلقنىڭ تۈنۈگۈنكى ياۋاش قۇللاردىن ئەمەسلىكىنى ، ئازاد-
لىق ئارمىيىنىڭ غەلىبە خەۋىرى ، شۇنداقلا ئاسىم ئەپەندىدەك ئىنقى-
لابچىلارنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن ئېلىپ بارغان تەشكىللەش ، ئۇيۇش-
تۇرۇش ، تەشۋىق خىزمەتلىرىنىڭ نەتىجىسىدە خەلقنىڭ غەپلەت ئۇي-
قۇسىدىن ئويغانغانلىقىنى ، ئىلگىرى چېچىلىپ ياتقان تېرىق - قۇم-
لارنىڭ ئەمدى چويۇن مۇشت بولۇپ ئۇيۇشۇۋېلىنغانلىقىنى ھېسابقا
ئالمىغان . شۇڭا ، دەسلەپكى كۈچ سىنىشىشتۇرمىسىدا مەخسۇتبەگنىڭ
غالجىرلىشىپ تېپىرلاشلىرى ، دورغا غالچىلىرىنىڭ چوماقلىرى
خەلقنىڭ تەشكىللىك ھەرىكىتىنى توسۇۋالالمىدى . ئۇنىڭ نىيىتى
ئىشقا ئاشمايلا قالماستىن ، بەلكى ئۆزى شەرمەندە بولۇپ ، ھەيۋىسى
سۇندى . قەغەز يولۋاسلىق ماھىيىتى ئاشكارىلاندى . بۇ قېتىمقى كۈ-
رەش ۋە ئۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى يۈز بەرگەن «ئېلىقۇل ۋەقەسى»
خەلقنى تەربىيىلەپ ، ئۇلاردا ئىشەنچ تۇغدۇرغان بولسا ، مەخسۇتبەگ
ۋە ئۇنىڭ ھەمتاۋاقلىرىغا بۇ يېڭى ۋەزىيەت ، يېڭى يۈزلىنىشنى تونۇت-
تى . ئۇلارنىڭ ئاخىرەتلىك كۈنلىرىنىڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇر-
دى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئەجەل ھودۇقۇشىدا خۇددى ھەممە دەسمايە-
سىنى دوغا تىككەن قىمارۋازدەك تەلۋىلەرچە تېپىرلاپ جان تالىشىپ
قارشىلاشتى . خەلقنىڭ كۈرىشىمۇ يېڭى بىر بالداققا — قوراللىق
كۈرەشكە ئۆزگىرىپ پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللەندى .



دېمەك ، ئاپتور بىر قاتار تىپىك ۋەقەلەر ئارقىلىق خەلقنىڭ
تەجرىبىسىزلىكتىن تەدرىجىي ئەقىل تاپقانلىقىنى ، ئۇلارنىڭ كۈرەش-
لىرىنىڭ بارغانسېرى ئۇلغايغانلىقىنى ، كۈرەش سەنئىتىنىڭ پەيدىن-
پەي ئۆسۈپ بارغانلىقىنى ئىنچىكىلەپ تەسۋىرلىگەن .
تاڭ ئاتتى . زارىقىپ كۈتكەن كۈنلەرمۇ يېتىپ كەلدى ، زەرەپ-
شان خەلقى ئۆز ئازادلىقىنى كۈرەش بىلەن قولغا كەلتۈردى . ئەلۋەت-
تە ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ غەلىبىسى ھەل
قىلغۇچ ئامىل . لېكىن ، خەلقنىڭ كۈرەشلىرى ئاشۇ غەلىبىنى تېز-
لەتتى .
جۇڭگو خەلقى ئۆز ئازادلىقىغا قول قوۋۇشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ
ئېرىشكەن ئەمەس . جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىمۇ زۇلۇمغا سۈكۈت قى-
لىپ ئولتۇرمىغان ، بەلكى تىللاردا داستان بولۇشقا تېگىشلىك كۈ-
رەشلىرى بىلەن ئاجايىپ جەڭگىۋار تارىخنى ياراتقان . رومانىنىڭ ئەڭ
چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى دەل مۇشۇ تارىخىي چىنلىقنى بەدىئىي يۈكسەك-
لىكتە ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ .
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ غەلىبىسى ، مىللىي ئارمىيە-
نىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى جەڭلىرى ، گومىنداڭ ئىشغالىيىتىدىكى
رايونلاردىكى كۈرەشلەر ، ئالماسنىڭ قەشقەرگە بېرىپ كۆرگەنلىرى ،
لەيلىگۈلنىڭ تۈرمىدە ئاڭلىغانلىرى ، ئاسىمنىڭ ھېكايىلىرى ، كې-
يىنكى قىسىمدىكى جاپپارۇپنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بۇ تارىخىمىزنىڭ
تەسۋىرلىرىدۇر .
كونا دۆلەت ماشىنىسىنى پاچاقلاپ تاشلاپ ، يېڭى ھۆكۈمەت
ئاپپاراتىنى قۇرۇش بۇ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى ،
ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش بۇ ئىنقىلابنىڭ بىرىنچى قەدىمى . بۇ پەقەت
بىرىنچى قەدەمدىنلا ئىبارەت بولۇپ ئەڭ ئاخىرقى قەدەمدىن ياكى
مۇساپىنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ . ھاكىمىيەتنى مۇستەھ-
كەملەش ، قولغا كەلتۈرگەن تاغ - دەريالارنى مەڭگۈ خەلقنىڭ قولىدا
تۇتۇپ تۇرۇش ھەتتا ئۇنى تارتىۋېلىشتىنمۇ تەس . فېئوداللىق تۈزۈم-

نى بىكار قىلىش بىلەن ، بەگلەرنى ئۆرۈۋېتىش بىلەنلا ئىش تۈگمەيدۇ . «كۈن يەنە شەرقتىن چىقىپ غەربكە پېتىۋاتىدۇ . زەرەپشان ئۆز ئىزىدا ئېقىۋاتىدۇ . بۇ شىددەتلىك بوران - يامغۇر ئۆتۈپ كەتتى . يېزا تىنچىپ قالدى . ھەممە كىشى نېمىنىدۇر كۈتىدۇ . لېكىن ، نېمىنى كۈتىدىغانلىقىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدۇ . ھەممەيلەن تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ئالدىراش .» ئازادلىق تېڭى ئاتقاندىن كېيىن زەرەپشان ۋادىلىرىنىڭ مانا مۇشۇنداق بولغانلىقى ھەقىقەت . قالدۇق باندىتلارنى تازىلاش ، يوشۇرۇنغان دۈشمەننى تەلتۆكۈس تورغا چۈشۈرۈپ خەلقنى خاتىرجەم قىلىش دەرھال قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ، بولۇپمۇ تايانچ كۈچلەرگە يۆلىنىپ ، ئوتتۇرىدىكىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ، زومىگەر ، باي - پومېشچىكلارنىڭ يېرىنى ، مال - مۈلكىنى كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بېرىش بۇ ئازادلىق دېگەن ئۇقۇمنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش 2 - توم «زەرەپشان ئۈستىدە نۇر» نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىدۇر . 3 - توم «باھار ناخشىسى» رومانىدا بولسا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە غەلىبە مېۋىلىرىنى قوغداپ ۋە مۇستەھكەملەپ ، جاپالىق ئىگىلىك تىكلەپ ئۆز بەختىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سوتسىيالىزم يولىدا ئىلگىرىلىگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن .

ئاپتور بۇ تىرىلوگىيىسىدە تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ تەسۋىرىدىلا توختاپ قالماي ، ئاشۇ دەۋر رېئاللىقىنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئوبدان ئىگىلىگەن . رومانىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى بىر تۈركۈم تىپىكلەشتۈرۈلگەن ئوبرازلار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرىنىڭ مەنتىقىلىق تەرەققىياتى ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن .

قاۋۇل ، بېجىرىم يىگىت ئالماس تىرىلوگىيىنىڭ باش قەھرىمانى —— ئېغىر - بېسىقلىق ، تەمكىنلىك ، جەسۇرلۇق ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى .

ئالماس ئېسىنى بىلگەندىن تارتىپ دادىسىغا ئوخشاش باي ئۈچۈن ئىشلەيدۇ . ئاتا - ئانىسىنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتى ۋە بايلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا ئېزىلىپ - خارلىنىۋاتقان بارلىق چاكار ئىشلەمچىلەرنىڭ



ئاچچىق قىسمەتلىرى بالىنىڭ گۆدەك كۆڭلىگە قاتتىق ئورنىشىپ ئۇنىڭدا بۇ تەڭسىز ئالەمگە نىسبەتەن قارشىلىق ، ئەزگۈچىلەرگە ئۆچمەنلىك ھېسسىياتىنى پەيدا قىلىدۇ . ئۇنىڭ قوشۇمىسى داۋاملىق تۈرۈكلۈك تۇرىدۇ . چۈنكى ، ئىچىنى ئۆرتەۋاتقان غەزەپ - ئەلەم ئۇنىڭ بالىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاللىقاچان يىتۈپ كەتكەن . ئۇ ئويلىمىغان يەردىن ئالۋانغا ئۇچراپ يېڭى مەكتەپتە ئوقۇپ ئاسىم ئەپەندى ۋە ئاسىم ئەپەندى كېلىشىنىڭ ئالدىدا تۇتۇلۇپ كەتكەن رەسىم مۇئەللىمى قاتارلىق ئىلغار پىكىرلىك ئىنقىلابىي زىيالىيلارنىڭ تەسىر - تەربىيىسىدە باشقىلارغا قارىغاندا بالدۇر پىشىپ ، كۆزى بالدۇر ئېچىلغان . مانا مۇشۇنداق كەچۈرمىشلەر ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى تەمكىنلىك ، ئىسيانكارلىق ، قەيسەرلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان .

مەكتەپتە ئەلۋەك سوپى ۋەكىللىكىدىكى گومىنداڭچى رېئاكسىيون ئوقۇتقۇچىلارغا قارشى ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەبىئىي كۆتۈرۈلگەن نامايىشىدا ئالماس ئۆزىدىكى بۇ خىل خۇسۇسىيەتلەرنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ .

«تەرتىپ مۇدىرى» تاياق زەربىسىدىن چىمچىلاق قولى سۇنۇپ ئايلىنىپ يىقىلغان ئوقۇغۇچىنى يەنە ئۇرۇپ كەم كالتەكنى تولدۇرماقچى بولغاندا ، ئالماس «مانا مېنى ئۇرسىلا» دەپ كۆكرەك كېرىپ چىقىدۇ .

مەقسەتلىك ھالدا قولاق تەرىپىنى توغرىلاپ تۇرۇپ كەينى - كەينىدىن ئۇرۇلغان كالتەكتىن ئالماسنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ كۆيۈپ قارا تەرگە چۆمۈلگەن بولسىمۇ ، لېكىن پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرۇپ قەددىنى تىك تۇتقان ھالدا «غىڭ» قىلمايدۇ . ئەمما «تەرتىپ مۇدىرى» ئالماسنىڭ ئالىقىنىغا «ئەدەپ كالتىكى» نىڭ ئالتىنچىسىنى ئۇرماقچى بولغاندا ، ئالماس «شارت» قىلىپ قولىنى تارتىۋالىدۇ .

« —— يەنە ئۇراملا ؟

— ئاچ قولۇڭنى !
— ئاچمايمەن ، — ئالماس قوشۇمىسىنى چىڭ تۈرگەن هالدا
جۈرئەت بىلەن ئېيتتى ، — ئۇنىڭ كەم قالغان كالتىكى بەش .
ئۇرۇپ بوللىغۇ ؟ » كىچىككىنە ئالماسنىڭ گۆدەك قەلبىدىكى قارشى-
لىق ، ئىسيانكارلىق روھىنىڭ كۈچلۈكلۈكى يۇقىرىقى ۋەقەدە كۆرۈ-
نۈپ تۇرىدۇ . شۇنىڭدەك ئۇنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ باشقىلار ئۈچۈن
كۆپرەك ئويلايدىغىنى ، هەر قانداق ناهەقچىلىككە چاپان سېلىپ چىقا-
لايدىغان مەردلىك ، قەيسەرلىكمۇ ئىپادىلىنىدۇ .
ئالماس ئاتا - ئانىسى ۋەكىللىكىدىكى بىر ئەۋلاد دېهقانلارغا
ئوخشاشلا ئەمگەكنى سۆيىدۇ . ئەجدادلارنىڭ سەمىمىيلىكى ، ئاق كۆ-
ڭۈللۈكى ، روشەن مۇهەببەت - نەپرىتى بۇلار ئۇنىڭغا قالدۇرغان
مىراس . لېكىن ئالماس ئۇلارغا پۈتۈنلەي ئوخشاپمۇ كەتمەيدۇ . دې-
موكراتىك ئىدىيىگە ئىگە ئىلغار پىكىرلىك مۇئەللىم بالىلارنى ئويغى-
تىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن بۇ يىللاردا ئۇ مەكتەپتە
ئوقۇيالىغان ، گەرچە ئۇ ئاران تۆت يىللا ئوقۇغان بولسىمۇ ، ئاسىملار-
نىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ ، بەزى چوڭ داۋلىلارنى چۈشىنىۋېلىشقا
ئۈلگۈرگەن .
مەسىلەن ، ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى
توغرۇلۇق ئاڭلىغان ، هەتتا دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان ئا-
زادلىق ئارمىيە دەيدىغان بىر قوشۇننىڭ بارلىقىنى ، ماۋ زېدۇڭ
دەيدىغان بىر كىشىنىڭ بۇ قوشۇنغا باشچى ئىكەنلىكىنى ، دۈشمەن
گېپىنى قىلغان ئادەمنىڭ تىلىنى كېسىپ قاتتىق تەهقىق قىلىدىغان
كومپارتىيىنىڭ خەلق مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغانلىقىنى بىلگەن .
ئاسىم ئەپەندىنىڭ ئالاهىدە كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى ئارقىلىق
ئالماس ئىنقىلابقا كۈچلۈك ئەقىدە باغلايدۇ - دە ، ئىنقىلاب يولىغا
قەدەم قويىدۇ . تەدرىجىي ئۆسۈپ پىشىپ قەتئىي ۋە سالماق ، دېهقان-
لارنى ئۇيۇشتۇرالايدىغان هەم ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلالايدىغان ئىنقى-
لابچى بولۇپ يېتىشىدۇ . ئاپتور بۇ ئوبرازنى يارىتىشتا ئالاهىدە كۈچ



سەرپ قىلغان بولۇپ ، تىپىك ۋەقەلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ ئوبرازىنى
ئەتراپلىق يارىتىشقا تىرىشقان .
قاسىم جىڭسانى ئۆلتۈرۈۋېتىش ، شاتۇر دورغىنى هېچكىمگە
تىنالمايدىغان ، ئالماسلارغا ئاخبارات يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان هالەتكە
كەلتۈرۈش ، سۇڭگۇچ بىلەن كىرىپ ئاسىملارنى قۇتۇلدۇرۇش ، دەر-
يادا دۈشمەن قورالىنى تارتىۋېلىش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان كونكرېت
ۋەقەلەردە ئالماس ئۆزىنىڭ پەم - پاراسىتىنى ، هوشيارلىقىنى ، باشقا
ئاددىي يېزا ياشلىرىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .
بىراق ، ئالماس نېمىلا قىلغان بىلەن بىر ئاددىي يېزا يىگىتىدىن
تەدرىجىي ئۆسۈپ يېتىلگەن ئىنقىلابچى . ئاپتور ئالماسنىڭ ئۆسۈش
ۋە پىشىش جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە دىققەت قىلغان .
مەسىلەن ، ئاسىم ئاغزىدىن قۇتلۇق خەۋەرنى ئاڭلىغان چاغدا :
« — مەيلى نېمە بولسا بولسۇن ئېلىشىمىز ! — دېدى ئالماس
زەردە بىلەن ، — يا ئۆلۈم ، يا كۆرۈم ، باشقا كەلگەننى كۆرىمىز !...
ئاسىم بولسا :
— شۇنداق ، لېكىن باشقا كەلگەننى كۆرىمىز ئەمەس ، بەلكى
پاراسەت بىلەن كۈرەش قىلىپ ، ئازادلىق كۈنلىرىنى كۈتۈۋالىمىز ، —
دېدى . بۇ دىئالوگلاردىن بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقىنى كۆرۈۋالغىلى بولى-
دۇ . يەنە مەسىلەن ، گىلاسلىق باغدا ياسىن شاڭخەينىڭ هۇزۇرىغا
يىغىلغان دۈشمەننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا بۇ سۆزلەر ئالماسقا ئۈش-
تۈمتۇت بولۇپ تۇيۇلىدۇ . چۈنكى ئۇ ئازادلىق بىلەن تەڭ هەممە
ئىشنىڭ بىردىنلا ئوڭشىلىپ كېتىدىغانلىقىغا ، بەگ - بايلارنىڭ يۇلۇ-
نى ئۈزۈلۈپ موللىمۇشۇك بولىدىغانلىقىغا ، ئازادلىق جەڭچىلىرى
يېتىپ كەلسىلا جاهاننىڭ تىپتىنچ بولۇپ هەممە ئىشنىڭ ئۆز يولى
بىلەن كېتىۋېرىدىغانلىقىغا قىلچە گۇمان قىلمايتتى ۋە شۇنداق ئويلا-
يتتى . ئەمەلىيەت شۇنداق بولماي چىقتى . دېمەك ، ئالماس كۈرەش
جەريانىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىدۇ . ئاخىرىدا خەلقنىڭ ياخشى
باشلامچىسىغا ئايلىنىدۇ .

ئاسىم بولسا ئۇيغۇر ئىنقىلابىي زىيالىيلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى . ئۇ ھۇنەرۋەن ـ كاسىپ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . ئۇ غۇربەتچىلىك تۇپەيلىدىن كىچىك تۇرۇپلا ئۇچەي سىيرىغۇچى بالا بولۇپ ئىشلەيدۇ . ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مىلادىيە 1943 ـ يىلى ئۇرۇمچى سىفەنگە ئوقۇشقا بارىدۇ . بۇ چاغلاردا مەملىكىتىمىز ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇشنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئۈچ ۋىلايەتتىن قوغلاپ سۈرۈپ ، ماناس دەرياسىغا كېلىپ قالغان يىللار ئىدى . ئاسىم مەكتەپتە مۇنەۋۋەر خەنزۇ كوممۇنىستلىرى ۋە ئىلغار پىكىرلىك ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن تونۇشىدۇ . مەخپىي تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى يېزىپ تارقىتىدۇ . شۇڭا مەكتەپ پۈتتۈرگەندە «گۇمانلىق ئۇنسۇر» سۈپىتىدە ئادىمى شالاڭ ، يىراق تاغلىق يېزىلارغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ . ئۇ زەرەپشان دەريا ۋادىسىغا كېلىپلا ئىنقىلاب ئۇرۇقىنى چاچىدۇ . ئىشنى تەشۋىقاتتىن ، تەربىيىدىن باشلايدۇ . خەلقنى تەشكىللەيدۇ . «ئېلىش» بېشىدىكى كۈرەشنىڭ غەلىبىسى ئەلۋەتتە ئاسىمنىڭ ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشى ، تەشكىللىشى ئارقىلىق قولغا كەلگەن .

ئاسىم بۇ يەردىكى كۈرەشنى داۋاملىق چوڭ ئىنقىلابنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراپ ئاممىنى تەربىيىلەپ بارىدۇ . تىرىلوگىيىنىڭ 1 ـ تومى «تاڭ ئالدىدا» دا كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ئاساسەن ئاسىمنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ . ئەلۋەك سوپىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا «ئاسىم دىنسىز جەدىت ، قىزىلۋاش كوممۇنىست ، ئۇ مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن يۇرتتا ئارام بولمىدى . سىلەر ئويلاڭلار ، زەرەپشاندا ئۆتمۈشتىن ھازىرغىچە كىم مەخسۇتبېگكە تىل ياندۇرغان ؟ ئاقساقاللارغا قارشى چىقىشقا كىم جۈرئەت قىلغان ـ ھە ؟ ئۇلارغا كىم ئۆگەتتى . ئاسىم ! جەدىت ئاسىم !» كۆرۈشكە بولىدۇكى ، ئەلۋەك سوپىنىڭ ئىشپىيونلۇق تۇيغۇنلۇقى ئاسىمنىڭ رولىنىڭ چوڭلۇقىنى سەزگەن .



ئاسىم كوممۇنىستلارغا خاس ئەڭ ئالىي مەسلەك ۋە ئالىي پەزىلەتلەرگە ئىگە ئىنقىلابچى . مەسىلەن ، يۇرتداشلارنىڭ زىيانىغا ئۇچراش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھېچبىر ئىككىلەنمەي دار ئالدىغا ئۆزى كېلىپ باشقىلارنى قۇيۇلدۇرىدۇ . مەخسۇتبەگنىڭ ئوقىنى توسۇپ ئالماسنى قوغداپ قېلىپ ئۆزى قۇربان بولىدۇ .

ئاپتور ئۇنىڭ ئوبرازىنى ناھايىتى تەسىرلىك قىلىپ ياراتقان . گەرچە ئۇ ۋاقىتسىز قۇربان بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئالماسلارنىڭ ئەسلىمىلىرى ئۇنىڭ ئوبرازىنى تولۇقلاپ بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىدۇ .

روماندا يەنە روشەن ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە ئېلىقۇل ئوبرازى كۈچلۈك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئېلشا ئوبرازى ، شۇنىڭدەك مەشرەپ ، بايىز خالۋاپ ، توختاخۇن ، قىسمەت چورۇق ، لەيلىگۇل قاتارلىق بىر تۈركۈم پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى خېلى ئۇتۇقلۇق يارىتىلغان .

سەلبىي قەھرىمانلاردىن مەخسۇتبەگ ، ھېسامىدىن داموللام ، ئابدۇللا كۆككۆز داموللام ، پاسار بەگ ، جاڭ تۇەنجاڭ ، جۇيىڭجاڭ قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازلىرىمۇ ئەينى دەۋردىكى چىرىك ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلار ، دىنىي ئۆلىمالار ، ھەربىي ، مەمۇرىي ئەمەلدارلار قاتلاملىرىنىڭ ۋەكىللىرى سۈپىتىدە يورۇتۇپ بېرىلگەن . ئاپتورنىڭ رومان مەزمۇنىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھە ، ھەر خىل قاتلاملىرىغا مەنسۇپ خىل پېرسوناژلار ئوبرازىنى خېلى مۇكەممەل يارىتىپ بەرگەنلىكى رومانىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ ئەسەر مۇۋەپپەقىيەتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ . تىرىلوگىيىدىكى چوڭ ھەجىملىك ئۈچ كىتابتا شىنجاڭدىكى ، ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئۆز ئەركىنلىكىنى ، بەخت ـ سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئېلىپ بارغان ئۇزاق مۇددەتلىك ، جاپالىق كۈرەش-

لىرى ، ئۇلارنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ ، خەلقنىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش مۇساپىسى ، ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ئۇنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش يولىدا قانات يايدۇرغان ئەكسىيەتچىلەرنى تازىلاش ۋە باستۇرۇش ، زومىگەرگە قارشى تۇرۇپ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ، يەر ئىسلاھاتىنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى قاينام تاشقىنلىق ئىگىلىك تىكلەش دولقۇنى ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە تەلتۆكۈس قەد كۆتۈرۈش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ ، ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش سەھنىسى كەڭ ، تارىخىي جەريانى ئۇزۇن ، ھەر خىل زىددىيەتلەر كۆپ ۋە ئۆتكۈر . شۇڭا رومانىنىڭ سۇژىتى خېلىلا مۇرەككەپ .

توغرا لىنىيىدىكى سۇژىت لىنىيىسىگە ئالماس ، ئاسىم قاتارلىق ئاساسلىق قەھرىمانلارنىڭ ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان . مەخسۇتبەگ ۋەكىللىكىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بولسا بۇ غول لىنىيىگە بەزىدە يانداش ھالدا ، بەزىدە گىرەلەشمە ھالدا تەسۋىرلەنگەن . زور تارىخىي ۋەقەلەر ، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ، شۇنىڭدەك ئاددىي ، كىچىك تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى سۇژىتنىڭ پۇختا قۇرۇلمىسى بىلەن تەمىن ئېتىلگەن بولغاچقا ، ئەسەر رەڭدار ۋە مۇرەككەپ ، شۇنىڭدەك باي مەزمۇنلۇق تۇرمۇش كارتىنىسىنى سۈرەتلەپ بېرەلىگەن . كۆرۈشكە بولىدۇكى ، قۇرۇلمىدىكى مۇكەممەللىك ، ئىزچىللىق ۋە راۋانلىق ئاپتورنىڭ يېزىقچىلىق ماھارىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىدىن ، قەلىمىنىڭ پىشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ .

بۇلاردىن باشقا ترىلوگىيىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ قويۇق ۋە روشەنلىكىمۇ ئەسەرنىڭ مۇھىم ئۇتۇقى ھېسابلىنىدۇ .

ئەسەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش مۇھىتىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ ، شۇنىڭدەك ھەر ساھە خەلقىنىڭ مۇئەييەن تۇرمۇش ماكانى ۋە تۇرمۇش شارائىتىدىكى تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىدىن ، ئىپادىلەۋاتقان مەدەنىيەت خاراك-



تېرىدىن ، قىسقىسى ، تۇرمۇش ئادەتلىرى ، گەپ ـ سۆز ، يېمەك ـ ئىچمەك ، كىيىم ـ كېچەك ، قائىدە ـ يوسۇن ۋەھاكازالاردىن ، ئەسەردىكى مەنزىرە ـ مۇھىت تەسۋىرلىرىدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىدىكى مىللىيچە خۇسۇسىيەتلەرمۇ ئەسەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى كۈچەيتىدۇ ۋە روشەنلەشتۈرىدۇ .

رومان ئىجاد قىلىنغان ۋاقىت يېڭى باسقۇچتىكى ئىدىيىنى ئازاد قىلىش ھەرىكىتى ئەمدى باشلىنىۋاتقان ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ھەرقايسى ساھەلەردە جۇملىدىن ئەدەبىيات ساھەسىدە تاقاتقان زەھەرلىرى تازىلىنىۋاتقان مەزگىللەرگە توغرا كەلگەچكە ، بولۇپمۇ بۇ رومان ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مېۋىلىرىدىن بولغاچقا ، بەزىبىر يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي بولالمىغان . ئەسەر خاھىشىنى ئوبراز ئارقىلىق تەبىئىي ئىپادىلەش ئورنىغا گاھىدا ئاپتورنىڭ ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل بايانىنى ۋە باھا تەرىقىسىدە بېرىلگەن مۇلاھىزىلەرنى دەسسىتىش ــ ئەسەردە كۆرۈلگەن مۇھىم يېتەرسىزلىكلەر جۇملىسىگە ياتىدۇ . ئىدىيە ۋە خاھىشچانلىق ئوبرازلار زىممىسىدە ، دېتاللارنىڭ تەسۋىرلىرىدە تەبىئىي يورۇتالماي زورمۇ زور ، يالىڭاچ ئوتتۇرىغا چىقىرىلغانلىقى ئۈچۈن ئەسەرنىڭ بەدىئىي كۈچىگە ، ئېستېتىكىلىق قىممىتىگە بەلگىلىك تەسىر يەتكۈزگەن . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىق خۇسۇسىيەتلىرىنىڭمۇ تولا ھاللاردا ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق بىۋاسىتە ئىزاھلاپ ، تەبىر بېرىش يولى بىلەن يورۇتۇلۇشى ؛ ئۇلارنىڭ خاراكتېرىستىكىسىنى ئالدىنئالا بىۋاسىتە تاپشۇرۇش قاتارلىقلارمۇ ئەسەرنىڭ مۇھىم ئاجىزلىقلىرى ھېسابلىنىدۇ .

دەرۋەقە ، بۇ ترىلوگىيىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى پۈتكۈل ئۇيغۇر رومانچىلىقىغا نىسبەتەن يەنىلا تەجرىبە توپلاش ، دەسلەپكى ئىزدىنىش باسقۇچىغا توغرا كەلگەن بولغاچقا ، شۇنىڭدەك بۇ چاغلاردا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە تارقاتقان زەھەرلىرى تېخى تولۇق تازىلىنىپ كەتمىگەن بولغاچقا يۇقىرىقى نۇق-

سانلارنى ئەينى دەۋردىكى ئوبيېكتىپ شەرت ـ شارائىت ۋە چەكلىمىلىكلەردىن ئايرىپ قاراپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ . قەييۇم تۇردىنىڭ كېيىنكى ئەسەرلىرى بولغان «جىمجىت جۇڭغارىيە» ، «سۈزۈك ئاسمان» رومانلىرى يۇقىرىقىدەك نۇقسانلاردىن خېلىلا ساقلانغان .

## زوردۇن سابىر

زوردۇن سابىر (مىلادىيە 1937 ـ 1998 ـ يىلى ) بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزدا كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان ئىستېداتلىق يازغۇچىدۇر . ئۇنىڭ 1992 ـ يىلى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كىتابخانلارنىڭ رايىنى سىناشتا كىتابخانلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئۈچ يازغۇچىنىڭ بىرى بولۇشتەك يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلىقى مۇشۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ .

ئەگەر بىز مىلادىيە 1980 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆرۈلگەن ئەسەرلەرنىڭ تېمىسىدىن تارتىپ مەزمۇنىغىچە ، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن تارتىپ ئېستېتىكىلىق خاھىشىغىچە ، شۇنىڭدەك يېڭى شەكىل ۋە باشقا ساھەلەرگىچە كېڭەيگەن يېڭىلىق يارىتىش ، ئىسلاھات قىلىش قىزغىنلىقىنى زامانىمىز ئەدەبىياتىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك ئىزدىنىش ھادىسىسى دەپ قارايدىغان بولساق ، زوردۇن سابىر ئەنە شۇ ھادىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ، چوڭقۇرلىشىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى .

زوردۇن سابىر — ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا ، جۈملىدىن يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان داڭلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىياتىمىزدا پروزىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى ھەقىقەتەن ناھايىتى چوڭ . ئۇ ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى ۋە ئەسەرلىرى بىلەن پروزىچىلىقىمىزغا بايراق بولۇپ بەردى .



ئۇ پروزىچىلىقىمىزنىڭ تېما دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ، شەكلىنى رەڭدارلاشتۇردى ، پروزىچىلىقىمىزنى قايناق ھېسسىيات قاتلىمىغا ۋە تىل ماھارەتلىرىگە ئىگە قىلدى ، پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش ، ھېكايىنى بايان قىلىش جەھەتلەردە ئۆزگىچە يېڭىلىقلارنى ياراتتى . ئۇ پروزىنىڭ ھېكايە ، پوۋېست ، روماندىن ئىبارەت ھەممە شەكىللىرىدە يېزىپ ، ھەممىسىدىلا چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن . ئۇنىڭ «دولان ياشلىرى» ، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ» ، «ئېھ ، توپىلىق يول» ، «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە» ، «سۇبھى» ، «كەچ كۈز» ، «ئىزدىنىش» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىر دەۋر كىشىلىرىگە ياققان ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرگەن ئەسەرلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇ زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بىلەن پروزىچىلىقىمىزنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى ياراتقان ، خەلقىمىزنىڭ قەلب تۆرىدىكى يازغۇچىغا ئايلانغان شۇنداقلا ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنى مەملىكىتىمىزگە ، دۇنياغا تونۇشتۇرۇشتا مۇھىم روللارنى ئوينىغان . پروزىچىلىقنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا ئاساسلىق بىر ئەدەبىي شەكىلگە ئايلىنىشىدا ئۇنىڭ ۋە ئۇ يازغان ئەسەرلەرنىڭ تۆھپىسى چوڭ .

## زوردۇن سابىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

زوردۇن سابىر مىلادىيە 1937 ـ يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ يېڭى تام يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . ئۆز يېزىسىدا باشلانغۇچ مەكتەپنى ئوقۇپ تاماملىغاندىن كېيىن ، ئىلى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن . مىلادىيە 1957 ـ يىلى ئىلى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ ، «ئىلى گېزىتى» ئىدارىسىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان . شۇ يىلى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا بېرىپ ، بىرتەرەپتىن ئوقۇپ يەنە بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلغان . ئوقۇش تاماملانغاندىن كېيىن شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان . مىلادىيە 1964 ـ يىلى غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا

مەكتەپكە يۆتكىلىپ كېلىپ ، بۇ مەكتەپتە تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇ-
چىسى بولۇپ ئىشلىگەن . مىلادىيە 1979 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق
نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ ، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولغان .
مىلادىيە 1981 ـ يىلى بېيجىڭگە بېرىپ ، لۇشۈن نامىدىكى ئەدەبىيات
ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇرغان . شۇ يىلى شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىي-
يىتىگە يۆتكىلىپ كېلىپ كەسپىي يازغۇچى بولۇپ ئىشلىگەن مۇشۇ
يىللاردىن تارتىپ ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا
كەلتۈرۈشكە باشلىغان . مىلادىيە 1987 ـ يىلى تەكلىپ بىلەن گېرما-
نىيىگە بېرىپ ، ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولغان . بۇ جەرياندا ئۇي-
غۇر ئەدەبىياتىنى چەت ئەللىكلەرگە تونۇشتۇرۇشتا بىرمۇنچە ئەمەلىي
ئىشلارنى قىلىپ ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بويىچە ئىلمىي لېكسىيە سۆزلى-
گەن . بۇ لېكسىيىسى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە قىسقىچە بايان»
دېگەن نام بىلەن مەخسۇس كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنغان . زوردۇن
سابىر يەنە مىلادىيە 1988 ـ يىلى تەكلىپ بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستا-
نى ، تۈركىيە قاتارلىق ئەللەردىمۇ زىيارەتتە بولغان . تۆھپىكار يازغۇ-
چى زوردۇن سابىر مىلادىيە 1998 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى
كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىدە 61 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى .

زوردۇن سابىر ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
8 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ، جۇڭگو
يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى-
نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر
بىرلەشمىسىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك كەسپىي يازغۇچىسى ئىدى . ئۇنىڭ
ۋاپاتى ئەدەبىيات ساھەسى ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش بولدى .

زوردۇن سابىرنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى شېئىرىيەت بىلەن باش-
لانغان بولۇپ ، 1961 ـ يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان
«ئاق ئۆرۈك» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات ساھەسىگە كىرىپ
كەلگەن . ئەمما ، ئۇ كېيىنچە ئاساسلىق زېھنىي كۈچىنى پروزا ئىجا-
دىيىتىگە قارىتىپ ، مەخسۇس پروزىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان . مىلا-



دىيە 1972 ـ يىلى «تاغ كەينىگە ئۆتكىچە» ناملىق تۇنجى ھېكايىسى
ئېلان قىلىنىپ ئەدەبىيات ساھەسىدە ياخشى باھالارغا ئېرىشكەن . شۇ
يىللاردا ئۇ يەنە «سىرداش قەلبلەر» ، «سەھەرچى» ، «باھار بوۋاينىڭ
كۈنلىرى» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يېزىپ ، ئۆزىنىڭ ھېكايە ئىجادىيى-
تىدىكى ئىقتىدارىنى ئاشكارىلىغان . مىلادىيە 1979 ـ يىلى يېزىلغان
«دولان ياشلىرى» ناملىق ھېكايە يازغۇچىنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيەت
باسقۇچىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسىرى بولۇپ ، ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا
جەمئىيەتتە ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە چوڭ تەسىر قوزغىغان . تۇرمۇش-
نى ئەكس ئەتتۈرۈش ، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىش ، ھېسسى-
ياتنى ئىپادىلەش ۋە تىل ئىشلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ھەقىقەتەن
مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان بۇ ھېكايە شۇ مەزگىللەردىكى ھېكايىچىلىقى-
مىزنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن تۈرتكىلىك رول ئوينىغان . يازغۇچى-
نىڭ بۇ ھېكايىسى ئۇنىڭغا چوڭ شۆھرەت ۋە ئالاھىدە ئورۇن ئېلىپ
كەلگەن ھەم 1981 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىش-
كەن . يازغۇچىنىڭ 1970 ـ يىللاردىكى ئىجادىيىتىدە «ئاۋرال شامال-
لىرى» ناملىق رومانىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . روماندا ئىلى دېھقان-
لىرىنىڭ 1960 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا باشتىن كەچۈرگەن ئىجتىما-
ئىي تۇرمۇشى نىسبەتەن كەڭ تەسۋىرلىنىپ ، شۇ يىللاردىكى سىيا-
سىي ، ئىجتىمائىي كۈرەشلەر ، كەڭ خەلقنىڭ تۇرمۇشى ، ئىدىيىسى
خېلى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . روماندا ئاق كۆڭۈل ، ساددا ،
ئەمگەكچان دېھقانلارنىڭ ئوبرازى چىن ۋە تەبىئىي يارىتىلغان . «بۇ
رومان ئەينى دەۋردىكى يېزىلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ
بەلگىلىك دەرىجىدىكى بەدىئىي ئىنكاسى سۈپىتىدە ھېلىمۇ مۇئەييەن
قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي ، زامانىمىزدىكى مۇھىم يازغۇچىلاردىن
بولغان زوردۇن سابىرنىڭ ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ، ئۇنىڭ
ئېستېتىكىلىق ئېڭىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى چۈشىنىشتە ، شۇنىڭدەك
بۈگۈنكى زامان رومانچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى مۇھاكىمە قىلىشتا

كەم بولسا بولمايدىغان بىر هالقىدۇر »[1] .
مىلادىيە 1980 ـ يىللار زوردۇن سابىر ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ
هوسۇللۇق ، ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلى بولدى . 1980 ـ يىللاردىكى
پروزىچىلىقنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭغانلارنىڭ بىرى زوردۇن
سابىر بولدى . بۇ يىللاردا ئۇ تۇرمۇش پۇرىقى ناهايىتى كۈچلۈك ،
هېسسىياتقا باي ، ئىجتىمائىي رېئاللىق بولۇپمۇ يېزا هاياتى ئۆزگىچە
ماهارەت بىلەن تەسۋىرلەنگەن «قەرزدار » ، «قوشنىلار » ، «ئېھ ،
توپىلىق يول » ، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ » ، «بۇ يەر شۇنداق خىسلەت-
لىك » ، «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە » ، «تارىم سۈيى كەينىگە ئاقمايدۇ » ،
«بوش كەلمە ، تۇرپانلىق » قاتارلىق نەچچە ئون پارچە ياخشى هېكايە ـ
پوۋېستلارنى يېزىپ ، هېكايىچىلىقىمىزنىڭ تېما دائىرىسىنى كېڭەيت-
تى ، ئەدەبىياتىمىزنى ئىجتىمائىي هاياتىمىزغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇر-
دى ، ھەقىقىي ئادەملەرنىڭ ئوبرازىنى ياراتتى ، پروزا ئىجادىيىتىنىڭ
سېھرىي كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلىي تىرىشچانلىقلارنى كۆر-
سەتتى . ئاشۇ بىر قاتار نەتىجىلىرى بىلەن ، جۈملىدىن «ئىزدىنىش »
رومانىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن ئۇ پروزىچىلىقىمىزنىڭ يېڭى بىر
سەهىپىسىنى ئاچتى . «ئىزدىنىش » رومانى ئۇنىڭ يىرىك ئەسەرلەر
ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى سۈپىتىدە يازغۇچىغا شان ـ شەرەپ
كەلتۈردى هەم يازغۇچىنىڭ خەلق قەلبىدىكى ئورنىنى تېخىمۇ يۇقىرى
كۆتۈردى . يازغۇچىنىڭ 1980 ـ يىللاردىكى ئىجادىيىتىدە يەنە تارى-
خىي تېمىدا يازغان «گۈلەمخان » ناملىق پوۋېستىمۇ ناهايىتى مۇهىم
ئورۇن تۇتىدۇ . يازغۇچى بۇ پوۋېستنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئارقىلىق
تارىخىي تېمىدا ئەسەر يېزىشنىڭ يېڭى بىر سەۋىيىسىنى ياراتقان .
ئەسەردە گۈلەمخاننىڭ كۈرەشچان هاياتى ، قەهرىمانلىق خاراكتېرى
ناهايىتى ياخشى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ ، كىشىگە هەم تارىخىي چىنلىق
تۇيغۇسى هەم بەدىئىي لەززەت بېغىشلايدۇ ، يازغۇچىنىڭ چىن ئىنسا-

[1] ئازات سۇلتان: «زوردۇن سابىر ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى يۈكسەكلىك» تىن.



نىي مۇهەببەت ، ۋاپادارلىق ـ ساداقەت ئۇلۇغلانغان «ئارچا ياپرىقى » ، زىيا-
لىيلارنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمەت جەهەتلەردىكى ئەگرى ـ توقاي كە-
چۈرمىشلىرى تەسۋىرلەنگەن «سۈبهى » قاتارلىق پوۋېستلىرىمۇ كىتاب-
خانلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولدى . زوردۇن سابىر 1980 ـ يىللار-
نىڭ ئاخىرلىرىدا چەت ئەل تۇرمۇشى تېما قىلىنغان «سىزىق ئادەم-
لەرگىلا » ، «ئىشسىزلار تېخىمۇ ئىشچان » ، «باش ـ ئاخىرى يوق
خەتلەر » قاتارلىق بىر يۈرۈش هېكايىلەرنى يازدى . بۇ هېكايىلەرنىڭ
تېمىسى ئۆزگىچە بولۇپلا قالماستىن ، تېخىمۇ مۇهىمى ئۇلاردا پۈتۈن
ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان مەسىلىلەر ، هايات هەققىدىكى پەلسەپىۋى
پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ ، ئەسەرلەرنىڭ مەركىزىي ئىدد-
يىسى ناهايىتى چوڭقۇر . بۇ بىر يۈرۈش هېكايىلەر زوردۇن سابىر
ئىجادىيىتىدە مۇهىم ئورۇن تۇتىدۇ .
زوردۇن سابىر مىلادىيە 1981 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئاۋرال
شاماللىرى » رومانىنى يېزىش جەريانىنى تۇرمۇش بىلەن ئەدەبىياتنى
تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق ۋە
توغرا بىر تەرەپ قىلىشتىكى سىناق جەريانى ، دەپ قارايدۇ . شۇڭا
ئۇ «ناۋادا مەن ‹ئاۋرال شاماللىرى › نى يازمىغان بولسام ، بۈگۈنكى
كۈندە بىر قەدەر ياخشى باهاغا ئېرىشىۋاتقان ئەسەرلەرنىمۇ يازالمىغان
بولاتتىم » دەيدۇ .
زوردۇن سابىر «ئاۋرال شاماللىرى » ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى
يازغان بىر قىسىم هېكايىلىرىدە ئەينى دەۋردىكى ئىدىيىۋى قاراشلار-
نىڭ تەسىرى بىلەن شەكىللەنگەن تارىخىي چەكلىمىلىكلەردىن خالىي
بولالمىغان بولسىمۇ ، ئەمما ئىزچىل هالدا سوتسىيالىزم قۇرۇش
ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان ئاددىي كىشىلەرنى ، جاپالىق ئەمگەكلىرى
ئارقىلىق تەبىئەتنى ئۆزگەرتىپ ئېگىلىك يارىتىۋاتقان ئاق كۆڭۈل ،
ساددا دېهقانلارنى مەدهىيىلىدى . بۇ ئەسەرلەر ئاشۇ تارىخىي رېئاللىق-
نى ئاساسەن توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەنلىكى ئۈچۈن ، ئۇلارنى
شۇ دەۋرنىڭ سىنىپىي ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆگىنىش ،

تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك ماتېرىيال قىممىتىگىمۇ ئىگە دېيىشكە بولىـ-
دۇ .
زوردۇن سابىر شۇنىڭدىن كېيىن «ئىزدىنىش» رومانىنى ،
«سۇبھى» ، «خەيرلىك ئىش» ، «ئارچا ياپرىقى» ، «ۋاپادارلار» ،
«جىگدىلەر پىچىرلايدۇ» ، «قېنى ئۇ باغلار» ، «كەچ كۈز» ، «ئېھ ،
توپىلىق يول» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە پوۋېست ، «باھار بوۋاينىڭ
كۈنلىرى» ، «دولان ياشلىرى» ، «قوشنىلار» ، «تۆمۈر تاپان» ،
«بوش كەلمە تۇرپانلىق» ، «خىيال ۋە سايە» قاتارلىق ئەللىك پارچىغا
يېقىن ھېكايىلەرنى ئېلان قىلدى . بۇ ئەسەرلەر دەۋر قىياپىتىنى ،
ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەربىر تىنىق ۋە نەپىسىنى ئەكس ئەتـ-
تۈرگەندىن تاشقىرى يازغۇچىنىڭ پىشىپ - يېتىلىش جەريانىنىمۇ
دېرەكلەپ بېرىدۇ . چۈنكى ، بۇ ئەسەرلەردە ئاپتور ئىلگىرىكىدەك
نوقۇل ھالدا ۋەقەلەرنى ، ياخشى ئىش ۋە ياخشى كىشىلەرنى خاتىرىلەپـ-
لا قويماستىن ، ھاياتنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە بۇ مۇرەككەپلىكنى قانداق
ئىپادىلەش ھەققىدە ئىزدەندى . جەمئىيەت ھەققىدە ، كىشىلەرنىڭ
خۇشاللىقى ۋە غەم - قايغۇلىرى ھەققىدە ، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر
ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشلىرى ھەققىدە چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلدى . ھەـ-
قىقىي رەۋىشتە ئىنسان خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بىر تۈركۈم روشەن
ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە پېرسوناژلار ئوبرازىنى ياراتتى . بولۇپمۇ
«ئېھ ، توپىلىق يول» پوۋېستىغا ئوخشاش ئەسەرلەر كىشىنى تولىمۇ
ھاياجانغا سالىدىغان ياخشى ئەسەرلەر بولۇپ ، بۇلاردا يېزىلغىنى ھەقىـ-
قىي ئىنسانلاردۇر . بۇلار بىزگە مۇشۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان ، بىز دائىم
كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ئادەملەردەك ياكى بىز زادىلا كۆرۈپ باقمىغان
ئادەملەردەك ؛ بىزنىڭ جىسمىمىزنىڭ بىر پارچىسىدەك يېقىن ، شۇـ-
نىڭ بىلەن بىللە تۇتىمەن دەپ تۇتقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە يىراق
بولۇپ تۇيۇلىدۇ . ئومۇمەن بۇ ئەسەرلەر زوردۇن سابىرنىڭ تالانتىنى
نامايان قىلىپ ، شۆھرىتىنى ئاشۇردى ، يەنى زوردۇن سابىرنى ئۇيغۇر
پروزىچىلىقىنىڭ گەۋدىلىك ۋەكىلىگە ئايلاندۇردى .



ئەسىر ئاخىرىغا كەلگەندە زوردۇن سابىر ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ
ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ، بەدىئىي كامالىتىنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىلىنىـ-
شى ، تارىخ ۋە رېئاللىق ھەققىدىكى ئۇزۇن يىللىق ئويلىنىشىنىڭ
مەھسۇلى سۈپىتىدە «ئانا يۇرت» ناملىق ترولوگىيىسىنى يېزىپ ،
كىتابخانلارغا تەقدىم قىلدى .

## زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

تۆۋەندە بىز ئۇنىڭ كونكرېت بىرقانچە پارچە ئەسىرىنى تەھلىل
قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى
ئۈستىدە توختىلىمىز .
زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلارنىڭ مەنىۋى پائالىيەتلىـ-
رى يەنى ئىچكى كەچۈرمىشلىرى تىپىك ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن دېتالـ-
لار ئارقىلىق يورۇتۇلىدۇ . شۇڭا ، زاماندا‌شلىرىمىزنىڭ مەنىۋى قىياـ-
پەتلىرى تەبىئىي ۋە ئېنىق ئېچىپ بېرىلىدۇ .
مەسىلەن ، «باھار بوۋاينىڭ كۈنلىرى» ھېكايىسىدە ئەمگەكنى
قىزغىن سۆيىدىغان ، كوللېكتىپ مەنپەئىتىنى ئەلا بىلىدىغان باھار
بوۋاينىڭ ئوبرازىنى كىشىنى قايىل بولغۇدەك ۋە ئىشەنگۈدەك قىلىپ
تەسۋىرلەپ بەرگەن . «قوشنىلار» دىكى سالى ، «ئامەت» ھېكايىسىدىـ-
كى بېشىر ، «سۇبھى» پوۋېستىدىكى ئەسئەت قاتارلىق پېرسوناژلار
زاماندا‌شلىرىمىزنىڭ يېڭى قىياپىتىنىڭ ۋەكىللىرىدۇر . بۇ ئوبرازلار
تۇرمۇش مەزمۇنلىرى بېيىغان ، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ مەنىۋى تۇرـ-
مۇش تەلىپى ئۆسۈۋاتقان ، روھىي پائالىيەتلىرى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي
قىلىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋرىمىزگە مەنسۇپتۇر . ئۇلار ئەمگەكچى خەلقىـ-
مىزگە خاس بولغان ئالىي پەزىلەتلەرگە ئىگە ، كوممۇنىستلارغا خاس
بولغان يۈكسەك ئەقىدە ، كوممۇنىزمغا بولغان ئىشەنچكە ئىگە . ئۇلارـ-
نىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ ، ئۇلار ئۆز ئەمەلىيىتى ، كونكرېت ئەمگىكى

ئارقىلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن بايلىق يارىتىۋاتقان قۇرغۇچىلار ، ئېزىلـ
گۈچىلەر ، مانا بۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى دەۋر كىشىلىرىمىزگە ئورتاق
بولغان روھىي قىياپەتتۇر ، شۇنىڭ بىلەن بىللە جامى ، رازاق ، بازدـ
ىلۇۋ قاتارلىقلارمۇ بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدە تېخى بازىرى بار شەخسـ
لەرنىڭ تىپىغا مەنسۇپ بولۇپ ، ئاپتور دەۋر قىياپىتىنى ئىجابىي ۋە
سەلبىي ياقتىن يورۇتقان ، زىددىيەتلەردىن چەتلىمىگەن . شۇڭا ، بۈـ
گۈنكى تۇرمۇشىمىزنىڭ مۇرەككەپلىكى ، چوڭقۇرلۇقى ئەكس ئېتىلـ
گەن . كىتابخانلاردىكى تەسىرات ستېرېئولۇق ۋە چىن بولۇپ ، كۈچـ
لۈك بەدىئىي ئۈنۈمگە ئېرىشكەن . يۇقىرىدا بىز تىلغا ئالغان يېڭى
كىشىلەرنىڭ ئوبرازلىرى يۇقىرىقىدەك ئومۇملۇققا ئىگە بولغاندىن
تاشقىرى ، روشەن ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلەرگىمۇ باي . ھەر خىل
مىجەزلىك ، ھەر خىل تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە ئارزۇ ـ ھەۋەس ،
ھېسسىياتلىرى بار . ھەتتا خاملىقى ، يېتەرسىزلىك ، نۇقسانلىرىمۇ
بار . ئومۇمەن ئۇلار يۈكسەك دەرىجىدە ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان لى يۇيـ
خېچە قەھرىمانلاردىن ئەمەس ، كىشىنى ئۈركۈتىدىغان ، چوقۇندۇرـ
دىغان بۇت ئەمەس ، بەلكى ھەرقايسى ساھەلەردە ، جەمئىيەتنىڭ ھەر
يەرلىرىدە ئۇن ـ تىنسىز داۋراڭسىز ياشاۋاتقان ، ئىشلەۋاتقان كونكـ
رېت كىشىلەرنىڭ خىلىدۇر .

دەۋر روھى دېگەن نېمە؟ بۈگۈنكى قەۋەتلىك بىنالار ، ستېرېئوـ
لۇق كۆۋرۈكلەر ، بىپايان سالا ئېتىزلار ، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش
ماشىنىسى قاتارلىقلار ئەسەردە تىلغان ئېلىنسىلا دەۋر روھىغا ئىگە
بولدى ، دېگىلى بولمايدۇ . مۇھىمى ، ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ روـ
ھىي دۇنياسىدا دەۋرگە ماس كېلىدىغان يېڭىلىقلارنىڭ بار ـ يوقلۇقىـ
دا . زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ
مۇۋەپپەقىيىتى دەل مۇشۇ دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە كۆرۈلـ
دۇ . بۇنىڭدا بىز پەقەت يازغۇچىنىڭ «دولان ياشلىرى» ھېكايىسىنى
كونكرېت تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى .



ھېكايىنىڭ ئاساسىي قەھرىمانى كەنجى . ئۇ «تۆت كىشىلىك
گۇرۇھ» ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ گۈزەل مەنىۋى بايلىقلىرىنى دەپسەندە
قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ قارا قولىنى خەلقنىڭ قەلبىگە ، بولۇپمۇ ياشلارـ
نىڭ ئېڭىغا تىققان ، ھەقىقەت ۋە تارىخ ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ
كەتكەن يىللارغا توغرا كېلىپ قالغان ياش ، بۇ ساپ ۋە ساددا ياشنىڭ
پاك ، كىرسىز قەلبى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ قارا سەپسەتىلىـ
رى بىلەن زەھەرلىنىدۇ . ئۇنىڭ گۆدەك ئېڭىغا ئۇلار تارقاتقان كۆز
قاراشلار سىڭىپ كىرىدۇ . نەتىجىدە ئۇنىڭ نەزەرىدە ئاتا ـ بوۋا ،
ئەجدادلىرى ياراتقان گۈزەل مەدەنىيەت ، نەپىس سەنئەت گويا دەۋر
بېغىغا تېرىلغان بىر سەت كاۋا بولۇپ كۆرۈنىدۇ . ئۇنىڭ سادىق ۋە
نادان ۋۇجۇدىغا سىڭگەن تەربىيە كونا نەرسىگە قارشى بىر ئاجايىپ
قارا كۈچ پەيدا قىلغانىدى . بۇ قارا كۈچ ئۇنىڭغا ھەتتا پەرىجە ـ
يەكتەك كىيگەنلەرنىمۇ سەت ۋە يىرگىنىشلىك قىلىپ كۆرسىتىدۇ .

كەنجى ئوبرازىدا ئەكس ئەتكەن بۇ ئىللەتلەر تارىخىي چىنلىققا
ئۇيغۇن بولۇپ ، دەۋر قىياپىتىدىن دېرەك بەرگەن ، بۇ دەۋر «تۆت
كىشىلىك گۇرۇھ» زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلغان ، جۇڭگو خەلقىگە
ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن بالايىئاپەت كەلتۈرگەن دەۋردۇر . «مەدەـ
نىيەت زور ئىنقىلابى» نى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ھەرقانداق بىر جۇڭـ
گولۇق ئەنە شۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن تراگېدىيىنى ئۇنتۇغىنى يوق ۋە
ئۇنتۇيالمايدۇ . گەرچە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» گۇم بولغان بولسىدـ
ىمۇ ، جىسمانىي جەھەتتىكى جاراھەتلەر ساقىيىپ بولغان بولسىمۇ ،
لېكىن قەلبتە قالغان جاراھەتلەر تېخى ساقايغىنى يوق . بولۇپمۇ ياش
ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جاراھىتى تاكى ھېلىغىچە ئۇلارنى قىيىنىماقتا . مانا
بۇ ھېكايىنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىدۇر . بۇ بىر زور ئىجتىمائىي
مەسىلە .

بىر ئادەم ئۆزى قاتتىق ئىشەنگەن ، قاتتىق ئەقىدە باغلىغان
نەرسىدىن ئوڭايلا قول يۇيۇپ كېتەلمەيدۇ . بولۇپمۇ كەنجىگە ئوخشاش

تۇرمۇشقا جىددىي قارايدىغان ساددا ھەم نادان بالا ئۇچۇن تېخىمۇ
شۇنداق ، ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ مەنىۋى توقۇنۇشلىرد-
ىنىڭ ئۆتكۈر ۋە كەسكىن بولۇشىنى بەلگىلىگەن . شۇ سەۋەبتىن ئۇ
روھىي جەھەتتە ئۇزۇنغىچە ئازابلىنىدۇ . كۆڭۈل ئازادىلىكى بولماي-
دۇ . بولۇپمۇ يېڭى باھار بىلەن قايتا گۈللەنگەن خۇشال ـ خۇرام ،
ئەركىن ، سەنئەتلىك گۈزەللىكلەر بىلەن تولغان يېزا تۇرمۇشى كەڭ-
جىگە روھىي جەھەتتىن بېسىم بولۇپ ، قەلبى ئۆزى ئويلاپ بىر باشقا
ئېلىپ چىقالمايدىغان خىياللار بىلەن خۇددى چىگىشىنى چىقىرالمايدى-
غان بىر كاللەك يىپتەك مالىماتاڭ بولۇپ كېتىدۇ . ئاتا ـ ئانىسىنىڭ
تاپا ـ تەنىلىرى ، ئۆزى توغرا دەپ بىلگەن نەرسىلەرنىڭ ۋەيران
بولۇشى ئۇنى ئازابلايدۇ . بولۇپمۇ ئۇنىڭ قەلبىدە ئاسىدەمگە بولغان
مۇھەببەت تۇيغۇسىنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئۆسۈشى ئۇنىڭ روھىي دۇنيا-
سىدىكى زىددىيەتلەرنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋېتىدۇ . يازغۇچى مۇ-
ھەببەت ۋەقەسى ئارقىلىق كەنجىنى تېخىمۇ كۆپ زىددىيەتلەر ئىچىگە
قويۇپ ئۇنىڭ خاراكتېرىنى يورۇتىدۇ ۋە بۇ مۇھەببەت ۋەقەسىنى
ئۇنىڭ قەلب تۈگۈنىنى ئاچىدىغان ئوبدان ئاچقۇچ قىلىدۇ . ئاپتور بۇ
ئاچقۇچتىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان .

يوشۇرۇن كۆيۈش ، مەخپىي ئازاب بۇ مۇھەببەتنىڭ دەسلەپكى
قەدەملىرى . سىزىۋاتقان سۇرىتىدىكى قىزنىڭ تەقى ـ تۇرقى نېمىش-
قىدۇر ئاسىدەمگىلا ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقىنىڭ ، ئۇيقۇسىنىڭ بۇزۇ-
لۇپ ، ئىشتىھاسىنىڭ تۇتۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى مۇھەببەت
ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن چېغىدا ، كەنجى ئەمدى 2 ـ قەدەمنى بېسىش
ئۈچۈن بەل باغلايدۇ . «خەقلەر خوتۇننى قويۇۋېتىپ قىزلارغا سۆز
قىلالايدىيۇ ، مەن نېمىشقا قورقىمەن ، مەنلا ئېغىزلانسام ئاسىدە چو-
قۇم ماقۇل كۆرىدۇ» دەپ ئۆزىگە تولۇق ئىشىنىدۇ . لېكىن ، كىم
بىلسۇن ، مۇھەببەت تارازىسىنىڭ بىر پەللىسىگە ئۇنىڭ ئەمگەكتىكى
ئىلغارلىقى ، خوتۇن ـ قىزلارغا كۆز سالماسلىقى ، يالغان ئېيتماسلى-



قى ، قولىنىڭ ئەپلىكلىكى ، ئاتا ـ ئانىسىغا كۆيۈنۈشى ، كىتابلارغا
بېرىلىشى ، ئۇستا رەسساملىقى ، يەنە ئاللىقانداق ياخشىلىقلىرى قو-
شۇپ قويۇلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئاسىدەمنىڭ مەيلىنى ئۇتالمايدۇ .
ئاسىدە كەنجىنىڭ «ئۇسسۇل ئوينىماسلىق ، ناخشا ئېيتماسلىق» دەپ
تەكەببۇرلۇق بىلەن قويغان شەرتلىرىگە قاقاقلاپ كۈلۈپ : «سىزنىڭ
ھېچقانداق قىزىققۇچىلىكىڭىز يوق ، سىزگە مەھەللىنىڭ قىزلىرى
‹بۇت › دەپ لەقەم قويۇپتۇ» دەپ تازا كېلىشتۈرۈپ جاۋاب بېرىدۇ .

«شۇنىڭدىن تارتىپ كەنجىنىڭ ئۇيقۇسى كېمەيدى ، تامىقى ئازاي-
دى ، گەپ خۇشياقمايدىغان ، خىيالچان بولۇپ قالدى . ئۇ يېرىم
كېچىدە بېغىغا چىقىپ ، چىت تام ئۇستىدىن ئاسىدەملەرنىڭ بېغىغا ،
ھويلىسىغا ۋە ئۆي دېرىزىلىرىگە ئۇزاق قارايدىغان بولۇپ قالدى . »

چۈنكى ، بۇ ئىككىسى ئىككى خىل خۇسۇسىيەت ، خاراكتېر ،
ئېستېتىكىلىق كۆزقاراشلارغا ئىگە ياشلاردىن ئىدى . كەنجىگە بولغاندا
ئاسىدەمدەك ئاددىي بىر دېھقان قىزىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزگەر-
تىش ، ئۇنى روھىي جەھەتتىن ئۆزگەرتىش ، ئۆز ئېتىقادىغا بويسۇندۇ-
رۇش ئاسانلا بىر ئىش ئىدى . لېكىن ، ئويلىمىغان يەردە ئاسىدە
ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى ئۇسسۇل ۋە سەنئىتىگە تېگىشمەيدۇ .

بۇنىڭ بىلەن كەنجىنىڭ مەنمەنلىكى سۇنۇپ ، ئېغىر روھىي
ئازاب ئىچىدە قالىدۇ . نېمە ئۈچۈن بۇرۇن سېرىق دېگەن نەرسىلەر
گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن دادىسى مۇشۇن-
داق تەرەپتە تۇرىدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن پۈتۈن يۇرت سەنئەتنى ياخشى
كۆرىدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن ئاسىدە ئۆزىنىڭ قەلبىنى چۈشەنمەي ئۇنىڭ
مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلمىدى ؟ مۇھەببەتتىكى بۇ ئوڭۇشسىزلىق ،
ئېغىر كۈنلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا نوقۇل مۇھەببەت مەسىلىسىلا
ئەمەس ، بەلكى ئۆز ئېتىقادى ئۇستىدە جىددىي ئويلىنىپ كۆرمەي
بولمايدىغان ئىدىيىۋى كۈرەش مەزگىلى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ . ئۇ
ئۆز ئېتىقادىدىن گۇمانلىنىشقا باشلايدۇ . ئاپتور بۇ يەردە ئۇنىڭ

روھـي ھالـىتىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرەلىگەن . ئۇنىڭ سەۋد-
يىسى مەسلىسى بىردىنلا ھەل بولۇپ كەتمەيدۇ ۋە ئۇنداق بولۇشمۇ
مۇمكىن ئەمەس . بۇنىڭ ئۇچۇن بىر جەريان كېرەك . ئۇنىڭ مەجبۇ-
ري ۋە نائىلاج ئۇسسۇل ئويىنىشى ، ئاخىرىدا ئۇسسۇل - ناخشىغا
قىزىقىپ قېلىشلىرى كىچىك بالىلاردا ياكى ياشلاردا كۆرۈلىدىغان
ئادەتتىكى ھادىسە ئەمەس (چۈنكى كەنجى مىنىۋى جەھەتتىن زەھەرلەن-
گەن بىر ياش . ئاشۇ يىللارنىڭ مەھسۇلاتى ) . شۇڭا ، ئۇنىڭ ئۆزگى-
رىشى چوقۇم جاپالىق ۋە ئەگرى - توقاي ، كۆپ تەكرارلىق بولىدۇ .
تۇرمۇش مەنتىقىسى ، قانۇنىيىتى مۇشۇنداق . كەنجىنىڭ خاراكتېر
مەنتىقىسى ھەم شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئۆزگىرىش چوقۇم
مۇشۇنداق مۇرەككەپ بولۇشى كېرەك ، يەنى ئالدىنقىسى كېيىنكىسى-
نى بەلگىلىگەن . ئاپتور بۇ يەردە مۇشۇ ئىككى خىل مەنتىقە بويىچە
(تۇرمۇش قانۇنىيىتى ياكى مەنتىقىسى ۋە كەنجىنىڭ خاراكتېر ئالاھى-
دىلىكى بويىچە ) بۇ ئۆزگىرىشنى چىنلىق بىلەن ئىپادىلەپ بېرىپ
كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان .

كەنجى دەسلەپتە ئۇسسۇل ئويىنىماقچى ، ناخشا ئېيتماقچى بولغاندا
تېخى تامامەن ئاڭسىز ئىدى ، يەنى ئامالسىزلىقتىن شۇنداق قىلماقچى
بولغان . پەقەتلا ئاسىدە ئۈچۈن ، ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۈچۈن ئۆز
ئەقىدىسىگە زىت ھالدا مۇشۇ قەدەمنى باسماقچى بولىدۇ . مۇشۇ نىيەت-
كە كەلگەن ، 1 - قەدەمنى بېسىشقا بەل باغلىغان كەنجى گەرچە
ھاراق ، سامسا ئېلىپ مەتياپى ئۇستاز تۇتۇپ كەلگەن بولسىمۇ ، ئۇس-
سۇلنى ئويناۋاتقاندا ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە كۈرەش ناھايىتى جىددىي بول-
دۇ . ئۇ ئىچ - ئىچىدىن خورلۇق ھېس قىلىدۇ . پەقەتلا ھېلىقى
ئىككى سەۋەب تۈپەيلىدىن چىلىق - چىلىق تەرلەپ - پىشىپ ئۇسسۇل
ئويناۋاتقان (ئۆگىنىۋاتقان ) مەتياپنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ بىللە ھە-
رىكەت قىلىدۇ (بۇ يەردىكى ھەرىكەت نائىلاج ھەرىكەت ، ياسالما
رەۋىشتە ئورۇندىلىۋاتقان ھەرىكەت ) .



ناخشا ۋە ئۇسسۇل كىشىنىڭ قەلبىنى ، ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش-
تە ئەڭ قۇلايلىق بىر شەكىل ، بىر ۋاستە ، ناخشا يۈرەكتىن ئۇرغۇپ
چىقىدۇ . ئاشۇ مۇھىت ئىچىدە ئۆسكەن دولانلىقلار سەنئەتنى ئۆزىنىڭ
تۇرمۇشىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان زۆرۈرىيەت دەپ بىلىدۇ . بىز
بۇنى دولان يۇرتىدا ، يېزىلاردا ئېنىق كۆردۇق . نەچچە مىڭ يىللاردىن
بېرى مىللىتىمىز مۇشۇ شەكىل ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئېستېتىكى-
لىق تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەپ كەلدى .

بۇ چاغدا كەنجى خىلۋەت چاغدا باغدا تۇنجى قېتىم ئۆز كۆڭلىنى
ناخشا بىلەن ئىپادىلەيدۇ . بۇ يەردىكى ناخشا كىشىلەرگە ئېيتىپ
بېرىدىغان ، خەقنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان ئەمەس ، بەلكى تاما-
مەن ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى ھېسسىياتنىڭ ئىختىيارسىز ئۇرغۇپ چىقى-
شىدۇر . بۇنىڭدىن بىز كىشىلىك تۇرمۇشتىن ئىبارەت بۇ دەريانىڭ
مەڭگۈ ئۆز ئىزى بويىچە ئاقىدىغانلىقىنى ، ئۇنى ھەرقانداق شەخس
سۇنئىي ھالدا خالىغانچە بۇراپ تاشلىيالمايدىغانلىقىنى ، شۇنىڭدەك
كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە تېڭىلغان روھىي كىشەنلەرمۇ ۋاقىتلىق ھا-
دىسە بولۇپ ، ئادەم ھامانەم بۇ كىشەنلەرنى پاچاقلاپ تاشلايدىغانلىقىنى
ئېنىق كۆرىمىز .

شۇڭا ، كەنجى ئىختىيارسىز ناخشا ئېيتىدىغان بولۇپ قالىدۇ
ھەمدە ئىختىيارسىز ئۇسسۇلغا قىزىقىپمۇ قالىدۇ . چۈنكى ، ئۇسسۇل
ۋە ناخشا ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتىكى ئەڭ باپ ، قۇلايلىق
قورال ، ۋاستە ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلغانىدى . كەنجى سى-
لەرنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىڭلارنى سەزمەي ، سازنىڭ توختاپ قالغانلىقى-
نى بىلمەي ، مەيداندىن چۈشمەي ئويناپ كەتتى . ئۇ تۇنجى قېتىم ئانا
سەنئىتىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى تولۇق ھېس قىلدى . ھېكايە ۋەقە-
لىكى مانا مۇشۇنداق ئىككى خىل ئىدىيىنىڭ ئۆتكۈر زىددىيىتى ، بىر -
بىرىگە تۈپتىن ئوخشاشمايدىغان ئىككى خىل خاراكتېرنىڭ كەسكىن
توقۇنۇشىنى چۆرىدىگەن ھالدا راۋاجلىنىپ سەنئەت ۋە گۈزەللىكنىڭ

ياۋايىلىق ۋە خۇنۇكلۇك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ . بۇ غەلىبە ماھىيەتتە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئالىيجاناب پەزىلەتلىرىنىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تەرغىب قىلغان مەنىۋى پەسكەشلىكلەر ئۈستىدىن ، سەنئەت ۋە گۈزەللىكنىڭ مەنىۋى قۇللۇق ۋە جاھالەت ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسىدۇر .

يازغۇچى ھېكايىدە كەنجى ئوبرازى ئارقىلىق «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ مەنىۋى ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ ، ئەركىن ۋە ئازاد ئادەم سۈپىتىدە يېڭى ھاياتقا قەدەم قويغان مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ يەنى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش كۈرىشى جەريانىدا ئۈزلۈكسىز بارلىققا كېلىۋاتقان سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئېچىپ بەرگەن .

ئەسەرنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى دەپ بىز يەنە ئۇنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئېيتىمىز . مىللىي ئالاھىدىلىكى : پالتاخۇن بىلەن ئۇنىڭ ساددا ھەم ئالدانغان ئوغلى كەنجى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مىللىي سەنئەتنى سۆيۈش ۋە مىللىي سەنئەتتىن يىرگىنىش ، ئۇنى خارلاش بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ پېرسوناژلار تەبىئىي ھالدا مىللىي تۇرمۇشنىڭ قوينىدا ھەرىكەت قىلغان ، مىللىي ئالاھىدىلىك ، مىللىي تۇرمۇش ئۇلارنىڭ خاراكتېرىگە سىڭىپ كىرگەن ، خاراكتېرلەرنىڭ مىللىي تۈسى قويۇقلاشقان .

بۇ ھېكايىدە يەنە دىنىي تۈس ئالغان ئۆرپ ـ ئادەتلەرمۇ تەسۋىرلەنگەن . ئوغلىنىڭ كويىدا پەرۋانە بولۇپ ئەس ـ يادى ئۇنىڭ غېمى بىلەن بولۇپ يۈرگەن ئاسخان ھەدە بىر كۈنى باغدا كەنجىنىڭ خەلق ناخشىسى ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئۇشتۇمتۇت ئاڭلاپ قېلىپ ئۇ قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالىدۇ . ئوغلۇمنى تېگى يوق خىياللار ئېلىپ قويغانمىدۇ ؟ دەپ ئەنسىرەيدۇ . «ئالما قېقى ، ئارچا ياغىچى ، قوي يېغى بىلەن بۇي سېلىۋېتەيمۇ ـ يا ؟ » دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلايدۇ . لېكىن ، ئوغلىنىڭ ساق ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەندىن كېيىن ئانىنىڭ قورقۇنچ



بىلەن تىترىگەن ۋۇجۇدى بىر خىل ھاياجان ۋە خۇشاللىق لەززىتىدىن مەست بولۇپ ئاستا سىلكىنىدۇ . «بالامنىڭ تازا جۇپتىسى ـ دە ، — دەپ پىچىرلايدۇ ئانا . كۆزۈم تەگمىسۇن ، بالىلارنىڭ ئارىسىغا ئىسسىقچىلىق چۈشكەندەك تۇرىدۇ . »

بۇ تەسۋىر ئۆز ئوغلى ئۈچۈن كۆيۈپ ـ پىشىپ يۈرگەن مېھرىبان ئانىنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ تولۇقلايدۇ ۋە ئەسەرنىڭ مىللىي تۈسىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرىدۇ . ئاپتور دىنىي ئېتىقادنى ئىپادىلەيدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنىلا بۇزۇق ئادەملەرگە بېرىدىغان «سول» چىل خاھىشنى يېڭىپ ۋە رامكىنى بۇزۇپ ، ھېكايىنىڭ تۇرمۇش پۇرىقىنى كۈچەيتكەن ، كىشىگە چىنلىق تۇيغۇسى بەرگەن . مىللىي خاراكتېر ، مىللىي تۇرمۇشنى گەۋدىلەندۈرگەن . چۈنكى ، دىن ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن بىر خىل ئېتىقاد شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگە سىڭىپ بارغان ۋە تەدرىجىي سۈرئەتتە بىر قىسىم تۇرمۇش ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن . ئەدەبىيات تۇرمۇشنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى بولغانىكەن ، شۇڭا ئۇ بۇ خىل ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنى چوقۇم ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم . بۇ ھېكايىدىكى ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنىڭ تەسۋىرى ئەسەرنىڭ مىللىي تۈسىنى قويۇقلاشتۇرۇشتا ۋە پېرسوناژلارنىڭ خىلمۇ خىل خاراكتېر ، ئىندىۋىدۇئاللىقىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان .

ئومۇملاشتۇرغاندا ، زوردۇن سابىر ئىجادىيىتىدىكى جانلىق ، يارقىن ئوبرازلار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مۇرەككەپ مەنىۋى پائالىيەتلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق دەۋر روھىنى يورۇتۇپ بېرىش ، ئۆتكۈر ۋە كەسكىن زىددىيەتلەرنى يېزىش ئارقىلىق پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ، ئىندىۋىدۇئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ، چىن ۋە ئىشەنچلىك تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئارقىلىق مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش ، تىل ئىشلىتىشتە ئىجادىيلىقنى قوغلىشىش قاتارلىق خۇسۇسى-

يەتلەرنىڭ ئىپادىلىنىشىنى «دولان ياشلىرى»ناملىق ھېكايىدىن كۆ-
رۈپ ئۆتتۇق . بۇ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلەر «دولان ياشلىرى» دىلا
ئەمەس ، ئۇنىڭ باشقا پروزىك ئەسەرلىرىدىمۇ ، جۈملىدىن ۋەكىللىك
ئەسىرى ــ «ئىزدىنىش» ناملىق رومانىدىمۇ روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ .

## «ئىزدىنىش» رومانى

شىنجاڭدا ھەر ساھە ، ھەر خىل كەسپلەردە ماددىي ۋە مەنىۋى
مەدەنىيەت يارىتىۋاتقان ، ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ، كۈچ ـ
قۇۋۋىتىنى يۈرتىنى گۈللەندۈرۈپ بەختىيار تۇرمۇشنى بەرپا قىلىش-
تىن ئىبارەت تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا بېغىشلاۋاتقان مىللىي
زىيالىيلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيىنىڭ سەمىد-
مىي غەمخورلۇقىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن . مانا مۇشۇنداق زور بىر تۈر-
كۈم زىيالىيلار قوشۇنىنىڭ شەكىللەنگەنلىكى تارىخىي رېئاللىق .
«ئىزدىنىش» رومانى زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئۆسۈش ، ئىزدىنىش جەريا-
نىدىكى ئەگرى ـ توقاي ھايات مۇساپىسىنى چىنلىق بىلەن ئەكس
ئەتتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئال-
دىدا بولسا بۇ تېما ئەدەبىياتىمىزدا كەمدىن ـ كەم يېزىلاتتى . زىيالىي-
لارنى ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى قىلىپ يېزىش ، ئۇلارنى مەدھىيد-
لەش تېخىمۇ ئاز ئىدى . «ئىزدىنىش» رومانى مانا مۇشۇنداق چەكلەن-
گەن رايونغا دادىللىق بىلەن بۆسۈپ كىرگەن . زىيالىيلار تۇرمۇشىنى
ئەتراپلىق يورۇتۇپ بىر تۈركۈم زىيالىيلارنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقد-
يەتلىك يارىتىپ بەرگەن مۇنەۋۋەر ئەسەردۇر .

رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمى ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك قۇرۇ-
لۇش ئىشلىرى ئومۇمىيۈزلۈك باشلانغان ، خەلقىمىز ئېلىمىزنىڭ بى-
رىنچىدىن ئاق ، ئىككىنچىدىن كەمبەغەل قىياپىتىنى تۈپتىن ۋە تېز-
دىن ئۆزگەرتىپ ، ئىلغار ، زامانىۋى دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن



ئاتلانغان تارىخىي باسقۇچنى نۇقتىلىق يازغان بولۇپ ، بۇ باسقۇچتىكى
پارتىيىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ ھەممە كۈچ-
نى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا قارىتىش فاڭجېنى ۋە خەلقىمىزنىڭ
ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش تەلەپلىرى بىلەن بۇ فاڭجېنىنىڭ ئەمەلىيلد-
شىشكە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ، خەلقىمىزنىڭ نورمال ۋە توغرا
تەلەپلىرىنى سۇغا چىلاشتۇرىدىغان «سول» چىل پىكىر ئېقىملىرى
ۋە كونكرېت سىياسەت ، شۇنىڭدەك خىزمەتلەردىكى ھەر تەرەپكە ئې-
غىشلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولۇۋاتقان ماھىيەتلىك زىددىيەتلەرنى
ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن . بەدىئىي تۇرمۇش زېمىنىدا ھەرىكەت قىلد-
ۋاتقان پېرسوناژلارنى مانا مۇشۇنداق ئۆتكۈر زىددىيەت ـ توقۇنۇشلد-
رى ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ تەسۋىرلەپ تەرەققىيات مۇساپىمىزنىڭ ھەر
بىر قەدىمىدىن ، تارىخىي تۇرمۇشىمىزنىڭ تىنىق ـ نەپەسلىرىدىن
دېرەك بەرگەن . شۇڭا ، ئەسەر كۈچلۈك دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە
بولالىغان .

ئەسەرنىڭ ئىككىنچى قىسمى نۇقتىلىق ھالدا خەلققە بالا ـ قازا ،
دۆلەتكە كۈلپەت كەلتۈرگەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ بوران ـ
چاپقۇنلىرىنى سۈرەتلىگەن بولۇپ ، ئەلا قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ ئاچ-
چىق قىسمەتلىرى ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ تېنىدىكى ۋە مەنىۋىيىتىدد-
كى قان تەپچىپ تۇرغان جاراھەتلەرنى سۈرەتلەپ بەرگەن .

زوردۇن سابىرنىڭ ئىككى قىسىملىق بۇ رومانىدا مۇشۇنداق
خېلى ئۇزۇن مەزگىللىك تارىخىي تۇرمۇش مۇساپىسىدە ياشىغان ،
كۈرەش قىلغان ئەلا قاتارلىق زىيالىيلارنىڭ خۇشاللىقى ، غەم ـ
قايغۇسى ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆ-
سۈش ، تېڭىرقاش ، پىشىپ يېتىلىشتەك ئىزدىنىش يولى ئارقىلىق
ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ ، ئىزدىنىش روھىنى مەدھىيىلد-
گەن . قىسقىسى ، ئەڭ جاراڭلىق ، ئەڭ تەسىرلىك ھايات ناخشىسىنى
ياڭراتقان .

«ئىزدىنىش» رومانى تېمىسىنىڭ يېڭىلىقى ۋە ئەھمىيەتلىك بولغانلىقى، تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش مەزمۇنىنىڭ مول، مۇرەككەپ ۋە چىنلىقى، ياراتقان ئوبرازلىرىنىڭ يارقىن ۋە جانلىقلىقى، ئىلگىرى سۈرگەن ئىدىيىۋى پىكىرلىرىنىڭ ئاكتىپ ۋە چوڭقۇرلۇقى، دەۋر روھىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، تىلىنىڭ ئىجادىي ۋە ئۆزگىچىلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇ رومان ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. كەڭ كىتابخانلارنىڭ بولۇپمۇ ياشلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولدى.

ئەسەرنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭدىكى ئوبرازلار ئۈستىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەلا — رومانىنىڭ باش قەھرىمانى بولۇپ، ئەسەردە يورۇتۇلغان ئىدىيىۋى مەزمۇن ئۇنىڭ ھەرىكەت - پائالىيەتلىرى ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئىزدىنىش، ئۆسۈش جەريانى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

ئەلا كىچىكىدىنلا ئاتىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم ئۆسكەن بالا. جاپا - مۇشەققەت، يوقسۇزچىلىق ئۇنى چېنىقتۇرىدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېرىگە قەيسەر، چىدامىلىق بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلەرنى سىڭدۈرىدۇ. غايىگە بولغان تەشنالىق ئەلانى كىچىكىدىنلا بىلىم ئىشقىدىكى پەرۋانىگە ئايلاندۇرىدۇ. بىلىم ئىگىلەش يولىدىكى نەتىجىلەر ئۇنى ئىلھاملاندۇرسا، دەۋرنىڭ تەلپى، پېشقەدەملەرنىڭ تەربىيىلىرى ئۇنىڭ تىرىشىش نىشانىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈگەتكەندىن كېيىن رەھبەرلىكنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئەدەبىيات ۋە تارىخ پەنلىرى بويىچە مەخسۇس تەربىيىلىنىش مەقسىتىدە غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا بارىدۇ. بۇ يەردە ئۇ قېرىنداش مىللەت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەربىيىلىشى ۋە يېتەكلىشى كەسپىي بىلىملەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۈمىدلىك ياش ئىلمىي خادىملارنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ. ئەلا ئوبرازىنى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ:



مەرىپەت ئىزدە ئېرىنمە،
سەرپ ئەتكىن كۈچۈڭنى.
بوياق بىلەن بويىغىچە تېشىڭنى،
بىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىڭنى.

دېگەن بىر كۇپلېت شېئىر بىلەن سۈپەتلەشكە بولىدۇ. ئەلا مانا مۇشۇ خىل خىسلەتنى ئۆزىگە مىزان قىلغان، بارلىقىنى ئىلىم - پەن ئىشلىرى يەنى بىلىم ئېلىشقا بېغىشلىغان غايىگە باي، ئۈمىدۋار ياش زىيالىي. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلىم - پەنگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتى، ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىقى، ئۆگىنىشنى ۋە ئىزدىنىشنى ھاياتىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى، دەپ بىلىدىغانلىقى بىلەن سەپداشلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئەقلى بىلەن ھەممىنى جەلپ قىلىپ كەلگەن مەغرۇر ۋە تەلەپچان قىز گۈزەلئاي بىلەن ئۇچرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىلىم - پەنگە بېرىلگەن قەلبىدە يېڭىچە بىر ئىنتىلىش ۋە ھەۋەس پەيدا بولىدۇ. لېكىن، ئەلا دەسلەپتە ئۆزىدە پەيدا بولغان بۇ تۇيغۇغا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ مۇھەببەت ۋە ياخشى كۆرۈش دېگەن بۇ سۆزلەرگە يوشۇرۇنغان چوڭقۇر ھاياتىي مەنىنى ۋە ئۇنىڭ كىشى قەلبىنى ئەسىر قىلغۇچى غايىۋى كۈچىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. ئۇنىڭچە مۇھەببەت ئىلىم - پەننىڭ دۈشمىنى، ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىشنىڭ زور توسالغۇسى ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ سادىدا چۈشەنچىسى بىلەن كىشىلىك تۇرمۇش ھەقىقىدىكى مۇنداق يۈزە تەسىراتىنى ھايات رېئاللىقىنىڭ شىددەتلىك ئېقىنى ئاسانلا يۇيۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گۈزەلئاينى ئەيىبلەپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگەن ئەلا بىردىن ئۇنى بارلىقى بىلەن ياخشى كۆرىدىغان، ئۆزىنىڭ ھاياتىي ئىستىقبالىنى ئۇنىڭسىز تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان دەرىجىگە

بىرىپ يېتىدۇ . ئۇ ئەنە شۇنداق بىر ئەھۋالدا گۈزەلئاي بىلەن توي قىلىپ ، بەختلىك ئائىلە ئىگىسى بولۇپ ، ئۆزىنىڭ ياشلىق ھاياتىنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى بېسىپ تۈگىتىدۇ . ئەسلىدە ئەلا مۇھەببەتلىك ئائىلىۋى تۇرمۇشتىن ناھايىتى زور ئارام ۋە خاتىرجەملىك ، تۈگىمەس - پۈتمەس رىغبەت ۋە ئىلھام كۈتكەنىدى . لېكىن ، ئائىلىۋى تۇرمۇش ئۇنىڭغا بۇ نەرسىلەرنى بەرمەيدۇ . ئەكسىچە ، ئۇنىڭ گۈزەلئاي بىلەن بولغان غايە ۋە مەقسەت ئورتاقلىقى ئاستا - ئاستا يوقىلىپ ، كۈتمىگەن يېڭى پەرقلەر پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ . گۈزەلئاينىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇش تەلىپىنىڭ يۇقىرىلىقى ، مۇھەببەت ۋە بەخت قارىشىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكى ، ئەلانىڭ غايە ۋە ئىنتىلىشىنى چۈشىنىشتىكى ئاجىزلىقى ، مۇناسىۋەتتىكى مەغرۇر ۋە پەرۋاسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ۋە مۇناسىۋىتىدىكى ھەممە گۈزەل نەرسىلەر ئۆزلۈكىدىن يىمىرىلىشكە باشلايدۇ . ئائىلىۋى ئىللىقلىق ئورنىنى ئاغرىنىش ۋە ئارازلىشىش ، چۈشىنىش ۋە ئۆزئارا يول قويۇش ئورنىنى جاھىللىق ۋە مەنمەنلىك ئىگىلەيدۇ . بۇ ئەمەلىيەتتە غايە ۋە مەقسەتتىكى پەرق ۋە ئوخشىماسلىقنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇش مۇھىتىدىكى ئاشكارىلىنىشى بولۇپ ، ماھىيەتتە ئەلانىڭ ھايات پاجىئەسىنىڭ باشلىنىشى ، ئىلىم - پەن يولىدىكى جاپالىق ئىزدىنىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك ۋە ئوڭۇشسىزلىققا دۇچ كېلىشى ئىدى . بۇ ئۆزىنىڭ ھەممە مەقسەت - ئارزۇسىنى ئائىلىۋى مۇھەببەتكە باغلاپ ، تۇرمۇشنى كىتابلاردىكىدەك تىنچ ، نازاكەتلىك ، گۈزەل ۋە غايىۋى ھالدا چۈشىنىپ كەلگەن ئەلا ئۈچۈن بەكمۇ ئېغىر زەربە بولىدۇ . ئەنە شۇنداق بىر چاغدا ئۇنى تېخىمۇ زور يېڭى بىر ھايات پاجىئەسى كېلىپ باسىدۇ . ئۇنىڭغا ئۆزۈندىن بېرى ھەسەت قىلىپ كەلگەن قارانىيەت رەقىب ئۇنىڭ پېشقەدەم زىيالىي ساۋۇت ئەپەندى بىلەن بولغان ئىلمىي مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ ، ئۇنى گۇمانلىق سىياسىي پائالىيەتتە بولۇپ كەلگەن «ئاق مۇتەخەسسىس» قىلىپ ياساپ چىقىپ ، يىراق گەنجا يايلىقىغا



ئىدىيە ئۆزگەرتىشكە ئەۋەتىۋېتىدۇ . بۇ يېڭى زەربە ئەلانىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ ، ئۇنى پۈتۈنلەي يېتىم ۋە بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ . لېكىن ، تەقدىرنىڭ ئەلاغا بولغان شەپقەتسىزلىكى بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ . رەقىبىنىڭ ئالدىشى ۋە دەپسەندە قىلىشى بىلەن ھايات ئىستىقبالىنى يوقاتقان ئادىلە ئەلادىن ئۆزىنىڭ گۇناھسىز نارەسىدىسىگە ئىگىدارچىلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ . ئەلا ئادىلە ئوتتۇرىغا قويغان پاك ۋە نومۇسقا بېرىپ تاقىلىدىغان بۇ ئېغىر مەجبۇرىيەتنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇھەببەت ، سىياسەت ۋە ئەخلاقتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئازاب ئاستىدا قىينىلىش تەقدىرىگە دۇچ كېلىدۇ . نېمە قىلىش كېرەك ؟ بۇ ئازابلىق ھايات بىلەن خەيرلىشىش كېرەكمۇ ؟ ئىلىم - پەن يولىدا ئاخىرغىچە ئىزدىنىش كېرەكمۇ ياكى رەھىمسىز تەقدىر ئالدىدا تىز پۈكۈپ ھەممە ھاياتىي غايىلەردىن بىر يولىلا كېچىش كېرەكمۇ ؟ ياق ، يەنىلا ياشاش ، غايە ۋە ئىستىقبال يولىدا تىنىمسىز ئىزدىنىش كېرەك . ھايات دولقۇنلۇق دېڭىزغا ئوخشايدۇ . ئۇنىڭدا بەختلىكلەرمۇ ، بەختسىزلەرمۇ بولىدۇ . مۇبادا بەختسىزلەر ھاياتنى چىن قەلبىدىن سۆيۈپ ، ئۆزىدە بارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بېرىشنى بىلسە ، ئۇلارمۇ خۇددى بەختلىكلەرگە ئوخشاشلا ئۇنىڭدىن چەكسىز لەززەت ۋە خۇشاللىق تاپالايدۇ . ھاياتنى يېڭىلاش ۋە ئۆزگەرتىشكە قادىر بولغان شىجائەتلىك ئادەملەردىن ، بەخت ۋە گۈزەللىكنىڭ ياراتقۇچىلىرىدىن بولالايدۇ . ئەلاغا ئەنە شۇنداق ئوي - پىكىرلەر تەسەللى ۋە ئىلھام بېرىدۇ . ئۇ يېڭىچە بىر ئىرادە بىلەن تۇرمۇشقا ياندىشىپ ، پاجىئە ۋە بەختسىزلىكنى چىدام بىلەن بېسىپ ئۆتۈپ ، غايە ۋە ئىرادىنىڭ يېڭى ، نۇرلۇق پەللىسىگە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ . ئۇ پاجىئەلىك تەقدىر ئالدىدا تىز پۈكۈش يولىنى ئەمەس ، بەلكى ياشاش ۋە ئىزدىنىش يولىنى ، ئىلىم ۋە غايە يولىنى تاللىۋالىدۇ .

ئاپتور روماندا ئەلانى ھەر خىل زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار ئىچىگە

باشلاپ كىرىدۇ . قاتمۇ قات ئازاب ۋە بەختسىزلىكلەر مۇھىتىغا باشلاي-
دۇ . ھاياتنىڭ مۇرەككەپ تېپىشماقلىرى بىلەن ئۇنى قىينايدۇ ، ئۇنى
كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇك ، پاكلىق بىلەن
رەزىللىك ، چىنلىق بىلەن ساختىلىق ، ئالىيجانابلىق بىلەن ساتقۇنلۇق
ۋە مۇناپىقلىق ئارىلىشىپ كەتكەن زىددىيەتلىك كۆرۈنۈشلىرى بىلەن
ئۇچراشتۇرىدۇ . ھاياتنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ، ئىلىم - پەن يولىنىڭ
تەكشىسىزلىكىنى جانلىق گەۋدىلەندۇرۇپ ، ئەلانىڭ قەلب گۈزەللىكى-
نى ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدۇ . نەتىجىدە ، ئەلا كىشىلەر-
نىڭ پىكىر ۋە نۇقتىئىنەزەرى كەڭ ، ھايات ۋە كىشىلەرنى چۈشىنىشى
چوڭقۇر ، كەلگۈسىگە بولغان مۇھەببىتى قايناق ، ئىلمىي ئىزدىنىش
غايىسى بىلەن مەنىۋى مۇكەممەللىككە ئىنتىلىش روھى تولۇپ تاش-
قان ئالاھىدە تىپتىكى يېڭى ئادەم بولۇپ گەۋدىلىنىدۇ .

تۇرمۇش مۇشەققەتلىك ، ئەگرى - توقاي بولغان ئۇزۇن مۇساپە .
ئەلا مانا بۇ يولدا نۇرغۇن ئەگرى - توقايلىقنى بېسىپ ئۆتۈپ ھەم
بەختكىمۇ ئېرىشىدۇ ، ھەم ئازاب ۋە بەختسىزلىكلەرگىمۇ يولۇقىدۇ .
مەسىلەن ، ئەلا تۇرمۇشقا قەدەم قويۇشى بىلەن تەڭلا ئۆز سەپداشلىرىغا
زادىلا نېسىپ بولمايدىغان ئوبدان تەشكىلىي ئېتىبارغا ، كەم تېپىلىدى-
غان گۈزەل ۋە نازاكەتلىك بىر قىزنىڭ پاك ۋە سەمىمىي مۇھەببىتىگە
ئېرىشىدۇ . لېكىن ، ئەلانىڭ ھاياتىي مەقسىتى يالغۇز بەختلىك ئائى-
لىگە ئېرىشىشلا ئەمەس ئىدى . ئۇ غايە ۋە ئەقىدە ئىگىسى بولۇپ ،
ئۆز خەلقى ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىشنى ، ئۆزىنىڭ جاپالىق ئىجادىي
ئەمگىكى ئارقىلىق ھاياتنى يېڭىلاش ۋە ئۆزگەرتىش ئىشىغا مۇناسىپ
تۆھپە قوشۇشنى خالايتتى . دەل مۇشۇ نەرسە يەنى غايە ۋە مەقسەتكە
ئېرىشىش يولىدىكى تىنىمسىز ئىزدىنىش ئۇنى كەسپىي شۆھرەتتىن-
مۇ ، ئائىلىۋى بەختتىنمۇ مەھرۇم قىلدى . دېمەك ، ئەلانىڭ ھايات
پاجىئەسىگە ئۇنىڭ مۇھەببەت ۋە ئائىلىۋى ھەۋىسى ئەمەس ، بەلكى
ئىلىم - پەن يولىدىكى غايىۋى ئىزدىنىشى سەۋەب بولدى . بىراق ئۇ



بەختسىزلىكلەر ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىدى . ئۇنىڭ قەلبى
قانچە ئازابلانغان ، يارا بولغان بولسۇن كۆز ئالدىدىكى رېئاللىققا توغرا
قاراپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى . كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن قارىدى . ئۆزىنىڭ
ئۇلۇغۋار پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىزدىنىشنى توختات-
مىدى . روماندا يەنە ئەلانىڭ مۇھەببەت ۋە ئائىلە قارىشىغا ئائىت
بولغان مەزمۇنلار ئۇنىڭ ئىلىم - پەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى
بىلەن يېڭىچە مەنىۋى پەزىلەتلىرىنى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندۇرۇپ
بېرىدۇ . ئەلانىڭ مەنىۋى دۈشمىنى بولغان رەقىپ ئۇنى تەشكىلىي
تەرەپتىن يېڭىپ ئائىلىسىدىن ئايرىۋەتكەندىن كېيىن ، گۈزەلئاينىڭ
مەنىۋى ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ ، ئۇنىڭغا ساختا شەپقەت ۋە يالغان
ھېسداشلىق قىلىپ ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋالىدۇ ھەمدە ھەر
خىل ۋاستىلەر ، جۈملىدىن ۋەز - نەسىھەتلەر ئارقىلىق ئۇنى قايمۇق-
تۇرۇپ ئەلاغا نىسبەتەن ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىنى پەيدا قىلىدۇ .
ئەلانىڭ بەختلىك ئائىلىۋى تۇرمۇشىنى بۇزىدۇ . ئەسلىدە ، بۇ مۇھەب-
بەت ۋە نىكاھ مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى ئەنئەنىۋى مىللىي ، ئەخلا-
قىي قاراشلارغا يات بولغان ئەرلىك نومۇسى بىلەن ئائىلىنىڭ ئىززەت -
نەپسىگە بېرىپ تاقىلىدىغان بىرخىل نەپرەتلىك قىلىق ئىدى . بۇنىڭ
ئۈچۈن ئەلا رەقىبتىن كېلىشتۈرۈپ ئۆچ ئېلىشى ، ئۇنىڭ يىرگىنىش-
لىك ئەپت - بەشىرىسىنى خەلقئالەم ئالدىدا ئاشكارىلاپ ، ئۆزىنىڭ
ئائىلىۋى مۇھەببىتىنىڭ پاكلىقىنى قوغدىشى لازىم ئىدى . لېكىن ،
ئەلا بۇنداق قىلمايدۇ . ئۆزىنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىنىڭ بۇزۇلغانلىقى-
نى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ يەنىلا سۈكۈت قىلىش پوزىتسىيىسى تۇتۇپ ، بۇ
زىددىيەتتىن مەقسەتلىك ھالدا ئۆزىنى تارتىدۇ . بۇنداق بولۇشىغا
ئەلانىڭ خاراكتېر ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن ئۇنىڭ مۇھەببەت ۋە نىكاھ
مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى يېڭىچە قاراشلىرى سەۋەب بولىدۇ . ئەلا
پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىلىم - پەنگە بېرىلگەن ، ئۆگىنىش ۋە ئىزدى-
نىشكە بارلىقىنى بېغىشلىغان ئىلمىي خادىم . بۇ ئۇنىڭ خاراكتېر

ئالاھىدىلىكىنىڭ يادروسى . ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلى-
كىگە سادىق بولماي ، رەقىبتىن ئۆچ ئېلىش يولىغا كىرىپ تەشكىلىي
دەۋالار بىلەن جېدەل - ماجىرالار مۇھىتىدا لەيلەپ يۈرسە ، ئۇ چاغدا
ئۇ ئۆزىنىڭ غايىۋى مەقسىتىدىن يىراقلىشىپ ، ئىلىم - پەن خادىمى-
دىن سىياسىي كۈرەش ئادىمىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ . بۇ چاغدا ئەلا ئەلا
بولماي قالىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن ، ئەلا بۇ ئىشتا گۈزەلئاينىڭ
پىكرىگە ، رايىغا ھۆرمەت قىلىدۇ . ئۆز ئىرادىسىنى ئۇنىڭغا زورلاپ
تېڭىشنى ، ئۆزىنى مەجبۇرىي ياخشى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىشنى ، ئۇنى
ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ئەرلىك ھۆكۈمى ئاستىدا تۇتۇشنى خالى-
مايدۇ . بۇنداق قىلىشنى ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمىگە قىلىنغان
ھاقارەت ۋە ھۆرمەتسىزلىك دەپ ھېسابلايدۇ . چۈنكى ، ئۇنىڭ نەزىرىدە
ئايال كىشى ئۆمۈر بويى ئەرنىڭ ئىرادە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشاي-
دىغان مەنىۋى قۇل ئەمەس . ئۇمۇ ئەرلەرگە ئوخشاشلا تىرىك ئادەم .
غايە ۋە ئىستەك ئىگىسى . ئۇ ياخشى كۆرۈش ھوقۇقىغىمۇ ، نەپرەتلى-
نىش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە . ئۇنىڭدا خالاش ۋە ئىنتىلىش ، چېكىنىش
ۋە رەت قىلىش ئەركىنلىكى بار . ئەلا گۈزەلئاينىڭ رەقىب بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتىگە ئۆزىنىڭ مۇھەببەت ۋە نىكاھ مەسىلىلىرى توغ-
رىسىدىكى مۇشۇنداق يېڭىچە قاراشلىرى بويىچە مۇئامىلە قىلىدۇ .
قارىماققا بۇ ئەلانىڭ بوشاڭلىقى ۋە ئىرادىسىزلىكىدەك كۆرۈنسىمۇ ،
ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھايات قانۇنىيەتلىرىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن تۇرمۇش
مۇرەككەپلىكلىرىنى ئەمەلىي ھېس قىلىپ يەتكەن ، ئەنئەنىۋى ئەخلاق
قاراشلىرىنىڭ بېسىمىدىن خالىي ئەركىن پىكىر ئىگىسى بولغان يې-
ڭىچە بىر ئادەمنىڭ مەنىۋى گۈزەللىكى بىلەن ھاياتىي قەتئىيلىكىنى
روشەن ئېچىپ بېرىدۇ .

ئەلا يەنە دوستلۇقنى قەدىرلەيدۇ . ئۇ ھاشىر بىلەن پىكىر جەھەت-
تە بەزىدە توقۇنۇشۇپ قالسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇ-
قىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ . ئادىلە رەقىب تەرىپىدىن دەپسەندە



قىلىنىپ ، ئىززەت - ئابرۇيى يەرگە ئۇرۇلۇش ئالدىدا ئۇ ياردەم
قولىنى سۇنىدۇ .

قىسقىسى ، ئەلا ئۆزىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن يېڭى
بىر ئەۋلاد ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئىلىم - پەن ئۈچۈن بارلىقىنى
بېغىشلاشتەك قەيسەر ئىرادىسىنى نامايان قىلدى . «پولات قانداق
تاۋلاندى» رومانىدىكى پاۋىل كورچاگىن ئەينى دەۋردە كەڭ ياشلارنىڭ
ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇپ قالغىنىدەك ، «ئىزدىنىش» رومانىدىكى
ئەلامۇ مۇشۇ دەۋردىكى كەڭ ياشلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇپ
قالدى . ياشلىرىمىزنىڭ بۇ رومانىنى قولىدىن چۈشۈرمەي سۆيۈپ ئو-
قۇشلىرىنىڭ سەۋەبى دەل مۇشۇ يەردە ، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ئوبراز-
لارنىڭ ناھايىتى يارقىن ۋە جانلىق قىلىپ يارىتىلغانلىقىدا .

ئاپتور ئەلا ئوبرازىنىڭ تېخى ئۆسۈپ يېتىلىش ، تولۇقلىنىش
باسقۇچىدىكى ھەرىكەت - پائالىيەتلىرىگە يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمى-
يەت بېرىپ تەسۋىرلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئاساسىي
تەرىپىنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىللارنىلا ئەمەس ، بەزى يېتەرسىز-
لىكلىرى ، خاملىقى ، گۆدەكلىكى قاتارلىق تەرەپلىرىنىمۇ يازغانلىقى
ئۈچۈن بۇ ئوبراز خۇددى ھايات ئادەمدەك كۈچلۈك تەسىرات پەيدا
قىلالايدۇ . ئەسەردىكى ئەلانىڭ مۇھەببەت مەسىلىسىدىكى بىر تەرەپلى-
مە قاراشلىرى ، رەقىب بىلەن بولغان كۈرەشلەردىكى كەڭ قورساق ،
«ئەپۇ»چانلىقى ، تۇرمۇش زىددىيەتلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ، تىنىچ
ئۆيگە ، يېزىقچىلىق ئۈستىلىنىڭ ئالدىغا ئىنتىلىشلىرى ، بۇ پېرسو-
ناژنىڭ جېنىغا جان ، قېنىغا قان قوشۇپ ، گۆش ۋە ئۇستىخىنى ،
جان ۋە قېنى بار جانلىق ئادەمگە ئايلاندۇرغان .

ھاشىر — بۇ روماندا باش قەھرىمان ئەلاغا ياندىشتۇرۇپ تەس-
ۋىرلەنگەن پېرسوناژ بولۇپ ، بۇ ئوبرازمۇ ئىنتايىن جانلىق ئىندىۋى-
دۇئال خاراكتېرگە ئىگە قىلىنىپ يارىتىلغان .

ھاشىرنىڭ مۇستەقىل كۆزقارىشى ، ئىدىيىۋى خاراكتېرى باش-

تىن - ئاياغ ئەلاغا سېلىشتۇرۇلۇپ ، ئەلانىڭ خاراكتېرىنى ھەر تەرەپلىمە ئېچىپ بېرىشكە ياخشى ماسلاشتۇرۇلغان ، ئۇ تەلەپچان ، سەمىمىي ، ئىرادىلىك ، ياخشى يىگىت ، ماھىيەت جەھەتتە ئەلا بىلەن ئوخشاش . لېكىن ئۇ «سول» چىل ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرىگە ھەم زەھەرلىنىشىگە ئۇچرىغان بولغاچقا ، ئەلادىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ . ئۇنىڭ مۇھەببەتكە ، ھاياتقا بولغان كۆزقاراشلىرى ئەلاغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ . يەنى ئەلا مۇھەببەتنى : «گۈزەل ھېسسىياتنىڭ مېۋىسى» دەيدۇ . ھاشىر بولسا : «پۇتقا چۈشەك ، مەنبەسى شەخسىيەتچىلىك» دەپ قارايدۇ . يەنە ئەلا كىتاب ئوقۇشنى : «مەنىۋى بايلىقنىڭ ئاساسى» دېسە ، ھاشىر بولسا : «... جاپادىن قېچىش ، چىڭ تارتىلغان ھايات سىملىرىنى بوشاشتۇرۇش» دەيدۇ . ئۇ ھەتتا گېزىت ۋە سىياسىي كىتابلاردىن باشقىسىنى ئوقۇمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ . ھاشىرنىڭ قارىشىچە «ئۆزىگە ئوخشاش ئۈچىنچى ئەۋلادنىڭ ۋەزىپىسى بىلىمنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئۆرلەش ئەمەس ، بەلكى مول مەھسۇلات ئۈچۈن دۈشمەنلەرنى يوقىتىش ، جۇڭگولۇقنى باشقىلارغا بوزەك قىلدۇرماسلىق ئۈچۈن پولات زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى بولۇش ...»

ئومۇمەن ئېيتقاندا ، «پاكىز ئۆيلەردىن چىقىپ ، چاڭ - توزان ئىچىگە كىرىش . » شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ ھەر كۈنى پۇت - قوللىرىنى ئالالمىغۇدەك جىسمانىي چارچاش بىلەن ئورنىغا كىرمىسە ئىچى پۇشىدۇ . ئۇ «ئۇلۇغ مەقسەتنى كۆزلىگەن ئادەمنىڭ ھېسسىياتقا ، شەخسىي ھەۋەسكە بېرىلىشى ئىرادىسىزلىك» دەپ قارىغانلىقتىن رازىيەنىڭ ساپ ۋە قىزغىن مۇھەببىتىگە سوغۇق قەلب بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ ، قىزنى ئازاب ، ھەسرەت ، چۈشكۈنلۈك دېڭىزىغا ئىتتىرىدۇ . بىز ھاشىرنىڭ ئەلاغا يازغان خېتىنىڭ مەزمۇنىدىن ئۇنىڭ بۇ خىل خاراكتېرىنى تېخىمۇ روشەن كۆرۈۋالىمىز . ھاشىرنىڭ خاراكتېرىدە يۇقىرىقىدەك يېتەرسىزلىكلەر بولسىمۇ، بىز ئۈچۈن يەنىلا ئىنتايىن سۆيۈملۈك تۇيۇلىدۇ ھەم ئىختىيارسىز ھالدا ھېسداشلىقىمىزنى قوزغايدۇ .



روماندا يەنە شۆي شۈجى ، ما جۈرېن ۋە گىدىڭ جامسۇ قاتارلىق پارتىيىنىڭ قابىل ۋە ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە بىر قىسىم كادىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ چىققان ھەم مۇشۇ ئارقىلىق تەشكىلنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئىگە بولغاندىلا ئاندىن ئىلىم - پەن خادىملىرىنىڭ ھەم زىيالىيلارنىڭ ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىلمىي ھەقىقەتنى ئوبرازلىق ھالدا ئىپادىلەپ بەرگەن .

ئاپتور روماندا يەنە «نە ئۆي ، نە شەخسىي ھالاۋەت بىلەن ھېسابلاشماستىن ، خەلقىمىزنىڭ كەلگۈسى ، مەدەنىيىتى توغرىلىقلا ئويلايدىغان ، پۈتۈن ھاياتىنى ئەدەبىيات ۋە تارىخ تەتقىقاتىغا بېغىشلىغان» ساۋۇتوۋ ئوبرازىنى ، قۇرماش ، تاش ، رازىيە قاتارلىقلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىقتا ئىگە ئوبرازىنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ ، ئەسەردىكى ئاساسلىق پېرسوناژنى ياخشى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان .

ئەسەردە يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىر قىسىم سەلبىي پېرسوناژلار ئوبرازىمۇ يارىتىلغان بولۇپ ، رەقىب ئەنە شۇلار ئىچىدىكى ئاساسلىق شەخستۇر . رەقىب — كەيىپ - ساپالىق تۇرمۇش مۇھىتىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان ، بۇ خىل مۇھىت ئۇنىڭ خاراكتېرىدە چىدامسىزلىق ، مەنپەئەتپەرەسلىك ۋە ھىيلىگەرلىككە ئوخشاش ئىللەتلەرنى يېتىلدۈرۈشكە ئاساسىي تۈرتكە بولىدۇ . ئۇ يەنە كېلىپ ئەلانىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى بولسىمۇ ، لېكىن ئەلانىڭ زېرەك ، ئۆتكۈر ۋە تىرىشچانلىقىغا ھەسەت قىلغاچقا ، كىچىكىدىن باشلاپلا ئۇنىڭغا نىسبەتەن چىش - تىرنىقى بىلەن ئۆچمەنلىك ھېسسىياتىدا بولىدۇ .

روماندىكى سەلبىي پېرسوناژلار ئىچىدە ئۇنىڭ ئوبرازى ئەڭ جانلىق يارىتىلغان . ئاپتور بۇ ئوبرازنى سەلبىي پېرسوناژ دەپ قاراپ ئاددىيلاشتۇرۇپ قويمىغان . رەقىب ئەلانىڭ ئالدىدا ئۇنى يۈزمۇ يۈز ماختاپ ئۇچۇرىدۇ . لېكىن ، سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ قويۇپ ، ئۇنىڭغا

يوشۇرۇن سۈيىقەست پىلانلايدۇ. ماددىي جەھەتتىن ئەلاغا ئانچە ـ مۇنچە ياردەم بېرىپ قويۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ «كۆيۈمچان دوستى» قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ ـ دە، چاندۇرماي تۇرۇپ زىيانكەشلىك قىلىدۇ.

يازغۇچى بىر تۈركۈم دېتال، ئېپىزوتلار ئارقىلىق ئۇنىڭ سۈيىقەستچىلىك، ھىيلە ـ مىكىر جەھەتتىكى «قابىلىيىتى» نى كۆرسەتسە، پىسخىك تەسۋىرلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ ۋەھشىي ـ رەزىل قىياپىتىنى روشەن ئېچىپ بېرىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قارشىسىدىكى ئوبراز ئەلا خاراكتېرىنىڭ تېخىمۇ يارقىن گەۋدىلىنىشىگە كەڭ زېمىن ھازىرلايدۇ.

ئاپتور يەنە پۇل، مەنسەپ، ئابرۇي قوغلىشىپ يۈرۈيدىغان ۋە ئۆز بەختىنى ئەنە شۇلاردىن ئىزدەيدىغان ساددا قىز — ئادىلەنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنىمۇ خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ بەرگەن. مانا بۇ خىلمۇ خىل پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازلىرى ئەسەرگە ئاجايىپ كۈچلۈك ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتكەن.

رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمى 1 ـ شەخس تىلىدا يەنى «مەن» نىڭ بايانى، «مەن» نىڭ يازغان، تاپشۇرۇۋالغان خەت ـ چەكلىرى، يازغان ـ ئوقۇغان شېئىر ـ نەزمىلىرى قاتارلىقلار ئارقىلىق باش قەھرىمان ئەلانىڭ ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىنى، گۈزەللىككە، مۇھەببەتكە تەلپۈنۈش ھېسسىياتىنى، ئىنچىكە ۋە نازۇك پىسخىك تەۋرىنىشلىرىنى خېلى تولۇق ئىپادىلەپ، ئەلانىڭ روھىي دۇنياسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتۇپ بەرگەن. رومانىنىڭ ئىككىنچى قىسمى 3 ـ شەخس تىلى ئارقىلىق ئەلانىڭ كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىپ ئۇنىڭ ئېتىقاد ۋە ئىشەنچلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئىزدىنىش روھىنىڭ ھايات ئىمتىھانلىرىدىكى ئىپادىلىرىنى سۈرەتلەپ بەرگەن. دېمەك، ئاپتور بايان ئۇسۇلىنى ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان مەزمۇنىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ تاللىۋالغان ۋە بېكىتكەن.

ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىدا بولسا ئەلانىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىن



ئىبارەت ھايات مۇساپىسىنى، ئىزدىنىش يولىنى سۈژېتنىڭ تەرەققىيات لىنىيىسى قىلىپ تۇرۇپ بۇ لىنىيىنى تاكى ئىككىنچى قىسىمغىچە ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان. ئەسەردىكى پۈتۈن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى، باشقا پېرسوناژلارنىڭ سەرگۈزەشتلىرى مانا مۇشۇ خىل غول لىنىيىگە ياندىشتۇرۇلغان ھالدا بايان قىلىنغان. ئاپتور ئەسەردە مۇرەككەپ ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى يېزىشنى مەقسەت قىلىۋالمىغان، دىققەت ـ ئېتىبارىنى ۋەقەنىڭ جەريانىنى مۇپەسسەل بايان قىلىشقا قاراتمىغان، بەلكى ۋەقەلىك ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلەشنى، ئۇلارنىڭ خىلمۇخىل مۇناسىۋەتلەر ئىچىدىكى مەزمۇنغا باي ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشقان. يۇقىرىقىلار رومانىنىڭ ئەڭ مۇھىم نەتىجىلىرىدۇر.

روماندا يۇقىرىدا شەرھلەنگەن ئارتۇقچىلىقلار بىلەن بىللە قىسمەن يېتەرسىزلىكلەرمۇ مەۋجۇت. بۇ يېتەرسىزلىكلەر ئەلا ئوبرازىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ قانائەتلىنەرلىك ھالدا يورۇتۇلمىغانلىقىدا، ئۇنىڭ قىسمەن سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىنىڭ تەبىئىي ۋە مەنتىقىلىق بولماسلىقىدا، ئۇنىڭدا ئىجادىي پىكىرنىڭ كەم بولۇشىدا، يەنە شۇنداقلا بەزى تەپسىلاتلارنىڭ چىن بولالماسلىقىدا كۆرۈلىدۇ.

## «ئانا يۇرت» رومانى

ئەسىر ئاخىرىغا كەلگەندە زوردۇن سابىر ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى، بەدىئىي كامالىتىنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىلىنىشى، تارىخ ۋە رېئاللىق ھەققىدىكى ئۇزۇن يىللىق ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە «ئانا يۇرت» ناملىق تىرىلوگىيىسىنى يېزىپ، كىتابخانلارغا تەقدىم قىلدى.

«ئانا يۇرت» رومانى — زوردۇن سابىرنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخىدا مەيدانغا

چىققان مۇنەۋۋەر رومانلارنىڭ بىرى . بۇ رومان ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا
مەيدانغا كەلگەن تۇنجى ۋە يىرىك ئېپوس خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ ،
ئۇنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان مۇۋەپپەقى-
يىتى ۋە ئالاھىدىلىكى — ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زامان
ھاياتىنىڭ ئېپوس خاراكتېرىدە تارىخىي يوسۇندا ، ناھايىتى كەڭ ،
چوڭقۇر ، ماھىيەتلىك ، شۇنداقلا بەدىئىي يۈكسەكلىك پەللىسىدە
ئەكس ئەتكۈزۈلۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . يازغۇچى بۇ روماندا ئەسەر
باش قەھرىمانى نۇرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى ئاساسلىق سۇ-
ژېت لىنىيىسى قىلىش ئارقىلىق ، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارى-
خىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان « ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى » نىڭ
پارتلىشىدىن تارتىپ ئاخىرلىشىشىغىچە بولغان بىر پۈتۈن جەريانىنى
تارىخىي ھەم بەدىئىي يوسۇندا تەسۋىرلىگەن . يازغۇچى بىر تەرەپتىن
رومانىنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولغان ، « جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك
ئىنقىلابىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى » — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقى-
لابىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى ، ئەگرى - توقاي ، مۇرەككەپ
تارىخىي مۇساپىلىرىنى ماركسىزملىق تارىخىي قاراشنىڭ يېتەكچىلى-
كىدە ، مول تارىخىي ماتېرىياللار ۋە تارىختا ماس بەدىئىي توقۇلمىلار
ئاساسىدا نۇقتىلىق بايان قىلىپ ، ئەسەرنى كۈچلۈك تارىخىي چىنلىق
تۇسىگە ئىگە قىلغان . يەنە بىر تەرەپتىن يازغۇچى باي توقايدىن
ئىبارەت ئەسەر باش قەھرىمانى نۇرى ئۆسۈپ چوڭ بولغان تىپىك
ماكاندىكى ئىجتىمائىي ھاياتنى ۋە ئەينى دەۋردىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي
قاتلام ۋە تەبىقىدىكى ، ئىنقىلابقا ھەر خىل مەقسەت - مۇددىئالار
بىلەن ، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە قاتناشقان كىشىلەرنىڭ بەدىئىي
ئوبرازىنى يارىتىپ ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ،
ئارزۇ - ئارمانلىرىنى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئەكس ئەتتۈ-
رۈپ ، شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى
چىنلىق بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن . بۇ روماندا « باي توقاي يېزىسى-



دىكى ھەممە ھاياتىي بەخت ۋە ئىنسانىي غۇرۇرىنى ئۆزىنىڭ ئاشۇ
كىچىككىنە مەھەللىسى بىلەن ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادىتىدە ھېس قى-
لىشقا ئادەتلەنگەن يىگىرمە توققۇز ئۆيلۈك ساددا دېھقان ھاياتىنى
قانچىلىك مۇھەببەت ۋە سۆيۈنۈش بىلەن تەسۋىرلىگەن بولسا ، ئۆز
دەۋرى ئۈچۈن بىر مۆجىزە ھېسابلىنىدىغان ، ئالاھىدە ئەقىل - پارا-
سىتىگە تايىنىپ ياۋروپانىڭ زامانىۋى سانائىتى بىلەن ئىلغار پەن -
مەدەنىيىتىنى ئېلىپ كىرگەن ئوقۇمۇشلۇق كارخانىچى ۋە زىيالىيلار-
نىمۇ شۇنچىلىك قىزغىنلىق بىلەن گەۋدىلەندۈرگەن . ئىسلام مەدەنى-
يىتى روھىدا تەربىيىلەنگەن ، ھايات ھادىسىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئېتىقاد
ۋە چۈشەنچىسى بويىچە مۇھاكىمە قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئوقۇمۇشلۇق
دىنىي زاتلارمۇ ، ئۆز خەلقىنىڭ ھۆرمەت ۋە ئىشەنچىسىنى ھەممىدىن
ئەلا بىلىدىغان چوڭقۇر پىكىرلىك يەرلىك ئەمەلدارلارمۇ ، مەۋجۇت
تۈزۈمنىڭ زوراۋانلىقى ۋە شەپقەتسىزلىكىدىن كۈچ ئېلىپ ، ھارام يەپ
سەمرىگەن فېئودال بەگلەرمۇ ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خەلق ئىن-
قىلابىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا دۇچ كېلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى
ئىشەنچ ۋە ئۈمىدىنى يوقاتقان يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ، مەمۇرىي
خادىملىرىمۇ ، ھەتتا ئۆز دەۋرى تۇرمۇشىدا ھېچ قانداق ئىنسانىي
قىممىتى بولمىغان ، پەقەت تۇغۇلغىنى ئۈچۈنلا ياشاشقا مەجبۇر بولۇ-
ۋاتقان مۇساپىر ، يېتىم - يېسىرلارمۇ ئۇنىڭ قەلىمىدە مۇناسىپ
بەدىئىي ئىپادىسىنى تاپقان » .[1] يازغۇچى ئەسەر مەزمۇنىنى تېخىمۇ
كەڭلىككە ، ئەسەرنىڭ تېمىسىنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە ئۆز قىلىش
مەقسىتىدە ، زامان جەھەتتە مىلادىيە 20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرى
بىلەنلا ، ماكان جەھەتتە ئىلى رايونى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي ،
ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدا مۇھىم ئو-

① مۇھەممەت پولات: « مىللىي تۇرمۇشىمىزنىڭ ئىجادىي، بەدىئىي قامۇسى »، « تەڭرىتاغ » ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق 4 - سانى.

روْن توْتىدىغان توْرپان ۋاڭلىرى ئائىلە تارىخىنى ، خوجىلار يېغىلىقى-
نىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ، مىلادىيە 19 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى-
دا ئىلى رايونىدا پارتلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى ، ئىلى تارانچىلىرى-
نىڭ قانلىق ، مۇرەككەپ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىنى ، قۇمۇل -
توْرپانلار قوزغىلىڭىنىڭ بىر پۈتۈن جەريانىنى ، قۇمۇل دېھقانلار ئىنى-
قىلابىنىمۇ رومانىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە كىرىشتۈرۈپ تەسۋىرلەپ ،
«تارىخ ئارقىلىق رېئاللىقنى نۇرلاندۇرغان» . دېمەك ، روماندا ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى ئىك-
كى ئەسىرلىك تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى ، ئىجتىمائىي ھاياتى ناھايى-
تى كەڭ ، ماھىيەتلىك ، شۇنداقلا بەدىئىي يۈكسەكلىكتە ئەكس ئەتتۈ-
رۈلگەن .

«ئانا يۇرت» رومانىنىڭ چوڭ بىر بەدىئىي ئۇتۇقى — ئۆزگىچە
خاراكتېر - ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بىر تۈركۈم پېرسوناژلار
ئوبرازىنىڭ يارىتىلغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . زوردۇن سابىر ئا-
دەمنى يېزىشقا ئىنتايىن ماھىر يازغۇچى ، ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئىجادى-
يىتىدە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن بولغان ئوخشاشمى-
غان مۇناسىۋەت - ئالاقىلىرىنى ، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ باي ۋە مۇرەك-
كەپ روھىي دۇنياسىنى تىپىك ۋە ماھىيەتلىك بولغان تۇرمۇش كۆرۈ-
نۈشلىرى ئىچىدە جانلىق ۋە ئوبرازلىق گەۋدىلەندۈرۈشتەك ئىجادىيەت
ئالاھىدىلىكىنى ئىزچىل گەۋدىلەندۈرۈپ كەلگەن . ئۇ «ئانا يۇرت»
رومانىدىمۇ رومانىنىڭ باش قەھرىمانى بولغان نۇرىنىڭ ، شۇنداقلا
روماندا يارىتىلغان مۇختەر باي ، زىياۋۇدۇن ، غەنى باتۇر ، ھېكىم
بەگ خوجا ، مۇتائالىي خەلپەت ، ئابلا باي ، پەرىخە ، زەيتۇنە ... لەرنىڭ
بەدىئىي ئوبرازىنى ئاشۇ خىل ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى بويىچە ، ئۇلار-
نىڭ كۆرۈنۈشتىكى پائالىيەتلىرىدىن كۆرە ئۇلارنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ
روھىي دۇنياسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ياراتقان . يازغۇچى ئەسەرنىڭ
باش قەھرىمانى بولغان نۇرىنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ بار-



لىق خاراكتېر - ئالاھىدىلىكلىرىنى ، غايە - ئارزۇلىرىنى مۇجەسسەم-
لەشتۈرۈپ تەسۋىرلىگەن . نۇرى «ئوقۇمۇشلۇق دېھقان يىگىتى بو-
لۇپ ، ئۇ زۇلۇم ۋە زورلۇق ئاساسىغا قۇرۇلغان رېئال ئىجتىمائىي
تۈزۈمنىڭ قەھرلىك دۈشمىنى . . . ئۇ جەمئىيەت ۋە كىشىلەر مۇنا-
سىۋىتىنىڭ ماھىيىتىنى ئەقلەن بىلىدىغان ، ئۆزىنىمۇ ، ئۆزگىلەرنىمۇ
چۈشىنىدىغان ، ھەرقاچان ئەقىل - پاراسەت بىلەن ئىش قىلىدىغان ،
مۇقىم ۋە تۇراقلىق ھايات غايىسىگە ئىگە بولغان جاسارەتلىك بىر
يىگىت . ئۇ خەلق مىللىي روھى بىلەن ئۇنىڭ ئەسىرلىك ئارزۇ -
ئارمانلىرىنىڭ قايتا نۇرلىنىشى ، ئاپتورنىڭ رومانىدىكى بەدىئىي غايى-
ۋى مەقسىتىنىڭ ئوبرازلىق ھالدا جانلىق گەۋدىلىنىشى »[1] . يازغۇچى
نۇرى ئوبرازىنى ياراتقاندا ، بىر تەرەپتىن ئۇنى ئەينى دەۋرنىڭ مۇرەك-
كەپ ، ئۆزگىرىشچان تارىخىي - ئىجتىمائىي مۇھىتى ئىچىگە قويۇپ
تەسۋىرلەپ ، ئۇنىڭدىكى ئاشۇ ئالاھىدە تارىخىي دەۋردىكى پۈتۈن ئۇي-
غۇر دېھقانلىرى ئۈچۈن ئورتاق بولغان باتۇرلۇق ، قەھرىمانلىق ،
كۆرەشچانلىقتەك خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى تارىخىي ۋە ئىج-
تىمائىي سەۋەبنى چۈشەندۈرۈپ ، ئۇنى مۇئەييەن تىپىكلىك دەرىجىسى-
گە كۆتۈرگەن . يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇنى ئوخشاشمىغان سىياسىي ،
ئىجتىمائىي قاراشتىكى كۈچلەرنىڭ زىددىيەت - كۈرەشلىرى ئىچىگە
قويۇپ تەسۋىرلەپ ، بۇ ئارقىلىق شۇ دەۋر رېئاللىقىدىكى مۇرەككەپ
زىددىيەت - كۈرەشلەرنى ئوبرازلاشتۇرۇپ كۆرسىتىپ بەرگەن . ئۇ-
چىنچى بىر تەرەپتىن يازغۇچى نۇرى ئوبرازىنى ھەقىقىي تۇرمۇش
قوينىغا ، ياشلىقتىكى تەڭداشسىز مۇھەببەت قاينىمىغا تاشلاپ تەسۋىر-
لەپ ، بۇ ئارقىلىق ئۇنى «ھەم قېنى ھەم گۆشى بولغان» ھەقىقىي
بەدىئىي ئوبراز قىلىپ چىققان .

رومانىنىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان يەنە بىر

---

① يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش

مۇۋەپپەقىيەتى شۇكى، يازغۇچى بۇ روماندا ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنى يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئومۇملاشتۇرۇپ تەسۋىرلەپ، ئۇنى ئۇيغۇرلار ھاياتىنىڭ بەدىئىي قامۇسى قىلىش مەقسىتىگە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك يېتىش ئۈچۈن، يەنە ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان مىللىي مەدەنىيىتىنى كۆپ تەرەپتىن گەۋدىلەندۈرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرى، يەنى ئولتۇراق ئۆي مەدەنىيىتى، مەھەللە - كوي مەدەنىيىتى، يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى، تىل مەدەنىيىتى، ئەدەپ - ئەخلاق مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي ئالاقە مەدەنىيىتى ··· باشقا ھېچقانداق بىر ئەسەردە «ئانا يۇرت» رومانىدىكىدەك مۇنداق ئاڭلىق، تەپسىلىي، جانلىق ۋە ئېدىتلىق تەسۋىرلەنمىگەن.

«ئانا يۇرت» رومانىنى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە لىرىك رومان دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. يازغۇچى بۇ روماندا گەرچە ئىجتىمائىي ھاياتىمىزنىڭ زۇلۇم ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەشلەر بىلەن خاراكتېرلەنگەن ئالاھىدە بىر جەڭگىۋار باسقۇچىنى يازغان بولسىمۇ، ئەمما رومانىنى نوقۇل ھالدا پوروخ ۋە قان ھىدى بىلەن تولدۇرۇۋەتمەي، ئەكسىچە يۇرتىمىزنىڭ تەڭداشسىز گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىلىرى، ھايات ھەققىدىكى چوڭقۇر پىكىرلىك مۇلاھىزىلەر، ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ نازۇك قەلب دۇنياسى ھەققىدىكى تەسۋىرلەر، شۇنداقلا ئەسلىمە، خىيال، تەسەۋۋۇر قاتارلىق ھېسسىي تەركىبلەر ئارقىلىق ئەسەرنىڭ لىرىك تۈسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. يازغۇچىنىڭ پېرسوناژلارنى كەڭ تەبىئەت قوينىدا ھەرىكەت قىلدۇرۇش، پېرسوناژلارنىڭ مۇرەككەپ، باي روھىي دۇنياسى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ خاراكتېر - ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ھايات ھەققىدە چوڭقۇر پىكىرلىك مۇلاھىزە - قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتەك ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى بۇ روماندىمۇ گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

قىسقىسى، «ئانا يۇرت» رومانى ـــ يازغۇچى زوردۇن سابىر



ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان، يازغۇچىنىڭ بەددىئىي ئىستېداتى، تالانتىنى نامايان قىلىدىغان، ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى ـــ خاسلىقىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان، شۇنداقلا ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭمۇ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان نادىر رومان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر يالغۇز داڭلىق شائىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مۇنەۋۋەر يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئىجادىيەت نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىنى ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئاساسەن شېئىرىيەتكە، ئازادلىقتىن كېيىن تولىراق ئىلمىي تەتقىقات بىلەن رومان ئىجادىيىتىگە قاراتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» ناملىق رومانى ۋە «ئويغانغان زېمىن» ناملىق ئىككى توملۇق رومانىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ زور نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ رومانلار ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە، شۇنداقلا ئۇيغۇر رومان ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نەتىجىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى تەسۋىرلىگەن «ئىز» ناملىق تۇنجى رومانى 1984 - يىلى نەشر قىلىندى. مىلادىيە 1930 - يىللاردىن 1940 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مۇرەككەپ تارىخىي شارائىتتا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىستىبدات مىلىتارىستلارنىڭ زۇلمىغا قارشى تۇرۇپ، ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي كۈرەشلىرى سۈرەتلەنگەن «ئويغانغان زېمىن» رومانىنىڭ 1 - قىسمى 1988 - يىلى، 2 - قىسمى 1994 - يىلى نەشردىن چىقتى.

بۇ رومانلارنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدىكى چوڭ ئىشلاردىن بولۇپ سانىلىدۇ . بۇ رومانلار جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن ئەدەبىيات ساھەسىدىلا ئەمەس ، جەمئىيەتتىمۇ خېلى زور زىلزىلە قوزغىدى . خېلى كۆپ ئوبزورلار يېزىلىپ بەس - مۇنازىرىلەر بولدى . يىغىنچاقلىغاندا تەنقىدچىلىرىمىز ، بۇ رومانلار بىزنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان رومانچىلىقىمىزنىڭ يېڭى نەتىجىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ ، تارىخىي رومان ئىجادىيىتىمىزنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى ، ئىجادىيىتىمىزنى قىممەتلىك تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلىدى ، دەپ باھا بەردى .

بىزگە مەلۇمكى ، ھەقىقەتنى ئۆلچەيدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم ئەمەلىيەت ، بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئېستېتىكىلىق قىممىتىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەممۇ ئەمەلىيەتنىڭ تارازىسىدۇر . بىز بۇ رومانلار ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى توققۇز - ئون يىللىق ئىنكاس ۋە مۇھاكىمىلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مېۋىسى بولغان بۇ رومانلار بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى نامايەندىلىرىنىڭ بىرى ، دەپ ئىلمىي ھۆكۈم چىقىرىشقا ھەقلىقمىز .

ئۆتكۈر ئەپەندىدە قۇمۇل رايونىنىڭ ، كەڭرەك قىلىپ ئېيتقاندا ، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىي تۇرمۇشىنى تېما قىلىپ ئەسەر يېزىش ئىستىكى خېلى بۇرۇنلا بار ئىدى . چۈنكى ، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى ھەر خىل زور ۋەقەلەرگە تويۇنغان بولۇپ ، خىلمۇخىل ئۆزگىرىش ، مۇرەككەپ زىددىيەتلەرگە تولغان ، ئۇنىڭدا ھەر خىل ، ھەر شەكىلدىكى تارىخىي شەخسلەرنىڭ مول ھەرىكەت پائالىيەتلىرى بار . تەڭرىتېغىدەك زەبەردەست باتۇرلارنىڭ تىللاردا داستان قىلىنىۋاتقان ياكى قىلىنىشقا تېگىشلىك مەردىمەيدانلىقلىرى ، شۇنىڭدەك ئىستىبدات پاسىق مۇناپىقلارنىڭ مەڭگۈ لەنەتلىنىشكە تېگىشلىك رەزىللىكلىرىمۇ بار . بۇ تارىخىي ماتېرىياللار كىچىكىدىنلا



ئاشۇ ئاجايىپ ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ كەلگەن يازغۇچىنى مۇشۇ تارىخىي تۇرمۇشنى ئەدەبىي شەكىل ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىشكە ئىلھاملاندۇرغان . ئۇنىڭ مۇقىم ئىجادىيەت مۇددىئاسى بىلەن ماتېرىيال توپلاشقا باشلىغان ۋاقتى مىلادىيە 1970 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلىدۇ . ئۇ تارىخىي ۋەقەلەر ، تارىخىي شەخسلەرگە ئائىت ماتېرىياللارنى ئىزدەپ ، قۇمۇل رايونىدا بىر قانچە قېتىم ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى . ئۇنىڭ شۇ چاغلاردا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن زىيارەت قىلغان ئادەملەر مىڭغا يېتىدۇ . ئۇ زىيارەتلىرىدىن نۇرغۇن خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇردى . بىر يۈز تۆت ياشلىق روزى بوۋىغا ئوخشاش قوزغىلاڭنىڭ بىۋاستە ئىشتىراكچىلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك شەخسلەرنىڭ بەرگەن ئاغزاكى ماتېرىياللىرىنى يىگىرمە نەچچە لېنتىغا ئېلىۋالدى . جەڭ بولغان نەق مەيدانلار ، تارىخىي ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك تاغ - جىلغىلار ، يول ، ئۆتەڭ ، مەنزىللەرنى كۆزدىن كەچۈردى . ئارخىپلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ ماكان دائىرىسى ، ئارىلىق مۇساپىلىرى ھەققىدىكى ئېنىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن ھەر خىل پايدىلىنىش خەرىتىلىرىنى ، قوللانمىلارنى ئىشلەپ چىقتى . ئۇنىڭ ئىجادىيەتكە ھەقىقىي كىرىشكەن مەزگىلى پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى چاغلاردۇر . مەنىۋى كىشەنلەر پاچاقلىنىپ ، «چەكلەنگەن رايون » لار بۆسۈپ تاشلانغاندىن كېيىن ھەقىقىي رەۋىشتە روھىي ئازادلىققا ئېرىشكەن يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئارمىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان پۇرسەتكە ئىگە بولدى . شۇنىڭ بىلەن قەدىمىنى تېزلىتىپ ، ماتېرىيال يىغىشنى داۋاملاشتۇردى ۋە ماتېرىياللارنى ئۆگەندى ، بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتتى . ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدە كۆرگەن - ئۆگەنگەن ماتېرىياللىرى بىرنەچچە مىليون خەتكە يېتىدۇ . ئۇ ھەتتا شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ئىنگلىزچە ماتېرىياللارنىمۇ تەرجىمە قىلدۇرۇپ كۆرۈپ چىقتى ئۇنىڭ مۇشۇنداق زور ئىشقا تۇتۇش قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ھەر ساھەدىكى كىشىلەر ئۇنى قىزغىن قوللاپ نۇرغۇنلىغان

كېرەكلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرىدىن تارتىپ ئاددىي دېھقان ئاياللىرىغىچە ئۆز ياردەملىرىنى ئايىمىدى. ئاددىيغىنا بىرلا مىسال ئالساق، «ئويغانغان زېمىن» نىڭ 1 ـ قىسمىدا خوجىنىياز ھاجىمنىڭ سەرگەردانلىق كەچۈرمىشلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان قازاقىستاندىكى ۋەلىباينىڭ ئەھۋاللىرى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار كېرەك بولغاندا، كىشىلەر ھەتتا ۋەلىباينىڭ ياركەنتتە بىنا قىلغان مەسچىتىنىڭ خەرىتىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ماتېرىياللارنى يەتكۈزۈپ بەردى.

ياخشى ئەسەر يېزىش ئۈچۈن تۇرمۇش، جەمئىيەت، تارىخقا نىسبەتەن يازغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل تونۇشى بولۇشى زۆرۈردۇر. ئۇنىڭدا ھەممىنى بىرلەشتۈرەلەيدىغان ھېسسىيات، جىمىكى تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل، چوڭقۇر ئىدىيە بولۇشى لازىم. ئۇتۇقلۇق چىققان ئەسەرلەر ئۆز مۇئەللىپىدىن ئۆزى تەسۋىرلىمەكچى بولغان تۇرمۇش مەزمۇنىنى پىششىق بىلىشنى تەلەپ قىلىپلا قالماي، يەنە مۇئەللىپتىن پۈتكۈل جەمئىيەت، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى كونكرېت تۇرمۇش مەزمۇنىدىن قاڭقىپ چىقىپ دەۋر، تارىخ، پەلسەپە، سەنئەت يۈكسەكلىكىدە ۋە چوڭقۇرلۇقىدا تونۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تولۇق چۈشىنىدىغان ئاپتور توپلىغان تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆزقاراش بويىچە كۆزەتتى، تەھلىل قىلدى، شۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل كۆزقاراشلىرىنى ھاسىل قىلدى. ئۇ مۇشۇنداق تەييارلىق باسقۇچىدىن كېيىن مىلادىيە 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى رەسمىي يېزىشقا كىرىشتى.

ئاپتورنىڭ بۇ رومانلارنى يېزىشتىكى ئىجادىيەت مۇددىئاسى شىڭخەي ئىنقىلابىنىڭ تۆرتكىسىدە قۇمۇلدا پارتلىغان تۆمۈر خەلپە ۋە خوجىنىياز ھاجى باشچىلىق قىلغان پۈتۈن شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەن دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ



پارتلاش، زورىيىش، غەلىبە قىلىش ۋە مەغلۇپ بولۇشتىن ئىبارەت تارىخىي جەريانىنى ئىپادىلەش ۋە تارىخىي جەريانىنى دەۋر قىلغان ھالدا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەرنى، ھەر خىل مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەسۋىرلەپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ رەڭدار تارىخىي كارتىنىسىنى سۈرەتلەپ بېرىش بولۇپ، ئاپتورنىڭ بۇ خىل ئېستېتىكىلىق غايىسى «ئىز» رومانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ناھايىتى ئېنىق ئىزھار قىلىنغان. گەرچە تارىخىي ترىلوگىيە «ئويغانغان زېمىن» نىڭ دەسلەپكى پىلانىدىكى 3 ـ قىسمى ئاپتورنىڭ سالامەتلىكى تۈپەيلىدىن يېزىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان رومانلارنىڭ مەزمۇن كۆچىگە ۋە قۇرۇلما مۇكەممەللىكىگە قاراپ، ئاپتور ئۆزىنىڭ ئېستېتىكىلىق غايىسىنى ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇردى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

بۇ رومانلارنىڭ قايتا ـ قايتىلاپ نەشر قىلىنىشى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي تىراژىنىڭ زور دەرىجىدە ئېشىپ بېرىشتىكى، شۇنىڭدەك بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىزنىڭ بەزى ئەسەرلىرىمىزدەك جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ بىرنەچچە يىلدىلا ئاجىزلاپ كەتمەي، ئەكسىچە كۈچىيىپ بېرىشىدىكى سەۋەب نېمە؟ مېنىڭچە، تۈپ سەۋەب ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋى كۈچىدە ۋە ئېستېتىكىلىق قىممىتىدە.

بىزگە ئايانكى، ھەرقانداق يازغۇچى تۇرمۇش چەكلىمىلىكلىرىدىن ۋە تارىخىي چەكلىمىلەردىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىنى بىلىش، ھەممىگە ئۈلگۈرۈپ، ھەممىگە قايىل بولۇپ كېتىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، ئۇ يىراقنى يېقىنغا ئەكىلىپ، چەكسىزلىكنى چەكلىك دائىرە ئىچىگە سىڭدۈرۈپ ئۆز ئەسىرىنى زامان ۋە ماكاندىن ھالقىپ كېتەلەيدىغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشقا تىرىشىشى لازىم. بىز تۆۋەندە ئاپتورنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرىگە نەزەر سېلىپ باقايلى.

يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئۆزى ئىگىلىگەن مول تارىخىي ماتېرىياللارنى قۇمۇلدىن ئىبارەت كونكرېت ماكاندىن خېلىلا ھالقىغان ھالدا پۈتۈن شىنجاڭ ۋە پۈتۈن جۇڭگودىن ئىبارەت كەڭلىككە، كونكرېت جەرياننى نەچچە يۈز يىللىق تارىخىي مۇساپىگە قويۇپ، بىر تارىخشۇناس، پەيلاسوپ، ئىنسانشۇناسنىڭ كۆزىدە كۆزىتىپ، ئۇنى چىن، جانلىق ۋە مۇرەككەپلىكى بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن، تارىخىي مۇقەررەرلىك ۋە ھەقىقەتنى، ھاياتلىق پەلسەپىسىنى توغرا يەكۈنلەپ چىققان. مانا بۇ ئاپتورنىڭ تارىخقا، ھاياتقا ھاسىل قىلغان پۈتۈن تەسىراتىنىڭ تىندۇرمىسى بولۇپ، بۇ تىندۇرما ئەسەرنىڭ مەزمۇن جەۋھىرى، يەنى ئەسەرنىڭ جېنى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىز خالىساق بۇ جەۋھەرنى ئەسەرلەردىكى كونكرېت تەسۋىر، جانلىق ئوبرازلاردىن، قۇرۇلمىنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىدىن تاپالايمىز.

زۇلۇم بار يەردە قارشىلىقمۇ بولىدۇ، زۇلۇم كۈچەيگەنسېرى قارشىلىقمۇ كۈچىيىدۇ. ئەمگەكچى خەلقنىڭ شىللىسىغا چىقىۋالغان فېئودال ۋاڭ — خوجاملار، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلار ۋە ئۇلار ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەزگۈچىلەر سىنىپى ئۆزلىرىنىڭ كەيپ — ساپالىق تۇرمۇشى، ھوقۇق — مەنپەئىتى ئۈچۈن خەلقنىڭ سۆڭىكىنى چېقىپ، يىلىكىنى سۈمۈرۈۋاتقان ئاشۇ زۇلمەتلىك يىللاردا تۆمۈر خەلپە ۋە خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشى خۇددى لى زىچېڭ، خۇڭ شيۇچۈەن باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى بىلەن ئوخشاشلا تارىخىي مۇقەررەرلىك بولۇپ، ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس. بىراق، ئىستىخىيىلىك قارشىلىقلاردىن قوراللىق كۈرەشكە، يەككە ئېلىشىشلاردىن تەشكىللىك ھەرىكەتكە ئۆزگەرگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا «ئاچچىق ساۋاقلارنى قالدۇرۇپ» ھەمدە «گەرچە مۇرادى ھەل بولمىغان بولسىمۇ، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى ۋاڭ ئوردىلىرى بىلەن جياڭجۈن ياملۇلىرىنى



گۇم قىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىگە ئىشەندۇرۇپ»[1] مەغلۇپ بولۇپ كېتىشمۇ مۇقەررەرلىكتۇر، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا يۈز بەرگەن تارىخىي پاجىئەلەرمۇ بۇنى چۈشەندۈرىدۇ. يازغۇچى بۇ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئەڭ باپ كېلىدىغان تراگېدىيىدىن ئىبارەت بەدىئىي شەكىلنى تاللىۋالغان.

ئىنسانىيەت تارىخىي خىلمۇ خىللىقلارغا تولغان بولىدۇ، تارىخنىڭ مەزمۇن جۇغلانمىسىدا ئوخشاشماسلىقلارنىڭ بولۇشى تامامەن مۇمكىن، بىراق، ھەرقانداق تراگېدىيىلىك ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەكلى ئاساسەن ئوخشاش، يەنى ھەممىسىلا خۇددى لۇشۈننىڭ بەرگەن تەبىرىدىكىدەك: «قەدىر — قىممەتلىك نەرسىلەرنى پارە — پارە قىلىپ كىشىلەرگە كۆرسىتىدۇ.» چىنلىق، ياخشىلىق، رەزىللىكنىڭ نابۇت قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىش ۋە ساختىلىق، قاباھەت، رەزىللىكنى سۆكۈش ئارقىلىق كىتابخانلارغا ئېستېتىكىلىق زوق بېغىشلايدۇ.

بۇ ئۈچ پارچە روماندا تەسۋىرلەنگەندەك، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى، جۈملىدىن قۇمۇل خەلقى ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ۋاڭ — خوجاملار، باي — پومېشچىكلارنىڭ يېرىنى تېرىپ، چارۋىسىنى بېقىپ تۆككەن تەرىگە، قىلغان ئەجرىگە تۇشلۇق ھېچقانداق مەنپەئەتكە ئېرىشەلمىدى. فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھوقۇق — مەنپەئەتلىرىنى قوغدايدىغان ۋاڭلىق تۈزۈم، شۇنىڭدەك شا مەخسۇت ۋاڭ ۋەكىللىكىدىكى ئوردا بەگلىرى ۋە باي — خوجاملار خەلقنى ئات — ئېشەك ئورنىدا ئىشلەتكەننى ئاز دەپ، ئۇلارنى ھايات خۇشاللىقلىرىدىن ۋە ئىنسانىي تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئەقەللىي لەززەتلىرىدىنمۇ مەھرۇم قىلدى. كۆزىدىلا ئەمەس، يۈرىكىدە قان يىغلاپ، نالە قىلىپ ھېچكىمنى تەسىرلەندۈرەلمىگەن بىچارە خەلق قوزغىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي ئەركىنلىكى ۋە ھۆرلۈكى ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. بىراق، كۈچ

① «ئىز» رومانىنىڭ «كىرىش سۆز» ىدىن.

سېلىشتۇرمىسىدىكى پەرقىنىڭ چوڭلۇقىدىن ، تارىخىي چەكلىمىلەر ۋە ئۆزلىرىدىكى چەكلىمىلەر تۇپەيلىدىن قومۇلدىن باشلىنىپ پۈتۈن شىنجاڭغا تەسىر كۆرسەتكەن تۆمۈر خەلپە ۋە خوجىنىياز ھاجىنىڭ دېھقانلار قوزغىلىڭى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ مەغلۇپ بولدى . قوزغىلاڭلاردا ئاجايىپ باتۇرلۇقلارنى كۆرسەتكەن قەھرىمانلار جەڭلەردە قۇربان بولدى . جازا مەيدانلىرىدا بېشى ئۈزۈلگەن ، تىلى كېسىلگەن ، كۆزى ئويۇلغان جەسەتلەر قەبرىسىز قالدى . بىز ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن بۇ ئاچچىق قىسمەتتىن قايغۇرىمىز ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ كۈرەشلىرىدىن ، ئىزدىنىشلىرىدىن ئىلھاملىنىمىز . جاسارەت ۋە قەھرىمانلىق چاقناپ تۇرغان ئەسەر سەھىپىلىرىنىڭ كۈچلۈك ئېستېتىكىلىق كۈچى بىزنىڭ قەلبىمىزنى زىلزىلىگە سالىدۇ .

تراگېدىيىلىك ئەسەرلەردە ، بولۇپمۇ بۇ ئۈچ پارچە رومانغا ئوخشاش قەھرىمانلىق تراگېدىيىلىرىدە تراگېدىيە قەھرىمانلىرىنىڭ ئوبرازلىرىنىڭ قانداق يارىتىلىشى ھەل قىلغۇچ ئامىللاردىن ھېسابلىنىدۇ . تراگېدىيىلىك قەھرىمانلار چوقۇم چىنلىق ، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى بولۇشى كېرەك . ئۇنداق بولمىغاندا ، ئۇلارنىڭ پارە - پارە قىلىپ كۆرسىتىلىشى ھېچقانداق ئېستېتىكىلىق تەسىرات پەيدا قىلالمايدۇ . «ئىز » ۋە «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرىدا ئۆلگەن يەنى «پارە - پارە قىلىپ كۆرسىتىلگەن» پېرسوناژلار خېلىلا كۆپ . لېكىن ، شا مەخسۇت ۋاڭنىڭ ئۆلۈمى ، ياڭ زېڭشىننىڭ ئىككى پاي ئوق بىلەن جاجىسىنى يېيىشى ، قارا نىيەت توختى سەيپۇڭ ، ئاغمىچى قارا بوسۇقلارنىڭ قەدىرسىز ئۆلۈمى ، ساتقىن روزى موللا ، توخسۇن فۇگەن ، سايىت تۇڭچىلارنىڭ لەنەتلىك ئۆلۈمى ، يې شىفۇ قاتارلىق چېرىكلەرنىڭ جەھەننەمگە مېڭىشى بىزدە قىلچە ئېچىنىش تۇيغۇسى پەيدا قىلالمايدۇ . ئەكسىچە ئۇلارنىڭ جەھەننەمگە سەپەر قىلىنغانلىقىدىن خۇش بولۇپ ، خوپ بوپتۇ ، دەيمىز . ئەمما ، تۆمۈر خەلپىنىڭ ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ ، ئامانقۇل ، مەڭلىك نىياز ، ھەسەن دولان ،



مەخسۇت مۇھىتى ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق قەھرىمانلارنىڭ ئۆلۈمى بىزدە تامامەن باشقىچە تەسىرات پەيدا قىلىدۇ . «ئويغانغان زېمىن» رومانىنىڭ 1 - قىسمىدىكى ھەسەن دولان ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە توقۇلما قىلىنغان پېرسوناژ ، ئۇ شىڭخەي ئىنقىلابىنىڭ قوللىغۇچىلىرىدىن بولغان ئىلغار پىكىرلىك پەن ياۋنەننىڭ ھارۋىكەشى ، ئۇ پەن ياۋنەننى «دارىن ئىمانسىز بولغىنى بىلەن ئىنسابلىق ، مۇلايىم ، باشقا ئەمەلدارلارغا ئوخشىمايدىغان ئوبدان ئادەم» دەپلا بىلىدۇ . شۇڭا ، جىن شۇرېننىڭ قولچوماقلىرى پەن ياۋنەننىڭ كىملەر بىلەن ئۇچرىشىپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىشكە قىستىغاندا ، ئۇ ئۆز - ئۆزىگە : «تاياق ئاستىدا ئۆلسەم ئۆلىمەنكى ، ئۇلارنىڭ ئېتىنى ئاغزىمغا ئالمايمەن» دەپ قەسەم قىلىدۇ . ئۇ ياكى بىر ئىلغار تەشكىلاتنىڭ ئەزاسىمۇ ئەمەس ، ياكى پەن ياۋنەننىڭ شېرىكىمۇ ئەمەس ، پەقەتلا ساۋاتسىز ، ئاددىي ھارۋىكەش ، لېكىن ئۇ بىز كىنولاردا كۆرگەن ، كىتابلاردا ئوقۇغان قەھرىمانلارغا ئوخشاش ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە پىسەنت قىلماي ، سوراقچىنى مۇشت بىلەن ئۇرۇپ ، ئۆلۈمنى مەردانىلىك بىلەن كۈتۈۋالىدۇ . ساۋاتسىز ، ئاددىي بىر ھارۋىكەشنىڭ «ياخشىغا يانتاياق بولۇش» تەك ساددا ، ئەمما ئۇلۇغ ئەقىدىسى بىزنى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدۇ . مەڭلىك نىياز بولسا ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنىدىكى ئاددىي بىر قوزغىلاڭچى دېھقان . ئۇمۇ ھەسەن دولانغا ئوخشاش ئەسەرنىڭ مۇھىم قەھرىمانلىرىدىن ئەمەس . مەڭلىك نىياز ئادەتتە يۈزى تۆۋەن ، نومۇسچان ، ئەمما جەڭدە باتۇر يىگىت . ئۇ تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدۇ . ھايات گۈزەللىكلىرىگە تەلپۈنىدۇ . ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى چىنىدىنمۇ ئارتۇق ئەتىۋارلايدۇ . لېكىن ، قوزغىلاڭنىڭ سەردارى خوجىنىياز ھاجىغا خەۋپ تۇغۇلغاندا ، ئۇ ئۆز خۇشلۇقى بىلەن ھېسابلاشماي خوجىنىياز ھاجىنى قوغداش يولىدا قۇربان بولىدۇ . ئەسلىدە بەخت - سائادەتتىن بەھرىمەن بولۇشى ، گۈزەل مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈشى لازىم ئىدى ۋە شۇنىڭغا ھەقلىق

ئىدى . لېكىن ئۇ ئون گۇلنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپ قازا قىلدۇ .
بىز بۇنىڭدىن ئېچىنىمىز ۋە بۇ قەھرىمانغا قايىل بولىمىز . «ئىز»
رومانىدىكى ئۆزىنىڭ چىن مۇھەببىتىگە سادىق بولۇپ ، شا مەخسۇت
ۋاڭنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىرىنىڭ ئەرمىكى بولغۇچە قىلىچ ئاستىدا
پارە - پارە بولۇپ كېتىشنى ئەۋزەل بىلگەن قەلبى گۈزەل ، رەڭگىمۇ
گۈزەل گۈلقىزنىڭ شامەخسۇتنىڭ ھۇجرىسىدا ئۆزىنى قىلىچقا ئۇرۇپ
ھالاك بولۇشى بىزنىڭ قەلبىمىزدە قاتتىق زىلزىلە پەيدا قىلىدۇ . بىز
ئېچىنىش بىلەن بىللە پاك ، غۇبارسىز بۇ تاغ گۈلىدىن سۆيۈنىمىز .
راجى بالىنىڭ جازا مەيدانىدىكى قورقۇمسىزلىقى بىزنى تەسىرلەندۈر-
سە ، جاللاتنىڭ ئۇنىڭ كۆكرەك قەپىسىنى يېرىپ يۈرىكىنى سۇغۇرۇ-
ۋېلىشى بىزنى قاتتىق غەزەپلەندۈرىدۇ . بۇ ياش ، باتۇر يىگىتنىڭ
ئاجايىپ قەھرىمانلىقىغا بولغان قايىللىقىمىز ۋە ھۆرمىتىمىز ئاشى-
دۇ .

«ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرى ئايرىم شەخسلەرنىڭ
تەزكىرىسى يېزىلغان بىئوگرافىيىلىك ئەسەر ئەمەس ، بەلكى تارىخىي
رومانلاردۇر . شۇڭا ، ئاپتور بۇ رومانلىرىدا ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئېھ-
تىياجى بويىچە ناھايىتى كۆپ پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازلىرىنى يارات-
قان . پەقەت «ئىز»دىلا خېلى مۇپەسسەل يورۇتۇپ بېرىلگەن پېرسو-
ناژلار ئوبرازى يەتمىشكە يېقىن ، تىلغا ئېلىنغان يانداش پېرسوناژلار
ئاتمىش ئەتراپىدا . «ئويغانغان زېمىن»نىڭ ئىككى كىتابىدا بولسا
تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار ئوبرازى تېخىمۇ كۆپ بولۇپ ، ئاجايىپ
مول ۋە رەڭدار پېرسوناژلار دەھلىزىنى ھاسىل قىلغان . بۇ پېرسوناژ-
لار قاتارىدا تۆمۈر خەلپە ، خوجىنىياز ھاجى ، نىياز پالگان ، سالى
دورغا قاتارلىق قوزغىلاڭنىڭ سەركەردىلىرى ؛ ئامانقۇل ، راجى بالا ،
ئەنسارى ، قازىم قىزىق ، ھۆسنارىخان ، ئايقىز ، مەڭلىك نىياز ، مى-
رول مەرگەن قاتارلىق قوزغىلاڭنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىلىرى ، شۇ-
نىڭدەك ئاددىي دېھقانلار ، كاسىپلار ، ھۈنەرۋەن ، سودىگەرلەر ، ئوۋ-



چىلار ، خوتۇن - قىزلار ۋە بالىلار بار . بۇلاردىن باشقا شامەخسۇت
ۋە ئۇنىڭ ھاشىرتەيجى ، نۇشىرۋان تەيجى ، قىز بەگ خوجا ، نورۇز
ئەلەم ئۇۋەيسە مۇپتى ، توختى دورغا قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئوردا
ئەمەلدارلىرى ھەم ياڭ زېڭشىن ، جىن شۇرېن ، شېڭ شىسەي ، ما
جۇڭيىڭ ، يولۋاس··· قاتارلىقلاردىن تارتىپ ئۇلارنىڭ بەي ۋېنچاۋ ،
چيەن دارېن ، ليۇسىجاڭ ، لى شۇفۇ ، شۈي شيەنجاڭ دىگەندەك قول-
چوماقلىرىغىچە ئوخشاشمىغان دەرىجىدە تەسۋىرلەنگەن .

باش قەھرىمان تۆمۈر خەلپە ئوبرازى ئۆزىدە ئىپادىلىگەن تارىخىي
چوڭقۇرلۇقى ، خاراكتېرىنىڭ چىنلىقى بىلەن ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە .
ئاپتور تارىخىي ھەقىقەتنى ، ھاياتلىق پەلسەپىسىنى ۋە كۆزقاراشلىرى-
نى تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە مۇشۇ ئوبراز ئارقىلىق يورۇتقان بولغاچ-
قا ، تۆمۈر خەلپىنىڭ تارىخىي رېئاللىقتىكى پروتوتىپىنى تېخىمۇ كەڭ
بەدىئىي زېمىن ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ ئەتراپلىق تەسۋىرلىگەن . ئېن-
گېلس : «ئاساسىي پېرسوناژ مۇئەييەن سىنىپىي خاھىشچانلىقنىڭ
ۋەكىلى . ئۇلارنىڭ ھەرىكەت - پائالىيەتلىرى نوقۇل ھالدا پەقەت
شەخسىي ھەۋەس ، مۇددىئانىلا چىقىش نۇقتىسى قىلمايدۇ . بۇ ھەرد-
كەت - پائالىيەتلەر ئۇلار مەنسۇپ بولغان تارىخىي ئېقىمدىن كېلىپ
چىقىدۇ»① دەيدۇ . تۆمۈر خەلپە دەل مۇشۇنداق كىشى . ئۇ شىڭخەي
ئىنقىلابىنىڭ تۇرتكىسىدە تەڭرىتاغ ئېتىكىدىمۇ زۇلۇمغا قارشى كۆتۈ-
رۈلگەن بوراندا جار سېلىپ پەرۋاز قىلغان باتۇر بورانقۇش . ئۇيغۇر
خەلقىنىڭ ئىچىدىن چىققان يول باشلىغۇچى ، ئۇنىڭ مەيدانغا چىقىشى
تاسادىپىيلىقتىن ئەمەس ، ئۇ تارىخنىڭ ، دەۋرنىڭ ئوغلانى ، ئۇنىڭ
نامرات ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ، يوقسۇللۇق ، غۇربەتچىلىك ئىچىدە ئۆسۈ-
شى ، تېنەپ - تەمتىرەپ ياقا يۇرتلاردا سەرگەردان بولۇپ يۇرۇپ
كۆپنى كۆرۈشى ۋە كۆپنى ئاڭلىشى ، ئۇنى باشقىلاردىن بالدۇرراق

① «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» ، خەنزۇچە نەشرى ، 4 - قىسىم ، 343 - بەت .

ئويغاتقان ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن . دېمەك ، ئىجتىمائىي بار-
لىق ئۇنىڭ ئېڭىنى بەلگىلىگەن . ئاپتور ئەسەرنىڭ بېشىدىلا ئۇنى
ئۆتكۈر زىددىيەتلەر ئىچىگە ، ھەرىكەت ئىچىگە قويىدۇ . تۇرغۇن ھا-
لەتتە ئەمەس . ھەرىكەت ئىچىگە ، ئۆسۈش ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ
تەسۋىرلەيدۇ .

سۇژىتنىڭ غول لىنىيىسى «تورپاق يېغىلىقى» دىن باشلانغان .
ئاپتورنىڭ بۇنداق يېزىشى سەۋەبسىز ئەمەس . ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن
بىرىنچىدىن ، ئەسەردىكى ئاساسىي ۋەقەلىك بولغان تۆمۈر خەلپە قوز-
غىلىڭىنى ئۇنىڭ ئالدىدىكى كۈرەشلەرگە باغلاپ ، تارىخىي ئىزچىللىق-
نى نامايان قىلىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق خەلق ئىنقىلابى خۇددى ئۇزۇلمەس
دولقۇنلاردەك بارغانسېرى ئۇلغىيىپ بارىدۇ ، دېگەن كۈرەش ھەقىقى-
تىنى چۈشەندۈرمەكچى بولسا ، ئىككىنچىدىن ، ئەسەر باش قەھرىمانى-
نىڭ تەدرىجىي ئەقىل تېپىپ ، بارغانسېرى ئۆسۈپ ماڭغان يېتىلىش
جەريانىنى كۆرسەتمەكچى بولىدۇ .

تۆمۈر خەلپە «تورپاق يېغىلىقى» دىن قانداق ساۋاق ئالدى ؟ ئۇ
ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن قولىغا قورال
ئالمىسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى . قوراللىق كۈرەش ئېڭىنىڭ يې-
تىلىشى تۆمۈر خەلپىدەك دېھقان قەھرىمانىنىڭ ئېڭىدىكى ناھايىتى
زور يۈكسىلىش ، ئەلۋەتتە . شۇڭا ، ئۇنىڭ تۇنجى قەدىمى مەرگەنلەر
(پالگانلار ) ياشايدىغان «قارا مىلتىق بولمىسىمۇ ، ھەر ھالدا مىلتىق
بار» تاغدىن باشلىنىدۇ . تۆمۈر خەلپە (دەسلەپتە ئۇ تۆمۈر ياغاچچى
دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ) ئۆزىنىڭ ئەلنىڭ خۇشلۇقىغا كۆلۈپ ، قايغۇ-
سىغا يىغلايدىغان خەلقچىللىقى ، تەڭسىزلىككە ، زۇلۇمغا سۈكۈت قى-
لىپ تۇرالمايدىغان ئىسيانكار روھى ، جەڭگاھتىكى باتۇرلۇقى ، تەش-
كىللەش قابىلىيىتى ، قوماندانلىق تالانتى ، ئاددىي - ساددا ۋە كەم-
تەرلىكى ، چىقىشقاقلىقى بىلەن ناھايىتى تېزلا ھۆرمەتكە سازاۋەر بو-
لۇپ ، ئىسمى - جىسمىغا لايىق خەلپە يەنى يولباشچى بولۇپ قالىدۇ .



تارىخنىڭ تەرەققىياتى ئەسەر باش قەھرىمانىنىڭ تەقدىرىدىكى
ئۆزگىرىشلەرنى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى بەلگىلەيدىغان بولغاچقا ، يازغۇ-
چى ئۆزىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى باش قەھرىمانىنى تارىخنىڭ تەرەققى-
يات ئىزناسىدىن زادىلا ئاجرىتىۋەتمىگەن . شۇنىڭ بىلەن بىللە قوزغى-
لاڭنىڭ پارتلىشى ، كۆچىيىشى ، غەلىبە قىلىشى ۋە ئاخىرىدا مەغلۇپ
بولۇشىنىمۇ تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا سۈرەتلىگەن . ئەمدى قوزغى-
لاڭنىڭ مەغلۇبىيىتى ئۈستىدە توختالغاندا ئەلۋەتتە دۈشمەن كۈچلەر-
نىڭ ئۈستۈنلۈكنى ئېگىلەپ تۇرغانلىقىدىن ئىبارەت تاشقى سەۋەبنى
نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ . ئۇنىڭدىكى ئىچكى سەۋەب بولسا ،
ئاساسەن دېھقانلاردىن تەشكىللەنگەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۇششاق ئىش-
لەپچىقارغۇچىلارغا خاس مەنىۋى ئاجىزلىقلاردىن خالىي بولالماسلى-
قى ، ئىلغار ئىدىيىنىڭ يېتەكلىشىگە ئېرىشەلمەسلىكى ، توغرا ۋە
ئېنىق نىشانىنىڭ بولمىغانلىقى قاتارلىقلاردۇر . ئاپتور تارىخىي رېئال-
لىقنىڭ مۇشۇنداق ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئەسەر باش قەھرىمانىنىڭ
خاراكتېرىگە باغلاپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭ خاراكتېر توقۇنۇشلىرى ئارقىلىق
يورۇتۇپ بەرگەن ، بۇنىڭ بىلەن تامچە سۆزدىن قۇياش نۇرىنىڭ جىل-
ۋىسىنى كۆرسەتكەندەك بەدىئىي ئۈنۈمگە ئېرىشكەن . گېگېل قەدىمىي
گرېك تراگېدىيىلىرىدە زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئادەم بىلەن ئادەم
ئارىسىدا ، ئوخشىمىغان ئىككى خىل خاراكتېر ئوتتۇرىسىدىلا قانات
يايدۇرۇلىدىغانلىقى ؛ ئەدەبىياتنىڭ ئويغىنىش دەۋرىدىن كېيىنكى ترا-
گېدىيىلەردە بولسا ، زىددىيەت توقۇنۇشلىرى بىر پېرسوناژنىڭ خاراك-
تېرىدىمۇ ئىپادىلىنىدىغان بولغانلىقى توغرىسىدا توختالغانىدى . دې-
مەك ، گېگېل خاراكتېر مۇرەككەپلىكىنىڭ ئىپادىلىنىش ئەھۋالىدىن
ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىنى بايقىيالىغان . بىز ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ رو-
مان ئىجادىيىتى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ يېڭى نەتىجىلىرىگە ۋەكىل-
لىك قىلالايدۇ ، دېگىنىمىزدە دەل مۇشۇ نۇقتىنى نەزەردە تۇتىمىز .
يەنى ئۇنىڭ رومانلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر مۇرەككەپلىكى-

نىڭ بەلگىلىك چوڭقۇرلۇق ئىچىدە يورۇتۇلغانلىقىنى ئېنىق كۆرد-
مىز . «ئىز» رومانىدىكى تۆمۈر خەلپە ھەمىشە دۈشمەنگە نەپرەت
بىلەن كەڭ قورساقلىق ، رەھىمسىزلىك بىلەن ئەپۇچانلىق ، جەڭگىد-
ۋارلىق بىلەن پاسسىپلىق ، كۈرەشچانلىق بىلەن ئىلاھىي تەقدىرچىد-
لىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئاڭ ، ئىككى خىل پوزىتسىيىنىڭ
توقۇنۇشى ئىچىدە تۇرىدۇ . ئۇ ھۆرلۈك ، ئەركىنلىككە ئېرىشىش
ئۈچۈن قولىغا قورال ئېلىپ دۈشمەننى يوقىتىش لازىملىقىنى بىلىدۇ
ۋە شۇنداق قىلىدۇ . لېكىن ، تۇرۇپلا يەنە ئۇلارنىڭمۇ ئادەم ئىكەنلىكىد-
نى نەزەردە تۇتۇپ ، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىدۇ . نەتىجىدە ، خۇددى ئىت
سۈدىن چىقىپلا پاقالچاقتىن ئالغاندەك تۆمۈر خەلپىنىڭ شاپائىتىگە
ئېرىشكەن دۈشمەنلەر قايتا ئات مىنىپ قوزغىلاڭچىلارنىڭ بېشىغا
قايتا كۈلپەت ياغدۇرىدۇ . ئەسەردە تۆمۈر خەلپىنىڭ جەڭدە ئەسىرگە
چۈشكەن چېرىكلەرنى ھەمىشە ئاتقا مىنگۈزۈپ قويۇۋەتكەنلىكلىرى
ھەتتا چېرىكلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرىغىمۇ شۇنداق مۇئامىلىدە بولغانلىقد-
لىرى يېزىلغان . تۆمۈر خەلپە ئۆزىنىڭ بۇ قىلغانلىرىنى «يىقىلغاننى
تەپمەك يوق» دەپ چۈشىنىدۇ . ئۇ توختى سەيپۇڭنى تولۇق چۈشەنگەند-
دىن كېيىنمۇ يۇزتۇرانە سۆزلىشىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ . ھېچقانداق
تەدبىر قوللانمايدۇ . ئۇنىڭ قارا بوسۇق قاتارلىق سەركەردىلەرنى ئاز-
دۇرۇپ ، قوشۇننى پارچىلىشىغىمۇ سۈكۈت قىلىدۇ . ھەتتا توختى
سەيپۇڭ خائىنلىق قىلىپ ئۆزىنى ئاتقان چاغدىمۇ رەھىم قىلىپ ئۇنىڭ
گۇناھىدىن كېچىدۇ . خېلى كۆپ ھاللاردا ئۆز ئىرادىسىگە ، مەقسىتىد-
گە خىلاپ ھالدا ئىش قىلىدۇ . مەسىلىلەرنى كۆزەتكەندە نۇرغۇن
سەۋەنلىكلەرگە يول قويغانلىقىنى غۇۋا سەزسىمۇ ، بىراق ئېڭىدىكى
تەقدىرچىلىك قارىشى باش كۆتۈرگەن ھامان مەغلۇبىيەتنىڭ ئوبيېك-
تىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلىرىنى قېزىشتىن دەرھال ۋاز كېچىپ ،
ھەممىنى تەقدىردىن ، ئىرادىدىن كۆرۈپ ، روھىي تەڭپۇڭلۇققا ئې-
رىشمەكچى بولىدۇ . لېكىن ، رەھىمسىز رېئاللىق ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا



تۇرغاچقا ، ئۇ بەربىر روھىي ئازابتىن ، قايغۇدىن قۇتۇلالمايدۇ .
قىسقىسى ، ئۇ ئۆزىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتكۈدەك سەۋىيىگە ئىگە
بولمىغاچقا ، ئۆزىدىكى چەكلىمىلىكلەردىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ . ئۇ-
نىڭ تراگېدىيىلىك خاراكتېرى پۈتكۈل قوزغىلاڭنىڭ تراگېدىيىلىك
ئاقىۋىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ . ئەسەردە تۆمۈر خەلپە ئوبرازى
مۇشۇنداق جانلىق تەسۋىرلەنگەنلىكى ئۈچۈن تىپىك مۇھىتتىكى بەدد-
ئىي تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن .

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مۇۋەپپەقىيىتى خوجىنىياز
ھاجى ئوبرازىنىڭ ئۇتۇقلۇق يارىتىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ .

خوجىنىياز ھاجى «ئىز» رومانىدا ، بولۇپمۇ «ئويغانغان زېمىن»
رومانىدا ئەتراپلىق ۋە جانلىق تەسۋىرلەنگەن يەنە بىر ئاساسلىق قەھرد-
مان . ئۇنىڭ ئوبرازى «ئىز» دا تۆمۈر خەلپىگە ياندىشتۇرۇلۇپ ،
قوشۇمچە ئورۇندا تەسۋىرلەنگەن بولسا ، «ئويغانغان زېمىن»دا بولسا
ئاساسلىق قەھرىمان سۈپىتىدە تېخىمۇ كەڭ يورۇتۇلغان .

ئۇنىڭ ئوبرازى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان تارىخىي شەخس خو-
جىنىياز ھاجىنىڭ پروتوتىپىنى ئاساس قىلغان بولۇپ ، شۇ ئاساستا
بەدىئىي چىنلىق بويىچە ئەتراپلىق تەسۋىرلىنىپ ، بەدىئىي تىپ دەرد-
جىسىگە كۆتۈرۈلگەن ، تارىخىي شەخس خوجىنىياز ھاجىنىڭ تۇرمۇش
سەرگۈزەشتلىرى بەك مول ، ھەرىكەت قىلغان تۇرمۇش سەھنىسى بەك
كەڭ ، بېسىپ ئۆتكەن ھايات مۇساپىسى ئۇزۇن بولغاچقا ، بولۇپمۇ
ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى پەقەت قۇمۇل بىلەنلا چەك-
لەنمەي ، پۈتكۈل شىنجاڭغا تەسىر كۆرسەتكەن زور تارىخىي ۋەقە
بولغانلىقى ئۈچۈن ئەسەردە ئۇنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى يورۇتۇش مۇ-
قەررەر ھالدا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى نۇرغۇنلىغان
مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنىڭ چىگىشىنى چىقىرىشنى ، خىلمۇخىل سىيا-
سىي ، ھەربىي ، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى توغرا تونۇش ۋە توغرا بىر
تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ . بولۇپمۇ زور تارىخىي ۋەقەلەرگە

چېتىشلىق بولغان خوجىنىياز ھاجىدەك تارىخىي شەخسكە توغرا باھا
بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ . ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ۋىجدان ئىشى دەپ
بىلىدىغان ئۆتكۈر ئەپەندى تارىخقا شۇنىڭدەك خەلققە بولغان مەسئۇلى-
يەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن ئىجادىيەتكە يۈزلەنگەن بولۇپ ، بەزى ئاپ-
تورلاردەك ئۆتكۈر ۋە نازۇك زىددىيەتلەردىن ئەگىپ ئۆتۈپ كەتمى-
گەن . چۈنكى ، بۇنداق قىلغاندا ئەسەرنىڭ مەزمۇن كۈچىگە تەسىر
يېتىپلا قالماي ، ئوبرازنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە چوڭقۇرلۇقىغىمۇ يەت-
كىل بولمايتتى . ئۆتكۈر ئەپەندى خېلى بىر مەزگىل چەكلەنگەن
رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن شىنجاڭ تارىخى تەتقىقاتىنىڭ تولىمۇ
تېيىزلىقىغا قارىماي ، قەھرىمانىنى ياراتقان تارىخىي مۇھىت ۋە شارا-
ئىتنى تەتقىق قىلدى . ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر ئارقىلىق شەيئى-
لەرنى كۆزىتىپ ، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆزقاراش بىلەن تارىخىي
ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى تەھلىل قىلدى . شۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈنلا
ھادىسىلەرنىڭ يۈزە كۆرۈنۈشلىرىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ ماھىيىتىگە
يېتەلىدى . خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىنقىلابىيلىق ، ئىلغارلىقتىن ئىبا-
رەت ئاساسىي تەرىپىنى كۆرۈش بىلەن بىللە ئۇنىڭدىكى تارىخىي
چەكلىمىلىك ۋە خاراكتېر چەكلىمىلىكلىرىنى ، شۇنىڭدەك ئەجەللىك
ئاجىزلىقلارنىمۇ قەلەمگە ئالالىدى . گىرەلەشمە زىددىيەتلەرگە تويۇن-
غان تىپىك ۋەقەلەرنىڭ تەسۋىرلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ گۈش ۋە ئۇس-
تىخىنىمۇ بار ، تومۇرلىرىدا ئىسسىق قېنى ئۇقچۇپ تۇرىدىغان جان-
لىق ، يارقىن بەدىئىي ئوبرازنى يارىتىپ چىقالىدى .

خوجىنىياز ھاجى تاغدا ئۆسكەن قورقۇمسىز ، قەيسەر ، تۈز كۆ-
ڭۈل ئادەم . ئۇنىڭ مۇھەببەت - نەپرىتى ئېنىق بولۇپ ، ھەرگىزمۇ
ناھەقچىلىككە ، زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايدۇ . شۇڭا ئۇ تۆمۈر
خەلپىنىڭ باشچىلىقىدا قۇمۇل تاغلىرىدا پارتلىغان قوزغىلاڭغا قاتناش-
قان ۋە ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى ، پالگانلىقى بىلەن دەسلەپىدىلا تونۇلغان .
دېمەك ، ئېزىلگەن ، خورلانغانلارغا يار - يۆلەك بولۇش ، بايلارغا ئۆچ



بولۇش ۋە باتۇرلۇق جەھەتلەردە ئۇ تۆمۈر خەلپە ۋە باشقا قوزغىلاڭچى-
لار بىلەن ئورتاقلىقلارغا ئىگە . لېكىن ، ئۇنىڭ ئالاھىدە كەچۈرمىش-
لىرى ئۇنىڭدا ئۆزگىچە سۈپەتلەرنى يېتىلدۈرگەن . ئۇ تۆمۈر خەلپە
قوزغىلىڭىغا قاتناشقاندا تېخى ياش بالا ئىدى . جەڭلەردە پىشتى ،
تاۋلاندى ، مۇھىم سەركەردىلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى . بۇ قېتىمقى قوز-
غىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن شا مەخسۇت ۋاڭنىڭ زىيانكەشلىكى-
دىن قېچىپ يۇرتىمۇ يۇرت سەرگەردان بولۇپ يۈردى . خېلى ئۇزاق
مەزگىللىك سەرگەردانلىق ھايات ئۇنىڭ كۆپنى كۆرۈشى ، كۆپنى
چۈشىنىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ ئۇنىڭغا بىر مەكتەپ بولدى .
ئۇ ھەممىلا يۇرتتا كەمبەغەل ، يوقسۇللارنىڭ ئېزىلىپ ، خارلىنىپ
غۇربەتچىلىكتە ئۆتىدىغانلىقىنى ، خۇددى جاھاندىكى قاغىلارنىڭ ھەم-
مىسىلا قارا بولغىنىدەك ، ھەممىلا يەردىكى باي - خوجاملارنىڭ ئاچ
كۆز ، زومىگەر ئىكەنلىكىنى ، ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەت بى-
لەن ئاپاق - چاپاق بولۇۋېلىپ ، خەلقنىڭ يىلىكىنى شوراپ ، سۆڭى-
كىنى چېقىپ يەيدىغانلىقىنى كۆردى . بولۇپمۇ چېگرىدىن ھالقىپ
ئۆتۈپ ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى ئۇنىڭ ئېڭىنىڭ بىر
بالداق كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولدى . ھەر مىللەتتىن بولغان مەخمۇت
مۇھىتى ، ھەيدەر ئەپەندى ، خوخول گېرىگورى قاتارلىق ئىنقىلابچىلا-
ر ، ئىلغار زاتلار بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشنىڭ
بىردىنبىر يولى — ئىنقىلاب قىلىش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشى-
نىپ يەتتى ، شۇنىڭدەك ئىنقىلابنى قانداق قىلىش مەسىلىسىدىمۇ
بەلگىلىك چۈشەنچە ھاسىل قىلدى . مانا مۇشۇنداق زۆرۈر بولغان
چېنىقىش ۋە ئىدىيىۋى تەييارلىق ھازىرلانغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ يول-
باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى قۇمۇل تاغلىرىدا ، قۇمۇل
دىيارىدا قايتىدىن يانغان ئىنقىلاب ئۇچقۇنلىرىنى ئۇلغايتىپ ، پۈتۈن
شىنجاڭ مىقياسىدىكى زۇلۇمغا قارشى خەلق ئىنقىلابىنىڭ غايەت زور
گۈلخېنىغا ئايلاندۇرالىدى .

ئاپتور خوجىنىياز ھاجىنى مانا مۇشۇنداق كەڭ كۆرەش سەھنە-
سىگە ، خىلمۇ خىل زىددىيەتلەرنىڭ مەركىزىگە قويۇپ تۇرۇپ ئەتراپ-
لىق تەسۋىرلىگەن . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا چاقناپ تۇرغان داھىيانە سۇپەت-
لەردىن بولغان ئەينى دەۋردە كەم تېپىلىدىغان ئەقىل ۋە تەجرىبە ،
مەردىمەيدانىلىق ، پىداكارلىق روھ ، ئىنسانىي پەزىلەت قاتارلىقلارنى
دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزەرى بويىچە تەرەققىيات ئۇس-
تىگە قويۇپ تۇرۇپ تەسۋىرلىگەن ، يەنى تەسۋىرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى-
نى ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىگە ئەمەس ، بەلكى قانداق قىلىپ
ئاددىي بىر تاغلىق يىگىتتىن قەلبىگە مىللەتنىڭ غېمىنى سىغدۇرۇپ ،
يەلكىسىگە ئەلنىڭ يۈكىنى يۈكلىگەن يولباشچىغا ئايلانغانلىقىدىن ئى-
بارەت ھەرىكەت جەريانىغا قويغان . ئاپتور ئۆز ئەسەرلىرىدە مۇشۇنداق
بىر پرىنسىپقا ئىزچىل بويسۇنغانلىقى ئۈچۈن بىز خوجىنىياز ھاجى
ئوبرازىدىكى ئۇلۇغۋارلىقنىڭ ئىچىدىكى كەمتۈكلۈكنى ، باتۇرلۇقنىڭ
ئىچىدىكى قاراملىق ۋە تەۋەككۈلچىلىكنى ، ئەقىل ۋە تەجرىبە ئىچىدى-
كى كالتە پەملىكنى ، يىراقنى كۆرەرلىك ئىچىدىكى ئامالسىزلىقنى ،
ئىنسانپەرۋەرلىك ئىچىدىكى دىنىي ئەقىدىچىلىكنى ، چىقىشقاقلىق ،
كەمتەرلىك ئىچىدىكى ئۆز سۆزلۈكلۈك ، چوڭچىلىقنى ئېنىق كۆرد-
مىز ، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئوبرازىدىكى مۇرەككەپلىكنى ھاسىل قىلىۋات-
قان تارىخىي چەكلىمىلەر ۋە خاراكتېر چەكلىمىلىرىگە قارىتا چۈشەنچە
ھاسىل قىلىمىز . بولۇپمۇ ئۇنىڭ تراگېدىيىلىك تەقدىرى بىلەن چەم-
بەرچاس باغلانغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەقدىرىدىكى تراگېدىيە-
لىك خاتىمىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى كۆز ئالدىمىزدا روشەنلەشتۈرە-
لەيمىز .

ئەلۋەتتە ، ئاپتور خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا چوڭ
تارىخىي ۋەقەلەر ۋە قىرغىن ـ چۇقانلار پەلەككە يەتكەن جەڭ مەيدانلى-
رىنىڭ تەسۋىرلىرىگىلا يۆلىنىۋالمىغان ، بەلكى كۈندىلىك تۇرمۇش-
نىڭ ، شۇنىڭدەك ھەر خىل سورۇن ۋە ھەر خىل ئادەملەر بىلەن



بولغان تۈرلۈك سۆھبەت ، ئۇچرىشىشلارنىڭ ئاددىي كۆرۈنۈشلىرىنى
گىرەلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن . ئاپتورنىڭ خوجىنىياز ھاجى-
نىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈستىدە توختالغاندا
تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىنى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدىغان
قىممەتلىك تەجرىبە سۈپىتىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ . ئۇ بولسىمۇ ،
ئاپتور ئۆز قەھرىمانىنىڭ ئوبرازىنى ئىزچىل تۈردە تىپىك مۇھىت ،
تىپىك شارائىت ئۈستىگە قويۇپ يورۇتۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن . بەزى
ئەسەرلەردىكىدەك تارىخىي ۋەقەلەر بىلەنلا بولۇپ كېتىپ ، قەھرىمانلار
پەقەتلا تارىخىي ۋەقەلەرنى يېزىشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالىدىغان
ياكى قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەت ، پائالىيەت-
لىرى ، يەنى ئۇلار قاتناشقان ۋەقە ـ ھادىسىلەر زىممىسىدە ئەمەس ،
بەلكى ئاپتورنىڭ بايانى ، شۇنىڭدەك قەھرىمانىنىڭ ئۆزىنى چۈشەندۈ-
رۈپ بەرگەن ئىزاھاتلىرى ئارقىلىق تەسۋىرلەيدىغان ئادەتلەردىن ساق-
لانغان . شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن «ئىز» رومانى ۋە «ئويغانغان
زېمىن» رومانلىرىدىكى تارىخىي تۇرمۇش تۈمۈر خەلپە ، خوجىنىياز
ھاجىدىن ئىبارەت باش قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازلىرىنى يورۇتۇشتىكى
سەھنە سۈپىتىدە بىر تەرەپ قىلىنغان . بۇ بىر تۈركۈم پېرسوناژلار-
نىڭ ئوبرازلىرى بولسا ، ئۆز نۆۋىتىدە شىنجاڭ خەلقىنىڭ يېقىنقى
زاماندىكى تارىخىي تۇرمۇشى ۋە جەڭگىۋار كۈرەشلىرىنى سۈرەتلەش
ئۈچۈن خىزمەت قىلغان . ئاپتور ئېستېتىكا ۋە ئەدەبىياتنىڭ قانۇنى-
يەتلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولغاچقا ، زىددىيەت توقۇنۇشىنى پەقەت
دوست ـ دۈشمەنلەرنىڭ ئارىسىدىلا بولىدۇ ، دەيدىغان سەپسەتىگە زىت
ھالدا خاراكتېرنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرىنى (مەنىۋى توقۇنۇشلىرى-
نى ) ئىچكىرىلەپ قازغان ، ھەمىشە پسىخىكىلىق تەسۋىرلەرنى ھەرد-
كەت ـ پائالىيەتلەرنىڭ تەسۋىرلىرىگە گىرەلەشتۈرۈپ ، ئوبرازلارنى
تېخىمۇ مۇكەممەللىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا ئېرىشتۈرگەن . نەتىجىدە تا-
رىخىي چىنلىق بىلەن بەدىئىي چىنلىقتا ئويغۇن . دەۋر خۇسۇسىيەتلى-

ـرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن . تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە تۆمۈر خەلپە
ۋە خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ ئوبرازلىرىنى يارىتىپ چىققان .
ئاپتور ئەسەر قۇرۇلمىسىغىمۇ كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن بولۇپ ،
بۇ ئىككى رومان ۋەقەلىك جەھەتتە نىسپىي تۇرغۇنلۇققا ئىگىدەك
كۆرۈنسىمۇ ، ئەمما بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ ، كۈچەيتىدۇ . «ئىز»
روماندىكى سۇژىتنىڭ ئاساسىي لىنىيىسى تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى-
نىڭ باشلىنىشى ، راۋاجلىنىشى ، مەغلۇپ بولۇشىدىن ئىبارەت تارى-
خىي جەريانغا بېغىشلانغان بولۇپ ، بۇ غول لىنىيە «ئويغانغان زې-
مىن» دىكى خوجىنىياز ھاجىنىڭ باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلى-
ڭىغا بېرىپ تۇتىشىدۇ ۋە شۇ ئىزنا بويىچە ئىلگىرىلەيدۇ . ئەسەردە
يەنە ھۆكۈمران گۇرۇھلار ئارىسىدىكى ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىش ،
ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇشلار ۋە شۇنىڭدەك قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىچىدىكى
ھەر خىل ئىختىلاپلاردىن شەكىللەنگەن سۇژىتنىڭ كېسەك لىنىيىلىرى
بار . بۇلار غول لىنىيە ئىچىگە خۇددى سىمفونىيىنىڭ قىستۇرما
كۈيلىرىگە ئوخشاش تەبىئىي كىرگۈزۈۋېتىلگەن بولۇپ ، خىلمۇ خىل-
لىق ، رەڭدارلىق ۋە كەڭلىكنى شەكىللەندۈرىدۇ . دېمەك ، سۇژىتنىڭ
غول لىنىيىسى بىلەن كېسەك لىنىيىلىرى ئۆزئارا كېسىشىپ ۋە
گىرەلىشىپ ، ئەسەرنى غايەت زور تورسىمان قۇرۇلمىغا ئىگە قىلغان .
ھەممىمىزگە مەلۇم ، رومان يېزىش ھېكايە يېزىشقا ئوخشىماي-
دۇ . رومان ئىجادىيىتى يازغۇچىدىن يېزىقچىلىق ماھارىتىدىن باشقا
ناھايىتى پۇختا ئىدىيىۋى تەييارلىق ، مول ۋە ئەتراپلىق بىلىم تەييار-
لىقىنى تەلەپ قىلىدۇ . بۇ ئىككى روماننىڭ ئاپتورى ئىجتىمائىي پەن
تەتقىقاتىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرى بار ئالىم بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ
رومان ئىجادىيىتىگە كىرىشىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ پۇختا بىلىم ئاسا-
سى ، بىلىم قۇرۇلمىسىغا قانائەت قىلماي ، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل-
گىچە ئۆگەنگەن بىلىمىنى تولۇقلىغان ، ئۇ ئۆزى بۇ ھەقتە توختىلىپ :
مەن يېنىمدىن كىچىك دەپتەرچەمنى ئايرىماي يۈرگىلى يىگىرمە يىل



بولۇپ قالدى ، دەيدۇ . دېمەك ، ئاپتور مۇشۇنداق مول بىلىم جۇغلان-
مىسىغا يۆلىنىپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن بولغاچقا ، بۇ ئەسەرلەر بىز-
گە ناھايىتى كۈچلۈك تارىخىي تۇيغۇ بېرىدۇ . ئۇنى شىنجاڭنىڭ يېقىن-
قى زامان تارىخىي تۇرمۇشىنىڭ بەدىئىي كارتىنىسى دېيىشكە بولىدۇ .
بۇ رومانلار شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي ئىقتىسادىي ، ھەربىي ،
سودا ، قاتناش ، مەدەنىيەت ، بىناكارلىق ، دېھقانچىلىق ، ھۈنەرۋەنچى-
لىك ، چارۋىچىلىق ، ئوۋچىلىق ، ئېتنوگرافىيە ، دىنىي ئېتىقاد ،
كىشىلىك مۇناسىۋەت ، ئۆرپ - ئادەت ۋەھاكازالاردىن خېلىلا ئىشەنچ-
لىك مەلۇماتلارنى بېرىدۇ . بىرلا مىسال ئالساق ، ئاپتورنىڭ ئۇيغۇر ،
خەنزۇ ، قازاق ، خۇيزۇ ، تاتار ، رۇس قاتارلىق ھەرقايسى مىللەت ،
ھەر خىل تەبىقە ، ھەر قاتلام ۋە ئوخشاشمىغان جىنس ، ئوخشاشمىغان
ياش قۇرامىدىكى ئادەملەرنىڭ ئاشۇ دەۋرلەردە كىيگەن كىيىملىرىنى
شۇ قەدەر ئىنچىكە ۋە ئىشەنچلىك قىلىپ تەسۋىرلىشىمۇ بىزنى ھەيران
قالدۇرىدۇ . ئۇنىڭ بۇ جەھەتلەردىكى تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇر ۋە ئىلمىي-
لىقى بىزنى قايىل قىلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ بۇ
رومانلىرىنى مەزمۇن سىغىمىنىڭ چوڭلۇقىغا قاراپ تۇرۇپ ، شۇنىڭ-
دەك ئۇلارنىڭ بىزگە بەرگەن ئۇچۇرلىرىنىڭ موللۇقىغا ئاساسەن
ئۇلارنى قىممەتلىك يادىكارلىق ئورنىدا كۆرۈشكىمۇ بولىدۇ .
دەرۋەقە ، بۇ رومانلارنىڭ ئىجادىيىتىدە ئايرىم يېتەرسىزلىكلەر-
مۇ مەۋجۇت . بۇ يېتەرسىزلىكلەر ئاساسەن «ئىز» روماندا تۆمۈر
خەلپىنىڭ مەنىۋى توقۇنۇشلىرىنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە يورۇتۇلمى-
غانلىقى ، «ئويغانغان زېمىن» روماندا بولسا ، تەسۋىرلەنگەن تۇر-
مۇش سەھنىسى بەك كەڭ ، تارىخىي مۇساپە بەك ئۇزۇن ، چىگىشنى
چىقىرىشقا تېگىشلىك زىددىيەتلەر بەك كۆپ ، جاۋاب بېرىشكە تېگىش-
لىك مەسىلىلەر نۇرغۇن ، تارىخىي مەزمۇن مول بولغاچقا بۇ تېمىنىڭ
ھۆددىسىدىن چىقماقنىڭ قىيىنلىقى تۈپەيلى بەدىئىي تۈسىنىڭ سۇس-
راق بولۇپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت بىرقانچە تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ .

لېكىن ، بۇ يېتەرسىزلىكلەر بۇ ئەسەرلەرنىڭ يازغۇچىنىڭ پوتكۈل ئىجادىيەت ھاياتىنىڭ سەمەرىسى بولۇشىغا ، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرالايدىغان نامايەندە بولۇشىغا تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ .

## سەيپىدىن ئەزىزى

سەيپىدىن ئەزىزى (1915 — 2003) ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا پروزىچىلىقنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۈگۈنكى زامان باسقۇچىدا ، جۈملىدىن يېڭى دەۋر مەزگىلىدە مول ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئېرىشكەن داڭلىق ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇنىڭ يىرىك ۋە ئاساسلىق ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تارىخىي شەخس ، تارىخىي ۋەقەلەرگە بېغىشلانغان بولۇپ ، ئۆزىگە ناھايىتى مول مەزمۇنلارنى ، ھايات ھەقىقەتلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن . بۇ — ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى بولسا ، يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ئەدەبىي شەكىل - ژانىرلارنىڭ ھەممە تۈرلىرىدە دېگۈدەك ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە پروزىچىلىقنىڭ ۋە دراماچىلىقنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى خېلى گەۋدىلىك . ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتى ھېسابلىنىدىغان «سوتۇق بۇغراخان» ناملىق رومانى يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە .

### سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

سەيپىدىن ئەزىزى مىلادىيە 1915 - يىلى 3 - ئايدا ئاتۇشتا مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان . دەسلەپكى مائارىپ تەربىيىسىنى



ئاتۇشتا ئېلىپ بېرىپ ، بىر مەزگىل ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان . ئۇ قەشقەردە ۋالىي مەھكىمىسىدە كاتىپلىق قىلىپ يۈرگەن مەزگىللەردە ، يۇرتتا يېڭىچە مائارىپنى يولغا قويۇش ئۈچۈن چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەن مەتپىلى توختىھاجى ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىپ ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاتۇشقا چىقىپ يېڭىچە پەننىي مائارىپ ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللانغان . مىلادىيە 1935 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقىپ ، 1937 - يىلىغىچە تاشكەنتتە ئوقۇغان . بۇ مەزگىللەردە ناھايىتى ياخشى ئەدەبىيات تەربىيىسى ئالغان . چەت ئەلدىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چۆچەك گېزىتخانىسىدا ئىشلىگەن . مىلادىيە 1944 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ، ئۈچ ۋىلايەت ھەربىي سوت مەھكىمىسىنىڭ كاتىپى ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ، «ئالغا» گېزىتى ئىدارىسىنىڭ باش مۇھەررىرى ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن . مىلادىيە 1949 - يىلى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 1 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا ۋە دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشقان . مىلادىيە 1955 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ، پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 1 - سىياسىي كومىسسارى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان . ئۇ يەنە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 10 - ، 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتلىرى سىياسىي بيۇروسىنىڭ كاندىدات ئەزاسى ، 1 - نۆۋەتلىكتىن ، 7 - نۆۋەتلىككىچە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋېيىۋەنجاڭى بولغان . جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 8 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى ، 9 - نۆۋەتلىكتىن 13 - نۆۋەتلىككىچە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان .

كېيىن جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن. سەيپىدىن ئەزىزى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن.

سەيپىدىن ئەزىزى نىسبەتەن ئۇزۇن ئىجادىيەت تارىخىغا شۇنداقلا خېلى مول ئىجادىيەت نەتىجىلىرىگە ئىگە ئەدىب. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى 1938 - يىلى چۆچەكتە چىقىدىغان «يېڭى ھايات» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «يېتىم توختى» ناملىق ھېكايىسى بىلەن باشلانغان. بۇ ھېكايە ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن تۇنجى ھېكايىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ چۆچەكتە ئىشلىگەن مەزگىللىرىدە يەنە «زامانقۇل»، «مەنزىرە»، «ئاچچىق خاتىرە»، «يادىكار»، «شانلىق قۇربان» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يېزىپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان. بۇ ھېكايىلەردە ئاشۇ يىللاردىكى خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشت - تەقدىرلىرى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۆرەشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئىزچىل پروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مىلادىيە 1940 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان «قىساس» ھېكايىسى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بېغىشلانغان «خەلق دولقۇنى» پوۋېستىنى يازغان. ئازادلىقتىن كېيىن «تۇردى قاسىمنىڭ خۇشاللىقى»، «دېھقانلار تويى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئازادلىقتىن كېيىنكى يېڭى ھاياتنى، دېھقانلارنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. 1980 - يىللاردىن كېيىن بولسا، «ئەۋلىيا ئاتا»، «بەخت ئىلىكىدە» گە ئوخشاش ھېكايىلەرنى، «تەڭرىتاغ بۈركۈتى» ناملىق بىئوگرافىيىلىك پوۋېستىنى ۋە يەنە



«سۇتۇق بۇغراخان» ناملىق چوڭ ھەجىملىك تارىخىي رومانىنى يېزىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەن.

سەيپىدىن ئەزىزى ھاياتىدا دراما ئىجادىيىتى ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ 1940 - يىللارنىڭ باشلىرىدىلا دراما يېزىشقا كىرىشكەن بولۇپ، ئاشۇ يىللاردا «شانلىق غەلىبە»، «18 - ئاۋغۇست»، «چاقىرىلمىغان مېھمان» قاتارلىق درامىلارنى يازغان. بۇ درامىلاردا جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان كۆرەشلىرى مەدھىيىلىنىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى، رەزىل ماھىيىتى پاش ۋە تەنقىد قىلىنغان. سەيپىدىن ئەزىزى دراما ئىجادىيىتىنى ئازادلىقتىن كېيىنمۇ داۋاملاشتۇرۇپ، «خېمىرتۇرۇچ سېلىش كېرەك» («ھېيلىگەر باشلىق»)، «كۆرەش يولى» (1959 - يىل) قاتارلىق درامىلارنى يېزىپ، شۇ مەزگىللەردىكى تىياتىر سەھنىلىرىمىزنى بېيىتقان. يازغۇچى «كۆرەش يولى» درامىسىدا ئازادلىقنىڭ ئالدى - كەينىدىكى كۆرەش ۋە تۇرمۇشلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، نۇقتىلىق ھالدا ئازادلىقتىن كېيىنكى يېڭىچە ھاياتنى، بارلىقىنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنى قىزغىن كۈيلىگەن.

ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ «تۇردى قاسىمنىڭ خۇشاللىقى»، «دېھقانلار تويى»، «خېمىرتۇرۇچ»، «تۇنجى پويىز ئاۋازى»، «ئانا خىتابى»، «قىزىل لاچىن» قاتارلىق نەسر ۋە شېئىرلارنى يازدى.

مۇئەييەن ئەدەبىيات كۆزقارىشىغا، پۇختا يېزىقچىلىق ئاساسىغا ئىگە بۇ يازغۇچىنىڭ 1979 - يىلدىن كېيىنكى ئىجادىيىتى ئاساسەن تارىخىي تېمىلارغا قارىتىلدى. 1979 - يىلى «ئەۋلىيا ئاتا» ھېكايىسى، 1980 - يىلى «ئامانىنساخان» درامىسى، 1987 - يىلى «سۇتۇق بۇغراخان» رومانى، شۇ يىلى يەنە «تەڭرىتاغ بۈركۈتى» پوۋېستى ئېلان قىلىندى.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تارىخىي تېمىدا يېزىش سەيپىدىن

ئەزىزى ئىجادىيىتىنىڭ گەۋدىلىك بىر ئالاھىدىلىكىدۇر . بۇ ئالاھىدىلىك 1979 ـ يىلىدىن كېيىن تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ . ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىپادىلىنىۋاتقان ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە ، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقان يۈزلىنىش ئۇنىڭ ئېستېتىكىلىق ئېڭىنىڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر . «ئەۋلىيا ئاتا» ھېكايىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن بىز بۇ يۈزلىنىشنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلىمىز .

يازغۇچى بۇ ھېكايىدە ئۆزى 17 يېشىدا قاتناشقان قەشقەردە 1932 ـ يىلى زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلىڭىنى ئەكس ئەتتۈرگەن . ئاپتور قوزغىلاڭنىڭ پارتلىشىدىكى سەۋەبلەر ، قوزغىلاڭنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ، قوزغىلاڭنىڭ جەريانىنى ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل بايان قىلىش ياكى قىستۇرما ئۇچۇرلار بىلەن مەلۇمات بېرىش يولى بىلەن ئەمەس ، بەلكى مىڭلىغان ، تۈمەنلىگەن ئېزىلگۈچىلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان ھېيتەم ۋە ئۇنىڭ يارى گۈزەلنىڭ تىپىك ئوبرازى ئارقىلىق ، ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق تەبىئىي ئىپادىلەنگەن .

ھېكايىدىكى «ئەۋلىيا ئاتا» قەشقەر كوچىلىرىدا تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرىدىغان ، قەبرىستانلىقتا يېتىپ ـ قوپىدىغان ، ئۇچىسىغا كىيىم ئورنىدا پەقەت بىر تاغارنى كىيىۋالىدىغان بىر سەرگەردان بوۋاي ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى بولغان . بۇ نامرات بوۋاي ئۆزىنىڭ نە كىيىدىغان كىيىمى ، نە تۇرىدىغان ئۆيى يوقلۇقىغا قارىماي ، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ ، قەلەندەرلەرنىڭ بېشىنى سىلاپ ئاتىدارچىلىق قىلىدۇ .

ئاپتور بۇ ھېكايىسىدە قەلەمنى مەركەزلەشتۈرۈپ «ئەۋلىيا ئاتا» نىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ، ئاچچىق قىسمەتلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ . ئۇنىڭ يېتىمچىلىكتە ئۆتكەن ئېغىر كۈنلىرىنى ، ھامماللىق قىلىپ يۈرگەنلىرىدە باي تەرىپىدىن قۇدۇققا تاشلىۋېتىلگەن گۈزەل ئىسىملىك بىر



قىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقىنى يازىدۇ . ئۇنىڭ مۇھەببەتلىك شېرىن كۈنلىرى ئۇزۇنغا بارمايدۇ . باي ئۇلارنى گۈندىخانىغا سولايدۇ . غەزەپلەنگەن يىگىت گۈندىخانىدىن قېچىپ چىقىپ باي بىلەن ئېلىشىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ . ئۆز يارىنى قۇتۇلدۇرالماسلىقىنىڭ ئۈستىگە چوڭ بىر بالانى تېرىپ قويغانلىقتىن ، ياقا يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ . سەككىز يىلدىن كېيىن يۇرتى قەشقەرگە كېلىپ ئانىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلايدۇ . دەرد ـ ئەلەم بىلەن ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان يارى گۈزەلمۇ ئۇنىڭ قۇچىقىدا جان ئۈزىدۇ . قىساس ئوتى قەلبىدە گۈلخان بولۇپ يانغان بۇ يىگىت زۇلۇمغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ ، 1932 ـ يىلى قەشقەردە پارتلىغان خەلق قوزغىلىڭىغا قاتنىشىدۇ .

يازغۇچى بۇ ھېكايىدە بىر تەرەپتىن ، ئەۋلىيا ئاتا بىلەن يېتىم قىز ـ گۈزەلنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق كونا جەمئىيەتنىڭ يوقسۇللار بېشىغا كەلتۈرگەن ئازاب ئوقۇبەتلىرى ئۈستىدە قاتتىق شىكايەت قىلىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن ، ھېكايىنى قەشقەردە كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلىڭى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ ، دوزاخ ئازابىنى تارتىۋاتقان قەشقەر خەلقىنىڭ ئاخىر قوللىرىغا قورال ئېلىپ ئەزگۈچىلەرگە قارشى ئاتلانغانلىقىنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ .

## «سۇتۇق بۇغراخان» ناملىق رومانى

«سۇتۇق بۇغراخان» رومانى ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك يىرىك ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، ئەسەردە يازغۇچى قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد خانى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان ، ئەمما قارا نىيەتچى تاغىسى ئوغۇلچاق تېخىچە ئۆتكۈزۈپ بەرمەيۋاتقان خانلىق تەختىنى ئوغۇلچاقنىڭ قولىدىن قانداق ئالغانلىقىدىن باشلاپ تاكى ئۇنىڭ تەختىنى

تۈنجى ئوغلى بايتاشقا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى
يېرىم ئەسىرگە يېقىن تارىخىي جەريانىنى تەسۋىرلەپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
ئوتتۇرا ئەسىر ھاياتىنى بەدىئىي يۈكسەكلىكتە يورۇتۇپ بەرگەن.

مەلۇمكى، قاراخانىيلار خاندانلىقى ئەينى چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا-
دىكى سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچى بىر قەدەر ئۈستۈن
بولغان، مەدەنىيىتى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان، ئوتتۇرا
ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا زور ئۆزگىرىش-
لەرنى ياسىغان، شۇنداقلا بۇ رايونلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە
مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن، تۈركىي
تىللىق قەبىلىلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىر گەۋدە بولغان ھالدا ئىسلامىيەت-
كە قەدەم قويۇشىغا ھەم ئەينى دەۋردىكى ئەڭ گۈللەنگەن ئەرەب ئىسلام
مەدەنىيىتىنىڭ تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئارىسىغا كەڭ تارقىلىشىغا
تۈرتكە بولغان خاندانلىق ئىدى. بۇ خاندانلىقنىڭ مەركىزى بولغان
ئوردۇكەنت (قەشقەر) ۋە بالاساغۇنلار شۇ زاماندىكى ئىلىم - پەن
مەدەنىيەت تازا گۈللەنگەن مەدەنىيەت مەركەزلىرى ئىدى. بۇ خىل
گۈللىنىش ۋە يۈكسىلىشلەر سۇتۇق بۇغرا خاننىڭ ھامىيلىقى ۋە
ئاقىلانە يول باشچىلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. چۈنكى، ئىسلام دىنىنى
تۇنجى بولۇپ قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەنمۇ،
ماچىن، ئىدىقۇت پادىشاھلىقىدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىككى
دەريا ۋادىسىغىچە بولغان كەڭ زېمىندا پارچە كېنەزلىك ھالىتىدە
تۇرۇۋاتقان تۈرك ئۇلۇسلىرىنى قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تۇغى ئاستىغا
ئۇيۇشتۇرغانمۇ، دۆلەتنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى زورايتقانمۇ، قاراخانىي-
لارنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىدە قۇلدارلىق تۈزۈمىنى يوق قىلغانمۇ، «ئۇي-
غۇر ئېلىنىڭ داڭقىنى چىقارغان ئۇلۇغ قاراخان، ئەلگە قۇت ئاتقان
ئۇلۇغ بۇغراخان» دەپ ئاتالغانمۇ دەل شۇ سۇتۇق بۇغراخان ئىدى.
يازغۇچىنىڭ ئۆز رومانىدا ئەنە شۇ ئالتۇن دەۋرنىڭ بۈيۈك خاقانى
مەشھۇر تارىخىي شەخس سۇتۇق بۇغراخاننى ۋە ئۇنىڭ ھايات پائالىيەت-



لىرىنى، ھەربىي يۈرۈشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشنى ئۆز روما-
نىنىڭ باش تېمىسى قىلىپ تاللىۋېلىشى بۇگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر روما-
چىلىقىنىڭ تېماتىك مەزمۇن جەھەتتىكى بىر يېڭىلىق بولۇپ ھېساب-
لىنىدۇ.

روماندا پۈتكۈل ۋەقەلىك سۇتۇق بۇغراخاننى مەركەز قىلغان
ھالدا قانات يايدۇرۇلۇپ سۇتۇق ئوبرازى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىل-
غان.

قاراخانىيلارنىڭ خانى بازىر قاراخاننىڭ ئوغلى بولغان سۇتۇق
بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىنى ئۆز ئاتىسىنىڭ يېقىن قولدىشى
سۆكمەن ئۇنىۋاندىكى چېرىك بېشى باتۇر تاغىدىن ھەربىي ماھارەت،
ھۈنەر ۋە ئەقىل ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ باتۇر تاغىنىڭ
تەربىيىسىدە ئۆز ۋۇجۇدىدا قەيسەرلىك، باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق،
كەمتەرلىك، كىچىك پېئىللىق قاتارلىق خىسلەت - پەزىلەتلەرنى
يېتىلدۈرىدۇ. ئوغۇلچاقنىڭ پاراسەتسىز ھەم بىلىمسىزلىكى تۈپەيلى-
دىن مېھنەتكەشلەر ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولۇۋاتقان،
خەلق ئۈستىدىكى باج - سېلىقلار ھەددىدىن ئارتىپ كەتكەن، تاشقى
جەھەتتە قاراخانىيلار زېمىنى سامانىيلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىش
خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، سۇتۇق ئوغۇلچاقنىڭ
قولىدىن تەختنى مەجبۇرىي تارتىۋالىدۇ.

ئۇ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئوردىنىڭ چوڭ ئىشلىرىدا ئەت-
راپىدىكىلەرنىڭ ھەتتا ئايالىلارنىڭمۇ مەسلىھەت - تەكلىپلىرىنى پايدى-
لىق بولسىلا كەمتەرلىك بىلەن ئاڭلايدۇ ھەم قوبۇل قىلىدۇ. قىلچە
ئۆز بېشىمچىلىق قىلمايدۇ. ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە «پاراۋانلىق،
بىلىكلىك، بىرلىك قوغدىنىش، ئاداشقا ئاداش، ياغىغا ياغى» دېگەن-
دىن ئىبارەت بەش سۆزلۈك نىشاننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەلنى ئەمىن،
خەلقنى پاراۋان قىلىش ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقىنى ئىشقا سالىدۇ،
ئەلنىڭ ئامانلىقى، خانلىقنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ئۈچۈن

سامانىيلارنىڭ باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قايتۇرما زەربە بېرىدۇ. خانلىق تەۋەسىدە بىلىك - ئاقارتىش ئىشلىرىنى ئۆزى باش بولۇپ يولغا قويۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش يولىدا زور كۈچ چىقىرىدۇ. قۇلدارلار تۈزۈمىنى يوقىتىپ، قۇللارنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرىدۇ. ئەمەلدارلارنى باج - سېلىقلارنى ئازايتىش، خىيانەتچىلەرنى جازالاش، خانلىقنى خەلققە جاپا سالماي گۈللەندۈرۈشكە چاقىرىدۇ. زوراۋانلىق، مۇستەبىتلىككە قارشى تۇرۇپ، ئەركىنلىك، تەڭلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. سۇتۇق گەرچە ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ بېكىتسىمۇ، لېكىن يەنە دىنىي ئېتىقادتا ئەركىن، ئىختىيارىي بولۇشنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ بىر سۆزلۈك ۋە ئەمەلىيەتچان بولۇپ، ئۆزى چىقارغان قارارلىرىغا ۋە تۈزگەن قانۇنلىرىغا ئالدى بىلەن ئۆزى ئاڭلىق ھالدا باش بولۇپ ئەمەل قىلىدۇ.

سۇتۇق قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئادەتتىكى بىر خانىلا ئەمەس، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچىسى، قۇلدارلىقنىڭ يوقالغانلىقىنى جاكارلىغان قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ گۆركارى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە بىر ئېتىقاد ئىسلاھاتچىسى. ئۇ قاراخانىيلار تەۋەسىدە تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەن ۋە مەسچىت، مەدرىسلەرنى بىنا قىلدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ كەڭ تارقىلىشىغا يول ئېچىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد يېڭىلىشىغا تۈرتكە بولغان شەخس، ئۇ يەنە مەدەنىيەت ئىسلاھاتچىسى بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشىغا ھەم ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە يول ئاچقۇچى پاراسەتلىك ھەربىي قوماندان؛ ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر قەھرىمان.

يازغۇچى ئۆز رومانىدا سوتۇقنى ئەينى دەۋرنىڭ ئىسلاھاتچىسى، ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر قەھرىمان سۈپىتىدە مەد-



ھىيىلەيدۇ. لېكىن، ئۇنى ئۆز دەۋرىدىن، ئەينى ماكانىدىن ھالقىغان، ھېچقانداق ئىدىيىۋى چەكلىمىلىكى يوق ئىلاھى ئوبرازغا ئايلاندۇرۇپ قويمايدۇ. سۇتۇق نېمىلا دېگەنبىلەن ئاخىرقى ھېسابتا ھۆكۈمران سىنىپتىن كېلىپ چىققان بولغاچقا، ئۇنىڭدا ئەينى دەۋرنىڭ رېئال زىددىيەتلىرىنى، بولۇپمۇ زېمىندارلار بىلەن تېرىقچى ئامما ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئارىسالدى بولۇش، مۇرەسسەچىلىك قىلىشتىن خالىي بولالماسلىق، ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ رولىنى تونۇپ يېتەلمەسلىكتەك ئاجىزلىقلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئىدى.

يازغۇچى رومانىدا، ئۇنىڭدىكى چەكلىمىلىك ۋە ئاجىزلىقلارنى يېزىشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارايدۇ ھەمدە سۇتۇق خاراكتېرىدىكى ئىككى ياقلىمىلىقلارنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن، رومانىدا سۇتۇق بايلارنىڭ مال - مۈلكى ۋە پۇللىرىنىڭ مېھنەتكەش دېھقانلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بەدىلىگە كېلىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، بۇ خىل بايلىق توپلاش ئۇسۇلىنى توغرىدەك ھېس قىلىدۇ. پۇل، مال - دۇنيا شۇ يول بىلەن توپلانسىمۇ ياخشىكەن، كېرەك بولغاندا خەزىنىگە لازىم بولىدىكەن دەپ ئويلايدۇ. بارغانچە كۆپىيىۋاتقان بايلارنى ئۆزىنىڭ فېئوداللىق ھاكىمىيىتىنىڭ يۆلەنچۈكى ھېسابلاپ، كەڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ دۆلەتنىڭ ھەقىقىي يۆلەنچۈكى ئىكەنلىكىنى، قانداق قىلغاندا بۇ ئۇلۇغ كۈچنىڭ رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ ياكى چۈشىنىشنى خالىمايدۇ. زېمىندارلار بىلەن تېرىقچىلارنىڭ ھېچقايسىسىنى رەنجىتمەي، دۆلەتنى ئۇلغايتىشنى ۋە ئەلنى پاراۋان قىلىشنى ئويلايدۇ. بارغانسېرى قىستاپ كېلىۋاتقان ئەمگەكچىلەر بىلەن بايلاردىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ تاغ ئۆزىنى بېسىۋالىدىغاندەك دەھشەتلىك كۆرۈنىدۇ.

سۇتۇق گەرچە ئەركىنلىكنى تەكىتلەپ قۇللارنى قۇلدارلار ئىلكىدىن ئازاد قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئېلىكنىڭ «ئەركىنلىك» غايە-

سىگە تولۇق قوشۇلالمايدۇ . ئېلىك ئېيتقان ھەقىقىي مەنىدىكى ئەر-
كىنلىكنى ئويلىسىلا ئۇنى قورقۇنچ باسىدۇ . ھەممە ئەركىن بولۇپ
كەتسە دۆلەتنى قانداق باشقۇرىمەن دەپ ئەندىشە قىلىدۇ . ئۆز دوستى
ئېلىكنىڭ ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قوغدايدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۇنى
قوللايدىيۇ ، ئەمما بەزىدە ئېلىكنىڭ «دۇنيانى قايتا قۇرۇش كېرەك»
دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلىغاندا ئۆزىنىڭ تەختى - بەختىنى ، بېشىدىكى
دۆلەت قۇشىنىڭ ئۇچۇپ كېتىشىنى ئويلاپ قورقۇپ كېتىپ ، ئېلىك-
تىن ئەنسىرەپمۇ قالىدۇ . ئەمما ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا خەلق ئاممىسى-
نىڭ تېخىمۇ تولۇقراق ئەركىنلىككە ئېرىشىشىگە قوشۇلىدۇ . بۇ خىل
ئەركىنلىككە قارشى تۇرۇپ بولمايدىغانلىقىنىمۇ چۈشىنىپ يېتىدۇ .
سۇتۇق يەنە تېرىقچىلار تۈپلىگىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش
مەسىلىسىدە ، تېرىقچىلارنى جازالاش كېرەكمۇ ياكى بەگلەرنى جازالا-
ش، دېگەن مەسىلىدە قاتتىق ئارسالدى بولىدۇ ۋە ئاخىرى بەگلەرنىمۇ ،
تېرىقچىلارنىمۇ رەنجىتمەسلىك مادارا قىلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرىدۇ .
ئېلىكنىڭ ، يېرى كۆپ يەر ئىگىلىرىنىڭ بىر قىسىم يەرلىرىنى
تارتىۋېلىپ يەرسىزلەرگە بۆلۈپ بېرىش ھەققىدىكى تەشەببۇسلىرىغا
بېلىگ بېكىنىنىڭ ئېلىكنىڭ سۆزلىرىنى قۇۋۋەتلەپ قىلغان سۆزلىرى
ۋە ئەل تۇزۇمىدە بىر چوڭ ئۆزگىرىش قىلىش كېرەك ، دېگەن سۆز-
لىرىگە قارىتا سۇتۇق چوڭقۇر ئويغا چۆمىدۇ ھەم «بۆلۈپ بېرىشقۇ
ئاسان گەپ ، لېكىن ئۇلار بېرەمدۇ ، بەرمىسىچۇ؟ زورلۇق بىلەن
تارتىۋالساڭ ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالىمامسەن» دېگەن ئويغا كېلىدۇ .
ئېنىقكى ، سۇتۇقنىڭ بەگلەردىن ئايرىلىپ قېلىشقا كۆزى قىيمايدۇ .
ئاخىر خانىش ئايدىڭنىڭ ، ئارسلاننىڭ ، قىلىچنىڭ زورلۇق كۈچ
ئىشلىتىپ يەرلەرنى تارتىۋېلىش كېرەكلىكى ، بايلاردىن قورققان بى-
لەن خەلقتىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقى ھەمدە تېرىقچىلار تەرەپتە تۇ-
رۇش كېرەكلىكى ھەققىدىكى ئاقىلانە پىكىرلىرىنى ئاڭلىغاندىن كې-
يىن ئاندىن پرىنسىپ جەھەتتە «خەلق ئاممىسى تەرەپتە تۇرۇش كې-



رەك ، لېكىن بايلارنىمۇ تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ . ئۇلار بولمىسىمۇ
بولمايدۇ» دەپ يەكۈن چىقىرىدۇ . يەرلەرنى تارتىۋېلىپ يەرسىزلەرگە
بۆلۈپ بېرىش مەسىلىسىدە يەر ئىگىلىرىدىكى ئوشۇق يەرنى تارتىۋې-
لىش ، تارتىۋالغان يەرنى ئالدى بىلەن دۆلەتكە بىر قىسمىنى قالدۇ-
رۇش ، ئاندىن يۇقىرى ئەمەلدارلارغا ، يۇقىرى چېرىك باشلىرىغا ،
چېرىكلەرگە بۆلۈش ، ئاندىن قالغىنىنى نامراتلارغا بۆلۈش كېرەك ،
دېگەن قارارغاكېلىدۇ ، دېمەك سۇتۇق ئالدى بىلەن يەنىلا ھاكىمىيەت
بېشىدىكى يۇقىرى قاتلام ئەمەلدارلارنى ئويلايدۇ . لېكىن ، ئەڭ ئا-
خىرقى ھېسابتا ئېلىكنىڭ تارتىۋالغان يەرنى ئاۋۋال ئىشلەمچى نامرات-
لارغا بېرىش ، دۆلەت ئەربابلىرى ۋە يۇقىرى ئەمەلدارلارغا بەرمەسلىك
ھەققىدىكى ئەقىلگە مۇۋاپىق پىكىرلىرىگە قوشۇلۇپ شۇ بويىچە پەرمان
چۈشۈرىدۇ .
شۇنى ئېيتىش كېرەككى ، سۇتۇق ۋۇجۇدىدىكى يۇقىرىقى ئاجىز-
لىقلار ۋە چەكلىملىكلەرگە قاراپ سۇتۇقنى ئۇزۇل - كېسىل ئە-
مەس ، خەلق ئاممىسى تەرەپتە تۇرمىغان دەپ ئەيىبلەشكە بولمايدۇ .
بۇ خىل ئاجىزلىق ۋە چەكلىمىلىكلەر سۇتۇق ئوبرازىنىڭ ۋە ئۇنىڭ
خاراكتېرىنىڭ كىتابخانلارغا بېرىدىغان چىنلىق تۇيغۇسىنى كۈچەيتى-
دۇ . سۇتۇقنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ — ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئىسلاھاتچىسى
ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ .
يازغۇچىنىڭ سۇتۇق خاراكتېرىنى ئىككى ياقىلىملىققا ئىگە قى-
لىپ تەسۋىرلىشى سۇتۇق ئوبرازىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلىشىدا ۋە
چىنلىق ئاساسىغا ئىگە قىلىنىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان .
روماندا مەركىزىي پېرسوناژ بولغان سۇتۇق ئوبرازىدىن قالسا
ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ، پۈتكۈل روماندا باشتىن -
ئاخىر ئۆزگىچە رەڭ بىلەن جۇلالىنىپ ، نۇرلىنىپ تۇرىدىغان يەنە
بىر ئوبراز — ئېلىك ھاجىپ ئوبرازىدۇر .
ئېلىك ئوردا ئوقۇلىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا قول - دېدەكلەر-

نىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلارغا پاتىدۇ . قۇللار
بىلەن قۇلدارلار مۇناسىۋىتىدىكى تەڭسىزلىك ، قۇلدارلارنىڭ قۇللارنى
رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈشلىرى ، بازارلاردا ئېشەككە
ئوخشاش سېتىشلىرى ھە دېگەندىلا ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدۇ . ئۇ
بۇ ھەقتىكى ئىلغار پىكىرلىرى ئارقىلىق ئاشۇ چاغدىن باشلاپلا سۇ-
تۇقنىڭ ئالاھىدە دىققىتىگە ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ . خان
ئوردىسىغا خىزمەتكە كىرگەندىن كېيىنمۇ ، باشتىن - ئاخىر تەڭسىز-
لىكنى تۈگىتىپ ھەممە ئادەم باراۋەر ياشايدىغان ئېزىش - ئېزىلىش ،
زوراۋانلىق ۋە مۇستەبىتلىك بولمىغان زۇلۇمسىز بىر جەمئىيەتنى
بەرپا قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ . ئۇ بۇ ھەقتە ھەمىشە «نوختىمۇ يوق ،
يۈگەنمۇ يوق بىر زامان بولسا ، نامراتلار ئۆز زېمىنىدا ئۆزلىرى
ئۈچۈن ئىشلىسە... مۇشۇنداق ئەركىن زامان بولسا ئەجەب ياخشى
بولغان بولاتتى» دەپ ئويلايدۇ . دېمەك ، ئۇنىڭ نەزەرىدىكى ئەركىند-
لىك سۇتۇقنىڭ نەزەرىدىكى ئەركىنلىكتىن كەڭ ھەم چوڭقۇر مەز-
مۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى . ئېلىك ، يەرسىزلەرنىڭمۇ يەرگە ئىگە
بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن
«يەر مەسىلىسى تۈپلۈك مەسىلە ، كۆپ يەر ئىگىلىرىنىڭ بىر قىسىم
يەرلىرىنى تارتىۋېلىپ ، يەرسىزلەرگە بېرىش كېرەك ئىدى . يەرسىز-
لەرمۇ ئۆز يەرلىرىدە ئۆزى ئۈچۈن ئىشلەپ قورساق باقسۇن... » دەپ
سۇتۇق بۇغراخانغا تەكلىپ بېرىدۇ ۋە ئاخىر سۇتۇقنى يەر ئىگىلىرد-
نىڭ بەلگىلىمىدىن ئوشۇق يەرلىرىنى تارتىۋېلىپ ئاۋۋال تارىخىي
ئىشلەمچى نامراتلارغا بۆلۈپ بېرىشكە كۆندۈرىدۇ . خان سۇتۇق شۇ
بويىچە پەرمان چۈشۈرىدۇ .

ئېلىك ، روماندا يەنە خانلىقنىڭ بىلىگ ئاقارتىش ئىشلىرىنىڭ
سەركەردىسى ، ئىلغارلىق ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ، تىنچلىق - ئەمىنلىك-
نىڭ قوغدىغۇچىسى . يوقسۇللارنىڭ ھىمايىچىسى ، زوراۋانلار ۋە ئەز-
گۈچىلەرنىڭ دۈشمىنى . ئۆز دەۋرىدىكى ئىلىم - مەرىپەتنىڭ ھەرقاي-



سى ساھەلىرىدە تولۇق كامالەتكە يەتكەن ئالىمى ھەمدە خانغا توغرا
يول كۆرسىتىدىغان ئاقىل يول باشلىغۇچى ، سۇتۇق بۇغراخان ئوبرا-
زىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ، مۇكەممەل يارىتىلىشىدا كەم بولسا بولماي-
دىغان ئوبراز .

رومانىنىڭ تونۇش قىممىتىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ ، ئۇ بىزگە
ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ماددىي ، مەنىۋى ھاياتى ، مەدەنىيد-
تى ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش پسىخىكىسى ۋە تۇرمۇش ئادىتى قاتارلىقلار
ھەققىدىمۇ ئەتراپلىق مول مەزمۇنلۇق بىلىملەرنى بېرەلەيدۇ . بۇ نۇق-
تىدىن ئۇنى بىر قامۇس دېيىشكە بولىدۇ .

تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكنى بۇ ئەسەرنىڭ ئۇتۇق-
لۇق چىقىشى ھەم رومانىنىڭ چىنلىق تۈيغۇسىنى كۈچەيتىشتىكى يەنە
بىر مۇھىم ئامىل دېيىشكە بولىدۇ .

مەلۇمكى ، بۇ بىر تارىخىي رومان . ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگىنى ئوت-
تۇرا ئەسىردىكى تارىخىي تۇرمۇش ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى
ئەدەبىي ئەسەرنى ھەم چۈشىنىشلىك ، ھەم تارىخىي تۇرمۇش ۋە تارد-
خىي شەخسلەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن قىلىپ يېزىش — روماندا
ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى . ئاپتور بۇ مەسىلە
ئۈستىدە كۆپ ئەجىر قىلغان . ئاپتور بايانىنى «ھازىرقى زامان تىلى
بىلەن ، پېرسوناژلارنىڭ تىلىنىمۇ ئاساسەن ھازىرقى زامان تىلى بد-
لەن يېزىش ، شېئىر - قوشاق ، ماقال - تەمسىللەردە ، ئۆز ۋاقتىدد-
كى تىلنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ، لېكىن ھازىرقى زامان
كىشىلىرىمۇ چۈشىنەلەيدىغان بولۇش ، چۈشىنىكسىزرەك بولغانلىرىغا
ئىزاھات بېرىش ، مۇمكىنقەدەر ئەرەبچە ، پارسچە سۆزلەرنى ئىشلەت-
مەسلىك ، ئايرىم ناملار ، ئەمەل ئىسىملىرى ، جاي ئىسىملىرىنى
ئەسلىي ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى بويىچە ئېلىپ ئىزاھات بېرىش»[①] پرىنسد-

---

① سەيپىدىن ئەزىزى:«سۇتۇق بۇغراخان» رومانىنىڭ كىرىش سۆزى، 15 -، 16 - بەتلەر.

پىنى قوللانغان .

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، «سۇتۇق بۇغراخان» رومانى تارىخىي رومان ئىجادىيىتىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، ئىجادىيىتىمىزنى نۇرغۇن جەھەتلەردە قىممەتلىك تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلەپ ، ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا مۇھىم تەسىرلەر كۆرسەتتى . بىراق ، پېرسوناژلارنى ، ئېنىقىنى ئېيتقاندا ، سۇتۇق ئوبرازىنى تارىخىي ۋە سىنىپىي چەكلىمىلەردىن ئاز - تولا ھالقىتىۋېتىش ئۆز نۆۋىتىدە سۇتۇقنىڭ خاراكتېر چىنلىقىغا ئازدۇر - كۆپتۇر تەسىر يەتكۈزگەن . ئەسەردە سۇتۇق بىرقانچە قېتىم قۇل - دېدەكلەرنى قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ ، ئازاد قىلىدۇ . بۇ مېتاللار سۇتۇقنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكىنى يورۇتۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىغان ، لېكىن ئۇ ئازاد قىلغان قۇللارنىڭ بەزىلىرى بىلەن سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالىدۇ . ئۇلارنى ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرۈپ خان جەمەتىدىكىلەر ۋە ئوردا ئەھلى ئوقۇيدىغان ئوردا ئوقۇلىدا بىللە ئوقۇيدۇ . بەزىلەر بىلەن ئوردىنىڭ ئىشلىرىنى تەڭ باشقۇرىدۇ . ئاپتور بۇنداق تەسۋىرلەش ئارقىلىق سۇتۇقنىڭ ئالىيجانابلىقىنى يورۇتماقچى بولغان بولسىمۇ ، ئەمما بۇ دېتاللارنىڭ چىنلىقى كىشىنى شۈبھىلەندۈرىدۇ ، دەۋر چەكلىمىسى ، سىنىپىي چەكلىمە ، تارىخىي شارائىتلاردىن ھالقىتىۋېتىش سۇتۇق ئوبرازىغا سۈنئىيلىك ئېلىپ كەلگەن بولۇپ ، ئەسەرنىڭ ئېستېتىكىلىق كۈچىگە ئازدۇر - كۆپتۇر تەسىر يەتكۈزگەن .

## خېۋىر تۆمۈر

خېۋىر تۆمۈر يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنىنى ئۇنىڭ «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» ، «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» ، «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» قاتار-



لىق بىر تۈركۈم قىسسەلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى بەلگىلەنگەن . دېمىسىمۇ ، خېۋىر تۆمۈر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۇزاق تارىخقا ۋە مول ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئىگە بولغان ، ئەمما كېيىنكى مەزگىللەردە دىققەتنىڭ سىرتىدا قالغان قىسسەچىلىكتىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى پروزا شەكلىنى يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزغا ئېلىپ كىردى ۋە ئۇنىڭ يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتىنى ياراتتى .

خېۋىر تۆمۈر مىلادىيە 1922 - يىلى توقسۇن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان . ساۋاتىنى يۇرتىدا چىقارغاندىن كېيىن ، دادىسى — ئاتاقلىق خەلق قوزغىلاڭچىسى تۆمۈر ئېلىگە ئەگىشىپ ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىگە دېگۈدەك بارغان . 1937 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىرگەن . 1939 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن توقسۇندا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان . 1945 - يىلى توقسۇندىن ئۈرۈمچىگە چىقىپ ، ئازادلىققىچە نەشرىيات - مەتبۇئات ئورۇنلىرىدا ئىشلىگەن . ئازادلىقتىن كېيىن ھەرقايسى ساھەلەردە ئىشلىگەن . سول لۇشيەننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ، ئۇزۇن يىل سورۇقچىلىق تارتقان . 1979 - يىلى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن . 1992 - يىلى 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئالەمدىن ئۆتكەن .

خېۋىر تۆمۈر مىلادىيە 1940 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئېلان قىلدۇرغان شېئىرلىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن . ئۇ بۇ مەزگىللەردە «بالا» ، «ئالدانغان چولپان» ، «تىنچلىق» ناملىق داستانلارنى ۋە «يولۋاس ئۇخلاپ ياتاتتى» قاتارلىق ھېكايىلىرىنى ئېلان قىلغان .

يازغۇچى خېۋىر تۆمۈر مىلادىيە 1980 - يىللاردا قولىغا قايتا قەلەم ئېلىپ ، «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» ، «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» ، «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» ، «تاڭ ئالدىدا» قاتار-

لىق ئەدەبىي تەزكىرە - قىسسەلىرى ۋە پوۋېستلارنى يېزىپ نەشر قىلدۇردى .

خېۋىر تۆمۈر ئىجادىيىتىدە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدىغىنى ، شۇندقلا كىتابخانلار ئارىسىدا كەڭ تەسىر قوزغىغىنى ئۇنىڭ ئەدەبىي تەزكىرىلىرى بولۇپ ، ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يەكەن - سەئىدىيە خانلىقى دەۋرلىرىدە بارلىققا كېلىشكە باشلاپ ، خوجىلار دەۋرىدە يۇكسەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن ، تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي شەخسلەرنى ئەدەبىي ئۇسۇلدا ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدىغان ئەدەبىي ژانىر - تەزكىرە ئەدەبىياتىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ ھەم راۋاجلاندۇرۇپ ، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەسرىي ئەسەرلەر مۇنبىرىدە ئۆزگىچە جۇلالىنىپ تۇرىدىغان زور ھەجىمدىكى يىرىك ئەدەبىي تەزكىرىلەرنى يېزىپ چىقتى . يازغۇچىنىڭ «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» ، «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» ، «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر . ئۇ بۇ ئەسەرلىرىدە گەرچە كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى تەزكىرە يازغۇچىلىرىغا ئوخشاش رېئال تارىخىي شەخس - تارىخىي ۋەقەلەرنى يېزىشنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان بولسىمۇ بىراق ئۇلاردىكى نوقۇل ھالدىلا شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىقلار بىلەن بۇنداق جىددىي پەيتلەردە ئوتتۇرىغا چىققان غازاتچىلارنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى يېزىشتەك ئورتاقلىققا ئوخشاشمىغان ھالدا ، مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان ۋە يېقىنقى زامان تارىخىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئەر كۆيەر ، ئەل - يۆرتسۆيەر ، مەرىپەتپەرۋەر ، تەرەققىيپەرۋەر تارىخىي شەخسلەرنى ، ئەركىنلىك ، ئازادلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان خەلق قوزغىلاڭلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان .

خېۋىر تۆمۈرنىڭ ئەدەبىي تەزكىرە ئەسەرلىرى ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلەر بولغاچقا ،



بىز ئۇنىڭ ئەدەبىي تەزكىرىلىرى ھەققىدىلا قىسقىچە توختىلىمىز .

يازغۇچىنىڭ ئەدەبىي تەزكىرىلىرىدە تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەر روشەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ .

1 . رېئال تارىخىي شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى تېما قىلىش .

خېۋىر تۆمۈر ئۆزىنىڭ «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» ، «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» ، «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق زور ھەجىملىك ئەدەبىي تەزكىرىلىرىنىڭ ھەممىسىنى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدا ياشاپ ئۆتكەن رېئال تارىخىي شەخسلەرنى ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇشكە بېغىشلىغان .

«موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» دە مىلادىيە 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپان لۈكچۈندىكى باغرا يېزىسىدا تۇغۇلغان ، مىلادىيە 19 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى ئالەمدىن ئۆتكەن رېئال تارىخىي شەخس موللا زەيدىنىنىڭ تۇرپان ، كورلا ، قەشقەر ، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى كۈچلۈك يۇمۇرىستىك تۈسكە ئىگە ئىشلىرى ۋە تەسىرلىك پائالىيەتلىرى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن .

«ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» دە بولسا مىلادىيە 1862 - يىلى قەشقەر ئاتۇشنىڭ مەشھەت يېزىسىدا تۇغۇلغان ، قەشقەر ، بۇخارا قاتارلىق جايلاردا ئىلىم تەھسىل قىلغان . مىلادىيە 1924 - يىلى ئاۋغۇستتا قەشقەردە سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئابدۇقادىر داموللانىڭ قەشقەردىكى يېڭى مەكتەپ ئېچىش ، ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشتەك ئىلغار ئىش - پائالىيەتلىرى مەدھىيىلەنگەن .

«بالدۇر ئويغانغان ئادەم» مىلادىيە 1901 - يىلى تۇرپان يېڭىشەھەردە تۇغۇلغان ، يېڭى مەكتەپ ئېچىپ مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى بىلەن كەڭ تۈردە شۇغۇللانغان ، خەلق قوزغىلاڭلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان ، شۇ سەۋەبتىن شېڭ شىسەي تەرىپىدىن مىلادىيە 1933 -

يىلى مارتتا چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن رېئال تارىخىي شەخس ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، يۇقىرىقى ئۈچ ئەسەرنىڭ ھەممىسىدىلا رېئال تارىخىي شەخسلەر ھەم ئۇلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئاساس قىلىنغان.

2. زۇلۇمغا، جاھالەتكە، نادانلىققا قارشى تۇرغۇچى مەرىپەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ۋە ئۇلارنى مەدھىيىلەش.

يازغۇچى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئاساسلىق تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلىنغان ئوبرازلار زۇلۇمغا، مۇستەبىتلىككە، جاھالەتكە، خۇراپاتلىق - نادانلىققا قارشى تۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەركىنلىكى، ئازادلىقى، بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان كىشىلەر بولۇپ، ئاپتور بىر تەرەپتىن بۇ قەھرىمان شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئەل سۆيەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئەركپەرۋەرلىك روھىنى قىزغىن مەدھىيىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ زورلۇقلۇقى ۋە زۇلۇم - سىتەملىرىنى، مۇتەئەسسىپ دىنىي كۈچلەرنىڭ خۇراپاتلىق - بىدئەتلىكلىرىنى قاتتىق پاش قىلىدۇ.

«موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» دىكى موللا زەيدىن يالغۇز ئادەتتىكى بىر قىزىقچىلا ئەمەس، بەلكى ئەل - يۇرت سۆيەر، ئەر كۆيەر ئوغلان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە زېرەكلىكىگە تايىنىپ، ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك، ئۆتكۈر ساتىرىك چاقچاقلىرى ۋە يۇمۇرىستىك قوشاق - بېيىتلىرى ئارقىلىق ۋاڭ - گۇڭ، بەگ - خوجىلارنىڭ خەلق ئاممىسىغا سالغان دەھشەتلىك زۇلۇملىرى، ئۇلارغا قىلغان زورلۇق - زومبۇلۇقلىرى، مۇتەئەسسىپ - خۇراپىي كۈچلەرنىڭ ۋاڭ - خوجىلارغا يانتاياق بولۇپ، خەلق ئاممىسىغا كەلتۈرگەن ئازاب - ئوقۇبەتلىرى ئۈستىدىن مەسخىرىلىك شىكايەت قىلىدۇ.



دىنىي - خۇراپىي كۈچلەرنىڭ مۇتەئەسسىپلىكلىرىنى، ۋاڭ - خوجىلار، بەگلەر ۋە ئۇلارنىڭ يالاقچىلىرىنىڭ رەزىل ئەپت - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. ئاچ كۆز قازىلارنى ئەپچىللىك بىلەن بابلايدۇ.

موللا زەيدىنىنىڭ خەلق سۆيەرلىكى ۋە ئەر كۆيەرلىكى، ئۇنىڭ ۋاڭلىق ئېرىق چېپىش يارلىقىدىن پايدىلىنىپ خەلق ئاممىسىنى قۇرقۇتۇپ، ئالداپ، بېسىم ئىشلىتىپ ئۆز يانچۇقلىرىنى سەمرىتمەكچى بولغان ۋەلىخان بەگ ۋە مەتىم دوغىنى ئۈستىلىق بىلەن دەررىگە تۇتۇپ بېرىپ جازالىتىشى، ۋاڭنى يۈزىچىلا «سوپى - ئىشانلار بىر قوشۇق، ۋاڭ - خوجاملار بىر ئۇششۇق» دەپ مەسخىرە قىلىشلىرى، ۋاڭنى كولدۇرلىتىپ، گۇناھكارلارغا كەپتەر قوغلىتىش جازاسى بېرىشكە كۆندۈرۈپ، بىگۇناھ ھالدا زىندانغا تاشلانغان سېتىۋالدى ياقاڭ، ئامۇر، سۇلتان، قوغۇنچى بوۋاي قاتارلىق ئون نەچچە گۇناھكارنى زىنداندىن قويدۇرۇۋېتىشى، تۇل ئايالنى ئۆلتۈرۈپ، پۇل - ماللىرىنى ئۆزى ئوغرىلىۋېلىپ، يۇرت خەلقىنى قىيىن - قىستاققا ئېلىۋاتقان خوجا ھاپىز بەگنى خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلىپ، ئۆلتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بېرىشى، نادان ئاممىنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى دۇئا ئوقۇپ قويۇش ھېسابىغىلا ئۆز نىكاھىغا ئېلىۋالىدىغان ئىشان داموللىنى پەم بىلەن بابلاپ، بۇ شەھۋەتپەرەس قېرىنى ئاللا - تۇۋا تۇۋلىتىپ، رەسۋا قىلىشى، ئاچ كۆز ھەسەن قازىنى ئەپچىللىك بىلەن باپلاشلىرى شۇنداقلا تۇرپان خەلقىنىڭ بېيجىڭ خانغا يازغان ئەرزىنى ئېلىپ بېيجىڭغا مېڭىشى قاتارلىق بىر قاتار ۋەقەلىكلەر ھەم تەپسىلاتلار ئەسەردە ئىنتايىن جانلىق ۋە تەسىرلىك ئېچىپ بېرىلگەن.

«ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» دە يازغۇچى مىلادىيە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەردىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان ئويغىنىش، مەرىپەت ئۆگىنىش تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش، ئۇلارنى نادانلىقتىن قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئەينى دەۋردىكى

سىياسىي ھاكىمىيەتنىڭ خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى
يۈرگۈزۈشكە پىسەنت قىلماي ، دىنىي مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ يې-
تەكچە پەننىي مائارىپقا چىش - تىرنىقىغىچە قارشى تۇرۇشىغا ۋە جان -
جەھلى بىلەن توسقۇنلۇق قىلىشلىرى ھەم بۇزغۇنچىلىق قىلىشلىرىغا ،
چەت ئەل مۇخالىپەتچىلىرىنىڭ پۈتلىكاشاڭلىرىغا قارىماي كۆكرەك
كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ ، تەلىم ئۇسۇلىنى
ئىسلاھ قىلىپ ئاقارتىش ، مەرىپەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن كەڭ شۇ-
غۇللىنىپ ، كەڭ خەلقنى روھىي قۇللۇقتىن ئازاد قىلىش ، مىللەتنى
تەرەققىيات يولىغا باشلاپ ، مەھكۇملۇقتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن
ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتىغان ۋە مۇشۇ يولدا جېنىنىمۇ پىدا قىلغان
ۋەتەنپەرۋەر ، مەرىپەتپەرۋەر ، ئىسلاھاتچى ، ئالىم ھەم شائىر ئابدۇقا-
دىر داموللامنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ ، ئۇنى قىزغىن
مەدھىيىلەيدۇ .
«بالدۇر ئويغانغان ئادەم» مەرىپەتچى ، تەرەققىيپەرۋەر ، خەلق-
پەرۋەر ئىنقىلابىي شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ۋاپاتىنىڭ 50 يىلل-
قىغا بېغىشلانغان . بۇ ئەسەردىمۇ يازغۇچى ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىنىڭ
قاتتىق چەكلىشىگە ، مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ جان - جەھلى بىلەن
قارشى تۇرۇشىغا قارىماي ھېسابسىز زۇپەر ، مەخسۇت مۇھىتى ،
لېتىپ ئەپەندى قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلى-
شى ھەم يېقىندىن ياردەمدە بولۇشى بىلەن تۇرپاندا يېڭىچە مەكتەپ
ئېچىپ ، كۈندۈزلۈك سىنىپتا كىچىك بوغۇنلارنى ، كەچلىك سىنىپتا
چوڭ ياشتىكى ئىلىم ھەۋەسكارلىرىنى ئوقۇتۇپ ، بارا - بارا مەكتەپنى
بىرنەچچە ئورۇنغا كېڭەيتىپ مەرىپەتچىلىك ، ئاقارتىش ئىشلىرى بى-
لەن ھارماي - تالماي شۇغۇللىنىپ ، پۈتۈن زېھنىنى خەلق ئاممىسى-
نى نادانلىقتىن ، جاھالەتتىن ۋە زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇشقا سەرپ قىل-
غان ، مەرىپەتپەرۋەر ، تەرەققىيپەرۋەر شائىر ، تۇرپان ، توقسۇن قا-
تارلىق جايلاردا كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ ئاكتىپ قاتناش-



قۇچىسى ھەم تەشكىللىگۈچىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئابدۇخالىق ئۇي-
غۇرنىڭ ئوبرازىنى ئۇتۇقلۇق يارىتىپ ، ئۇنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ،
تەرەققىيپەرۋەرلىك ، خەلقپەرۋەرلىك روھىنى قىزغىن مەدھىيىلەي-
دۇ .
كەڭ دائىرىدىكى مەزمۇن سىغىمچانلىقى . خېۋىر تۆمۈر ئۆزىنىڭ
ئەدەبىي تەزكىرىلىرىدىكى باش قەھرىمانلارنى كەڭ ئىجتىمائىي تارى-
خىي ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلىگەن . نەتىجىدە ئەسەر-
لەرنىڭ مەزمۇن سىغىمچانلىقى زور دەرىجىدىكى كەڭلىككە ئىگە بول-
غان .
ئاپتور مەيلى قايسىلا ئەسەردە بولسۇن ، يالغۇز ئۆز پېرسوناژلى-
رىنىڭ مەلۇم ماكان ، مەلۇم زاماندىكى ئىش - پائالىيەتلىرىنى خاتى-
رىلەپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان ، بەلكى پېرسوناژلار ھەرى-
كەت قىلىۋاتقان ماكان - زاماندا بولۇۋاتقان ئىشلارنى شۇ ماكان ،
شۇ زاماندا ياشىغۇچى باشقا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋاللىرى ، ئەينى
جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن قىياپىتى ، ھەرقايسى قاتلام ، تەبىقىلەرنىڭ
شۇ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى ، جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئۆرپ -
ئادەتلىرى ، شۇ دەۋرلەردە بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي ۋەقەلەر قاتارلىقلار-
نى ناھايىتى ماھىرلىق ھەم ئۇستىلىق بىلەن ئەسەرگە سىغداپ كىر-
گۈزۈپ ۋە كىرىشتۈرۈپ تەسۋىرلەپ ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ رايونى-
نىڭ بىر پۈتۈن سىياسىي ، ئىجتىمائىي قىياپىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك
ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن .
«موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» دە ئاپتور موللا زەيدىننىڭ ئىش -
پائالىيەتلىرىنى يېزىشنى مەركەز قىلغان ھالدا ، موللا زەيدىننىڭ
سەپىرىگە ئەگىشىپ تۇرپان ، كورلا ، كۇچا ، ئاقسۇ ، قەشقەر قاتارلىق
جايلارنىڭ ئىجتىمائىي ، سىياسىي ئەھۋالى ، شەھەر قۇرۇلۇشلىرى ،
بازارلىرىنىڭ ئەھۋاللىرى قاتارلىقلار بىر قەدەر تەپسىلىي يېزىلغان .
مەسىلەن ، موللا زەيدىن كۇچاغا كەلگەندە ئاپتور كۇچانىڭ شەھەر

مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىنى ، جۇمە كۈنلۈكتە بولىدىغان ئازنا بازىرىنى ، بۇ بازاردىكى قۇش بازىرى ، ھايۋان ـ مال بازىرى ، گەزمال دۇكانلىرى ، يىپ بازىرى ، يىك بازىرى ، دوپپا ، تۇماق ، ئۆتۈك بازىرى ، ئاشلىق بازىرى ، پاختا دۇكانلىرى ، پاختا بازارلىرىنىڭ جايلىشىش ئورۇنلىرى قاتارلىق تاشقى قىياپىتىنى تەسۋىرلىگەندىن كېيىن ، كۇچادىكى دىنىي ئۆلىمالار ، سوپى ـ ئىشانلار تەبىقىسى ، ۋاڭ ـ خوجىلار تەبىقىسى ، سودىگەرلەر تەبىقىسى قاتارلىق تەبىقىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ پۇل تېپىپ ، جان بېقىش ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇرىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۇچا ئاشخانىلىرىدىكى تاماق يېگىلى كىرگەن خېرىدارلارنىڭ ئۆزئارا ئىززەت قىلىشىپ بىر ـ بىرىگە چاي تۇتۇش ئادەتلىرى ، توي ـ نىكاھ ئادەتلىرى قاتارلىقلاردىنمۇ مەلۇمات بېرىدۇ . قەشقەرگە بارغاندا قەشقەرنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشلىرى ، ئۆي ـ ئىمارەت ، كوچا ـ رەستىلىرى ، دەريا ـ ئېقىنلىرى ، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلىرى ، بايلار ، تىجارەتچىلەرنىڭ ، قازى ـ قۇززاتلارنىڭ پۇل تېپىش ، نەپ ئېلىش ئۇسۇللىرى ، كەمبەغەللەرنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى ، قەشقەردىكى ھەزرەت سەيلىسىنىڭ ئەھۋالى قاتارلىقلارنى يازىدۇ ؛ ئاقسۇ ئايكۆلگە كەلگەندە ، ئۇ يەردىكى چېرىك تۇتۇش ۋەقەسى ، تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى بىر مەھەللىدە قىزىغان توي قاتارلىقلارنى قوشۇپ يازىدۇ .

«ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» دە ئابدۇقادىر داموللىنىڭ يېڭى مەكتەپ ئېچىپ ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش ، خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى مەركەزلىك تەسۋىرلىگەندىن تاشقىرى ، قەشقەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى سىياسىي ھاكىمىيەت ئەھۋالى ، ئىجتىمائىي قىياپىتى ، بايلىق ـ نامراتلىق ئەھۋاللىرى ، جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ، سىياسىي ، ئەخلاقىي قاراشلىرى ، چەت ئەل مۇخالىيەتچىلىرىنىڭ ئەقىدە ئوغرىلاش ، مىللەتنى پارچىلاش سۇيىقەستلىرى ۋە ئۇنىڭغا قارشى خەلق نامايىشىنىڭ جەريانى قاتارلىقلاردىن قەشقەردىكى مېھماندارچىلىق ، مېھمان



كۈتۈش ئادەتلىرىگىچە . تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ سېلىنىش ، بېزىلىش ، زىننەتلىنىش ، سىرلىنىش ، نەقىشلىنىش ئەھۋاللىرىغىچە ئىنچىكىلىك بىلەن يېزىلغان .

«بالدۇر ئويغانغان ئادەم»دە ئاپتور ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ يېڭى مەكتەپ ئېچىپ مەرىپەت تارقىتىشتەك مەرىپەتچىلىك پائالىيىتى بىلەن ئىجادىي ھاياتىنى يورۇتۇپ بېرىش بىلەن بىللە يەنە مىلادىيە 1931 ـ ، 1933 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە 1932 ـ يىلى دېكابىرنىڭ ئاخىرىدىن 1933 ـ يىلى مارتنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلغان تۇرپان ، پىچان ، توقسۇن قاتارلىق جايلاردىكى دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋاللىرىنى ئىنتايىن ئەتراپلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ئاپتور يەنە قۇمۇلدا يۈز بەرگەن تورپاقلار يېغىلىقىنىڭ ۋە تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ كۆتۈرۈلۈش سەۋەبلىرىدىن باشلاپ ، تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە مەغلۇپ بولۇش سەۋەبلىرىگىچە ، قوزغىلاڭ باشچىلىرىنىڭ ئاخىرقى تەقدىرىگىچە بولغان بىر قاتار رېئال تارىخىي ۋەقەلەرنى ئەپچىللىك بىلەن ئەسەرگە كىرىشتۈرۈپ ، قۇمۇل ، تۇرپان رايونلىرىنىڭ 30 يىلغا يېقىن ئارىلىقتىكى زور تارىخىي ۋەقەلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ . بۇلاردىن تاشقىرى يەنە ئەينى چاغدىكى ئۈرۈمچىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ، مىلادىيە 1928 ـ يىلى 7 ـ ئىيۇل كۈندىكى فەن ياۋنەننىڭ ياڭ زېڭشىننى ئېتىپ ئۆلتۈرۈشى ، جىن شۇرېننىڭ فەن ياۋنەننى ئېتىپ ئۆلتۈرۈشى ، زو زۇڭتاڭنىڭ شىنجاڭغا كىرىپ بەدۆلەتنى يوقىتىشى ، بەدۆلەتنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ شاھلىق تالىشىپ بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈشى ، زو زۇڭتاڭ ، ليۇ جىنتاڭ ، رويىڭچى ، ليەن كۈي ، يۈەن داخۇا ، ياڭ زېڭشىن قاتارلىقلارنىڭ شىنجاڭنى سوراش ئەھۋالى قاتارلىقلار ۋە باتۇر تەڭرىقۇت ھەققىدىكى قىسمەن مەلۇماتلار ئەسەرگە قىستۇرۇلغان بولۇپ ، ئەسەرنى يۇقىرى تارىخىي ھۆججەتلىك قىممەتكە ئىگە قىلغان .

بىز يۇقىرىدا توختالغان بۇ ئۈچ پارچە ئەسەر تارىخىي تېمىلارغا مەنسۇپ بولغان تەزكىرە تۈسىدىكى ئەسەرلەردىن بولغاچقا ، ئاپتور ئۇلارنىڭ بەدىئىي

چىنلىقىغا ئەجىر سىڭدۇرۇپلا قالماستىن ، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ تارىخىي
چىنلىقىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن . چەكلىك بولغان تارىخىي ماتېرىياللار
ۋە پاكىتلار بىلەن چەكلىنىپ قالماي ، دادىل ئىزدىنىپ رومانلاردىكى تارىخىي
تۇرمۇش كارتىنىسىنى روشەنلىككە ، كونكرېتلىققا ئىگە قىلالىغان ، نەتىجىدە
پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ يارقىنلىشىشى ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغان
بەدىئىي مۇھىتنىڭ تېپىكلىكىگە ئېرىشكەن .
گەرچە بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىيلىكىدە ئالاھىدە يېڭىلىق يوقتەك
كۆرۈنسىمۇ ، ئەمما ئاپتورنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتىمىزدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىلەرگە ئىجادىي ۋا-
رىسلىق قىلغانلىقىنى ، پايدىلىق تەركىبلەردىن ئوبدان پايدىلانغانلىقى-
نى كۆرۈۋش تەس ئەمەس . ئەسەرلەردىكى بايانىنىڭ قىزىقارلىق ۋە
جەلپكارلىقى ، ھېكايە تۈسىنىڭ قويۇقلۇقى ، قۇرۇلما شەكلى ، تىلى-
نىڭ ئاممىبابلىقى ۋەھاكازالار بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ .
ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ، يازغۇچى خېۋىر تۆمۈر يېزىش تەس-
رەك بولغان تارىخىي تېمىلارنى قولغا ئېلىپ ئۇلارنى مۇۋەپپەقىيەت-
لىك يېزىپ چىقتى . تارىخىي تېما ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆرتكە
بولۇپلا قالماي ، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزدىكى تەزكىرە ئەدەبىيا-
تىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە يول تېپىشىغا بەلگىلىك ھەسسە قوشتى .

## ئەخەت تۇردى

ئەخەت تۇردى — دەۋرىمىزدىكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ تە-
رەققىياتىغا ، گۈللەپ - ياشناش ۋەزىيىتىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوش-
قان داڭلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇ ئۆزىنىڭ 40 يىللىق
ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا پروزىچىلىقنىڭ رومان ، پوۋېست ، ھېكايە
قاتارلىق ھەممە ساھەلىرىدە دىگۇدەك قەلەم تەۋرىتىپ ، ھەممە ساھە-
لىرىدە دېگۇدەك نەتىجە قازىنىپ ، كىتابخانلىرىمىزغا «مەرھابا ، باغ-



ۋەن» ، «گۈلخان» ، «سىناق مەيدانىدىكى لەتىپە» ، «خەير - خوش
توققۇز كۈنلۈك ماكان» ، «ئەلۋىدا كۆز يېشىم» ، «ئۇنتۇلغان كىشى-
لەر» ، «سەرسان روھ» قاتارلىق بىر تۈركۈم ياخشى ئەسەرلەرنى
تەقدىم قىلدى . ئەخەت تۇردى بۇ ئەسەرلىرىدە ئاساسەن ئىجتىمائىي
ھاياتىمىزنىڭ ئوخشاشمىغان دەۋرلەردىكى قىياپەتلىرىنى ئوخشاشمى-
غان نۇقتىلاردىن چىقىپ ئەكس ئەتتۈردى ، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ
ئوبرازىنى ياراتتى ، ئۆزىنىڭ ئېستېتىكىلىق ئىزدىنىشلىرىنى ۋە بەدى-
ئىي جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى نامايان قىلدى . بۇ
ئارقىلىق ئۇ كىتابخانلار قەلبىدە ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە بەلگىلىك
تەسىرگە ئىگە بولدى .

### ئەخەت تۇردىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

ئەخەت تۇردى مىلادىيە 1940 - يىلى 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى
قەشقەر شەھىرىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . مىلادىيە
1949 - يىلىدىن 1959 - يىلىغىچە باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپلەردە
ئوقۇغان . مىلادىيە 1959 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدە-
بىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن . مىلادىيە 1964 - يىلى ئوقۇش
پۈتتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەت-
چىلەر بىرلەشمىسىگە تەقسىم قىلىنىپ ، بىرلەشمە قارىمىقىدىكى «تا-
رىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن . كېيىن
ژۇرنالنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولغان . مىلادىيە 1989 - يىلى
1 - ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي
يازغۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ . ئۇ ھازىر 1 - دەرىجىلىك كەسپىي
يازغۇچى ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، جۇڭگو ئاز
سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ، شىنجاڭ ياز-
غۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى .

ئەخەت تۇردىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت هاياتى 1958 ـ يىلى «تا-
رىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «گۇرۇچ» ناملىق هېكايىسى بىلەن
باشلانغان . شۇنىڭدىن تارتىپ 1960 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە
بولغان ئارىلىقتا ئۇ «هاياتنىڭ باشلىنىشى» ، «دەشتكە باهار كەلدى» ، «كۈ-
رەش داۋام قىلىدۇ» ، «ئازاد زامانەمدىن ئايلىناي» ، «بىزنىڭ ئەۋ-
لاد» قاتارلىق بىر قىسىم هېكايىلەرنى يېزىپ ، شۇ دەۋر رېئاللىقىنى
خېلى جانلىق ئەكس ئەتتۇرگەن هەم كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان .
1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ ئەخەت تۇردىنىڭ پروزا
ئىجادىيىتى يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى . ئۇ مۇشۇ مەزگىللەردە
«يالقۇنلۇق ياشلىق» ، «مەرهابا ، باغۋەن» ، «مەهبۇس قىزى» ، «غىلغاي-
لىق كىشى» قاتارلىق هېكايىلەرنى يېزىپ ، زىيالىيلارنىڭ پاراكەندە
يىللاردا باشتىن كەچۈرگەن ئېچىنىشلىق هايات سەرگۈزەشتىلىرىنى
ۋە يېڭى دەۋردىكى يېڭىچە هاياتنى تەسىرلىك ، جانلىق تۇرمۇش تەپسى-
لاتلىرى ئاساسىدا تەسۋىرلەپ ، شۇ دەۋر هېكايىچىلىقىدا خېلى زور
تەسىر پەيدا قىلغان . بولۇپمۇ ئۇنىڭ «مەرهابا ، باغۋەن» ناملىق
هېكايىسى چىنلىق دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقى ، بەدىئىي سەۋىيىسىنىڭ
ئۇستۇنلۇكى ، تەسىرلەندۇرۇش كۈچىنىڭ يۇقىرىلىقى ، هامۇت مۇئەل-
لىم ئوبرازىنىڭ ياخشى يارىتىلغانلىقى بىلەن ، شۇ دەۋردە كىتابخانلار
ئەڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان هېكايىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان . كېيىنكى
يىللاردا ئۇ يەنە ئىسلاهات ـ ئېشىكنى ئېچىۋېتىش دەۋرىدە مەيدانغا
كەلگەن يېڭى شەيئى ـ يېڭى كىشىلەر تەسۋىرلەنگەن ، مۇرەككەپ
ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ۋە خاراكتېر ـ ئالاهىدىلىكلەر سۇرەتلەن-
گەن ، كىشىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان
«سىناق مەيدانىدىكى لەتىپە» ، «خەير ـ خوش توققۇز كۈنلۈك ما-
كان» ، «قىزىق ئىشلار» ، «نېمە دېگۈلۈك» قاتارلىق بىر تۈركۈم
ياخشى هېكايىلەرنى يېزىپ ، ئۆزىنىڭ هېكايە ئىجادىيىتىدىكى ماهارى-
تىنى ، بەزى ئالاهىدىلىكلىرىنى نامايان قىلدى . بۇ هېكايىلەر جەمئى-



يەتتىكى مۇهىم ، ماهىيەتلىك مەسىلىلەرنى تېما قىلغانلىقى ئۈچۈن
جەمئىيەتتە ناهايىتى كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى هەم هېكايىچىلىقى-
مىزنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە جىددىي مۇئامىلە قىلىشتەك جەڭ-
گىۋارلىقىنى مەلۇم سەۋىيىگە ئىگە قىلدى . ئەخەت تۇردى هېكايە
ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە پوۋېست
ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ ، «قىيانلىق دەريا» ، «باهاردىكى
جۇدۇن» ، «مۇزلىغان يۈرەك» ، «سەبىيلەر پاجىئەسى» ، «قاش
بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا» ، «ئەلۋىدا ، كۆز يېشىم» قاتارلىق پو-
ۋېستلارنى ئېلان قىلىپ ، بۇ جەهەتتىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە
ئېرىشتى . ئۇنىڭ پوۋېست ئىجادىيىتى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ هېكايە ئى-
جادىيىتىدىن رومان ئىجادىيىتىگە ئۆتۈشتىكى ئۆتكۈنچى ئىجادىيىتى
بولۇپ قالدى . ئۇ 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ رومان
ئىجادىيىتىگە كىرىشىپ ، 1989 ـ يىلى تۇنجى رومانى — «ئۇنتۇل-
غان كىشىلەر» نى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى . بۇ رومان
ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە قىممىتى ۋە خېلى يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتى
بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ۋە ئەدەبىيات ساهەسىدە زور تەسىر قوزغىدى
شۇنداقلا ئۇنىڭ رومان ئىجادىيىتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس بولۇپ قال-
دى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاساسلىق كۈچىنى رومان ئىجادىيىتىگە
قارىتىپ ، كەينى ـ كەينىدىن «هايات شۇنداق» ، «ئاي يامغۇرى» ، «يىراق-
تا قالغان مۇهەببەت» ، «سەرسان روھ» قاتارلىق رومانلارنى يېزىپ
نەشر قىلدۇردى . يازغۇچىنىڭ بۇ رومانلىرىنىڭ هەممىسى دىگۇدەك
دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش ، خىزمەت ، مۇهەببەت ، ئائىلە ئىش-
لىرىغا بېغىشلانغان بولۇپ ، بۇ رومانلارنىڭ تۇرمۇش ئاساسى ناهايىتى
كۈچلۈك . رومانلاردا شەخسنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى دەۋرنىڭ بوران ـ
چاپقۇنلىرى ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مۇرەككەپلىكى بىلەن بىر-
لەشتۈرۈلۈپ ، شۇ ئاساستا سۇژىت تەشكىللەنگەن بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ
جەلپ قىلىش كۈچى يۇقىرى ، تەسىرلەندۈرۈش كۈچى كۈچلۈك بو-

لۇپ ، يېڭى دەۋر رومانچىلىقىمىزدا مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدۇ . بۇ رومانلاردا يازغۇچىنىڭ دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش ، بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە ئىدىيە ياكى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ، پېرسوناژلار ئوبرازىنى كۆڭۈل قويۇپ يارىتىش ، تۇرمۇش چىنلىقىغا سادىق بولۇش ، روھىي دۇنيانى ئىپادىلەشكە ماھىر بولۇش ، ئەسەرنى ھېسسىيات ، مۇھاكىمە قاتارلىق لىرىك تەركىبلەر بىلەن بېزەش . . . كە ئوخشاش ئالاھىدىلىكلىرى خېلى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان .

ھېكايىچىلىك ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ باشلىنىشى ۋە مۇھىم قىسمى . «گۇرۇچ» ھېكايىسى 1958 - يىلى ئېلان قىلىنغان بولۇپ ، بۇ ئۇنىڭ تۇنجى ئەسىرى ۋە دەسلەپىدىلا خېلى كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان ئەسىرىدۇر . ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن «ھاياتنىڭ باشلىنىشى» ، «دەشتكە باھار كەلدى» ، «كۈرەش داۋام قىلىدۇ» ، «ئازاد زامانەمدىن ئايلىناي» ، «بىزنىڭ ئەۋلاد» قاتارلىق ھېكايىلەرنى ئېلان قىلدى . 1980 - يىللاردىن كېيىن تۇرمۇشنى كۆزىتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ، بولۇپمۇ ئېستېتىك ئېڭىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ «مەرھابا باغۋەن» ، «ئەشرەپ بوۋا» ، «گۈلخان» ، «سىناق مەيدانىدىكى لەتىپە» «خەير - خوش توققۇز كۈنلۈك ماكان» قاتارلىق ھېكايىلەرنى ، «قىيانلىق دەريا» ، «مۇزلىغان يۈرەك» ، «باھاردىكى جۇدۇن» ، «سەبىيلەر پاجىئەسى» ، «قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا» ، «ئەلۋىدا كۆز يېشىم» قاتارلىق پوۋېستلار ۋە «ھايات شۇنداق» ، «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» ، «ئاي يامغۇرى» قاتارلىق رومانلارنى ئېلان قىلدى .

ئەگەر بىز «ئەلۋىدا كۆز يېشىم» ناملىق پوۋېستنى ئۇنىڭ پوۋېست ۋە ھېكايە ئىجادىيىتىدىكى بىر پەللە دېسەك ، ئۇنداقتا «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانى ئۇنىڭ رومان ئىجادىيىتىدىكى نەتىجىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان نادىر ئەسەردۇر .

تۆۋەندە بىز تارىخىي تېمىلارغا بېغىشلانغان «ئۇنتۇلغان كىشى-



لەر» ۋە «ئاي يامغۇرى» رومانلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز . دەرۋەقە «ئاي يامغۇرى» يىراق تارىخىمىزغا ئەمەس ، بەلكى 30 يىلدىن بۇرۇنقى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزغا بېغىشلانغان بولسىمۇ ئۇنى يەنىلا تارىخىي رومان دېيىشكە بولىدۇ .

## «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» قاتارلىق رومانلىرى

«ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانى 1988 - يىلى نەشر قىلىندى . بۇ رومانىنىڭ نەشر قىلىنىشى ، ئەخەت تۇردى ئىجادىيىتىنىڭ پروزىنىڭ يىرىك ژانىرىغا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىدىن دېرەك بەردى . يازغۇچى بۇ روماندا قەشقەر خەلقىنىڭ مىلادىيە 1944 - يىلى نويابىردا ئىلىدا پارتلىغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قوزغىلىپ ، ئەركىنلىك ، ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي رېئاللىقنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان . رومانىنىڭ ۋەقەلىكى قىزىقارلىق ، قۇرۇلمىسى پۇختا ، تىلى رەڭدار بولۇپ ، ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇب يارىتقان بولۇپ ، رومانىدىكى باتۇق ، نازاكەت خېنىم ، مامۇت قۇرغۇي ، ھەمدەمبەگ قاتارلىق بىر تۈركۈم پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ ئۇتۇقلۇق يارىتىلىشى رومانىنىڭ ئەڭ مۇھىم بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا ، باتۇق ۋە نازاكەت خېنىمنىڭ ئوبرازى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدىكى پېرسوناژلار ئوبرازلىرىنىڭ قاتارىنى بېيىتتى دېيىشكە بولىدۇ .

يازغۇچى روماندا پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يورۇتۇشقا ئالاھىدە كۈچ چىقارغان بولۇپ ، پېرسوناژلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن ماھىيەتلەرنى قېزىشقا ، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدىكى زىددىيەتلىك تەرەپلەرنى ئېچىپ بېرىشكە ، ئۇلارنى تەگكىلى بولمايدىغان مەبۇد ياكى ئىلاھ سۈپىتىدە ئەمەس ، بەلكى قېنى ۋە گۆشى بار ھەرىكەتچان ئادەم قىلىپ تەسۋىرلەشكە تىرىشتى . شۇڭا ، ئەسەردىكى باش قەھرىمان

باتۇق بىزنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدۇ .

باتۇق ئەسلىدە ئاق كۆڭۈل ، مەرد ۋە ھەققانىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە ئاددىي يىگىت ئىدى . ئۇ باشتا پەقەت ھەمدەمبەگكە ئوخشاش زوراۋان-لارنىڭ زۇلمىغا ئۇچراپ ، ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدىلا قارشى-لىق كۆرسىتىش يولىغا قەدەم قويىدۇ . ئۇنىڭدىكى بۇ خىل قارشىلىق كۆرسىتىش ئىستىكى پەقەت ئاڭسىز ، ئىستىخىيىلىك ھالدىكى قار-شىلىق ئىدى ، خالاس . ئۇنىڭ ئۇستىگە باتۇق كىچىكىدىن تارتىپ چۇس ، قارام ئۆسكەنلىكى ، سىستېمىلىق تەربىيە كۆرمىگەنلىكى تۇ-پەيلىدىن ئۆز خاراكتېرىدىكى بىر قىسىم چەكلىمىلىكلەردىن خالىي بولالمايدۇ ، ھەتتا ئۆچمەنلىك تۇيغۇسى بىلەنلا ھەمدەمبەگنىڭ قىزى خان بۇۋىگە يولسىزلىق بىلەن چېقىلىدۇ··· مانا بۇ باتۇقنىڭ خاراكتې-رىدىكى ھالقىپ كەتكىلى بولمايدىغان ئاجىزلىقلاردۇر . يازغۇچى دا-دىللىق بىلەن بىر جانلىق (ئادەم ) نى يېزىۋاتقان پوزىتسىيىدە ئۆز پېرسوناژلىرىغا مۇئامىلە قىلىدۇ . باتۇق نۇرغۇنلىغان ئەگرى ـ توقاي-لىقلار ۋە روھىي جەھەتتىكى كۇرەشلەردىن كېيىن ، قۇتلۇق ئەپەندى-نىڭ يېتەكلىشى بىلەن تەدرىجىي چېنىقىپ ۋە پىشىپ ، ئاڭسىز ھالدىكى قارشىلىقتىن ئاڭلىق ھالدىكى كۇرەشكە ئاتلىنىدۇ . ئۇزۇل ـ كېسىل ، مۇرەسسەسىز كۇرەش ئېلىپ بېرىشقا ، ئازادلىق ۋە ھۆر-لۇكنى ئاخىرقى نىشان قىلىشقا تەرەققىي قىلىدۇ . دېمەك ، يازغۇچى باتۇقنىڭ ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرىنى كونكرېت تەسۋىرلەپلا قالماس-تىن ، بەلكى ئۇنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ، روھىي كەيپىياتى ، پىسى-خىكىلىق يېتىلىشى قاتارلىق ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنىمۇ ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەيدۇ ۋە ئۇنى باتۇق ئوبرازىنى يورۇتۇشتى-كى ئاساس قىلىدۇ .

دەرۋەقە ، باتۇق ئاجايىپ ئۇلۇغ ، شانۇ شەۋكەتلىك ، نۇقسانسىز ۋە كەم ـ كۇتسىز ئەپسانىۋى قەھرىمان ئەمەس ، بەلكى ۋۇجۇدىغا ئادىمىيلىك تامغىسى بېسىلغان ، جاپالىق يىللاردىكى قانچىلىغان ئاد-



دىي يىگىتلەرنىڭ بىرى ، خالاس . يازغۇچى ئۇنىڭ خاراكتېرىنى يارى-تىشتا ئەپسانىۋى قەھرىمانلارغا خاس مۇكەممەللىكنى ئەمەس ، ئادەم-لەرگە خاس مۇرەككەپلىكنى ئەندىزە قىلغان ، شۇڭا بىز باتۇق ئوبرا-زىنىڭ ھەيۋەتلىكلىكىدىن ، سۇرلۇكلۇكىدىن ۋە ئىلاھىي تۇسىدىن ئەمەس ، بەلكى ئاددىيلىقىدىن ، رىددىيەتلىك روھىي دۇنياسىدىن ۋە توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان چەكلىمىلىكلىرىدىن سۆيۈنىمىز . بولۇپ-مۇ ئۇنىڭ نازاكەت خېنىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە مۇرەككەپ روھىي داۋالغۇشلىرى بىزنى قاتتىق ھاياجانغا سالىدۇ ، چۈنكى باتۇقتا زۇلۇم ئۇستىدە كۇرەش قىلغۇچى بىر قەھرىمانغا خاس ئالاھىدىلىك-لەردىن تاشقىرى ، يەنە مۇھەببەتكە ئىنتىلىش ، سۆيۈش ۋە سۆيگۈگە ناھىل بولۇش ئىستىكىمۇ بار ئىدى ، يازغۇچى مانا مۇشۇ تەرەپلەرنى روماندا ئاددىي ، تۈز يول بىلەن بايان قىلماستىن ، بەلكى زىددىيەت-لىك ، ئەگرى ـ توقاي جەريان بىلەن ئىپادە قىلىدۇ . شۇڭا ، باتۇق ئوبرازى تۇرلۇك چەكلىمىلىكلەرگە ئىگە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىز-گە يەنىلا سۆيۈملۇك تۇيۇلۇۋېرىدۇ .

يازغۇچى روماندا تارىخنىڭ ئۆزىنى ۋە ئەسلىي قىياپىتىنى كۆر-سىتىشنى مەقسەت قىلماي ، بەلكى ئاددىي ، كونكرېت مۇھىتتىكى پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىق ، تارىخنىڭ سىرتقى پوستى ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئىچكى ماھىيەتنى ئاشكارا قىلغان .

رومانىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئوبراز ـــ نازاكەت خېنىم ئوبرازى-دۇر . نازاكەت خېنىم كىچىكىدىن تارتىپلا باياشات ۋە دۆلەتمەن ئائىلىدە ئۆسۈپ چوڭ بولىدۇ . سىلىق ـ سىپايە تەربىيە كۆرىدۇ . پاك مۇھەببەتكە تەلپۈنىدۇ . بىراق ، ئۆز ئارزۇسىغا قارشى ھالدا ھاپىز خوجىغا ياتلىق قىلىنىپ ئاياغ ئاستى قىلىنىدۇ ، پاك ، غۇبار-سىز مۇھەببىتى ۋاقىتسىز غازاڭ بولىدۇ . ئۇ ئەيش ـ ئىشرەتلىك ، مەنىسىز ، بۇرۇقتۇرمىلىق تۇرمۇش ئىچىدە چۈشكۈن تۇرمۇش كەچۈ-رۈۋاتقان كۇنلەرنىڭ بىرىدە ، باتۇقنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ ۋە ئۇنى

ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. باتۇقنىڭ جۇشقۇن، ئوچۇق - يورۇق، ئەرلەرگە خاس چۇس خاراكتېرى نازاكەت خېنىمنىڭ ۋۇجۇدىغا دۇملىنىپ قالغان پىنھان ھېس - تۇيغۇلىرىنى قايتىدىن ئويغىتىدۇ. ئۇ باتۇقنى ياخشى كۆرۈپ قالغان كۈندىن باشلاپ، ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى، ئادەملەرگە خاس ياشاشنىڭ لازىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ساقايماس جاراھەت ئۇنى تىنىمسىز ئازابلايدۇ. ئۇ باتۇقنىڭ مۇھەببىتى ئالدىدا ئۆزىنى پاك ھېسابلىمايدۇ. ئۆزىنىڭ خورلانغانلىقىدىن، دەپسەندە قىلىنغانلىقىدىن ۋە پاك جىسمىنىڭ بۇلغانغانلىقىدىن ئازابلىنىدۇ. شۇڭا، باتۇققا بولغان تۇنجى، پاك سۆيگۈسىنى خۇددى «دېڭىزنىڭ تېگىدىكى يىڭنىدەك پىنھان» تۇتۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنى يوشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا باتۇققا قاتتىق تەلپۈنىدۇ. ئۇنى سېغىنىدۇ، ئۇنىڭ باتۇققا بولغان مۇھەببىتى پىنھانلىق ئىچىدىكى تەلپۈنۈش، ئازاب ئىچىدىكى سېغىنىش ۋە كىشەن ئىچىدىكى تىپىرلاش جەريانىدا بارغانسېرى بىخلىنىدۇ. بىراق، فېئوداللىق قائىدە - يوسۇنلار، دىنىي ئەقىدىلەر ۋە ئائىلە بويۇنتۇرۇقى ئۇنى رەھىمسىزلىك بىلەن قىسىدۇ ۋە بۆسۈپ چىقىش ئىمكانىيىتى بەرمەيدۇ.

دېمەك، نازاكەت خېنىم ئوبزارى باتۇقتىنمۇ مۇرەككەپ ۋە زىددىيەتلىك ئوبرازدۇر. يازغۇچى ئۇنىڭ ئوبرازىنى يورۇتۇشتا ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى زىددىيەتلىك تۇيغۇلارنى قېزىشنى تۇتقا قىلىدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېرىنى بىراقلا ئاشكارىلىماستىن، ئاستا - ئاستا، تەدرىجىي يورۇتىدۇ. شۇنىڭدەك روھىي ھالىتىنى تەسۋىرلەشكە، ئۇنىڭدىكى ئىنچىكە، ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى ئېچىپ بېرىشكە كۆپ كۈچ سەرپ قىلىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئاپتور باشتىن - ئاياغ ئوبراز يارىتىشقا، ئوبراز ئارقىلىق سۆزلەشكە ئەھمىيەت بەرگەن. ئىجابىي، سەلبىي قەھرىمانلارنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىۋېلىپ ئىجابىي قەھ-



رىمانلارغا رەڭ بوياقنى ئۆز خاھىشىچە بولۇشىغا بېرىپ كۆپتۈرۈۋېتىدىغان، نەتىجىدە قەھرىمانلارنى دەۋردىن ۋە ئۆز خاراكتېرىنىڭ مەنتىقىسىدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدىغان؛ سەلبىي قەھرىمانلارنى قولىدىن كېلىشىچە سەتلەشتۈرۈپ ئادەمگە ئەمەس، جىنغا ئوخشىتىپ قويىدىغان، نەتىجىدە ھېچقانداق ئېستېتىكىلىق لەززەت بېرەلمەيدىغان قىلىپ قويىدىغان ناچار ئادەتلەردىن ساقلانغان. ئاپتور ئىزچىل رەۋىشتە باتۇق قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكەت - پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، جۈملىدىن خەلقنىڭ ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ئۈچۈن قان كېچىپ ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇلارنىڭ ئويغىنىشى، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ئارقىلىق كۈرەشنىڭ ئەگرى - توقاي، مۇشەققەتلىكلىكى، تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپلىكلىكىنى ئىپادىلىگەن. شۇ نەرسە ئېنىقكى، پېرسوناژلار ئابستراكت ئۇقۇم ۋە تەجرىبىلەر زىمىنىدە ئەمەس، جانلىق ھەرىكەت ۋە ھەقىقىي تۇرمۇش ئىچىدە ياشىغان، ھەرىكەت ۋە تارىخىي ۋەقەلەر بولسا پېرسوناژلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق تەرەققىي قىلغان، تەسۋىرلەنگەن. ئەخەت تۇردى ئوبرازلارنى ئالدىن بەلگىلەنگەن پىلان بويىچە فورمۇلا ۋە قېلىپقا چۈشۈرۈپ ياساپ چىقمىغان ياكى پېرسوناژلىرىغا ھەرىكەت لازىم بولۇپ قېلىپ ۋەقە توقۇپ چىقمىغان. ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى ھەم ۋەقەلىك ھەرگىزمۇ سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋەتنى ھاسىل قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چەك يوق. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ۋۇجۇدىغا تەبىئىي سىڭىپ كەتكەن، بىر - بىرىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئورگانىك بىر گەۋدە.

بۇ ئەسەر مۇشۇنداق ئېستېتىكىلىق ئىزدىنىشنىڭ مېۋىسى بولغانلىقى ئۈچۈن «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدىن ئاسان كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ. «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» نىڭ ھاياتى، ئىزدىنىشلىرى تارىخىي تۇرمۇشىمىزنىڭ بىر ئەينىكى سۈپىتىدە كۆڭۈل ئېكرانىمىزدا ساقلىنىپ قالىدۇ.

ئەسەرنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىپتىپتىكىلىق قىممىتى شۇنى چۈشەنـ
دۈرىدۇكى ، بۇ رومان يازغۇچىنىڭ تۇنجى يىرىك ئەسىرى بولغان
بولسىمۇ ، ئەمما بەزى تەرەپلىرى بىلەن بۆسۈش ھاسىل قىلىپ روماذـ
چىلىقىمىزنى قىممەتلىك تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلىدى . شۇنىڭ بىدـ
لەن بىللە يازغۇچىنىڭ پىشقان بەدىئىي ماھارىتىنى نامايان قىلدى .

## «ئاي يامغۇرى» رومانى

ئەخەت تۇردى «ئۇنتۇلغان كىشىلەر » بۇ رومانىدىن كېيىن «ئاي
يامغۇرى» ناملىق يەنە بىر تارىخىي رومانىنى يازدى . ئەخەت تۇردى
ئۆزىگە ئەڭ تونۇشلۇق بولغان ، شۇنىڭدەك بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ
خاتىرىسىدىن زادى يىتـمەيدىغان 1960 ـ يىللاردىكى تارىخىي تۇرـ
مۇشىمىزنى ئەقىل كۆزىدە سوغۇق قانلىق بىلەن كۆزىتىپ ، ھاياجاذـ
لىق ھېسسىياتى بىلەن تەسۋىرلەپ بەردى .

ئاپتور تارىخىي ھۆججەتلەر ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
مۇناسىۋەتلىك قارار ۋە خۇلاسىلىرىگە شۇنىڭدەك نۇرغۇنلىغان نەق
پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئېلىمىزنىڭ بۈگۈنكى زامان تەرەققىـ
يات تارىخىدىكى بۇ ئالاھىدە سەھىپىنى چىنلىق بىلەن يورۇتۇپ بەرـ
گەن ، تەبىئىي ئاپەت ۋە چېكىدىن ئاشقان سولچىللىقنىڭ كاساپىتىدىن
تۇغۇلغان ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرگە ۋە قىيىنچىلىقلارغا ئىلمىي يوـ
سۇندا مۇئامىلە قىلغان . يازغۇچى ئەخەت تۇردى بۇ رومانىدا 1960 ـ يىللارـ
دىكى ئۇدا بىرقانچە يىل يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەتنىڭ كاساپىتىدىن ،
بولۇپمۇ چېكىدىن ئاشقان سولچىل پىكىر ئېقىملىرىنىڭ يامراپ كەتـ
كەنلىكىدىن ماددىي ۋە مەنىۋى دۇشكەللىكلەرگە ئۇچرىغان بىر ئەۋلاد
ياش ستودېنتلارنىڭ رومانتىكىغا باي ، قىزغىن ، جۇشقۇن دەۋرىي
خۇسۇسىيەتلەرگە باي خاراكتېرىنى يورۇتۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن .
ئۇلارنىڭ ياشلىق كۈلكىسى ئىچىدىكى ئازابلىق ياشلىرىنى ، تۇرلۇك



خۇشاللىقلار ۋە پاجىئەلەرگە تولغان سەرگۈزەشتلىرىنى تەسۋىرلەش
ئارقىلىق كۆلپەتلىك يىللارنى لەنەتلىگەن ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھاياتقا
مۇھەببەت ، غايىگە تەلپۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن تۇرلۇك كۈلپەتلەرنى
يەڭگەن ياشلارنىڭ ياشلىق باھارىغا مەدھىيە ناخشىسى ئوقۇغان .

يازغۇچى رومانىدا بىر سىنىپتا بىللە ئوقۇيدىغان شاۋكەت ، ئاقىندـ
ياز ، زايىت ، تۇرغۇن ، سەلەي قاشاڭ ۋە بادامگۈل قاتارلىق ساۋاقـ
داشلارنىڭ ئاشۇ داۋالغۇپ تۇرغان يىللاردىكى كەچۈرمىشلىرىنى ناھاـ
يىتى تەسىرلىك ۋە جانلىق دېتاللار ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىدۇ . ئۇلار
گەرچە دەسلەپتە بىر ناننى تەڭ تالىشىپ يەيدىغان يېقىن دوستلاردىن
بولسىمۇ ، لېكىن سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ
ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىمۇ يوچۇقلار كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ . زايىت
دوستى شاۋكەتنىڭ سۆيگۈنى بادامگۈلگە بولغان يوشۇرۇن ئاشىقلىقى ،
شۇنداقلا ئالا كۆڭۈللۈكى ، زەئىپلىكى ۋە نامەردلىكى تۈپەيلىدىن كۈذـ
دىن ـ كۈنگە يامانلىشىۋاتقان سىياسىي ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ ،
قارانىيەت سىياسىي يېتەكچى ھاۋاز بەختىگە ئەگىشىپ ، دوستلىرىغا
ئۈزلۈكسىز ساتقىنلىق قىلىدۇ . يۇرتى چۆچەككە بېرىپ ئانىسىنى
يوقلاپ كەلگەن شاۋكەت «چەتكە قېچىشقا ئۇرۇنغان ئۇنسۇر» دەپ
قاماپ قويۇلغاندا ، زايىت قاتتىق خۇشال بولۇپ كېتىدۇ . ئۇ بۇ
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، شاۋكەتتىن ئازراق ئازار يېگەن ھېسسىياتـ
چان قىز بادامگۈلنى ئىندەككە كەلتۈرۈۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭ نومۇسىغا
تېگىدۇ . زايىت بۇ ئىشنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ بولـ
غان ئەھۋالنى ھاۋاز بەختىگە ئېيتىدۇ ، ھاۋاز بەختى بۇ ئىشنى ئۆزى
ئۆچ كۆرىدىغان ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچى سەلىم ئەپەندىمگە دۆڭگەپ ،
ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالماقچى بولىدۇ ھەم زايىتتىن بۇ ھەقتە بادامگۈلدىن
ئىسپات ئېلىپ كېلىشنى تاپشۇرىدۇ . زايىتنىڭ يېلىنىپ ـ يالۋۇـ
رۇشلىرى ۋە شېرىن گەپلىرىدىن ئېرىپ كەتكەن بادامگۈل ئىشنىڭ
ئاقىۋىتىنى ئويلىمايلا قەدىردان ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تۆھمەت خېتىنى

يېزىپ ئۇنىڭغا قول قويىدۇ . سەلىم ئەپەندى بوھتانغا ئۇچراپ ، مۇ-
ئەللىملىكتىن قارا ئىشچىلىققا چۈشۈرۈلىدۇ . زايىت نەپسىنى قاندۇر-
غاندىن كېيىن بادامگۇلنى تاشلاپ زۇلپىيە ئىسىملىك يەنە بىر قىزنى
تېپىۋالىدۇ ، خورلۇق ۋە ۋىجدان ئازابىدىن يۈرىكى لەختە - لەختە
قان بولغان بادامگۇل جاندىن تويىدۇ ھەم ۋىدالىشىش خېتىنى قالدۇ-
رۇپ قويۇپ ، بىر يامغۇرلۇق كېچىدە ئۇستۇپىشىغا بېنزىن چېچىپ ،
پاجىئەلىك ھالدا ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋالىدۇ . زۇلمەتلىك كې-
چىنى يورۇتقان ئوت يالقۇنى سانسىز ستودېنتلارنىڭ يۈرەك قەلبىنى
ئېزىدۇ . تەتۈر پەلەككە ، تۇمانلىق دەۋرگە ، تاش يۈرەك مۇناپىقلارغا
ئوقۇلغان لەنەت - نەپرەت ئەرشئەلاغا يېتىدۇ...
روماندا يەنە ئاقنىيازنىڭ ئۆزىدىن باشقا بىر سىنىپتا ئوقۇيدى-
غان ، مۇھەببىتى بار گۈزەل قىز - غۇنچىقىزغا بولغان ساپ -
سەمىمىي مۇھەببىتى مۇۋاپىق دېتاللار بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ . بولۇپمۇ
ئاقنىيازنىڭ غۇنچىقىزنى مەست قىلىپ قويۇپ ، ئۇنىڭ ئىپپىتىنى
بۇزۇشقا ۋىجدانى چىدىماسلىقى ؛ ئېتىزلىقتا بىر ئاچ كالا بىلەن بىر
تال قىزىلچىنى تالىشىپ «جەڭ» قىلغانلىقى ، ئاخىر كالىغا ئىچى
ئاغرىپ ئۇنىڭغا قىزىلچىنى تاشلاپ بەرگەنلىكى ، شاۋكەت قاتارلىق
دوستلىرى بىلەن ئىزچىل تۇردە ئاچلىقنى يېڭىپ ، مەنىۋى شادلىقنى
ئىزدىگەنلىكى قاتارلىق جانلىق دېتاللار ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆزگىچە خاس
روشەن خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ . روماننىڭ ئاراچلىرىغا يەنە
ئوقۇشتىن چېكىنىپ يۇرتىغا كەتكەن تۇرغۇننىڭ خەتلىرى قىستۇرۇل-
غان بولۇپ ، ئوقۇرمەنلەرگە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ شامىلى
سوقۇش ئالدىدا تۇرغان جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن
مەلۇمات بېرىدۇ .
روماندا پېرسوناژلار ئوبرازى كۈچلۈك خاسلىقا ۋە يارقىنلىقا
ئىگە بولۇپ ، ئاشۇ داۋالغۇپ تۇرغان يىللاردىكى ھەر خىل ئېقىملارغا
ۋەكىللىك قىلىدىغان كىشلەرنىڭ ئوخشاشمىغان خاراكتېرىنى ئې-



چىپ بەرگەن ، قالايمىقانچىلىق ئىچىدە تەۋرەپ تۇرغان دەۋرنىڭ بىر
ئەۋلاد كىشلەرگە ئېلىپ كەلگەن تۇرلۇك پاجىئەلىرىنى ، ئاشۇ تىنچ-
سىز يىللاردىكى ستۇدېنتلارنىڭ كۇلكىسى ۋە يىغىسى ، خۇشاللىقى
ۋە ئازابلىرىنى ، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش دولقۇنلىرىدا ئۇزۇپ
چېنىقىۋاتقانلىقىنى ، ئۆسۈۋاتقانلىقىنى ، غايىگە قاراپ ئىلگىرىلەپ
توختاۋسىز ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى جانلىق كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق يورۇ-
تۇپ بەرگەن .
ئەسەرنىڭ تىلىمۇ پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىغا ماسلاشقان بولۇپ ،
دەۋرىي خۇسۇسىيەتلەرگە باي ۋە جانلىق ، دەۋر روھىنى ۋە پېرسوناژ-
لار خاراكتېرىنى يورۇتۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان .
ئەسەرنىڭ كومپوزىتسىيىسى تورسىمان بولۇپ ، بۇ خىل قۇرۇل-
ما شەكلى بىر توپ پېرسوناژلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىشقا
قۇلايلىق بولغاچقا ، ۋەقەلىكنىڭ باي ۋە مۇرەككەپلىكى ، تەسۋىرلىرى-
نىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىكلىكى ۋە ئىنچىكىلىكى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇل-
غان . سۇژىتنىڭ ھەر تەرەپكە يېيىلغان لىنىيىلىرى بىر - بىرىگە
تەبىئىي باغلانغان ، كېسىشكەن بولغاچقا ، ۋەقەلىكتە ئۇزۇكلۇك ، قا-
لايمىقانچىلىق ئالامەتلىرى ئانچە كۆرۈلمىگەن .
قىسقىسى ، «ئاي يامغۇرى» رومانى تارىخىي تۇرمۇشىمىزنى ئۇتۇق-
لۇق سۈرەتلەپ بەرگەنلىكى ، ياراتقان ئوبرازلىرىنىڭ يارقىن ۋە تە-
سىرلىكلىكى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنى مايىل قىلىدۇ ، زوقلاندۇرىدۇ .
شۇ دەۋرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن نۇرغۇن كىشلەرنىڭ بۇ كىتابنى
كۆزىدىن ياش قۇرۇمىغان ھالەتتە ئوقۇپ تۈگەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبى
دەل مۇشۇ يەردە . بىراق ، ئايرىم دېتاللاردىكى تۇرمۇش چىنلىقىنىڭ
كەملىكى ، بەزىبىر ۋەقەلەردىكى سۇنئىيلىك ئەسەر قىممىتىگە تەسىر
يەتكۈزگەن . لېكىن ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا ، شۇنداق دېيىشكە
بولىدۇكى ، بۇ رومان ئەدەبىياتىمىزدا كەم يېزىلغان ، ھەتتا يېزىلماي
كەلگەن ستودېنتلار تۇرمۇشىنى تېما قىلىپ بۇ جەھەتتىكى بىر بوش-

لۇقنى تولدۇردى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزنىڭ 1960 ـ يىللارغا
تەئەللۇق تارىخىي سەھىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتۇپ بەردى .

# ئابدۇراخمان قاھار

ئابدۇراخمان قاھار ــــ رومان ئىجادىيىتىدىكى گەۋدىلىك نەتىجە-
لىرى بىلەن يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇناسىپ ئورۇن
تۇتىدىغان مۇنەۋۋەر يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ ، 1980 ـ يىل-
لاردىن كېيىنكى ئىجادىيىتىدە ئىككى قىسىملىق «ئىلى دولقۇنلىرى»
رومانىنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا «كۆكۆل» ، «ھايات سىرى» ، «ئاۋات
شەھەرنىڭ يېڭى پۇقراسى» ، «يىراقتىكى كىشىلەر» قاتارلىق بىر
تۈركۈم رومانلارنى يېزىپ ، ئەدەبىيات ساھەسىدە بەلگىلىك تەسىر
قوزغىدى ، شۇنداقلا ئۇيغۇر رومانچىلىقىنى تېما ۋە ھېسسىيات جەھەت-
تىن رەڭدارلاشتۇرۇشقا مۇناسىپ ھەسسىلەرنى قوشتى .

## ئابدۇراخمان قاھارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

ئابدۇراخمان قاھار مىلادىيە 1936 ـ يىلى 1 ـ ئايدا غۇلجا
شەھرىدە تۇغۇلغان . باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تەربىيىسىنى غۇلجا
شەھرىدە تاماملاپ ، 1953 ـ يىلى سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ
تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن . مىلادىيە 1956 ـ
يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۈرۈمچى ، غۇلجا قاتارلىق شەھەر-
لەردە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن . مىلادىيە 1978 ـ يىلىدىن تار-
تىپ ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئىشلىگەن .
مىلادىيە 1989 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ يازغۇچىلار
جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ .
ئابدۇراخمان قاھار 1953 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «بەختىمىز



كۈلدى» ناملىق تۇنجى شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ
كەلگەن . ئۇ شۇ يىللاردا بىر تۈركۈم ياخشى شېئىرلارنى يېزىپ ،
ئەدەبىيات ساھەسىدە تونۇلۇشقا باشلىغان . ئۇ ئاشۇ يىللاردا يەنە ھېكايە
ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىشقا باشلىغان . 1957 ـ يىلى ئارقا ـ
ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان «نىزامىدىن ھەققىدە ھېكايە» ، «ھەسرەت» ،
«ئانا ۋەسىيىتى» قاتارلىق ھېكايىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ ئى-
جادىيەتتە پروزىغا يۈزلىنىشكە سەۋەب بولغان . ئەمما ئۇزاققا بارماي
باشلانغان بىرقاتار سىياسىي ، ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر سەۋەبىدىن ئۇ-
نىڭ پروزا ئىجادىيىتى بىر مەزگىل توختاپ قېلىپ ، يېڭى دەۋر
باسقۇچىغا كەلگەندىلا ئاندىن قايتىدىن باشلانغان .
يېڭى دەۋر باسقۇچى ئابدۇراخمان قاھارنىڭ پروزا ئىجادىيىتى
ئەڭ گۈللەنگەن ، شۇنداقلا مول ھوسۇل بەرگەن يىللار بولدى . بۇ
باسقۇچتا ئۇ ئاساسەن پروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، «ئەمەت
ھاجى» ، «مۇنار» ، «سازەندە دېھقان» ، «ناۋايى ھەيكىلى ئالدىدا»
قاتارلىق بىر تۈركۈم ھېكايىلەرنى ؛ «كەچۈر مېنى نازاكەت» ، «ئاھ ،
ياشلىقىم» ، «بەخت» ، «ھەقىقىي ئىشلار يېزىلغان خاتىرە» ، «ئا-
دەملەر ماڭا رەھىم قىلماڭلار» قاتارلىق پوۋېستلارنى ، شۇنداقلا «ئىلى
دولقۇنلىرى» ، «كۆكۆل» ، «ھايات سىرى» ، «ئاۋات شەھەرنىڭ
يېڭى پۇقراسى» ، «يىراقتىكى كىشىلەر» قاتارلىق رومانلارنى يې-
زىپ ، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدىكى ھوسۇللۇق ، شۇنداقلا بەلگىلىك
تەسىرگە ئىگە يازغۇچىلىرىمىزدىن بولۇپ قالدى .
ئابدۇراخمان قاھارنىڭ ھېكايە ـ پوۋېستلىرى ئىچىدە «كەچۈر
مېنى ، نازاكەت» ناملىق پوۋېستى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . بۇ پوۋېستتا
ئاساسلىق قىلىپ نازاكەت ئىسىملىك قىزنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ھەر خىل
قىيىنچىلىقلىرىغا ، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە ، زورلۇققا باش ئەگ-
مەي ، ئۆز بەختى ـ ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى
ۋە مۇشۇ جەرياندا باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرى ناھايىتى جاي-

لىق ، ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۇرۇلگەن . بۇ پوۋېستتا يازغۇچىنىڭ تارد-
خىي ۋەقەلەر بىلەن شەخسنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى بىر گەۋدە قىلىپ
يېزىش ، قەلبىنى ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش ، سەرگۈزەشتلەرنى
گەۋدىلىك بايان قىلىش ، تەبىئەت بىلەن ئادەمنى بىللە يېزىشقا ئوخ-
شاش ئالاھىدىلىكلىرى گەۋدىلىك هالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان .

ئابدۇراخمان قاھارنىڭ ئىجادىيىتىدە رومانچىلىق ئاساسىي ئورۇن-
دا تۇرىدۇ . ئۇنىڭ رومانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى رېئال تېمىدا يېزىلغان
رومانلاردىن ئىبارەت . گەرچە ئۇنىڭ «ئىلى دولقۇنلىرى» رومانى
ئىلىدا پارتلىغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش
قىلىپ ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا مۇناسىۋەتلىك ئادەم ۋە ئىشلارنى
كىرىشتۇرۇپ يېزىلغان بولسىمۇ ، ئەمما رومانىنىڭ باش قەھرىمانى ،
باش قەھرىمانىنىڭ بىرقاتار سەرگۈزەشتلىرى توقۇلما قىلىنغان . مۇن-
داقچە ئېيتقاندا ، «ئىلى دولقۇنلىرى» گەرچە تارىخىي رومان دەپ
قارىلىۋاتقان بولسىمۇ ، ئەمما ، ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۇرۇلگەن تارىخ
«ئىز » ، «ئويغانغان زېمىن » ، «سۇتۇق بۇغراخان» قاتارلىق رومانلا-
رىدىكىدەك ئۇنداق چىن ۋە بىۋاستە ئەمەس . يازغۇچىنىڭ تارىخنى
يېزىشتا تارىخىي ۋەقە بىلەن شەخسنىڭ سەرگۈزەشتىسى ، تەقدىرىنى
بىر گەۋدە قىلىپ بايان قىلىشتەك ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بار . يازغۇ-
چى شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىنى ئاساسەن بۈگۈنكى زامان كىشى-
لىرىنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتلىرىنى ، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپا-
دىلەشكە قارىتىپ ، بۇ جەھەتتە بەلگىلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىش-
تى . «كۆكۈل» رومانىدا ، 1960 - يىللارنىڭ رېئاللىقى ئارقا كۆرۈ-
نۈش قىلىنىپ ، قەدىرىيە ، زامانىدىن ، سەھىبە ، نۇرزات قاتارلىق
ئىككى جۈپ ياشنىڭ ئوقۇش ، مۇھەببەت ، تۇرمۇش ، كىشىلىك مۇنا-
سىۋەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەگرى - توقاي سەرگۈزەشتلىرى
تەسۋىرلىنىپ ، بۇ ئارقىلىق 1960 - يىللاردا ئۆسۈپ - يېتىلگەن
بىر ئەۋلاد زىيالىي ياشلارنىڭ ، يېزا ياشلىرىنىڭ ئەگرى - توقاي



تۇرمۇش سەرگۈزەشتلىرى ، شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى ، بو-
لۇپمۇ ھايات قىسمەتلىرى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇلگەن . «ھايات
سىرى» رومانىدا ئۆتكەن دەۋرلەر ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ ، ئاۋۇدۇن
باي ، گۈلچېھرە قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ھېسسىيات
جەھەتتىكى ئىنتايىن مۇرەككەپ سەرگۈزەشتلىرى تەسۋىرلىنىپ ، بىر
تەرەپتىن ئۆتكۈر سىنىپىي زىدىيەت - كۈرەشلەر ؛ يەنە بىر تەرەپتىن
ئىشقى - مۇھەببەت ھېسسىياتىنىڭ نازۇك تەرەپلىرى ؛ يەنە بىر
تەرەپتىن ئىنسان خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپ قاتلاملىرى كۆرسىتىپ
بېرىلگەن . بۇ بىر قاتار رومانلاردا يازغۇچىنىڭ ھايات ھەققىدىكى
چوڭقۇر ئىزدىنىشلىرى ، ئىنسان ھېسسىياتى ۋە خاراكتېرىنى يورۇ-
تۇپ بېرىش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرى گەۋدىلىك هالدا ئۆز ئىپادى-
سىنى تاپقان .

## «ئىلى دولقۇنلىرى» رومانى ھەققىدە

«ئىلى دولقۇنلىرى» ناملىق ئىككى قىسىملىق رومان يېقىنقى
زامان شىنجاڭ تارىخىدىكى زور ۋەقەلەردىن بولغان ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىغا بېغىشلانغان .

نەدە زۇلۇم بولىدىكەن ، شۇ يەردە قارشىلىقمۇ بولىدۇ . ئەسىر-
لەردىن بېرى ئات - ئېشەكنىڭ ئورنىدا خورلىنىپ ئېزىلىپ كەلگەن
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ۋە يەرلىك
زومىگەرلەرنىڭ زۇلمىغا سۈكۈت قىلىپ كەلگەن ئەمەس . ئۇلار تالاي
قېتىم ئىستىخىيىلىك هالدا قوزغىلىپ ھۆرلۈك ، ئەركىنلىك ئۈچۈن
قان تۆكۈپ كۈرەش قىلغانىدى . مىلادىيە 1944 - يىلى پارتلىغان
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئەنە شۇنداق كۈرەشلەرنىڭ بىرى . بىراق ، ئۇ
ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئىدىيىدىكى ئىلغار زاتلارنىڭ رەھبەرلىكى-
گە ئىگە بولغانلىقى ، مەقسەت - نىشانىنىڭ ئېنىقلىقى ، تەشكىللىكلى-

كى قاتارلىق تەرەپلىرى بىلەن ئۆزىدىن ئىلگىرىكى خەلق قوزغىلاڭلىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ . يولداش ماۋزېدۇڭ جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى ، دەپ باھا بەرگەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا ئوڭۇشلۇق كىرىشى ئۈچۈن ئاساس ھازىرلاپ ، پۈتكۈل جۇڭخۇا ئېلىنىڭ تەلتۆكۈس ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقانىدى .

بىراق ، سولچىل پىكىر ئېقىملىرى يامراپ كەتكەن ئەينى يىللاردا تارىخىي تېمىلارمۇ «چەكلەنگەن رايون» دائىرىسىگە ئېلىنغان بولغاچقا ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدا ھېچكىم ئەسەر يازالمىغانىدى . «تۆت كىشىلىك گورۇھ» يوقىتىلىپ ، خەلقىمىز ، جۈملىدىن يازغۇچىلىرىمىز جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىكى كىشەنلەردىن خالىي بولغاندىن كېيىن يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار ئۇزۇندىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كېلىۋاتقان ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرىسىدا ئويلاندى . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ شانلىق تارىخىي ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىپ ، روماندىن ئىبارەت يىرىك شەكىل ئارقىلىق تىللاردا داستان قىلىشقا تېگىشلىك ، ئەمما داستان بولۇپ يېزىلماي كەلگەن ئاشۇ ئۇلۇغ ئىنقىلابنى ، ئۇنىڭ شىددەتلىك جەڭلىرىنى ۋە شانلىق زەپەرلىرىنى سۈرەتلەپ بېرىش ، ئازادلىق يولىدا كۈرەش قىلغان ، قان تۆككەن ئوغلانلارغا مەڭگۈلۈك خاتىرە مۇنارى تىكلەپ بېرىش — ئابدۇراخمان قاھارنىڭ ئىستىكى ئىدى .

غەنىيمەتلىك چاغلارنىڭ كەلگەنلىكىدىن ئىلھاملانغان ئابدۇراخمان قاھار ھەر ساھەدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى بىلەن بۇ تېمىنى قولغا ئالدى . ئۇ ئالدى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدىكى ھۆججەتلەرنى ئۆگەندى ، ماتېرىياللارنى توپلىدى . ئۇلارنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراش بىلەن تەھلىل قىلىپ ، ئىنقىلابنىڭ ماھىيىتى ۋە خاراكتېرىنى ، غەلبىسى ۋە ئەھمىيىتىنى



ئىلمىي ھەم توغرا چۈشەندى . ئۇ ئۆزىنىڭ كۆپ يىللىق ئىجادىيەت تەجرىبىسىگە ، پىشقان قەلىمىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ «ئىلى دولقۇنلىرى» رومانىنى يورۇقلۇققا چىقاردى .

روماندا تەسۋىرلەنگەن تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش كونكرېت ۋە ئېنىق بولۇپ ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمىتى يەرلىك بەگ ، تۆرىلەر بىلەن بىرلىشىپ خەلقنىڭ بېشىغا ھەددى ـ ھېسابسىز بالايىقازالارنى ياغدۇرۇۋاتقان ، خەلقنىڭ ئاھۇ زارى پەلەككە يەتكەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى رومانىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ، شۇنداقلا ئىنقىلابنىڭ پارتلاش سەۋەبىدۇر . شىڭخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن جۇڭگودا خانلىق تۈزۈمگە خاتىمە بېرىلگەن بولسىمۇ ، ئەمما ياڭ زېڭشىن ، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىن ئىبارەت يېرى كەڭ ، بايلىقى مول بۇ زېمىننى قاتتىق چاڭگاللاپ ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل كېنەزلىككە ئايلاندۇرۇۋالغانىدى . ئۇلارنىڭ ئىزىدىن كەلگەن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىمۇ خەلقنى مەڭگۈ قۇل ئورنىدا تۇتۇپ ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشنى كۆزلىگەنىدى . ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەتنىڭ سايىسىدا ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇپ ، يانچۇقىنى تولدۇرۇپ كەلگەن باي ـ خوجاملارنىڭ زۇلمىمۇ چېكىگە يەتكەنىدى . ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلۈك سىنىپىي زىددىيەت كۈنسېرى ئۆتكۈرلىشىپ ، ۋەزىيەت تېگىپلا كەتسە پارتلايدىغان دەرىجىدە جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى .

«ئىلى دولقۇنلىرى» دا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلىك مانا مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆزنىكىدىن باشلىنىدۇ . نادەم قاتارلىق يوقسۇز دېھقانلار ئات ـ ئېشەكتەك ئىشلەپ تېگىشلىك نېسىۋىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى چۈشىنەلمەي يۈرگەن چاغلاردا ئىلغار پىكىرلىك ئەنۋەر مۇئەللىم ئۇلارنىڭ كۆزىنى ئاچىدۇ ، ئىنقىلابنىڭ داۋلىسىنى چۈشەندۈرىدۇ ، ئەختەم باينىڭ ئەنۋەر مۇئەللىمنى تۇتقۇن قىلماقچى بولغانلىقى ، ئىلى گىمنازىيىسىنىڭ ئىلغار ئوقۇغۇچىلىرى-

ـنىڭ قولغا ئېلىنىشى ، نىزامىدىنىنىڭ هاياتىنىڭ قىل ئۇستىدە قېلد-
ـشى قاتارلىق ۋەقەلەر خەلقنى ئويغىتىدۇ ، زۇلۇمغا قارشى قوزغىلد-
ـشغا سەۋەب بولىدۇ .

خۇددى تاغ جىرالىرىدىن ئېقىپ كەلگەن تازام - تارام سۇلار
قوشۇلۇپ هەيۋەتلىك دەرياني هاسىل قىلغاندەك ئۇزۇندىن بېرى ئىند-
ـتىقام ئېلىش ئوتىدا كۆيگەن ، زۇلۇمدىن پۇچىلىنىپ قارشى تۇرۇشقا
يول ئىزدەۋاتقان مىڭلىغان نادەملەردىن تەشكىللەنگەن ئۇچ ۋىلايەت
ئىنقىلابى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ ، تېزلىك بىلەن ئۇلغىيىپ ئۇچ
ۋىلايەتكە هەتتا پۈتۈن شىنجاڭغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ، ئەكسىيەتچىل
گومىنداڭ هۆكۈمىتىنىڭ قوشۇنلىرىنى بىتچىت قىلىپ ئۇچ ۋىلايەتنى
ئازاد قىلىدۇ . خەلقنىڭ ئۆز هاكىمىيىتىنى تىكلەپ ، خەلقنىڭ مۇنتد-
ـزىم ئارمىيىسىنى قۇرىدۇ . گومىنداڭنىڭ ئەجەل سىگنالىنى چېلد-
ۋاتقان جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە جور بولۇپ غەلىبىسىرى
ئىلگىرىلەيدۇ . ئومۇمەن بۇ ئەسەر ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يەككە ،
ئىستىخىيىلىك قارشىلىقلاردىن باشلىنىپ ، پارتىزانلىق هالەتكە ئۆتد-
ـكەنلىكى ، تەرەققىي قىلىپ مۇنتىزىم قوشۇنغا ئىگە قۇدرەتلىك كۇچ
بولۇپ شەكىللىنىپ شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىدىن
ئىبارەت تارىخىي جەرياننى ئوبرازلىق كارتىنىلاشتۇرۇپ بەرگەن .

ئەسەر ۋەقەلىكى نادەم ۋەكىللىكىدىكى ئىنقىلابىي جەڭچىلەرنىڭ
كۇرەش ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكىدىن ئىبارەت غول لىنىيە بويىچە
تەرەققىي قىلىدۇ هەمدە نۇرغۇن كېسىك لىنىيىلەرگە ئورۇنلاشتۇ-
رۇلغان قىستۇرمىلار ئارقىلىق ئەخمەتجان ئەپەندى ، ئابدۇكېرىم ئاب-
ـباسوۋ قاتارلىق ئىنقىلاب يولباشچىلىرىنىڭ هەرىكەت پائالىيەتلىرد-
ـنى ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قانخورلۇقلىرى ، ئەجەل هودۇ-
قۇشىدىكى جان تالىشىشلىرىنى ، شۇنىڭدەك پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئىج-
ـتىمائىي تۇرمۇشى ، سىياسىي ۋەزىيىتى ، هەر مىللەت خەلقىنىڭ
تۇرمۇش ئەهۋالى قاتارلىقلارنى تەسۋىرلەيدۇ . بۇنىڭدا ئاپتور تارىخىي



چىنلىقنى ئاساسلىنىپ تۇرۇپ تەسەۋۋۇر ئارقىلىق نۇرغۇن توقۇلمد-
ـلارنى ئورۇنلاشتۇرغان بولغاچقا ، ئەسەر ۋەقەلىكى ئېنىقلىقتا ، رو-
شەنلىككە ئىگە بولالىغان هەمدە ئەسەرنى جەلپكارلىقتا ئىگە قىلغان .

ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كىچىكلىكتىن تەدرىجىي زورايغان ، ئىس-
ـتىخىيىلىك قارشىلىقلاردىن پارتىزانلىق هالەتكە ئۆتكەن ۋە كېيىن
تەرەققىي قىلىپ مۇنتىزىم قوشۇننى قۇرغان ، هاكىمىيەت تىكلىگەن
تەرەققىيات جەرياننى بېسىپ ئۆتكەن بولغاچقا ، ئاپتور ئۆزى تەسۋىر-
لىگەن پېرسوناژلارنى ئۆسۈش ئىچىگە قويۇپ نۇقتىلىق هالدا ئۇلار-
نىڭ ئېڭىنىڭ ئويغىنىشى ، سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى ، جەڭلەردە چېند-
ـقىشى ، ئەڭ ئاخىرى هەقىقىي ئىنقىلابىي جەڭچىلەردىن بولۇپ چىق-
قانلىقىنى تەسۋىرلىگەن .

نادەم ئەسەردىكى جەڭگىۋار كوللېكتىپنىڭ بىر ئەزاسى ، ئەسەر-
نىڭ باش قەهرىمانى ، ئۇنىڭ دادىسى ئادالەتپەرۋەر ، هەققانىيەتچى
كىشى بولغانلىقى ئۇچۇن زومىگەرلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ، ئۇ-
نىڭ ئاكىسى نادىرمۇ دادىسىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ هەقىقەت ئۇچۇن
كۇرەشكەنلىكى ئۇچۇن ئەكسىيەتچىلەرنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن قەتل
قىلىنىدۇ . باينىڭ مېلىنى بېقىپ يۈرگەن پادىچى نادەم دادىسىنىڭ
ۋە ئاكىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۇچۇن ئىستىخىيىلىك هالدا
قارشىلىق كۆرسىتىشنى ئويلايدۇ ، لېكىن قانداق قىلىشنى بىلمەيدۇ .
ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان تۈگىمەس كۈلپەتلەرنىڭ مەنبەسىنى
بىلمەك بولۇپ ئويلىنىدۇ ، لېكىن تېگىگە يېتەلمەيدۇ . ئەنۋەر ئەپەند-
ـنىڭ تەسىرى ۋە تەربىيىسى نادەمنىڭ ئېڭىنى ئويغىتىدۇ . «جاهان
نېمىشقا تۈزەلمەيدۇ ، هەممە ئادەم كېۋىر ئاكامدەك بولۇپ كەتسە
جاهاننى كىم تۈزەيدۇ ؟ ئاكامۇ هېلىقى ‹قانلىق ياشلار › دېگەن
ئويۇننى بىكار قويمىغاندۇ ؟… ئۇمۇ جاهاننى تۈزەيمەن ، دەپ ئويلىغاز-
ـمىكىنە ؟ ئاكامنى تۇتۇپ شەنگەن يامۇلغا سولىغاندا ، كىشىلەر نېمىش-
قا ، توغرىغۇ ، راستىنى يازدىغۇ ، دەپ ئۇ يەرگە بارالمىدى ؟… بوزەك

بولغانلارغا ئىچ ئاغرىتىپ ، بوزەك قىلىنغانلارغا غەزەپلىنىپلا يۈرەمدۇق ؟ زادى بۇنىڭ نېمە چارىسى ؟» دېگەندەك خىياللارنى قىلىپ مەسىلىنىڭ چىگىشىنى چىقىرالماي يۈرگەن نادەم ئەمدىلىكتە : «ئەختەم باينىڭ بايلىقى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ گادايلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئويلاپ باقتىم ، ئەنۋەر ئاكامنىڭ ياتىقىدا ، كېۋىر ئاكامنىڭ ئۆيىدە بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشىنىشكە باشلىدىم ، ئەنۋەر ئاكام مېنىڭ قاراڭغۇ دىلىمغا چىراغ ياقتى . ئاق ـ قارىنى پەرق قىلىشقا باشلىدىم ، بېشىمىزغا چۈشۈۋاتقان كۈلپەت ، دەرد ـ ئەلەملەرنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشىنىشكە باشلىدىم ، بۇ تەڭسىز جەمئىيەت بىزنى قانچىلىك بوزەك قىلمىدى ؟ ‹چېرىككىمۇ ، ئەمەلدارغىمۇ ، باشقىسىغىمۇ بوزەك بولۇشىمىزنىڭ سەۋەبى ، مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ يەلكىمىزنى بېسىپ تۇرغانلىقىدا › دېگەننى شۇ يەردە ياتاقتا چۈشەندىم» دەيدۇ ۋە ھېچبىر ئىككىلەنمەي قوزغىلاڭغا قاتنىشىدۇ . نىلقىنى ئازاد قىلىش ، غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا ، جىڭ ۋە شىخودىكى شىددەتلىك جەڭلەرگە قاتنىشىدۇ . جەڭ ئارقىلىق جەڭنى ئۆگىنىدۇ . ئاددىي بىر پارتىزان يىگىتتىن تەجرىبىلىك ، ئاڭلىق جەڭچىگە ، كوماندىرغا ئايلىنىدۇ . «ئانا ، ــ دەيتتى ئۇ قىزىق ھېسسىياتلار ئىچىدە ، ــ سېنىڭ ۋە ساڭا ئوخشاش مىليونلىغان جاپاكەش خەلقنىڭ بېشىدىن تېخى قارا كۈن پۈتۈنلەي كەتكىنى يوق . مەن ۋە مېنىڭ سەپداشلىرىم ئەركىن ، قايغۇسىز ، بەختىيار تۇرمۇش ياراتمىغۇچە بۇ سەپتىن ــ قانلىق ئۇرۇش سېپىدىن يانمايمىز . شۇنداق ئۇلۇغ نىيەتلەر ئالدىدا بۇ ۋەھشىي باندىت ، سوغۇق دەھشىتى نېمە… ! قاراڭغۇنىڭ زۇلمىتى بولمىسا ، يورۇقلۇقنىڭ قەدرى بولامدۇ ؟ قىشنىڭ دەھشىتىنى يېڭەلمىگەن ئادەم باھارنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرەلەمدۇ ؟… بۇ دەھشەتلىك كۈنلەرنىمۇ يېڭىمىز ، سوغۇقلارمۇ تۈگەيدۇ ، بۇ قېلىن قارلارمۇ ئېرىيدۇ ، ئەمما بىز تۈگىمەيمىز .» دېمەك ، كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ، ئاددىي تۇرمۇش چۈشەنچىلىرىگە ئىگە . دادىسىنىڭ ۋە ئاكىسىنىڭ



ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن قولىغا قورال ئالغان بۇ دېھقان يىگىت ئەمدىلىكتە قەلبىگە مىليونلىغان ئېزىلگەن خەلقنى ئازاد قىلىشنى پۈككەن ، بۇ يولغا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىغان ، يىراقنى كۆرىدىغان سىياسىي ئاڭغا ئىگە ، قەھرىمان ، ئۈمىدۋار ئىنقىلابچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ .

«ئىلى دولقۇنلىرى» رومانى چوڭ تارىخىي ۋەقەگە بېغىشلانغان بولغاچقا ئاپتور بىر تۈركۈم ئىنقىلابچىلارنىڭ كوللېكتىپ ئوبرازىنى يارىتىشقا تىرىشقان ۋە بۇ جەھەتتە بەلگىلىك نەتىجىگە ئېرىشكەن ، ئەنۋەر ئەپەندى ، نىزامىدىن ، رەيھان گايىت قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازلىرى خېلى جانلىق ۋە تەسىرلىك يارىتىلغان . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى زىيالىي ، بەزىلىرى دېھقان ياكى چارۋىچى ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ھەر خىل ، تەربىيىسى ۋە مىجەز خاراكتېرلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدۇ . ئەمما ئۇلار ئوخشاشلا جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىغا مەنسۇپ ، ئۇلارنىڭ قىسمىتى ۋە تەقدىرى ئوخشاش . ئۇلاردىكى بۇ ئوخشاشلىق ئۇلارنى ئورتاق مۇھەببەتكە ۋە ئورتاق نەپرەتكە ئىگە قىلغان . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئورتاق نىيەت ۋە مەقسەتتە كۈرەشكە ئاتلىنىدۇ . باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىدۇ . پولاتتەك تاۋلىنىدۇ . ئاپتور ئەسەردە ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق رومان ۋەقەلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن .

روماندىكى يەنە بىر مۇھىم پېرسوناژ ۋارىسجان ئوبرازىمۇ خېلى ئۇتۇقلۇق يارىتىلغان . ئاپتور ۋارىسجان ئوبرازى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن نادەم قاتارلىق ئىنقىلابچىلارنىڭ ئوبرازىنى يەنىمۇ كونكرېتلىققا ئىگە قىلىپ روشەنلەشتۈرگەن بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنقىلابنىڭ ئەگرى ـ توقاي ، مۇرەككەپ جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى ئىپادىلىمەكچى بولغان . بىر تەرەپتىن نادەم قاتارلىق ئىنقىلابچىلارنىڭ زىددىيەتلەر ئارىسىدا ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكىنى كۆرسەتسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنقىلاب دولقۇنلىرىنىڭ جىڭ ئالتۇن بىلەن پۈچەك

ماللارنى ئاجرىتىپ چىققانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي چىنلىقنى ۋە مۇقەررەرلىكنى ئەكس ئەتتۈرگەن .

ۋارىسجان ئەختەم باينىڭ ئەركە بالىسى . ئۇ گىمنازىيىدە ئوقۇغان ۋە ئىنقىلابىي كەيپىياتنىڭ تەسىرىگە ئاز - تولا ئۇچرىغان بولغاچقا ، ۋەزىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە ئىنقىلابقا قاتنىشىدۇ . جەڭلەرگە ئىشتىراك قىلىدۇ ، ھەتتا ئوردېنمۇ ئالىدۇ . بىراق ، ئۇنىڭ ئىنقىلابقا قاتنىشىشى ئۇنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتى ئەمەس ، بەلكى يوشۇرۇن مەقسەت ئۈچۈن بولغاچقا ، ئۇ ئاخىر يەنىلا ئىنقىلابتىن ۋاز كېچىپ ، نومۇسسىز خائىنغا ئايلىنىدۇ . ئۇ ماھىيەت جەھەتتىن ئىنقىلابچى ئەمەس ، بەلكى ئىنقىلابنى نىقاب قىلىپ تۇرۇپ پومېشچىك دادىسىنىڭ مال - دۇنياسىغا ۋارىسلىق قىلىشنى ، ئەجدادىنىڭ ئىمتىيازىنى ساقلاپ قېلىشنى كۆزلەپ كەلگەن پۇرسەتپەرەس ، يەنى سىياسىي يانچۇقچى ، ئاپتور كونكرېت دېتاللار ئارقىلىق ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى شەخسىيەتچىلىك ، يۈزسىزلىك ، نامەردلىك ، قورقۇنچاقلىق قاتارلىق تەرەپلەرنى يورۇتىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىنقىلابتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىدىن ئىبارەت ئاخىرقى خۇلاسىسىنى ئىزچىللىققا ئىگە قىلىدۇ . شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇرمەنلەر ۋارىسجاننىڭ ئىنقىلابقا قاتناشقانلىقى ۋە ئاخىرىدا كېلىپ ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى تاسادىپىيلىق ھېس قىلمايدۇ .

«ئېلى دولقۇنلىرى» ئىككى قىسىملىق چوڭ ھەجىملىك رومان ، ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەر چوڭ ۋە كۆپ . بولۇپمۇ جەڭ كۆرۈنۈشلىرى خېلى نۇرغۇن . بىراق ، ئاپتور سۇژېتنى ئەسەر مەزمۇنىغا قارىتا ئەپلىك ئورۇنلاشتۇرغان بولغاچقا ، ۋەقەلىك قالايمىقانلىشىپ كەتمىگەن ، زامان ۋە ماكان بويىچە ئېلىپ بېرىلغان بايانىدا تەرتىپ ۋە ئىزچىللىق كۈچلۈك . چوڭ ۋەقە ۋە كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئومۇمىي



تەسۋىرلىرىنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇلغان ئابدۇقادىرنىڭ ئىنقىلاب يولىغا مېڭىشى ، ئابدۇۋەلىنىڭ مۇھەببەت ھېكايىسى ، قىزلارنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ۋەھاكازالار خۇددى چوڭ سىمفونىيىنىڭ ئىچىدىكى قىستۇرما كۈيلەردەك ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكىنى بېيىتىپ ، مەزمۇنىنى كۈچەيتىپلا قالماي ، روماننىڭ جەلپكارلىقىنىمۇ ئاشۇرغان .

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، بۇ رومان تارىخىي تېمىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى . ھەربىيلەر تۇرمۇشى ۋە جەڭلەرنى يېزىشتا تېخى دېگەندەك تەجرىبە ھاسىل قىلمىغان ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنى قىممەتلىك تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلىدى . بولۇپمۇ ، بۇ ئەسەردىن كېيىن دۇنياغا كەلگەن ئوخشاش تېمىدىكى « ئانا يۇرت » رومانى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ئاساس بولدى .

ئەسەر يۇقىرىقى تەرەپلەردە زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانلىقى ۋە بەدىئىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان رومانلار قاتارىغا قويۇلالايدۇ . بىراق ، پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ دېگەندەك چوڭقۇرلىيالمىغانلىقى ، تارىخىي سېزىملىرىنىڭ كەملىكى ، خاسلىقنىڭ روشەنلىشەلمىگەنلىكى قاتارلىقلار ئەسەرنىڭ ئېستېتىكىلىق قىممىتىگە ئاز - تولا تەسىر يەتكۈزگەن .

## مەمتىمىن ھوشۇر

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى . ئۇ پروزىچىلىقنىڭ ھېكايە ، پوۋېست ، رومان قاتارلىق ھەممە شەكىللىرىدە دېگۈدەك قەلەم تەۋرىتىپ ، ھەممىسىدىلا دېگۈدەك چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن . ھېكايىچىلىقنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق ، ئۇ «ھاراق

توغرىسىدا ھېكايە» ، «بۇ چۈش ئەمەس» ، «ئايخان» ، «مۇساپىرلار
قاۋىقىدا» قاتارلىق ئېسىل ھېكايىلىرى بىلەن داڭ چىقارغان . «سا-
راڭ» ، «بۇرۇت ماجىراسى» ، «قىرلىق ئىستاكان» قاتارلىق ھېكا-
يىلىرى بىلەن ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىنىڭ يېڭى بىر پەللىسىنى يارات-
قان . «نۇزۇگۇم» ، «سالام ، ھېسام ئاكا» قاتارلىق پوۋېستلىرى
بىلەن كەڭ كىتابخانلارنىڭ قايىللىقىغا ئېرىشكەن ، «قۇم باسقان
شەھەر» رومانى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا زىلزىلە پەيدا قىلغان .
مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ پروزا ئىجادىيىتى روشەن ئالاھىدىلىككە ، خاس
ئۇسلۇبقا ، يۇقىرى مۇۋەپپەقىيەتكە ئىگە . ئۇنىڭ ھەر بىر پارچە ئەسە-
رى كىشىگە يېڭىچە تۇيغۇ ، چوڭقۇر تەسىرات ، كۈچلۈك ئېستېتىكى-
لىق زوق بېغىشلايدۇ . يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ كې-
يىنكى يىللاردىكى تەرەققىياتىغا ، يېڭىچە قىياپىتىگە ، مۇۋەپپەقىيەت-
لىرىگە مەمتىمىن ھوشۇر ئىجادىيىتىنىڭ تەسىرى ، قوشقان تۆھپىسى
ھەقىقەتەن ناھايىتى چوڭ .

## مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

مەمتىمىن ھوشۇر مىلادىيە 1944 - يىلى غۇلجا شەھرىدە ھۈنەر-
ۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى غۇلجا
شەھرىدىكى «مۇرات» باشلانغۇچ ۋە 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان .
مىلادىيە 1962 - يىلىدىن 1967 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتې-
تىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان . ئۇنىڭ ئوقۇش پۈت-
تۈرگەن ۋاقتى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىللىرىگە توغرا
كېلىپ قالغان بولغاچقا ، تاكى 1979 - يىلىغىچە يېزىغا چۈشۈپ
چېنىققان ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ غۇلجا شەھرى كېپەكيۈزى
يېزىسىدا ، غۇلجا شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسىدا خەلق
ئىشلار كادىرى ۋە تەشۋىقات كادىرى بولۇپ ئىشلىگەن . 1979 -



يىلىدىن مىلادىيە 1994 - يىلىغىچە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق
ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان
«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى ، باش مۇھەررىرى بولۇپ
ئىشلىگەن . كېيىن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ كەسپى يازغۇ-
چىسى بولغان . مىلادىيە 1995 - يىلى ئېچىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 5 - قېتىملىق قۇرۇلتى-
يى ۋە 2001 - يىلى ئېچىلغان 6 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا شىنجاڭ
يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە ، 1996 - يىلى ئېچىلغان
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەش-
مىسىنىڭ 5 - قېتىملىق قۇرۇلتىيى ۋە 2002 - يىلى ئېچىلغان
6 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا بىرلەشمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە
سايلانغان . ھازىر شۇ ۋەزىپىلەرنى ئۆتەۋاتىدۇ .
مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە
ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدىلا باشلانغان . ئاشۇ يىللاردا ئۇنىڭ بىر قى-
سىم شېئىرلىرى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىن-
غان . 1950 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا «مېنىڭ ئانام»غا ئوخشاش
ئوچېركلارنى يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان . 1965 - يىلى «شىنجاڭ
گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «ئالما» ناملىق ھېكايىسى بىلەن پروزى-
چىلىق ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن ھەم ئاشۇ يىللاردا يەنە «ئاخىرقى
سىناق» ، «قىزنىڭ قەلبى» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يېزىپ ، ياشلار
ئارىسىدا ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان . مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ
ھەقىقىي مەنىدىكى پروزا ئىجادىيىتى ئەمەلىيەتتە مىلادىيە 1970 -
يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ، 1980 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ رەس-
مىي باشلاندى . شۇڭا ئۇنى «ھەقىقىي يېڭى دەۋر يازغۇچىسى» دەپ
ئاتىغان مۇۋاپىق ، ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ، مۇۋەپپەقىيەتلى-
رىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ ، ئەلۋەتتە . ئۇ يېڭى دەۋرنىڭ دەسلەپكى
مەزگىللىرىدە «ئۇستام» ، «سىناش» ، «نەي ئاۋازى» ، «يىراقتىن

يېزىلغان خەت » ، «ئىككى پارچە خەت » ، «دېھقان » ، «كونا يېڭى
ئىشلار » ، «بۇغا » قاتارلىق بىر تۈركۈم ياخشى ھېكايىلەرنى يېزىپ ،
ئۆزىنىڭ يېڭى بىر پروزىچىلىق دەۋرىنى باشلىدى . ئۇ بۇ ھېكايىلىرى-
دە تۇرمۇشنىڭ ئاددىي لېكىن ماھىيەتلىك كۆرۈنۈشلىرىنى نەپىس
تەسۋىر ، ئىپادىلىك تىل ، جانلىق تەپسىلاتلار ئارقىلىق تەسۋىرلەپ ،
ئەكس ئەتتۈرۈپ ، خېلى ياخشى بەدىئىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى . مەمتىمىن
ھوشۇرنىڭ پروزا ئىجادىيىتىدە ھېكايىچىلىق ئاساسلىق ، ئەڭ مۇۋەپ-
پەقىيەتلىك ئەدەبىي شەكىل بولدى . ئۇ ئۆز ئالدىغا ھېكايىچىلىق
شەكىللەندۈردى ، ئۇنىڭ ھېكايىچىلىقى تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان ،
بارغانسېرى پىشىپ يېتىلگەن ، ئاز بولمىغان مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئىگە
ھېكايىچىلىق بولدى . ئۇ 1980 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە
ھېكايە ئىجادىيىتىدە دادىللىق بىلەن ئىزدىنىپ ، «ھاراق توغرىسىدا
ھېكايە » ، «بۇ چۈش ئەمەس » ، «مۇساپىرلار قاۋىقىدا » ، «ئايخان »
قاتارلىق بىر تۈركۈم ياخشى ھېكايىلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان
قىلىپ ، بۇ يىللاردىكى ھېكايىچىلىقتا جانلىنىش ھەم يېڭىچە بىر
ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى . ئۇ ، بۇ ھېكايىلىرىدە ئاددىي كىشىلەرنىڭ
قىسمەتلەرگە باي تۇرمۇشىنى ، ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى بەدىئىي
يۈكسەكلىكتە ئەكس ئەتتۈرۈپ ، چوڭقۇر مەزمۇنلارغا ، قىزىقارلىق
ۋەقەلىكلەرگە ، جانلىق پېرسوناژلارغا ئىگە ئۆزگىچە بىر ھېكايە دۇن-
ياسىنى ياراتقان بولۇپ ، يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى ئەسلىي ھالىتىگە
قايتۇرۇش ، پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى قېزىش ، تاسادىپىي-
لىقلار ئارقىلىق سۇژىتنى جەلپكارلىقتا ئىگە قىلىش قاتارلىق بىرمۇن-
چە ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىرى بۇ ھېكايىلەردە روشەن ھالدا ئۆز
ئىپادىسىنى تاپتى . مەمتىمىن ھوشۇر 1988 ـ يىلى «ساراڭ» ناملىق
ھېكايىسىنى ئېلان قىلىپ ، ناھايىتى چوڭ داغدۇغا قوزغىدى . بۇ
ھېكايىنىڭ ئېلان قىلىنىشى مەمتىمىن ھوشۇر ھېكايىچىلىقىنىڭ ،
شۇنداقلا يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا



قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بەردى . يازغۇچى شۇنىڭدىن كېيىن بۇ
ھېكايە بىلەن مەلۇم جەھەتلەردىن باغلىنىشى بولغان «بۇرۇت ماجىرا-
سى » ، «قىرلىق ئىستاكان » قاتارلىق بىر يۈرۈش ھېكايىلەرنى ياز-
دى . بۇ ھېكايىلەرنى يېڭى دەۋردىكى ھېكايىچىلىقىمىزدا مەيدانغا كەل-
گەن مۇنەۋۋەر چاتما ھېكايىلەر دەپ ئاتاش مۇمكىن . بۇ ھېكايىلەرنىڭ
تەسىرى ، مۇۋەپپەقىيىتى ۋە يازغۇچىغا ئېلىپ كەلگەن شۆھرىتى
ھەقىقەتەن ناھايىتى زور بولدى . 1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا يازغۇ-
چى يەنە «كۆز يامغۇرى » ، «يېڭى كېسەل » ، «دوستلار سۆھبىتى » ، «ئۆ-
لۈككە خەت » قاتارلىق ھېكايىلەرنى يېزىپ جامائەتچىلىككە تەقدىم
قىلدى . مەمتىمىن ھوشۇر ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن بىرگە يەنە پو-
ۋېست ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ ، «نۇزۇگۇم » ، «ساۋاقداش-
لار » ، «سالام ، ھېسام ئاكا » ، «خاسىيەتلىك قار » قاتارلىق پوۋېست-
لارنى يازدى . ئۇ ئابدۇۋەلى جارۇللايوپتىن ئىبارەت بۇ مەشھۇر خەلق
سەنئەتكارىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى ، خەلق مۇقامى ، ناخشا ـ مۇزىكىسى
ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى تارىخىي ۋە بەدىئىي يوسۇندا بايان قىلىنغان
بىئوگرافىيىلىك قىسسىسى ـ «يىللار شۇنداق ئۆتكەن » نى ناھايىتى
مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ ، كىتابخانلارنىڭ ۋە ئەدەبىياتچىلارنىڭ يۇقى-
رى باھاسىغا ئېرىشتى . يازغۇچىنىڭ كېيىنكى يىللاردىكى ئىجادىيىتى-
نىڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىدىغان «قۇم باسقان شەھەر » رومانى
ئەدەبىيات ساھەسىدە زىلزىلە پەيدا قىلدى ھەم ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ
يېڭى بىر پەللىسىنى ياراتتى .

«قۇم باسقان شەھەر » رومانىدا يىراق قەدىمكى زامانلاردىكى
ۋەقەلەر ئۆزگىچە رىۋايەت شەكلى ئارقىلىق ھېكايە قىلىنغان . روما-
نىڭ قۇرۇلمىسى ئۆزگىچە بولۇپ ، ئۇ سۇپۇرگە ھەققىدىكى ، ئۇچ
ئاكا ـ ئۇكا ھەققىدىكى ۋە چۆل ئوغلى ھەققىدىكى ھەم نىسپىي
مۇستەقىل بولغان ، ھەم ئۆز ـ ئارا باغلىنىدىغان ئۈچ ھېكايىدىن
تەشكىل تاپقان . رومانىنىڭ بۇنداق ئۆزگىچە قۇرۇلما شەكلى ئۇيغۇر

رومانچىلىقى ئۈچۈن بىرخىل يېڭىلىق ئېلىپ كەلدى . ئەسەرنىڭ سۇژىتى زىدىيەت ـ توقۇنۇشلارغا ، پېرسوناژلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى تاسادىپىيلىقلارغا باي ، كۆرۈنۈش ـ تەپسىلاتلار قىزىقارلىق ـ سېھىرلىك بولۇپ ، كىشىگە ئۆزگىچە بىرخىل ئېستېتىكىلىق زوق بېغىشلايدۇ ، كىشىنى ئىختىيارسىز يىراق قەدىمكى دەۋرلەرگە باشلاپ ، تەبىئەت گۈزەللىكىدىن ، شۇنداقلا ھايات گۈزەللىكىدىن سۆيۈندۈرىدۇ . روماندا ، كۆپلىگەن سېھرىي تەركىبلەر بار بولۇپ ، بۇ تەركىبلەر ئەسلىدىلا ئەدەبىياتىمىزنىڭ ، تەسەۋۋۇر ئادىتىمىزنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بولغاچقا ، كىتابخانلارغا غەيرىي تۇيۇلمايدۇ ، ئەكسىچە روماننىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان . سۇژىت ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن بۇ رومان ئۇيغۇر رومانچىلىقىنى تۇنجى قېتىم ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا خەلقىمىزنىڭ نەسرىي ئەسەرلەر ئىجادىيىتى ئەنئەنىسىگە باغلىغان . يازغۇچى ئەسەردە يېڭىچە ئىجادىيەت ئۇسۇلى ھەققىدە ئىزدىنىپ ، رېئال بىلەن خىيالنى ، چىنلىق بىلەن تەسەۋۋۇرنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ ، تولىمۇ رەڭدار بولغان ئۆزگىچە بىر بەدىئىي دۇنيا ياراتقان .

مەمتىمىن ھوشۇر ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ، ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ قايىللىقىغا ئىگە . ئۇنىڭ «بۇ چۈش ئەمەس» ، «بۇرۇت ماجىراسى» قاتارلىق توپلام ـ ئەسەرلىرى مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ، «ئۇستازىم» ھېكايىسى ، «ساۋاقداشلار» پوۋېستى ، «ئۆلۈككە خەت» توپلىمى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ، بەش پارچە ھېكايىسى خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى . ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇلدى .

مەمتىمىن ھوشۇر پروزا ئەسەرلىرىدىن باشقا يەنە ئۇيغۇر مۇقاملىرى ، ئېلى خەلق ناخشىلىرى ، ئېلى تارىخى ھەققىدىمۇ ئاز بولمىغان تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ ، تەتقىقات نەتىجىسى سۈپىتىدە ئىلمىي ئەسەر ، ماقالىلەرنى ئېلان قىلدۇردى . بۇلار ئىچىدە «ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئېلى ۋارىيانتى» ناملىق ئىلمىي ئەسىرى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە .

## مەمتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى

مەمتىمىن ھوشۇر بۈگۈنكى زامان ئادەملىرىنىڭ خاراكتېرىنى ، ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ، قىممەت ۋە ئېستېتىكىلىق قاراشلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ھەجۋىيلەشتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن سۈرەتلەپ ، ھېكايىچىلىقنىڭ ئىجادىيەت يولىنى كېڭەيتىشتە ، ئىجادىيلىقنى كۈچەيتىشتە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى ، شۆھرەت قازاندى . ئۇ كىتابخانلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى ، ئەسەرلىرى كىتابخانلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولدى .

ئۇنىڭ ياراتقان پېرسوناژلىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىپىك مىللىي خاراكتېرى ، جۈملىدىن ئېلى خەلقىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى ئەندىزە قىلىنغان . بۇ خىل تىپىك خاراكتېر يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ، جەمئىيەت ۋە تۇرمۇش ھەققىدىكى ئالاھىدە كۆزقاراشلىرى ، شۇنىڭدەك ئۆزگىچە ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ئارقىلىق سەنئەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلگەن . مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرىنىڭ ھەجۋىي خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بولۇپ ، يۇمۇرغا باي . يازغۇچى مېھماندوست ، خۇش چاقچاق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بولۇپمۇ ئۇ ئۆزى ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىتتىكى غۇلجا ئۇيغۇرلىرىنىڭ پسىخىكىسىدىكى كۈلكە ـ چاقچاقسىز ياشىيالماسلىقتەك تىپىك ئالاھىدىلىكىنى تۇتقا قىلىپ ، مىللەتنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى تۈرلۈك ئىللەتلەر ، چىرىكلىكلەرنى مۇشۇ ئالاھىدىلىك ئاستىدا دارىتمىلاش يولى بىلەن ئىپادىلەيدۇ . ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى بىر قېتىم ئوقۇغان ھەرقانداق بىر كىتابـ

خان كۆلمەي تۇرالمايدۇ . ئەمما ، بۇ كۆلكە مەنىسىز ھېجىيىش ئەمەس ، شۇنداقلا ئەسەر پەيدا قىلغان زورۇققان كۆلكىمۇ ۋە ياكى ئاددىيلا كۆلكىمۇ ئەمەس . بۇ كۆلكىنىڭ ئارقىسىغا ئىجتىمائىي رېئاللىقتىكى ۋە كىشىلەرنىڭ روھىيىتىدىكى تۈرلۈك ئىللەتلەر ، چۈشكۈنلۈك ، زەئىپلىك ، بىچارىچىلىككە قارىتىلغان ئۆتكۈر كىنايە ۋە ئاچچىق تەنە يوشۇرۇنغان .

مەلۇمكى ، ئۇيغۇر خەلقى بىر كۈن تاماقتىن قېلىپ ئاچ يۈرسە يۈرىدۇكى ، لېكىن بىر كۈن كۈلكە ـ چاقچاقسىز ياشىيالمايدۇ . تۇرمۇشتىكى بۇ خىل چىنلىق ، مىللەتنىڭ پسىخىكىسىدىكى بۇ خىل ئۆزگىچىلىك سەنئەت دۇنياسىغا ئېلىپ كىرىلىپ ، بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلسە ، يەنى تۇرمۇشتىكى كۈلكە پەيدا قىلىدىغان ۋەقە ـ ھادىسىلەر يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ماھارىتى بىلەن قايتا گەۋدىلەنگەندە تۇرمۇشنىڭ ئەسلى ئۆزىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ يۇقىرى ئېستېتىكىلىق قىممەت يارىتىپ ، كىتابخانلارنىڭ بەدىئىي زوق تەلىپىنىمۇ تولۇق قاندۇرغىلى بولىدۇ . مەمتىمىن ھوشۇر دەل شۇنداق قىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى زەردە ۋە ئاچچىق بىلەن سۆزلىشىۋاتقان بولسىمۇ ، كىتابخانلار يەنىلا ئۆزىنى كۈلكىدىن تۇتالمايدۇ . ئاپتور مۇشۇنداق يېزىش ئارقىلىق ئۆز خەلقىنىڭ بەزى ئىللەتلىرىنى خۇددى كۈلكىلىك ئەينەكتە كۆرسەتكەندەك بولۇپ بەدىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئۇنۇمگە ئېرىشكەن . ئەسەرنى ئوقۇغان كىتابخان ئىختىيارسىز كۈلۈۋېتىدۇ ۋە ئۆز كۈلكىسىنىڭ ئىچىگە ئاچچىق ئەلەم يوشۇرۇنغانلىقىنى ، يۈرىكىنىڭ ئېچىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ . يەنى كىتابخان تۇساتتىنلا گويا ئۆزى ئۈستىدىن كۈلۈۋاتقاندەك ، ئۆزىنى ئۆزى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ . ئەمەلىيەتتە يازغۇچىنىڭ يەتمەكچى بولغان مەقسىتىمۇ مانا شۇنىڭدىن ئىبارەت بولۇپ ، ئاپتور كىتابخانلاردا ئەنە شۇنداق تۇيغۇ پەيدا قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا يېڭى بىر كۈچ ئويغىتىشنى ، يەنى ئۆز خەلقىنىڭ



روھىيىتىدىكى جاراھەتلەرنى ساقايتىشنىڭ يولىنى تېپىشنى ئۆزىنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى دەپ قارىغان . زامانىمىزدىكى ئاتاقلىق يازغۇچىلاردىن بىرى بولغان چىڭگىز ئايتماتوۋ ئىجادىيەت ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىدە ، ئۆزىنىڭ فرانسۇزلارنىڭ پسىخىكىلىق خاراكتېرىدىكى ئۆزىنى ئۆزى مەسخىرە قىلىش ، ئۆزى ئۈستىدىن كۈلۈشتىن ئىبارەت بۇ تەرىپىدىن قاتتىق ھەۋەسلىنىدىغانلىقىنى ، ئەسلىي ھەرقانداق ئادەمگە مۇشۇنداق روھ ، جاسارەت بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتقانىدى .

دەرھەقىقەت ، ھەرقانداق بىر مىللەت ، ھەربىر ئىنسان باشقىلار ئۈستىدىن كۈلۈشنىلا ئەمەس ، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئۆزى ئۈستىدىن كۈلۈشنى ، ئۆزىنى مەسخىرە قىلىشنى بىلىشى كېرەك . چۈنكى ، بۇنداق كۈلۈش مىللەتنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى ئاجىزلىقلارنى يېڭىدىغان ، ئىللەتلەرنى تازىلايدىغان جاسارەت ئاتا قىلىدۇ . شۇڭا ، بۇ كۈلكە ئۈچۈن خېلى زور جۈرئەت ، غەيرەت كېرەك . بىز مۇشۇنداق غەيرەتكە كېلىدىغانلا بولسا ، كۈلكە ئىچىدىن ئۆزىمىزنى كۆرىمىز ، ئۆز روھىيىتىمىزنىڭ سۈرىتىنى كۆرىمىز ، ئۆزىمىزنى تونۇيمىز . شۈبھىسىزكى ، بۇ يۈرەكنى ئېچىشتۇرىدىغان ئىش . ئەمما ، ئۆزىنى تونۇماي تۇرۇپ ، ئۆزىنى يارىتقىلى ، نامايان قىلغىلى ، قەددىنى كۆتۈرگىلى بولمايدۇ . بۇ ـ روھىي دۇنيانىڭ مەنتىقىسى . روھىيەتتىكى كېسەللەرنى داۋالاشنىڭ بىردىنبىر ئۇنۇملۈك رېتسېپى .

مەمتىمىن ھوشۇر ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ، رېئال ھايات ئۈستىدىكى تەپەككۇرىدا ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى ، شۇنداقلا مىللەتنى تونۇغان ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يۇقىرىدا بىز شەرھلىگەن سەنئەت قانۇنىيىتىنى تاپقان . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە كۈلكىدىن كېيىنكى تۇيغۇلار ئېلىپ كېلىدىغان ئەلەملىك خىياللارنى ، ئىزتىراپلىق مۇلاھىزىلەرنى كىتابخانلارنىڭ ئۆزىگە قالدۇرىدۇ . بۇ ھال يازغۇچىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ چەمبەرچاس گىرەلىشىپ ، پىكىرلىرىنىڭ

چوڭقۇرلاپ بېرىۋاتقانلىقىنى ، بەدىئىي تالانتىنىڭمۇ مۇكەممەللىشىشكە قاراپ مېڭىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ .

بىز مەتتىمىن ھوشۇرنىڭ ھېكايىلىرىنى ئوقۇساق ، بىر تەرەپتىن كۆڭلىمىز ئېچىلسا ، يەنە بىر تەرەپتىن چوڭقۇر ئويغا چۆمۈپ ، ئاددىي تۇرمۇش دېتاللىرىدىن ـــ ئاجايىپ قىزىقارلىق ۋەقەلەر ، كۈلكە ـ چاقچاقلاردىن يېڭى ـ يېڭى پىكىرلەرگە كېلىپ ، ئاپتورنىڭ بىزنىڭ مۇلاھىزىمىزگە قالدۇرغان مەسىلىلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئۆتىمىز . بىز ئۇنىڭ «ئايخان» ، «قىرلىق ئىستاكان» ، «مۇساپىرلار قاۋاقخانىسىدا» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئوقۇساق ، خەلقىمىزنىڭ روھىي ھالىتىنى كۆرگەندەك بولىمىز . بۇ كۆرۈنۈشلەر قويۇق ھەجۋىي تۈسكە ئىگە قىلىنغان بولۇپ ، كومېدىيىلىك كۆرۈنۈشلەرگە سىڭدۈرۈلگەن . ئاپتورنىڭ خەلقىمىزنىڭ تەقدىرىگە بولغان چوڭقۇر ئېچىنىش تۇيغۇسىنى ، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقىمىزگە بولغان چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ئېنىق ھېس قىلالايمىز .

بولۇپمۇ «بۇرۇت ماجىراسى» نى ئوقۇغان ھەر قانداق كىتابخان كۈلمەي تۇرالمايدۇ . بۇ ئەسەردە مىللەتنىڭ روھىيىتىدىكى زەئىپلىك ، قاششاقلىق ، گاڭگىراشتىن ئىبارەت بىنورماللىق ئەكس ئېتىلگەن . «بۇرۇت ماجىراسى» دىكى مەن ، ئادەم تۇتۇۋېتىپتۇ ، دېگەننى ئاڭلاپ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشىدۇ . بۇ تىزىملاشنىڭ بىر جىنايەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىنمۇ ، ئۆزىدە ھېچقانداق گۇناھ يوق تۇرۇقلۇق يەنىلا ئەندىشە ئىچىدىلا يۈرىدۇ . ئۇنىڭ قويغان ـ تۇتقىنى جايىدا بولماي ، تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ ، ھەممە ئىشلىرى ئىزىدىن چىقىپ كېتىدۇ . ئۇ بۇ كېلىشمەسلىكلەرنىڭ مەنبەسىنى «بۇرۇت» دەپ قاراپ ، بۇرۇتىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ . لېكىن ، بۇرۇتىنى چۈشۈرۈۋېتىپمۇ يەنە خاتىرجەم بولالمايدۇ . تۈرلۈك بىمەنە خىياللاردا بولىدۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتمەكچى بولىدۇ ، لېكىن مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ . بازار باشلىقى ئۇنىڭ ۋەھىمىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈۋېتىدۇ . ئۇ قورققىنىدىن تالاغا چىقىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي ، ئۆيگە بېكىنىۋالىدۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ ھاماقەتلىكى ئۈستىدە ئويلاپمۇ باقماستىن بازار باشلىقىنى مازاق قىلىدۇ . مانا مۇشۇنداق بىچارە بىر ئىنساننىڭ ھەجۋىيلىككە باي تراگېدىيىسى بىزگە زادى قانچىلىك كۈلكە ئاتا قىلغانلىقىنى ئەسەر ئۈستىدە قايتا مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندىن كېيىن ئاندىن تولۇق ھېس قىلغاندەك بولىمىز .

مەتتىمىن ھوشۇرنىڭ كۆپ ساندىكى ئەسەرلىرىگە ئەنە شۇنداق تراگېدىيە يوشۇرۇنغان بولۇپ ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى زامانداشلىرىمىزنىڭ ئۆزىمىز ھەققىدە خېلى چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت يېڭى بۇرۇلۇشنىڭ ماھىرلىق بىلەن بەدىئىي شەكىلدە ئىپادىلەنگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ .

يازغۇچى مەتتىمىن ھوشۇرنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئىجادىيىتى ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ رەسمىي يوسۇندا ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، ھەقىقىي مىللىي پۇراق بىلەن مەيدانغا كەلگەنلىكىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە «ئايخان» ، «مۇساپىرلار قاۋاقخانىسىدا» ، «ساراڭ» ، «قىرلىق ئىستاكان» ، «ئالتۇن چىشلىق ئىت» قاتارلىق ھېكايىلىرى بىر قەدەر ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ ، بۇ ئەسەرلەرنى مىللىي پىسخىكىلىق قاتلاملارغا ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرگە قارىتا پىشقان بىر سەنئەتكار سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنغان ، ئالاھىدە بىر يېڭىلىق دەپ قاراشقا بولىدۇ .

مەلۇمكى ، رېئال تۇرمۇشتىكى ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى خاتىرىلەپ ، تىزىپ قويسا ئۇنى ئەدەبىي ئەسەر دېگىلى بولمايدۇ . ئەمما ، بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەردە بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق پىششىقلانغان ، يازغۇچىنىڭ ئىجتىمائىي ، پەلسەپىۋى تەپەككۇرى بىلەن يۇغۇرۇلغاندىن كېيىنكى ۋەقەلىكنى ، ئىنساننى ، ئىنساننىڭ ماھىيىتىنى ، روھىي

دۇنياسىنى ، رېئال ھاياتنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئۆزىدىكىدەك ئەينەن ، ھە-
قىقىي ، چىن ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىش — بۇ يازغۇچىدىن ناھايىتىمۇ
يۇقىرى ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئادەتتە ئەسەرلەر-
گە باھا بەرگەندە ، ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ چىنلىق دەرىجىسىگە ،
ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ، تۇر-
مۇش چىنلىقىغا يېقىنلىشالىغانلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىمىز .
تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇش — بۇ تۇرمۇشنىڭ ئۆزد-
دىكىدەك تۈيغۇ بېغىشلاش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قەلبىگە تەسىر كۆرسى-
تىش دېگەنلىك ، ئەسەرنىڭ چىنلىق دەرىجىسى قانچىلىك يۇقىرى
بولىدۇ . بۇ يېزىقچىلىق ماھارىتى مەسىلىسى بولۇپ ، يازغۇچىنىڭ
بەدىئىي تاۋلىنىشىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىگە باغلىق . بۇ جەھەتتىن
قارىغاندا ، ئەدەبىياتشۇناس خەن زىيۇڭ ئەپەندىنىڭ مەمتىمىن ھوشۇر
ئىجادىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ ، ئۇنىڭ ئىپادىلەش ئۇسلۇبىنى «تۇر-
مۇشنى ئەسلىي ھالىتىگە قايتۇرۇش ئۇسۇلى»[1] دەپ ئاتىشىمۇ ئاساس-
سىز بولمىسا كېرەك . بۇ سۆز قانداقتۇر بىرەر ئەسەرگە نىسبەتەن
ئەمەس ، بەلكى يازغۇچىنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە قارىتا
ئېيتىلغان ، يەنى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ھەقىقىي ئۇيغۇر پىسخىكىسى ،
ئۇيغۇر تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۇرۇلگەنلىكىگە ، ئاپتور ئۆزى توپلىغان
خام ماتېرىياللارنى ئۇيغۇر مۇھىتىغا ، سەنئەت ئېستېتىكىسىغا ماس
ھالدا بىر تەرەپ قىلالىغانلىقىغا قارىتا ئېيتىلغان . بۇ سۆزنى مەمتى-
مىن ھوشۇر ئىجادىيىتىگە بېرىلگەن توغرا باھا دېيىشكە بولىدۇ .
مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىر قاتار ھېكايى-
لىرى ھازىرقى زامان شېئىرىيەت ئاتالغۇسى بولغان «سېكىل» گە
ئوخشاپ كېتىدۇ . ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ، ئۇلارنى «ھېكايىلەر
توپى» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ . بۇنداق ھېكايىلەر توپى ئۇيغۇر ھەم خەنزۇ

① «يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر بىلەن سۆھبەت»، «تارىم» 1993 ـ يىللىق 8 ـ سان.



ئەدەبىياتىدا ، شۇنداقلا خەنزۇ ئەدەبىياتىدا رېئالىزملىق ۋە رومانتىزمە-
لىق ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدا ، مودېرنىزملىق ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدا ،
شۇنىڭدەك بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتد-
مىزدا مەۋجۇت بولغان بىر خىل شەكىل . مەسىلەن ، كلاسسىك
ئەدەبىياتىمىزدىكى «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ، تۈركلەردىكى «دەدە قۇرت
چۆچەكلىرى» ، خەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى «شاپائەتچى جىگۇڭ» ، «لياۋ-
جەي رىۋايەتلىرى» ، جامىس جوسىنىڭ «دوبلىنلىقلار» ، ئەرەبلەر-
نىڭ «مىڭ بىر كېچە» ۋە بالزاك ، مۇپاسسان ، چېخوۋ قاتارلىق
يازغۇچىلارنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى ئەنە شۇنداق ھېكايىلەر توپىدىن
ئىبارەت . بۇنداق ھېكايىلەر توپىنى چوڭ ئىككى تۈرگە ـ ئىچكى
باغلىنىشقا ئىگە ھېكايىلەر توپى ۋە تاشقى باغلىنىشقا ئىگە ھېكايىلەر
توپى دەپ ئايرىشقا بولىدۇ . يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ئىجادىيد-
تىدىكى بۇ ھېكايىلەر توپى تاشقى باغلىنىشتىكى ھېكايىلەر توپىغا
مەنسۇپ . ئۇ ھەرگىزمۇ بەزى كىشىلەر ئېيتقاندەك غەرب ئەدەبىياتىد-
كى ئېقىملارنىڭ ئىپادىلەش ئۇسلۇبلىرىغا تەقلىد قىلغانلىق بولماس-
تىن ، بەلكى يازغۇچىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى جانلىق
قوللانغانلىقىنىڭ ھەم مۇشۇ يولدا ئىزدىنىۋاتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى-
دۇر .
يازغۇچىنىڭ بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ھېكايىلەر توپىنىڭ ئوخ-
شاشلىق تەرەپلىرى كۆپ ھاللاردا سىرتقى ھادىسىلەردە ئىپادىلىنىدۇ .
تېمىلىرى بولسا تەكرارلانغان ياكى يېڭىلانغان . پېرسوناژلار ھېكايى-
دىن ھېكايىگە ئاتلىيالايدۇ . مەسىلەن ، ئۇنىڭ «ساراڭ» بىلەن مۇنا-
سىۋەتلىك بىر قاتار ھېكايىلىرىدە ئاپتور دەۋرنىڭ تۈپ خۇسۇسىيەتلى-
رىنى ئەكس ئەتتۇرۇش ، رېئال ئىللەتلەرگە كىنايە قىلىشلاردا ، ھا-
راق ۋە مەستلىكتىن ئىبارەت ۋاستىنى تۇتقان . ئاپتور تۇرمۇشتىكى
قىسمەتلىكلەر ئىچىدىن ئومۇمىيلىقنى ، ھادىسىلەر ئىچىدىن ماھىيەت-
نى تېپىپ چىقىپ ئۇنى ئەپلىك ۋاستىلەر ئارقىلىق چوڭايتىپ كۆر-

ستىپ بېرىدۇ .

مەتتىمىن ھوشۇرنىڭ ئەسەرلىرىدە تۇرمۇشنىڭ ئادەتتىكى تەرەپلىرى ، ئاددىي ۋەقەلەر يېزىلغاندەك قىلىسمۇ ، ئەمما بىز ئويلىنىپ كۆرسەك ، بۇ ئاددىي ، ۋەقەلەر ئادەتتىكى ئاددىي ئىنسانلارنىڭ روھىي ھالەتلىرىنىڭ خېلى ئومۇمىيلىققا ئىگە قىياپىتى ئىكەنلىكىنى سېزىمىز . «ئايخان» ، «مۇساپىرلار قاۋاقخانىسىدا» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ پىكرى يوشۇرۇن ، ئەسەر قۇرۇلمىسى غەلىتىرەك بولسىمۇ ، يەنىلا كىتابخانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ . كىتابخان ئەسەرنىڭ بېشىنى ئوقۇپلا ئاخىردا نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالسا ، بۇ يازغۇچىغا نىسبەتەن ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيەتتۇر . ۋەقەلىكنىڭ چاچما ، پىكىرىنىڭ غۇۋا ، تىلىنىڭ چۈشىنىشلىك ، بايانىنىڭ ئەگرى - توقاي بولۇشى سەنئەت قانۇنىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن . لېكىن ، بۇ قانۇنىيەتنى قانداق ئىگىلەش مەسىلىسى ئاسان ئىش ئەمەس . بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا ، مەتتىمىن ھوشۇرنىڭ ئىزدىنىشلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى پروزىچىلىقىمىزنىڭ ئىجادىيەت يولىنى كېڭەيتتى ، ئۆزىنىڭ ئىجادىيلىقى بىلەن شۆھرەت قازاندى ، دېيىشكە بولىدۇ .

## «ئالتۇن چىشلىق ئىت» ھېكايىسى

«ئالتۇن چىشلىق ئىت» ھېكايىسى مەتتىمىن ھوشۇرنىڭ ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان ، ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى تولۇق ئەكس ئەتكەن ، بەدىئىيلىكىمۇ باشقا ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن نادىر ھېكايىلىرىنىڭ بىرى .

ئاپتور بۇ ھېكايىسىدە جانلىق ھەم يۇمۇرلۇق تىل ، ئاجايىپ ئوخشىتىش ۋە قىلىقلاندۇرۇش ۋاستىلىرى ئارقىلىق ساتىرىك كەيپىيات ھاسىل قىلىنغان . ئۇ بۇ خىل ھەجۋىي كەيپىيات ئىچىدە



ناھايىتى مول تەركىبلەرگە ئىگە مەدەنىيەت تىندۇرمىسىنى يۇدۇپ بۇگۈنكى زامان تۇرمۇشى ئىچىگە كىرىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئادەم بولۇش ئۆلچەملىرى ، ئەخلاق مىزانلىرى ، قىممەت قاراشلىرى ، ئېستېتىكىلىق چۈشەنچىسى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىدىكى ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز ، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن .

بۇ ئەسەردە ئاپتورنىڭ يەنە باشقا بىر قاتار ئەسەرلىرىدىكىگە ئوخشاشلا «مەن» (مۇھەررىر ) بىلەن غەلىتە مىجەزلىك يازغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ۋەقە ھەم يازغۇچىنىڭ بىر قېتىملىق چەت ئەلگە چىقىپ كېلىش جەريانىدىكى «ئاق تاپان» نىڭ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ھەم ھەيران قالدۇرىدىغان سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلىنىدۇ .

ھېكايە مۇھەررىر بىلەن يازغۇچىنىڭ بىر قېتىملىق تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىشىدىن باشلىنىدۇ :

«•••بۇ ھېلىقى ‹ساراڭ› نىڭ ئاپتورى ئىدى .

— سالامەتمۇ سىز ؟ — دېدىم ئۇنى ئۇچراتقىنىمغا خۇشال بولۇپ .

— ھوي ، مۇھەررىر ئەپەندىممۇ بۇ ؟

ئۇ شۇنداق دېدى - دە ، ئىككى قولىنى بوينۇمغا ئارتىپ ، مەڭزىمگە سالاپشتىپ سۆيۈپ ، قۇچاقلاپ قويدى . خىجىللىقتا ئىتتىك ئەتراپىمغا قاراپ ، ئەمدى بۇ نەچە كۆرۈشۈش بولۇپ كەتتى ، دەپ قالدىم .

— بۇ دېگەن چەت ئەلچە كۆرۈشۈش! — دېدى ئۇ ئىزاھلاپ ، — كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئۇزۇن بوپمۇ ، شۇنداقمۇ ؟»

بىز بۇنىڭدىن مۇھەررىر بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ كەلگەن كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتىمۇ قويۇق ، لېكىن يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيەتكە باي بولغان مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز . ھەممىلا يېرىنى چاقماق بېسىپ كەتكەن «يازغۇچى» بىلەن ژۇرنالنىڭ كەلگۈسى ئىس-

تىقبالىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقان مۇھەررىرنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى ،
ئەخلاق قاراشلىرى ، تۇرمۇش ئادەتلىرىدىكى ئوخشىماسلىقلارنى ھېس
قىلىمىز . ئەسەردىكى «ئاپتور» نىڭ قوللىرىنى «مەن» نىڭ بوينىغا
ئارتىپ ، شالاپشىتىپ سۆيۈپ كېتىشى بىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ .
ئەسەرنىڭ بۇ قىسمىدا «ساراڭ» نىڭ ئاپتورنىڭ ئېيتقانلىرى ۋە
قىلغانلىرىدىن مەتىمىن ھوشۇرنىڭ رېئال ھاياتقا تۇتقان پوزىتسىيە-
سىدىكى سەزگۈرلۈكىنى ، ئىدىيىسىنى ، بەدىئىي ماھارىتىنى ، تىل
ئىشلىتىش جەھەتتىكى خاسلىقىنى كۆرۈۋالىمىز . يازغۇچىنىڭ ئىش-
لەتكەن تىلى ئۆتكۈر كىنايىگە تويۇنغان بولۇپ ، بۇ تىللار يازغۇچىنىڭ
جەمئىيەتكە ، تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرگە بولغان قارىشىنى ئىپادىلەش
كۈچىگە ئىنتايىن باي .
يازغۇچى مەتىمىن ھوشۇر «مەن» بىلەن «ساراڭ» نىڭ ئاپتو-
رىنىڭ تىلىدىن : «... ماۋۇ ئۈستۈمدىكى كىيىملەر ياراشقاندەكمۇ ؟
— شۇنىڭغا ھەيران بولۇۋاتىمەن ، چاقماقنىڭ ئۈستىگە چاق-
ماق ، چاقماقنىڭ ئىچىگە چاقماق كىيىۋاپسىز ، قارىغان كىشىنىڭ
كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ كېتىدىكەن .
— ھە ، يېقىندا يەنە چەتكە چىقىپ مال ئەكەلگەنتىم ، مانا
مۇشۇنداق چاقماق گۈللۈك نەرسىلەر سېتىلماي ، قالغانلىرىنى ئۆزۈم
كىيىۋالدىم . مۇنۇ ئۈستۈمدىكىنى ئاددىيلا كاستۇممىكىن دەپ قال-
ماڭ ، بۇنىڭ دۇمبىسىدىمۇ يانچۇقى بار . بۇرۇلكىسىچۇ تېخى ، مۇ-
ھىمراق بىر نېمىلىرىڭىز بولسا مانا بۇ يەردىكى مەخپىي چۆنتەككە
سالىمىز ، — شۇنداق دەپ ئۇ قولىنى كىشىلەر بار يەردە ئاپارغىلى
بولمايدىغان يەرگە سۇندى .
— بولدى ، بولدى ، ئېسىللىقى تېشىدىنلا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ! —
دېدىم .
— ھەببەللى ، سىزگە ئوخشاش كۆزى بار ئادەم تونۇيدۇ ، —
دېدى ئۇ ، — شۇنداق قىلىپ سالامەت تۇردىڭىز ، ھېلىمۇ شۇ ئۇس-



تەلگە دۈمچىيىۋېلىپ ، قەغەز ـ قەلىمىڭىزنى كىتىرلىتىپ ۋاقتىڭىز-
نى زايە قىلىپ ئولتۇرامسىز ؟
— قانداق قىلىمىز ، ئۆمرىمىز شۇ ئىش بىلەن ئۆتۈپتۇ ، ئەمدى
بۇ ياشقا كەلگەندە ...
— بۇمۇ غەلىتە ھۆكۈمەت ئىكەن ، بىر زامانلاردا باي بولغانلار-
نى يوقىتىمىز دەپ كۈندە ئەپچىقىپ دۇمبالىدى ، ئەمدى ماختاپ ھالى
قالمايۋاتىدۇ ... مەن سەل قورقۇپ قالدىم . ئاز كۈندىن كېيىن زادى
باي بولالمىغان كەمبەغەللەردىن بىر ـ ئىككىنى ئەپچىقىپ ئاتامدۇ ،
قانداق ؟! — نېمە دەيدىغاندۇ بۇ ، دەپ ئەتراپىمغا قارىدىم» دەپ
يازىدۇ . بىز بۇ يەرلەرنى ئوقۇۋېتىپ يازغۇچىنىڭ بەدىئىي مۇلاھىزى-
سىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا تەھسىن ئوقۇماي تۇرالمايمىز . بىزنىڭ خېلى
بىر قىسىم يازغۇچىلىرىمىز مۇشۇنداق يارقىن پىكىرلەرنى ئىپادىلەي-
مەن دەپ ئاجايىپ داغدۇغىلىق ۋەقەلەرنى ، دەبدەبىلىك سۆزلەرنى
ئىشلىتىدۇ . لېكىن ، ئۆزىنىڭ مەقسىتى بىلەن ئىجادىيىتى ئارىسىدا
كۆزگە كۆرۈنمەس ھاڭ پەيدا قىلىۋېلىپ ئېسىلىپ قالىدۇ .
بىز يەنە تۆۋەندىكى تەسۋىرلەرنى كۆرسەك ، ئاپتورنىڭ ئىپادىلەش
ماھارىتىنىڭ تۇرمۇش چىنلىقىغا ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ سۆزلىشىش
ئادىتى ، تىل خۇسۇسىيەتلىرىگە يىلتىز تارتىپ كەتكەنلىكىنى كۆرد-
مىز . بەدىئىي ئىجادىيەتتە ، بولۇپمۇ پروزا ئىجادىيىتىدە بۇ ئىنتايىن
مۇھىم . ئاپتور ئەسىرىدە «ساراڭ» نىڭ ئاپتورىنىڭ تىلىدىن شۇنداق
سۆزلەيدۇ : «... چەت ئەلدىكى يازغۇچىلار يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئەسەر
تەھرىرلەيدىكەن ، شائىرلىرى ‹ھېسسىياتقا تەسىر يېتىدۇ › دەپ خو-
تۇنمۇ ئالمايدىكەن... بىر شەھەرگە بارسام پۇقرالىرى شۇنچە پۇزۇر
كىيىنىۋاپتۇ ، شەھەر باشلىقى يالىڭاياغ يۈرىدىكەن ، ئاياللىرى يالغان
بۇرۇت قويۇپ ، ئەرلىرى يالغان چاچ سالىدىكەن ، تاماقنى بازاردا
يەپ ، كېچىسى مېھمانخانىدا يېتىپ ، ئۆيىنى ئىجارىگە بېرىدىكەن .
قىزىق چايغا مۇز سېلىپ ئىچىپ ، ماروژنىنى ئىسسىتىپ يەيدىكەن...

بولۇۋاتقان ئىشلارغا ئەقلىڭىز ھەيران بولىدۇ . بىزنىڭ مەھەللىدىكى سەمىتاخۇننى تونۇمسىزكىن ؟ ھازىر ئۇ ئىشتانپايپاق ئېلىپ - سېتىپ بېيىپ كەتتى ، بەيتۇل ھەرەمگە بېرىپ ئابدۇسەمەت ھاجى بولۇپ كەلدى . يېقىندىن بېرى ئۇ بىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىمىز نەگە كەتتى ؟ دەپ قايناپ ماتادىن كۆڭلەك كىيىپ ، سەگەزدىن گالستۇك باغلاپ ، ئالغان پىكاپىنىڭ ئىچىگە بورا سېلىپ ھەيدەپ يۈرىدۇ ••• » قىسمەن يازغۇچىلىرىمىز رېئاللىققا ئىچكىرىلەپ كىردىم دەپ بەدىئىيلىكتىن ، مىللىي ھېسسىياتتىن ، ھېسسىياتقا ئىچكىرىلەپ كىردىم دەپ بەدىئىي جانلىق تىلدىن ، تىلنى پىششىقلىدىم دەپ ئەسەرنىڭ مەزمۇنىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقان شارائىتتا مەتىمىن ھوشۇرنىڭ بۇ ئەسىرى دەل ۋاقتىدا يېزىلىپ ، ئەدەبىياتىمىزدا بۇگۇنكى دەۋردە بولۇشقا تېگىشلىك سەۋىيىنى ھازىرلاپ بەردى .

«ئالتۇن چىشلىق ئىت» ھېكايىسىدە «مەن» ، «مەن» نىڭ ئايالى ۋە ئىتنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈشىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئىشلار يېزىلغان . «مەن» چەت ئەلگە چىقىپ كەلگەن قولۇم - قوشنىلاردىن چەت ئەلدىكى تۇغقانلىرىنىڭ ناھايىتى باي ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ «ئاق تاپان» نى ئۆيدە قالدۇرۇپ ، ئايالى بىلەن يولغا چىققانلىقى ، ھەمسەپەرلىرىنىڭ ئىت ھەققىدە ئېيتقان ۋەھىمىلىك سۆزلىرى ، باشقىلارنىڭ چېگرىدىن پاسپورت ئىشلەتمەيلا ئىتلارنى ئۆتكۈزۈپ كېتىش چارىلىرى ھەم «ئاق تاپان» نىڭ چېگرىدىن ئۆتۈش ماھارىتى ، «ئاق تاپان» نىڭ چېگرىدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى «••• مېنى نېمىشقا تاشلاپ كەتتىڭلار ، شۇمۇ ئادەمگەرچىلىك بولدىمۇ ؟» دېگەندەك چۈشىنىكسىز غىڭشىشلىرى ھەم «مەن» نىڭ ، ئايالىنىڭ ، ئىتنىڭ چېگرىدىن ئىككى پاسپورت بىلەن ئۆتكەنلىكىدىن ئىبارەت قىزىقارلىق ۋەقە تەسۋىرلەنگەن .

بىر پارچە ھېكايىدە ، ھېكايە كەيپىياتى يارىتىش ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە . ھېكايە كەيپىياتى يازغۇچىنىڭ كۆز قارىشى ، ئەسەرنىڭ



تېمىسى ، مەزمۇنى ، سۆز - جۈملىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى ، پېرسوناژلارنىڭ جانلىق كۆرۈنۈشلىرى ۋە يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ماھارىتى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك . بىز ئەسەرنىڭ بىرىنچى بۆلىكىنى ئوقۇپ ، ئەسەرنىڭ باشلىنىش قىسمىنىڭ ، ۋەقەلىكىنىڭ ، تىلىنىڭ ، خاھىشچانلىقىنىڭ ناھايىتىمۇ نورمال تاللىۋېلىنغانلىقىنى كۆرىمىز . ئەسەرنىڭ بۇ قىسمىدىكى «••• چېگرادىن ئۇچار قاناتمۇ ئۆتەلمەيدۇ ••• چېگرادا بۇنداق ئىتلارنى كۆرۈپ قالسا ، گەپ - سۆز يوق گۇممىدە قىلىپ ئېتىۋېتىدۇ ••• » دېگەندەك ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغان بەدىئىي تىللارنى ئۇچرىتىمىز . بۇ سۆزلەر بىزنىڭ چىنلىق تۇيغۇلىرىمىزنى يېتىلدۈرۈپ ئەسەردىن زوقلىنىش ئىستىكىمىزنى كۈچەيتىدۇ .

ھېكايىنىڭ ئىككىنچى ، ئۈچىنچى بۆلىكى ئەسەرنىڭ مەركىزىي قىسمى بولۇپ ، ئاپتور ئەسەرنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە دەل مۇشۇ يەرنى گەۋدىلەندۈرىدۇ . ئىككىنچى قىسمىدا «مەن» ، «كۈچۈك ۋە ئايال» نىڭ چەت ئەلدىكى سەرگۈزەشتىسى ، بولۇپمۇ ئىتنىڭ چەت ئەلدىكى سەرگۈزەشتىسى ئاجايىپ گۈزەل تەسۋىرلەنگەن . يازغۇچى مەتىمىن ھوشۇر ئەسەرنىڭ بۇ قىسمىدا بەدىئىي تىلىمىزدىكى ئىپادىلەش كۈچىدگە باي ، ئوبرازچانلىقى كۈچلۈك ، ئىدىيىۋىلىكى چوڭقۇر بولغان «قورسىقىغا كىرىپ باقسام» ، «قارىسام ئىتنىڭ ئۆزىكەن» ، «ئېشەكتەك قىلىقىڭ بار ئىكەن» ، «ئاغزىغا ئىككى خىش قويسا ئوبۇرنى بولىدىكەن» ، «ئادەم دېگەن بەربىر خام سۈت ئەمگەن نەرسە» دېگەندەك غەيرىي ئەقلىي ۋە سەنئەت لوگىكىسى كۈچلۈك بولغان خۇسۇسىيەتكە مۇراجىئەت قىلىپ ، بۇ خىل خۇسۇسىيەتنى يېڭىلاپ ھەجۋىي ۋە مەزمۇننى بېيىتقان ، شۇ ئارقىلىق دارىتمىدىن ئىبارەت ئۇسلۇبنى كۈچەيتكەن . مەسىلەن ، «چەت ئەللىكلەرمۇ بىزگە ئوخشاش ئۈچ ۋاقىت تاماق يەيدىكەن ••• بىر ئوخشىمايدىغان يېرى كۆرۈشكەندە ئۇزاققىچە سۆيۈشۈپ پومداقلىشىپ كېتىدىكەن . باشتا توۋا ، دەپ ياقامنى تۇتتۇم ، كېيىن بۇنىڭغىمۇ ئۆگىنىپ ، تونۇش - بىلىشلەرنى

كۆرگەندە يىراقتىنلا غۇلاچ كېرىپ بېرىپ ئەر - ئايال دەپ ئايرىپ
ئولتۇرمايلا بەھۇزۇر قۇچاقلاۋېرىدىغان بولۇپ قالدىم ··· ئۇرۇق -
تۇغقان ، تونۇش - بىلىشلەرنىڭ ، خوتۇن - بالىلىرىغىچە ئالا قويماي
سۆيۈپ چىقتىم . قاملاشمىغان يېرى ئۇلارمۇ مېنىڭ خوتۇنۇمنى سۆيۈ-
ۋېرىپ مەسلىھەتنى قويمىدى . خەپ ، چەت ئەل دېگەننىڭ خوتۇن خەق-
ىنىمۇ ئېلىپ چىقامدىغان دەپ قالدىم . ئامال قانچە ، ئۇلار ئۈچۈن
مۇنداق تەنتەنىلىك كۆرۈشۈش ناھايىتى چوڭ مەدەنىيەت ھېسابلىنىدى-
كەن··· » . بىز بۇ بۆلەكتىن گۈزەللىك قارىشى ، ئەخلاق قارىشى بىز
بىلەن ئوخشىشىپ كەتمىسىمۇ ، ئەمما ئوخشاش تىلدا سۆزلىشىدىغان ،
ئوخشاش بولغان مەدەنىيەت يىلتىزىغا ئىگە ئىككى خىل ئادەملەر
توپىنى كۆرىمىز . ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە دىققەت قىلساق ،
يازغۇچىنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى نازۇك مەسىلىلەرگە ناھايىتىمۇ سەز-
گۈرلۈك بىلەن دىققەت قىلغانلىقىنى ، بەزى كىشىلەر دىققەت قىلىسى-
مۇ ، لېكىن ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان بۇنداق مەسىلىلەرنى سەنئەت-
نىڭ ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە بەدىئىي مۇلاھىزىمىزگە تاشلىغانلىقىنى
كۆرىمىز . ئەسەرنىڭ بۇ قىسمىدىكى ئادەملەر بىزگە خىلمۇ خىل
ھايۋانلاردەك كۆرۈنسە ، ھايۋانلار خۇددى ئادەملەردەك كۆرۈنىدۇ .
قېنى قاراپ باقايلى : «··· ‹ئاق تاپان › چەت ئەلدىمۇ قىلچە يۈزۈمنى
تۆكمىدى . ئۇ نەگە بارساق شۇ يەرگە ئەگىشىپ باراتتى . بىز ساھىب-
خانلار بىلەن ھېلىقىدەك تەنتەنىلىك ئامانلىشىۋاتقاندا ، ئەدەپ بىلەن
بىر چەتكە ئۆتۈپ قاراپ تۇراتتى . مىجەزىمۇ ناھايىتى مۇلايىملىشىپ
كەتتى . ئۇ يەرنىڭ ئىتلىرىنى كۆرسىمۇ ئۆز ئۆيىدەك يوغانچىلىق
قىلماي ، ئاستا بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ تۇرۇۋالاتتى ياكى ھېلىقى
ناتونۇش ئىتقا قاراپ قۇيرۇقىنى پۇلاڭشىتىپ ، ئۇ قېشىغا كەلگۈدەك
بولسا ، پۇتلىرىنى ئاسمانغا قارىتىپ ئوڭدىسىغا يېتىپ ، سەمىمىي
دوستلۇقىنى بىلدۈرەتتى . ئۇنىڭ يېتىپ - قوپۇش ئىشىمۇ ھەشەمەت-
لىك ئىدى . بىز چۈشكەن ئۆينىڭ بىر ئاپشاركىسى بار ئىكەن . ئۇ



باغىنىڭ بىر تەرىپىدىكى تاختايدىن ياسىلىپ ئالا - بۇلىماچ سىرلانغان
بىر كاتەكتە يېتىپ قوپىدىكەن··· ‹ئاق تاپان › ئاشۇ تۇغقىنى بىلەن
تۇردى . ئۆي خوجايىنى ئۇلارغا ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئىككى چاقماق-
تىن قەنت بىلەن ئازراق سۈت پوشكىلى ، يېڭى گۆش ، ئۆپكە ،
قېرىن ، كەچتە سارماي سۈركەلگەن بولكا بېرەتتى . ‹ئاق تاپان › چەت
ئەلنىڭ سېمىز - ئورۇق ، ئېگىز - پاكار ، تۈكى ئۇزۇن ، تۈكى
قىسقا دېگەندەك ھەممە ئىتلىرى بىلەن چىقىشىپ كەتتى . ئۇنىڭ چەت
ئەل كوچىلىرىدا سۆلەتلىك قەدەم ئېلىپ مېڭىشلىرى ئۇ يەرنىڭ ئالىي
نەسىللىك ئىتلىرىدىن ھەرگىز قېلىشمايتتى . كىشىنىڭ ئەقلى يەت-
مەيدىغان ئىش ، مەيلى ئۆيدە ، مەيلى سىرتتا بولسۇن ، ئۇ چوڭ -
كىچىك تەرەت قىلسا ئۇدۇل ھاجەتخانىغا قاراپ ماڭاتتى . خۇددى چەت
ئەلنىڭ يېزىقىنى تونۇيدىغاندەك ھەرگىزمۇ ئاياللار ھاجەتخانىسىغا
كېتىپ قالمايتتى··· بىر قېتىم بىز چۈشكەن ئۆينىڭ خوجايىنلىرى
بىزنىڭ شەرىپىمىزگە مېھمان چاقىرغانلىقى ھەرگىز ئېسىمدىن چىق-
مايدۇ . ئۇ كۈنى ‹ئاق تاپان › ھەر بىر مېھمان كەلگەندە دەرۋازىنى
ئۆزى بېرىپ ئېچىپ ، مېھمانلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ،
ھەممىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى··· ‹ئاق تاپان › مېھمانلارنىڭ
كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ ، ھەممىگە تەكشى
قاراپ ، ئالدىغا قويۇپ بەرگەن تائاملارغا ئانچە - مۇنچە ئېغىز تېگىپ ،
سەرەڭگە ياغىچىدا چىشىنى كوچىلاپ ، ئەدەپ بىلەن ئولتۇردى ··· ئازراق
قېقىۋېلىپ قىزىپ قالغان ‹ئاق تاپان › نايناقلاپ ئوتتۇرىغا چۈشۈۋې-
لىپ ، خانىملارنىڭ ئارىسىدىكى ياش خېنىمغا تىزلىرىنى ئېگىپ ،
ھەدەپ تەزىم قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن تانسىغا چۈشمەكچى بولدى . ‹ئاق
تاپان › نىڭ بۇ قىلىقلىرىغا··· ھېلىقى ياش ئېرى بىر تاتىرىپ ، بىر
قىزىرىپ ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ : ‹ماۋۇ نەدىن كېلىپ قالغان
لالما ئىت ، مېنىڭ ئايالىمنى ئۇ نېمە كۆرۈۋاتىدۇ! › دەپ ۋارقىراپ ،
ئۈستەلنى بىر مۇشتلىۋىدى ، چىنە - قاچىلار جىغىلداپ كەتتى

··· ‹ئاق تاپان › غىڭشىغىنىچە نېرىغا بېرىپ قۇيرۇقىنى گېلىغا تى-
قىپ ، ئازراق قەي قىلىپ ، شۇ يەردىلا بېشىنى ئىككى پۇتىنىڭ
ئۈستىگە قويۇپ يېتىپ قالدى .»

بىز بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ ئادەملەرنىڭ ، ھايۋانلارنىڭ قىلغان-
لىرىدىن گۇمانلانمايمىز . بۇ پۈتۈنلەي سەنئەت چىنلىقى بولۇپ ، تۇر-
مۇش چىنلىقى بەدىئىي چىنلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەندە ، تۇيغۇدى-
كى كۈچ تەسىرىدىن بولغان ئىش . بىز ئالدى بىلەن تۇرمۇش دېگەن
بۇ ئۇقۇمنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى مەنە دائىرىسىنى ئايدىڭلاشتۇ-
رۇۋېلىشىمىز زۆرۈر . بىز ئادەتتە تۇرمۇش دېگەندە ئادەملەر بىلەن
ئادەملەر ، ئادەملەر بىلەن جەمئىيەت ، ئادەملەر بىلەن تەبىئەت ئوتتۇ-
رىسىدا ھەر كۈنى ، ھەر سائەتتە يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ھادىسىلەرنى
كۆزدە تۇتىمىز . ھالبۇكى ، تۇرمۇشنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر
مۇھىم تەرىپىمۇ بار ، يەنى ئىنساننىڭ تەنھالىق ئىچىدىكى تەپەككۇرى ،
ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ، غەيرىي ئەقلىيلىك بىلەن قىلغان قىلمىشلىرىمۇ
تۇرمۇش . دېمەك ، كۈندىلىك تۇرمۇش كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى-
دىن ، ئەسلىي تەبىئىتىدىن مۇستەسنا بولالمايدۇ . بەزى نەرسىلەر
رېئال تاشقى دۇنيادا مەۋجۇت بولسا ، يەنە بەزى نەرسىلەر ئىنساننىڭ
روھىي دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا مەۋجۇت بولىدۇ . تاشقى
دۇنيا بىلەن ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىمۇ بىر ـ بىرىگە باغلانغان
بولۇپ ، بۇ ئىككى دۇنيانىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
تۇرمۇش ھەقىقىي مەنىسى بىلەن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولالايدۇ . بىز
بۇ خىل قانۇنىيەتنى يازغۇچىنىڭ خام ماتېرىيال توپلاش ، ئىجادىيەت
ئېلىپ بېرىش ، كىتابخانلارنىڭ زوقلىنىش جەريانى ۋە ئۇلارنىڭ سۇب-
يېكتىپ قاراشلىرىدىن ئايرىپ قارىساق خاتا قىلغان بولىمىز .

ئاپتور ئەسەرنىڭ بۇ قىسمىدا يەنە كىشىلەرنىڭ مال ـ دۇنياغا
بېرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىدەك پىسخىكىلىق ھالىتىنى مۇنداق تەسۋىر-
لەيدۇ : «··· ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ ئازراق ئالتۇن



ئېلىپ چىشىمىزغا قاپلىۋالماقچى بولدۇق . بۇ يەرگە كېلىپ ئۇچراش-
قانلار بىلەن سۆيۈشۈپ ئوتتۇرا چىشلىرىمىز لىڭشىپ قالغانىدى .
ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز چىشلىرىمىزغا ئېلىپ ـ سالدىغان قىلىپ
ئالتۇن قاپلىتىۋالدۇق ، شۇنىڭدىمۇ يەنە ئازراق پۇلىمىز ئېشىپ قال-
دى . تەييار دۇنيانى تاشلاپ كېتىشكە كىمنىڭ كۆڭلى ئۇنايدۇ دەيسى-
لەر ؟ بىر كۈنى ئايالىم :
— ۋۇي ، ماڭا قاراڭ ، يەنە بىر ئاز خەجلەپ ‹ئاق تاپان › غىمۇ
ئالتۇن چىش سالدۇرۇۋەتمەيمىزمۇ ؟ — دەپ قالدى .
— نېمە دەيدىغانسەن ، ئىتقىمۇ چىش سالدۇرغان بارمۇ ؟ بۇنى
ئاڭلىسا ھەممە ئادەم كۈلۈپ تېلىقىپ قالىدۇ! — دېدىم ··· —
ئىتنىڭ چىشىنى ئېلىپ ـ سالىدىغان قىلىپ سالغىلى بولمايدۇ ، ـ
دەپ تۇرۇۋالدى··· بوپتۇ ، دەپ ئامالسىزلىقتىن باھاسىنى بېكىتتۇق .»

ئەسەرنىڭ بۇ قىسمىغا كەلگەندە تەسۋىرلەنگەن ئادەملەرنىڭ كال-
لىسى ساق ياكى ساق ئەمەسلىكىدىن ئازراق گۇمان قىلغاندەك بولى-
مىز . لېكىن ، ئاپتورنىڭ ئېغىر دارىتمىسىدىن غەزەپ ۋە چوڭقۇر
ئويلىنىشىدىن ئىبارەت بەدىئىي تۇيغۇغا ئىگە بولىمىز .

ئەسەرنىڭ ئۈچىنچى قىسمىدا ئۇلارنىڭ چەت ئەلدىن قايتىپ
كەلگەندىن كېيىنكى بىر قىسىم كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنىپ ،
ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بېيىتىلىپ ، بەدىئىيلىكى ۋە ئىدىيىۋىلىكى تېخى-
مۇ كۈچىيىدۇ . ئەسەرنىڭ بۇ بۆلىكىدە «چەت ئەلگە چىقىپ ھەتتا
ئىتقىمۇ ئالتۇن چىش قاپلىتىپ كەپتۇ دېسە ، ھەرقانداق ئادەم ھەيران
قالىدىغان گەپ ئىكەن . بۇرۇنقى ھالىمىزدىن خەۋىرى يوقلار بۇ
گەپنى ئاڭلاپ ، تازىمۇ بېيىپ كەتكەن نەرسىلەر ئوخشايدۇ ، دەپ
ئويلىسا ، ئەھۋالىمىزنى ئوبدان بىلىدىغانلار ماۋۇ زاڭلارنىڭ قىلىپ
يۈرگەن قىلىقىنى ، ئەزەلدىنمۇ بىر گىلەم تاپسا ئۆيىگە سالماي تالاغا
يېيىپ قويىدىغان نېمىلەر ئىدى ، دەپ تەنە قىلىدىغان بولدى ··· ‹ئاق
تاپان › نىڭ چىشىدىكى ئالتۇنلارنى قومۇرۇۋالماقچى بولۇپ··· زادىلا

ئالالمىدۇق… ئۇنىڭ ئاغزىدىكى سېرىق نىجىس بىرەر قاتتىق ئۇستى-
خاننى غاجىلاۋاتقاندا ئۇۋۇلۇپ چۇشۇپ كەتسىمۇ كاشكى… ھېلىقى
چىشچىنى كۆرۈپلا ياخشى ئادەم ئەمەسلىكىنى پەملىگەنىدىم… ‹ئاق
تاپان › نىڭ مىجەزىمۇ غەلىتە بولۇپ قالغانىدى . بىزنىڭ بۇ يەردە ئىت
دېگەننى كېچىلىرى قاۋاپ ئۆينى كۆزەت قىلىدۇ ، دەپ باقمىسا نېمىگە
باقىدۇ دەيسىلەر ؟ چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ
تۈزۈكرەك قاۋاپ باققىنىنىمۇ ئاڭلىمىدۇق . كىرگەن - چىققانلارغا
ئۇ خۇددى ئاغزىمدىكى ماۋۇ ۋىلىلداپ تۇرغاننى كۆردۇڭلارمۇ ؟ ھەم-
مىڭلار جېنىڭلارنى بېرىدىغان ئالتۇن دېگەن شۇ ، دېگەندەك قىلىپ ،
ھىجىيىپ قاراپلا تۇراتتى ، تېخى كىشىنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرۈپ ،
ياخشىراق كىيىنىۋالغان مېھمانلارنى كۆرسە قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ
ناينىقلاپ كېتەتتى . كىيىملىرى ناچارراق مۇساپىرلار كەلسە كۆزگە
ئىلمىغاندەك قىلىپ ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرەتتى… ئۇ ئۆگزىگە چىقى-
ۋېلىپ ئۇلتۇرىدىغان ، ئولتۇرىدىغان يېرىنى قۇيرۇقى بىلەن پاكىز
سۈپۈرۈۋېتىپ ، چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىرتىلدىتىپ تۈكۈرگىنىچە
چوڭ كوچىدىكى ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە ھىجىيىپ قارايدىغان بولى-
ۋالدى . تېخى بەزى كۈنلىرى چەت ئەلدىكى سارماي سۈركەلگەن
بولكىلارنى يەپ ، بىر - ئىككى رومكىدىن ئىچىپ يۈرگەن كۈنلىرىنى
ئەسلەۋاتقاندەك ، ئېڭىكىنى تۈتقىنىچە خىيالغىمۇ كېتىپ قالاتتى… »
دەپ يازىدۇ .

ئەسەرنىڭ تۆتىنچى ، بەشىنچى بۆلەكلىرىمۇ ناھايىتى ياخشى
چىققان بولۇپ ، پۇلپەرەسلىك قاپلاپ كەتكەن ئىجتىمائىي رېئاللىق
ئۆتكۈر كىنايىلىك تەپسىلاتلار بىلەن پاش قىلىنغان .

بۇ قىسىمدا «مەن» نىڭ ئايالى كېسەل بولۇپ قالىدۇ . دوختۇر-
لار بۇ ئاتالمىش بايلاردىن نەپ ئۈندۈرۈۋېلىش ئۈچۈن ئايالىنى داۋالى-
مايدۇ . ئۆيىگە بولسا ئوغرى كىرىدۇ . «مەن» نىڭ ناھايىتىمۇ بېشى
قېتىپ غەمگە چۆمىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا



يۈرىدۇ . ئاپتور باشتىكى ھېلىقى قائىدە - يوسۇنلۇق ، مەدەنىيەتلىك
«مەن» نىڭ ئىتنىڭ چىشىنى چىقىرالمىغاندىن كېيىنكى يىرگىنىش-
لىك ھالىتىنى ئۇنىڭ كەيپىياتىغا زىت ھالدا مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ :
«ئەلەمدە تالاغا چىقىپ ‹ئاق تاپان › غا قارىدىم . ‹ئاق تاپان › غېمىدە
يوق ئۆگزىدە قۇيرۇقىنى دۈپدۈگىلەك قىلىۋېلىپ ، كوچىدىن ئۆتكەن
سەتەڭلەرنى قۇيرۇقى بىلەن شەرەتلەپ ، چىشىنىڭ سېرىقىنى چىقى-
رىپ ھىجىيىپ ئولتۇرۇپتۇ . » ئەسەرنىڭ بۇ قىسمىنىڭ ئەسەرنىڭ
كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە رولى ناھايىتىمۇ يۇقىرى بولغان .
بىز بۇ مەزمۇنلارنى ئوقۇغىنىمىزدا بىمەنە بىر تەپسىلاتتىن ئاجايىپ
گۈزەل بولغان ئەپسانىدەك بىر بەدىئىي دۇنياغا غەرق بولىمىز . ئۇ-
نىڭدىن بەدىئىي ئەسەرلەردىكى تۇيغۇ چىنلىقىنىڭ ، ئەپسانىۋى گۈزەل-
لىكنىڭ ئۇنۇمىنى تولۇق چۈشىنىمىز .

ئەسەرنىڭ بۇ قىسمىدا «مەن» ئايالىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش
ئۈچۈن دوختۇرلارغا پارا بېرىدۇ . پارا بەرمىسە ئايالىنىڭ ھاياتىنىڭ
ئامان قالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ ، ھېلىقى قىممەتلىك ئىتنى چوڭ
دوختۇرغا بېرىۋېتىدۇ . دېگەندەك «مەن» نىڭ ئايالىنى دوختۇرلار
ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ داۋالايدۇ .

ئەدەبىيات - سەنئەت مەيلى قەدىمدە بولسۇن ، مەيلى ھازىر
بولسۇن ، مەيلى چەت ئەل ياكى ئېلىمىزدە بولسۇن ، ئۆزىنىڭ رېئال-
لىققا بولغان كۈچلۈك دەرىجىدە دارىتما قىلالايدىغانلىقى ۋە دارىتمىنى
ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئەسەرنىڭ ھۇجەيرە - ھۇجەيرىسىگىچە
سىڭدۈرۈۋېتەلىگەنلىكى ، بۇ خىل دارىتمىنى غۇۋا ، گۈزەل ئىپادىلى-
يەلىگەنلىكى بىلەن قىممەتلىك .

ئاپتور ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا ئالتۇن چىشلىق ئىتنىڭ
دوختۇرلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ، ئالتۇننى قومۇرۇپ ئېلىپ
چىش سالدۇرۇۋالغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ . ئۇ بۇ ئەسىرىدە غەلىتىلەش-
تۈرۈش ، سىرلىقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بەدىئىي ماھارەتكە ئالاھىدە

ئېتىبار بېرىپ ئۆزىنىڭ يەتمەكچى بولغان مۇددىئاسىغا يېتىدۇ . بۇ خىل بەدىئىي ماھارەت خەلقىمىزنىڭ نۇتقىدا ، ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدا ، تام سىزما رەسىملىرىمىزدە كۆپتىن - كۆپ ئۇچرايدۇ .

ئاپتور بۇ خىل بەدىئىي ماھارەتنى ئەسىردە مۇنداق نامايان قىلىدۇ : «... بىر كۈنى دوختۇرخانىنىڭ ئارقىسىدىكى ئەخلەت تۆكىدىغان ئازگالنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قاپتىمەن ، ئەخلەت ئازگىلى ئىچىدە كۆزۈمگە تونۇش بىر خىل نەرسە غىل - پال چېلىققاندەك قىلدى... قارىسام قان - يىرىڭلار... ئىچىدە ‹ئاق تاپان › نىڭ جەسىتى يېتىپتۇ . قولۇمغا بىر تاياقنى ئېلىپ ، نېرىدىن تۇرۇپ ‹ئاق تاپان › نىڭ بېشىنى كۆتۈردۈم ، ئۇنىڭ چىشلىرىنى قومۇرۇپ چىقىرىۋېلىشىپتۇ . ئىچىم ئېچىشىپ، كۆزلىرىم ياشقا تولۇپ ، ئالدىمدىكى ھەممە نەرسە غۇۋالىشىپ كەتتى...

ئاز كۈن ئۆتمەي دوختۇرخانىدىكى بىرىدىن يەنە بىر خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدىم . ھېلىقى چوڭ دوختۇرنىڭ مۇز چىراي ئايالى يېڭىدىن ئالتۇن چىش سالدۇرغانىكەن . شۇ كۈندىن باشلاپ ھېچ ئىش قىلماي ، دېرىزىنى ئېچىپ قويۇپ كوچىدا ئۆتكەن ئەر خەقلەرگە ھىجىيىپلا قاراپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇ .

— چوڭ دوختۇرنىڭ ئۆزىچۇ ؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدىم مەن .

— چوڭ دوختۇرمۇ بىر - ئىككى تال چىش سالدۇرغانىكەن . ئارىلاپ ئىتقا ئوخشاش قاۋاپ ، خالتىنىڭ يانچۇقىغا پۇل سالمىغانلارغا رەسمىي خىرىس قىلىپ ھۈرپىيىدىغان بولۇپ قاپتۇ . »

بىز ئەسەرنىڭ بۇ قىسمىنى ئوقۇپ ، بىردە گۇمانلانساق ، بىردە ھەقىقەتەن ئاشۇنداق بولۇپ قالغانلىقىغا ئىشەنگەندەك بولىمىز . بۇنداق بولۇشىغا بىرىنچىدىن ، خەلقىمىزنىڭ ئىچىدىكى كىشىنىڭ رىزقىنى يېگەن ئادەم قىيامەتتە ھايۋان بولۇپ تىرىلىدىكەن ، دېگەندەك ئەقىدىلەر سەۋەب بولسا ، ئىككىنچىدىن ، بۇنداق بىنورمال پسىخىكىلىق ھالەت ئەسلىي ئىنسان تەبىئىتىدە مەۋجۇت . ئۈچىنچىدىن ، تەس-



ۋىرلەنگەن بۇ قىلىقلاندۇرۇشنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ تۇيغۇسىدا ئايان بولىدىغان ھادىسىلەردۇر . بۇنداق ھادىسىلەر غەربنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا نۇقتىلىق ئورۇنغا قويۇپ يېزىلىۋاتىدۇ . بىزنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىمىز ھەم خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدىمۇ ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ . مەمتىمىن ھوشۇر ئەنە شۇ ئۇچۇرلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان .

قىسقىسى ، بىر يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ، مىجەزى ، قىزىقىش دائىرىسى ، تۇرمۇش ھەۋىسى ، بەدىئىي تەربىيىلىنىشى ، يېزىقچىلىق مۇددىئاسى ، مىللىي ئېڭى جەزمەن شۇ يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ . مەمتىمىن ھوشۇر ئۆز خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا ، ھاياتىغا ، مەدەنىيىتىگە بولغان كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىقى ، سادىقلىقى بىلەن ئىجاد قىلىۋاتقان يازغۇچىدۇر . ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى بۇ خىل ئۆزگىچە ئۇسلۇبنى ، ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرگەن ئامىلمۇ دەل يازغۇچىنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ پسىخىكىلىق قاتلاملىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ ، ئۇنى قېزىپ يېڭى تۇسكە ئىگە قىلغانلىقى ، ئۆز خەلقىنىڭ روھىيىتىگە قاتتىق مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە يۈكسەك سەزگۈرلۈك بىلەن قارىغانلىقى ۋە يېزىقچىلىققا نىسبەتەن جىددىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن قارىغانلىقىدىن ئىبارەت .

## مۇھەممەت باغراش

مۇھەممەت باغراش — يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان ، پروزىچىلىق ساھەسىدە ئۆزگىچە يول تۇتۇپ ، روشەن ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى شەكىللەندۈرگەن مۇنەۋۋەر يازغۇچىلارنىڭ بىرى . ئۇ ھەقىقىي مەنىدىكى يېڭى دەۋر

يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ ، ئىجادىيىتىنى يېڭى دەۋر باسقۇچىدا باشلىغان ، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باشتىن كەچۈرگەن ئىجادىيەت مۇساپىسىنى ئۇمۇ بىللە باشتىن كەچۈرگەن ، دادىللىق بىلەن ئىزدىنىپ ، يېڭىلىق يارىتىپ ، ئۇيغۇر پروزىچىلىقىغا ئاز بولمىغان يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كىرگەن . ئۇنىڭ «سەپداش» ، «ئاقساق بۇغا» ، «يۈرەكتاغ» قاتارلىق ھېكايە - پوۋېستلىرى مەۋجۇت پروزىچىلىقنىڭ يېڭى بىر پەللىسى ھېسابلانغان بولسا ، «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت» ، «ئاق ئېچىلغان سۆگەت گۈلى» ، «تۆت قۇلاق» ، «كەلكۈن» قاتارلىق ھېكايە - پوۋېستلىرى بىلەن ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدىكى ئىزدىنىش - يېڭىلىق يارىتىش خاھىشىغا ئاساس سالغان ھەم ئۇنىڭ مەلۇم پەللىسىنى ياراتقان . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى مۇھىم ، ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ، مۇھاكىمىگە بايلىقى ، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق ياراتقانلىقى ، يېڭىچە بەدىئىي ۋاسىتىلەرنى ئۇنۇملۇك قوللانغانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ .

## مۇھەممەت باغراشنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

مۇھەممەت باغراش مىلادىيە 1952 - يىلى قاراشەھەر ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . باشلانغۇچ ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قاراشەھەردە ئوقۇپ تاماملاپ ، مىلادىيە 1965 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكى مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن دەسلەپ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئارتىست ، كىينوچە ، كورلىدىكى شىنجاڭ 4 - ترانسپورت شىركىتىدە شوپۇر بولۇپ ئىشلىگەن . ئۇنىڭ شوپۇرلۇق ھاياتىدا باشتىن كەچۈرگەن تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى ناھايىتى مول تۇرمۇش ئاساسى بىلەن تەمىنلىگەن . مىلادىيە 1980 - يىلى



يازغان «سەپداش» ناملىق تۇنجى ھېكايىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە تەسىرى ئۇنىڭ شوپۇرلۇق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان . 1982 - يىلى ئۇ ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ ، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن . مىلادىيە 1987 - يىلىدىن بۇيان شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ .

باغراشنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1980 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «سەپداش» ناملىق ھېكايىسى بىلەن باشلانغان . باغراشنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى خۇددىي ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىگە ئوخشاشلا ئەگرى - توقاي بىر مۇرەككەپ جەرياننى بېسىپ ئۆتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ بەدىئىي تەربىيىلىنىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ، ئاددىيلىقتىن چوڭقۇرلۇققا ، بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىققا ، ھادىسىۋى كۆرۈنۈشلەردىن ماھىيەتلىك كەڭلىككە قاراپ تەرەققىي قىلدى . شۇڭا ، باغراشنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيەت مۇساپىسىگە نەزەر سالساق ، ئۇنىڭ ئەنئەنە - يېڭىلاش - ئالاھىدە مەنىدىكى يۈكسەك ئەنئەنە ۋە مىللىي روھتىن ئىبارەت بۇ ھالقىسىمان قۇرۇلما ئىچىدە ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز . باغراش مىللىتىمىزنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك سىياسىي بوھران نەتىجىسىدە چارچىغان ، يېڭى بىر روھىي پارلاقلىققا تەقەززا بولۇۋاتقان ، ئۇچۇر ۋە رىقابەت ئېڭى كۈچەيگەن يېڭى بىر تارىخىي دەۋردە ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلدى ۋە بىر سەنئەتكارغا خاس بەدىئىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى . شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تەدرىجىي ھالدا ئادەتتىكى «ياخشى - يامان» تامغىسى بېسىلغان ئادەملەرنى يېزىشتىن ھەقىقىي «گۆش ۋە ئۇستىخىنى» بار بولغان ئادەملەرنى يېزىشقا ؛ بىر خىل قېلىپقا چۈشكەن كونا شەكىلدىن ئۆزگىچە ، قېلىپنى بۇزۇلغان بەدىئىي شەكىللەرگە قاراپ تەرەققىي قىلدى . «ئوبرازلىق تەپەككۇر» ۋە «تىپىك مۇھىت» نى تارلاشتۇرۇۋاتقان ئەنئەنىۋى رامكىلارنى بۇزۇپ ، ئەسەرلى-

ـرىدە مۇئەييەن ماكان ۋە زاماندىن ھالقىغان ، بەدىئىي تەپەككۇر بىلەن
پەلسەپۋى تەپەككۇرنى ئورگانىك يوسۇندا باغلىغان يېگىچە مۇھىت
ياراتتى . مىللىتىمىزنىڭ ئەپسانە توقۇش دەۋرىدىن قېپقالغان ئىپتىدا-
ئىي ، تەبىئىي ۋە قەدىمىي ئىشەنچ ـ ئېتىقادى ۋە مىللىي ئۇدۇملىرىنى
بەدىئىي ئىجادىيەتكە ئېلىپ كىرىپ ، مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان
مەنىۋى كېسەللىكلىرىگە مەلھەم ئىزدىدى . بىز بۇ نۇقتىنى ئۇنىڭ
پۇتكۇل ئىجادىيەت قەدىمىدىن چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز . ئۇنىڭ ئە-
سەرلىرى كىتابخانلارغا مىللىتىمىز ھاياتىنىڭ تېخى باشقىلار تەرىپ-
ـدىن بايقالمىغان ئىپتىدائىي ، يالىڭاچ بوشلۇقلىرىنى تارىملىقلارنىڭ
تەكلىماكاندىن ئىبارەت بۇ «سىرلىق بالىياتقۇ» دىكى روھىي كەچۈر-
مىشلىرىنى كۆرسىتىپ قويىدى . شۇنداقلا بەدىئىي ئەدەبىياتىمىزغا
مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تىندۇرمىسىغا قارىتا قايتا ئويلىنىش ۋە ئۇنى
ئالاھىدە سەنئەت يۈكسەكلىكىدە ئىپادە قىلىش لازىملىقىنى ئەسكەرت-
تى .

يازغۇچى مۇھەممەت باغراش باشتىن ئاخىر بىر تىرىشچان يازغۇ-
چىغا خاس روھ بىلەن مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ يۈكسەكلىكى ئۈچۈن
ئىزدەندى . ئۆز ئەسەرلىرىدە بىر خىل «يېڭىلاش» روھىنى ئىپادە
قىلدى . ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى بەدىئىي رامكىلىرىنى دادىللىق
بىلەن بۆسۈپ ، بەدىئىي شەكىل ۋە تەپەككۇردا مۇئەييەن ئۆزگىرىش
ياسىدى ۋە ئۆزىگە خاس بىر خىل ئۇسلۇب تىكلىدى . چۈنكى ، باغراش
ئەمدىلا ئىجادىيەتكە كىرىشكەن 1980 ـ يىللار دەل ئەدەبىياتىمىز
ئۆزىنىڭ ئېستېتىكىلىق قىممىتى ۋە سەنئەت ئۆلچىمى ھەققىدە قايتا
ئىزدىنىشكە مەجبۇر بولۇۋاتقان دەۋرلەر ئىدى . ئەنئەنىۋى ، قېلىپقا
چۈشكەن ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە كونىچە بەدىئىي تەپەككۇر شەكلى
مىللىتىمىزنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ئېستېتىكىلىق
تەلىپىنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى . ئۇلار سەنئەتنىڭ ئىجتىما-
ئىي ئۇنۇمىگە قارىغاندا ئېستېتىكىلىق ئۇنۇمىگە بەكرەك قىزىقىد-



غان ، ئەدەبىياتتىكى ئاددىي ۋەزخانلىقنى ئەمەس ، بەلكى سەنئەت
چوڭقۇرلۇقىنى ئىزدەيدىغان ، قىپيالىڭاچ سىياسىي ئىدىيىگە ئەمەس ،
بەلكى تېخىمۇ يوشۇرۇن ، تېخىمۇ پىنھان ئىچكى ئېنېرگىيىگە تەشنا
بولىدىغان بولۇپ قالدى ... ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتكۈل مىللەتنىڭ مەدە-
نىيەت ھەققىدىكى قايتا ئويلىنىشى مۇقەررەر يوسۇندا سەنئەتتىكى قايتا
ئويلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى .

يازغۇچى مۇھەممەت باغراش مانا مۇشۇنداق بىر داۋالغۇپ تۇرغان
تارىخىي شارائىتتا ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلدى ۋە بەدد-
ىئىي قىزىقىشىدىكى كەسكىن ئۆزگىرىشلەرگە يېقىندىن دىققەت قىل-
ـدى . ئۇ بىر مەسئۇلىيەتچان يازغۇچىغا خاس روھ بىلەن مىللىي
ئەدەبىياتىمىزنى «يېڭىلاش» ئۈچۈن دادىللىق بىلەن ئىزدەندى . بىز
ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيەت جەريانىغا نەزەر تاشلىساق ، ئۇنىڭ بەدىئىي
شەكىل ۋە سەنئەت چوڭقۇرلۇقى ئۈچۈن توختاۋسىز ئىزدىنىش ئېلىپ
بارغانلىقىنى ، ھەر قەدىمىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاشقا تىرىشقانلىقىنى ،
چوڭقۇرراق تەھلىل قىلساق ، ئۇنىڭ بەدىئىي ئىزدىنىشىنىڭ مۇنداق
ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى ۋە تەدرىجىي پىشىپ يېتىلگەنلىد-
كىنى بىلەلەيمىز :

بىرىنچى باسقۇچ دەل باغراش ئىجادىيىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرى
بولۇپ ، مىلادىيە 1980 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلىغىچە بولغان دەسلەپ-
كى بەش يىل ئىچىدىكى ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ باسقۇچ-
نى باغراشنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن ۋە دەسلەپكى ئاساسىنى
تىكلىگەن دەۋر دېيىشكە بولىدۇ . بۇ مەزگىلدە ئۇ «سەپداش» ، «سا-
ۋاب» ، «ئالمىچى» ، «ئادەملەر» ، «گۈزەل ۋادا» قاتارلىق بىر تۈر-
كۈم ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى . بۇ ئەسەرلەر ئۇسلۇب جەھەتتىن
ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا ۋە ئەنئەنىۋى تېمىلاردا يېزىلغان بولۇپ ، رېئال
ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئادەملەر مۇناسىۋىتى ۋە ئادەملەر بىلەن
جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان نازۇك

مۇناسىۋەتلەرنى يارقىن پېرسوناژلار ئوبرازى ۋە قىزىقارلىق پارچىلار ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن . بۇ مەزگىلدە ئۇ كۆپىنچە ئۆزى بىۋاستە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن شوپۇرلۇق تۇرمۇشى داۋامىدىكى بىۋاستە تەسىراتلىرىنى ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ خام ماتېرىيالى قىلدى . «سەپداش» ، «ساۋاب» ناملىق ھېكايىلىرى دەل شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر . ئاپتور گەرچە ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبتىكى ئەسەرلەرگە ئوخشاشلا ، ئۆز ھېكايىلىرىدە راستچىل ، سەمىمىي ، ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان ، ئەپۇچان ، كەڭ قورساق «ئىجابىي» پېرسوناژلارغا مەدھىيە ئوقۇپ (مەسىلەن ، «سەپداش» تىكى سابىر بىلەن «ساۋاب» تىكى دېھقان) ، شەخسىيەتچى ، ئالا كۆڭۈل «سەلبىي» پېرسوناژلارغا نەپرەتلىنىشنى (مەسىلەن ، «سەپداش» تىكى مەخمۇت بىلەن «ساۋاب» تىكى ساۋۇت موللام) ئىپادە قىلسىمۇ ، لېكىن بۇ ئەسەرلەر ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن خېلىلا زور تەسىر قوزغىغانىدى . پېرسوناژلار ئوبرازى ئاپتورنىڭ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن قۇرۇق بايانلىرىدا ئەمەس ، بەلكى ئۆزىنىڭ بىۋاستە سۆز ـ ھەرىكەتلىرى داۋامىدا يارىتىلغانىدى . بەدىئىي تىل ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىنمۇ ئاپتور ئۆزىگە خاس بىر خىل ماھارەتنى ئىپادە قىلغانىدى .

دەرۋەقە ، باغراش بىر ئىزدا ھەرگىز توختاپ قالمىدى . ئۇ بىر تىرىشچان سەنئەتكارغا خاس روھ بىلەن يېڭىلىق يارىتىشقا ، ئەنئەنىۋى رامكىلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ئۆزگىچە ئۇسلۇب يارىتىشقا ۋە كىتابخانلارنىڭ بەدىئىي ھەزىمگە زىلزىلە ئاتا قىلىشقا ئۇرۇندى . بۇ جەھەتتە ئۇ چىڭغىز ئايتماتوۋنى ئۆزىگە ئۆرنەك قىلدى . ئۇ ئۆزىمۇ بىر قېتىملىق لېكسىيىدە : «مەن چىڭگىز ئايتماتوۋ بىلەن گارسىيە ماركوسنى ئەڭ ياخشى كۆرىمەن ھەم ئۇلارغا چوقۇنىمەن» دېگەنىدى . ئايتماتوۋ 1950 ـ ، 1960 ـ يىللاردا «جەمىلە» ، «سەرۋى قامەتلىك دىلبىرىم» ، «يەر ـ ئانا» قاتارلىق بىر يۈرۈش ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبتىكى ئەسەرلىرىنى يېزىپ شۆھرەت قازانغانىدى . لېكىن ، ئايتماتوۋ ھەرـ



گىزمۇ بىر ئىزدا توختاپ قالمىدى . ئۇ 1970 ـ يىلى ئېلان قىلغان «ئاق پاراخوت» ناملىق ئەسىرىدىن باشلاپ ئۆز ئىجادىيىتىدە كەسكىن بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى . مىللىي ئاڭ بىلەن دۇنياۋى ئاڭنى ، ئۆتمۈش بىلەن كېلەچەكنى ، بەدىئىي تەسەۋۋۇر بىلەن پەلسەپىۋى تەپەككۇرنى ئورگانىك باغلىدى ھەمدە بۇ خىل روھنى «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» ، «قىيامەت» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە سەنئەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈردى .

1986 ـ يىلى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ سىناق سانىدا مۇھەممەت باغراشنىڭ «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت» ناملىق پوۋېستى ئېلان قىلىندى . مەزكۇر پوۋېستنىڭ ئېلان قىلىنىشى باغراش ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى . ئەسەر ئېلان قىلىنىپلا كىتابخانلار ئارىسىدا خىلمۇ خىل تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى . ئۇلار ھەر خىل مەيدان ۋە نۇقتىلاردا تۇرۇپ ، مەزكۇر پوۋېست ھەققىدە كەسكىن بەس ـ مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ باردى . ئاپتور پوۋېستتا پېرسوناژلارنىڭ پسىخىكىلىق پائالىيىتىنى ئەسەر قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسى قىلىشتەك يېڭىچە ئىپادىلەش شەكلىنى قوللىنىپ ، ئۇزۇن تارىختىن بۇيان مىللىتىمىز ئېڭىغا سىڭىپ كەتكەن ئەنئەنە تۇيغۇسىنى ، بۇرۇقتۇرمىلىقىنى ، قاششاقلىقىنى رەھىمسىزلىك بىلەن تەنقىد قىلدى . مىللىتىمىز روھىيىتىنى قامال قىلىپ تۇرغان ئۇدۇم كىشەنلىرىنى ئىرغىتىپ تاشلىۋېتىپ ، يېڭى دۇنيانىڭ رىقابەتكە تولغان ئىرادىسىنى ۋە ھازىرقى زامان ئېڭىنى قوبۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى . ئەسەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىسمىدا نۇر چېچىپ تۇرغان ئالتۇن رەڭ قۇياشقا مىنگەن بۇدرۇق بالىنى تارىم ئاسمىنىغا باشلاپ كېلىپ ، مىللىتىمىز روھىيىتىدە ھازىرقى زامان ئېڭى تۇرغۇزۇشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ .

گەرچە مەزكۇر پوۋېست ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ قىسمەن تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ ، شەكىل

جەھەتتە دادىللىق بىلەن بۆسۈش ھاسىل قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن
ئاپتورنىڭ ئەنئەنە ۋە يېڭىلاشقا بولغان بىر تەرەپلىمە كۆزقارىشىنى
ئاشكارىلاپ قويدى . شۇڭا ، بۇ ئەسەرنى باغراش ئىجادىيىتىدىكى بىر
قېتىملىق ئىزدىنىش جەريانى دېيىش مۇمكىن . باغراش ئۆزىنىڭ
كېيىنكى ئىجادىيەت قەدىمىدە بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ ،
ئەسەرلىرىنى باشقىچە ئۇسۇلدا ۋە باشقىچە بەدىئىي رەڭدە ئىپادە قىل-
دى .

1987 - يىلىدىن كېيىن ، باغراش ئىجادىيىتىدە ئۈچىنچى باس-
قۇچ ، يەنى ئالاھىدە بىر جەريان باشلاندى . ئۇ بۇ مەزگىلدە «تەنھا
ماشىنا» ، «ئاق ئېچىلغان سۆگەتگۈلى» ، «تۈگىمەس چۈشلەر» ،
«تۆتقۇلاق» قاتارلىق بىر تۈركۈم ئۆزگىچە ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى .
بۇ دەل باغراشنىڭ ئىجادىيەت كۈچى تولۇپ تاشقان ، بەدىئىي دىتى
پىشقان ، ئىزدىنىش روھى ئۇرغۇپ تۇرغان مەزگىللىرى بولۇپ ،
ئەسەرلىرىدە ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭىچە مۇھىتنى ئىپادە
قىلدى . بۈگۈنكى زامان يازغۇچىسىغا خاس سەزگۈرلۈك بىلەن مىل-
لەتنىڭ بۈگۈنى بىلەن ئۆتمۈشى ، ئۇدۇم خاسىيەتلىرى بىلەن روھىي
موھتاجلىقى ، تارىخىي ئەنئەنىلىرى بىلەن ھازىرقى زامان ئازابى ئۈس-
تىدە قايتا ئويلىنىش ئېلىپ باردى . دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى «يىلتىز
ئىزدەش» ۋە «ئەپسانىگە قايتىش» قىزغىنلىقىنىڭ تەسىرىنى ئىجابىي
يوسۇندا قوبۇل قىلىپ ، ئۇنى مىللىتىمىزنىڭ ئېستېتىكىلىق تۇيغۇ-
سى ۋە بەدىئىي ھەزىمى كۆتۈرەلەيدىغان بىر مۇۋاپىق نۇقتىدا ئىپادە
قىلدى . خەلقىمىز ئىچىگە كەڭ تارقالغان ، ئۇزاق ئۆتمۈشتىن بۇيان
ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان گۈزەل ئەپسانە - رىۋايەت ۋە قىسسە - چۆچەك-
لەرنىڭ ھاياتىي كۈچىگە ئىگە دېتاللىرىنى بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزغا
ئېلىپ كىرىپ ، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ روھىي چاڭقىشىنى ۋە ھا-
زىرقى زامان تۇرمۇشى ئېلىپ كەلگەن مەنىۋى كرىزىسلىرىنى ئىپادە
قىلدى .



## «يۇرەكتاغ» پوۋېستى

«يۇرەكتاغ» ناملىق پوۋېست مۇھەممەت باغراشنىڭ ۋەكىللىك
ئەسەرلىرىدىن بىرى ، شۇنداقلا 1990 - يىللاردىكى ئۇيغۇر پوۋېست-
چىلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مۇۋەپپەقىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرى-
دىغان ياخشى پوۋېستلاردىن بىرى . يازغۇچى بۇ پوۋېستىدا ، قەدىمكى
زامان رىۋايىتىنى ھازىرقى زامان رېئاللىقى بىلەن ئۈنۈملۈك باغلاپ ،
ئەۋلاد بىلەن ئەجداد مۇناسىۋىتىگە دائىر پەلسەپىۋى - دىداكتىك
قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان .

يىراق قەدىمكى زامانلاردا تەكلىماكان ۋادىسى ناھايىتى گۈزەل
بوستانلىق بولۇپ ، بۇ يەردە ياشايدىغان خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ پاسىبانى
بەگقۇلىبەگنىڭ يېتەكچىلىكىدە ناھايىتى بەختلىك ياشايدىكەن . ئەمما
دۈشمەنلەر ئۇلارنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىغا ھەسەت قىلىپ ، بۇ يۇرتنى
بېسىۋالماقچى بولۇپتۇ . بەگقۇلىبەگ خەلقنى باشلاپ دۈشمەنلەرنى
سۇر - توقاي قىلىپ ، زەپەر قۇچۇپ كېتىۋاتقاندا ، دۈشمەن باشلىقى
سېھىر ئىشلىتىپ ، بۇ گۈزەل ۋادىغا قۇم ياغدۇرۇپ ، ھەممىنى قۇم
ئاستىغا غەرق قىلىۋەتمەكچى بوپتۇ . دىگەندەك پۈتۈن يۇرت قۇم
ئاستىدا قاپتۇ . ئەمما بەگقۇلىبەگكە ئەگەشكەن بىر بۆلۈك خەلق
ئاپەتتىن ئامان قاپتۇ . بەگقۇلىبەگ خەلقنى گۈزەل ۋادىلارغا باشلاپ
مېڭىپتۇ ، ئەمما مەنزىل ناھايىتى يىراقتا بولغاچقا ئۇلار ئاچلىقنىڭ ،
ئۇسسۇزلۇقنىڭ ، ئىسسىقنىڭ ئازابلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ، قى-
رىلىپ كېتىشكە باشلاپتۇ . باشقا ھاياتلىق يولى قالمىغاندا ، بەگقۇل-
بەگ ئۆزىنىڭ تومۇرىنى كېسىپ ، خەلقنىڭ ، بولۇپمۇ باللار -
ئۆسمۈرلەرنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ
قاپتۇ . خەلق بەگقۇلىبەگنىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق قايغۇرغان بولسىمۇ ،
ئەمما ئۇ ئاتا قىلغان ھاياتلىق ئارقىلىق يەنە جانلىنىپتۇ ، باللارنىڭ

مەڭزىگە قان يۈگۈرۈپتۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ قوشۇنغا بەگنىڭ ئايالى ئوتلۇق ـ كۆكلەئىنە يېتەكچىلىك قىپتۇ . نۇرغۇن يوللار بېسىلغان بولسىمۇ ، ئەمما نىجاتلىق تېپىلماپتۇ ، بالىلار ھالسىزلىنىپتۇ ، چوڭ-لار كۈچ ـ مادارىدىن قېلىپتۇ ، قىرىلىپ تۈگەش خەۋپى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قاپتۇ . مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئوتلۇق ـ كۆكلەئىنە يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ، خەلققە گۈزەل زېمىن ، تات-لىق سۇ ، سۈزۈك ئاسمان تەقدىم قىپتۇ . ئۇنىڭ يۈرىكىدىن بىر يۈرەك تاغ پەيدا بوپتۇ ، تاغ باغرىدا يېڭىچە ھاياتلىق باشلىنىپتۇ . خەلق يۈرەكتاغنى ھاياتلىقنىڭ كاپالىتى دەپ قاراپ ، ئۇنىڭغا چوقۇ-نۇپتۇ .

مانا بۇ —— مەزكۇر پوۋېستتا ھېكايە قىلىنغان قەدىمكى بىر رىۋايەتنىڭ مەزمۇنى . ئەسەرنىڭ رېئاللىق تەركىبى مانا مۇشۇ قەدىمكى رىۋايەت بىلەن زىچ باغلانغان ھالدا قانات يايدۇرۇلغان . پوۋېستتا تەسۋىرلەنگىنى بۈگۈنكى زامان تۇرمۇشى . يۈرەك تاغ ھەققىدىكى بۇ رىۋايەتنى بوۋاي ـ موماي‌لار ھېكايە قىلىشىپ يۈرۈپ ، ئەۋلادلارنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورنىتىۋەتكەن . شۇڭا بۇ رىۋايەت خەلق ئارىسىغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان . يۈرەك تاغنىڭ ئۆزىمۇ يۇرتقا يېقىنىدىنلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . ئەمما بۇ تاغقا ھېچ كىشى قەدەم بېسىپ باقمىغاچ-قا ، كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە تېخىمۇ سىرلىق بولۇپ كەتكەن . شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ يېزىدىكى مىرۋۇش ، تۇرەك دېگەن ئىككى بالا ۋە شەھەر-دىن مومىسىنى يوقلاپ چىققان ئېلدوس دېگەن يەنە بىر بالا يۈرەكتاغ-نى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ . پوۋېستنىڭ ئاساسىي سۇژىتىدا مۇشۇ ئۈچ بالىنىڭ سەپىرى تەسۋىرلىنىدۇ . بۇ ئۈچ بالا جاپالىق سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ يۈرەكتاغقا قىلغان سەپە-رىنى داۋاملاشتۇرىدۇ ، ئەمما قاتتىق بوراندا قۇم ئاستىدا قېلىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ . جامائەت بالىلارنىڭ جەسىتىنى تېپىپ يۇرتقا قايتۇ-رۇپ كېتىۋاتقاندا ، ئۇلارغا كۆكلەئىنەنىڭ قەبرىسىنى ئېچىپ ، ئۇنىڭ



جەسىتىنى يۆتكەپ كېتىۋاتقان ئايروپىلان ۋە خىزمەتچى خادىملار ئۇچ-رايدۇ . شۇ چاغدا نارىش قاتارلىق بوۋايلار بۇ بىرقانچە كۈندىن بېرىقى يامغۇر ، بوران ئاپەتلىرىنىڭ ، پۈتۈن ئەتراپنى قاپلىغان تۇماننىڭ ئاشۇ قەبرىلەرنى ئېچىش ـ كولاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ، بالىلارنىڭ ئۆلۈمىنىمۇ مۇشۇلارنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى چۈ-شىنىپ يېتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن نارىش بوۋاي بۇ ئۈچ بالىنىڭ جەسىتى-نى يۇرت ئىچىگە ئەمەس ، يۈرەكتاغقا دەپنە قىلىشنى قارار قىلىدۇ . پوۋېستتا تەسۋىرلەنگەن ئاساسلىق ۋەقەلىك مانا مۇشۇ .

يازغۇچى بۇ پوۋېستتا قەدىمكى رىۋايەت بىلەن ھازىرقى رېئاللىق-نى گىرەلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەپ ، ئۈچ بالىنىڭ تراگېدىيىسى ئارقى-لىق ، ئەجدادلارنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ ، ئەجدادلارنى ئۇنتۇپ قېلىش ئەۋلادلارنى تراگېدىيىلىك ئاقىۋەتكە دۇچار قىلىدۇ ، دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن . بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا ، مەزكۇر پو-ۋېست يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى «يىلتىز ئىزدەش» ئەدەبىيا-تىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېساب-لىنىدۇ .

ئەسەردە گەۋدىلىك قىلىپ بالىلارنىڭ تراگېدىيىلىك تەقدىرى —— ئۆ-لۈمى يېزىلغان . بالىلارنىڭ ئۆلۈمى ئەسەرنىڭ ئەڭ ھالقىلىق قىسمى بولۇپ ، بۇ ئۆلۈم ئارقىلىق يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسىنى گەۋدىلەندۈرگەن . يازغۇچى ئەسەردە ئالدى بىلەن بەگقۇلبەگ بىلەن كۆكلەئىنەنىڭ ئۆلۈمىنى يازغان . يازغۇچى بۇ ئۆلۈمنى تەسۋىرلىگەن-دە ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ ھاياتلىقى ، بەختى ئۈچۈن جان پىدا قىلغانلىقىدەك ئۇلۇغلۇقىنى ئىپادىلىگەن . ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە ئەۋلادلىرىنى ساقلاپ قېلىشتەك ئۇلۇغۋارلىققا ئىگە ئۆلۈم ئىدى . بۇ ئەلۋەتتە ناھايىتى قىممەتلىك روھ ئىدى . ئەمدى بۇ ئۈچ بالىنىڭ ئۆلۈمىنى ـ تراگېدىيىسىنى نېمە كەلتۈرۈپ چىقاردى ؟ دېگەن مۇھىم مەسىلىگە كەلسەك ، يازغۇچى

بوۋاينىڭ تىلى ئارقىلىق بۇلارنىڭ ئۆلۈمىنى ئەجدادلىرىمىزنى ئۇنتۇپ
كەتكەنلىكىمىز ، ئۇلارنى تاشلىۋەتكەنلىكىمىزدىن ئىبارەت تۇزكورلۇ-
قىمىز كەلتۈرۈپ چىقاردى ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ :

« . . . مۇشۇ بالىلىرىمىز كىچىك بولسىمۇ ، ئەجدادلىرىمىزنى
ياد ئېتىپ ، بىز ئۇيلىمىغاننى ئويلاپ مۇشۇ قىسمەتكە دۇچار بوپتۇ !
بۇنىڭ گۇناھى كىمدە ؟ ئاتا - بوۋىسىنى ياد ئېتىپ چىققان مۇشۇ ئۈچ
ئوغۇل بالىدىمۇ ياكى ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن ، ئۇلارنىڭ روھىدىن يۈز
ئۆرۈپ ، بىر بۇردا ناننىڭ قۇلى بولۇپ ، تىرىكچىلىك غوۋغاسىدا
ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويغان بىزدىمۇ ؟ بىزمۇ مۇشۇ بالىلاردەك ئاتا - بوۋى-
لىرىمىزنى ياد ئېتىپ تۇرغان بولساق ، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ يۇرت-
كىدىن بىنا بولغان يۇرەكتاغنى تاشلىۋەتمەي تاۋاپ قىلىپ تۇرغان
بولساق ، مۇشۇ بالىلارنى ماۋۇ ئۇلۇغ بوۋاڭنىڭ ، مۇنۇسى ئۇلۇغ
موماڭنىڭ ياتقان يېرى بولىدۇ دەپ پات - پات يۇرەكتاغقا ئۆزىمىز
بىلەن بىللە ئاپىرىپ تۇرغان بولساق ، بۇ بالىلار بۇگۇنكى قىسمەتكە
دۇچار بولامتى ؟ مانا ئەمدىچۇ ؟ كۆكلەئىنەمنىڭ گۆرىنى ئېچىپ ،
ئۇستىخانلىرىنى ئېلىپ كېتىشىپتۇ . ئەتە بەگقۇلىبەگ ئاتىنىمۇ شۇن-
داق قىلغۇدەك ! ئەمدى كىمگە تېۋىنىمىز ، ئەمدى كىمگە سېغىنىد-
مىز ؟ كىم گۇناھكار ؟مانا بىز — مۇشۇ تۇرغانلار ! مۇشۇ چوڭلار !
بىزنى شۇ تاپتا ئاسىي دېسىمۇ ، «گۇمراھ» دېسىمۇ ، ئىشقىلىپ
نېمىلا دېسە ئەرزىيدۇ ! ئەلھۆكمىلىللا ، دەپ بېشىمىزنى سىلىپ تۇر-
ماقتىن باشقا ھېچقانداق سەۋەب - باھانىمىز يوق ! گۇناھىمىز ئۈچۈن
يۈزىمىز قىزارسۇن ! ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ روھى ئالدىدا ، يۇرەكتاغ-
نىڭ ئالدىدا ، مۇشۇ ئۈچ ئوغۇلنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ يۈزىمىز قارا » .

نارىش بوۋاينىڭ مۇشۇ سۆزى ئارقىلىق يازغۇچى ئەسەرنىڭ مەر-
كىزىي ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ، شۇنداقلا كىشىلەرنى ئەجدادلى-
رىمىزنى ، ئۇلارنىڭ روھىنى ئۇنتۇپ قالماسلىققا چاقىرغان . يازغۇ-
چى بۇ مەركىزىي ئىدىيىنى ئەسەرگە ئېپىگراف قىلىپ ئالغان «ئوغ-



لۇم ، ئاتاڭ ئاچقان بوزنى ، ئاتاڭ كەچكەن سۇنى ئىمانىڭنى قەدىرلى-
گەندەك قەدىرلەشنى بىل » ، «ئوغلۇم ، ئاتا - بوۋاڭنى ، ئۇلار ياتقان
يەرنى دائىم ياد ئەت ، ئۇلارنىڭ تۇپراق بېشى چۆلدەرەپ قاراقسىز
قالسا ، يەرلىكى ئېچىلىپ قالسا ، قارا بوران چىقىپ ، جاھانغا توپا
يېغىپ ، كۈننىڭ يۈزى تۇتۇلىدۇ » ، دېگەن ئاتا - ئانا سۆزىدىمۇ
روشەن گەۋدىلەندۈرگەن .

يازغۇچى ئەسەرنى بالىلارنىڭ تراگېدىيىسى ئارقىلىقلا ئاخىرلاش-
تۇرغان . ئەسەردە بالىلارنىڭ ئۆلۈمى بىلەن بەگقۇلىبەگ ، كۆكلەئى-
نەلەرنىڭ ئۆلۈمى ماھىيەتلىك باغلىنىشقا ئىگە قىلىنغان . بەگقۇلى-
بەگ ، كۆكلەئىنەلەر ئۆز ئۆلۈمى ئارقىلىق كىشىلەرنى تەبىئەتنىڭ
بالاسىدىن ، ئۆلۈم گىردابىدىن ساقلاپ قالغان بولسا ، بۇ بالىلار ئۆز
ئۆلۈملىرى ئارقىلىق دەۋرىمىز كىشىلىرىنى مەنىۋى جەھەتتىكى گۇم-
راھلىقتىن ، ئەجدادلارنى ئۇنتۇپ قېلىشتەك جىنايەتتىن تېزرەك قۇ-
تۇلۇشقا دەۋەت قىلغان . ھېسابتا بۇ ئۈچ بالىنىڭ ئۆلۈمى نارىش
بوۋاينىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا ، بۇ بالىلارنىڭ ئۆلۈمى بىزگە «يۇرەك-
تاغقا بېرىشنى ، ئۇ يەرنى تاشلىۋەتمەسلىكنى ، ئۇ يەرنى ئۇنتۇپ
كەتمەسلىكنى بىزنىڭ سەمىمىزگە سالدى ، شۇنداق قىلمىسا بولمايدى-
غانلىقىنى بىزگە ئۆگەتتى . بىزنى غەپلەتتىن ، ئازغۇنلۇقتىن تارتىپ
چىقاردى . بىزنى ئويغاتتى ! » . مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، بۇ ئۈچ
بالىنىڭ تراگېدىيىسى ماھىيەتتە ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ترا-
گېدىيىسى ، ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى ئىللەت-
لىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان تراگېدىيە . ئەسەر ئىدىيىسىنىڭ تېخىمۇ
قىممەتلىك يېرى شۇكى ، يازغۇچى بۇنداق تراگېدىيەلەرنىڭ يەنە يۈز
بەرمەسلىكى ئۈچۈن ، كىشىلەرنىڭ يىلتىزىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى
ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىدۇ .

«يۇرەكتاغ » پوۋېستىدا مۇھەممەت باغراشنىڭ ئەسەرلىرىدە ئو-
مۇمىي خاراكتېر ئالغان ھاياتلىققا ، رېئاللىققا ، جەمئىيەتكە ، تەبىئەت-

كه مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ، ماھىيەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە بەدىئىي
پىكىر يۈرگۈزۈش ؛ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى
ھەر خىل تراگېدىيە - پاجىئەلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى ، شۇنداقلا
ئۇنى كۆيۈمچانلىق بىلەن تەنقىدلەشنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇش ؛
شەخسنىڭ ئايرىم سەرگۈزەشتىلىرى ، يەككە خاراكتېرىنى ئەمەس ،
بەلكى پۈتۈن مىللەتنىڭ ئورتاق سەرگۈزەشتىلىرىنى ، مەنىۋى جەھەت-
تىكى ئومۇمىي خاراكتېرىنى ئىپادىلەشكە تىرىشىش ؛ ئادەم بىلەن
تەبىئەتنى بىر گەۋدە قىلىپ ، تەبىئەت قوينىدىكى ئادەمنى يېزىش ،
تەبىئەتنىڭ تەبىئىيلىكىنى قوغداش ، ئۇلۇغلۇقىنى تونۇتۇش ئىدىيىسى-
نى گەۋدىلەندۈرۈش ؛ سېھرىي - ئەپسانىۋى تەركىبلەرنىڭ رولىدىن
ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ؛ ئەنئەنىۋى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى بىلەن زاما-
نىۋى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىش ؛ ئەسەرنىڭ
مەركىزىي ئىدىيىسىگە ، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسىغا مۇناسىۋەت-
لىك بولغان مۇھاكىمىلەرگە ئالاھىدە سەھىپە ئاجرىتىشقا ئوخشاش
ئالاھىدىلىكلىرى خېلى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان .

## «ئاق ئېچىلغان سۆگەتگۈلى» قاتارلىق ئەسەرلىرى

«ئاق ئېچىلغان سۆگەتگۈلى» — «ئاقساق بۇغا» قاتارلىق ئەسەر-
لەر مۇھەممەت باغراشنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەيدى-
غان مۇھىم ئەسەرلىرىدىندۇر . «ئاق ئېچىلغان سۆگەتگۈلى» ناملىق
ھېكايىدە يازغۇچى ئۇستىلىق بىلەن كەسپىي كاۋاپچىلىق بىلەن شۇ-
غۇللىنىدىغان بىر ئائىلىنى تەسۋىرلەيدۇ . چۈنچىباي بېيىشنىڭ شې-
رىن تەمەسىدە شۇنچە جاپالىق ئوقەت قىلسىمۇ ، لېكىن بىر پۇلى
ئىككى بولمايدۇ . ئۇ قاقشايدۇ ، زارلىنىدۇ . يېڭىدىن تۇغۇلغان ئوغلى
ئاتىللا بىلەن كارى بولمايدۇ . شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىزلا
ئۇلارنىڭ ھويلىسىدىكى سۆگەتگۈللەر ئاپئاق چېچەكلەپ كېتىدۇ .



«سۆگەتگۈل ئاق چېچەكلىسە شۇملۇقنىڭ ئالامىتى» دەپ ئاڭلىغان
مايسىخان قاتتىق ساراسىمىگە چۈمىدۇ . چۈنچىبايمۇ ئاپئاق ئېچىلغان
سۆگەتگۈللىرىگە قاراپ قورقۇنچ ھېس قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ-
نىڭ پۇل ، بايلىق ۋەسۋەسىسى بىلەن تولغان كاللىسىدا بۇ ئىشنى
ئويلاپ تۇرۇشقا ئورۇن قالمايدۇ . كۈنلەر ئۆتۈپ ئاتىللا چوڭ بولىدۇ .
ئۇ بىر كۈنى دادىسىغا تاماق ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن دادىسىنىڭ
كاۋاپدىنى ئالدىغا بارىدۇ . ئويلىمىغان يەردىن سېتىلماي قالغان كاۋاپ-
لار بەس - بەستە سېتىلىپ كېتىدۇ . شۇنىڭدىن باشلاپ چۈنچىباي
ئوغلىدا بىر ئاجايىپ خاسىيەت بارلىقىنى ھېس قىلىپ ، ئاتىللانى
كۈندە كاۋاپ سېتىشقا مەجبۇرلايدۇ ، كاللەك - كاللەك پۇللار چۈنچە-
باينىڭ چۆنتىكىگە سۇدەك ئېقىپ كىرىدۇ . چۈنچىباي بېيىغانسېرى
نەپسى يوغىناپ ئادىمىيلىك خىسلىتىنى يوقىتىدۇ . ئۇ ھەر كۈنى ئاچ
كۆزلۈك بىلەن شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ ، پۇل ساناۋاتقاندا ،
ئاتىللا بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ غال - غال تىترىگىنىچە
ئۈنسىز ئازاب چېكىدۇ ۋە ئەڭ ئاخىرى ئۆلۈپ كېتىدۇ...

دېمەك ، ئەسەرنىڭ باشلىنىشىدىن ئاخىرلىشىشىغىچە قويۇق ئەپ-
سانىۋى تۈس بېرىلگەن بولۇپ ، ئاپتور قەدىمكى ئەپسانە ، رىۋايەت
ئېپوس ۋە چۆچەكلىرىمىزدە گويا ئىرسىيەت گېنىغا ئوخشاش تالاي
قېتىم تەكرارلانغان ، قەھرىمان شەخسلەر ئوبرازىنى يارىتىشقا زۆرۈر
بولغان بەدىئىي ۋاستىلەرنى مەزكۇر ھېكايىسىدە يەنە بىر قېتىم
تەكرارلايدۇ . «ئاق ئېچىلغان سۆگەتگۈلى» دىكى ، ئاتىللانىڭ تۇغۇ-
لۇش جەريانىدىكى ھېكايە قىلىش ئامىللىرى تۈركىي تىللىق خەلقلەر-
نىڭ ئېپوسلىرىدىكى ھېكايە قىلىش ئامىللىرى بىلەن تامامەن ئوخ-
شاشلىققا ئىگە بولۇپ ، يازغۇچى ئېپوس قەھرىمانلىرى بىلەن ئاتىللا-
نى بىر - بىرىگە باغلايدۇ . مەسىلەن ، تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى
ھەرقايسى خەلقلەر ئىچىدە كەڭ تارقالغان «ئوغۇزنامە» ، «ماناس» ، «ئال-
پامىش» ، «دەدە قورقۇت» ، «گۆر ئوغلى» قاتارلىق ئېپوسلاردا

ئومۇمیۈزلۈك هالدا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قېرىغىچە پەرزەنت يۈزى كۆرەل-
مەسلىكى ، تەڭرىدىن پەرزەنت تىلىشى ، ئانىلارنىڭ تاسادىپىيلا غايىبا-
نە ھامىلدار بولۇپ قەھرىماننى تۇغۇشى ۋە تۇغۇلغان بالىنىڭ غەيرىي ـ
نورمال ھالەتتە چوڭ بولۇشى ۋە ئاجايىپ خىسلەتكە ئىگە بولۇشتەك
قەدىمكى ئالاھىدىلىك ئۇچرايدۇ . يازغۇچى مەزكۇر ھېكايىسىدە تۈر-
كىي خەلقلەر ئېپوسچىلىقىدىكى بۇ خىل ئورتاق ئىپادە ئۇسۇلىنى
قوللىنىپ ، ئەسىرگە قويۇق ئەپسانىۋى تۈس بېغىشلايدۇ . ئەسەردە
مايسىخان چۈش كۆرىدۇ . چۈشىدە ئەجدادلىرى ياشاپ ئۆتكەن قەدىمكى
قەلئەگە بېرىپ قالىدۇ ۋە قەدىمىي قەلئە خارابىسى ئىچىدە ئەجدادلى-
رىنىڭ روھىنى كۆرگەندەك بولۇپ ۋۇجۇدى ھاياجانغا چۆمۈلىدۇ .
نەتىجىدە تۇيۇقسىزلا ھامىلدار بولۇپ قالىدۇ . تۇغۇلغان بوۋاق ناھا-
يىتى غەيرىي بولۇپ كۆزلىرىدە كۆپكۆك ئوت چاقناپ تۇرىدۇ . چۈنچى-
باي بوۋاققا «ئاتىللا» دەپ ئىسىم قويىدۇ . دېمەك ، ئاپتور ھېكايىدى-
كى ئاتىللانىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ئېپوس قەھرىمانلىرىنىڭ سەرگۈ-
زەشتىسى بىلەن بىر نۇقتىغا باغلايدۇ . ئېپوسلاردا قەھرىمان شەخسلەر
دەھشەتلىك جەڭلەرگە قاتنىشىپ ، شۇنچە زور غەلىبىلەرنى قولغا
كەلتۈرسىمۇ ، لېكىن ئەڭ ئاخىرىدا دوست ـ بۇرادەرلىرى ، ئۇرۇق
تۇغقانلىرى ياكى قول ئاستىدىكىلىرىنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن ئۆلۈم
قىسمىتىگە ئۇچرايدۇ . «ئاق ئېچىلغان سۆگەتگۈلى» دە ئاتىللا ئاچ
كۆز دادىسىنىڭ پۇل ـ مالغا ھېرىسمەنلىكى ، ئىنسانىي خاسلىقىنى
يوقاتقانلىقى ۋە رەھىمسىزلىكى تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ .

دېمەك ، ئەسەر مىللىتىمىز ۋۇجۇدىغا يىراق ئۆتمۈشتىن تارتىپ
ئۇرۇق بولۇپ تېرىلغان تراگېدىيە ئېستېتىكىسىنى بۈگۈنكى زامان
رېڭى ئارقىلىق ئىپادە قىلىدۇ . ئەسەردىكى چۈنچىباي بىلەن ئاتىللا-
نىڭ زىددىيىتى ئەمەلىيەتتە پۇل ، مەنپەئەت ، ماددىي قۇلچىلىق بىلەن
ئەقىدە ، ئىشەنچ ۋە ئۇدۇم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ئىپادىسىدۇر ،
ئاتىللانىڭ ئۆلۈمى ئەمەلىيەتتە مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان تراگې-



دىيىسىدۇر .

يازغۇچى مۇھەممەت باغراش «ئاھ ، شوپۇر ، ئاھ قىزچاق» ،
«جەزىرە» قاتارلىق بىر يۈرۈش پوۋېستلىرىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن
ھالدا ، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك مۇناسىۋەتنى ئىپا-
دە قىلدى . بولۇپمۇ «جەزىرە» پوۋېستى ئۆزىنىڭ يېڭىچە ئىپادىلەش
ئۇسۇلى بىلەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگىدۇر .

يازغۇچى مەزكۇر پوۋېستتا تەكلىماكان تاشيولىدا ۋەزىپە ئۆتەش
ئۈچۈن ماڭغان بىر ياش شوپۇرنىڭ ، قۇرغاق ، دىمىق ، ئىسسىق ،
سۇسىز جەزىرە يولىدا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن روھىي كەچۈرمىشلىرى-
نى ، يېرىم ھوشسىز ھالەتتە ئويلىغان خىياللىرى ۋە خاتا تۇيغۇلىرىنى
ئىنچىكە ، سىدام تەسۋىرلەر ئارقىلىق سىزىپ كۆرسىتىپ ، مىللىتى-
مىز روھىي دۇنياسىنىڭ تەكلىماكان جەزىرىسى بىلەن چىپىسلىشىپ
كەتكەن يوشۇرۇن تەرەپلىرىنى ئېچىپ كۆرسىتىدۇ .

يازغۇچىنىڭ «ئاقساق بۇغا» پوۋېستىنى تېما ۋە مەزمۇنىدىكى
يېڭىلىقى بىلەن دۇنياغا يۈزلىنىش خاھىشىنى ئىپادىلىگەن ئەسەر
دېيىشكە بولىدۇ . ھەممىمىزگە مەلۇم ، ئىنسانىيەت ئۆزىنى چۈشى-
نىشكە باشلىغان قەدىمكى زاماندىلا ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ
تۇرغان سىرلىق مەۋجۇدات بىلەن بولغان مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر
ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىغانىدى . مىللىي مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن
ئالساق «بۆكۆخان رىۋايىتى» ، «ئوغۇزخان رىۋايىتى» قاتارلىقلار
بۇنىڭ پاكىتلىرى بولالايدۇ . كىشىلەر دەسلەپتىلا رەزىللىك بىلەن
گۈزەللىكنى ئايرىشنىڭ ئەڭ تۈپ ئۆلچىمى تەبىئەتنى سۆيۈش ۋە
ئۇلۇغلاش دەپ قارىدى . بۇ قاراش ئىنسانىيەتنىڭ جۈملىدىن جەمئى-
يەتنىڭ تەرەققىياتىدا گايىدا ئۇنتۇلۇپ ، گايىدا قوزغىلىپ تۇردى .
بۈگۈنكى دەۋرىمىزگە كەلگەندە بۇ جەھەتتىكى بەس ـ مۇنازىرە دۇنيا-
ۋى «قىزىق نۇقتا» بولۇپ قالدى . شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ،
«ئاقساق بۇغا» پوۋېستىنىڭ مەيدانغا چىقىشى ئىنسانىيەت ئورتاق

ھېس قىلىنىۋاتقان كرىزىس تۇيغۇسىنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا ئەكس ئېتىشىدۇر . ئەسەردە ئىشقىيارنىڭ ئۆز سەپداشلىرى بىللە كېتىۋېتىپ بىر ياردار بۇغىنى ئۇچرىتىپ قالغانلىقى ۋە ئۇنى داۋالاپ ساقايتىپ يەنە تەبىئەتكە قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت تەسىرلىك جەريان ھېكايە قىلىنىدۇ . ئاپتور رىۋايەتلەردىن ئەپلىك پايدىلىنىپ يىلتىزغا قايتىش ، يىلتىزنى ئىزدەشتەك خاھىشنى ئىپادىلىگەن بولۇپ ، ئانا تەبىئەتنى سۆيۈش ، تەبىئەتنى ئۇلۇغلاشتەك يىلتىزنى ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى ئىشقىيارغا باغلىغان . نۇرغۇنلىغان زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ ۋارىسى بولغان ئىشقىيارنىڭ ئوبرازىنى مۇكەممەللىككە ئىگە قىلسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنسانىيەتكە بالا كەلتۈرۈۋاتقان ، ئاپەت تۇغدۇرۇۋاتقان ئامىللارنىڭ ، ئىللەتلەرنىڭ ئەتراپىمىزدا يامراپ كېتىۋاتقانلىقىدىن نەپرەتلىنىدۇ ، خاۋاتىرلىنىدۇ . مانا بۇ ئەسەر ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان دۇنياۋى كرىزىس تۇيغۇسىدۇر .

## ئەختەم ئۆمەر

ئەختەم ئۆمەر — يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى . ئۇ «تەكلىماكان روھى»نى ئىپادىلەشتىكى ئۆزگىچىلىكى ، يېزا تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا زور تەسىر پەيدا قىلغان . ئۇ تەكلىماكان بويلىرىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى چىنلىق بىلەن ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسلىق خاھىشى قىلغان ، بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە ئۆزىنىڭ باشقىلاردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان خاسلىقىنى يارىتالىغان ئىقتىدارلىق ياش يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇ «كونا پاختا» ، «ئۇرۇمچىنىڭ ئارقا كوچىسى» قاتارلىق ھېكايىلىرى ، «زېمىن ، قارا ئادەملىرىڭگە» ، «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» ، «تاش مۇنار» قاتارلىق پوۋېستلىرى ، «يېگانە ئارال» ، «باياۋاننىڭ سىرى» قاتارلىق رومانلىرى بىلەن يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى بىر سەھىپە ئاچتى .

ئەختەم ئۆمەر مىلادىيە 1963 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مەكىت ناھىيىسىنىڭ يانتاق يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . مىلادىيە 1969 ـ يىلىدىن 1979 ـ يىلغىچە ئۆز يېزىسىدىكى باشلانغۇچ ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان . مىلادىيە 1981 ـ يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ مەكتىپتىكى شۆبە سىنىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ، يېزىلىق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ كادىرى ، ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلىنىڭ دېكتورى بولۇپ ئىشلىگەن . مىلادىيە 1985 ـ يىلى قەشقەر خەلق رادىئو ئىستانسىسىغا يۆتكىلىپ كېلىپ دېكتور بولغان . مىلادىيە 1988 ـ يىلدىن تارتىپ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن . مىلادىيە 1994 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ ، دەسلەپ تەڭرىتاغ كىنو ستودىيىسىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولغان ، ھازىر شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ كەسپىي ئىجادىيەتچىسى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ .

ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1983 ـ يىلى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «كىنوخانا ئىشىكى ئالدىدا» ناملىق ھېكايىسى بىلەن باشلانغان . 1986 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئاھ ، رەھىمسىز دەريا» ناملىق پوۋېستى بىلەن ئەدەبىيات ساھەسىدە تونۇلغان . شۇنىڭدىن تارتىپ 1990 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ۋاقىت ئەختەم ئۆمەر ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ ھوسۇللۇق مەزگىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ مەزگىلدە ئۇ «يۇلتۇزسىز كېچە» ، «قاغجىرىغان تىنىق» ، «ئۇيقۇلۇق سەھەر» ، «قەدىمكى زەرداپ» ، «يۈرەكسىز سۆيگۈ» قاتارلىق 100 پارچىدىن كۆپرەك ھېكايە ، «قىيامەتتە قالغان سەھرا» ، «ئومىقىم ، كۆزۈڭنى ياشلىما» ، «تاش مۇنار»

قاتارلىق پوۋېستلارنى ۋە «يېگانە ئارال» ، «باياۋاننىڭ سىرى» قاتارلىق رومانلارنى يېزىپ ، ئەدەبىياتىمىزدىكى تەسىرى چوڭ يازغۇچىلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى .

ئەختەم ئۆمەر پروزىدىن باشقا ژانىرلاردىمۇ ئەسەرلەر يېزىپ ، بەلگىلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى . ئۇنىڭ «سىرتماق» ، «شەپقەتچى» قاتارلىق دراملىرى ، «نەسىرىدىن ئەپەندى» ناملىق كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى ، «ۋاسكېتبول چولپىنى — ئادىلجان» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتى ، «ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى» قاتارلىق پوبلىستىك ماقالىلىرى ئۇنىڭ باشقا ژانىرلاردىكى مۇھىم ئەسەرلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

ئەختەم ئۆمەر ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بىلەن يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا داڭق چىقارغان ياش يازغۇچىلارنىڭ بىرىدۇر .

ئەختەم ئۆمەر ئۆزىنىڭ بىر تۈركۈم ياخشى ئەسەرلىرى بىلەن ئۇيغۇر پروزىچىلىقىغا يېپيېڭى رەڭ بەردى ۋە جانلاندۇردى . بىر خىلدا كېتىپ بارغان ، بۇرۇقتۇرملىق ، بېكىنمە ھالەتتىكى ھاياتنى تەسۋىرلەشتە يېڭى بىر سەھىپە ئېچىپ بەردى ؛ ئاددىي ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى كىشىلەرنىڭ ئاشۇ تىنىچسىز يىللاردىكى مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى ، تۇراقسىز ۋە زىددىيەتلىك خاراكتېرىنى سىزىپ بەردى ؛ باشقىلار دىققەت قىلمىغان ياكى ئېتىبارسىز قارىغان تېمىلارغا دادىللىق بىلەن شۇڭغۇپ كىرىپ ، تەكلىماكان بىلەن جىپسىلىشىپ كەتكەن ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ خۇشاللىق ۋە ئازابلىرىنى ، كۇلكە ۋە يىغىسىنى ، ئۇمىد ۋە خورسىنىشلىرىنى ئىپادە قىلدى ؛ شۇنداقلا پاجىئە بىلەن سۇغىرىلغان ، كۆز يېشى بىلەن نەمدەلگەن تراگېدىيىلىك زىددىيەت - توقۇنۇشلارنى يۇكسەك زىلزىلە ، ئاجايىپ دەبدەبە بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئاددىي زاغرا تىل ، تۇز ۋە سىدام تەسۋىر ئارقىلىق سەنئەت يۇكسەكلىكىگە ئىگە قىلدى... ئەنە ئاشۇ تاشقى پوستى ئاددىي ،



ئەمما ۋۇجۇدى مۇرەككەپلىككە ۋە رەڭدارلىققا تولغان دۇنيا ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىپادىسىنى تاپتى . يىراقتىن بىر خىل بوزىرىپ ياتقان ، قۇم بارخانلىرى مۇگدىگەن ، ۋۇجۇدى قاغجىرىغان ، ئەمما قوينىغا سىرلىق دۇنيانى يوشۇرۇپ ياتقان تەكلىماكان ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە قايتىدىن جانلاندى .

ئەختەم ئۆمەرنىڭ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىگە نەزەر تاشلىساق ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىر بۆسۈش ھاسىل قىلغانلىقىنى ، ئەسەرلىرىدە ئۆزگىچە بىر تەم ۋە كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بەدىئىي رەڭنىڭ بارلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز . بىز ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى خاس ئالاھىدىلىكلەرنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن مۇلاھىزە قىلىمىز :

## تەكلىماكان روھى

نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تەكلىماكان چۆلىدىن ئىبارەت بۇ غايەت زور سىرلىق جەزىرىنى قۇچاقلاپ ياشاپ كەلدى ، قارا قۇرۇم ۋە تەڭرىتاغلىرىدىن ئېقىپ كەلگەن ، گاھ ئۇزۇلۇپ ، گاھ ئۇلغىيىپ تۇرىدىغان ئېقىن سۇلارغا تايىنىپ ، قاغجىراپ ياتقان قۇملۇقلار ئارىسىدا سانسىز بوستانلىقلار بىلەن ئۇلارنى ئوراپ تۇرغان بىپايان قۇملۇقلار ئۇلارنىڭ دۇنياسى ئىدى . بۇ دۇنيادا ھەم خۇشاللىقمۇ ، ھەم ئازابمۇ ، ياڭراق كۇلكە ساداسىمۇ ، ئاچچىق كۆز يېشىمۇ بار ئىدى . ئۇلارنىڭ پۇتكۇل دەرد - ھەسرەتلىرى ۋە غەم - قايغۇلىرىنى ئانا تەكلىماكان گويا تارىم سۇيىنى ئىز - دېرەكسىز سىڭدۇرۇۋەتكەندەك ، ئۆز قەلبىگە تېڭىپ كەلگەندى . ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا ، سىرلىق تەكلىماكان ئۆزىنىڭ سېھىرلىك جىمىرلاشلىرى بىلەن دەھشەتلىك قۇم بورانلىرى ئارقىلىق ئاشۇ ئاددىي كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئىللىق توپا ھىدىدەك ئاق كۆڭۇللۇك ، ساددىلىق ، كۆز

يەتمەس جەزىرىدەك چەكسىزلىك ئاتا قىلغانىدى . يەنە بىر تەرەپتىن
ناچار مۇھىت ، پىنھانلىق ۋە جاھاندىن خالىي تۇرمۇش ئۇلارنىڭ
روھىي دۇنياسىغا بۇرۇقتۇرمىلىق ، نادانلىق ، قاششاقلىق ۋە مەنىۋى
گادايلىقنىڭ ئۇرۇقىنى چوڭقۇر تېرىغانىدى . شۇڭا بۇ جايدىكى كىشى-
لەر گويا تەكلىماكان بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەندەك ، ئۆزلىرى-
نىڭ ھەربىر تىنىقىمۇ جەزىرە روھىنى يوشۇرغانىدى . ئۇلارنىڭ چو-
يۇندەك قاتقان ، تارىشىدەك چىڭىغان ۋە كۆمۈردەك قارايغان جىسمىدا
پەقەت تەكلىماكان ئارقىلىقلا نامايان بولىدىغان چۆل روھى بار ئىدى .
بۇ روھ — سۈكۈت ئىچىدىكى شاۋقۇنغا ، مۇگدەك ئىچىدىكى چۇشكە ،
ئاددىيلىق ئىچىدىكى گۈزەللىككە يانداشقان تەكلىماكان روھى ئىدى .
ئەختەم ئۆمەر ئەنە ئاشۇ تەكلىماكان روھىدىن تۇغۇلدى ۋە ئۇنىڭدىن
ئوزۇق ئالدى ، شۇنىڭدەك ئىجادىيىتىدە ئاشۇ خىل جەزىرە روھىنى
ئىپادە قىلدى .

... قۇمساڭ توپىلىق يولدا ، ئوتتەك ئاپتاپ دەستىدىن چىلىق -
چىلىق تەرگە چۈمۈلۈپ ، ناخشىسىنى ئوڭدا ئېيتىپ ، ھارۋىسىنى
ھەيدىگەن پېتى ياسىن مەدەك كېلىدۇ . ئۇنىڭ توپا كېچىپ تۇرغان
يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى ، ئاپتاپتا قارايغان يۈزلىرى ، كىرلەشكەن كىيىم-
لىرى ، شۇنىڭدەك تەر ۋە ئاچچىق موخۇركا ھىدى گۇپۇلدەپ پۇراپ
تۇرغان جىسمىدىن ئاجايىپ بىر خىل ئىپتىدائىي كۈچ ئەكس ئېتىپ
تۇرىدۇ...

قاغجىرىغان قۇملۇقتا ياپراقلىرى توپىغا مىلىنىپ تۇرغان پاكار -
پاكار جىگدىلەر مۈگدەپ تۇرىدۇ . تۇرۇم - تۇرۇم قۇم بارخانلىرى
گويا سانسىزلىغان تۆگە لوككىلىرىدەك بىر - بىرىگە مىنگىشىپ ،
تىنىمسىز جىمىرلايدۇ . زارىقىش ، تەلپۈنۈش ۋە سېغىنىش ئىلكىدە
ۋۇجۇدى پارلاپ تۇرغان قۇياشتىنمۇ بەكرەك ئىسسىغان نۇسرەت ،
چىت كۆڭلىكىنى يېشىۋېتىپ ، ئۆزىنىڭ ئەمدىلا تولۇشقا باشلىغان
يالىڭاچ بەدىنىگە قارايدۇ . قۇمنى كولاپ ھاسىل قىلغان نەم ئورەككە



كۆكسىنى ياقىدۇ . ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئاجايىپ شېرىن تۇيغۇلارغا چۆمۈ-
لۈپ ، پۈتكۈل روھىي دۇنياسى تەكلىماكان بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ... مانا
بۇ ئەختەم ئۆمەرنىڭ قەلىمى ئاستىدا سىزىلغان گۈزەل كارتىنا . بۇ
كارتىنىدا ساپ تەبىئەتنىڭ ھىدى ، ئانا تەكلىماكاننىڭ سېھرى ، ئا-
دەمئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ ئىزلىرى بار .

دەرۋەقە ، ئەختەم ئۆمەر تەكلىماكان ئوغلىغا خاس بىر روھ
بىلەن قۇم - جەزىرىگە ئورنىپ ئۇخلاۋاتقان بۇ زېمىنىنىڭ ئىچكى
قاتلىمىدىكى ھاياتنى جانلىق سۈرەتلەپ بەردى . خەلقىمىزنىڭ دەرد - ئەلە-
مى ، غەم - قايغۇسى ، ئاچچىق يىغىسى ۋە تارام - تارام كۆز ياشلىرى-
نى ئۈن - تىنسىز ئىچىگە يۇتۇۋاتقان تەكلىماكان چۆلىنىڭ باغرىنى
ئېچىپ كۆرسەتتى . ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى تىترەۋاتقان قۇملۇق ،
مۈگدەۋاتقان بارخان ، ئۇپۇق نۇرىغا چۆمۈلگەن يۇلغۇن ۋە كۆيۈۋاتقان
زېمىن ھەرگىزمۇ نوقۇل ھالدىكى تەبىئەت تەسۋىرى بولماستىن ،
بەلكى خۇشاللىق بىلەن ئازاب ، كۈلكە بىلەن يىغىدىن پۈتۈلگەن تەك-
لىماكان روھىدۇر . شۇڭا ، ئەختەم ئۆمەر ئەسەرلىرىدىكى ئەڭ گۈزەل
كارتىنىلار ئۇنىڭ تەكلىماكان رىسالىسىنى ياكى چۆل روھىنى ئىپادە
قىلغان دەقىقىلىرىدە كۆرۈلىدۇ .

ئۆز ۋاقتىدا پلىخانوۋ تولستوي ئەسەرلىرى ئۈستىدە توختىلىپ :
«تولستوينىڭ قەلىمى ئاستىدىكى تەبىئەت نوقۇل تەسۋىردە ئەمەس ،
بەلكى تىرىك جانلىقلىقى بىلەن كىشىنى مەھلىيا قىلىدۇ . بەزى
ۋاقىتلاردا تەبىئەت گويا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى بىر پېرسوناژدەك
كۆرۈنىدۇ... » دېگەنىدى . دەرۋەقە ، ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ
بىز ئىنساننىڭ مەنىۋى دۇنياسى بىلەن چەمبەرچاس گىرەلىشىپ كەت-
كەن ساپ تەبىئەتنى ۋە ئۇنىڭ يالىڭاچ ھىدىنى ھېس قىلىمىز . ئەختەم
ئۆمەرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى سىرلىق چۆل - جەزىرە ، جىمىرلاپ تۇر-
غان بارخانلار ۋە ئۇنى قىزدۇرۇۋاتقان تونۇردەك ئاپتاپ ، شۇنىڭدەك
ئۇنىڭغا ياندىشقان قۇرغاق توپا ھىدى ھەرگىزمۇ ئۆلۈك ، تۇتۇرۇقسىز

ۋە سىدام تەسۋىر بولماستىن ، بەلكى تارىملىقلارنىڭ مەنۋى دۇنياسى
بىلەن جىپسىلىشىپ كەتكەن تەكلىماكان روھىدۇر . بۇ روھنى فو-
توگرافلارنىڭ سىنئالغۇ لىنتىلىرى بىلەن رەسساملارنىڭ سىزغان
رەسىملىرىدىن ئەمەس ، بەلكى ئەختەم ئۆمەرنىڭ قەلىمىدىن كۆرەل-
دۇق .

بولۇپمۇ ، ئەختەم ئۆمەرنىڭ «زېمىن ، قارا ئادەملىرىڭگە» ،
«قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» ، «ئاھ ، رەھىمسىز دەريا» قاتارلىق بىر
تۈركۈم ئەسەرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا بىر خىل گۈپۈلدەپ تۇرغان
تەكلىماكان روھىنى ھېس قىلىمىز . «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» دىكى
نۇسرەتتىڭ نەم قۇمغا كۆكسىنى يېقىپ ، زارىقىش ئىچىدە ياسىن
مەدەكنى كۈتۈپ تۇرغان چاغدىكى مۇرەككەپ روھى ۋە پىسخىك ھالى-
تىنى ئوقۇغىنىمىزدا ، ئىختىيارسىزلا ئايتماتوۋنىڭ «جەمىلە» ناملىق
ئەسىرىدىكى تولۇن ئاي كۆلۈپ تۇرغان تالاس يايلىقىدا دانىيارنىڭ
ناخشىسىدىن مەست بولغان گۈزەل جەمىلەنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈ-
رىمىز . مانا بۇ ئەختەم ئۆمەر ئەسەرلىرىدىكى ھەقىقىي تەكلىماكان
كۈيى ، ئاددىي ، تەبىئەت بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ئىنسان گۈزەللى-
كى .

ئەختەم ئۆمەر ئۆز ئەسەرلىرىدە يەنە دەۋرىمىزدىكى ئىنتايىن
مۇھىم بولغان تەبىئەت مەسىلىسى — ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ
ۋەيران بولۇشىنى ئەكس ئەتتۈردى . ئۇ بۇ تېمىنى قۇرۇق ۋەزخانلىق
ۋە جەڭگىۋار شوئار بىلەن ئەمەس ، بەلكى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت
بىلەن تراگېدىك توقۇنۇشلارنى ئېچىپ بېرىش ئارقىلىق يورۇتتى .
ھەممىمىزگە مەلۇمكى ، تارىم ۋادىسىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ياماندى-
شىپ كېتىۋاتقان ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى خەلقىمىزگە ئويلاپ باقمى-
غان ئېغىر تەھدىتلەرنى ئېلىپ كەلمەكتە . دەريا - ئېقىنلارنىڭ
بارغانسېرى قۇرۇشى ، بوستانلىقلارنىڭ تارىيىشى ، تەبىئىي توغراق-
لىقلارنىڭ ۋەيران قىلىنىشى تەكلىماكاننىڭ ۋۇجۇدىنى كۈنسايىن



قاغجىرىتىپ باردى . تەكلىماكاننىڭ ھالسىرىشى ۋە تەڭپۇڭلۇقنىڭ
بۇزۇلۇشى ئاخىرقى ھېسابتا بۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنيا-
سىنىمۇ قۇرۇقداپ ، مەنىۋىيىتىنى چىرىتمەكتە ئىدى . «قۇرتلاپ كەت-
كەن كۆل» دىكى ئاياغقۇملۇقلار پاجىئەسى — دەل تەكلىماكاننىڭ
پاجىئەسىدۇر . ئەختەم ئۆمەر بۇ نۇقتىدا ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن
قاغجىرىغان قۇملۇقنى گادايلىقتا قالغان ئىنسان روھىيىتى بىلەن
ئورگانىك باغلىدى .

دەرۋەقە ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى بىر - بىرىگە
قارشى ۋە زىددىيەتلىك بولماستىن ، بەلكى بىر - بىرىنى تەقەززا
قىلىدىغان ۋە بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان مۇناسىۋەتتۇر . بىراق ،
ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە قىلغان ھەددىدىن ئارتۇق ھۇجۇملىرى ئىنسان
بىلەن تەبىئەتنى مىسلىسىز دەرىجىدە ياتلاشتۇرۇۋەتتى . خۇددى ئېن-
گېلس ئېيتقاندەك : «ئادەملەرنىڭ تەبىئەت ئۈستىدىن قىلغان غەلىبى-
سى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلارنى ئارتۇقى بىلەن جازالىدى . » شۇڭا ،
بۈگۈنكى دۇنيا ئەدەبىياتىدا يادرو ئۇرۇشىنىڭ تەھدىتى بىلەن بىر
ۋاقىتتا ، كۈنسېرى بۇزۇلۇۋاتقان ئېكولوگىيە مەسىلىسىمۇ دۇنياۋى
تېما سۈپىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈلۈشكە باشلىدى . ئەختەم ئۆمەر بىر
سەنئەتكارغا خاس مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىدە مىل-
لىتىمىز چوقۇم كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك تەلىماكان پاجىئەسىنى
ئىپادە قىلدى ھەمدە قاغجىراۋاتقان تەكلىماكاندا ئادەم بىلەن تەبىئەت-
نىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش لازىملىقىنى ؛ سۇسىزلىق-
تىن ئېچىرقىغان تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ بىزنىڭ گەۋدىمىز ، قۇرۇ-
ۋاتقان تارىم دەرياسىنىڭ تومۇرلىرىمىزدىكى ئىسسىق قېنىمىز ، ۋەي-
ران قىلىنىۋاتقان تەبىئىي ئورمانلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىمىز ئىكەن-
لىكىنى يېڭىۋاشتىن ئەسكەرتتى . ئۇ يەنە ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان تەكلى-
ماكان تىنىقىغا مىللىتىمىز روھىنىڭ ھالسىرىشى يوشۇرۇنغانلىقىنى ،
تەكلىماكان پاجىئەسىنىڭ ئۆز ماھىيىتى بىلەن مىللىتىمىز پاجىئەسى

ئىكەنلىكىنى ئاگاھلاندۇردى .

## ھەقىقىي مەنىدىكى ئادەم ۋە تراگېدىيە

ھەممىگە مەلۇمكى ، ئادەم ـــ ئەدەبىياتنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى ۋە مەڭگۈلۈك تېمىسى . تېخىمۇ توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا ، ئەدەبىيات ـــ ئادەمشۇناسلىقتۇر .

يېڭى دەۋر پروزىچىلىقىمىزغا نەزەر تاشلىساق ، تۈرلۈك سىياسىي بورانلار ، ئىجتىمائىي ئىنقىلابلار ۋە خىلمۇخىل داۋالغۇشلار نەتىجىسىدە ، ئەدەبىياتىمىز ۋە ئۇنىڭدا يارىتىلغان ئادەملەر ئوبرازىنىڭ سىياسىي خاھىشلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ، جانسىز ، ئۆلۈك ، زامانغا ماسلاشقان ساختا ئادەملەر ئوبرازى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز . بۈگۈنكى كۈندە بۇ خىلدىكى ئەسەرلەر ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئاللىقاچان يوقاتتى . كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىلدى··· ئەدەبىياتىمىز ئۆز مەقسىتى بولغان ئادەم ئۈستىدە توختاۋسىز ئىزدەندى ۋە ئاخىرقى ھېسابتا ھەقىقىي ئادەمنى يېزىش ۋە يارىتىش زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى . خۇددى گيوتې ئېيتقاندەك : «ھەقىقىي سەنئەت قىممىتىگە ئىگە ئەسەر ، زامان ۋە ماكانىنىڭ چەكلىمىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ، ھەرقانداق دەۋر ۋە ھەرقانداق مىللەت ئۈچۈن مەڭگۈلۈك بەدىئىي زوق بېرەلەيدۇ . » ئەدەبىياتىمىز مانا مۇشۇنداق ھەقىقىي ئەسەرلەرگە تەقەززا بولۇپ تۇرغاندا ، ئەختەم ئۆمەر ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن پروزىچىلىقىمىزغا يېپيېڭى رەڭ بەردى .

ئەختەم ئۆمەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئىجادىيىتىدە «زېمىن ، قارا ئادەملىرىڭگە» ناملىق پوۋېستى ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . بولۇپمۇ پوۋېستتىكى جامال ئوبرازىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلىشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھەقىقىي پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ مەيدان-



غا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى . چۈنكى ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا 1950 ـ يىللاردا زۇنۇن قادىرنىڭ قەلىمى ئاستىدا يارىتىلغان مەتنىياز ئوبرازىدىن باشقا ، قېنى ۋە گۆشى بار تۇزۇكرەك ئوبرازلار يېزىلمىغاندى . ئەختەم ئۆمەر ناھايىتى زور دادىللىق بىلەن رەسسام جامال ئوبرازىنى چۆرىدىگەن ھالدا پاتىمە ، خۇماخان ، ھېكىم چورۇقلارنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىپ بەردى .

ئەسەردىكى جامال ئەينى يىللاردا بېيجىڭ گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئالىي تەربىيە كۆرگەن «كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ ، گالستۇك تاقىغان» ئۈمىدلىك ياش ئىدى . ئۇ شۇ چاغلاردا پۈتكۈل زېھنىنى ئۆز كەسپى ـــ رەسساملىققا بېغىشلايدۇ . ئۇستازىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن گۈزەل رۇس خېنىمنىڭ مۇھەببىتىنى رەت قىلىدۇ . بىراق ، ئۇزۇنغا بارمايلا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ ، جاھاننى مالىمانچىلىق قاپلايدۇ . يەتكۈچە ئۇرۇپ ـ سوقۇلغان جامال ئۇدۇل يۇرتى تەكلىماكان قوينىغا قايتىپ كېلىدۇ . ئەپسۇس ، بۇ يەردىكى قۇيۇن تېخىمۇ دەھشەتلىك ئىدى . ئاچارچىلىق ، ۋەھىمە ۋە قالايمىقانچىلىق ھەممە يەرنى قاپلىغانىدى . ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم بولغان جامال ، بىر چاغلاردا ئۆزى ياخشى كۆرگەن ، لېكىن بىرقانچە جىڭ تېرىق ئۈچۈن ئار ـ نومۇسىنى سېتىشقا مەجبۇر بولغان پاتىمە بىلەن توي قىلىدۇ . ئۇنىڭ ۋۇجۇدى خورلۇق ۋە قىساس ئوتى بىلەن تولىدۇ . لېكىن ، چىقىش يولى تاپالماي يەنە چۈشكۈنلىشىدۇ . كېيىنچە جامال ماۋ زېدۇڭنىڭ رەسىمىنى سىزىپ داڭق چىقىرىدۇ ۋە بىردىنلا «سېسىق زىيالىي» دىن چوڭ ئەترەتنىڭ شۇجىلىقىغا ئۆستۈرۈلىدۇ . شۇنىڭدىن باشلاپ ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا جۇغلىنىپ قالغان مەنىۋى كېسەللىكلەر قۇتراشقا باشلايدۇ . ئۇنىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمايدۇ . ئەينى ۋاقىتتا بىرقانچە جىڭ تېرىق بەدىلىگە ئۆز سۆيگۈسى پاتىمەنىڭ نومۇسىنى بۇلىغان ئەترەت ئامبارچىسى ھېكىم چورۇقنى يىراققا ھاشارغا پالىۋېتىپ ، ئۇنىڭ خوتۇنىغا كۆز تىكىدۇ ، شۇنداقلا

بىرقانچە قاپ سەرەڭگە بىلەن بىر ـ ئىككى مېتىر چىپەرقۇت بەدىلىگە
خۇماخاننى دەپسەندە قىلىدۇ . ئەپسۇس ، جامالنىڭ سەلتەنىتىمۇ ئۇ-
زاققا بارمايدۇ . ئۇ خەلقىئالەم ئالدىدا رەسۋا بولۇپ ، قولغا ئېلىنىدۇ .
بىرقانچە يىللار تۈرمىدە يېتىپ بوشانغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ .
بۇ چاغدا جاھان پۈتۈنلەي ئۆزگىرىدۇ . جامالمۇ بۇ ئېقىمغا ئەگىشىپ ،
يەنە ياشاشقا باشلايدۇ . تىنىمسىز يۇقىرىغا يامىشىدۇ ...

دېمەك ، جامال ئوبرازى كۆپ قىرلىق ، مۇرەككەپ ۋە ئۆزگى-
رىشچانلىققا ئىگە ئوبراز . ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا گۈزەللىك بىلەن
خۇنۇكلۇك ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق
تەڭ مەۋجۇت . كىتابخانلار گاھىدا جامالغا ھېسداشلىق قىلىپ ئىچ
ئاغرىتسا ، گاھىدا ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ . ئەختەم ئۆمەر بۇ ئەسىرىدە
«ئىجابىي » ، «سەلبىي » دەپ ئايرىپ كەلگەن پېرسوناژلار قېلىپىنى
دادىللىق بىلەن بۇزۇپ تاشلاپ ، ئۆزىگە خاس ئادەم ئوبرازىنى ياراتتى .
ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا يارىتىلغان جامال ئوبرازى ئىنسان خاراكتې-
رىنىڭ قېلىپقا چۈشمەيدىغان تۇراقسىز ، تىنچسىز ۋە زىددىيەتلىك
تەرەپلىرىنى ئاشكارىلاپ قويىدى . يازغۇچى مۇئەييەن قاراتمىلىققا ۋە
خاھىشچانلىققا ئىگە «تىپىك شارائىت ئىچىدىكى تىپىك پېرسوناژ
ئوبرازى»نى يارىتىش ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى ئادەمنىڭ ئادەم بولۇش
جەريانىدىكى مۇرەككەپ ھايات تەقدىرى ئۈستىدە ئىزدەندى . قاتمال ،
ئۆلۈك ، قېتىپ قالغان ، سۈنئىي رامكىلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ ، ئىن-
سان تەبىئىتىنىڭ بىز تونۇپ يەتمىگەن يوشۇرۇن ماھىيەتلىرىنى ئې-
چىپ بەردى . بىز پوۋېستىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا نەزەر تاشلىساق ،
جامال ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشىغا يېتەرلىك ئېنېرگىيىنىڭ بارلىقىنى ،
ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ تەبىئىي ۋە تەدرىجىي يېتىلگەنلىكىنى ، كىتاب-
خانلارنىڭ تەبىئىي ھەزىمىنىڭ ئۇنى پۈتۈنلەي سىغدۇرالايدىغانلىقىنى
چوڭقۇر ھېس قىلىمىز . جامالنىڭ خاراكتېرىدىكى دەسلەپكى ساپلىق
ۋە غۇبارسىزلىقنىڭ كېيىنچە مەنىۋى كېسەللىك ۋە چىرىكلىككە ئو-



رۇن بېرىشى يازغۇچىنىڭ قەستەن ئورۇنلاشتۇرۇشى ئەمەس ، بەلكى
ئەينى چاغدىكى دەۋر رېئاللىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر .

ئەسەردىكى پاتىمە ، خۇماخان ۋە ھېكىم چورۇقلارمۇ مۇرەككەپ
ۋە زىددىيەتلىك پېرسوناژلاردۇر . بولۇپمۇ ھېكىم چورۇق ئوبرازى
بىزنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ . ئۇ باشتا ئۆزىنىڭ «ئامبارچى» بولۇش-
تەك ئەۋزەل ئورنىدىن پايدىلىنىپ ، پاتىمەگە ئوخشاش قانچىلىغان
قىز ـ چوكانلارنى دەپسەندە قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ غۇبارسىز قەلبىدە
ساقايماس جاراھەتلەرنى قالدۇرىدۇ... شۇڭا بىز ئۇنىڭغا قاتتىق نەپرەت-
لىنىمىز ، ئۆچ بولىمىز . بىراق ، يازغۇچى ئۆز تەسۋىرىدىنمۇ ھال-
قىپ ، ھېكىم چورۇقنى بىردىنلا خورلۇققا ، زىيانكەشلىككە دۇچار
قىلغاندا ، بىز ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قالىمىز . ھېكىم
چورۇقنىڭ خورلۇق ۋە ئازاب ئىلكىدە تەكلىماكان قوينىغا ئەسەبىي-
لەرچە يۈگۈرۈپ ، ئەڭ ئاخىرى كۆزدىن غايىب بولغان كۆرۈنۈشلىرى-
نى ئوقۇغىنىمىزدا ، ئۇنىڭغا قاتتىق ھېسداشلىق قىلىمىز . دېمەك ،
يازغۇچى ھېكىم چورۇق ئوبرازىغا «سېپى ئۆزىدىن سەلبىي شەخس»
دېگەن رامكا بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئەڭ ئالدى بىلەن «ئادەم» لىك
نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلغان . ھەرقانداق ئادەمدە خۇشاللىقتىن شادلى-
نىش تۇيغۇسى بىلەن خورلۇقتىن ئازابلىنىش كەيپىياتىنىڭ مەۋجۇت-
لۇقىنى ، ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە تامغا بېسىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلى-
كىنى تەكىتلىگەن . شۇڭا ، ئەختەم ئۆمەرنىڭ پېرسوناژلىرىدىكى
كۆپ قىرلىق ، تۇراقسىز خاراكتېر بىزنىڭ ئېستېتىكىلىق تەسراتى-
مىزنىمۇ ئۆزگىرىشچانلىققا ۋە مۇرەككەپلىككە ئىگە قىلىدۇ .

1989 ـ يىلى ئەختەم ئۆمەر ئۆزىنىڭ بۆسۈش خاراكتېرلىك يەنە
بىر مۇھىم پوۋېستى «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» نى ئېلان قىلدى .
«قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» ئېلان قىلىنىشى ھەقىقىي ئەختەم ئۆمەرنىڭ
دۇنياغا كەلگەنلىكىنى جاكارلىدى .

يازغۇچى بۇ ئەسىرىدە تەكلىماكان باغرىدىكى كىچىككىنە يېزا

ئاياغقۇمنى ۋە ئۇنى مەۋجۇتلۇق كاپالىتىگە ئىگە قىلىپ تۇرغان بابكار-
نىڭ كۆلىنى مەركەز قىلىپ ، بىر قاتار تراگېدىك زىددىيەت ـ توقۇ-
نۇشلار ئارقىلىق ، كىشىلەرنى ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىدىغان هايات
رېئاللىقىنى ئېچىپ بەرگەن . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يازغۇچى
بىر يۈرۈش ئۆزگىچە پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىپ ، ئەدەبىياتىمىز-
دا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بەدىئىي ئوبراز يارىتىشتىكى قېلىپبازلىقنى
يەنە بىر قېتىم بۇزۇپ تاشلىدى .
بىز ئەسەرنى ئوقۇغىنىمىزدا ، نۇسرەتنىڭ بىغۇبار قەلبى ھەشە-
مەتلىك كۆرۈنۈشلەردە ئەمەس ، بەلكى ئاددىي ، توپا ھىدى پۇراپ
تۇرغان ، تەبىئەت بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن مۇھىتتا ئاشكارا بولغانلىقى-
نى ھېس قىلىمىز ، ئۇنىڭ ئاددىي چىت كۆڭلەك كىيىپ جىگدىلىكتە
ياسىن مەدەكنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ تۇرۇشى ، ئەتىگەن قويۇۋالغان
ئوسمىسىنىڭ تەر بىلەن يۇيۇلۇپ كېتىشى ، نەم قۇمغا قىزىغان يۇم-
ران كۆكسىنى يېقىپ ، ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان تاتلىق ھېس-
لارغا چۆمۈلۈشى ، ياسىن مەدەك بىلەن قىلىشقان ئاددىي ، ئەمما
كۆڭۈللۈك سۆھبىتى بىزنى شۇنچىلىك ھاياجانغا سالىدۇكى ، بىز
تۇنجى قېتىم ھەقىقىي گۈزەللىكنىڭ ئاددىيلىق ۋە تەبىئىيلىكتە ئىپا-
دىلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز . يەنە بىر تەرەپتىن نۇسرەت دۇچ
كەلگەن پاجىئەدىن يۈرەك ـ باغرىمىز لەختە ـ لەختە بولۇپ ، ئازابلىق
سۈكۈتكە چۆمىمىز ۋە ئۆز خەلقىمىز ، تەقدىرىمىز ئۈستىدە قايتىدىن
ئويلىنىشقا مەجبۇر بولىمىز .
ياسىن مەدەك ئوبرازىمۇ ئەسەردىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارى-
تىلغان ئوبرازلارنىڭ بىرىدۇر . ئۇ ئاجايىپ ئۇلۇغۋار ، سۆلەتلىك ۋە
ھەممىنى ھەيران قالدۇرىدىغان غايىۋى قەھرىمان ئەمەس ، بەلكى
ئاددىي بىر يېزا يىگىتى . ئۇنىڭ ئاپتاپتا قارايغان ۋە گۆپۈلدەپ تەر
پۇراپ تۇرغان ۋۇجۇدىدا ئىنسانىيەتنىڭ بىر خىل ئىپتىدائىي تەبىئىتى
ياكى ئەرلەرنىڭ ئۆڭكۈردە ياشىغان يىراق دەۋرىدىن قېپقالغان يوشۇ-


رۇن پسىخىكىلىق تامغىسى بار . ئۇ خوتۇن ـ بالىسى بار تۇرۇقلۇق
يەنە نۇسرەتنى ياخشى كۆرىدۇ . روزا تۇتقان تۇرۇقلۇق نۇسرەتنى
سۆيۈۋالىدۇ ۋە ئۇنى ئالمەن دەپ ۋەدە بېرىدۇ . يۈرتمۇ يۈرت چۆرگى-
لەپ قىمار ئوينايدۇ . مانا مۇشۇ تەپسىلاتلار ياسىن مەدەكنىڭ ئوبرازى-
نى مەلۇم جەھەتتە يورۇتۇپ بەرسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ھەقىقىي خاراك-
تېرى سىدىق بايچەك بىلەن سوقۇشقاندىن كېيىن ئايان بولىدۇ .
ئۇنىڭ سىدىق بايچەكنىڭ خوتۇنىدىن ئۆچ ئېلىشى ۋە «ئەرلىك غۇرۇ-
رى» نى ئاقلىشى نۇسرەتكە بولغان مۇھەببىتىدىن ئۈستۈن كېلىدۇ ،
نەتىجىدە ئۇ ئۆلۈم يولىنى تاللايدۇ . دېمەك ، ياسىن مەدەك ئۆز
ئۆلۈمى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەقىقىي «ئادەم» لىكىنى نامايان قىلىدۇ .
ئەسەردىكى مەمەتئىمىن سەئىدىن ئوبرازى «باپكارنىڭ كۆلى»
دىكى ھەقىقىي تراگېدىيىنىڭ ئاشكارىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ .
ئۇنىڭ ھاشىرخاننى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانى-
سىنىڭ ئۆيىگە بېرىشى ۋە تىل ـ ئاھانەتكە ئۇچرىشى ، ھېچكىم
بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىغان كېپەك شاڭجاڭنىڭ قېشىغا بېرىشى ،
ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن ، ئايالى ھاشىرخاننى تۇيۇقسىزلا باغرىغا
چىڭ بېسىپ يىغلىشى ئۇنىڭدىكى بىر خىل ئىنسانكارلىق روھىنى
ئىپادە قىلسىمۇ ، لېكىن ھەقىقىي مەمەتئىمىن سەئىدىن ئەسەرنىڭ
يېشىمىدا ئاشكارا بولىدۇ . ئۇ ئۆز خاراكتېرىدىن ھالقىشتەك روھ
ئارقىلىق «باپكارنىڭ كۆلى» بويىدىكى ھېكايىنى تراگېدىيىلىك گۈ-
زەللىكنىڭ يۈكسەكلىكىگە ئېرىشتۈردى . قىپيالىڭاچ ھالەتتە «باپكار-
نىڭ كۆلى» گە سىيدى ۋە ئىنساننىڭ بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز تونۇپ
يەتمىگەن يوشۇرۇن ماھىيەتلىرىنى ئاشكارىلىدى .
دېمەك ، ئەختەم ئۆمەر ئۆز ئەسەرلىرىدە تراگېدىيىدىن ئىبارەت
بۇ يۈكسەك ئاڭنى چوڭقۇر ئىپادە قىلدى ۋە ئۇنى ئۆز پېرسوناژلىرى-
نىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس يۇغۇرۇۋەتتى . ئۇ مەخسۇس تراگې-
دىيە يېزىپ ، كىتابخانلارنىڭ كۆزىنى ياشلاش ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى

تارىم بويىدىكى ئۇيغۇر هاياتىنى مانا مۇشۇنداق توقۇلما چىنلىقى
ئىچىگە ئەكىرىپ ، تەكلىماكان روھىنىڭ بىزگە مەلۇم بولمىغان قا-
راڭغۇ بوشلۇقلىرىنى ئېچىپ بەردى . مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئەخ-
تەم ئۆمەر ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ ھەقىقىي
مەنىدىكى ئادەم بىلەن ھەقىقىي مەنىدىكى تراگېدىيىنى ئىپادە قىلالى-
غانلىقىدىندۇر .

## زاغرا تىل ۋە سىدام تەسۋىر

ئەدەبىياتنىڭ ئۆزى تىل سەنئىتىدۇر . شۇنداق بولغاچقا ، ئەدەبىي
ئەسەرلەر ئىنسان روھىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى قاتلىمىنى يورۇتۇپ
بېرىشتە باشقا ھەرقانداق پەن قادىر بولالمىغان مۇمكىنچىلىككە ئىگە .
بىز ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئىجادىيىتىگە نەزەر تاشلىساق ، ئۇنىڭ ئالاھىدە
تىل ماھارىتىگە ئىگە يازغۇچى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز .
ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە يۈكسەك بەدىئىي رەڭ بېرىۋاتقان نەرسە ـ دەبدە-
بىلىك تىل ، ئاجايىپ سۆز ـ ئىبارە ۋە ھەيۋەتلىك تەسۋىرلەر بولماس-
تىن ، بەلكى زاغرا تىل ۋە سىدام تەسۋىردۇر . شۇڭا ، بىز ئەختەم
ئۆمەرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى بۇ خىل تىل بايلىقىدىن ھاياجانغا چۆمۈلد-
مىز .

ئەختەم ئۆمەر ئۆز ئەسەرلىرىدە ، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يو-
رۇتۇپ بېرىدىغان ھەرقانداق دېتالنى ئاپتور باياندا ئەمەس ، بەلكى
پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگ ـ مونولوگلىرى ئارقىلىق بېرىدۇ . بۇ خىل
ئەھۋال ئۇنىڭ پېرسوناژلىرىغا كۈچلۈك تەبىئىيلىك بېغىشلايدۇ .
ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلار ئاددىي كىشىلەر ، دېھقانلار ۋە
تۆۋەن قاتلامدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ خاراك-
تېرىگە خاس زاغرا تىل ۋە سىدام تەسۋىر ئىشلىتىلگەن . بۇ خىل
ھالەتنى ئۇنىڭ ھەممىلا ئەسەرلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . مەسى-



لەن :
« ـــ يائاللا ، سە ··· سەن بىر ئەرگە تەگسەڭ خۇدا خۇش
بولماسمىدى ··· ؟
ـــ سىلى ئالامىلا ··· ھى··· ھى ··· ھى ··· ھى ···
ـــ ئاغزىڭنى چايقىۋېتىپ گەپ قىل ، نەپسى بالا قانجۇق . سېنى
ئالىدىغان مەن قالدىممۇ ؟ خۇدا ساقلا!
ـــ ھىم ··· ھەممە ئادەمنىڭ سىلىنىڭ ئالتۇن كۆڭۈللىرىدەك
كۆڭلى بار ، مۇشۇ قاسقان شەپكە بىلەن ئالا ـ بۇلىماچ كىيىملەرنى
كىيىۋېلىپ ، ئۆزلىرىنى ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇۋاتقاندەك ، باشقا
ئادەمنى يەردە پاقىدەك ئۆمىلەپ يۈرگەندەك ھېس قىلىدىغان ئوخشاي-
لا . بىلىپ قويسىلا ، باشقىلارمۇ سىلىگە ئوخشاش ئادەم .
ـــ ھەي داپيۈز ، تولا كاسىلدىما ، سەن زادى غىت قىسىپ
يۈرەمسەن يا ھەپسىدە يېتىپ پىتقا يەم بولامسەن ؟
ـــ ھىم ، نوچىنىڭ گېپىگە قاراڭ··· ! »
مانا بۇ ئۇنىڭ «يۇلتۇزسىز كېچە» ھېكايىسىدىكى بىر پاھىشە
ئايال بىلەن ئاددىي ساقچى ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت ، يازغۇچى بۇ
ئىككى پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىگە باب كېلىدىغان ئاددىي ، زاغرا تىل
بىلەن ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى تەبىئىي راۋاجلاندۇرغان .
بولۇپمۇ يازغۇچىنىڭ «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» پوۋېستىدا يۈك-
سەك تىل ماھارىتى نامايان قىلىنغان .
نۇسرەتنىڭ «ئەتىگەن قويۇۋالغان ئوسمىسىنىڭ تەر بىلەن يۇيۇ-
لۇپ ، سۇس ئىزناسى قالغان »لىقى ، ياسىن مەدەك «سۆيگەنگە روزا
بۇزۇلمايدۇ» دەپ ، نۇسرەتنىڭ بوينىدىن سۆيۈۋالغاندا ، نۇسرەتنىڭ
«كۆكۈيۈن چاققان بايتالدەك سەكرەپ» ئاچچىق ئارىلاش ئاجايىپ ناز ـ
كەرەشمە بىلەن «سەتلىكىنى ، توخۇ پوقى» دەپ تىللىشى بىزنى
ئاجايىپ ھاياجانغا سالىدۇ . يازغۇچى ئەسەردە ئاجايىپ ماھىرلىق بى-
لەن پېرسوناژلار دىئالوگلىرىنى جانلىقلىقا ۋە ئاددىيلىقا ئىگە قىل-

غان ، شۇنىڭدەك پېرسوناژلار تىلىنى پسىخىكىلىق تۇسكە ئىگە قى-
لىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن .

يەنە بىر تەرەپتىن ئەختەم ئۆمەر ئۆز ئەسەرلىرىدە ئاجايىپ نازۇك
سىدام تەسۋىر قوللاندى ۋە شۇ ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ روھىي
دۇنياسىنى خۇددى ئۇستا رەسسامدەك سىزىپ بەردى ، نۇسرەتنىڭ
جىگدىلىكتە ياسىن مەدەكنى ئەسلەپ تۇرغان ھالەتتىكى روھىي دۇنيا-
سى بىلەن «باپكارنىڭ كۆلى» بويىدىكى دولان مەشرىپىنىڭ كۆرۈنۈش-
لىرى ئەنە ئاشۇنداق تەبىئىي ۋە سىدام تەسۋىر ئارقىلىق بەدىئىي
گۈزەللىككە ئايلانغان . ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئىستى-
لىستىكىلىق ۋاستىلەر شۇنچىلىك يېڭى ، شۇنچىلىك رەڭدار بولۇپ ،
كىشىگە مەڭگۈ ئۇنتۇلماس تۇيغۇ بېرىدۇ .



# خالىدە ئىسرائىل

خالىدە ئىسرائىل — ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە قىممەتكە ئىگە
بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بىلەن كىشىلەر قەلبىنى ھاياجانغا
سالغان ، شۇنداقلا يېڭى دەۋر پروزىچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن
مۇناسىپ ھەسسىلەرنى قوشقان ۋە ئىجادىيەتتە مەلۇم يۇكسەكلىك
ياراتقان ، شۇ سەۋەبتىن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يېڭى چولپان» دەپ
ئاتالغان مۇنەۋۋەر ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى .

## خالىدە ئىسرائىلنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

خالىدە ئىسرائىل مىلادىيە 1952 - يىلى 10 - ئايدا قەشقەر
شەھىرىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . مەمۇرىي ۋەزىپىدىكى
ئاپىسىنىڭ خىزمىتىنىڭ يۆتكىلىپ تۇرۇشى سەۋەبىدىن ، ئۇ بالىلىق -
ئۆسمۈرلۈك يىللىرىنى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئاقسۇ - خوتەن
قاتارلىق جايلاردا ئۆتكۈزگەن . ئوتتۇرا مەكتەپنى ئوقۇپ تاماملىغاندىن
كېيىن ، مىلادىيە 1971 - يىلدىن 1972 - يىلغىچە «خوتەن
گېزىتى» ئىدارىسىدە ئىشلىگەن . 1972 - يىلى مەركىزى مىللەتلەر
ئىنستىتۇتىنىڭ تىل فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن . 1975 - يىلى
ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر
تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ .

خالىدە ئىسرائىل ئۆزىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تۇرمۇش ئەمەلى-
يىتى جەريانىدا بۇگۈنكى ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ يوشۇرۇن بوشلۇقلىرىنى
چوڭقۇر كۆزەتتى ۋە ئۆزىدە تولۇپ تاشقان بەدىئىي دىت جۇغلىدى .

شۇنىڭ بىلەن 1985 ـ يىلدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن . ئۇ گويا بىردىنلا بەرق ئۇرۇپ چېچەكلىگەن باھار گۈللىرىدەك ، ئۆزىنىڭ بىر يۇرۇش ياخشى ئەسەرلىرى بىلەن كىتابخانلار قەلبىنى لەرزىگە سالدى . ئۇلاردا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قالدۇردى . ئۇ ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۆزىنىڭ بىر يۇرۇش ئاز ، ئەمما ساز بولغان ، كىتابخانلار قەلبىنى لەرزىگە سالالىغان ئەسەرلىرى بىلەن ئەدەبىياتىمىز مۇنبىرىدە ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن ئالدى .

ئۇ مىلادىيە 1985 ـ يىلى ئېلان قىلغان تۇنجى ھېكايىسى «ئىھ ، ھايات» تىن باشلاپ ھازىرغىچە «ئانا» ، «ئويغىنىش» ، «ئەڭ گۈزەل خاتىرە» ، «يىلتىز» ، «ھاڭگىرت كۆلى» ، «تىمتاس شەھەر» ، «قۇملۇقنىڭ چۈشى» ، «ئۇ كۆزلەر» ، «رەڭدار قۇيۇن» ، «باھاردا ياغقان قار» ، «ئوربىتا» ، «مەختۇمسۇلا» قاتارلىق ساناقلىقلا ھېكايە ، پوۋېستلىرى بىلەن نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا تەسىرى زور يازغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى . بىر قىسىم ھېكايە ـ پوۋېستلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ، ياخشى باھالارغا ئېرىشتى . مۇھىم ئەسەرلىرى «قۇملۇقنىڭ چۈشى» دېگەن نام ئاستىدا توپلام قىلىنىپ نەشر قىلىندى .

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاپتورلار قوشۇنى كۈنسايىن زورايغان ، ھەر يىلى ژانىردىكى ئەسەرلەر كۆپلەپ يېزىلغان بولسىمۇ ، لېكىن كىتابخانلار ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان ، ئەسەرلىرى زور غۇلغۇلا قوزغىغان يازغۇچىلار ناھايىتى ئاز . خالىدە ئىسرائىل دەل مۇشۇ تىپتىكى ساناقلىقلا يازغۇچىلارنىڭ بىرىدۇر . بىز خالىدە ئىسرائىلنىڭ ئىجادىيەت يولىغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا ، مۇنداق بىر ئالاھىدە ئەھۋالنى ھېس قىلىمىز : ئۇنىڭ ئىجادىيەت قەدىمى نىسبەتەن كېيىن باشلانغان ، مىلادىيە 1985 ـ يىلدىن بۇرۇن ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنمىغان ، ئۇنداقتا ، ئۇ تاسادىپىيلا نامەلۇم بىر غايىۋى كۈچتىن ئىلھاملىنىپ يازغۇچى بولۇپ قالدىمۇ ؟ كىتابخانلار نېمىشقا



ئۇنىڭ ھەممىلا ئەسەرلىرىنى شۇنچىلىك ياقتۇرۇپ ئوقۇيدۇ ؟ ئەلۋەتتە ، بۇنداق بولۇشىنىڭمۇ مەلۇم ئاساسى بار . خالىدە ئىسرائىل بىر سەنئەتكارغا خاس سەۋرچانلىق بىلەن رېئال تۇرمۇشنى ئۇزۇن مۇددەت كۆزەتكەن ، مىللىي ئەدەبىياتىمىز ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلغان ۋە ھايات ، جەمئىيەت ، شۇنداقلا ئەدەبىيات توغرىسىدا تەپەككۇر قىلغان . ئالدىراپ نام چىقىرىشنى مەقسەت قىلماي ، ئۇزۇن كۈنلەر بىلەن جىمجىت تۈنلەرنى جاپالىق ئىزدىنىشكە ، ئۆزىدە ئالاھىدە بەدىئىي دىت يېتىلدۈرۈشكە سەرپ قىلغان . شۇنىسى ئېنىقكى ، دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى ھەرقانداق بىر مەشھۇر ئەسەر تاسادىپىيلا مەيدانغا كەلگەن ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى كەينىگە سانسىزلىغان جاپالىق ئىزدىنىشلەر بىلەن ئۇن ـ تىنسىز تۆككەن قان ـ تەرلەر يوشۇرۇنغان . شۇڭا بىز خالىدە ئىسرائىلنىڭ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدىلا قولغا كەلتۈرگەن بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇزۇن مۇددەتلىك يوشۇرۇن چېنىقىش ، يەنى تەييارلىنىشنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز . چۈنكى ، خالىدە ئىسرائىلنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە نىسبەتەن ئاددىي ، پىششىقلاشتىن ئۆتمىگەن ، بەدىئىيلىكى تۆۋەن ئەسەرلىرى يوق دېيەرلىك . ئۇ گويا ئۇزاق مۇددەتلىك تىمتاسلىقتىن كېيىن ، تۇيۇقسىزلا چېقىلغان چېقىندەك شاۋقۇنسىز ئىلگىرىلەۋاتقان ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا ئۆز جىلۋىسىنى نامايان قىلدى . ئاددىي ئەمما ھەقىقىي «ئادەم» لىك ھېس ـ تۇيغۇغا ، مۇرەككەپ ، قېلىپسىز ھەم زىددىيەتلىك ماھىيەتكە ئىگە پېرسوناژلىرى ؛ رىۋايەتتەك ساددا ۋە گۈزەل ئۇسلۇبى ؛ دەبدەبىسىز ، ئەمما ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ، ئەڭ پىنھان ۋە ئەڭ نازۇك روھىي تۈگۈنلىرىنى سۈرەتلەپ بېرەلەيدىغان چۈچۈك تىلى بىلەن كىتابخانلار قەلبىنى لەرزىگە سالالىدى ••• قىسقىسى ، خەلق خالايدىغان ئەسەرلىرى بىلەن خەلق كۆڭلىنى مايىل قىلدى .

يازغۇچى خالىدە ئىسرائىلنىڭ ئۆزگىچە بەدىئىي ماھارىتى ئۇنىڭ
تۇنجى ھېكايىسى «ئىھ ، ھايات» تىن باشلاپلا ئىپادىلىنىشكە باشلىـ
غان . ئاپتور بۇ ھېكايىسىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ ـ غارا-
يىپ ۋەقەلەرنى يازغان ئەمەس ، بەلكى ناھايىتى ئاددىي ، كىشىلەر
تەرىپىدىن ئايالLARنىڭ غەيۋەتلىرى دەپ ئاتالغان «كۇس ـ كۇس»
پاراڭلار ئارقىلىق ھاياتلىقنىڭ كىشىلەر تازا زەن سېلىپ كەتمەيدىـ
غان ، ئاسانلا ھېس قىلالمايدىغان نازۇك تەرەپلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن
سۇرەتلەپ بېرىدۇ .

دەرۋەقە ، ھايات گۈزەل ، ئۇنىڭ پىنھان چوڭقۇرلۇقلىرىغا ئىنـ
سانلارنىڭ تاتلىق تەبەسسۇمى بىلەن ئاچچىق كۆز يېشى يوشۇرۇنغان
بولىدۇ . يازغۇچى ئارىشاڭدىن ئىبارەت بۇ ھاياتلىقنىڭ كىچىككىنە
بۇلۇڭىنى تۇتقا قىلىپ ، بىر تەرەپتىن ئارىشاڭنىڭ مۇڭلۇق ئۆتمۇشىـ
نى سۆزلىسە ، يەنە بىر تەرەپتىن كۆزلىرىدىن ياشلىق نۇرلىرى چاقـ
ناپ تۇرغان ياش چوكان گۈلچېھرەنىڭ دوختۇر قاسىمغا بولغان
مۇھەببىتىنى تەسۋىرلەيدۇ .

مۇنداقچە ئېيتقاندا ، پۈتكۈل ھېكايە بىر گۈزەل شېئىرغا ياكى
يېقىملىق مۇزىكىغا ئوخشايدۇ . ئۇنىڭدا مۇكەممەل سۇژېت قۇرۇلمىـ
سى ۋە «ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن» پېرسوناژلار ئوبرازى يوق . يازغۇچى
بىر ماھىر قەلەم ئىگىسىگە خاس سەزگۈرلۈك بىلەن ، تۇرمۇشنىڭ
ناھايىتى ئاددىي ۋە «تۇتامغا چىقمايدىغان» تەرەپلىرىنى يۇقىرى بەدىـ
ئىي ماھارەت بىلەن سۇرەتلەپ بېرىدۇ .

ھېكايىدە تۇراخۇن بوۋاينىڭ گويا چۈشكە ئوخشاش بىر ـ بىرىگە
تۇتىشىپ كەتكەن ئۇلانما ھېكايىلىرى بىزگە ھاياتلىقنىڭ مەڭگۇ ئۈزۈـ
لۈپ قالمايدىغان ئۈزۈلمەس ئېقىمىدىكى تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدىـ
غان چۈچۈك كارتىنىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

ئارىشاڭغا كەلگەندىن كېيىن ، ياش چوكان گۈلچېھرەنىڭ قەلبىـ
دە ئويغانغان مۇھەببەت ئۇنىڭ كېسىلىنى ساقايتىۋېتىدۇ . ئۇ باشقىـ



چىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ… يەنە بىر تەرەپتىن ئارىشاڭدىكى
ھەنىۋا كىشىلەر ئۇنىڭغا قىزىقىدۇ : ئايالLAR ھەۋۋا ئانىدىن قېپقالغان
كۈندەشلىك ۋە رەشك ئازابى بىلەن گۈلچېھرەگە ھەم ئۆچلۈك ، ھەم
قىزىقىش ئىچىدە قارايدۇ ؛ ئەرلەر ئۆز نازاكىتى ۋە ئايالLARغا خاس
ناز ـ خۇلقى بىلەن ھەممىگە ئەركىلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى لەت قىلىۋاتقان
بۇ يېقىملىق چوكانغا ھەۋەس بىلەن قارىشىدۇ .

دېمەك ، ئارىشاڭ ئۆز نۆۋىتىدە بىر جەمئىيەت ، شۇنداقلا ھاياتـ
لىق دۇنياسى . يازغۇچى كىچىككىنە ئارىشاڭدىن ئىبارەت بۇ كۆزنەك
ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ خىلۋەت بوشلۇقلىرىغا يوشۇرۇنغان ئاچچىق
خۇشاللىق بىلەن شېرىن ئازابنى تولۇق ئېچىپ بېرىدۇ . مۇھەببەتنىڭ
ئۇلۇغلۇقىنى ، گۈزەللىكنىڭ ھەممىنى مەپتۇن قىلىدىغانلىقىنى ، ئادـ
دىي تۇرمۇش قاينىمىغا مۇرەككەپ ھايات كەچۈرمىشلىرىنىڭ مۇجەسـ
سەملەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

خالىدە ئىسرائىلنىڭ 1988 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «يىلتىز»
ناملىق ھېكايىسىمۇ خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان ئەسەر ھېسابلىـ
نىدۇ . ھېكايە باشلىنىشى بىلەنلا ئاپتور ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈش
ئالدىدا تۇرغان دىلئارا بىلەن ئادىلنىڭ مۇھەببىتىنى تەسۋىرلەشنى
ئاساس قىلغاندەك قىلىسىمۇ ، لېكىن ھېكايىنىڭ ئاساسىي تېمىسى
باشقا يەردە ، يەنى ئادىلنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى تەكلىماكان
باغرىدىكى خىلۋەت ۋە نامرات يېزىنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن .

ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان ،
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېزا تۇرمۇشىغا بېغىشلانغان ئەسەرلەر خېلىلا كۆپ
يېزىلدى . بىراق ، بۇ تۈردىكى ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە بېيىشقا
باشلىغان دېھقانلارنىڭ خۇشاللىقى ، پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە بولغان
مىننەتدارلىقى ، بېيىغاندىن كېيىن قانداق ياخشى ئىشلارنى قىلىپ
بەرگەنلىكى قاتارلىق يۈزە ۋەقەلەر ۋە تۇرمۇشنىڭ ئايرىم قىسىملىرىلا
ئەكس ئەتتۈرۈلدى . دېھقانلار ھاياتىنىڭ تاشقى پوستىلا سۈرەتلىنىپ ،

ئىچكى قىسمى ، نېگىزلىك زىددىيەتلىرى ، خۇشاللىق ۋە ھەسرىتى ،
قايغۇ ـ ئەلىمى ۋە ئەرز ـ دادى ئەكس ئەتتۈرۈلمىدى .
شۇنىسى ئېنىقكى ، بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى شۇ مىللەتنىڭ
خۇشاللىقى بىلەن كۆلكىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ،
يەنە شۇ مىللەتنىڭ ئازابى بىلەن يىغىسىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم .
ئۆز مىللىتىنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ ، كۈلكىسىنى كۈلەلمىگەن ئەدەبىـ
يات ، كىتابخانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايدۇ .
يازغۇچى خالىدە ئىسرائىل بۇ ھېكايىدە ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب
بىلەن تەكلىماكان باغرىدىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ ھەقىقىي رېئاللىقىـ
نى ئېچىپ بەرگەن . قۇرغاق مۇھىت ، جاپالىق شارائىت ، ئەسىر ـ
ئەسىرلەردىن بۇيان قۇملۇق بىلەن بولغان پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئېلىـ
شىش ، خىلۋەت ، پىنھان مۇھىتتا دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىلىرىدىن
ئايرىلىپ قېلىش ، دىنىي ئاسارەتنىڭ قاتتىق ئىسكەنجىسىگە ئۇچراش
جەريانىدا ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ خاراكتېرىدە باشقا خەلقلەرگە ئوخـ
شىمايدىغان ، تەكلىماكان مۇھىتىغا خاس بولغان ، تىنىمسىز پاجىئەـ
لەرگە ياندىشىپ ۋە ئۆز خاراكتېرىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدىغان ئالاھىـ
دىلىك شەكىللەنگەن . بۇ خىل ئالاھىدىلىك قۇملۇق روھى (ياكى
تەكلىماكان روھى ) بىلەن چەمبەرچاس گىرەلىشىپ كەتكەن . بىز
يازغۇچىنىڭ بىۋاسىتە تۇرمۇش تەسۋىرلىرىدىنلا ئەمەس ، ھەتتا تەبىـ
ئەت ۋە مەنزىرە تەسۋىرلىرىدىنمۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ساپ ، ساددا ،
سۆيۈملۈك ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر قەدەمدە ئۆز ئاجىزلىقىدىن
غالىب كېلەلمەيدىغان روھىنى ھېس قىلغاندەك بولىمىز . بىز تۆۋەنـ
دىكى قۇرلارنى ئوقۇغىنىمىزدا ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ ئىككى
خىل روھنىڭ بۇ ئەسەردىكى ئىپادىسىنىڭ تەسىرىدىن زوقلىنىمىز ۋە
قايىل بولماي تۇرالمايمىز .
«شۇنداق ، قۇملۇق جانسىز ، ھېسسىياتسىز ، تىپتىنچ ، ئەمما
ئۇ پۈتۈن دەرد ـ ئەلىمىنى ، غەزەپ ـ نەپرىتىنى ، شادلىقى ۋە



مۇھەببىتىنى ئىچىگە چوڭقۇر يوشۇرغان .
ئۇ پەرداز قىلىشنى بىلمەيدىغان سەھرا ئاياللىرىدەك ساددا ،
بېزەكسىز ، كۆرۈمسىز ، ئەمما ئۇنىڭ ئىچ ـ باغرى پۈتمەس ـ تۈگىـ
مەس خەزىنە··· »
دېمەك ، «يىلتىز» ھېكايىسى ئۆزگىچە ئۇسلۇب بىلەن ئۇيغۇر
يېزىلىرىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى جانلىق ، تەسىرلىك سۈرەتلەپ بەرـ
گەن ، ئاپتور ھېكايىدە خۇشاللىقنى ئەمەس ، ئاچچىق كۆز ياشنى ،
تىپىكلەشتۈرۈلگەن مۇھىتنى ئەمەس ، بەلكى سىدام تۇرمۇشنى تەسـ
ۋىرلەيدۇ . شۇ ئارقىلىق گويا مۇگدەپ ياتقان تەكلىماكان بارخانلىرىـ
دەك جىملىقتا كۆنۈككەن ، شۈكۈر ـ قانائەتكە ئۆگەنگەن ، شاۋقۇنلۇق
تۇرمۇشقا ، گۈزەل كەلگۈسىگە ۋە دۇنياۋى ئۆزگىرىشلەرگە پەرۋاـ
سىز ، شۇنىڭدەك روھىي بۇرۇقتۇرمىلىقتا مەھكۇم بولغان دېھقانلىرىـ
مىز ئۈستىدە قايتا ئويلىنىشقا چاقىرىدۇ .
«ھاڭگىرت كۆلى» يازغۇچىنىڭ 1990 ـ يىلى ئېلان قىلغان
يەنە بىر بۆسۈش خاراكتېرلىك ھېكايىسى ھېسابلىنىدۇ .
ھېكايە ھاڭگىرت كۆلىدىكى گويا گۈزەل بىر رىۋايەتكە ئوخشاپ
كېتىدىغان ئىككى سەبىي بالىنىڭ سېھىرلىك ھېكايىسىدىن باشلىنىپ
تەدرىجىي ھالدا رېئال تۇرمۇشقا قايتىدۇ . بالىلىق چاغلىرىدا ھاڭـ
گىرت كۆلىدە بىللە سۇغا چۈمۈلۈپ ، گويا شوخ قۇمچاقلاردەك پىلـ
تىڭلاپ ئويناپ قەلبىدە مەڭگۈ ئۇنتۇلماس گۈزەل بالىلىق خاتىرىلەرـ
نى قالدۇرغان بۇ ئىككى بالا تۇرمۇش رەھىمسىزلىكى تۈپەيلىدىن بىر ـ
بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ . بىراق ، ئۇلار قەلبىدىكى خاتىرە گويا
ھاڭگىرت كۆلىنىڭ تىنىق سۈيىگە ئوخشاش مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىـ
دۇ . ئارىدىن ئۇزاق يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇلار تاسادىپىي ئۇچـ
رىشىپ قالىدۇ ۋە بالىلىق چاغلىرىدىكى ساپ ھېسسىيات بىردىنلا
مۇھەببەتكە ئايلىنىدۇ . زۆھرە ئۇچۇن ھاڭگىرت كۆلىدىكى گۈزەل
ھايات قايتىدىن باشلىنىدۇ . مۇھەببەت ئۇنى ئازابلىق ، ئەمما شېرىن

تۇيغۇلارغا ئەسىر قىلىدۇ… بىراق تەلپۈنۈش ئىچىدىكى گۈزەل ھايات
ئۇزاققا بارمايدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشتىكى يېڭى پاجىئەلەر، تىراگېدىك
توقۇنۇشلار ئۇنىڭ ساپ مۇھەببىتىنى قانداق ئويغانغان بولسا شۇ پېتى
ھاڭگىرت كۆلىنىڭ سۇيىگە دەپنە قىلىنىۋېتىدۇ.

زۆھرە ئاخىر تەقدىرگە بويسۇنۇپ، ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان
يەنە بىر ئەرگە ياتلىق بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا ۋۇجۇدىدىكى
كىچىككىنە ئۈمىد بىلەن تىرىشىپ - تىرمىشىدۇ. مۇھەببەتتىن سۇ
ئىچمىگەن كۆڭلىنى كەسىپكە بېغىشلايدۇ. كەسىپتىن ئۆزىگە تەسەل-
لى ئىزدەيدۇ. بىراق، ئارقا - ئارقىدىن كېلىۋاتقان زەربىلەر،
تۇرمۇشتىكى سوغۇقچىلىقلار ئۇنىڭ ئاخىرقى تىرىشچانلىقلىرىنىمۇ
خورىتىشقا باشلايدۇ. دەل مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ ئۆز ئۆيىدە
تۇنجى سۆيگەن كىشىسى يۇسۇپنى كۆرىدۇ ۋە قايتىدىن روھىي ئىزتى-
راپ ئىچىگە چۆكۈپ قالىدۇ. ئۆزىنى چىرماپ تۇرغان روھىي كىشەن-
لەردىن ۋاز كېچىش كېرەكمۇ؟ شۇنداق، ئۇ قولدىن كەتكەن بەختى
ۋە مۇھەببىتى ئۈچۈن ھەممىدىن ۋاز كېچىش قارارىغا كېلىدۇ. ئۇ
ئۆز خاراكتېرىدىن غالىب كېلىدۇ ۋە بۇ ئائىلىنى تاشلاپ كېتىدۇ.
گەرچە زۆھرەنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەقدىرى تىراگېدىيىگە ئايلانغان بول-
سىمۇ، لېكىن مۇھەببەتلىك ۋۇجۇدىنىڭ ئىسيانكارلىقىنى ئىپادە قى-
لىدۇ.

ھېكايىدىكى پۈتكۈل بايانلار بىزگە بىر خىل چىنلىق تۇيغۇسى
بېرىدۇ. بولۇپمۇ پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى تۇراقسىزلىق، مۇرەك-
كەپلىك ۋە زىددىيەتلىك ئامىللار ئەسەرنىڭ بەدىئىي چىنلىقىنى ناما-
يان قىلىشتا كۈچلۈك رول ئوينايدۇ. بىز ئەسەردىكى ئۈچ پېرسوناژ-
نىڭ ھەممىسىگە نەزەر سالساق، ئۇلاردىكى ئوخشاش بولمىغان مۇرەك-
كەپلىكلەرنى بايقايمىز. يۇسۇپ بىلەن ئەخمەتتىن ئىبارەت بۇ ئىككى
ئوبرازنىڭ قايسىسىنى ياخشى كۆرۈپ، قايسىسىغا نەپرەتلىنىشىمىزنى
بىلەلمەيمىز. ئۇلارغا باشتا ھېسداشلىق قىلساق، ئاخىرىغا بېرىپ



نەپرەتلىنىمىز. يازغۇچى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن پېرسوناژ يارى-
تىشتىكى ئەنئەنىۋى قېلىپنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۆز پېرسوناژلىرى —
يۇسۇپ بىلەن ئەخمەتنىڭ ئۆز خاراكتېرىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدىغان
تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

زۆھرە — ھېكايىدىكى باش پېرسوناژدۇر. ئۇنىڭ پۈتكۈل
خاراكتېرى مۇھەببەت، ئۈمىد، پاجىئە ئىچىدە، خۇشاللىق بىلەن
ئازاب ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن مۇھىتتا يارىتىلىدۇ. يازغۇچى
ئىنسان خاراكتېرىنىڭ زىددىيەتلىك، تۇراقسىز ۋە قېلىپقا چۈشمەيدى-
غان تەرەپلىرىنى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن زۆھرە ئوبرازىنى
يارىتىشقا سەرپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ زۆھرەنىڭ پسىخىكىلىق خاراكتې-
رى ۋە روھىي داۋالغۇشلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن يورۇتۇشقا ناھايى-
تى ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭ روھىيىتىدىكى كىچىككىنە ئۆزگى-
رىشلەرنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمايدۇ. زۆھرە ئۇزۇن مۇددەتلىك
روھىي بۇرۇقتۇرمىلىقتىن كېيىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئۆز خاراكتې-
رى ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ. ئائىلە، جەمئىيەت، ئەخلاق ۋە قائىدە -
يوسۇن قاتارلىق رامكىلارنى بىراقلا ئىرغىپ تاشلىۋېتىپ، مۇھەببەتكە
ئېرىشىش يولىنى تاللىۋالىدۇ. شۇڭا، زۆھرەنىڭ پاجىئەگە ۋە تىراگې-
دىيىگە يولۇققان ئاخىرقى تەقدىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇنىڭغا بولغان
ھېسداشلىقىمىز ھەسسىلەپ ئاشىدۇ… ئۇ ساپ مۇھەببەتكە ئېرىشەل-
مەيدۇ، ئۈست - ئۈستىلەپ ئوڭۇشسىزلىققا دۇچ كېلىدۇ، لېكىن
ئۇ بىر ئىنسان بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ساپ مۇھەببەتكە ئېرى-
شىش ئۈچۈن تىنىمسىز ئۇرۇنىدۇ. ئىسيانكارلىق روھىنى ئىپادە
قىلىدۇ.

خالىدە ئىسرائىلنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتى ئۇنىڭ «قۇم-
لۇقنىڭ چۈشى» ناملىق پوۋېستىدا رەسمىي ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.
«قۇملۇقنىڭ چۈشى» يازغۇچىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي مۇۋەپپەقى-
يىتى ۋە ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى سۈپىتىدە كىتابخانلار تەرى-

پىدىن قىزغىن ئالقىشلاندى ۋە سۆيۈپ ئوقۇلدى .

ھەممىگە مەلۇمكى ، رېئالىزملىق روھ نەچچە مىڭ يىللاردىن
بۇيان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كەلدى . گەرچە
بۇ خىل ئەھۋال كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى-
مىزدىكىدەك روشەن كۆرۈلمىسىمۇ ، لېكىن يوشۇرۇن ۋە ۋاسىتىلىك
ئىپادىلەندى . مانا مۇشۇنداق روھ خالىدە ئىسرائىلنىڭ قەلىمى ئاستى-
دا ، ھەۋزىخاندىن ئىبارەت «قان ۋە گۆشى» بار ئوبرازدا يۈكسەكلىك-
كە كۆتۈرۈلدى .

پوۋېستنىڭ باشلىنىشىدىن تارتىپ ئاخىرلاشقۇچە بولغان جەريان
گويا بىر گۈزەل رىۋايەتكە ياكى ئاق چاچلىق مومايلارنىڭ ئاغزىدىن
چىقىپ ، سەبىي باللارنىڭ قەلبىگە قويۇلۇۋاتقان سېھىرلىك چۆچەككە
ئوخشايدۇ . بىراق ، بىز ئەسەرنىڭ تەرەققىياتىدىن ھېچقانداق غەلىتى-
لىك ، بىمەنىلىك ۋە ساختىلىق ھېس قىلمايمىز .

دەرۋەقە ، «قۇملۇقنىڭ چۇشى» پوۋېستى خەلقىمىز ئىچىدە تار-
قىلىپ كېلىۋاتقان ھەۋزىخان رىۋايىتىگە ئاساسەن يېزىلغان . بىراق ،
ئاپتور ئەسەرنى يېزىش جەريانىدا ، بۇ رىۋايەتكە كۆپ كۈچ سەرپ
قىلىپ ، قايتا ـ قايتا پىششىقلاپ ئىشلىگەن ۋە بەدىئىي يۈكسەكلىككە
كۆتۈرگەن . رىۋايەتلەردىكى ئۇقۇملاشقان ھەۋزىخان ئوبرازىنى جاي-
لىق ، ئىشىنەرلىك ۋە كىتابخانلارنىڭ بەدىئىي ھەزىمى كۆتۈرگۈدەك
دەرىجىدە يورۇتۇپ بەرگەن .

ئەسەر باشلىنىشى بىلەنلا بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا يالتىراپ تۇر-
غان قۇم بارخانلىرى ئىچىگە ئورالغان خىلۋەت يېزىنىڭ گۈزەل مەنزى-
رىسى نامايان بولىدۇ . ئاپتور ئاجايىپ سىپتا ، نازۇك ۋە ئاددىي
تەسۋىرلەر ئارقىلىق تەكلىماكان قوينىدىكى بۇ بوستانلىقنىڭ قىياپى-
تىنى خۇددى كىنو لېنتىسىدەك كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ . شۇڭا
بىز ئەسەرنى ئوقۇۋاتقىنىمىزدا گويا يېقىملىق بىر مۇزىكا ئاڭلاۋاتقان-
دەك ياكى شېئىر ئوقۇۋاتقاندەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالىمىز .



ئەسەردىكى زىددىيەت ـ توقۇنۇشلارنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ، پېرسوناژ-
لار خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپلىكى ، تراگېدىيە تۈسىنىڭ قويۇقلۇقى
مەزكۇر پوۋېستنىڭ ئېستېتىكىلىق قىممىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرى-
دۇ . ئەسەرنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئاخىرلىشىشى تراگېدىك بىر جەر-
ياننى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ ، بىزدە مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات
قالدۇرىدۇ .

ئاستا ـ ئاستا ھۆسنىگە تولۇپ ، بويىغا يەتكەن ھەۋزىخان گۈزەل
ۋە تىمتاس باغ ئىچىدە بىر يات ئەر كىشى تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنى-
دۇ . بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىدە مەڭگۈ ساقايماس جاراھەت قالىدۇ .
بىراق ، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى بۇ جاراھەت ياشلىق
ئۇچقۇنلىرى بىلەن كۆمۈلۈپ تاشلىنىدۇ . ئۇنىڭ ھاياتىغا يېڭى بىر
كىشى بۆسۈپ كىرىدۇ . ھەقىقىي ۋاپادارلىققا ۋە پاك مۇھەببەتكە
ئىنتىلىپ كېلىۋاتقان ھەۋزىخان ، كېلىشكەن ، ۋۇجۇدىدا ئەرلەرگە
خاس جاسارەت ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرغان ئابدۇللانى ياخشى
كۆرۈپ قالىدۇ . ئابدۇللامۇ ھەۋزىخاننىڭ كۆيۈك ئوتىدا تالاي ئازابلار-
نى چېكىدۇ . ئاقىۋەت ئۇلار مۇرادىغىمۇ يېتىدۇ . لېكىن ، بۇنداق
بەختلىك كۈنلەر ئۇزاققا بارمايدۇ . ئابدۇللا بىردىنلا ھەۋزىخاننىڭ
جانجىگەر دوستى ھەمراخاننى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ ـ دە ، ۋۇجۇدىدا
ۋاپاسىزلىق ، ئاسىيلىق ۋە رەھىمسىزلىكنىڭ بورىنى قوزغىلىشقا باشلاي-
دۇ . ئۇزۇندىن بۇيان ۋاپادارلىققا ۋە چىن مۇھەببەتكە پۈتكۈل ۋۇجۇ-
دى بىلەن تەلپۈنۈپ كەلگەن ھەۋزىخان ئابدۇللانىڭ ئاسىيلىقى نەتىجى-
سىدە يۈرىكى لەختە ـ لەختە قانغا تولىدۇ . كۈنداشلىق ۋە رەشك
ئوتى ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى مىتىدەك غاجاپ ، ئەسەبىيلىك ۋە
غالجىرلىق دەرىجىسىگە ئېلىپ بارىدۇ . نەتىجىدە كىچىكىدىن بىللە
ئويناپ چوڭ بولغان جانجىگەر دوستى ھەمراخاننىڭ قاتىلىغا ئايلىنىپ
قالىدۇ . قاراڭغۇ زىندانغا سولىنىپ ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ھەۋ-
زىخان ئەنە ئاشۇ دەقىقىلەردە يەنىلا دوستى ھەمراخاننى ياد ئېتىدۇ

ۋە ئۆز قىلمىشىدىن ئۆكۈنىدۇ...

دېمەك، مۇھەببەت بىلەن تراگېدىيە ئىچىدە دولقۇنسىمان تەرەققىي قىلغان ئەسەر سۇژىتى كىتابخانلارغا چىنلىق تۇيغۇسى بېرەلەيدىغان، ھەزىمى كۆتۈرەلەيدىغان دەرىجىدە سۈرەتلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ھەقىقىي پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلىدۇ. بىز ئەسەردىكى ئۈچ ئاساسىي پېرسوناژنىڭ ھېچقايسىسىدىن ياسالمىلىق ۋە شەكىللۋازلىق تۇيغۇسى ھېس قىلمايمىز. يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدا، پېرسوناژلار ئوبرازىدىكى قېلىپبازلىق بۇزۇپ تاشلىنىدۇ. مەيلى ھەۋزىخان بولسۇن ياكى ئابدۇللا بولسۇن مۇرەككەپلىككە ئىگە ئوبرازلاردۇر.

ئەسەرنىڭ بېشىدىن تارتىپلا بىز ھەۋزىخاننىڭ روھىي دۇنياسىدىكى مۇرەككەپ تەرەپلەرنى ھېس قىلىمىز. ئۇ شۇنچە ئاق كۆڭۈل، ساپ ۋە ھەققانىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە بىر ۋاپادار ئايال بولۇشىغا قارىماي، يەنە پۈتكۈل ئاياللارغا خاس بولغان ھېسسىياتچانلىق، كۈنداشلىق قاتارلىق روھىي ئامىللارغىمۇ ئىگە ئايال. مۇھەببەت ئاياللارنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويىدۇ. كۈنداشلىق گويا بىر يالقۇنغا ئوخشاش ئۇلارنى ئەسەبىيلىك دەرىجىسىگە ئېلىپ بارىدۇ. دېمەك، ھەۋزىخانمۇ ھاۋا ئانىمىزدىن تارتىپ يەر شارىغا مۇھەببەت ۋە مۇلايىملىق بېغىشلاۋاتقان سانسىزلىغان ئاياللارغا ئوخشاشلا ئۆز خاراكتېرىنىڭ چەكلىمىلىكلىرىدىن ھالقىپ چىقىپ كېتەلمەيدىغان ئوبرازدۇر. شۇڭا بىز ھەۋزىخاننىڭ كۈنداشلىق تۈپەيلىدىن دوستى ھەمراخانغا پىچاق سالغىنىنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇنىڭغا نەپرەتلىنىشنىڭ ئورنىغا ھېسداشلىق قىلىمىز. يازغۇچى ئەسەردە ئىنسان خاراكتېرىنىڭ رامكىغا چۈشمەيدىغان، قېلىپقا سېلىنمايدىغان كۆپ قىرلىق، تۇراقسىز ئالاھىدىلىكلىرىنى ھەۋزىخان بىلەن ئابدۇللا ئوبرازىنى يارىتىشتا ئىپادە قىلغان. شۇڭا بىز ھەۋزىخان ئوبرازىنى مۇئەييەنلەشكەن ۋە تەگكىلى بولمايدىغان ئىلاھ ياكى مەبۇد سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ۋۇجۇدى ئويغاق، ئوڭ مۇرىسىدە پەرىشتە، سول مۇرىسىدە شەيتان قاراپ تۇرغان.



تومۇرلىرىدا ئىسسىق قانلار ئۇرغۇۋاتقان ھەقىقىي ئادەم سۈپىتىدە ھېس قىلىمىز. يازغۇچىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىمۇ دەل مۇشۇ يەردىدۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا خالىدە ئىسرائىلنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلان قىلغان ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە مۇھەببەت تېمىلىرىغا بېغىشلانغان بىر قىسىم ئەسەرلىرىمۇ بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ئۆزىگە تارتىدۇ. بولۇپمۇ «رەڭدار قۇيۇن»، «ئوربىتا»، «باھاردا ياغقان قار»، «ئۇ كۆزلەر» قاتارلىق ئەسەرلىرى شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. يازغۇچى بۇ ئەسەرلىرىدە جەمئىيىتىمىزدە دۇچ كېلىۋاتقان بىر قىسىم رېئال مەسىلىلەرنى، مىللىتىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا بىخ سۈرگەن كېسەللىكلەرنى جانلىق پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىق ئېچىپ تاشلىغان ۋە كىتابخانلارنى ئويغا سالغان. بولۇپمۇ «رەڭدار قۇيۇن» نىڭ بۇ ھەقتىكى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى كىشىنى قايىل قىلىدۇ.

## خالىدە ئىسرائىل ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

يازغۇچى خالىدە ئىسرائىلنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلەردىن تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن:

بىرىنچى، پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشتا ئەنئەنىۋى قېلىپلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىنسان خاراكتېرىنىڭ رامكىغا چۈشمەيدىغان، تۇراقسىز، ئۆزگىرىشچان، مۇرەككەپ، تىنچسىز ۋە كۆپ قىرلىق ھالەتلىرىنى ئېچىپ بەردى.

ئۇنىڭ تۇنجى ھېكايىسى «ئىھ، ھايات» تىكى گۈلچېھرە ئوبرازىدىن تارتىپ «ھاڭگىرت كۆلى» دىكى زۆھرە، يۈسۈپ ۋە ئەخمەتلەر؛ «قۇملۇقنىڭ چۈشى» دىكى ھەۋزىخان، ئابدۇللا ۋە ھەمراخانلار؛ «رەڭدار قۇيۇن» دىكى ئايشەم بىلەن ھامىدلارنىڭ ئوبرازىغا قەدەر، ھەممىسى گۆشى ۋە ئۇستىخىنى بار پېرسوناژلاردۇر. بىز بۇ پېرسو-

ناژلاردىن ئاددىيلىق ئىچىدىكى مۇرەككەپلىكنى ، ئومۇملۇق ئىچىدىكى
خاسلىقنى ، پسىخىكىلىق ھالىتىدىكى توختاۋسىز ئۆزگىرىشلەرنى
ھېس قىلىمىز .

ئىككىنچى ، تەبىئەت ياكى مەنزىرە تەسۋىرى بىلەن پېرسوناژلار-
نىڭ روھىي ھالىتىنى ئۆزئارا گىرەلەشتۇرۇۋېتىدۇ ياكى تەبىئەت
بىلەن ئىنساننى بىر گەۋدە قىلىپ يۇغۇرۇپ تاشلايدۇ .

بىز دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى ھەرقانداق بىر مەشھۇر ئەسەرنى
ئوقۇغىنىمىزدا ، ئۇنىڭدىكى ئىنتايىن نازۇك ۋە ئىنچىكە بولغان رو-
ھىي ھالەت تەسۋىرىنى بايقايمىز . مەسىلەن ، ھېمىڭۋاينىڭ «بوۋاي
ۋە دېڭىز» ناملىق مەشھۇر ئەسرىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك
ۋەقەلىك يوق ، بىراق ئاپتور بېلىقچى بوۋاينىڭ دېڭىزدىكى بىر كېچە-
لىك پائالىيىتى داۋامىدا ئىنسان بىلەن تەبىئەت (دېڭىز ) ئوتتۇرىسى-
دىكى ھەم بىر - بىرى بىلەن تىنىمسىز كۈرەش قىلىدىغان ، ھەم
بىر - بىرىگە باغلىنىدىغان ئىچكى مۇناسىۋەتنى ئېچىپ بېرىدۇ .
بېلىقچى بوۋاينىڭ خاراكتېرى دېڭىز تەسۋىرى ئىچىدە تەدرىجىي ئاش-
كارىلىنىدۇ . خالىدە ئىسرائىلنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ مانا مۇشۇنداق
ئۆزگىچە ماھارەت ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . مەسىلەن ، «ھاڭگىرت
كۆلى» دە ، ئەسەر باشلىنىشى بىلەنلا ، گويا بىر يېقىملىق مۇزىكىدەك
سۇرەتلەنگەن كۆل تەسۋىرى بىزنى چەكسىز ھاياجانغا سالىدۇ . بىز
زۆھرەنىڭ ھېسسىياتىدىكى داۋالغۇشلار بىلەن ھاڭگىرت كۆلىنىڭ
قاتتىق يامغۇردىكى چايقىلىشلىرىنىڭ ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەنلى-
كىنى ، تەبىئەتنىڭ ھەربىر تىنىقىدا ئىنسان ھېسسىياتىنىڭ ئەكس
ئېتىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز . ئۇنىڭدىن باشقا «قۇملۇقنىڭ چۈشى»
پوۋېستىدىكى ھەۋزىخاننىڭ مۇرەككەپ ھېسسىياتى بىلەن چەكسىز
قۇملۇق تەسۋىرىدىكى ئۆزئارا باغلىنىش ؛ «رەڭدار قۇيۇن» دىكى
چۈشنىڭ تەكرارلىنىشى ؛ «باھاردا ياغقان قار» دىكى ئەكبەرنىڭ
شامالدا قېپقالغان ھالىتى ۋە قىلغان خىياللىرى دەل بۇ خىل بەدىئىي



ماھارەتنىڭ يارقىن ئىپادىلىرىدۇر .

ئۈچىنچى ، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانىۋى تۈس بىلەن
رىۋايەت ئۇسلۇبىغا قايتىشتىن ئىبارەت يېڭى يۈزلىنىش خالىدە ئىسرا-
ئىل ئەسەرلىرىدە روشەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان .

«قۇملۇقنىڭ چۈشى» پوۋېستى بىزگە بىر گۈزەل رىۋايەتنى
ئەسلىتىدۇ . دېمىسىمۇ بۇ ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى خەلق ئارىسىدا تار-
قىلىپ يۈرگەن ھەۋزىخان رىۋايىتىدىن ئۆرنەك ئالغان بولۇپ ، ھازىر-
قى زامان كىشىلىرىنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى يورۇتۇپ بې-
رىشتە مۇھىم دېتال بولىدۇ . ئاپتور خەلقىمىز ئارىسىدىكى بەزى
ئۆدۈم ۋە ئېتىقاد تۈسىنى ئالغان سۆز - جۈملىلەر ۋە قاراشلار بىلەن
ھەۋزىخان پاجىئەسىدىن ئالدىن بېشارەت بېرىدۇ . ھەۋزىخاننىڭ ئانى-
سى قىزىنىڭ چېچىنىڭ ئۇستىگە قايرىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ :
«چېچىنىڭ ئۇچى ئۇستىگە قارايدىغان قىز بەختسىز بولىدۇ» دەيدۇ .
ئەما پالچىمۇ ھەۋزىخانغا : «ئىسست ، سېكىلە ، كۈنداشتىن ئۆلىدى-
كەن» دەيدۇ . دېگەندەك بۇ بېشارەتلەر ئاخىر بېرىپ رېئاللىققا ئايلىنىدۇ .
بىز بۇنىڭدىن يازغۇچىنىڭ بەدىئىي سەزگۈرلۈكىنى چۈشىنەلەيمىز .

تۆتىنچى ، خالىدە ئىسرائىل ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىلگىرى سۇرمەك-
چى بولغان پىكرىنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە يېزىپ ، ھەممىنى تولۇقى
بىلەن كىتابخانغا تاپشۇرۇپ بەرمەستىن ، بەلكى كىتابخانلارغا يېڭى-
ۋاشتىن ئويلىنىش ۋە قايتا ئىجاد قىلىش پۇرسىتى قالدۇرىدۇ .
شۇڭىمۇ نۇرغۇن كىتابخانلار ۋە ئوبزورچىلار خالىدە ئىسرائىل ئەسەر-
لىرىنىڭ رەڭدارلىقى ئۇنىڭ قەلىمىنىڭ «بېخىل» لىقىدا دەيدۇ .
ئەدەبىياتىمىزدا بارلىققا كەلگەن نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئوقۇساق ، بىشى-
نى كۆرۈپلا ئاپتورنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ
بولىمىز . بۇنداق «تەييار ئاش» سۇپىتىدىكى ئەسەرلەر ئېسىمىزدىن
تېزلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ . بىراق بىز خالىدە ئىسرائىل ئەسەرلىرىنى
ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ناھايىتى ئۇزاققىچە ئەسەردىكى پېرسوناژلار

بىلەن بىللە خۇشال بولىمىز ھەم ئازابلىنىمىز ، ھاياجان ئىچىدە
خىيال سۈرىمىز··· مانا بۇ ئاپتورنىڭ كىتابخانلارغا قالدۇرغان ئويلى-
نىش پۇرسىتى ۋە چەكسىز ئېستېتىك ئۇنۇمىدۇر .
بەشىنچى ، خالىدە ئىسرائىل ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى پاجىئە
بىلەن سۇغۇرۇلغان ، تراگېدىيىلىك زىدىيەت - توقۇنۇشلار بىلەن
تولغان .
مەلۇمكى تراگېدىيىلىك گۈزەللىك — گۈزەللىكنىڭ بىر خىل
يۇقىرى شەكلى . دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا قەدىمكى يۇنان تراگېدىي-
لىرىدىن تارتىپ ھازىرقى مودېرنىزىم ئەدەبىياتىغا قەدەر ، تراگېدىيە
تۈسى قويۇق ئەسەرلەر ئىزچىل ئالقىشلىنىپ كەلدى . ئىنسانلارنىڭ
ئۆزىمۇ توختاۋسىز تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان تراگېدىيىلەر ئىچىدە ئۆز -
ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ باردى . ئۇيغۇر ئەدەبى-
ياتىدا گەرچە تراگېدىيىلىك ئەسەرلەر كۆپ يېزىلغان بولسىمۇ ، ئەمما
ھەقىقىي سەنئەت قىممىتىگە ئىگە تراگېدىيىلىك ئەسەرلەر كۆپ ئە-
مەس . خالىدە ئىسرائىل بىر ئايالغا خاس سەزگۈر كۆز بىلەن ئىجتى-
مائىي تۇرمۇشتىكى تراگېدىيىلىك تەرەپلەرنى چوڭقۇر كۆزەتكەن ،
بولۇپمۇ ئاياللار دۇچ كېلىۋاتقان ئىجتىمائىي پاجىئەلەرنى بەدىئىي
يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈپ ، ماھىرلىق بىلەن سۈرەتلەپ بەرگەن . شۇڭا ،
ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ھەۋزىخان ئوبرازىغا ئوخشاش بەدىئىي ئوبرازلا-
رنىڭ بىزدە قالدۇرغان تەسىراتى ئۇزاققىچە تارقالمايدۇ . بىزگە يىغا
بىلەن ياندىشقان مۇڭ ، شېرىن ئازاب ، ئىچكى ئىزتىراپ ۋە پاجىئە
بىلەن سۇغىرىلغان شادلىق بەخش ئېتىدۇ .

## جالالىدىن بەھرام

جالالىدىن بەھرام — يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا خېلى
چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ۋە تەسىرگە ئېرىشكەن يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بى-



رى . ئۇ دەۋر رېئاللىقى كەڭ تۈردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ، تۇرمۇش
پۇرىقى كۈچلۈك ، زىددىيەت - توقۇنۇشلىرى كەسكىن ، پېرسوناژلى-
رى ئۆزىگە خاس خاراكتېرغا ئىگە بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر رومانلىرى
بىلەن يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ، جۈملىدىن ئۇنىڭ روماد-
چىلىق ساھەسىگە گەۋدىلىك تۆھپىلەرنى قوشتى .
جالالىدىن بەھرام مىلادىيە 1942 - يىلى 8 - ئايدا غۇلجا
شەھىرىدە ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . مىلادىيە 1957 - يىلىدىن
1961 - يىلىغىچە شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنىڭ گۈزەل سەنئەت
كەسپىدە ئوقۇغان . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن خوتەنگە خىزمەتكە
تەقسىم قىلىنىپ ، تاكى مىلادىيە 1981 - يىلىغىچە ئوقۇتقۇچى ،
مەدەنىيەت خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن . مىلادىيە 1981 - يىلىدىن بۇيان
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى گۈزەل - سەنئەت بۆلۈمىدە ئىشلەپ كېلىۋا-
تىدۇ .
جالالىدىن بەھرام ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە 1960 - يىللاردا
يازغان سەھنە ئەسەرلىرى بىلەن كىرىپ كەلگەن . ئۇ شۇ يىللاردا يەنە
«ئۇنتۇلغان قەلب» ، «كۈتۈلمىگەن تەقدىر» ، «ئۆمۈر خاتىرىلىرى»
قاتارلىق ھېكايىلەرنىمۇ يازغان ، ئەمما مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى سە-
ۋەبلىك بۇ ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنمايلا قالماستىن ، ئەدەبىي ئەسەر-
لەرنى يازغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تارتقان . مىلادد-
يە 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ پروزا ئىجادىيىتى ساھە-
سىگە قايتىدىن كىرىپ كەلگەن . ئۇ ، مىلادىيە 1997 - يىلى يازغان
«بۇلبۇل بوستانىنى تاپتى» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەدەبىي
ئىجادىيەت ھاياتىنى رەسمىي باشلىدى ۋە جامائەتچىلىككە تونۇلدى .
ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن «ھارۋىكەش» ، «500 يۈەنلىك چاقچاق» ،
«تويدا» قاتارلىق ھېكايىلەرنى ؛ «قاباھەتلىك چۈش» ، «ئادەم پارچى-
سى» ، «قامغاق» ، «قاباھەتلىك چۈش» ، «قۇدرەتلىك ئىلاھ» قاتار-
لىق پوۋېستلارنى ؛ «مېھرىگىياھ» ، «ناتىۋانلار» قاتارلىق رومانلارنى

يېزىپ ، ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە
قوشتى .

جالالىدىن بەھرام پروزىچىلىق ساھەسىگە ھېكايە ئىجادىيىتى
بىلەن كىرىپ كەلگەن ، كېيىنچە پوۋېست ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇل-
لانغان ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاساسەن رومان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇل-
لانغان . ئۇ شۇغۇللانغان ئەدەبىي ژانىرلار جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۇ
قىسقا ھەجىملىك ئەسەرلەرنى يېزىشتىن چوڭ ھەجىملىك ئەسەرلەرنى
يېزىش ، بىر تومluۇق رومان يېزىشتىن كۆپ توملۇق رومان يېزىش
جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەن . بۇ ژانىرلىرى ئىچىدە رومانچىلىقتا قولغا
كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيىتى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغان . قىممەتلىك
بولغىنى شۇكى ، ئۇ رومانچىلىقتا ئۆز ئالدىغا تېما ئالاھىدىلىكى ،
مەزمۇن ئالاھىدىلىكى ، سەنئەت ئالاھىدىلىكى شۇنداقلا روشەن ئۇس-
لۇب شەكىللەندۈرۈپ ، ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ۋە رەڭ-
دارلىقى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى ، ئۇنىڭ رومانچىلىقتىكى
مۇۋەپپەقىيىتى ۋە يېڭىلىقى كىتابخانىلارنىڭ ، ئەدەبىياتچىلارنىڭ ئې-
تىراپ قىلىشىغا ۋە ياخشى باھالىرىغا سازاۋەر بولدى .

جالالىدىن بەھرام ئەسىر ئاخىرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا چوڭ
تەسىر قوزغىغان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى . جالالىدىن بەھرام روماد-
لىرىنىڭ شۇنچە كۈچلۈك تەسىر قوزغىشىدىكى سەۋەبلەر گەرچە كۆپ
تەرەپلىمە بولسىمۇ ، ئەمما مۇنداق ئاساسلىق سەۋەبلەر بار ؛ ئۇنىڭ
ئىجادىيىتى پۈتۈنلەي بۈگۈنكى زامان تۇرمۇشىنى تېما قىلغان ، ئۇنىڭ
ئەسەرلىرىدە خەلقىمىز كېيىنكى 50 يىلدا باشتىن كەچۈرگەن سەر-
گۈزەشت ـ قىسمەتلەر چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ، ئەسەرلەر-
نىڭ تۇرمۇش پۇرىقى ناھايىتى كۈچلۈك ، ئەسەرلىرىدە «رېئاللىقنى ،
تۇرمۇشنى بەدىئىي ، ئەمما پەردازسىز سۈرەتلىگەن» ، جەمئىيەتتىكى
ئىجتىمائىي ـ سىنىپىي زىددىيەتلەردىن كۆرە ، ھاياتتىكى ياخشىلىق
بىلەن يامانلىقنىڭ ، ئىنسانلار خاراكتېرىدىكى گۈزەللىك بىلەن رە-



زىللىكنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى كۈرىشىنى ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسلىق
سۇژىتى قىلغانلىقى ، ئەسەرلىرىدە ئىلىم ـ مەرىپەتنى تەشەببۇس
قىلغانلىقى ، ياخشىلىقنى ، گۈزەللىكنى ، چىنلىقنى مەدھىيىلەپ ،
كىشىلەرنى ئادىمىيلىك يولىغا ، ئۆزلىرىنى مەنىۋى جەھەتتىن مۇكەم-
مەللەشتۈرۈشكە دەۋەت قىلغانلىقى قاتارلىقلار بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىجتىما-
ئىي قىممىتىنى ، تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان .

جالالىدىن بەھرامنىڭ رومانلىرىدا ئاساسلىق قىلىپ خوتەن يېزد-
لىرىنىڭ تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن . يازغۇچىنىڭ بۇلارنى يېزىشى ھەر-
گىز سەۋەبسىز ئەمەس . جالالىدىن بەھرام ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كې-
يىن خوتەنگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان . ئۇنىڭ جەمئىيەتكە ئارىلد-
شى ، جەمئىيەتنى تونۇشى دەل خوتەن يېزىلىرىدا ئوقۇتقۇچىلىق قد-
لىشتىن باشلانغان . ئۆزگىچە تەبىئىي مۇھىت ، ئىجتىمائىي شارا-
ئىت ، ئۆزگىچە خاراكتېرلىك ئادەملەر توپى شۇنداقلا ئالاھىدە تارىخىي
شارائىتتىكى ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ ، ئادەم بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئالا-
ھىدە مۇناسىۋىتى بۇ ياش سەنئەتكارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۇنتۇلماس
تەسىراتلارنى قالدۇرغان ، ئۇنى ھايات ھەققىدە چوڭقۇر ئويلارغا سال-
غان . شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ ، ئاشۇ «ئاجايىپ ئادەم-
لەرنى ، ئاجايىپ دەۋرنى ۋە ئاجايىپ يىللار» نى دەۋرىمىز كىتابخاند-
لىرىغا ھېكايە قىلىپ بېرىش نىيىتىدە «مېھرىگىياھ» قاتارلىق رو-
مانلارنى يازغان .

ئۇنىڭ تۇنجى رومانى بولغان «مېھرىگىياھ» 1988 ـ يىلى
يېزىلغان . يازغۇچى بۇ رومانىدا ئۆزىگە نىسبەتەن پىششىق تونۇش
بولغان خوتەن يېزىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ، يېزا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ
ھاياتىنى تەسۋىرلىگەن . ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن سەلىم ئۆز ئىخ-
تىيارلىقىدىن كۆرە تەشكىلنىڭ خىزمەت تەقسىماتىغا بويسۇنۇپ ، نا-
ھىيىدىن ناھايىتى يىراقتىكى قاراڭغۇ تاغ مەكتىپىگە كېلىپ ئوقۇتقۇ-
چىلىق قىلىدۇ . ئۇنىڭ چەت ، نامرات ، قالاق ئۇيغۇر يېزىسىدىكى

جاپالىق تۇرمۇشى ۋە تۇنجى ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتى مۇشۇ يەردە باشلىـ
نىدۇ . بۇ يەردە ئۇ ئالدى بىلەن مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش
ئىشىنى تۇتىدۇ . ئۇ بارلىقىنى دېھقان بالىلىرىنى ئوقۇتۇپ ، ئۇلارغا
ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىتىپ ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ غايىسىنى ئەمەلـ
گە ئاشۇرماقچى ، شۇنداقلا جەمئىيەتكە تۆھپە قوشماقچى بولىدۇ .
دەرۋەقە ئۇ قاراڭغۇ تاغ يېزىدا يېڭىچە بىر مەكتەپ ھاياتىنى بارلىققا
كەلتۈرۈپ ، بالىلارغا بىلىم بېرىدۇ ، خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ ، ئۇلار-
نىڭ قاراڭغۇ دىللىرىغا مەرىپەتتىن نۇر چاچىدۇ ، ئۇلارنى گۈزەل
ئەتىگە ـ كەلگۈسىگە ئۈمىدلەندۈرىدۇ . ئەمما ، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى
نادانلىق ، ياۋۇزلۇق ، رەزىللىك بىلەن تولغان ، باشقىلارنىڭ بەختى ،
خۇشاللىقىدىن ئازابلىنىدىغان ، شەخسىيەتچى ، ھىيلە ـ مىكىرچى
ھەمدۇل قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ھەر قەدەمدىكى توسقۇنلۇقىغا ، زەربىـ
سىگە ، زىيانكەشلىكىگە ، ئۇچراپ تۇرىدۇ . ئەمما ئۇ ئىرادىلىك ،
قەيسەر ، ئۈمىدۋار بولغاچقا ، بېشىغا نۇرغۇن كۈلپەتلەر كەلسىمۇ ،
ھاياتقا ، ياخشى كۈنلەرگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتمايدۇ . سەرۋەر-
دىن ئىبارەت يېتىملىك ، نادانلىق ، فېئودال خۇراپاتلىقىنىڭ زىيانكەشـ
لىكىگە ئۇچراپ ، ھاياتلىق يولىنى ، تۇرمۇش خۇشاللىقىنى تاپالمىغان
قىزنى مەكتەپ تەربىيىسى ئارقىلىق يېتەكلەپ ئاخىرىدا يېڭىچە دۇنيا
قاراشقا ، ئۇلۇغۋار غايىگە ، مۇستەھكەم ئىرادىگە ئىگە يېڭى دەۋر
ئادىمى قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىدۇ .

يازغۇچى بۇ روماندا ، ئەسەر باش قەھرىمانى سەلىمنىڭ سەرگۈـ
زەشتىلىرى ئاساسىدا ، 1960 ـ ، 1970 ـ ، 1980 ـ يىللاردىكى
ئوخشىمىغان دەۋر رېئاللىقىنى ، جەمئىيىتىمىزدە مەۋجۇت بولۇپ
تۇرۇۋاتقان ھەر خىل ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ، يېزىلارنىڭ نامرات ،
قالاق ھالىتىنى ، مائارىپنىڭ ئالدىغا كەلگەن ھەر خىل قىيىنچىلىقـ
لارنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر قاتار ئەمەلىي مەسىلىلەرنى كۆرسىـ
تىپ بەرگەن . يازغۇچى روماندا ئاساسلىق قىلىپ يېزا تۇرمۇشىنى



يازغان ، يېزىلاردىكى نامراتلىقنى ئەكس ئەتتۈرگەن ، بۇ نامراتلىقنىڭ
بىرى ماددىي جەھەتتىكى نامراتلىق بولسا ، يەنە بىرى مەنىۋى جەھەتتىـ
كى نامراتلىق . يازغۇچى ئالاھىدە دىققەت قىلغىنى يەنىلا مەنىۋى
جەھەتتىكى نامراتلىق بولۇپ ، يازغۇچى مەنىۋى جەھەتتىكى نادانلىق ،
خۇراپاتلىق ، رەزىللىكنىڭ ماددىي جەھەتتىكى نامراتلىقتىنمۇ ئېغىر-
لىقىنى ، شۇنداقلا ئۇنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت
رېئال مەسىلىنى كۆرسەتكەن . بۇ ئىجادىيەتنىڭ قىممەتلىك تەرىپى
قانداقتۇر مەسىلىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكتىنلا ئەمەس ، بەلكى ئۇنى
قانداق ھەل قىلىشنىڭ يولى ھەققىدىمۇ ئىزدەنگەنلىكتە . يازغۇچى
بارلىق ئەسەرلىرىدە ، بولۇپمۇ رومانلىرىدا ئوقۇتقۇچىلارنى ئاساسلىق
پېرسوناژ قىلىپ يارىتىدۇ ، ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى گەۋدىـ
لەندۈرۈپ ، بۇ ئارقىلىق ئىلىم ـ مەرىپەتنى تەشەببۇس قىلىدۇ ،
يازغۇچىنىڭ نەزەرىدە بىلىمسىزلىك بىلەن نادانلىق ، نامراتلىق قوشكېزەك
بولۇپ ، جەمئىيەتنى ياخشىلاشنىڭ ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ، ئادەملىكتە
مۇكەممەللىشىشنىڭ يولى يەنىلا ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلەشتىن ئىبارەت .
روناق تېپىش يولىمۇ يەنىلا مەرىپەتچىلىك يولىدىن ئىبارەت . يازغۇچى
روماندا مانا مۇشۇ نۇقتىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرگەن .

«مېھرىگىياھ» رومانى بىر قاتار ئاكتىپ ئىدىيىسى ، تۇرمۇشنى
ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى چىنلىق دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقى ، پېرسوناژـ
لار ئوبرازى يارىتىشتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ۋە بايان قىلىشتىكى نەپىسـ
لىكى بىلەن كىتابخانلار ئارىسىدا ، شۇنداقلا ئەدەبىيات ساھەسىدە
ياخشى باھالارغا ئېرىشتى .

## توختى ئايۇپ

توختى ئايۇپ —— يېڭى دەۋردىكى پروزىچىلىقىمىزدا مۇھىم
ئورۇن تۇتىدىغان ، كۆرۈنەرلىك ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋە

بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇ پروزىچىلىقنىڭ
ھېكايە ، پوۋېست ۋە روماندىن ئىبارەت ھەممە شەكىللىرىدە دېگۈدەك
يېزىپ ، ھەممىسىدىلا نەتىجە قازانغان . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەم روشەن
خاسلىقتا ھەم ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە . ئۇ ھەقىقىي بىر
يازغۇچىغا خاس ئەستايىدىللىق ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قەلەم تەۋ-
رىتىپ ، ئەسەرلىرىدە دەۋر رېئاللىقىدىكى ، خەلق تۇرمۇشىدىكى مۇ-
ھىم مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈردى ، مۇھاكىمە قىلدى ، گۈزەللىك ،
چىنلىق ، ياخشىلىقنى قىزغىن مەدھىيىلىدى ، ھايات ھەققىدە چوڭ-
قۇر ئويلىنىپ ، ھاياتنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئىپادىلەپ بېرەلەي-
دىغان پېرسوناژلارنى ياراتتى ، تۇرمۇشتىكى مۇرەككەپلىكنى سۈرەت-
لىدى . ئۇ ئىزدىنىشكە ، يېڭىلىق يارىتىشقا ماھىر يازغۇچى بولۇپ ،
ئەسەرلىرىنى مەيلى مەزمۇن جەھەتتە بولسۇن ، مەيلى شەكىل جەھەتتە
بولسۇن يېڭىچە قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۇچۇن تىرىشتى . ئۇ-
نىڭ «بۆرە ئانا » ، «قۇم باسقان دېڭىز » ، «ئوت ئىچىدىكى ئادەم» ، «بۆ-
شۈك » ، «مۇڭگۈز » قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇن
چوڭقۇرلۇقى ۋە ياراتقان بەدىئىي پەللىسى بىلەن دەۋرىمىز ئەدەبىياتى-
دىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بولۇپ قالدى ھەم يازغۇچىنى يېڭى دەۋر
ئەدەبىياتىدا مۇناسىپ تەسىرگە ۋە ئورۇنغا ئىگە قىلدى .
يازغۇچى توختى ئايۇپ مىلادىيە 1945 ـ يىلى كۇچا ناھىيىسىدە
ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . مىلادىيە 1953 ـ يىلىغىچە ئائىلە
تەربىيىسىدە بولغان . مىلادىيە 1953 ـ يىلىدىن 1957 ـ يىلىغىچە
كۇچادا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان . كېيىن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دارىل-
مۇئەللىمىن مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىپ ، مىلادىيە 1963 ـ يىلى
ئوقۇش پۈتتۈرگەن . شۇنىڭدىن تارتىپ مىلادىيە 1970 ـ يىلىغىچە
سولچىل ئىدىيىنىڭ ۋە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ زىيانكەشلىكىگە
ئۇچراپ تۈرمىدە ياتقان ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا ئىشلە-
گەن ، جەمئىيەتتە ئىشسىز سەرسان بولۇپ يۈرگەن . مىلادىيە 1979 ـ



يىلىغىچە داۋاملاشقان بۇنداق تۇرمۇش ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدى-
كى ئىجادىيىتىنى مول تۇرمۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىگەن .
مىلادىيە 1979 ـ يىلى ئۇنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن
مىلادىيە 1981 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى
تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن . مىلادىيە 1981 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە
يۆتكىلىپ ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە
ئەدەبىي تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن . مىلادىيە 1988 ـ يىلىدىن ھازىر-
غىچە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ
ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ .
ئەدەبىياتقا كىچىكىدىن تارتىپلا كۈچلۈك ئىشتىياق باغلىغان
توختى ئايۇپ دەسلەپ شېئىر يازغان . 1960 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا
مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرى ئارقىلىق ئەدەبىيات ساھە-
سىگە كىرىپ كەلگەن . كېيىنچە ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللى-
نىپ 1965 ـ يىلى «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» ( «تارىم» ) دا «ماخوچى-
نىڭ قەلبى» ناملىق تۇنجى ھېكايىسىنى ئېلان قىلدۇرغان . شۇنداق-
تىمۇ ئۇنىڭ ھەقىقىي پروزا ئىجادىيىتى 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا
يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ باشلىنىشى بىلەن تەڭ باشلانغان . 1980 ـ
يىلى ئېلان قىلىنغان «بەخت يېشى» ناملىق ھېكايىسى ئۇنىڭ پروزا
ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىنىڭ بەلگىسى
سۈپىتىدە ئەدەبىيات ساھەسىدە ۋە كىتابخانلار ئارىسىدا بەلگىلىك
تەسىر قوزغىغان . ئۇ مۇشۇ مەزگىللەردە يازغان «بەخت يېشى» ،
«ئانا» ، «قاراۋۇل» قاتارلىق ھېكايىلىرىدە ئاساسەن مەدەنىيەت زور
ئىنقىلابىنىڭ كىشىلەرگە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى ، يېڭى يىللاردىكى
يېڭى ھايات ، يېڭى تۇرمۇشنى ، ئاق كۆڭۈل ، سەمىمىي دېھقانلارنى ،
ئاپەتلىك يىللارنىڭ بالايىئاپەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ ، يېڭى ھاياتلىقتا
ئېرىشكەن ھەر ساھە ـ ھەر كەسىپتىكى ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى تەس-
ۋىرلەنگەن بولۇپ ، شۇ يىللاردىكى «جاراھەت ئەدەبىياتى» خاھىشى-

نىڭ مەلۇم پەللىسىنى ياراتقان . توختى ئايۇپ ئىجادىيىتىنىڭ قىمـ-
مەتلىك يېرى شۇكى ، ئۇ ئىجادىيەتتە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپلەرنى قو-
يۇپ ، دەۋرنىڭ ، خەلقنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قويغان يېڭىدىن يېڭى
تەلەپلىرىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ ، قەدەممۇ - قەدەم ئالغا باسقان ،
ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ ، ھار-
ماي ئىزدىنىپ ، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ بارغانسېرى پىشىپ
يېتىلگەن يازغۇچى . ئۇ بولۇپمۇ ھېكايە ئىجادىيىتىدە چوڭقۇر ئىزدى-
نىپ ، كېيىنكى مەزگىللەردە ئەسەرلىرىنىڭ تېما دائىرىسىنى تېخىمۇ
كېڭەيتىپ ، مۇھىم ، ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ،
ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ، يېڭى بەدىئىي
ئۇسۇل - ۋاستىلەرنى دادىللىق بىلەن قوللىنىپ ، كۆرۈنەرلىك
ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىگە ئېرىشتى . ئۇنىڭ «بۆشۈك» ، «مۇڭ-
گۈز» ، «پۇقرانىڭ قېنى» ، «غۇر - غۇر شامال» قاتارلىق ھېكايە-
لىرى يازغۇچىنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىـ-
دىلىكىگە ۋە مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلەر سۈپە-
تىدە يېڭى دەۋردىكى مۇنەۋۋەر ھېكايىلىرىمىزدىن بولۇپ ھېسابلىنى-
دۇ . ئۇ بۇ بىر تۈركۈم ھېكايىلىرىدە ئىجادىيەت ئۇسۇلى ، بەدىئىي
ۋاستىلەر جەھەتتە دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ ، ماھىيەتلىك
مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ، چوڭقۇر پىكىر- ئىدىيىلەرنى ئىپادى-
لەپ ، ھېكايىچىلىقنىڭ مەلۇم پەللىسىنى ياراتتى . سىمۋوللاشتۇ-
رۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۈنۈملۈك قوللىنىلىشى ئۇنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى
ھېكايە ئىجادىيىتىنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .
بۇنداق ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ «بۆشۈك» ناملىق ھېكايىسىدە روشەن
ئىپادىلەنگەن . تارىم ۋادىسىدا سەلتەنەتلىك ھايات كەچۈرگەن ئەجداد
ساھىبقىرانىنىڭ نەچچە يۈز يىل ياشىغان ۋارىسى — بۆشۈكچى بوۋاي
قايناق بازارنىڭ بىر چېتىدە بۆشۈك ساتىمەن دەپ ئولتۇرىدۇ . لېكىن
ئۇنىڭ بۆشۈكلىرىنى ھېچ كىشى ئالمايدۇ . ئۇنىڭ بۆشۈك سېتىش



ئۇچۇن قىلغان بارلىق ئۇرۇنۇشلىرى نەتىجىسىز بولۇپ چىقىدۇ .
بوۋاي كىشىلەرنىڭ بۆشۈك ئالماس بولۇپ قېلىشلىرىدىن ، بۆشۈك-
نىڭ بالىلارنى تەربىيىلەشتىكى خاسىيىتىنىڭ ئېتىبارسىز قېلىشلى-
رىدىن قاتتىق ئۆكۈنىدۇ . شۇڭا بوۋاي سەۋرچانلىق بىلەن كۈتىدۇ ،
ساقلايدۇ . بالىلىرىنى بۆشۈكتە ياتقۇزمىغانلارنى ، بۆشۈكتە ياتماي
چوڭ بولغانلارنى بوۋاي تېنىگەنلەر دەپ ئاتايدۇ . ئەنە شۇنداق تېنىگەن-
لەردىن بىرى بىر كۈنى ئېغىر ئاياغ ئايالىنى ئەگەشتۈرۈپ بوۋاينىڭ
ئالدىغا كېلىدۇ . بوۋاي ئۇلارغا بۆشۈكنىڭ بالا تەربىيىلەشتىكى خاسى-
يىتىنى سۆزلەپ ، بالا ئۇچۇن بارلىق ياخشىلىق ، ئەقىل - پاراسەت ،
ئەخلاق - پەزىلەت ، ئىمان - ئېتىقادنىڭ ئاشۇ بۆشۈكتىن كېلىدىغان-
لىقىنى ، بالا بۆشۈكتە ياتسا تەڭرى كېلىپ ئۇنى يوقلايدىغانلىقىنى
چۈشەندۈرىدۇ . ئەمما ھېلىقى تېنىگەن يىگىت بۆشۈكنى زادىلا مەن-
سىتمەيدۇ . بوۋاي ھەتتا بۆشۈكنى ئۇنىڭغا بىكارغىلا بېرىۋەتمەكچىمۇ
بولىدۇ ، لېكىن ئۇ ئالغىلى زادى ئۇنىمايدۇ . شۇنىڭ بىلەن ھامىلە
بالا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن چۈشكىلى ئۇنىمايدۇ . بۆشۈكنى كەمسىتى-
كەن ، ئۆزىنى بۆشۈكتە ياتقۇزمىغان دادىسىدىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى
ئېيتىدۇ . ئاخىرى مۆجىزە يۈز بېرىپ تېنىگەن دادا ئەسلىگە قايتىپ ،
بالىسى بىلەن بىللە بۆشۈكتە يېتىپ ، تەڭرىنىڭ رەھمىتىگە ، ئانىنىڭ
مېھىر - شەپقىتىگە ئېرىشىدۇ ، قايتىدىن ئادەم بولىدۇ . . .
بۇ ھېكايىدىكى بۆشۈكمۇ ، بۆشۈكچى بوۋايمۇ كۈچلۈك سىمۋول-
لۇق مەنىگە ئىگە . بۇنداق سىمۋوللۇق مەنە ئەسەرنىڭ ئۆزىدىن ناھايى-
تى ئېنىق مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ . يازغۇچى تېنىگەن يىگىتنىڭ سەرگۈ-
زەشتلىرى ، بوۋاينىڭ بايانى ، ئەسلىمىسى ۋە ئاخىرىدا ئۆز بايانى
ئارقىلىق بۆشۈكنىڭ ئىنسان تەربىيىسى ، ئادەمىيلىكنىڭ مۇكەممەل-
لىشىشى ، ھاياتلىقنىڭ داۋاملىشىشىدىكى ئىنتايىن مۇھىم رولىنى
كۆپ گەۋدىلەندۈرگەن . ئەلۋەتتە بۇ يەردە تەسۋىرلىنىۋاتقان بۆشۈك
ياغاچچىلار ياسايدىغان ئادەتتىكى كونكرېت بۆشۈك ئەمەس ، بەلكى ئۇ —

ئادەمنى ئادەم قىلىپ تەربىيىلەيدىغان ، ئادەمنى ئادەم قىلىپ تۇرىدىـ
غان بارلىق نەرسىلەرنىڭ ، يەنى ئەقىل ـ پاراسەت ، ئەدەپ ـ ئەخلاق ،
مېھىر ـ شەپقەت ، مۇھەببەت ـ نەپرەت ، چىدام ـ غەيرەت ، ئىمان ـ
ئېتىقاد قاتارلىقلارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلمىسىنىڭ سىمۋولىدىن ئىباـ
رەت . بوۋاينىڭ ئېتىقىنىدەك ، ئادەمنى ئادەم قىلىپ تۇرىدىغان بۇنداق
ئەنئەنىۋى ئامىللار ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ بېرىشى كېرەك .
شۇنداق بولغاندىلا ھاياتلىق ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ ، ئادەملىك روھ مۇكەمـ
مەللىشىپ بارىدۇ . ئەمما مۇشۇنداق خىسلەتلىك بۆشۈكلەرنى ئالىدىـ
غان ئادەم چىقمايدۇ ، بىكارغا بېرىۋېتەي دېسىمۇ بۆشۈكلەر يەنىلا
ئېتىبارسىز قالىدۇ . بۆشۈكسىز چوڭ بولغان ھېلىقىدەك تېنىگەنلەر
ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپمۇ يەنىلا ئازابلانمايدۇ ، بوۋاق بۇنداق دادىدىن
نەپرەتلىنىدۇ ، ھەممىدىن نارازى بولىدۇ ، شۇنداق قىلىپ تۇغۇلۇشنىدـ
مۇ خالىمايدۇ . دېمەك ، يازغۇچى مۇشۇ بىر قاتار تەپسىلاتلار ئارقىـ
لىق ، رېئاللىقىمىزدىكى ، جۇملىدىن مەنىۋى دۇنيارىمىزدىكى ، تەرـ
بىيىمىزدىكى ھەر خىل ئىللەتلەرنى كۆرسەتكەن ، شۇنداقلا قاتتىق
تەنقىد قىلغان . بىر خىل خاھىشقا ئايلىنىپ قالغان «تېنەش پسىخىـ
كىسى »نىڭ يامان ئاقىۋىتىنى ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بەرگەن . «بۆـ
شۈكچى بوۋاي » ھېكايىسىنىڭ بۇنداق مۇۋەپپەقىيىتى ۋە ئۆزگىچىلىـ
كى ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىدىكى بىر يېڭى دەۋرنىڭ مەيدانغا كېلىۋاتقانـ
لىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

توختى ئايۇپ 1980 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ پوـ
ۋېست ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ بۇ جەھەتتىمۇ كۆرۈنەرلىك
نەتىجىگە ئېرىشتى . توختى ئايۇپ پوۋېستلىرى ئوتتۇرىغا قويغان مەـ
سىلىلىرىنىڭ مۇھىملىقى ، سۇژىتىنىڭ جانلىق ، تەسىرلىكلىكى ،
پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغانلىقى ، لىرىكىغا ،
مۇھاكىمىگە بايلىقى ، ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىلغانلىقى
بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىقتۇر . ئۇ ئىلگىرى كېيىن بولۇپ «مارجان



بۇلاق » ، «ئارمان » ، «تاشلاندۇق كەپىدە » ، «ئوت ئىچىدىكى ئادەم » ،
«قۇم باسقان دېڭىز » ، «ئاھ ، يەر » قاتارلىق بىر تۈركۈم پوۋېستلارـ
نى يازدى ، ھەم بۇ پوۋېستلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئارقىلىق تونۇلغان
پوۋېست يازغۇچىسىغا ئايلاندى . ئۇنىڭ «قۇم باسقان دېڭىز » ، «ئوت
ئىچىدىكى ئادەم » قاتارلىق بىر قىسىم پوۋېستلىرى يېڭى دەۋردىكى
ئۇيغۇر پوۋېستچىلىقىنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدـ
دۇ . «قۇم باسقان دېڭىز » توختى ئايۇپنىڭ پوۋېست ئىجادىيىتىگە
ۋەكىللىك قىلىدىغان ، شۇنداقلا يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر پوۋېستچىلىدـ
قىدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان نادىر پوۋېستلاردىن بىرى . توختى
ئايۇپ پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى ، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى
ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش ، بۇنى ئەسەر سۇژىتىنىڭ ئاساسى قىدـ
لىش ، روھىي دۇنيانى تېخىمۇ چىن ، تېخىمۇ چوڭقۇر ، تېخىمۇ
جانلىق ئىپادىلەپ بېرىشتەك يېڭىچە ئىجادىيەت خاھىشىنى بۇ ئەسىردـ
دە گەۋدىلىك ئىپادىلەپ ، ئۇيغۇر پوۋېستچىلىقى ئۈچۈن يېڭى بىر
سەھىپە ئاچقان . بۇ پوۋېستتا يېزىلغىنى ئۈچ بۇرجەكلىك مۇھەببەت
ۋە بۇ مۇھەببەتنىڭ ئوڭۇشسىزلىقلىرىدىن ئىبارەت . ناھىيە ھاكىمىدـ
نىڭ ئوغلى ئېلى يېزىدا قايتا تەربىيە ئېلىپ چېنىقىۋاتقان چاغلىرىدا ،
بىللە چېنىقىۋاتقان ساۋاقدىشى گۈلجەننەت بىلەن مۇھەببەتلىشىدۇ ،
ھەم ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىدۇ . ئالىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل
قىلىش ئەسلىگە كەلگەندە ھەر ئىككىلىسى ئىمتىھان بېرىدۇ ، گەرچە
ئېلىنىڭ نەتىجىسى تۆۋەن بولسىمۇ ، ئەمما دادىسىنىڭ يول مېڭىشى
ۋە مەجبۇرلىشى بىلەن گۈلجەننەتنىڭ يۇقىرى نومۇرى ھېسابىغا ئالىي
مەكتەپكە ئوقۇشقا كېتىدۇ . ئېلىنىڭ ۋاپاسىزلىقى ، جەمئىيەتتىكى
ناھەقچىلىقتىن قاتتىق رەنجىگەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېلىنىڭ بالىسىغا
قورساق كۆتۈرگەن گۈلجەننەت ئۆزىدىن چوڭ ، كۆرۈمسىز ، مەجروھ
بولسىمۇ ئەمما ئۆزىگە چەكسىز غەمخورلۇق قىلغان قاۋۇل ئىسىملىك
كونا ئەسكەر بىلەن توي قىلىدۇ . ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن

ئېلى دادىسى بىلەن پىكىر - ئىدىيە جەھەتتە چىقىشالماي ، يىراقتىكى
ئورمانچىلىق مەيدانىغا كېتىدۇ . ئۇ بۇ يەردە ئۇزۇن يىل ئىزدىگەن ،
زادىلا ئۇنتۇيالمىغان گۈلجەننەتنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ ھەم قىلمىشلى-
رىغا پۇشايمان قىلىپ ، ئۇنىڭدىن مۇھەببەت تەلەپ قىلىپ ئۇنىڭ
ئايىغىغا يىقىلىدۇ ...

ئەلۋەتتە ، بۇ پوۋېستتا بىر جۈپ ياشنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتى-
لىرى يېزىلىپ ، مۇھەببەت ئۈچۈن ئادىمىلىك پەزىلەت ، چىن ئىنسا-
نىي مۇھەببەت ، ۋاپادارلىق ، سەمىمىيلىكنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقى
تەكىتلەنگەن . ئەمما ، بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭدا ئىل-
گىرى سۈرۈلگەن ئاشۇ مەركىزىي ئىدىيىدە ئەمەس ، بەلكى ، پېرسو-
ناژلار روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشتىكى يۈكسەكلىكتە گەۋدىلە-
نىدۇ . ھەممىمىزگە مەلۇم ، بىزنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى پروزا
ئەسەرلىرىمىز ئاساسەن پېرسوناژلارنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان
ھەر خىل مۇناسىۋەتلىرى ، زىددىيەت - توقۇنۇشلىرى ئاساسىدىكى
سۈژېت ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ ، پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسى-
نى ھەقىقىي يوسۇندا ئىپادىلەشكە ، روھىي دۇنيادىكى مۇرەككەپلىك-
نى ، زىددىيەتنى ئەسەر سۈژېتىنىڭ ئاساسى قىلىشقا ، پېرسوناژلار
خاراكتېرىنىڭ مەنىۋى قاتلىمىنى ئېچىپ بېرىشكە سەل قاراپ كەلگەن
ئىدى . توختى ئايۇپ مانا مۇشۇ جەھەتتە دادىللىق بىلەن ئىزدىنىپ ،
پېرسوناژنىڭ سەرگۈزەشتىسىدىن كۆرە ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى كەچۈر-
مىشلىرىنى ، مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى ، خاراكتېرىدىكى ئىككى
ياقلىملىقنى ئىپادىلەشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ ، ھەتتا ئۇنى ئىجادى-
يەت مۇددىئاسى قىلىپ ، بۇ جەھەتتە ھەم يېڭىلىق ياراتتى ، ھەم
مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى . ئەسەردىكى گۈلجەننەت ، ئېلى قاتارلىقلار
ئۆزلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىدا ياشايدىغان ، خاراكتېرى كۈچلۈك ،
قەلبى مۇرەككەپ ھېسسىياتلار بىلەن تولغان پېرسوناژلار بولۇپ ،
يازغۇچى ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى مانا مۇشۇنداق خاسلىقى ئاساسىدا



ياراتقان . ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى يازغاندا ، خاراكتېرىنى ياراتقى-
دا روھىي دۇنياسىدىكى مۇرەككەپلىكنى ، خاراكتېرىدىكى ئىككى ياق-
لىملىقنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن ، شۇڭا ئۇلار ھەقىقىي ئادەملەرگە ،
شۇنداقلا بەدىئىي جەھەتتىن مۇكەممەللىككە يەتكەن ئوبرازلارغا ئوخ-
شاش كىتابخاندا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ . ئەسەردە يارىتىلغان
ئېلى ئوبرازىغا قارايدىغان بولساق ، «ئېلى ئوبرازى ياخشىلىق بىلەن
يامانلىقنىڭ ، ھېسسىيات جەھەتتە چىنلىق بىلەن ساختىلىقنىڭ ، پسى-
خىكىلىق جەھەتتىن قەيسەرلىك بىلەن ئىرادىسىزلىكنىڭ ، ئېستېتىكا
جەھەتتە گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇكنىڭ زىددىيەتلىك بىرلىكى ، شۇن-
داقلا يۇقىرىقى تەرەپلەرنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل يىغىندىسىدىن ئىبا-
رەت . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يۇقىرىقى قارىمۇقارشى ئامىللار ھامان كۈرەش
قىلىپ بىر - بىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالىشىدۇ .» (ئابدۇللا مەتقۇربان :
«قۇم باسقان دېڭىز ھەققىدە ئويلىغانلىرىم»دىن ) . يازغۇچى مانا
مۇشۇنداق قەلب زىددىيىتىنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەپ ، ناھايىتى
يۇقىرى بولغان ئىپادىلەش ئۇنۇمىگە ئېرىشكەن . يازغۇچى ئەسەرنىڭ
يەنە بىر باش قەھرىمانى بولغان گۈلجەننەتنىمۇ ئۇنىڭ مۇرەككەپ
روھىي دۇنياسى ، قىزلىق ھېسسىياتى ، ئەخلاقىي قاراشلىرى ۋە ئۇ-
لارنىڭ زىددىيىتى ئىچىگە قويۇپ ياراتقان . قىسقىسى ، توختى ئايۇپ
«قۇم باسقان دېڭىز» ناملىق بۇ پوۋېستىدا روھىي دۇنيانى يېزىشقا ،
روھىي دۇنيانى چىنلىق بىلەن ئىپادىلەپ ، يۇقىرى بەدىئىي ئۈنۈم
يارىتىشقا ، روھىي دۇنيانى ئىپادىلەشكە تېخىمۇ ماس كېلىدىغان بەدى-
ئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ ،
ئۇيغۇر پوۋېستچىلىقىغا بىر يېڭىلىق ئېلىپ كەلدى .

توختى ئايۇپ ھېكايە ، پوۋېست ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلى-
رى ، تەجرىبە ساۋاقلىرى ئاساسىدا 1990 - يىللارنىڭ باشلىرىدا
رومان ئىجادىيىتىگە كىرىشىپ ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىللى-
رى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان ، سەرگۈزەشت خاراكتېرىدىكى «تەڭرى-

نىڭ ھۆكمى »ناملىق ئۈچ قىسىملىق رومانىنى يازدى . بۇ رومان باش قەھرىمان سەرگۈزەشتىسىنىڭ يازغۇچى باشتىن كەچۈرگەن قىسمەتلەرگە ئاز - تولا ئوخشىشىپ قالىدىغانلىقىدەك تەرجىمىھال خاراكتېرى بىلەن، شۇنداقلا بىر ئەۋلاد زىيالىيلارنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرلەردە، بولۇپمۇ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ ئالدى كەينىدىكى يىللاردا باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى، ئەدەبىي قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن يېڭى دەۋردىكى رومانچىلىقىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . بۇ رومان كىتابخانلارنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى . بۇ رومانىنى يازغۇچىنىڭ ئىلگىرىكى ئىجادىيەتلىرى بىلەن مۇسبەتلەشتۈرۈش ئاساسىدا يەنە، يازغۇچى ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى دېسەكمۇ بولىدۇ . روماندا باش قەھرىمان نادىرنىڭ ئوخشاشمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى سەرگۈزەشت - قىسمەتلىرى بايان قىلىنغان . شۇ دەۋرنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى زىيالىيلاردىن بىرى بولغان نادىر يوقىلاڭ بەدناملار بىلەن قارىلىنىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچراپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ، تۈرمىدە ئۇ ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ، 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن ئاقلىنىپ تۈرمىدىن چىقىپ گېزىتخانىدا ئىشلەيدۇ . ئەمما، مۇھەببەت، تۇرمۇش، ئائىلە جەھەتتە نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئۇچرايدۇ، پەزدىلىتى خاراكتېرى ناچار كىشىلەر ئۇنىڭغا بۆھتان چاپلاپ، ئۇنى گېزىتخانىدىن قوغلىۋېتىدۇ . يازغۇچى مانا مۇشۇ ۋەقەلىكنى نۇرغۇن جانلىق تەپسىلاتلار بىلەن بېيىتىپ، ئەسەرنى مول مەزمۇنغا، جەلپكارلىققا ئىگە، زىددىيەت - توقۇنۇشلارغا باي سۈژېتقا ئىگە قىلغان . سۈژېتنى يېزىشتا ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنى، خىيال بىلەن رېئاللىقنى ئۆزئارا نۆۋەتلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئەسەرنى ئۆزگىچە قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلغان . بۇ قۇرۇلما ئەسەرنى ئۆزگىچە قىياپەتكە ئىگە قىلىپلا قالماستىن بەلكى يەنە ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئۇنۇمىنى، جەلپكارلىقىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرغان . «تەڭرىنىڭ ھۆكمى» بىر پارچە مۇھاكىمىلىق رومان بولۇپ، يازغۇچى ئەسەرنىڭ مۇناسىپ جايلىرىغا نۇرغۇن مۇھاكىمىلەرنى بەرگەن . بۇ مۇھاكىمىلەر ئەسەرنى ئۆزگىچە بىر ئىدىيىۋى قىممەتكە ئىگە قىلغان . يازغۇچى روماندا مۇھىم تەپسىلاتلار بىلەن، ئۆزىنىڭ بايانى بىلەن، پېرسوناژ تىلى ياكى دىئالوگى بىلەن ئادەمگە، ھاياتلىققا، دۇنياغا، جەمئىيەتكە . . . مۇناسىۋەتلىك بولغان نۇرغۇن مەسىلىلەر ھەققىدە چوڭقۇر، مەزمۇنلۇق، قايىل قىلارلىق مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ بارغان . بۇ مۇھاكىمىلەر پەلسەپىگە، ئەخلاققا، ئىجتىمائىيەتكە، ھېسسىياتقا چېتىلغان بولۇپ، ئەسەرنى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان . بۇلاردىن باشقا ئەسەردە يازغۇچى پېرسوناژلار ئوبرازىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتقان، بايان، تەسۋىرلەرنى ماھارەتلىك يازغان، چۈشنى، خىيالنى، ئەسلىمىنى ئۆزگىچە ئۇسۇل بىلەن بەرگەن، شۇنداقلا پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى تەسۋىرلەشكە، قەلب دۇنياسىنى ئېچىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن .

توختى ئايۇپ ئۆز ئەسەرلىرىدە خەلق مەنپەئىتى نۇقتىسىدىن چىقىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئىپادىلىگەن، خەلقنىڭ بەختى ئۈچۈن كۈلۈپ، دەرد - ھەسرىتىگە ئېچىنغان . ئۇ دەۋر رېئاللىقىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، جەمئىيەت قىياپىتىنى ئوبرازلىق سۈرەتلىگەن . ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش نامايان بولىدۇ ؛ ئۇنىڭ ئىجادىيىتى يەنە مەلۇم ئىزچىللىققىمۇ ئىگە بولۇپ، بۇ ئىزچىللىق روشەن ئالاھىدىلىكمۇ شەكىللەندۈرگەن، ئۇ ئەسەرلىرىدە ئىنسانىنى، ئىنساننىڭ ھەقىقىي ئەخلاق پەزىلەتلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن، زىيالىيلار ھەققىدە كۆپ يېزىپ، ئىلىم - مەرىپەتنى ئۇلۇغلىغان، مائارىپنى گۈللەندۈرۈشنى تەشۋىق قىلغان . ئۇ ئەسەرلىرىدە يەنە پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئىپادىلەشكە، ھاياتلىق ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە، مۇرەككەپ خا-

راكتېر ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن . توختى ئايۇپ مۇۋەپپەقىيىتىگە ئوخشاشلا تەسىردىمۇ چوڭ ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى كىتابخانلىرىمىز سۆيۈپ ئوقۇيدۇ ، يۇقىرى باھالايدۇ . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خەنزۇ ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلغان ، مەملىكەتلىك ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشكەن . يازغۇچىنىڭ ئۆزىمۇ 1986 ـ يىلى جياڭ جۇڭۋېن ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئىرىشكەن .

ئۇزۇن بىر مەزگىللىك تەييارلىقتىن كېيىن 1990 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە يازغۇچى «بۆرە ئانا» رومانىنى كىتابخانلارغا تەقدىم قىلدى . «بۆرە ئانا» — توختى ئايۇپ ئىجادىيىتىدىكى بىر يۇقىرى پەللە بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە يېڭى دەۋر ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن بىر كاتتا مۇۋەپپەقىيەت بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ . رومان ئادەمنى ، تەبىئەتنى ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ، ئادەملەر بىلەن ئادىمىيلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاساسلىق تېما قىلغان بولۇپ ، تېما ئالاھىدىلىكى جەھەتتە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يېگانە ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى گۈزەل تەبىئەت — ئانا زېمىن قوينىدا كاپالەتكە ئىگە بولۇپ كەلگەن ھاياتلىق ئەمدى بولغاندا تېخىمۇ ئېغىر كىرىزىسقا دۇچ كېلىدۇ . روماندا مانا مۇشۇ كىرىزىس ۋە ئۇ پەيدا قىلغان تراگېدىيىلىك ئاقىۋەتلەر تەسۋىرلەنگەن . ئادەملەرنىڭ تراگېدىيىسى ئاساسەن ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى ياخشىلىقلارنى يوقىتىپ ، تەبىئەتكە ، باشقىلارغا رەزىللىك بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقى ، بۇنداق رەزىللىكنىڭ ياخشىلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىشىدە ئىپادىلىنىدۇ . ئورمانچىلىق كەسپىدە ئالىي مەلۇمات ئالغان قەيسەر بىرمۇنچە سەرگۈزەشتىلەردىن كېيىن ئاخىرى ئورمانچىلىق مەيدانىغا خىزمەتكە كېلىدۇ . ئۇ بۇ يەردە يۇلتۇز ئىسىملىك تاغ پەرىسى بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ ، ئۇلار بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ مۇھەببەتلىشىدۇ . ئەمما ، پۈتۈن ۋۇجۇدى رەزىللىك



بىلەن تولۇپ كەتكەن ، رەزىللىك ، يامانلىقنىڭ ئادەم سىياقىدىكى كۆرۈنۈشى بولغان سۇلتان ئەلى بۇ شېرىن مۇھەببەتنى ، بەختىيار ھاياتنى نابۇت قىلىدۇ . ئۇ يۇلتۇزلارغا تۇغقان كېلىشتەك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ ، ساددا دادىنى قايىل قىلىپ يۇلتۇزنى شەھەرگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىمەن دەپ ئېلىپ كېتىدۇ . ئۇ يۇلتۇزنىڭ ئۆز قىزى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ـ بىلمەيدۇ . ئۇ يامان نىيىتىنى ئاخىرى ئاشكارىلاپ ، يۇلتۇزغا چېقىلىدۇ . يۇلتۇز شۇ قاچقىنىچە تاغقا — ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ . قەيسەر يۇلتۇزغا ئەلچى ئەۋەتىدۇ ، ئەمما يۇلتۇز گەپ بەرگىلى ئۇنىمايدۇ . يۇلتۇزنىڭ ئانىسى مەسلىھەت بېرىپ ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا بارماقچى بولىدۇ . ئەمما دەل شۇ چاغدا يۇلتۇز چۈشىدە نۇر ئاتانى كۆرىدۇ . نۇر ئاتا ئۇنىڭغا «قىزىم ، سەن دوختۇرخانىغا بارمىغىن ، قورسىقىڭدىكىسى سۇلتان ئەلىنىڭ بالىسى ئەمەس ، ئۇ ھايۋان ساڭا چېقىلالمىدى . بۇ بوۋاق شۇنداق خاسىيەتلىك بىر بوۋاقكى ، ئۇ كۆك نۇردىن ئاپىرىدە بولغان ، ئۇ قوۋمىمىزنىڭ پارلاق ئۈمىدى ، ھاياتلىقىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك تەجەللىسى . سەن دۇنيادىكى بارلىق مەنپەئەتچىلىك ، شەخسىيەتچىلىك ، بۇزۇقچىلىقلاردىن خالىي بىر گۈزەل قەلب ئىگىسى بولغاچقا بۇ ھاياتلىقنى سېنىڭ ۋۇجۇدىڭدا ئاپىرىدە قىلدۇق . سەن مۇشۇ سەۋەبلىك نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ، ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىشىڭ مۇمكىن ، ئەمما بۇ ھاياتلىقنى ساقلاپ قال» دەيدۇ . نۇرئاتىنىڭ سۆزى بىلەن يۇلتۇز دوختۇرخانىغا بارماي ، بەلكى دەريا بويىغا بېرىپ تۇغىدۇ . نۇرئاتا بوۋاقنى دەريا سۈيىدە يۇيۇپ ، ئانىسى يېنىدا ياتقۇزۇپ ، ئۇنىڭغا «بىلىكيار» دەپ ئىسىم قويۇپ بېرىپ كېتىپ قالىدۇ . نۇرئاتا كېتىشىگە بۇ يەرگە چىشى بۆرە كېلىپ قالىدۇ . چىشى بۆرىنىڭ ھەمراھىنى ئادەملەر ئۆلتۈرۈۋەتكەننىڭ ئۈستىگە ، ئۇنىڭ بالىلىرىنىمۇ سۇلتان ئەلى تاغارغا سېلىپ مەھەللىگە ئېلىپ كېلىپ ، ھەممىسىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئىدى . بالا دەردىدە باغرى قان چىشى

بۆرە بىلىكيارنى كۆرۈپلا بالىلىرىنى سىغىنىپ ، ئۇنى ئېلىپ دەريادىن
ئۆتۈپ كېتىدۇ . يۇلتۇز بالىسىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بۆرىنىڭ
كەينىدىن دەرياغا چۈشىدۇ . يىراقتىن ئەتراپنى كۆزىتىپ تۇرغان
سۇلتان ئەلى مىلتىق بىلەن يۇلتۇزنى ئېتىۋېتىدۇ ، يۇلتۇز دەريا
سۈيىگە غەرق بولۇپ كېتىدۇ . سۇلتان ئەلى تۆھمەت قىلىپ ، قەيسەر-
نى يۇلتۇزنىڭ قاتىلى دەپ تۇتۇپ بېرىدۇ . قەيسەر بىر مەزگىل
تۈرمىدە يېتىپ ، كېيىن كۆمۈر كاندا ئەمگەككە سېلىنىدۇ . بىر
قېتىملىق گاز پارتلاشتا ئۇنى ئۆلگەنلەر قاتارىدا يەرلىككە قويۇۋېتى-
دۇ ، ئەمما ئۇنىڭ جەسىتىنى چىشى بۆرە ئېلىپ كېتىپ ، ئۇنىڭ
بەدىنىنى هورداپ ، ئۇنى هاياتلىققا ئېرىشتۈرىدۇ . بۆرە ئانا ، قەيسەر ،
بىلىكيار ئۈچى بەختلىك هالدا بىرگە ياشايدۇ . بۆرە ئانا ئۇلاردىن
«مەن نۇرغۇن - نۇرغۇن نەرسىلەردىن ئايرىلىپ قالدىم ، سىلەر مېنى
هەرگىز تاشلىۋەتمەڭلار ، مەن سىلەرنىڭ ئاناڭلار» دەپ ئۈن سېلىپ
يىغلايدۇ . قەيسەر بىلەن بىلىكيار ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىدۇ ، يېقىنچى-
لىق قىلىدۇ . بىر كۈنلىرى ئورمانغا ئوت كېتىدۇ ، قەيسەر بىلىكيار-
نى ئېلىپ ئوتتىن قاچماقچى بولغان بولسىمۇ ، ئەمما بۇ ئاپەتتىن
قۇتۇلۇشقا ئامالسىز قالىدۇ . شۇنداق هايات - ماماتلىق پەيتتە ئانا
بۆرە كېلىپ بۇلارنى قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ . پۈتۈن ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق
قاپلاپ ، هەممە هاياتلىق هالاكەت ۋەھىمىسىگە چۆمۈپ ، هەممە خەلق
ناله - پەرياد كۆتۈرىشىدۇ . بىلىكيار ئۆز ۋۇجۇدىدىن نۇر تارقىتىپ ،
زۇلمەتتە قالغان كىشىلەرگە ئۈمىد بېغىشلايدۇ هەم ئۇلارنى مەنزىل-
سېرى باشلاپ ماڭىدۇ . ئەمما ئادەملەر نىيىتىنى بۇزۇۋشۇپ ئانا بۆرە
بىلەن قەيسەرنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئانابۆرە ،
بىلىكيار ، قەيسەرلەر نۇرئاتا چوققىسىغا چىقىپ غايىب بولىدۇ ، قا-
راڭغۇ زۇلمەتتە قالغان كىشىلەر بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ ، نىشانىنى
تاپالماي هالسىزلىنىپ ئۆزلىرىنى تاشلىۋېتىدۇ . رومان ئانا بۆرىنىڭ
نۇرئاتا چوققىسىدا هوۋلىغان ئاۋازى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ .



«بۆرە ئانا» ناملىق بۇ رومان يازغۇچىنىڭ تەبىئەت ، جەمئىيەت
ۋە ئادەم هەققىدىكى چوڭقۇر كۆزىتىشىنىڭ ، ئويلىنىشىنىڭ ۋە مۇهاكى-
مىسىنىڭ مەهسۇلى . رومانىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنى ناهايىتى
كەڭ بولۇپ ، يازغۇچى ئېكولوگىيىلىك مۇهىت ، ئادەملەر ۋۇجۇدىدىكى
ياتلىشىش هادىسىسى ، مىللىي روهنىڭ سۇسلاپ ھەتتا يوقىلىپ بېرى-
شى ، جەمئىيەتتىكى هەر خىل ئىللەتلەر ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق-
نىڭ ئەبەدىيلىك كۈرىشى قاتارلىق نۇرغۇن مەسىلىلەرنى رومانىنىڭ
مەزمۇنى قىلغان . يازغۇچى روماندا مۇهىم ئورۇنغا قويۇپ يازغان
مەسىلىلەرنىڭ بىرى تەبىئەت ئېكولوگىيىسى مەسىلىسىدىن ئىبارەت .
تەبىئەت بىزنىڭ ئانىمىز ، ئۇنى سۆيۈشىمىز كېرەك . تەبىئەت دېمەك
خۇدا دېمەكتۇر ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىشىمىز كېرەك . بۇ — روماد-
دىكى مەركىزىي ئىدىيىلەرنىڭ بىرى . رومان ۋەقەلىكى تەبىئەتنىڭ
بارلىق گۈزەللىكلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئاشۇ تاغلىق
يېزىدا بولۇپ ئۆتىدۇ . سەل يىراقتا هەيۋەتلىك تېغى ، يېقىنىدا بۈك -
باراقسان قەدىمىي ئورمىنى ، يېنىدا ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇرىدىغان
دەرياسى ، ئەتراپىدا گىلەم يايلىقى ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا زۇمرەت سۇ-
لۇق يۇلتۇز كۆلى بار بۇ يېزا ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ بارلىق گۈزەللىك-
لىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن . ئەمما ، بۇنداق جەننەتكە ئەنداز
تەبىئەت ، ئۇنىڭ گۈزەللىكى سۇلتان ئەلى ، ساتتار هامۇت قاتارلىق
كىشىلەرنىڭ پۇل تېپىپ باي بولۇشتىكى دەسمايىسىگە ئايلىنىپ قالى-
دۇ . ئۇلار يازلىق سەيلىگاھ قۇرۇش ئۈچۈن گىلەم يايلاقنى ۋەيران
قىلىدۇ ، نەتىجىدە چارۋا ماللار تۇركۈملەپ ئۆلۈپ كېتىدۇ ، تەبىئەت
گۈزەللىكىنى هەر خىل يوللار بىلەن خاراب قىلىدۇ ، كۆڭۈل ئېچىش
ئۈچۈن ئوۋ ئوۋلاپ قىممەتلىك ياۋايى هايۋانلارنى قىرىپ تۈگىتىدۇ ،
يەنە كىملەر كېلىپ ئورمانلارنى شىددەت بىلەن كېسىدۇ ، شۇنىڭ
بىلەن تەبىئەت تەبىئەتكە ئوخشىماي قالىدۇ ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن
ئەسەرمۇ قالمايدۇ . كىملەرنىڭ سەۋەنلىكى بىلەن ئورمانغا ئوت كې-

تىپ ، پۈتۈن ھاياتلىق پاناھسىز قالىدۇ ، ئادەملەر قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە نېمە قىلىشنى ، نەگە بېرىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالىدۇ . يازغۇچى مانا مۇشۇنداق كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە تەخىرسىزلىك نۇقتىسىدىن چىقىپ دۇنياۋى چوڭ تېما — ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق تېمىسىغا دادىللىق بىلەن ياندىشىپ ، بۇ تېمىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يۇقىرى مۇۋەپپەقىيەتكە ئىگە قىلغان . يازغۇچى بۇ تېمىنى يازغاندا بىر تەرەپتىن تەبىئەتنىڭ زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىدىن ئىبارەت بۇ رېئال مەسىلىنى جانلىق كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق كۆرسىتىپ بەرگەن ؛ يەنە بىر تەرەپتىن بۇنداق بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئىنسانلارغا ئېلىپ كېلىدىغان ئاقىۋىتىنىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ ، كىشىلەرگە تەبىئەت بىلەن ئادەم مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىر يىپقا باغلانغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ ، كىشىلەرنى تەبىئەتنى سۆيۈشكە ، تەبىئەتنى ئاسراشقا چاقىرغان . يەنە بىر تەرەپتىن يازغۇچى تەبىئەتنى ئادەملەرنىڭ خاراب قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مانا مۇشۇ بىر نۇقتىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ ، ئادەملەر ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەتنىڭ سالمىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن . «بۆرە ئانا» رومانى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق ھەققىدىكى مۇشۇ ئاكتىپ تېمىسى ۋە ئۇنى ئىپادىلەشتىكى مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدۇ .

روماندىكى يەنە بىر مۇھىم تېما ئادەم تېمىسى . يازغۇچى بۇ روماندا ئادەم ھەققىدىمۇ چوڭقۇر ، شۇنداقلا ماھىيەتلىك پىكىر يۈرگۈزگەن . يازغۇچى روماندا ياخشىلىق ، چىنلىق ، گۈزەللىك جەھەتتە بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى تۇرىدىغان ئىككى خىل كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان . قەيسەر ، يۇلتۇز قاتارلىقلار ياخشىلىق ، چىنلىق ، گۈزەللىكنىڭ مىسالى قىلىنغان بولسا ، سۇلتان ئېلى ، ساتتار ھامۇت قاتارلىق كىشىلەر يامانلىقنىڭ ، ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى خۇنۇكلۇكنىڭ ، رەزىللىكنىڭ مىسالى قىلىنغان . يازغۇچى سۇلتان ئەلى ، ساتتار



ھامۇتلارنى يېزىش ئارقىلىق دىققەت مەركىزىنى ئەجداد روھىدىن يىراقلىشىپ ، ئادەملىكتىن ياتلىشىپ كېتىۋاتقان ، دۇنيادىكى بارلىق يامانلىقلارنىڭ ، رەزىللىكلەرنىڭ مەنبەئىي بولغان ئاشۇ بىر خىلدىكى ئادەملەر ئۈستىگە قويغان . بۇلارنى يېزىش ئارقىلىق روھىيىتىمىزدىكى ، مەنىۋىيىتىمىزدىكى ھەر خىل يىمىرىلىشلەرنى كۆرسىتىپ ، ئادەملەر تەبىئەتنى قۇتقۇزۇش بىلەن بىرگە يەنە ئۆزىنىمۇ قۇتقۇزۇشى كېرەك ، دېگەن ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرگەن . سۇلتان ئېلى ئىنسان خاراكتېرىدىكى بارلىق يامانلىقلارنى ، رەزىللىكلەرنى ئۆزىگە توپلىغان ئادەم بولۇپ ، ئۇ ئۇچىغا چىققان قارا نىيەت ، شەخسىيەتچى ، زالىم ، چىرىك ، شۆھرەتپەرەس ئادەم بولۇپ ، ئۇ ئادەم بولۇپ تۇغۇلغاندىن تارتىپلا باشقىلارغا يامانلىق قىلىپ كېلىدۇ ، يۇلتۇزنىڭ ئانىسىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ ، ئۇنى ساتتار ھامۇتقا مەجبۇرىي نىكاھلاپ قويىدۇ ، كېيىن ئۆزىنىڭ قىزى بولمىش يۇلتۇزغا يامان نىيەتتە بولىدۇ ، مەقسىتىگە ئۇنۇملۇك يېتەلمىگەندىن كېيىن يۇلتۇزنى مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ ، جىنايىتىنى بىگۇناھ قەيسەرگە ئارتىپ ، ئۇنىڭ ناھەق ھالدا جازالىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ ، ئۇ ھەر خىل رەزىللىكلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدۇ ، يايلاقلارنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ ، ئورمانلارنى خاراب قىلىدۇ ، دەريا - كۆللەرنى بۇلغايدۇ . مانا مۇشۇنداق بىر قاتار ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۇ تەبىئەتكە ، جەمئىيەتكە ، ئادەملەرگە ناھايىتى ئېغىر زىيانلارنى سالىدۇ . يازغۇچىنىڭ گەۋدىلەندۈرمەكچى بولغىنى بىر ئادەم ۋۇجۇدىدىكى بۇنداق يامانلىق ، رەزىللىكلا ئەمەس ، بۇنداق خاراكتېردىكى ئادەملەر ئىنسانلار ئارىسىدا قەدىمدىن بار ، ئەدەبىي ئەسەرلەردىمۇ بار . ئەمدى توختى ئايۇپنىڭ تەنقىدلەۋاتقىنى نوقۇل سۇلتان ئېلى ئەمەس ، بەلكى پۈتۈن بىر جەمئىيەت كوللېكتىپى . بىر ئادەم تەبىئەتكە ، جەمئىيەتكە ، ئىنسان ھاياتىغا يەنە مۇشۇنداق بىر قاتار ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلسۇن ، ئەمما ئۇنىڭ سورىقى بولمىسۇن ؟ ! ھېچبىر ئادەم ئۇنى بۇ قىلمىشى بىلەن تونۇمىسۇن ،

ئەيبلىمسۇن ؟ ! يازغۇچى سۇلتان ئېلى ئوبرازى ئارقىلىق ئىنسان
خاراكتېرىدىكى يامانلىق ، رەزىللىكنىڭ دۇنيانى خاراب قىلغۇچى ئا-
ساسلىق ئامىل ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن بولسا ، ئاشۇنداق يامانلىق-
نى ، رەزىللىكنى توسىدىغان ئادەمنىڭ ، كۈچىنىڭ يوقلۇقى ، ياكى
كۈچلۈك ئەمەسلىكى ئارقىلىق مەنىۋىيەتتىكى خارابلىقنىڭ قايسى دە-
رىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىدىن بېشارەت بەرگەن . يازغۇچى بۇ نۇقتىنى
گەۋدىلەندۇرۇش ئۈچۈن يەنە نۇرئاتىنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىكى قىس-
مەتلىرى ، تاماكىچى خوتۇننىڭ «قۇتادغۇبىلىك»بەتلىرىنى يىرتىپ
تاماكا ئورىشى ، ئاخىرقى زۇلمەتتە ئاران بىر يول تېپىپ كېتىۋاتقان
كىشىلەرنىڭ نىجاتلىق تېپىش ئۈچۈن ئۇرۇنماي ، بىگۇناھ بۆرە بىلەن
قەيسەرنى يوقىتىش ۋەسۋەسىسىدە يۈرۈپ ، ئاخىرى ھەممىدىن ئايرى-
لىپ قالغانلىقىغا ئوخشاش تەپسىلاتلارنى بەرگەن . يازغۇچى بۇ روما-
نىدا مۇشۇ دەۋر ئادەملىرىنىڭ روھىي دۇنياسى ، مەنىۋى تۇرمۇشى
قاتالىقلار ھەققىدە چوڭقۇر پىكىرلەرنى يۈرگۈزۈپ ، ئاخىرقى ھېسابتا
«ئادەملەر ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇشى كېرەك » دېگەن ئىدىيىنى ئوتتۇ-
رىغا قويغان .

«بۆرە ئانا» رومانىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى كۆپ تەرەپلىمە بولۇپ ،
ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتە يازغۇچى رومانتىزم بىلەن رېئالىزمنى
بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان ، شۇڭا روماندا رېئال تەركىبلەر
بىلەن خىيال تەركىبلەر دائىم دېگۈدەك بىرگەۋدىگە ئايلانغان ھالەتتە
تەسۋىرلىنىدۇ . بۇ ھال رومانىنىڭ مەنە قاتلىمىنى ، ئىدىيىۋى چوڭ-
قۇرلۇقىنى ، بەدىئىي جەلپكارلىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان . رىۋا-
يەتلىك شەخسلەرنىڭ ئەسەرگە پېرسوناژ قىلىنىشى رومانىنى قەدىمكى
ئەنئەنىۋى تەپەككۇرىمىز ، چۈشەنچىلىرىمىز ، قاراشلىرىمىز بىلەن
باغلاپ ، ئۇنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىنى بېيىتىشتىمۇ ناھايىتى مۇھىم
رول ئوينايدۇ . روماندا يارىتىلغان چىشى بۆرە ، نۇر ئاتا قاتارلىق
ئوبرازلار كىشىگە ئىختىيارسىز يىراق زامانلاردىكى نىجاتكار بۆرىنى ،



مىللەت ۋۇجۇدىدا بار بولغان ياكى بولۇشى كېرەك بولغان بارلىق
ئەزگۈ سۈپەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن خىزىر سۈپەت كىشى-
لەرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ . بۇ ئوبرازلار ئۆز نۆۋىتىدە ئەسەر-
نى ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلەرگە ئىگە قىلىدۇ . ئىجادىيەت ئۇسۇلى
سەۋەبلىك روماندا ماكان - زامان چەكلىمىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ ،
ھەممە ئەركىن تەسۋىرلىنىدۇ ، يازغۇچى رېئال بىلەن خىيالنى ، ئۆت-
مۈش بىلەن ھازىرنى قايتىدىن قۇراشتۇرۇپ چىقىدۇ . ئىجادىيەت
ئۇسۇلى جەھەتتە بۇنى رومانچىلىقىمىزدىكى بىر يېڭىلىق دەپ قاراش
مۇمكىن . رومانىنىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر ئالاھى-
دىلىكى شۇكى ، بۇ بىر پارچە مۇھاكىمىلىك رومان . يۇقىرىدىمۇ تىلغا
ئالغىنىمىزدەك يازغۇچى بۇ روماندا نۇرغۇن مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە
قىلغان ، نۇرغۇن مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەن . يازغۇچى-
نىڭ ھەربىر تەپسىلاتى ، ھەربىر تەسۋىرى ھامان بىر مۇھاكىمىگە
مۇناسىۋەتلەشتۈرۈلگەن . يازغۇچى بەزىدە ئۆز بايانى ئارقىلىق مۇھا-
كىمە بەرگەن ، يەنە بەزىدە پېرسوناژلىرىنىڭ تىلى ، مونولوگى ئارقى-
لىق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغان ، يەنە بەزىدە بولسا ، مۇھاكىمە
قىلىشقا ، ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى كىتابخانغا سۇرەتلەپ
بېرىپ ، مۇھاكىمىنى ئۇلارنىڭ قىلىشىغا قالدۇرغان . يازغۇچى كى-
تابخانلارغا قالدۇرغان ئەڭ مۇھىم ، ئەڭ ئاساسلىق سوئال يەنىلا «مانا
مۇشۇنداق كىرىزىس پەيتىدە تەبىئەتنى ، بولۇپمۇ ئۆزىمىزنىڭ روھى-
مىزنى ، ئادەملىكىمىزنى قانداق قۇتقۇزۇشىمىز كېرەك ؟ » دېگەن
مەسىلىدىن ئىبارەت .

توختى ئايۇپ ھوسۇللۇق يازغۇچى بولۇپ ، ئۇنىڭ ھازىرغىچە :
«ھايات قەدىرى» (1980 - يىل ) ، «غۇر - غۇر شامال» ، (1993 - يىل )
قاتارلىق ھېكايىلەر توپلاملىرى ، «ئارمان» ، (1987 - يىل ) ،
«قۇم باسقان دېڭىز» ، (1990 - يىل ) قاتارلىق پوۋېستلار توپلامللى-
رى ، «مارجان بۇلاق» ، (1985 - يىل ) ناملىق ھېكايە - پوۋېستلار

توپلاملىرى ۋە «تەڭرىنىڭ ھۆكمى» (1 ـ ، 2 ـ قىسىم . 1993 ـ ،
1997 ـ يىللار ) ، «بۆرە ئانا» (1999 ـ يىل ، شىنجاڭ خەلق نەشرىيا-
تى )قاتارلىق رومانلىرى نەشر قىلىندى .

## ئەبەيدۇللا ئىبىراھىم

ئەبەيدۇللا ئىبىراھىم — ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت يولى ۋە ئىجا-
دىيەت مۇۋەپپەقىيىتى ئارقىلىق يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ
تەرەققىياتىغا ، گۈللىنىشىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان ، ئەسەرلىرى
كەڭ كىتابخانلارنىڭ ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ قايىللىقىغا ،
يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن دەۋرىمىزدىكى مۇنەۋۋەر ئەدىبلىرىمىزنىڭ
بىرى . ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە دېگۈدەك قەلەم
تەۋرەتكەن بولۇپ ، لىرىكىلىرىدا مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتى ،
ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ، خاراكتېر ـ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلىگەن
بولسا ، داستانلىرىدا دەۋرنىڭ مۇھىم مەسىلىلىرىنى ئەكس ئەتتۇر-
گەن ؛ ھېكايىلىرىدە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ، كىشىلىك
مۇناسىۋەتلەرنى ، ھايات مەسىلىلىرىنى يازغان بولسا ، رومانلىرىدا زور
تارىخىي ۋەقەلەرنى تەسۋىرلىگەن . ئۇنىڭ ھەرقايسى ژانىرلىرىدىكى
ئىجادىيىتى خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ۋە ئورتاقلىقلارغا ئىگە ، بولۇپمۇ
ئۇنىڭ لىرىكا ۋە رومان ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى ئالاھىدە گەۋ-
دىلىك . ئۇ مۇنەۋۋەر ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن ،
بەلكى يەنە دەۋرىمىزدىكى داڭلىق ژۇرنالىستلارنىڭ بىرى . ئۇنىڭ
ژۇرنال باشقۇرۇش ، ژۇرنال چىقىرىش جەھەتلەردىكى نەتىجىسىمۇ
ئومۇمىي ئېتىراپقا ئىگە .

ئەبەيدۇللا ئىبىراھىم مىلادىيە 1951 ـ يىلى خوتەننىڭ چىرا
ناھىيىسىدە مەرىپەتپەرۋەر ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ، مىلادىيە
1957 ـ يىلىدىن 1966 ـ يىلىغىچە باشلانغۇچ ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە
ئوقۇغان . مىلادىيە 1972 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات



فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن . مىلادىيە 1976 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈ-
رۈپ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغاندىن
بۇيان شۇ ژۇرنالدا ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ . ئەبەيدۇللا ئىبىراھىم ھازىر
«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ، ئالىي مۇھەررىر .

ئەبەيدۇللا ئىبىراھىم ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە 1963 ـ
يىلى «خوتەن گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «تالمايدىكەن بىلىكى »
ناملىق شېئىرى بىلەن كىرىپ كەلگەن . گەرچە ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى
ھەر خىل ژانىرلاردا بولسىمۇ ، دەسلەپكى باسقۇچتا شېئىرىيەت ئاسا-
سىي ئورۇندا تۇردۇ . ئۇ ئىجادىيەتكە يېڭى كىرىشكىنىگە ، ئىجادىيەت
ساھەسىدە شەكىللىۋازلىق ، شوئارۋازلىق ، سولچىللىق ئاساسلىق خا-
ھىش بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي ، بۇ يىللاردا يەنە «يۇلغۇن چېچىكى» ،
«ياشلىق ناخشىسى» ، «تېرىم پەسلى» ، «قىلىچ ۋە قەلەم » ، «ھاياتـ-
تىن خاتىرىلەر» ، «چاقىر ۋەتەن» ، «ۋەتەنگە» ، «گۈل يېزام»
قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلارنى يېزىپ ، بۇ شېئىرلاردا ۋەتەننى ،
خەلقنى ، ئەمگەكنى ئۇلۇغلاپ ۋە مەلۇم بەدىئىي سەۋىيە يارىتىپ ،
ئۆزگىچىرەك ئىجادىيەت يولى تۇتقان ۋە ئۆزىنىڭ شېئىرىيەت ئىجادى-
يىتىدىكى ئوتتەك قىزغىنلىقى ۋە ھەم شېئىرىي تالانتىنى ئاشكارىلى-
غان . شائىر 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ، 1980 ـ يىللارنىڭ
دەسلىپىدە شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن بىر دەۋرنى
باشلاپ ، ئۆزىنىڭ كىشىلەرنى قايىل قىلىدىغان شېئىرىي تالانتىنى ،
ئۆزگىچە كۆزىتىش ، ئۆزگىچە پىكىر قىلىش ، ئاجايىپ شېئىرىي ئۇنۇم
پەيدا قىلىش ئىقتىدارىنى «ئۈچ غەزەل» ، «خوتەن قەغىزى» ، «ئەتلەسكە
مۇخەممەس» ، «گىلەم» ، «مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس» قاتارلىق
ئېسىل لىرىكىلاردا نامايان قىلغان . بۇ لىرىكىلار ئەشۇ يىللاردىكى
شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ ،
كىتابخانلار ئارىسىدا ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە چوڭ تەسىر قوزغىغان .
شائىرنىڭ «قەشقەردە كەچ» ، «قەشقەر باغچىسى» ، «قەشقەر ئۈستى-
دىغا» قاتارلىق شېئىرلاردىن تەشكىل تاپقان «ئۈچ غەزەل» —

ئەبەيدۇللا ئىبىراھىم لىرىكىلىرىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك
قىلىپلا قالماستىن ، بەلكى يېڭى دەۋردىكى غەزەلچىلىكىمىزدىمۇ ناھا-
يىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . قەشقەر ھەققىدىكى بۇ بىر يۇرۇش
غەزەللەردە شائىر بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت مەركىزىدىكى تىپىك ، ۋە-
كىللىك ، جانلىق كۆرۈنۈشلەرنى ئاجايىپ ھاياجان ، قىزغىن مۇھەب-
بەت ، ئېسىل مىسرالار ئارقىلىق تەسۋىرلەپ ، تىل بىلەن ئىپادىلەپ
بولغۇسىز بىرخىل ئېستېتىك ئۇنۇم ياراتقان . «خوتەن قەغىزى» ،
«ئەتلەسكە مۇخەممەس» ، «مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس» قاتارلىق شې-
ئىرلاردىمۇ شائىر ئىجادكار ، ئەمگەكچان ، مەدەنىيەتلىك ئەجدادلى-
رىمىز ياراتقان قەغەز ، ئەتلەس ، مۇقاملارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى
ھاياتىمىزدىكى رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ، يۈكسەك دەرىجىدىكى ۋە-
تەنپەرۋەرلىك ، خەلقپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادىلىگەن . بۇ شېئىرلار-
دىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى ، ئەبەيدۇللا ئىبىراھىم كلاسسىك
شەكىللەردە ياخشى يازالايدىغان ۋە ئۇنىڭ مەلۇم سەۋىيىسىنى ياراتقان
ھازىرقى زامان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى . بۇ شېئىرلارغا ئوبزورچىلار
يۇقىرى باھالارنى بېرىشكەن . يۇقىرىدا ئىسمىنى ساناپ ئۆتكەن ئاشۇ
بىر قىسىم شېئىرلاردا شائىر خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئىجاد-
چانلىقىنىڭ مەھسۇلى بولغان ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قىممەتلىك
بايلىقى ھېسابلىنىدىغان مۇقام ، مەشرەپ ، ئۆرپ - ئادەت ، گىلەم ، ئەت-
لەس ، قەغەز ··· قاتارلىقلارنى قىزغىن مۇھەببەت بىلەن مەدھىيى-
لەپ ، ئۆزىنىڭ ئىجادكار ئەجدادلىرىمىزغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتى-
نى بەدىئىي يۈكسەكلىكتە ئىپادىلەپ بەرگەن .

ئەبەيدۇللا ئىبىراھىم ئىجادىيىتىدە داستانچىلىقمۇ ناھايىتى مۇ-
ھىم ئورۇن تۇتىدۇ . ئۇ 1970 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا داستان يېزىشقا
كىرىشكەن ، 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ، 1980 - يىللارنىڭ باشلى-
رىدا ناھايىتى چوڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىگە ئېرىشكەن . 1978 -
يىلىدىن 1983 - يىلىغىچە بولغان قىسقىغىنە بەش يىل ئىچىدە ئۇ
ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «گۈلزۇپەر» ، «پولات» ، «دوستۇمنىڭ خاتىرى-



سى» ، «چىمەندە توي» ، «قارا ۋە ئاق» ، «ھەسەن - ھۈسەن»
قاتارلىق داستانلارنى يېزىپ ، يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر داستانچىلىقىغا
مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشتى . شائىرنىڭ بۇ بىر قاتار داستانلىرى
ئىچىدە «قارا ۋە ئاق» داستانى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ ،
شائىر بۇ داستانىدا سانائەت تېمىسىنى يازغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا كۆمۈر-
كان ئىشچىسى تەلئەتنىڭ كەسىپ ۋە مۇھەببەت جەھەتتىكى سەرگۈ-
زەشتىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن . داستاندا شائىر ۋەقەلىكنى بايان قى-
لىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي ، يەنە ھايات ھەققىدە ، گۈزەللىك
ھەققىدە ، كەسىپ ھەققىدە ، قەلب ھەققىدە چوڭقۇر مۇھاكىمىلەرنى
ئېلىپ بارغان ھەم يېڭىچە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئەسەرنى
مەزمۇن جەھەتتىن يۈكسەكلىككە ئىگە قىلغان . «دوستۇمنىڭ خاتىرى-
سى» — شائىرنىڭ يەنە بىر يىرىك داستانى بولۇپ ، ئۇنىڭدا باش
قەھرىمان سەرسانىنىڭ ئاپەتلىك يىللار — «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»
مەزگىلىدىكى ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى ، پاجىئەلىك تەقدىرى
ئارقىلىق ، بىر ئەۋلاد زىيالىيلار باشتىن كەچۈرگەن ئېچىنىشلىق
قىسمەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ، شائىر داستاندا مۇكەممەل ، بىر
پۈتۈن ۋەقەلىك ئارقىلىق دەۋر رېئاللىقىنى كەڭ ۋە ماھىيەتلىك
كۆرسەتكەن ۋە مۇھىم مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان ، ئوخشاشمىغان
خاراكتېر - ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بىر تۈركۈم پېرسوناژلار ئوبرازى-
نى يارىتىپ ، ھايات ھەققىدىكى ئويلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ، داستا-
دىكى كەسكىن زىددىيەت توقۇنۇشلار ، ئوخشاشمىغان تەقدىرلەر كى-
شىگە چىنلىق تۇيغۇسى بەخش ئەتسە ، كۈچلۈك لىرىكا ۋە ئۆزگىچە
مۇھاكىمىلەر كىشىگە بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ .

ئەبەيدۇللا ئىبىراھىم ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تونۇلغان يازغۇچى . ئۇ
1980 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن
شۇغۇللىنىپ ، «ئاجايىپ كۆزلەر» ، «يەر» ، «كۆن نەدىن چىقىدۇ» ، «سې-
رىق سەبدە» ، «ھەي ، ئادەملەر» ، «ئىنسان قەدىرى» ، «كۈلەيمۇ يا
يىغلايمۇ» قاتارلىق بىر تۈركۈم ياخشى ھېكايىلەرنى يېزىپ ، كىتاب-

خانلارغا سۈندى . يازغۇچىنىڭ كۆزىتىش نۇقتىسى ، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ئۆزگىچە بولغاچقا ، بۇ ھېكايىلەردە تۇرمۇشنىڭ ئاددىي ، كۆرۈنۈشتىكى تەرەپلىرى يېزىلىپ ، ماھىيەتلىك مەسىلىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ، بۇ ھېكايىلەر كۈچلۈك تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولۇپ كىشىنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ . يازغۇچىنىڭ بۇ بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ھېكايىلىرى «تۇمانلىق دۇنيا» ناملىق توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن . يازغۇچى بۇ ھېكايىلىرىدە تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي ، جانلىق ۋەقەلەرنى ، خاراكتېرلارنى يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇپ ھەم ئەدەبىيلەشتۈرۈپ يېزىپ ، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ، ئەخلاق قارىشى ، ئادەملىك ساپاسى ھەققىدىكى كۆزىتىشلىرىنى ، مۇلاھىزىلىرىنى ، قاراشلىرىنى قىزىقارلىق ، تەسىرلىك ۋەقەلىك ۋە جانلىق بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان . ھېسابتا يازغۇچى ئۆزىنىڭ بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ھېكايىلىرى ئارقىلىق ئادەم ھەققىدە ئىزدەنگەن ، ھاياتلىقنىڭ قىممىتى ، ئەھمىيىتى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن بولۇپ ، بۇ جەھەتتىن قارىغاندا ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدىكى ۋەقەلىك ۋە پېرسوناژلار مەقسەت ئەمەس . ئۇنىڭ ھېكايىلىرى ھەجىم جەھەتتىن ئىخچام ، ئاممىباب ، ئۆزگىچە قۇرۇلما ماھارىتى بىلەن يېزىلغان ؛ ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە تىل ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئىشلىتىلگەن بولۇپ ، كىشىگە كۈچلۈك ئېستېتىكىلىق زوق بېغىشلايدۇ .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم كېيىنچە ھېكايە ئىجادىيىتىدىن رومان ئىجادىيىتىگە ئۆتۈپ ، 1988 ـ يىلى «تۇندىكى چاقماق» ناملىق تارىخىي رومانىنى ، 1996 ـ يىلى «داغ» ناملىق تارىخىي رومانىنى نەشر قىلدۇردى . يازغۇچىنىڭ ھەر ئىككى پارچە رومانى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان بولۇپ ، قىزغىن ئالقىشقا ، يۇقىرى باھالارغا سازاۋەر بولدى . يازغۇچىنىڭ تۇنجى رومانى ھېسابلىنىدىغان «تۇندىكى چاقماق»تا ، خوتەننىڭ چىرا ناھىيىسىدە مىلادىيە 20 ـ ئەسىرنىڭ 10 ـ يىللىرىدا يۈز بەرگەن ، خەلقنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇستەبىت ،



چىرىك ھۆكۈمرانلىقىغا ، يەرلىك فېئودال بەگ ـ ئەمەلدارلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلمىغا ۋە چەت ئەل تاجاۋۇزچى كۈچلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق كۆلىمى چوڭ دېھقانلار قوزغىلىڭىنى تەسۋىرلىگەن . يازغۇچى مول تارىخىي بىلىمى ، تۇرمۇش بىلىمى ، ۋە كۈچلۈك بەدىئىي تەسەۋۋۇرى ئاساسىدا تارىخىي ۋەقەلەرنى ، شەخسلەرنى قايتىدىن جانلاندۇرۇپ يېزىپ ، رومانىنى ھەم تارىخىي چىنلىققا ھەم بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە قىلغان . يازغۇچى روماندا خەلق قوزغىلىڭىنىڭ تارىخىي مۇقەررەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە چوڭقۇر مۇھاكىمىلەرنىمۇ يۈرگۈزۈپ ، ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان . روماندا سۇپۇرگە ئاخۇن ، سىيىت ھاجى ، ئابلىز قارى ، ئابدۇللا چاققان قاتارلىق بىر تۈركۈم روشەن خاراكتېر ـ ئالاھىدىلىككە ، تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە پېرسوناژلار ئوبرازلىرى يارىتىلغان بولۇپ ، يازغۇچىنىڭ ئوبراز يارىتىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ھەقىقەتەن كىشىنى قايىل قىلىدۇ . يازغۇچى روماندا تارىخىي تەركىبلەر بىلەن بەدىئىي توقۇلمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى ياخشى بىر تەرەپ قىلغان بولغاچقا ، بۇ رومان ئىسمى جىسمىغا لايىق تارىخىي رومان بولۇپ چىققان .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم «تۇندىكى چاقماق» رومانى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رومانچىلىقىغا ئاساس سالغان بولسا ، «داغ» رومانى ئارقىلىق رومان ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان . «داغ» تارىخىي رومان بولۇپ ، ئۇ ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە يىرىك ئەسىرى ، شۇنداقلا يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن نادىر رومانلارنىڭ بىرى . روماندا ، مىلادىيە 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يۇرتىمىزدا يۈز بەرگەن بىر قاتار تارىخىي ۋەقەلەر ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ ، ئەكسىيەتچى ، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار ، زالىم بەگ ـ ئەمەلدارلارنىڭ ئەل ـ يۇرتقا ئېلىپ كەلگەن تۈگىمەس بالايىئاپەتلىرى ، ۋەيرانچىلىقلىرى ، بۇنىڭغا چىداپ بولالمىغان خەلق ئاممىسىنىڭ قوزغىلىپ ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى

تەسۋىرلەنگەن. يازغۇچى مول تارىخىي بىلىمى ئاساسىدا ئەسەرنى كۈچلۈك تارىخىي چىنلىققا ئىگە قىلىپ، خەلقىمىز تارىخىدىكى ئاشۇ بىر قېتىملىق جەڭگىۋار كۆرەشنى بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ تەسۋىرلىگەن. يازغۇچى تارىخنى يازغاندا نوقۇل تارىخ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى يەنە بەدىئىي تەسەۋۋۇر، توقۇلمىلار بىلەن ئەسەرنىڭ بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. تېخىمۇ قىممەتلىك بولغىنى شۇكى، يازغۇچى تارىخىي ۋەقەلەرنى، تارىخىي شەخسلەرنى قايتىدىن كۆرسىتىپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئاشۇ تارىخىي ۋەقەلەردىن، تارىخىي شەخسلەردىن بۈگۈنكى زامان كىشىلىرى ئۈچۈن ساۋاق بولىدىغان تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، رومانىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. يازغۇچى ئۆز ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى بويىچە تارىخ ئارقىلىق بۈگۈنگە ئىبرەت قىلغان، ئىنسان ھەققىدە، ھايات ھەققىدە چوڭقۇر قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن، ئاجايىپ جەلپكار ۋەقەلىك ئارقىلىق ئەسەر سۇژىتىنى قانات يايدۇرغان، يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتىنىڭ مەھسۇلى بولغان، كىشىگە ئۆزگىچە تەسىرات بېرىدىغان نىياز ھېكىمبەگ، كېپەك دەرۋىش قاتارلىق يېگانە پېرسوناژلار ئوبرازىنى ياراتقان. ئۇنىڭدىن باشقا رومانىنىڭ تەسۋىرلەش، بايان قىلىش، تىل ئىشلىتىش، قۇرۇلما ئورۇنلاشتۇرۇش ماھارەتلىرىمۇ ناھايىتى ئۈستۈن.

رومانىنىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى نىياز ھېكىمبەگ، كېپەك دەرۋىش قاتارلىق پېرسوناژلار ئوبرازىدا گەۋدىلىنىدۇ. نىياز ھېكىمبەگ «قۇۋلۇق، شۇملۇق بىلەن سۇيىقەست ۋە ھىيلە-مىكىردە تەڭدىشى يوق بىر ئادەم. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئورۇن ۋە مەرتىۋە ئۆز ھاياتىدىنمۇ ئەزىز ۋە قىممەتلىك. ئۇنىڭچە ۋاپا ۋە ساداقەت دېگەنلەر ياشاش ئىقتىدارى بولمىغان يارامسىز ئادەملەرنىڭ ئويلاپ تاپقان نەرسىسى. ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ھايات يولىنى كېسىش نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۆزگەرمەس ھايات مەنتىقىسى. ئۇ رەزىللىك ۋە مۇناپىقلىقنىڭ جانلىق تىپى، ياۋۇزلۇق ۋە قانخورلۇقنىڭ كەم تېپىلىدىغان ئۈلگىسىدۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادا ئەڭ قورقۇنچلۇق نەرسە ھەققەت ۋە ئادالەت، دەردمەن، بىچارىلەرنىڭ ئۆز-ئۆزىنى چۈشىنىپ يېتىشى. يازغۇچى ··· ئۇنى ماھىيىتى تۈپتىن ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەت قاينىمىغا، يەنى ئەمگەكچى خەلق ۋە ئۆز كۈشەندىلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشلار ئېقىمىغا تاشلايدۇ. نەتىجىدە نىياز ھېكىمبەگ بۇ شەپقەتسىز ئېلىشىشتا ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە ئىككىلا سەپتە ئوخشاشلا مەغلۇپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ جىنايەتلىك شەرمەندە ھاياتىنى يىرگىنىشلىك ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ»، «كېپەك دەرۋىش خەلق ۋە ئۇنىڭ غايىلىرىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، بۇ يولدا ئۆمۈر بويى ئىزدىنىش ۋە رىيازەت چېكىشنى ۋىجدانىي بۇرچى ھېسابلايدىغان، خەلقنىڭ تەقدىرى ۋە كېلەچىكىدىن باشقا ھېچقانداق غەم، تەشۋىشى بولمىغان ھالال بىر ئادەم. ئۇ ھايات چۈشەنچىسى كەڭ، تۇرمۇش بىلىمى چوڭقۇر، ھەممە نەرسىگە ئۆزگىچە قارايدىغان، ھەرقانداق مۇرەككەپ ۋەقە-ھادىسىلەرنىڭ سىر، ھېكمەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ساددا پىكىر، مۇلاھىزىلىرى بىلەن روشەن يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان ئالاھىدە ئەقىل ئىگىسى». «كېپەك دەرۋىش بىلەن نىياز ھېكىمبەگ ئوبرازلىرى ئەدەبىياتىمىزدا ھازىرغىچە قەلەمگە ئېلىنمىغان، پروزىمىزدا ھېچقانداق بەدىئىي ئىزناسى بولمىغان پۈتۈنلەي يېڭى ئوبرازلار بولۇپ، ئۇلارنى ئاپتور ئۆزىنىڭ ماھارەتلىك قەلىمى بىلەن ئەدەبىياتىمىزغا بىرىنچى بولۇپ ئېلىپ كىردى.①»

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم بۇنىڭدىن باشقا يەنە دراما ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ «نازىگۇم» دراممىسى، كىنو سېنارىيىسى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «سىرلىق كارۋان» سىنارىيىسىنى يازغان. ئۇنىڭ ئەرەپ يېرىم ئارىلى، چاۋشيەن، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەرگە قىلغان زىيارىتى ئاساسىدا يېزىلغان زىيارەت خاتىرىلىرىمۇ ناھايىتى ياخشى يېزىلغان بولۇپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى.

① مۇھەممەت پولات: «‹داغ› — ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى»، «ئەدەبىيات — چىنلىق ۋە گۈزەللىك زېمىنى» 35-، 36-، 37-بەتلەر.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئىجادىيىتىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغىنى شۇكى ، ئۇ يەنە ساياھەت خاتىرىلىرىنى ئاساس قىلغان خاتىرە ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدىمۇ گەۋدىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بۇ يېڭى ئەدەبىي تۈرنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپىلەرنى قوشتى .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان ئىجادىي ئەسەرلىرىدىن : «يۇلغۇن چېچىكى» (1981 ـ يىل ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ) ، «كۆكلەم» (1981 ـ يىل ، مىللەتلەر نەشرىياتى ) ، «ھەسەن ۋە ھۈسەن» (1983 ـ يىل ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ) قاتارلىق شېئىرلار ـ داستانلار توپلىمى ؛ «ئۈچ بولكا» (1985 ـ يىل ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ) ، «ئاجايىپ كۆزلەر» (1986 ـ يىل ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ) ، «سېرىق سەبدە» (1987 ـ يىل ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ) ، «تۇمانلىق دۇنيا» (1991 ـ يىل مىللەتلەر نەشرىياتى ) ، «ئاق كەپتەر» (1992 ـ يىل ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ) قاتارلىق ھېكايە توپلاملىرى ، «سىرلىق كارۋان» (1988 ـ يىل ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ) ناملىق كىنو سېنارىيىسى توپلىمى ، «تۈندىكى چاقماق» (1988 ـ يىل ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ) ، «داغ» (1996 ـ يىل ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ) قاتارلىق رومانلىرى ، شۇنداقلا «ساياھەتنامە» (1998 ـ يىل ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ) ، «ياۋروپادا نېمىلەرنى كۆردۈم» (2000 ـ يىل ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ) ، «ئامېرىكىدا 15 كۈن» (2001 ـ يىل ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ) قاتارلىق ساياھەت خاتىرىلىرى بار .

## پەرھات جىلان

پەرھات جىلان يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بەلگىلىك ئورۇن تۇتىدىغان ئوتتۇرا ياش يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇنىڭ 1970 ـ يىللاردا «پۇل» ناملىق ھېكايىسى ، 1980 ـ يىللاردا «ئالـ



ـتۇن قاندىكى توي» ھېكايىسى ئەدەبىيات ساھەسىدە ، جۈملىدىن كىتابخانلار ئارىسىدا خېلى كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن پەرھات جىلانمۇ تونۇلۇشقا باشلىغان ئىدى . ئەمما ، ئۇنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنىغا ئاساس سالغان ئەسىرى يەنىلا «مەھمۇت قەشقەرى» ناملىق رومانى بولدى . بۇ رومان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەھمۇت قەشقەرىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى پروزا شەكلى ئارقىلىق تۇنجى بولۇپ ياراتقانلىقى شۇنداقلا ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەنلىكى بىلەن ئۇيغۇر رومانچىلىقىغا بىر تۆھپە بولۇپ قېتىلدى ۋە يازغۇچىغىمۇ كاتتا شۆھرەت ئېلىپ كەلدى .

## پەرھات جىلاننىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

پەرھات جىلان مىلادىيە 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئۇ 1954 ـ يىلى غۇلجىدىكى رۇس تىلى مەكتىپىگە كىرىپ رۇسچە ئۆگەنگەن . كېيىن ئائىلىسىدىكىلەر ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەلگەندە ئۇ ، رۇسچە ئوقۇشىنى ئۈرۈمچىدە داۋاملاشتۇرغان . باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان رۇس تىلى ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە تىل تەتقىقات ۋە تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىشىغا بىۋاستە ئاساس بولغان . مىلادىيە 1961 ـ يىلىدىن 1966 ـ يىلىغىچە ئۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان . ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇپ ، مەخسۇس كەسىپلەر بويىچە سىستېمىلىق بىلىم ئىگىلەشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئارزۇسىنى ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» بەربات قىلىۋەتكەن . ئۇ ئاشۇ يىللاردا تاش چوقۇشقا ئوخشاش ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك ۋە باشقا ياللانما ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ ھايات كەچۈرگەن . شۇنىڭ بىلەن مىلادىيە 1979 ـ يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېـ

مىيىسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىغا رۇس تىلى تەرجىمانلىقىغا ئو-
رۇنلاشقان . كېيىنچە تەرجىمانلىقتىن باشقا يەنە تىل تەتقىقاتى بىلەنمۇ
شۇغۇللانغان . ئۇ ھازىر مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى
بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ .

پەرھات جىلان كىچىكىدىن تارتىپلا ئەدەبىياتقا قىزىققان . ئۇ
ئوقۇغان دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەر ئۇنى ئەدەبىيات دۇنياسىغا باشلاپ
كىرگەن . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئۇ ئەدەبىي ئىجادى-
يەتكە كىرىشىپ ، دەسلەپ «پۇل» ناملىق ھېكايىسىنى يازغان . ئاشۇ
يىللاردا بۇنداق ھېكايىلەرنى يېزىش چەكلىنەتتى شۇڭا ئېلان قىلدۇ-
رۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئەمما بۇ ھېكايە قولىيازما ھالىتىدە
كىشلەر ئارىسىغا كەڭ تارقالدى ۋە سۆيۈپ ئوقۇشقا سازاۋەر بولدى .
تۇنجى ھېكايىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ پروزا ئىجادىيىتىدىكى
ئىقتىدارىدىن بېشارەت بەردى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ئەر ـ ئايال
ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ، ئايال-
لارنىڭ ئۆز ئائىلىسىنى قۇرۇش ۋە قوغداش يولىدىكى تىرىشچانلىقلى-
رى مەدھىيىلەنگەن «باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە» گە ئوخشاش ھېكايى-
لەرنىمۇ يازدى .

ئەمەلىيەتتە پەرھات جىلاننىڭ ھەققىي ئەدەبىي ھاياتى 1980 ـ
يىللارنىڭ دەسلىپىدىن تارتىپ باشلاندى . «پۇل» ناملىق ھېكايىسى
رەسمىي ئېلان قىلىنىپ ، چوڭ تەسىر قوزغىدى . 1983 ـ يىلىغا
كەلگەندە «ئالتۇن قاندىكى توي» ناملىق تارىخىي ھېكايىسىنى ئېلان
قىلىپ ، ئەدەبىيات ساھەسىدە زىلزىلە پەيدا قىلدى ۋە شۇ چاغقىچە
بولغان تارىخىي ھېكايىچىلىقنىڭ يېڭى بىر پەللىسىنى ياراتتى . شۇ-
نىڭدىن تارتىپ ئۇ ئىزچىل پروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ،
«يېڭىدوست ۋە كونا دوست» ، «تاشچى ئۇستامنىڭ ھېكايىسى» ،
«ئاھ ، ئايگۈل» ، «قاردا ياتقان چوكان» ، «بىزنىڭ پولكوۋنىك» ،
«يول ئۈستىدە» قاتارلىق ھېكايىلەرنى ، «گۇاڭجۇ شاملى» ، «ئاجا-



يىپ شەھەردىكى ئاجايىپ سەپەر» قاتارلىق پوۋېستلارنى يازدى . بۇ
ئەسەرلەردە يازغۇچىنىڭ ئادەم ، ھاياتلىق دۇنياسى ۋە ئىجتىمائىي
رېئاللىق ھەققىدىكى چوڭقۇر ۋە ئۆزگىچە ئىزدىنىشلىرى ئۆز ئىپادى-
سىنى تاپتى .

پەرھات جىلان ئەسەرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى نىسبەتەن كەڭ ،
ژانىرلىرىمۇ كۆپ خىل بولغاچقا ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسەرلىرىمۇ ئۇنچە
كۆپ بولمىغاچقا ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكلى-
رىنى تېپىپ چىقىش نىسبەتەن تەس . ئەمما ، ئۇنىڭ ۋەكىللىك خا-
راكتېرلىك ھەربىر پارچە ئەسىرى ئۆزگە خاس روشەن ئالاھىدىلىكلەر-
گە ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئىگە . «پۇل» ناملىق ھېكايىنى ئالىدىغان
بولساق ، بۇ ھېكايە ئاشۇ يىللاردا يېزىش چەكلەنگەن مۇھەببەت ،
ئەخلاق ، ۋىجدان تېمىسىدا يېزىلغان بولغاچقا ، يازغۇچى ئالاھىدە ماھا-
رەت ئىشلىتىپ ، ئەسەر ۋەقەلىكىنى تۈركىيە تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان
قىلىپ ، ئەسەر پېرسوناژلىرىغىمۇ تۈركچە ئىسىم قويۇپ يازغان ، ئۆز
ئىسمىنى قوللانماي «تۈركىيە يازغۇچىسى نىھات ئەلى» دېگەن ئوي-
دۇرما ئىسمىنى قوللانغان . ھېكايىدە يازغۇچى پۇل ـ بايلىقنىڭ
ئېزىقتۇرۇشىغا ئۇچراپ ، ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىتنى تاشلاپ ،
باشقىلارنىڭ كەينىدىن كەتكەن مەستۇرە ئىسىملىك قىزنىڭ سەرگۈ-
زەشتلىرىنى ۋە «مەن» نىڭ مۇرەككەپ ئىددىيىۋى ھېسسىياتىنى
تەسۋىرلەش ئارقىلىق چىن ئىنسانى مۇھەببەت ، پۇل ـ بايلىق ۋەئا-
دەملىك پەزىلەت . . . كە ئوخشاش ماھىيەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە
چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزگەن . بۇ ھېكايىدە شۇ يىللاردا يېزىش مودا
بولغان رېئاللىقنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە ياكى مۇبالىغىلەشتۈ-
رۈپ يېزىش خاھىشىدىن ھالقىپ ، ئىنسان ھەققىدە ، ئادەملىك پەزى-
لەت ۋە ۋىجدان ھەققىدە يېزىلغان بولۇپ ، بۇنى ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقى-
دىكى بىر ھالقىش سۈپىتىدە كۆرۈشىمىز كېرەك . ئۇنىڭدىن باشقا
ھېكايىنىڭ بايانىمۇ روشەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە . ھېكايە 1 ـ شەخس ـ

«مەن» نىڭ بايانى بىلەن يېزىلغان . يازغۇچى بۇ خىل بايان ئۇسۇلد-
ىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ، «مەن» نىڭ ئىدىيە ،
ھېسسىياتىدىن چىقىپ ئەسەرنى بايان قىلغان . شۇنىڭ بىلەن ئەسەر
ھېسسىيات چىنلىقىغا ، كۈچلۈك لىرىكىلىقىقا ئىگە بولغان . ھېكايە
مانا مۇ شۇنداق تېما ئۆزگىچىلىكىگەۋە بايان ماھارەتلىرىگە ئىگە بول-
غاچقا ، كىشىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ۋە ياقتۇرۇپ كۆرۈشىگە سازاۋەر
بولغان .

ئەمدى «ئالتۇن قاندىكى توي» ھېكايىسىگە كەلسەك ، يازغۇچىد-
ىنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىي ھاياتى ئەمەلىيەتتە مۇشۇ ھېكايە بىلەن
باشلاندى ، يازغۇچىنىڭ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى ئورنىغىمۇ مۇشۇ
ئەسەر ئاساس سالدى . بۇ ھېكايىدە يازغۇچىنىڭ مول تەسەۋۋۇر كۈ-
چى ، تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئەدەبىي قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىكى
ماھىرلىقى ، تارىخ بىلەن توقۇلمىنى باغلاش سەنئىتى ، خاراكتېر
يارىتىش ۋە قۇرۇلما ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى ئۇستىلىقى تولۇق نامايان
قىلىنغان . يازغۇچى بۇ ھېكايىنى يېزىشتا مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي
تىللار دىۋانى»غا خاتىرىلەپ قويغان كىچىككىنە بىر رىۋايەتكە ئاساس-
لانغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇ قىسقىلا بىر رىۋايەتنى يۈكسەك دەرىجىد-
ىكى تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي مەلۇماتلار ئاساسىدا
موللاشتۇرۇپ ، كېڭەيتىپ ، يىراق قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇر قوشۇنلىد-
ىرى بىلەن ئالېكساندىر ماكىدونىسكى قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ
ئۆتكەن بىر قېتىملىق مۇھىم تارىخىي ئۇرۇش — «ئالتۇن قان»
ئۇرۇشىنى ناھايىتى كەڭ ۋە ئەتراپلىق تەسۋىرلىگەن . يازغۇچى بۇ
ھېكايىدە ئاشۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا ئۇيغۇر قوشۇنلىرى كۆرسەتكەن
قەھرىمانلىقنى ۋە ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى تولۇق
مۇئەييەنلەشتۈرگەن ھەم ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرگەن . دېمىسىمۇ ، يى-
راق يۇناندىن يولغا چىقىپ ، تاجاۋۇزچىلىق ، كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى
بىلەن جاھاننى بېشىغا كىيىپ ، ھەدەپ شەرققە ئىلگىرىلەپ ، شەرق



ئەللىرىگە ھەددى ـ ھېسابسىز بالايىئاپەتلەرنى ، خانىۋەيرانچىلىقلارنى
ئېلىپ كەلگەن ئالېكساندىر ماكىدونىسكى قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنى
ئۇيغۇر قوشۇنلىرى توسقان . ئۇرۇشتا ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ ئارقىغا
چېكىندۈرگەن . مانا بۇ — ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ تارىختىكى مۇھىم
تۆھپىلىرىدىن بىرى ئىدى . يازغۇچى مانا مۇشۇ تارىخىي تۆھپىنى
مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئەجدادلىرىمىزنىڭ باتۇرلۇق ـ
قەھرىمانلىقىنى ، شۇنداقلا تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇپ ، يۇرتىنى
قوغداشتەك يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىمۇ قىزغىن مەدھىيىلد-
ىگەن . ھېكايىدە ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ ئالېكساندىر ماكىدونىسكى
قوشۇنلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇش كۆرۈنۈشلىرىنى ماھىرلىق
بىلەن تەسۋىرلەپ ، كۈچلۈك ھاياجان پەيدا قىلىدۇ ۋە ئۇنتۇلماس
تەسىرات قالدۇرىدۇ . يازغۇچى ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ باتۇرلۇقىنى ،
ئۇرۇشتا ماھىرلىقىنى ، قىزىققانلىقىنى ھېكايىدىكى ئارسلان ، بارس
تېگىن ، ئىلتەمىر قاتارلىق پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىق كۆرسد-
ىتىپ بەرگەن . ئەسەردە ئارسلان ئوبرازى كۆڭۈل قويۇپ يارىتىلغان
بولۇپ ، ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى باتۇرلۇق ، مەردلىك ، ۋاپادارلىق كۆپ-
لىگەن جانلىق تەپسىلاتلار بىلەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن . ئۇنىڭ ئاخىرى
بالقىز بىلەن توي قىلغانلىقىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق يازغۇچى بىر
تەرەپتىن بۇ ئۇرۇش تېمىسىغا مۇھەببەت ھېكايىسىنى قىستۇرۇپ ،
ئەسەرنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرغان بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن قەدىم-
ىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق قارىشىنى جانلىق ۋە ئوبرازلىق چۈ-
شەندۈرۈپ بەرگەن . مەركۇر ھېكايىنىڭ تەپسىلاتلىرى جانلىق ، تەس-
ۋىرلىرى ئىنچىكە ، تىلى نەپىس ، لىرىكىلىقى كۈچلۈك ، قۇرۇلمىسى
مۇكەممەل بولۇپ ، مۇشۇ مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ئۇ يېڭى دەۋر
ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىدىكى نادىر ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنى-
دۇ .

1990 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە پەرھات جىلان

پوۋېست ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى ، شۇنداقلا ئىجادىيەت ئۇسۇلى
جەھەتتە دادىللىق بىلەن يېڭىلىق ياراتتى . ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلى
جەھەتتە ياراتقان يېڭىلىقى يېقىندا ئېلان قىلىنغان «ئاجايىپ سەپەردى-
كى ئاجايىپ ئىشلار» ناملىق پوۋېستىدا ئەڭ روشەن ئىپادىلەندى .
بۇ پوۋېستتا قەيەردىن كەلگەنلىكى ئېنىق بولمىغان باتۇر ، غەيرەت
ۋە جۈرئەتتىن ئىبارەت ئۈچ ياشنىڭ ئاق كىيىملىك پەرىزاتنىڭ ئىرا-
دىسى بىلەن مەقسەت - نىشانىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدىغان خەتەرلىك
سەپەرگە ئاتلانغانلىقى ۋە شۇ سەپەر جەريانىدا باشتىن كەچۈرگەن
ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى ھېكايە قىلىنغان . ئەسەر ۋەقەلىكىدە ئەن-
ئەنىۋى ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى چۆچەك ژانىرىنىڭ ئۇسلۇب ئالاھىدىلى-
كى بىلەن ھازىرقى زامان پروزىچىلىقىنىڭ ئۇسۇل - ماھارەتلىرى
ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭدا قەدىمكى زامانلار-
دىكى ئوردا - سارايلارمۇ ، شۇنداقلا ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكى-
سىنىڭ مەھسۇلى بولغان ئاپتوموبىل - ماشىنىلارمۇ تەسۋىرلىنىدۇ .
ئەسەر ۋەقەلىكى ئاساسەن تەسەۋۋۇر ئاساسىدا توقۇلما قىلىنغان بو-
لۇپ ، خۇددى چۆچەككىلا ئوخشايدۇ . ئۇنىڭدا ماكان - زامان چۈشەن-
چىلىرى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىنىپ ، قەدىم بىلەن ھازىر بىر گەۋدە
قىلىۋېتىلگەن . بۇ — پوۋېستنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى ھېسابلى-
نىدۇ . ئەلۋەتتە ، يازغۇچىنىڭ مەقسىتى ، ماكان - زامانى ئاستىن - ئۈس-
تۈن قىلىۋېتىلگەن چۆچەكسىمان بىر ۋەقەنى ھېكايە قىلىش ئەمەس .
ئەمەلىيەتتە يازغۇچى ئاجايىپ شەھەردىكى غەلىتە ئادەم ، غەلىتە ئىش-
لارنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى
دۇنياسىدىكى غەيۋەتخورلۇق ، ھەسەتخورلۇق ، خۇشامەتچىلىك ، سات-
قۇنلۇق ، گۇمانخورلۇق ، نادانلىق . . . قا ئوخشاش ھەرخىل ئىللەت-
لەرنى مەسخىرە ۋە تەنقىد قىلغان ، شۇنداقلا يەنە باتۇرلۇق ، قەيسەر-
لىك ، ۋاپادارلىقنى ، ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن ئېگىلمەي - سۇنماي كۈ-
رەش قىلىش روھىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن . يازغۇچى ئەسەردىكى

مانا مۇشۇ مەركىزىي ئىدىيىنى ئەمەلىيەتتە باتۇر ئوبرازى ئارقىلىق
ئوتتۇرىغا قويغان . باتۇر — بىلىملىك ، ئەقىل - پاراسەتلىك ، غايىسى
ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ، گۈزەللىكنى سۆيۈپ ، رەزىللىكتىن نەپ-
رەتلىنىدىغان ئىرادىلىك يىگىت . شۇڭا پەرىزات ئۇنى ئاجايىپ سەپەر
ئۈچۈن تاللايدۇ . ئۇ سەپەر ئازابلىرىدىن ۋايسىمايدۇ ، ھەرخىل ئېزىق-
تۇرۇشلارغا ئالدانمايدۇ ، يېرىم يولدا بەل قويۇۋەتمەيدۇ . شۇڭا ئۇ
پەرىزاتنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە نۇرقىزنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشىدۇ . پەرىزات
«ئىنسان روھىنى ئاشۇ يورۇقلۇق دۈشمەنلىرى تارقىتىۋاتقان پىتنە - پاسات-
لاردىن تازىلاش ، پۈتۈن دۇنيانى يورۇق ۋە پاكىز دۇنياغا ئايلاندۇ-
رۇش ۋەزىپىسى» نى باتۇرغا تاپشۇرىدۇ . بۇ ئوبرازغا يەنە يازغۇچىنىڭ
گۈزەللىككە ، ياخشىلىققا ، چىنلىققا بولغان مەدھىيىسىمۇ سىڭدۈرۈل-
گەن بولغاچقا ، بۇ ئوبراز كىشىگە ئۆزگىچە ئېستېتىكىلىق تۇيغۇ
بېرىدۇ .
پەرھات جىلان كەسپىي جەھەتتىن ئېيتقاندا كۆزگە كۆرۈنگەن
تىل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بىرى . ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۇنىڭ ئىشتىن
سىرتقى ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ . تىل تەتقىقات بىلەن
شۇغۇللىنىدىغانلىقى سەۋەبلىك ، ئۇنىڭ تىل ، ئەدەبىيات ، تارىخ ، مە-
دەنىيەت ، فولكلور جەھەتتىكى بىلىممۇ ناھايىتى مول . بۇنداق مول
بىلىم ھېسابتا ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم بىر كاپالىتى بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ . ئۇ «تۈركى تىللار دىۋانى»نى ئۆگىنىش ، تەتقىق قى-
لىش جەريانىدا « ‹ئالتۇن قان › دىكى توي » ، «مەھمۇت قەشقەرى»
قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىش نىيىتىگە كەلگەن . قەدىمكى زامان تارى-
خى ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئۆگىنىش جەريانىدا «ئورخۇن شەجە-
رىسى» رومانىنى يېزىشنى پىلانلىغان . دېمەك ، پەرھات جىلاننىڭ
ئىجادىيىتى ئۇنىڭ تەتقىقاتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق . شۇڭىمۇ ، ئۇ-
نىڭ زور ۋەقەلەرگە ، تارىخىي شەخسلەرگە بېغىشلانغان ئەسەرلىرىنىڭ
مۇۋەپپەقىيىتى ئالاھىدە يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ . بۇ — پەرھات جىلان

ئىجادىيىتىدىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ ، شۇنداقلا پەرھات جىلاننىڭ ئۆزگىچە ئىجادىيەت يولى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ . بۇ يول ئۇنى بىرقانچە پارچە ئەسىرى بىلەنلا يېڭى دەۋر ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئېلىپ باردى .

پەرھات جىلاننىڭ ھازىرغىچە «مەھمۇت قەشقەرى» ، «ئورخۇن شەجەرىسى» قاتارلىق رومانلىرى ، « ‹ئالتۇن قان ›دىكى توي » ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىندى . بۇ ئەسەرلەر ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى ئۆگىنىش ـ تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىياللار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

## «مەھمۇت قەشقەرى» رومانى

پەرھات جىلان ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئەسەر يەنىلا «مەھمۇت قەشقەرى» رومانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ رومان يالغۇز پەرھات جىلاننىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە يېڭى دەۋر رومانچىلىقىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان مۇنەۋۋەر رومانلارنىڭ بىرى سۈپىتىدىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ . يازغۇچى بۇ روماننى مىلادىيە 1980 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دىتلىغان ، ئۇزۇن بىر مەزگىللىك تەييارلىقتىن كېيىن يېزىشقا باشلاپ ، مىلادىيە 1990 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە تاماملىغان . مىلادىيە 1994 ـ يىلى رومان نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا ۋە يۇقىرى باھاسىغا سازاۋەر بولدى ، ھەتتا چەت ئەللەردىمۇ بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى . بۇ رومان يەنە «ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغان 40 يىلدىن بۇيانقى مۇنەۋۋەر ئەسەر » مۇكاپاتىغا ۋە مەملىكەتلىك 4 ـ نۆۋەتلىك ئازسانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە رومان مۇكاپاتىغا ئېرىشتى .



تارىختا ئۆتكەن مەھمۇت قەشقەرى ئىلىم ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشقان دۇنياۋى شۆھرەتكە ۋە تەسىرگە ئىگە كاتتا ئالىم . شۇنداق بولغاچقا ، ئۇنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى ۋە كىشىلەر قەلبىدىكى ئورنى ناھايىتى يۇقىرى . مانا مۇشۇنداق ئالىمغا بېغىشلانغان رومانىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىش ـ چىقماسلىقى باشقا بىرمۇنچە تەرەپلەردىن كۆرە ئالدى بىلەن ۋە ناھايىتى زور دەرىجىدە مەھمۇت قەشقەرى ئوبرازىنىڭ قانداق يارىتىلىشى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان يازغۇچى بارلىق تىرىشچانلىقىنى مۇشۇ ئوبرازنى يارىتىشقا بېغىشلاپ ، ئەجرىگە يارىشا خېلى زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن . شۇڭا ، مەھمۇت قەشقەرى ئوبرازىنىڭ جانلىق ۋە مۇكەممەل يارىتىلىشى مەزكۇر رومانىنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

روماندا تەسۋىرلەنگەن مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئىلىم ئۆگىنىشكە ، ئىلمىي تەكشۈرۈشكە ۋە ئىلمىي تەتقىقاتقا بېغىشلىغان ، ئىلىم ئىزدەش ، كىتاب يېزىش يولىدا نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىسىمۇ ، ئىرادىسىدىن يانماي ، ئاخىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى » دىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەسەرنى مەيدانغا چىقارغان كاتتا ئالىم . مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بۇنداق سالاھىيىتى ھەم تارىخىي چىنلىققا ھەم بەدىئىي چىنلىققا ئىگە بولۇپ ، روماندا بۇ تەرەپ ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن ھەم قايىل قىلارلىق دەرىجىدە تەسۋىرلەنگەن . مەھمۇت قەشقەرىنىڭ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە كاتتا ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس . يازغۇچى ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى ئىنچىكە تەسۋىرلەش ئارقىلىق ، ئۇنىڭ كەلگۈسىدە ئالىم بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مۇقەررەرلىكنى كۆرسىتىپ بەرگەن . ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا بارلىق زېھنىي كۈچىنى ئىلىم ئۆگىنىشكە قارىتىدۇ ، كىتابلاردىن خۇشاللىق تاپىدۇ ، ئەتىل كۈنلىرىنىمۇ كۈتۈپخانىدا ئۆتكۈزىدۇ . ئەنە شۇنداق تىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە مەشھۇر

ساجىيە مەدرىسىنىڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچىلىقىنى ئىزچىل قولدىن بەر-
مەي ئوقۇيدۇ . ئوقۇش تاماملىغاندىن كېيىن قاراخانىيلار ئوردىسىدى-
كى ھوقۇق مەنسەپكە قىزىقماي ، ئۆزىنى ئىلىم تەھسىل ـ تەتقىق
قىلىشقا بېغىشلايدۇ . دەسلەپكى بىر مەزگىللىك تەتقىقات ئارقىلىق
«تۈركىي تىللار نەھۋىسىنىڭ جەۋھەرلىرى» ناملىق تۇنجى يىرىك
ئىلمىي ئەسىرىنى يېزىپ چىقىدۇ . ئۇيغۇر ـ قارلۇق ئەدەبىي تىلىنى
ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ ئېسىل قوللانمىسى ھېسابلىنىدىغان
بۇ ئەسەر پۈتۈن خاقانىيەئالىملىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىدۇ .
مۇشۇ ئىلھامنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۇ تىل تەتقىقاتى بويىچەتېخىمۇ
زورئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىش مەقسىتىدە ، كەڭ ، ئەتراپلىق تىل
ماتېرىياللىرىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تۈركىي خەلقلەر ئولتۇراقلاشقان كەڭ
رايونلارنى ئارىلاپ تىل تەكشۈرۈپ ، ماتېرىيال توپلاشتەك جاپالىق
سەپەرگە ئاتلىنىپ ، نۇرغۇن يىللارنى ئاشۇ سەپەردە ئۆتكۈزىدۇ . ياز-
غۇچى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مۇشۇ سەپەردىكى سەرگۈزەشتىسىنى تەس-
ۋىرلەش ئارقىلىق ، ئۇنىڭ بارلىقىنى ئىلىم ـ پەنگە بېغىشلىغان ،
ئىلىم يولىدا جاپا چېكىشتىن قورقمايدىغان ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قى-
لىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىدى-
غان ، ئىلىمدىن خۇشاللىق ۋە بەخت تاپىدىغان ئالىملىق خىسلىتىنى
گەۋدىلەندۈرگەن . يازغۇچى روماندا يەنە ئۇنىڭ بوۋىسى ، دادىسى ،
ئانىسى ، ئايالى ۋە باشقا قېرىنداشلىرىدىن ، شۇنداقلا ئۆز ۋەتىنىدىن
ئايرىلىپ قېلىشتەك دەھشەتلىك ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىپ ، قىيىن-
چىلىقلار ئالدىدا ئىرادىسىدىن يانماي ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان
چىدام ـ غەيرەت بىلەن «تۈركىي تىللاردىۋانى» دىن ئىبارەت شاھانە
ئەسەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقىشتەك مۇھىم ۋەقەگە بىرلەش-
تۈرۈپ ، ئۇنىڭ ئالىملىق خاراكتېرىنى كۆپ تەرەپتىن گەۋدىلەندۈر-
گەن . يازغۇچى روماندا مەھمۇت قەشقەرى ئوبرازىنى ياراتقاندا ، ئۇنى
ئالىملىق ئىقتىدارىدىن باشقا يەنە كۆپلىگەن ئىنسانىي خىسلەتلەرگىمۇ



ئىگە قىلىپ سۈرەتلىگەن . يازغۇچى ، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قىسمەت-
لەرگە باي ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى تەسۋىرلىگەندە نوقۇل ئىلمىي
تەتقىقات بىلەنلا چەكلەپ قويماي ، بەلكى يەنە ئۇنى ئۆز غايىسى ـ
مەقسىتى ئۈچۈن باتۇرلارچە كۈرەش قىلىدىغان قەتئىي ئىرادىلىك
ئىنسان ؛ باشقىلارنىڭ جاپاسى ، ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى ئۆزىنىڭ
كۆڭۈلسىزلىكى ، باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى
دەپ بىلىدىغان مېھرىبان ساخاۋەتچى ؛ ھەرخىل زورلۇقلارغا ، رەزىل-
لىكلەرگە چىداپ تۇرالمايدىغان قەيسەر جەڭچى . . . سۈپىتىدىمۇ
تەسۋىرلەپ ، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى كۆپ قاتلاملىققا ئىگە قىلغان .
يازغۇچى مەھمۇت قەشقەرى ئوبرازىنى ياراتقاندا ، ئۇنىڭ ھاياتى ، تەت-
قىقات پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى تارىخىي مەلۇماتلارنى ، تەتقىقات نەتى-
جىلىرىنى ئاساس قىلىپ ، شۇ ئاساستا ئاندىن بەدىئىي تەسەۋۋۇر
يۈرگۈزگەن ۋە جانلىق ، تەسىرلىك توقۇلمىلار ئارقىلىق تارىخىي ئۈچۈر ـ
مەلۇماتلارنى ئەسەر تەركىبىگە ماھىرلىق بىلەن ئېلىپ كىرىپ ، ئۆز-
گىچە بىر تارىخىي ـ بەدىئىي دۇنيا ياراتقان . شۇڭا ، مەھمۇت قەشقە-
رى ئوبرازى كىشىگە شۇنچىلىك بىر خىل چىنلىق تۇيغۇسى بەخش
ئېتىدۇكى ، مەھمۇت قەشقەرى دېسە كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا ئىختىيار-
سىز پەرھات جىلان ياراتقان ئاشۇ بەدىئىي ئوبراز كېلىدۇ . قىسقىسى ،
پەرھات جىلاننىڭ مەزكۇر «مەھمۇت قەشقەرى» رومانى ئەڭ ئالدى
بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مەھمۇت قەشقەرىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ
ئالىمنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى تۇنجى قېتىم ۋە نىسبەتەن مۇۋەپپەقىيەت-
لىك ياراتقانلىقى ، ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ھايات يولىنى خېلى ئەتراپلىق
يورۇتۇپ بەرگەنلىكى بىلەن قىممەتلىك ۋە ئەھمىيەتلىكتۇر .
«مەھمۇت قەشقەرى» رومانىنىڭ يەنە بىر ئۆتۈقى شۇكى ، ئۇنىڭ-
دا ئەينى دەۋر ھاياتى ناھايىتى كەڭ تەسۋىرلەنگەن . «مەھمۇت قەشقە-
رى» رومانى نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ ھەجىملىك
تارىخىي رومان بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق

خەلقلەرنىڭ مىلادىيە 11 ـ ، 12 ـ ، ئەسىرلەردىكى زور تارىخىي ۋەقەلىرى ، مۇھىم تارىخىي شەخسلىرى ، ئوردىلاردىكى ھاكىمىيەت ئىشلىرى ، ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى ، نىزا ـ ئىختىلاپلار ، چوڭ ھەربىي يۈرۈشلەر ؛ شۇ مەزگىللەردىكى ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىي ھايات ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ، فولكلور ئادەتلىرى ، دىپلوماتىيە ، سودا ئالاقىلىرى ؛ تۈركىي خەلقلەر زېمىنىنىڭ تېررىتورىيىسى ، جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ؛ دىنىي ئېتىقادى ، ئىسلامغا كۆچۈش جەريانى ؛ ئۇيغۇر ۋە ئەرەب تىللىرىنىڭ ئورنى ، قوللىنىلىش ئەھۋالى ، ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ، زۆرۈرىيىتى ؛ شۇ دەۋرلەردە ياشاپ ئىجاد قىلغان ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ ، ئەدىب ـ سەنئەتكارلارنىڭ ھاياتى ، ئىلمىي پائالىيەتلىرى ، ئەسەرلىرى . . . قاتارلىق كۆپلىگەن مەزمۇنلار يېزىلغان . بۇ مەزمۇنلار ئەسەرنى ناھايىتى مول ، ناھايىتى كەڭ شۇنداقلا تولىمۇ قىممەتلىك ئۇچۇر زاپىسىغا ئىگە قىلىپ ، ئەسەرنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى قىممىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان . روماندا ، شۇ دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي ھاياتمۇ كۆپ تەرەپتىن ناھايىتى كەڭ تەسۋىرلەنگەن . يازغۇچى مەزكۇر رومانىنى شۇ دەۋرلەر رېئاللىقىنىڭ ھەقىقىي بىر بەدىئىي كارتىنىسىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ، ئەسەرنى ناھايىتى كەڭ ماكان ـ زامان شارائىتىغا ئىگە قىلىپ ، ئۇنىڭدا خانلارنىڭ ئوردىلىرىدىن غېرىب ـ مىسكىنلەرنىڭ كەپىلىرىگىچە ، ياسىداق سارايلاردىن تەبىئەتنىڭ ئاجايىپ گۈزەللىكىگىچە ، ئاۋات شەھەرلەردىن خىلۋەت يېزا ـ قىشلاقلارغىچە ، كۆجۈم بوستانلىقلاردىن جەزىرىلەرگىچە تەسۋىرلەپ ، ئوخشاشمىغان مۇھىتتىكى ھايات كۆرۈنۈشلىرىنى ناھايىتى كەڭ ئەكس ئەتتۈرگەن . يازغۇچى رومانىنىڭ بۇ خىل ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئەسەردە سەلتەنەتلىك خانلاردىن ھوقۇقسىز قۇللارغىچە ، ئوردا ئەھلىدىن ئاددىي دېھقانلارغىچە ، قەھرىمان ، باتۇر سەركەردىلەردىن ئوغرى ـ قاراقچىلارغىچە ، ئۇلۇغ ئالىم ـ دانىشمەنلەردىن نادان ـ ھاماقەتلەرگىچە ،



ئالىيجاناب كىشىلەردىن رەزىل مۇناپىقلارغىچە ، ئىشقىلىپ ھەرخىل تەبىقە ، ھەر خىل خاراكتېردىكى كۆپلىگەن پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەپ ، ئۇلار ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ ئوخشاشمىغان تەرەپلىرىنى ، كىشىلىك ھاياتنىڭ ئوخشاشمىغان قىممەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن . ئومۇمەن ، «مەھمۇت قەشقەرى» رومانىنىڭ سىغىمچانلىقى ناھايىتى كەڭ بولۇپ ، مەيلى تارىخىي جەھەتتىن ، مەيلى ئەكس ئەتتۈرگەن تۇرمۇشنىڭ موللۇقى جەھەتتىن بولسۇن ناھايىتى كۆپ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، شۇ دەۋر رېئاللىقىنى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا چىنلىق بىلەن نامايان قىلىپ بېرىدۇ . ئۇنى ئوقۇغان ئادەم مەھمۇت قەشقەرىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئالىم بىلەن تونۇشقاندىن باشقا يەنە شۇ دەۋر ھەققىدىمۇ ناھايىتى مول چۈشەنچىگە ئىگە بولىدۇ . مۇشۇ جەھەتتىن مەزكۇر رومانىنى مەھمۇت قەشقەرى دەۋرىنىڭ بەدىئىي قامۇسى دېيىش مۇمكىن .

«مەھمۇت قەشقەرى» رومانىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ خېلى گەۋدىلىك بولۇپ ، ئۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتىن ئېنىقراق كۆرۈۋېلىش مۇمكىن :

«مەھمۇت قەشقەرى» رومانى لىرىك تەركىبلەرگە ناھايىتى باي رومان . بۇ رومان گەرچە شەخسنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئاساس قىلىپ يېزىلغان ئېپىك ـ سۇژېتلىق رومان بولسىمۇ ، لېكىن يازغۇچى تېخىمۇ يۇقىرى ئىپادىلەش ئۈنۈمىگە ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە يېتىش ئۈچۈن رومانىنى لىرىك تەركىبلەر بىلەن بېيىتقان . ئەسەردىكى لىرىك تەركىبلەر ئىچىدە يازغۇچىنىڭ ھېس ـ ھاياجانلىق نۇتۇقلىرىدىن كۆرە چوڭقۇر پىكىرلىك مۇھاكىمىلەر ئالاھىدە موھىم ئورۇن تۇتىدۇ . بۇنداق مۇھاكىمىلەرنىڭ بەزىلىرى تارىخ ھەققىدىكى چوڭقۇر ئويلىنىشى ، بەزىلىرى ھايات تەجرىبىلىرىنى ، بەزىلىرى پەلسەپۋى پىكىرلەرنى ، يەنە بەزىلىرى بولسا ئەخلاقىي ـ دىداكتىك پىكىرلەرنى مەزمۇن قىلغان . ئەسەردىكى مۇھاكىمىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۆيى، خىيالى سۈپىتىدە بېرىلگەن. ئەسەردە مۇھاكىمىلەر كۆپ، ئەمما ئەڭ داڭلىق بولغىنى سوغدىلار ھەققىدىكى مۇھاكىمە بولۇپ، بۇ مۇھاكىمىدە سوغدىلارنىڭ تارىخى بىلەن رېئاللىقى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ قېلىشىدىكى سەۋەبلەر مۇھاكىمە قىلىنغان. «مەھمۇت قەشقەرى» رومانىنىڭ تەسۋىرلىرىمۇ ناھايىتى نەپىس. بۇنداق چوڭ ھەجىملىك رومانىنىڭ تەسۋىرسىز پۈتۈشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. يازغۇچى تەسۋىرلىمەكچى بولغان ئوبيېكتىنى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ، سىپتا تەسۋىرلىگەن بولۇپ، بۇنداق تەسۋىرلەر رومانغا ئۆزگىچە بەدىئىي تۈس قوشقان. رومانىدىكى بەزى تەسۋىرلەر ناھايىتى ئىنچىكە بېرىلگەن بولۇپ، كىشىنى ئىختىيارسىز قايىل قىلىدۇ. مىسال ئۈچۈن تۆۋەندە چولپانئاي ھەققىدىكى مۇنۇ تەسۋىرلەرنى كۆرۈپ باقايلى:

«چولپاننىڭ ئۈستىۋېشىغا نەزەر سالغۇدەك بولساق، شۇ تاپتا ئۇنىڭ سۇمباتلىق بويىدا جەم بولغان شۇنچە كۆپ جاۋاھىراتنى ئۇ ئاران كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ بېشىغا ئالتۇندىن ياسالغان گۈلتاج كىيگەن. بوينىغا ئاسقان توققۇز قۇر قىممەتلىك مونچاق كۆكسىگە ئېسىلىپ چۈشۈپ، ھەسەن - ھۈسەندەك كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدۇ. مونچاقلارنىڭ تۆپىسىدىن يوغان باقان، يەنى ئالتۇندىن ياسالغان چەمبەر شەكىلدىكى بويۇن ھالقا سېلىنغان. قۇلاقلىرىدا يامغۇر تامچىلىرىدەك چېچىلىپ تۇرغان سىرغا، نازۇك بىلەكلىرىدە قوش - قوش ئالتۇن بىلەزۈك، ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن بارماقلىرىدا ياقۇت ۋە ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈكلەر، ھالرەڭ نېپىز كۆڭلىكى ئۈستىدىن كىيىلگەن ئىسلىق يېشىل پىنجىكىنىڭ جىيەكلىرىگە ئاق، سېرىق مەرۋايىتلار گۈل چىقىرىپ تىكىلگەن. چاققانغىنە ئۆتۈكلىرىنىڭ كالتە قونچلىرى ۋە ئۈچلۇق قايرىما تۇمشۇقلىرىغا تىللا، تەڭگىلەر قادىلىپ زىننەتلەنگەن».

بۇ تەسۋىرلەرنى ئوقۇساق بىز يازغۇچىنىڭ بۇ يەردە يالغۇز چول-



پانئاينىڭ بېزەكلىرىنىلا تەسۋىرلەپ قالماي، بۇ تەسۋىر ئارقىلىق ھېچ بولمىدى دېگەندە قاراخانىيلار خانلىرىنىڭ سەلتەنەتىنى، كىيىم مەدەنىيىتىنى، كىيىنىش ئادەتلىرىنى كىتابخانلارغا ۋاستىلىك تونۇشتۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ ھېس قىلماي قالمايمىز. تەسۋىرلەرنىڭ تەسۋىرلەشتىن باشقا روللىرىنىمۇ ئوينىشى — بۇ رومانىدىكى تەسۋىرلەرنىڭ بىرخىل ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. رومانىدىكى يەنە بىر قىسىم تەسۋىرلەر ناھايىتى قويۇق لىرىك ھېسسىياتقا تويۇندۇرۇلغان بولۇپ، كىتابخاندىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك ھاياجان پەيدا قىلىدۇ. تەسۋىرلەرنى لىرىكىلىققا ئىگە قىلىش، بۇ ئارقىلىق كىتابخان قەلبىدە ئەسەر پېرسوناژلىرى قەلبىدىكىدەك ھاياجان پەيدا قىلىش — رومانىدىكى تەسۋىرلەرنىڭ يەنە بىر خىل ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنە بەزى ھاللاردا روماندا تەسۋىرلەش بىلەن بايان قىلىش ئارىلاش قوللىنىلغان. تەسۋىر ئىچىدىكى باياننى، بايان ئىچىدىكى تەسۋىرنى بىز ئەسەردە كۆپ ئۇچرىتىمىز.

بۇلاردىن باشقا يەنە ئەسەردە مۇنداق تەسۋىرلەر بار. بۇ تەسۋىرلەرنىڭ كونكرېت مەنىسىدىن ئابستراكت مەنىسى كۈچلۈك. مۇنداقچە ئېيتقاندا مۇنداق تەسۋىرلەردە ئەمەلىيەتتە بېشارەتلىك يوشۇرۇن مەنە كۈچلۈك بولۇپ، ئۇ تېخىمۇ توغرىسى بىر ئوخشىتىشقا ياكى بىر سىمۋولغا ئوخشاش رول ئوينايدۇ. روماندا، سۇلايمان ئارسلان خان ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تازا ئۇنۇملۇك جارى قىلدۇرۇپ بولالماي، مالىمانچىلىقتىن قۇتۇلالماي، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغان ھالەتنى يېزىپ كېلىۋېتىپ، يازغۇچى كارۋان ھەققىدە مۇنداق بىر تەسۋىرنى بېرىدۇ:

«زور بىر كارۋان پايانسىز قۇملۇق باياۋانىدا يولدىن ئازغىنىپ قالغان. كارۋان بېشى ھارغىنلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ماغدۇرسىزلىنىپ، تېڭىرقاپ تۇرماقتا، ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى ھاياتلىق بەخش ئەتكۈچى سۇ ئىزدەپ، تەرەپ - تەرەپلەرگە كېتىپ قېلىشقان. تۆگى-

لەرگە يەم ـ خەشەك بېرىدىغان ۋە ئۇلارنى دادىللىق بىلەن باشلاپ
ماڭىدىغان يول باشلىغۇچىنىڭ مادارى قۇرۇغان ... » .
ئەلۋەتتە يازغۇچىنىڭ بۇ يەردە تەسۋىرلەۋاتقىنى ئادەتتىكى كار-
ۋان ھەم كارۋان بېشىنىڭ ھالىتى ئەمەس ، بەلكى قاراخانىيلار خانلى-
قىنىڭ ۋە سۇلايمان ئارسلان خاننىڭ كۆڭۈلسىز رېئاللىق ئالدىدىكى
ھالىتىدىن ئىبارەت . يازغۇچى مانا مۇشۇ ئېسىل تەسۋىر ئارقىلىق
خانلىق ۋە خاقان دۇچ كەلگەن رېئاللىقنى ناھايىتى ئىخچام ، ناھايىتى
ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بەرگەن . ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، «مەھ-
مۇت قەشقەرى» رومانىدا ھەرخىل تەسۋىرلەش ئۇسۇللىرى ، تەسۋىر-
لەش ماھارەتلىرى ئۇنۇملۇك قوللىنىلغان بولۇپ ، ئەسەرنىڭ تەسۋىر-
لەش سەنئىتى ھەقىقەتەن كىشىنى قايىل قىلىدۇ ، شۇنداقلا رومانچى-
لىقىمىزنىڭ مەلۇم سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ . تېخىمۇ موھى-
مى ، روماندىكى تەسۋىرلەش سەنئىتى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە .
«مەھمۇت قەشقەرى» رومانىنىڭ تىل جەھەتتە ئالاھىدە تىلغا
ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭدا قەدىمكى تىللا-
رنىڭ ماھىرلىق بىلەن شۇنداقلا ناھايىتى ئۇنۇملۇك قوللىنىلغانلىقى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .
يازغۇچى رومانىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى مەلۇم دەرىجىدە قوللان-
غان . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، يازغۇچى «تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى
قەدىمكى تىل ۋە ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلىرىدىن ناھايىتى
ئۇنۇملۇك پايدىلانغان . ئېلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان نام ـ ئاتالغۇ-
لارنىڭ كۆپىنچىسىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئالغان . بۇنداق
تىل تەركىبلىرى ئەسەرگە مەلۇم دەرىجىدە شۇ دەۋر تۈسىنى بېرىش
رولىنى ئوينىغان . يازغۇچى يەنە «تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى قەدىم-
كى ماقال ـ تەمسىللەرنى ، شېئىر ـ قوشاقلارنى ، ھېكايە ـ رىۋايەت-
لەرنى رومانىدا ناھايىتى ئۇنۇملۇك قوللىنىپ ، قەدىمكى ئەدەبىيات
نەمۇنىلىرىنى ھازىرقى زامان ئەسەرلىرىدە جۇلالاندۇرغان . شۇنداقلا



يەنە بۇ تەركىبلەر ئارقىلىق ئەسەرلەردە شۇ دەۋر كەيپىياتىنى يارات-
قان . شۇ تەركىبلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە رومانىنى مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك
جەھەتلەردىن رەڭدارلىققا ئىگە قىلغان . شۇنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىش
كېرەككى ، يازغۇچى «تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى ئىشەنچلىك مەلۇ-
ماتلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ، رومانىدا قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇي-
غۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئېتنوگرافىيە ـ فولكلو-
رىغا دائىر ، مەدەنىيەتكە دائىر مەزمۇنلارنى تەسۋىرلىگەن ، بايان
قىلغان . بۇ تەركىبلەر رومانىنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر مەنە قاتلىمىنى
ياراتقان . شۇنداقلا رومانىنى نىسبەتەن كەڭ دائىرىلىك مەدەنىيەت ئارقا
كۆرۈنۈشكە ئىگە قىلغان . بۇنى رومانىنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيەت-
لىرىدىن بىرى سۈپىتىدە كۆرۈش كېرەك .

## نۇر مۇھەممەت توختى

نۇرمۇھەممەت توختى ــ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى دەۋر باسقۇ-
چىدا يېتىشىپ چىققان ، پروزا ئىجادىيىتى روشەن خاسلىققا ، مۇئەي-
يەن چوڭقۇرلۇققا ۋە گەۋدىلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئىگە بولغان يازغۇ-
چى . ئۇنىڭ «بەش تۈپ سەگە تېرەك» ، «ئاجايىپ كەسپي ئائىلە» ، «يېڭى
قوشنام» ، «شاھ مەشرەپ خوتەندە» قاتارلىق ھېكايىلىرى ، «قارلى-
غاچ ئۇۋا سالغان ئايۋاندا» ، «چۆل ئوغلى» قاتارلىق پوۋېستلىرى
يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن مۇنەۋۋەر ئە-
سەرلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .
نۇرمۇھەممەت توختى مىلادىيە 1949 ـ يىل 12 ـ ئايدا خوتەن
ناھىيىسىنىڭ تەۋەككۇل يېزىسىدا تۇغۇلغان . مىلادىيە 1966 ـ يىلى
خوتەن شەھىرىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر
مەزگىل دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان . مىلادىيە 1973 ـ يىلىدىن
1977 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتى-

ـدا ئوقۇغان . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خوتەن
پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا ئوقۇتقۇچى ، مەمۇرىي كادىر ، خوتەن
ۋىلايەتلىك پارتكومدا كاتىپ ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ
كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن . ھازىر خوتەن پېداگوگىكا
ئالىي تېخنىكومى تەشكىلات ـ تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ
ئىشلەۋاتىدۇ .

نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى نىسبەتەن كېچىـ
كىپ باشلانغان . گەرچە ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ئەدەبىياتقا ھېرىسمەن
بولۇپ ، ئەدەبىيات ئىشقىدا كۆيۈپ كەلگەن بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ 1984 ـ
يىلى ئېلان قىلىنغان «بويناق ھەققىدە خاتىرىلەر » ناملىق ھېكايىسى
بىلەن ئاندىن ئەدەبىيات ساھەسىگە رەسمىي كىرىپ كەلگەن . نۇرمۇـ
ھەممەت توختىنى بەك ھوسۇللۇق يازغۇچى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ .
ئۇ 15 يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا نەچچە پارچىلا پوۋېست ،
ئون نەچچە پارچە ھېكايە ، بىر قانچە پارچە ئەدەبىي ئاخبارات ۋە بىر
كىتابلىق نەسر ئېلان قىلدى . ئەمما ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئالاھىدە
بىر ئەھۋال شۇكى ، ئۇنىڭ ھەرقانداق ژانىردا يازغان ھەرقانداق بىر
پارچە ئەسىرى ئۆزىنىڭ ئاكتىپ تېمىسى ، ياكى روشەن خاراكتېرلىك
پېرسوناژلىرى ، ياكى رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى چوڭقۇرلۇـ
قى ، ياكى بولمىسا ھەجۋىي ـ تەنقىدى تۈسىنىڭ قويۇقلۇقى ، ۋە ياكى
كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان كەيپىيات ـ تەسىراتى ، ھېچ
بولمىدى دېگەندە كىشى خىيالىغا كەلتۈرۈپ ئۈلگۈرەلمەيدىغان نەتىجە ـ يېـ
شىمى بىلەن كىتابخانلار ئارىسىدا ھەر قەدەمدە چوڭ تەسىرلەرنى
قوزغايدۇ . شۇ سەۋەبتىن نۇرمۇھەممەت توختى بۈگۈنكى ئەدەبىيات
رېئاللىقىدا تەسىر كۈچى زور يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ
قالدى . ئۇنىڭ پروزا ئىجادىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئۇ بىزدىكى
ئەسەرلىرىنىڭ سانى بىلەن ئەمەس ، ساپاسى بىلەن داڭق چىقارغان
يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇنىڭ «ئۇ دۇنيادىكى سوراق» ، «بەش تۇپ



سەگە تېرەك» ، «ئاجايىپ كەسپىي ئائىلە» ، «ئىككى بۇتۇلكا ماۋـ
تەي» قاتارلىق ھېكايىلىرى ئۇزۇنغىچە كىتابخانلارنىڭ ئاغزىدىن
چۈشمەي تەرىپلىنىپ يۈردى ، «شەھلا كۆز» پوۋېستى ئەدەبىي مۇنازىـ
رىلەرگە سەۋەب بولدى ، «قارلىغاچ ئۇۋا سالغان ئايۋاندا» ناملىق
پوۋېستىدا ئىنسان قەلبىنىڭ پىنھان جايلىرى ناھايىتى ئوتتۇقلۇق
ئىپادىلەندى ، «چۆل ئوغلى» پوۋېستى سالامىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى
ئارقىلىق كىشىلەر قەلبىنى يۇم ـ يۇم يىغلاتتى ، «شاھ مەشرەپ
خوتەندە» ، «قوشتاغدىكى مۇشائىرە» قاتارلىق تارىخىي ھېكايىلىرى
ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىدىن مەشرەپ ۋە تەجەللىلەرنىڭ ئوبرازىنى
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تۇنجى قېتىم ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا
ئېلىپ كىرگەنلىكى بىلەن يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەيدانغا
كەلگەن مۇنەۋۋەر تارىخىي ھېكايىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى .

نۇرمۇھەممەت توختى ھېكايىلىرىنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى ئىنتايىن
كۈچلۈك . ئۇ ئاۋام خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن ھېكايىلىرىگە
ۋەقە ، پېرسوناژ تېپىشقا ناھايىتى ماھىر يازغۇچى . ئۇنىڭ دىققەت
نەزەرى كۆپىنچە جەمئىيەتتە نىسبەتەن ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان ،
ئاۋام كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەر خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە مەركەزـ
لەشكەن . شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كىشىگە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ
ئۆز ئەينىدەك تەسىرات بېرىدۇ . ئۇ تۇرمۇشنى يازغاندا ئاۋام خەلقىغە
بولغان چەكسىز ھېسداشلىقنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە يەنە ، تۇرـ
مۇش كۆرۈنۈشلىرىنىڭ جانلىق ، تەسىرلىك ، تىپىك بولۇشىغىمۇ
ئەھمىيەت بېرىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرى
كۈچلۈك تەنقىدىي روھقا ، ھەجۋىي تۈسكە ئىگە . ئۇ تەنقىدنى ئاۋامنىڭ
قەلبى ئارقىلىق ، بىلگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە مەسخىرە ئۇسۇلىدىن
پايدىلىنىپ ئېلىپ بارىدۇ . ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى «ئىجتىمائىي ھېكايىـ
لەر» دەپ ئاتىسا تېخىمۇ توغرا بولىدۇ . ئۇنىڭ ھەر بىر پارچە
ئەسىرىنىڭ ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىشىنىڭ ئاـ

ساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرىمۇ دەل مۇشۇ .

نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتى مۇۋەپپەقىيىتىنى
تۇنجى قېتىم نامايان قىلغان ئەسەر «بەش تۈپ سەگە تېرەك» ناملىق
ھېكايىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭدا مەسۇم تومۇچۇقنىڭ بەش
تۈپ سەگە تېرەككە ئېرىششى ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشى ھېكايە
قىلىنغان . ئەترەتنىڭ تېرەكلىرى دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىلگەندە مەسۇم
تومۇچۇققىمۇ بەش تۈپ سەگە تېرەك تەقسىم بولىدۇ . بىر ئۆمۈر
كوللېكتىپ ئۇچۇن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىسىمۇ ، ئەمما تۇرمۇشىدا
ھېچبىر ئىلگىرىلەشلەرگە ، ھېچبىر خۇشاللىقلارغا ئېرىشەلمىگەن مە-
سۇم تومۇچۇق بۇ تېرەكلەرگە ئېرىشكەندىن كېيىن چەكسىز خۇش
بولىدۇ . ئۇ «ئاللىقاچان ماغدۇرىدىن كەتكەن غۇلاچلىرىنى كېرىپ
تېرەكلەرنى بىرمۇ بىر قۇچاقلاپ چىقتى ، ھېچقايسىسىغا قۇچاق يەت-
مەيتتى . بۇ تېرەكلەر گەرچە سوغۇق ۋە قوپال بولسىمۇ ئۇنىڭغا
خۇددى يۇمشاقتەك ، ئىسسىقتەك بىلىندى . ئۇ ئاخىرقى تېرەكنى
ئۇزاققىچە قۇچاقلاپ تۇردى . زادىلا قويۇۋەتكۇسى كەلمەيتتى . ئۇنىڭ
قەلبى ئۇزاق يىللار پەرۋىش قىلىنغان لېكىن ئەمدىلا چېچەكلەۋاتقان
ئارمان گۈللىرىنىڭ خۇش پۇرىقى بىلەن مەست ئىدى» . ئەمما ئۇنىڭ
بۇنداق مەستخۇشلۇقى ، ھاياجانلىق كۈنلىرى ئۇزاققا بارمايدۇ . نەدىن-
دۇر كەلگەن ئاجۇيجاڭ ئىسىملىك بىرى يېزا باشلىقلىرىنىڭ خۇشا-
مەتلىرى ھېسابىغا ئۇنىڭ تېرەكلىرىنى،ئۇنىڭ خۇشاللىقى ، ئارزۇ -
ئارمانلىرى ، تۇرمۇشىنىڭ كاپالىتىنى ئېلىپ كېتىپ قالىدۇ . «ياغاچ
باسقان ماشىنىلار گۇرۇلدەپ كەتتى . مەسۇم تومۇچۇق ماشىنىلارنى
خۇددى ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە دەسسەپ ئۆتكەندەك ھېس قىلدى . ئۇ ئېغىرلىق-
نى ــ يۈرىكنى ۋە پۈتۈن ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئېزىپ چەيلىگەن
ئېغىرلىقنى روشەن سەزدى . لېكىن ئىڭرىيالمىدى . ئۇ ھېچنېمىنى
كۆرەلمەي قالدى . ماشىنىلارنىڭ كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق چاڭ - توزان
ئۇنىڭ كۆز ئالدىنى توسۇۋالدى» . يازغۇچى بۇ ھېكايىسىدە ئاپتور



بايانى ئۇسۇلى ئارقىلىق مەسۇم تومۇچۇقنىڭ ئۆتمۈش تارىخىنى بىر
قۇر ۋاراقلاپ ، پەقەت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى يېڭى سىيا-
سەتنىڭلا دېھقانلارغا ھەقىقىي نىجاتلىق يولى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ،
ئۇلارنىڭ ياخشى سىياسەتكە ، يەرگە ، دەل - دەرەخلەرگە ۋە يەنە نېمە -
نېمىلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى ، بۇنىڭ ئۇچۇن دېھقانلارنىڭ دەۋردىن ،
پارتىيىدىن ئىنتايىن رازىلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . ئەمما يازغۇچى
بۇ ھېكايىسىدە مانا مۇشۇنداق چوڭ ئومۇملۇقنىڭ ئىچىدە يەنە مەسۇم
تومۇچۇقنىڭ پاجىئەسىگە ئوخشاش ئىشلارنىڭمۇ بارلىقىنى ، ئاجۇي-
جاڭ ، قادىر قوتازغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئۆز مەنپەئىتى ، ئۆز
خۇشاللىقى بەدىلىگە باشقىلارنىڭ تۇرمۇشى ، تەقدىرىنى خاراب قىلغاز-
لىقىدەك بىر ئەپسۇسلۇقنى ئەكس ئەتتۈرگەن . ئەسەرنىڭ كىشىنى
قايىل قىلىدىغان مۇھىم بىر ئۇتۇقى شۇكى ، يازغۇچى ئەسەردە يۈك-
سەك دەرىجىدىكى ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ، بىرقانچە
دەۋردىكى ئوخشاشمىغان تۇرمۇش سەرگۈزەشتلىرىنى كۆرسىتىپ بې-
رىش بىلەن بىرگە ، 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى يېزىلاردىكى
گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى ، دېھقانلارنىڭ يەرگە ، دەرەخكە ۋە باشقا ئوز-
لىرى ئارزۇ قىلغان نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشكەنلىكى ، مۇشۇ ئىس-
لاھات داۋامىدا يەنە بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ يەنىلا نامراتلىقتىن قۇتۇ-
لالمايۋاتقانلىقى ، بىر قىسىم نەپسانىيەتچىلەرنىڭ ئۆز كۆمىچىگە چوغ
تارتىپ ، دېھقانلارنىڭ تەقدىرى بىلەن كارى بولمىغانلىقى ••• غا ئوخ-
شاش ئەمەلىي مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەن . بۇ ھېكايىنىڭ مۇ-
ۋەپپەقىيىتى بىر تەرەپتىن تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي ئىش ، راست ئادەم-
لەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ يېزىلغانلىقتا بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئاشۇ
تۇرمۇشنىڭ جانلىق ، تەسىرلىك ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ بېرەلىگەنلىكىدە .
يازغۇچى بۇ ھېكايىدە نېمىنى يېزىشقىمۇ ، قانداق يېزىشقىمۇ ئوخشاشلا
ئەھمىيەت بەرگەن .

ئۇ كېيىن يازغان ئەسەرلىرىدە ئىجادىيىتىدىكى مەسخىرە ۋە تەن-

قىدنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ ، دىققەت مەركىزىنى ئاساسەن ئادەملەر
ۋۇجۇدىدىكى ناچار ئىللەتلەرنى ، جەمئىيەتتىكى ھەرخىل چىرىكلىك-
لەرنى پاش ۋە تەنقىد قىلىشقا قاراتتى . بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەسەرلى-
رىنىڭ ئىجتىمائىي تەنقىدىي خاھىشى تېخىمۇ كۈچىيىپ ، جەمئىيەتتە
تېخىمۇ كۈچلۈك ئىنكاسلارنى قوزغىدى . نۇرمۇھەممەت توختى تۇر-
مۇشقا ھەممىدىن بەك ئارىلىشىپ ياشايدىغان يازغۇچى بولغاچقا ، ئۇ
مۇشۇ خىل ئەۋزەللىكىنى ناھايىتى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇپ ،
ئەسەرلىرىدە تۇرمۇشتىكى راست ، ماھىيەتلىك ، جانلىق تەپسىلاتلارنى
يېزىپ ، بولۇپمۇ رېئاللىقتىكى ، ئادەملەر ۋۇجۇدىدىكى ھەر خىل
ئىللەتلەرنى كۆپرەك تەنقىد ۋە مەسخىرە قىلىپ ، مۇشۇ ئالاھىدىلىكى
بىلەن تۇرمۇشقا تېخىمۇ بەك ياندىشتى . يازغۇچى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ
رېئال تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختىلىپ ، مۇنداق
دېگەن ئىدى : «مەن بىر كوممۇنىست يازغۇچى بولۇش سۈپىتىم بى-
لەن پارتىيىمىزنىڭ پاكلىقىنى قوغدىمىسام بولمايدۇ ، بۇ مېنىڭ
مەجبۇرىيىتىم . شۇڭا ناپاك ئادەملەرنى ، ناتوغرا ئىشلارنى ، ناچار
ئىللەتلەرنى قامچىلاشنى ئۆزۈمنىڭ كۈرەش ۋەزىپەم دەپ ھېسابلاي-
مەن» . ئۇنىڭ بۇنداق مۇددىئا بىلەن يازغان ھېكايىلىرى ئومۇمەن
ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقتى . «يېڭى قوشنا» ناملىق ھېكايىسىدە
يازغۇچى باسىت ماشىنىچىنىڭ نەزىرى ئارقىلىق ، يېڭى قوشنىنىڭ
قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى بايان قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى شەخ-
سىيەتچىلىك ، ئالدامچىلىق ، پارىخورلۇقىنى مەسخىرە ۋە تەنقىد قىل-
غان . يازغۇچىنىڭ تەنقىدىي خاھىش بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇنداق ھېكا-
يىلىرى ئاز ئەمەس . ئۇ «يىگىرمە مىڭ باغاق» ناملىق ھېكايىسىدە
مەلۇم ئىدارىدە خىزمەت قىلىدىغان مۇھەممەت خۇدابەردىنىڭ ئالتە
يىل ئىچىدە ناھايىتى قىزغىن كەيپىياتتا ھەر قېتىمدا 1000 تال باغاق
تارقىتىپ 20 قېتىم ئەل - جامائەتكە «ئادەمگەرچىلىك» پائالىيىتى
قىلىپ ، نۇرغۇن پايدا - نەپكە ئېرىشكەنلىكى ، نەتىجىدە ئۇنىڭ قازان



ئېسىپ ، باغاق تارقىتىپ بىرەر مۇراسىم ئۆتكۈزمىسە تۇرالمايدىغان
غەلىتە بىر كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقى ، ئەمما بۇنداق قىلىشقا
ھېچبىر ئامال قىلالماي ، ئاخىرى سۇ ئامبىرىدىن سۈزۈۋېلىنغان
ئىگىسىز جەسەت ئۈچۈن مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ، خەلقنىڭ نەپرىتىگە
قالغانلىقى ھېكايە قىلىنغان . يازغۇچى مەسخىرە ۋە تەنقىدنى بيۇروك-
رات ، چىرىك ئەمەلدارلار بىلەنلا چەكلەپ قويماي ، بەلكى يەنە ئاددىي
كىشىلەر ۋۇجۇدىدىكى ھەر خىل ناچار ئىللەتلەرگىچە كېڭەيتكەن . ئۇ
«ئاجايىپ كەسپىي ئائىلە» ، «يەنە بىر ئاجايىپ كەسپىي ئائىلە»
قاتارلىق ھېكايىلىرىدە نوقۇل باي بولۇشنىلا قوغلىشىپ ، ئادىمىيلىك
پەزىلىتىنى يوقاتقان كىشىلەرنى مەسخىرە قىلغان ۋە ئاگاھلاندۇرغان
بولسا ، «ئۇ دۇنيادىكى سوراق» قاتارلىق ھېكايىلىرىدە چۈش مەنزى-
رىسىنى يېزىشقا ئوخشاش ئالاھىدە ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ ، يۇرت-
ۋازلىق ، مەزھەپچىلىك ، گۇرۇھۋازلىققا ئوخشاش ناچار ئىللەتلەرنى
قاتتىق پاش ۋە تەنقىد قىلغان . يازغۇچىنىڭ بۇنداق تەنقىدى سۆزسىز-
كى يازغۇچىنىڭ دەۋر ئالدىدىكى بىر خىل مەجبۇرىيىتىنىڭ ، ئەسەر-
لىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى رەزىللىكتىن نەپرەتلەندۈرۈپ ياخشىلىققا
دەۋەت قىلىشتەك ئىجادىيەت مۇددىئاسىنىڭ مەھسۇلى . ئەلۋەتتە ،
نۇرمۇھەممەت توختى ئەسەرلىرىدە مەزمۇن ئىپادىلەشكە ، بىرەر ئىج-
تىمائىي مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئالدى بىلەن ئەھمىيەت بېرىد-
غان يازغۇچى . شۇڭا ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئالدى بىلەن گەۋدىلىنىد-
غىنى ئىدىيىۋىلىك . ئەمما ، بۇ دېگەنلىك ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە بەدىئىي
رەڭدارلىق يوق دېگەنلىك ئەمەس . بەدىئىيلىك يېقىدىن ئالغاندا ئۇنىڭ
ئەڭ ئاساسلىق بىر ئۇسلۇبى كۈچلۈك مەسخىرىدىن ئىبارەت بولۇپ ،
ئۇنىڭ تەنقىدىي مەسخىرە ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ . ئۇنىڭ مەسخىرى-
سى تولىمۇ جانلىق ، ھەققەتەن كۈلكىلىك ، شۇنداقلا ئاستىرىتتىن
ئېلىپ بېرىلىدۇ . ئۇنىڭ مەسخىرىسى كىنايىلىك تۈسكە ئىگە بولۇپ ،
كىشىدە ئۆزگىچە بىر تەسىرات قالدۇرىدۇ : «مەن ئاشۇ پىلە قۇرتى-

دەك بۇدرۇققىنە سەمرىگەن خېلى كۆپ ئادەملەرنى بىلىمەن . . . ئۇلار
خالتا ـ خالتا سېمونت ، توپ ـ توپ ئەينەكلەرنى ، ھەتتا نەچچە ئون
مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پولات چىۋىق بىلەن قاتتىق سۇ تۇرۇبىلىرىنىمۇ
كىمىرىپ يېۋېتەلەيدۇ . بەزى ھاللاردا ئۇلارنىڭ كىمىرىپ يېيىشى
بەكمۇ جىددىيلىشىدۇ . ئىسكىلاتتىكى زاپاس لازىمەتلىكلەرنىڭ ، كاس-
سىدىكى پاراۋانلىق پۇندىنىڭ ، ئىشقىلىپ ساقلىنىۋاتقان بارلىق جاما-
ئەت مۈلكىنىڭ تېۋىشسىز ئازلاپ كېتىش سۈرئىتى بۇ جىددىيلىكنىڭ
دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ...

مەن سېمونت بىلەن ئەينەكنىڭ ، ياغاچ ـ تاش بىلەن ئېلېكتىر
سىملىرىنىڭ ، پولات چىۋىق بىلەن يېشىل سىرلارنىڭ نەقەدەر قۇۋ-
ۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئاستا ـ ئاستا تونۇپ يېتىۋاتىمەن . ئۇلار ئادەمنى
نەقەدەر چىرايلىق سەمرىتىدۇ ـ ھە ؟ ! ناھايەتكى ئۇلارمۇ بۇنىڭدىن يېپەك
ئىشلەپچىقىرالىسا ! ئېھ ، بۇدرۇققىنە سېمىزلىرىم ، سىلەر نېمىدې-
گەن ئوماق . » ( «كىمىرىپ يېيىش» تىن » ) . مىسال ئېلىنغان بۇ
پارچىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ ئىج-
تىمائىي مەسىلىلەر تېما قىلىنغان بۇ بىر قاتار ھېكايىلىرىدە تەنقىد
بىلەن مەسخىرە ئورگانىك بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن .

نۇرمۇھەممەت توختى ئىجادىيىتىدە ئۇنىڭ تارىخىي تېمىدا يازغان
ھېكايىلىرىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . ئۇنىڭ تارىخىي ھېكا-
يىلىرى ئاساسەن تارىخىي شەخسلەرگە ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى
تارىخىدا ئۆتكەن داڭلىق شائىرلارغا بېغىشلىنىشتەك روشەن تېما
ئالاھىدىلىكىگە ئىگە . ئۇنىڭ تارىخىي ھېكايىلىرىدىن «شاھ مەشرەپ
خوتەندە» ناملىق ھېكايىسى شەرق شېئىرىيىتىدە كاتتا ئورۇن تۇتىد-
غان مەشھۇر شائىر مەشرەپنىڭ خوتەندىكى ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش-
كە ، «قوشتاغدىكى مۇشائىرە» ناملىق ھېكايىسى بولسا ، ئۇيغۇر ـ
ئۆزبېك شائىرلىرىدىن تەجەللى ، فۇرقەت ، ئىسمايىل ھاجى قاتارلىق-
لارنىڭ قوشتاغدىكى بىر قېتىملىق ئۇچرىشىشىنى ـ مۇشائىرىسىنى



يېزىشقا بېغىشلانغان . «شاھ مەشرەپ خوتەندە» ناملىق بۇ ھېكايە
ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ھېكايە
بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئالدى بىلەن شەرق شېئىرىيىتىدىكى كاتتا شائىر شاھ
مەشرەپ ئاساسلىق پېرسوناژ قىلىنغان بولۇپ ، بۇ شەرق ـ ئۇيغۇر
شائىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئوبرازى يارىتىلغان تۇنجى ئەسەر بولۇپ ھې-
سابلىنىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن يازغۇچى بۇ ھېكايىدە يۇكسەك دەرىجى-
دىكى تەسەۋۋۇر كۈچى ئارقىلىق شاھ مەشرەپنىڭ خوتەندىكى زىيارەت-
لىرىگە مۇناسىۋەتلىك خەلق ئارىسىغا تارقالغان رىۋايەتلەرنى ئاجايىپ
بەدىئىي يۇكسەكلىكتە جانلاندۇرۇپ ، ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا
بىر پارچە مۇكەممەل ھېكايىگە ئايلاندۇرغان . تېخىمۇ قىممەتلىك
يېرى شۇكى ، يازغۇچى ناھايىتى زور ئىجتىھات كۆرسىتىپ مەشرەپ-
نىڭ تەرىقەتچىلىكتە يۇقىرى ھۆرمەتكە ۋە تەسىرگە ئىگە بولغان
پەلسەپىۋى ئىدىيىسىگە ناھايىتى زور دەرىجىدە يېقىنلىشىپ ، ئۇنىڭ
ئىدىيىسىنى ئاساس قىلغان روھىي دۇنياسىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە
تىرىشقان . بۇ ھېكايىنىڭ يەنە بىر قىممەتلىك يېرى شۇكى ، يازغۇچى
باياننى ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيە بىلەن بەرگەن . مەشرەپتىن ئىبارەت
بۇ سۆز ـ ھەرىكىتىمۇ ، روھىي دۇنياسىمۇ ئىنتايىن سىرلىق بول-
غان ، شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر ئارىسىدا ئەۋلىيا دەپ سۈپەتلىنىدىغان
بۇ زاتنى ، ئۇنىڭ سىرلىق سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى ، ئىدىيىسىنى يازغۇ-
چى يېشىمەن ، چۈشەندۈرىمەن دەپ زورۇقمىغان ، بەلكى ئۇنىڭ ئاشۇ
سىرلىق سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى ، ئاجايىپ چوڭقۇر بولغان روھىي
دۇنياسىنى ئەينەن ، سىرلىق پېتى تەسۋىرلەپ ، مەشرەپ ئوبرازىنى
يارىتىشتا ناھايىتى چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن . ئاپتورنىڭ مەش-
رەپ ھەققىدىكى بايانلىرىمۇ مەشرەپ ئىدىيىسىدىكى چوڭقۇرلۇققا يې-
قىنلاشقان بولغاچقا ، ھېكايە كۆپ تەرەپتىن ئۇتۇقلۇق چىققان . ئەم-
دى ، يازغۇچىنىڭ «قوش تاغدىكى مۇشائىرە» ناملىق ھېكايىسىدە مىلادىيە
19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەر ـ

خوتەنلەردە ياشاپ ئىجاد قىلغان شائىرلارنىڭ بىر قىتىملىق ئۇچرىشىـ
شى ۋە شۇ ۋاقىتتا بولۇپ ئۆتكەن باغلاقتا چۇشۇپ قالغان كىيىك
ھەققىدىكى بىر قېتىملىق مۇشائىرىنى يېزىش ئارقىلىق ، يازغۇچى
بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر ـ ئۆزبېك شېئىرىيىتىدە مەشھۇر بولغان «سەيـ
دىڭ قويابەر سەيياد . . . » دەپ باشلىنىدىغان غەزەلگە ئەنزە
ئاغدۇرغان ؛يەنە بىر تەرەپتىن ئاشۇ يىللاردىكى ئەدەبىي ھاياتنى ،
جەمئىيەت رېئاللىقىنى ناھايىتى جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن . ئومۇـ
مەن قىلىپ ئېيتقاندا ، بۇ ھېكايىلەر ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدا
مەيدانغا كەلگەن تارىخي ھېكايىلەرنىڭ سەرخىللىرىدىن ، شۇنداقلا نۇر
مۇھەممەت توختىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىـ
دۇ .

نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ پوۋېستلىرى يەنە بىر بەدىئىي دۇنيا .
ئۇ كېيىنكى مەزگىللەردە «چۆل ئوغلى » ، «شەھلا كۆز » ، «قارلىـ
غاچ ئۇۋۋا سالغان ئايۋاندا » قاتارلىق پوۋېستلارنى يېزىپ ، ئۇيغۇر
پوۋېستچىلىقىغا مۇناسىپ ھەسسىلەرنى قوشتى . ئۇنىڭ پوۋېست ئىجاـ
دىيىتى ھېكايە ئىجادىيىتىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىق بولۇپ ، بۇ
پوۋېستلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۇ ئاددىي كىشىلەرنىڭ سەرگۈزەشت ـ تەقدىرىنى
بايان قىلىپ ، بۇ سەرگۈزەشت ـ تەقدىرلەر ئارقىلىق ، ئىجتىمائىي
تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۇرگەن ، ھايات ھەققىـ
دە ، رېئاللىق ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن . ئۇنىڭ «قارلىغاچ ئۇۋۋا
سالغان ئايۋاندا »ناملىق پوۋېستىدىكى ۋەقەلىك دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى
بىر خىل ئاساسلىق سۇژېت شەكلى ھېسابلىنىدىغان «ئودىپوس سۇژېـ
تى تۈگۈنى »گە شۇنچىلىك ئوخشىشىپ كېتىدۇ . بۇ خىل دۇنياۋى
خاراكتېرلىك سۇژېت شەكلىگە ياندىشىش مەيلى ئاڭلىق بولسۇن ياكى
ئاڭسىز بولسۇن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ، شۇنداقلا يازغۇچى ئىجادىيىتى
ئۈچۈن بەلگىلىك ئەدەبىي قىممەتكە ، شۇنداقلا تەتقىقات قىممىتىگە
ئىگە . يازغۇچىنىڭ «شەھلا كۆز » دېگەن پوۋېستىدا شەھلا كۆزلۈك



قىز ساجىدەنىڭ سەرگۈزەشتلىرى ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەنگەن .
يازغۇچى بۇ ئەسەردە ئادەمىيلىك مەسىلىلىرى ھەققىدە نىسبەتەن چوڭـ
قۇر پىكىر يۈرگۈزگەن : ھاياتتىكى نۇرغۇن خۇشاللىقلارغا ياخشى
ئادەملەر ، ئېسىل پەزىلەتلەر سەۋەب بولغىنىغا ئوخشاش ، نۇرغۇن
كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ، پاجىئەلەرنىمۇ يەنە شۇ ئادەملەر ـــ يامان ئادەمـ
لەر ، ناچار ئىللەتلەر پەيدا قىلىدۇ . ساجىدەدىن ئىبارەت شۇنداق
سەبىي ، گۈزەل ، ئاقكۆڭۈل قىزنى ، ئۇنىڭ ياشلىق غۇنچىسىنى ،
ئۆمۈر باھارىنى غازاڭ قىلىۋەتكىنى يەنە شۇ ئادەملەر بولىدۇ . بۇ بىر
پارچە سەرگۈزەشت ئاساس قىلىپ يېزىلغان پوۋېست بولۇپ ، ئۇنىڭدا
باش قەھرىمان ساجىدەنىڭ ئازاب بىلەن خۇشاللىق ئارىلىشىپ كەتـ
كەن ، ئازاب ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان سەرگۈزەشتلىرى ، جۈملىـ
دىن ئۇنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى يېزىلغان . ئەسەردىكى پاجىئە ھەقىقە
تەن كىشى قەلبىنى ئۆرتەيدۇ ، شۇنداقلا ئادەمنى ھايات ھەققىدە ،
ئادەملەر ھەققىدە چوڭقۇر ئويلارغا سالىدۇ . بۇ بىر ياخشى يېزىلغان
تراگېدىيىلىك ئەسەر . ئۇنىڭ تراگېدىيىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى
يېزىلغىنى يەنىلا «چۆل ئوغلى» ناملىق پوۋېستى بولۇپ ھېسابلىنىـ
دۇ .

«چۆل ئوغلى» بالىلار تۇرمۇشى ئاساس قىلىپ يېزىلغان ، دۇنـ
يا ، ھايات ، ئادەملەر بالىلارنىڭ نەزىرى بىلەن كۆزىتىلگەن ، بالىلارـ
نىڭ روھىي دۇنياسى ، ئىدىيۋى ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن پوۋېست
بولۇپ ، كىشىگە بالىلارنىڭ قەلبىدەك سەمىمىي ، چىن ، چەكسىز ،
ھېسسىياتلىق بىر خىل تۇيغۇ بېرىدۇ . بۇ ئەسەر يەنە مۇشۇ ئالاھىدىـ
لىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن ئەڭ مۇنەۋۋەر
بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئەسەردە
ئاساسلىق قىلىپ سالام ئىسىملىك بالىنىڭ بىپايان چۆللۈكتىكى
ھاياتى تەسۋىرلىنىدۇ . ھېسسىياتنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن كۆڭۈللۈك
ئائىلىسىدىن سوۋۇشقا باشلىغان ئاتا بىلەن ئانا تۇرمۇشقا يەڭگىلتەكـ

لىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشىپ ، تېخى قىزىل ئەت سالامنى يېتىم
قىلىپ ئاجرىشىپ كېتىدۇ . سالام دادىسىغا ئەگىشىپ ، ئادەمسىز
چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا قۇرۇلغان سۇ ئامبىرى بويىدا ئۆسۈپ چوڭ
بولىدۇ . ئۇ تەبىئەت قوينىدا ياشايدۇ ، چۆل قوينىدا يۈرۈپ ، چۆل ،
كۆل ، قومۇشلۇق ، قۇملۇقلاردا ئېغىناپ ، ئاھۇ سۈتىنى ئىچىپ ،
ئۇنىڭ ئوغلاقلىرى بىلەن ئويناپ چوڭ بولىدۇ . ئۇ مانا مۇشۇنداق
ياشاپ تەبىئەتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ كېتىدۇ . ئەمما ئۇنىڭ
قەلبى سىرتقى دۇنياغا ، ئوقۇشقا ، ئانا مېھرىگە تەلپۈنىدۇ . دادىسى
چېلىپ بەرگەن ئىسكىرىپكىنىڭ مۇڭى ، ئاھۇنىڭ كۆزلىرىدىكى
مۇڭ ، گۇگۇم مەزگىلىدىكى تەبىئەتنىڭ مۇڭى ، ئۇ ئۇچراشقان ئادەمـ
نىڭ كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇرىدىغان مۇڭ ئۇنى تولىمۇ مۇڭلۇق بىر
بالىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ . ئۇ كېيىن شەھەرگە ئوقۇشقا كىرىدۇ ،
ئەمما جۇشقۇن ئوقۇش هاياتى ئۇنىڭ مۇڭلۇق قەلبىگە ھېچبىر خۇشالـ
لىق ئاتا قىلالمايدۇ ، ئۇ مىڭبىر مۇشەققەتتە ئانىسىنى تاپقان بولسىـ
مۇ ، ئەمما ئانىسىنى تاپقان كۈنى دەل ئانىسىنىڭ بۇ دۇنيادىن ئايرىلـ
غان كۈنىگە توغرا كېلىدۇ ، ئۇ چەكسىز سېغىنغان ، باغرىنى پۈتۈن
ھاياتلىقىنىڭ خۇشاللىقى دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان ئانىسىنىڭ پەقەت
يۈزىنىلا كۆرەلەيدۇ . تەقدىر بۇ كىچىككىنە نارەسىدىگە مانا مۇشۇنداق
رەھىمسىزلىك قىلىدۇ . ئۇ قىشلىق تەتىل قىلىپ چۆلگە ـ دادىسىنىڭ
يېنىغا قايتقاندا بولسا بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر بىر پاجىئە يۈز بېرىدۇ :
سالامنىڭ دادىسىنىڭ باشلىقى ئاغىنىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بۇ يەرگە
قىشلىق ئوۋغا كېلىدۇ . ئۇلار سالامنىڭ ئانىسى ئورنىدىكى ئاھۇنى
ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ . بۇ ئىش ئۈچۈن سالام چەكسىز قايغۇرىدۇ ،
شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ياۋۇز ئەبلەخلەرنى جازالاش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ
مىلتىقىنى كۆلگە تاشلىۋېتىدۇ . بۇ ئىش بىلىنگەندىن كېيىن ئۇلار
سالامنىڭ دادىسىنى كۆلگە چۈشۈپ مىلتىقلارنى ئېلىپ چىقىشقا مەجـ
بۇرلايدۇ . دادا قەھرىتان سوغۇقتا كاچكولدىن كۆل ئاستىغا نەچچە



شۇڭغۇپ ئاخىرى مىلتىقلارنى ئېلىپ چىقىدۇ ۋە شۇ ياتقانچە ئەتىسى
ئالەمدىن ئۆتىدۇ . سالام «دادىسىنىڭ جەستىگە تىكىلگىنىچە ئۈنچىقـ
ماي ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئالدىدا يەنە بويىنىدىن ئۈزۈپ تاشلانغان
ئىپار ئاھۇنىڭ چىرايلىق بېشىمۇ بار ئىدى . ئاھۇنىڭ يېرىم ئوچۇق
قالغان كۆزىدە ئەمدى ياقۇت پارلىمايتتى . قىپقىزىل چوغمۇ پىلدىرلىـ
مايتتى . ئۇنىڭ چاناقلىرىدا ھېلىقى ئاۋاق ئوۋچى چاچقان توپا ـ
تۇمان تولۇپ تۇراتتى . ئوغۇل ئاشۇلارغا قاراپ ماتەملىك سۈكۈتكە
چۆمدى . ئۇنىڭ سۈكۈناتى مۇشۇ تەكلىماكاننىڭ ، ئۇلۇغ ئانا چۆلنىڭ
مەڭگۈلۈك سۈكۈناتىغا ئوخشايتتى . سالامنىڭ مېڭىسىمۇ سۈكۈناتقا
چۆمگەندەك ھېچنېمىنى ئويلىمايتتى . خىيالىغا ھېچ نەرسە كىرمەيتـ
تى . ھېچنېمىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيتتى . شۇ كۈنى ئۇ ھېچ
نەرسە يېمىدى ، ئەتىسىمۇ ئاغزىغا ھېچ نەرسە سالمىدى . قورسىقىنىڭ
ئاچقان ـ ئاچمىغانلىقىنى بىلەلمەيتتى . تاماق يېيىش كېرەكلىكىمۇ
ئېسىگە كەلمەيتتى . ئۇ ئاتىسىنىڭ جەستىگە تىكىلىپ ئولتۇراتتى .
چۆل شاماللىرى ، چۆل ئاپتىپى بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئىز سېلىپ
ئۆتكەن بۇغداي ئۆڭ چىرايىدا چەكسىز بىر مۇڭ ، دەرد ـ ھەسرەت
بەلگىلىرى قېتىپ قالغان ئىدى» . شۇنداق قىلىپ ، ھاياتنىڭ ھېچبىر
خۇۋلۇقىنى كۆرمىگەن كىچىككىنە جان ـــ سالام بۇ دۇنيادا ئىگە ـ
چاقىسىز يېتىم بولۇپ قالىدۇ .

بۇ ئەسەردە تراگېدىيە يېزىلغان . بۇ تراگېدىيەنى نېمە كەلتۈرۈپ
چىقاردى ؟ئەلۋەتتە ئادەم كەلتۈرۈپ چىقاردى . بۇ مانا مۇشۇنداق سىرـ
لىق ، مۇرەككەپ بىر ھايات . يازغۇچى ئەسەردە تەبىئەتنى ناھايىتى
زور ئىجتىھات بىلەن يازغان . تەبىئەتنى ئىنسان ھاياتىنىڭ ئىنتايىن
مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن ، تەبىئەتنى
يېزىشتا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلغان ئەسەرمۇ دەل مۇشۇ بولسا
كېرەك . يازغۇچى ئەسەردە تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى ، سەممىيلىكى ،
مېھرىبانلىقى بىلەن ئىنسانلار جەمئىيىتىنى سېلىشتۇرما قىلىپ تەسـ

ۋىرلەپ ، ناھايىتى يۇقىرى بولغان ئىپادىلەش ئۇنۇمى ياراتقان . يازغۇ-
چى ئەسەردە تەبىئەت قوينىدىكى ھاياتنى ناھايىتى ياخشى ئەكس ئەت-
تۇرگەن . پۈتۈن ئەسەرگە بىرخىل كەيپىيات ، بىرخىل ھېسسىيات - مۇڭ
ئارىلىشىپ بارىدۇ . يازغۇچى مۇڭنى بەك كۆپ ، بەك مۇۋەپپەقىيەتلىك
يازغان ، شۇڭا ئەسەرنىڭ ھېسسىيات كەيپىياتى ، لىرىكىلىقى تولىمۇ
گەۋدىلەنگەن .

بۇ ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان مۇنداق بىرقانچە تەرىپى
بار . ئالدى بىلەن ئۇنىڭدا ناھايىتى كۈچلۈك ھېسسىيات ۋە كەيپىيات
ئىپادىلەنگەن بولۇپ ، بۇ ھال ئەسەرنىڭ لىرىكىلىقىنى زور دەرىجىدە
ئاشۇرغان . ئەسەردىكى لىرىك تەركىبلەرگە قاراپ ئۇنى بىر پارچە
لىرىك داستان دەپ ئاتىسىمۇ بولىدۇ . ئەسەر باش قەھرىمانى سالام-
نىڭ چۆل ھاياتىنى ، ئاجايىپ قىسمەتلىرىنى ، بالىلارغا خاس ھېسسى-
ياتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە كىشىنى ئىختىيارسىز يىغا تۇتىدۇ .
پۈتۈن ئەسەردىن مۇڭ تۆكۈلۈپلا تۇرىدۇ . سالام مانا مۇشۇنداق مۇڭ
ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ . ئۇنىڭ مۇڭلۇق قەلبى ، مۇڭلۇق نەزىرى
ئۇنىڭغا ھەممە نەرسىنى مۇڭلۇق كۆرسىتىدۇ . ئۇ ئاشۇ مۇڭلار ئىچى-
دىن ھۇزۇر ئالىدۇ ، خۇشاللىق تاپىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن ئەسەردە
تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئادەم يېزىلغان . يېڭى
دەۋردىكى ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىدا تەبىئەتنى ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ
مۇناسىۋىتىنى يېزىشتا بۇ ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ھەقىقەتەن ئۇس-
تۈن تۇرىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا يازغۇچى بۇ پوۋېستىدا
ئاستىرتىن پىكىر يۈرگۈزۈپ ئادەم تەبىئىتىدىكى رەزىللىكلەر ، ۋەھ-
شىيلىكلەر ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلىدۇ . سالامنى ئاھۇ ئاند-
سىدىن ، بىردىنبىر دىلكىشى ۋە ھاياتلىق كاپالىتى دادىسىدىن دەل
ئاشۇ ئادەملەر — ئادەملەر ۋۇجۇدىدىكى پەرۋاسىزلىق ، ئاچ كۆزلۈك ،
رەھىمسىزلىك ، تەبىئەتنى سۆيمەسلىك . . . كە ئوخشاش ئىللەتلەر
ئايرىپ ، ئاجايىپ بەختسىز بىر يېتىمگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ . پو-
ۋېستىنىڭ يەنە بىر مۇۋەپپەقىيىتى شۇكى ، ئۇنىڭدا باش قەھرىمان



سالامنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئىپادىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىل-
گەن . ھېسابتا پۈتۈن ئەسەر سالامنىڭ قەلب دۇنياسىدىكى ھېس -
تۇيغۇلار ، ئوي - خىياللار ، تەسىراتلار ئاساسىدا قانات يايىدۇ . يازغۇ-
چى سالامنىڭ قەلب دۇنياسىنى ئىپادىلەشنى ئاساسلىق ئورۇنغا قو-
يۇپ ، ئادەملەرنى ، ۋەقەلىكنى ، تەبىئەتنى ، ھېس - تۇيغۇلارنى سالام-
نىڭ نەزىرى ئارقىلىق بېرىدۇ ، شۇڭا ئەسەرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى
ۋە تەسىرچانلىقى ناھايىتى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن . «چۆل
ئوغلى» نى بىر پوۋېست دېگەندىن كۆرە ، ئۇنى ئىنسان بېشىغا كېلى-
دىغان ئېغىر مۇڭلار ئىپادىلىنىپ ، تەقدىرنىڭ كاجلىقى ئۈستىدىن
شىكايەت قىلىنغان بىر كۈي دەپ قارىسىمۇ بولىدۇ . شۇڭا پۈتۈن
ئەسەردە ھېكايە ئەمەس ھېسسىيات دولقۇنلاپ تۇرىدۇ .

نۇرمۇھەممەت توختى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىرىدىكى قابىل نەسرچى-
لەرنىڭ بىرى . ئۇنىڭ نەسر ھەققىدە مۇستەقىل قارىشى ، ئۆزگىچە
ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى بار . «كۈلۈپ كۆرگەنلەر ۋە كۆرۈپ كۈلگەن-
لەر» توپلىمىدىكى نەسرلەرنى ئوقۇساق بۇ نۇقتىنى ئېنىق كۆرەلەي-
مىز . ئۇنىڭ نەسرلىرىدە تېما نىسبەتەن كەڭ بولۇپ ، تەبىئەت ،
جەمئىيەت ، ئادەم يېزىلغان ؛ بايان بىلەن مۇھاكىمە ، لىرىكا ئىپسكا
ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ؛ بولۇپمۇ ئۇلاردا ئوتتۇرىغا قويۇل-
غان يېڭىچە ، چوڭقۇر پىكىرلەر كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ . يازغۇ-
چى تەبىئەت بىلەن ، ئادەم بىلەن ، جەمئىيەت بىلەن نەسر شەكلى
ئارقىلىق سۆزلەشكەن ، جاۋابسىز سوئاللىرىنى ، قەلبىدىن ئۇرغۇپ
چىققان ھېسسىياتنى نەسر شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويغان .

نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ ھازىرغىچە «ئۇ دۇنيادىكى سوراق»
(1990 - يىل ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى) ، «شەھلا كۆز» (1995 -
يىل ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى) ، «چۆل ئوغلى» (1993 - يىل ،
شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى) ، «كۈلۈپ كۆرگەنلەر ۋە
كۆرۈپ كۈلگەنلەر» (1992 - يىل ، شىنجاڭ ياشلار ئۆسمۈرلەر نەش-
رىياتى) قاتارلىق ئەسەرلەر توپلاملىرى نەشر قىلىندى .

# ئابدۇللا ساۋۇت

ئابدۇللا ساۋۇت ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن مۇناسىپ ھەسسىلەرنى قوشقان ھوسۇللۇق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇنىڭ رومان ۋە تارىخىي ھېكايە ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆپچىلىكنىڭ ياخشى باھالىرىغا ئېرىشكەن .

ئابدۇللا ساۋۇت مىلادىيە 1950 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئاقتۇ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان . مىلادىيە 1972 ـ يىلىدىن 1974 ـ يىلىغىچە قىزىلسۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاقتۇ ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى ، رادىئو ئۇزېلى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن . مىلادىيە 1988 ـ يىلىدىن 1995 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن . ھازىر ئاقتۇ ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ .

ئابدۇللا ساۋۇتنىڭ ئەدەبىي ھاياتى مىلادىيە 1970 ـ يىللاردا شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن باشلانغان . ئۇ دەسلەپكى مەزگىللەردە ئاساسەن شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، كىشىنى مەست قىلىدىغان قويۇق ئىشقى ـ مۇھەببەت ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى ، ۋەتەن ، خەلق ئۇلۇغلىنىدىغان جەڭگىۋار لىرىكىلارنى ، جەمئىيەتنىڭ رېئال قىياپىتى ، كىشىلەرنىڭ ئورتاق ساداسى ئەكس ئەتتۇرۇلىدىغان رېئالىزملىق شېئىرلارنى ، ئاچچىق كىنايە ، ئۆتكۈر مەسخىرە تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ساتىرالارنى ، مەي ۋاستە قىلىنىپ ، ھايات ھەقىقەتلىرى ، كىشىلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئىپادىلەنگەن پەلسەپىۋىلىكى كۈچلۈك رۇبائىيلارنى يېزىپ ، شېئىرىيەت ساھەسىدىمۇ چوڭ داغدۇغا قوزغىدى . ئۇنىڭ «ھايات كۈيى» ، «كۆڭ-



لۈم» ، «ساڭا ھەمراھ بولاي مەڭگۈ» ، «قەدەھ» ، «كۆردۈم سېنى» ، «توك كېتىدۇ» ، «يەتكىن قىزىم ھالىمغا» قاتارلىق شېئىرلىرى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شېئىرلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

ئابدۇللا ساۋۇتنى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى ساھەسىدە بەلگىلىك تەسىرگە ۋە ئورۇنغا ئىگە قىلغىنى يەنىلا ئۇنىڭ پروزا ئىجادىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

ئابدۇللا ساۋۇت مىلادىيە 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ پروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، دەسلەپكى ئەسەرلىرىدىلا ئۆزىنىڭ پروزا ئىجادىيىتىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى . 1980 ـ يىللاردا يېزىلغان «تاش بوران» ناملىق ھېكايىسى ، «قانلىق قىرغاق» ناملىق پوۋېستى ، «چاقماق» رومانى قاتارلىق ئەسەرلىرى ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . گەرچە بۇ ئەسەرلەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ، ئىپادىلىگەن تېمىسى ، ياراتقان پېرسوناژلىرى ئوخشىمىسىمۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇش ، ئەسەر سۇژېتىنىڭ جانلىق ، قىزىقارلىق بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش ، ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتە تاشقى كۆرۈنۈشلەر بىلەن قەلب چىنلىقىنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىزدىنىشتەك ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى ناھايىتى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان .

مىلادىيە 1990 ـ يىللار ئابدۇللا ساۋۇت پروزا ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ ھوسۇللۇق ، شۇنداقلا ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر دەۋرى بولدى . بۇ دەۋردە يازغۇچى ھېكايە ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، «شىراق» ، «تەڭرىنىڭ ئوغلى» ، «ئارسلان قۇترايدۇ» ، «تۇمارىس» قاتارلىق بىر تۈركۈم تارىخىي ھېكايىلەرنى ، «ئەۋلىيا ئوت» قاتارلىق ئەپسانىۋى ھېكايىلەرنى يازدى . ئۇنىڭ تارىخىي ھېكايە ئىجادىيىتىدىكى نەتىجىلىرى ئومۇمىي ئېتىراپقا ئىگە بولۇپ ، تارىخىي

ھېكايىچىلىقنىڭ نىسبەتەن يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان. ئۇ يەنە پوۋېست ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، «ماڭا ئىجازەت بېرىڭلار»، «دات باسماس قىلىچ»، «مۇھەببەت قارىغۇ ئەمەس»، «قىسمەت»، «ئۇپۇقتا قېتىپ قالغان كۈن»، «ئۇششۇك ماڭغان كېچە» قاتارلىق زور بىر تۈركۈم پوۋېستلارنى ئېلان قىلدى. رومان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «يۇلتۇز ئەپسانىسى» (1999 ـ يىل)، «پۈتمەس سەترلەر» (2000 ـ يىل)، «ھاياتلىق زەنجىرى» (2000 ـ يىل) قاتارلىق رومانلارنى يېزىپ ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ مۇناسىپ ھەسسىلەرنى قوشقان.

ئۇنىڭ تارىخىي ھېكايىلىرىنىڭ ۋەكىلى ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمكى زاماندىكى تارىخىدىن ياكى رىۋايەتلىرىدىن تېما ئېلىش ئاساسىدا يېزىلغان. يازغۇچىنىڭ «شىراق» ناملىق ھېكايىسىنى مىسال ئالىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا خەلقىمىز ئارىسىدا ئۇزۇندىن بېرى تارقىلىپ كېلىۋاتقان شىراقنىڭ ئۆز ھاياتى بەدىلىگە خەلقىنى دۈشمەننىڭ بالايىئاپەتلىرىدىن ساقلاپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ھېكايە يېزىلغان. ئىران شاھى دارا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى دۇنياغا كېڭەيتىش مەقسىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان ساكلار ئۈستىگە قوشۇن باشلاپ كېلىدۇ. ساك ئاقساقاللىرى غايەت زور دۈشمەن قوشۇنىغا قانداق تاقابىل تۇرۇش، خەلقنى ئۇرۇشنىڭ بالايىئاپەتلىرىدىن قانداق قىلىپ ئامان قالدۇرۇشنى ئويلىشىۋاتقاندا، ئۈستىۋېشى جۇل - جۇل، ئەمما كۆزلىرىدىن باتۇر، قەيسەرلىكى چىقىپ تۇرىدىغان پادىچى شىراق ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئەگەر بالا ـ چاقىلىرىغا قاراپ قويۇش مۇمكىن بولىدىغانلا بولسا، دارا ئەسكەرلىرىنى ئۆزى يالغۇز يوقىتىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلىدۇ. ئاقساقاللار دەماللىققا ئىشەنچ قىلالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يالقۇنلاپ تۇرغان باتۇرلۇق، قەيسەرلىككە قايىل بولۇشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شىراق يېنىدىن خەنجىرىنى چىقىرىپ، قۇلاق، بۇرۇنلىرىنى كېسىپ، پۈتۈن بەدىنىنى قانغا بوياپ، ئىران پادىشاھى ئالدىغا بارىدۇ. ئۇ پادىشاھقا: «مەن



ساك قېرىنداشلارغا ئىران شاھى ئۇلۇغ، باتۇر، ئۇنىڭغا ئەل بولايلى دېسەم، ئۇلار مېنى مۇناپىق دەپ، مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇلاردىن مېنىڭ ئىنتىقامىمنى ئېلىپ بەرگەن بولسىلا ئىكەن» دەپ «ھال ئېيتىدۇ». ياخشى بىر يول باشلىغۇچىنىڭ چىققانلىقىدىن خۇشال بولغان ئىران شاھى ساكلار ئۈستىگە لەشكەر تارتىدۇ. شىراقنىڭ يول باشلاپ مېڭىشى بىلەن دارا قوشۇنلىرى بىپايان قۇملۇققا كىرىپ قالىدۇ. ئۇزۇن سەپەر بولغان بولسىمۇ، ئەمما مەنزىل كۆرۈنمەيدۇ. دەھشەتلىك ئىسسىق، سۇسىزلىقنىڭ دەردىدىن ئىران ئەسكەرلىرى ۋە ئاتلار ھالىدىن كېتىدۇ. شىراقنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەنلىكىنى بىلگەن لەشكەر باشلىقى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ھەم ئۆزىمۇ پۈتۈن ئەسكەرلىرى بىلەن قىرىلىپ تۈگەيدۇ. ھېسابتا بىر شىراق ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن ئىش كۆرۈپ، باتۇرلۇق، قەيسەرلىككە تايىنىپ ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە دۈشمەننىڭ لەكمىڭلىغان ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ، ۋەتەن ۋە خەلقىنى بالايىئاپەتلەردىن ساقلاپ قالىدۇ.

يازغۇچى بۇ ھېكايىسىدە، قەدىمكى دەۋرلەردىن بېرى خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان بۇ رىۋايەتنى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە بەدىئىي ماھارىتى بىلەن تېخىمۇ يۇكسەك ئىدىيىۋى قىممەتكە ۋە بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە قىلىپ، شىراقتىن ئىبارەت بۇ قەھرىماننىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى يۇكسەكلىككە كۆتۈرگەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن جان پىدا قىلىشتەك قەھرىمانلىق، ئادەملىك خاراكتېرىنى ئۇلۇغلىغان. شۇنداقلا يەنە مۇشۇ بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تارىخىي تېمىدا ئەسەر يېزىشنىڭ يۇقىرى بىر پەللىسىنى ياراتقان.

يازغۇچىنىڭ تارىخىي ھېكايە ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيىتىنى نامايان قىلغان يەنە بىر پارچە ئەسەر — «تەڭرىنىڭ ئوغلى» ھېكايىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىي مەدھىيىلەنگەن. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 200 ـ يىللاردا ھونلار بىلەن

ياۋچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يامانلىشىدۇ . ياۋچىلارنىڭ قولى-
دا تۇرغاقلىقتا تۇرۇۋاتقان ھون شاھزادىسى باتۇر تەڭرىقۇت بۇ ئەھۋال-
نى سېزىپ قېلىپ ، ياۋچىلارنىڭ دۆلەت گۆھىرى بولغان تۇلپارنى
ئوغرىلاپ ئۆز ئېلىگە قايتىپ كېلىدۇ . ئۆز ئېلىگە قايتىپ كېلىپ
كۆرگەن رېئاللىق ئۇنى قاتتىق ئازابلايدۇ . ئۇنىڭ تەخت ۋارىسلىق
ئورنى بىكار قىلىنىپ ، كىچىك ئىنىسى تەخت ۋارىسى بولغان ، دۆلەت
ئىشلىرى روناق تاپمىغان . بۇنداق ئەھۋالنى ياخشىلاش ئۈچۈن باتۇر
ئۆز جەمەتىدىكىلەرنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۆزىنى تەڭرىقۇت دەپ ئېلان قىلى-
دۇ ۋە دۆلەتنى قۇدرەت تاپتۇرۇپ ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا
دائىر بىر قاتار ئىشلارنى باشلايدۇ . شۇنداق كۈنلەردە قەدىمكى قەبىلى-
لەردىن بىرى بولغان توڭگۇسلار ئەلچى ئەۋەتىپ ھونلارنىڭ دۆلەت
گۆھىرى ھېسابلىنىدىغان ، تۇمەنخاندىن قالغان تۇلپارنى يولسىزلىق
بىلەن سورايدۇ . ئوردىدىكىلەر بۇ تەلەپنى قەتئىي رەت قىلىدۇ ، ئەمما
باتۇر تەڭرىقۇت «دوستلۇق ھەممىدىن مۇھىم ، بىر تۇلپارنى دەپ
قوشنا ئەللەرنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتساق بولماس» دەپ ، تۇلپارنى توڭ-
گۇسلارغا بېرىۋېتىدۇ . بۇنىڭ بىلەن توڭگۇسلار تېخىمۇ كۆرەڭلەپ ،
ھون خانىشىنى ئۆزىنىڭ خانىغا خوتۇنلۇققا سوراپ كېلىدۇ . بۇ ئىش
ھونلارنى قاتتىق غەزەپلەندۈرىدۇ . ئەمما باتۇر تەڭرىقۇت بۇ تەلەپكىمۇ
ماقۇل بولۇپ ، ئۆزىنىڭ 1 ـ خانىشىنى توڭگۇسلارغا بېرىۋېتىدۇ .
بۇنىڭ بىلەن توڭگۇسلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ ، ھونلاردىن زېمىن
سوراپ كېلىدۇ . بۇ تەلەپ باتۇر تەڭرىقۇتنى قاتتىق ئازابلايدۇ . ئۇ
ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىنى يىغىپ ، كېڭەش قىلىدۇ . ۋەزىرلەر «دوستلۇق
مۇھىم ، ئازراق زېمىننى ئۇلارغا بەرگەنگە زېمىنىمىز كىچىكلەپ
كېتەمتى» دەپ سۇلھىگە پىلان تۈزىدۇ . باتۇر تەڭرىقۇت تەسلىمچى
ۋەزىرلەرنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ ھەمدە توڭگۇسلار ئۈستىگە قوشۇن
تارتىپ بېرىپ ، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئىستىلاھ قىلىپ ، خانىشىنى ،
تۇلپارنى قايتۇرۇپ كېلىپ ، بۈيۈك ھون ئىمپېرىيىسىگە ئاساس سا-
لىدۇ ھەم ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدۇ .



يازغۇچى بۇ ھېكايىدە باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشى ۋە
توڭگۇسلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تارىخىي ۋەقەلەردىن
پايدىلىنىش ئاساسىدا ، تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن بولغان ، شۇنداقلا
بەدىئىي تەسەۋۋۇرلارغا تويۇنغان بىر ۋەقەلىكنى يېزىپ چىققان . باتۇر
تەڭرىقۇتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ۋەتەنپەرلىك روھىنى گەۋدىلەندۈر-
گەن .

بۇ بىر قاتار تارىخىي ھېكايىلەرنىڭ ئورتاقلىقى شۇ يەردىكى ،
يازغۇچى يىراق قەدىمكى زامان تارىخىدىكى داڭلىق قەھرىمان شەخس-
لەرنى ھېكايىلىرىنىڭ باش قەھرىمانى قىلغان . يەنى ئۇ تاللىغان
پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى تارىختا داڭقى بار قەھرىمانلاردىن ئىبا-
رەت . يەنە بىر تەرەپتىن يازغۇچى بۇ بىر قاتار ھېكايىلىرىنىڭ ھەممى-
سىدە ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت باش تېمىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ، ئۇي-
غۇرلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن . يەنە بىر
تەرەپتىن يازغۇچى گەرچە ناھايىتى يىراق قەدىمكى دەۋرلەر تۇرمۇشى-
نى يازغان بولسىمۇ ، ئەمما تارىخىي ماتېرىياللاردىن كۆرە يۈكسەك
دەرىجىدىكى تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپ ، يىراق قەدىمكى زامان تۇرمۇشى-
نى ، كىشىلىرىنى كۆز ئالدىمىزدا ناھايىتى جانلىق نامايان قىلغان .
يەنە بىر تەرەپتىن يازغۇچى پېرسوناژلارنى روشەن خاراكتېر ئالاھىدى-
لىككە ئىگە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ ، ئۇلارنى ھەم ئورتاق مىللىي
ئالاھىدىلىككە ھەم روشەن شەخسىي خاراكتېرگە ئىگە قىلغان . ئالا-
ھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى ، يازغۇچى بۇ بىر
قاتار تارىخىي ھېكايىلىرىدە شەخسنىڭ شەخسىي ھېسسىيات ئۈستىدىن
غالىب كېلىش ، ۋەتەن ، مىللەت مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش-
تەك بىر خىل يۈكسەك ئىدىيىنى ناھايىتى جانلىق ، تەسىرلىك قىلىپ
ئوتتۇرىغا قويغان . . بۇنى ھېكايىلەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتى-
كى چوڭ بىر ئۇتۇقى سۈپىتىدە كۆرۈشىمىز كېرەك ، ئەلۋەتتە .

# تۆتىنچى باب . ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان دىرامىچىلىقى

## ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان دىرامىچىلىقى ھەققىدە قىسقىچە بايان

—— زۇنۇن قادىرى ، سەيپىدىن ئەزىزى ، ئىمىن ئەخمىدى ، ئابلەت قەييۇم ، سەمەت دۇگايلى

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا دىرامىچىلىقمۇ ناھايىتى مۇ-
ھىم ئورۇن تۇتىدۇ .بۈگۈنكى زاماندىكى دىرامىچىلىقىمىز ھازىرقى
زامان دەۋرىدىكى دىرامىچىلىقىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاساسىدا
شەكىللىنىپ ، تەرەققىي قىلدى ، ھەمدە ناھايىتى چوڭ ئىجادىيەت
مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئېرىشتى .بۈگۈنكى زامان دەۋرى ئۇيغۇر دىرامىچى-
لىقىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولدى .

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا دىرامىچىلىق ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە .
يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىلا «مايترى سىمىت» قا ئوخشاش كۆپ
تەرەپلىمە تەتقىقات قىممىتىگە ، خېلى يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىگە ،
مۇكەممەل سۇژىت - قۇرۇلمىغا ۋە خاراكتېر - ئالاھىدىلىكلىرى
روشەن پېرسوناژلارغا ئىگە دىرامىلار ئىجاد قىلىنىپ ، دىرامىچىلىقى-
مىزدا شانلىق بىر سەھىپە ئېچىلغان .ئەمما كېيىنكى دەۋرلەرگە كەل-
گەندە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دىراما ئىجادىيىتى ئۇيغۇر يازما
ئەدەبىياتىدا بىر خىل ژانىر سۈپىتىدە ئىزچىللىقىنى ساقلاپ بارالمى-



غان ، ئەنئەنە شەكىللەندۈرەلمىگەن . ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىدىكى ئىجادىيەت ئاساسەن شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەنلا
چەكلىنىپ قېلىپ ، دىرامىچىلىق پەقەت خەلق سەنئىتى تەركىبىدە
ئەلنەغمە ، مەشرەپ ، ئېيتىشىش . . . قا ئوخشاش ئويۇن تۈرلىرى
شەكلىدە ئاممىۋى خاراكتېرلىك سەنئەتكە ئايلىنىپ كەتكەن . مىلادىيە
مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغا كەلگەندە ئەدەبىياتىمىزدىكى دىرامى-
چىلىق ئەنئەنىسىدىن كۆرە ، زامانغا لايىق ئەدەبىيات يارىتىش تەقەززا-
سى ، ئەدەبىي شەكىل - ژانىرلارنى كۆپ خىللاشتۇرۇش جەھەتتىكى
تىرىشچانلىق ، شۇنداقلا باشقا مىللەت ، باشقا ئەللەر دىرامىچىلىقىنىڭ
تەسىرى ، يۇرتىمىزنىڭ ھەممىلا جايلىرىدا دېگۈدەك «سانايىنەپىسە»
لەرنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى ، ئاممىۋى سەنئەت ئىشلىرىنىڭ
جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىشى قاتارلىق ئامىللار سەۋەبىدىن ئۇيغۇر
دىرامىچىلىقى دەسلەپكى قەدەمدە مەيدانغا كەلدى ۋە مىسلى كۆرۈلمى-
گەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى . شۇنىڭ بىلەن مىلادىيە 1930 - ،
1940 - يىللار ئۇيغۇر دىرامىچىلىقىنىڭ بىر قېتىملىق ئالتۇن دەۋرى
بولدى . بۇ يىللاردا زۇنۇن قادىرى ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ، ھېمىت
ھېكىمى ، قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىق تۇنجى ئەۋلاد دىراماتورگلىرى-
مىزنىڭ ئىجادىيەتلىرى نەتىجىسىدە «جاھالەتنىڭ جاپاسى» ، «غۇز-
چەم» ، «گۈلنىسا» ، «سامساق ئاكاڭ قايىنايدۇ» ، «كۆرەش قىزى» ،
«چىن مودەن» ، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» ، «قانلىق داغ» ،
«زۇلۇمغا زاۋال» ، «پېرىخون» ، «ئەمەت سەرراپ» قاتارلىق زور
بىر تۈركۈم دىرامىلار مەيدانغا كېلىپ ، ئۇيغۇر سەھنىلىرىنى بىر
مەزگىل جانلاندۇردى ، ھەم خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇ-
دۇردى . بۇ يىللاردا يەنە سەيپىدىن ئەزىزى «شانلىق غەلىبە» قاتار-
لىق دىرامىلىرى بىلەن ، ئەھمەد زىيائى «رابىيە - سەئدىن» ئوپېراسى
بىلەن ، نىمشېھىت «پەرھاد - شېرىن» دىرامىسى بىلەن ئۇيغۇر دىرامى-
چىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك تەسىرلەرنى كۆرسەتتى . شۇ-

نىڭ بىلەن ھەقىقىي مەنىدىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر درامىلىرى مەيدانغا كەلدى . ئۇيغۇر دراماتورگلار تەرىپىدىن يېزىلغان ، ئۇيغۇرلارنىڭ رېئال ھاياتىدىن تېما ئېلىنغان ، شۇ يىللاردىكى ئىجتىمائىي ھايات ئەكس ئەتتۇرۇلگەن زور بىر تۈركۈم درامىلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەدەبىياتىمىزدىكى مۇھىم بىر ۋەقە بولدى ، ۋە كېيىنكى يىللاردىكى درامىچىلىقىمىزغا پۇختا ئاساس سالدى .

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان درامىچىلىقى ھازىرقى زامان درامىچىلىقىنىڭ ئەنە شۇنداق نەتىجە ـ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاساسىدا شەكىللىنىپ تەرەققىي قىلدى .شۇڭا ، بۈگۈنكى زامان درامىچىلىقىمىزنىڭ ھازىرقى زامان درامىچىلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق .

مىلادىيە 1950 ـ يىللارنىڭ كىرىشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ھاياتىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى . بۇ ھال خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا ، روھىي دۇنياسىغا ، شۇ قاتاردا ئەدەبىياتىغا زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى . ئەلۋەتتە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى ، روھىي دۇنيانىڭ ئىپادىلىنىشى بولغان ئەدەبىياتتا ، جۈملىدىن درامىچىلىقتىمۇ بىر قاتار يېڭىلىقلار بولدى . 1950 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن 1960 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا درامىچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىياتى نىسبەتەن گەۋدىلىك بولدى . شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش كېرەككى ، بۈگۈنكى زامان درامىچىلىقى شەكىللىنىشكە باشلىغان دەسلەپكى مەزگىللەردە سەھنىلەردە يەنىلا ھازىرقى زامان باسقۇچىدا يېزىلغان «قانلىق داغ» ، «زۇلۇمغا زاۋال» ، «غۇنچەم» ، «گۈلنىسا» ، «شانلىق غەلىبە» درامىلىرى داۋاملىق ئوينالدى . بىر مەزگىلدىن كېيىن بۈگۈنكى زامان درامىچىلىقىنىڭ تۇنجى مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىدە بىر قىسىم درامىلار مەيدانغا كەلدى . بۇلار ئىچىدە مۇھەممەت تاتلىق يازغان «يېتىملار كۆز يېشى» ، نەجمىدىن سىدىق يازغان «قۇللۇقتىن ئازاد» ، ئەمەت ئۆمەر يازغان «تاڭ بىلەن باراۋەرلىك» ، زۇنۇن قادىرى يازغان «توي» ، سەيپىدىن ئەزىزى يازغان



«كۆرەش يولى» ، «خېمىرتۇرۇچ سېلىش كېرەك» ، بۇرھان شەھىدى يازغان «يالقۇنتاغ غەزىپى» ، شۇكۇر يالقىن يازغان «يالغۇز قىز» ، «دەل توي كۈنى» قاتارلىقلار ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە .بۇ درامىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا ، خەلق ئاممىسىنىڭ مۇدھىش كونا جەمئىيەتتە تارتقان چىدىغۇسىز ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى ، يېڭى جەمئىيەتتە ئازادلىققا ، باراۋەرلىككە ، ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشىپ ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن جان پىدالىق كۆرسىتىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن ، ئۇلاردا يېڭى جەمئىيەت بىلەن كونا جەمئىيەت ئۆزئارا سېلىشتۇرما قىلىنىپ ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئۆزگىرىشلەر تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن كۆرسىتىپ بېرىلگەن ھەم قىزغىن مەدھىيىلەنگەن ••• بۇ درامىلارنىڭ رېئال تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق ، دەۋر روھى كۈچلۈك ، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى يۇقىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بار بولۇپ ، بۇ ئالاھىدىلىكلەر درامىلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئورنى ۋە تەسىرىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگەن ئىدى .

بۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر درامىچىلىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە زۇنۇن قادىرىنىڭ «توي» ناملىق درامىسى ۋەكىللىك قىلىدۇ .

**زۇنۇن قادىرىنىڭ** بۇ درامىسى 1954 ـ يىلى يېزىلغان . بۇ درامىنىڭ ئەسلىي نامى «توي ئۈستىگە توي» بولۇپ ، كېيىن مۇشۇ نامغا ئۆزگەرتىلگەن . زۇنۇن قادىرى بۇ درامىسىنى يېزىشئۈچۈن ئاقسۇ ، قەشقەر ، يەكەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ تۇرمۇش ئۆگەنگەن ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسىنى ، بۇ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ كەلگەن ئالەمچە ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن بىۋاستە كۆرۈپ ، ناھايىتى چوڭ ئىلھامغا ئىگە بولغان . مۇشۇ ئاساستا «توي» درامىسىنى يازغان .بۇ دراما سەھنىلەشتۈرۈلۈپ ئوينالغاندىن كېيىن ، ناھايىتى چوڭ تەسىر قوزغىغان . 1956 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن

ئازسانلىق مىللەتلەر دراما كۆرىكىدە 1 ـ دەرىجىلىك ئىجادىيەت
مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن . بۇ درامىدا 1950 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا پۈتۈن
مەملىكەت مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلغان يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيە
لەشتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ ئۇيغۇر يېزىلىرىغا ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا
ئېلىپ كەلگەن يېڭىلىقلىرى ، دېھقانلارنىڭ بۇ ھەرىكەتكە تۇتقان ئوخ
شاشمىغان پوزىتسىيىلىرى تەسۋىرلەنگەن . يازغۇچى درامىدا ئاساس
لىق قىلىپ ئوتتۇرا دېھقان ھاشىمنىڭ كوپېراتسىيىگە تۇتقان پوزىت
سىيىسىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى يېزىش ئارقىلىق ، شۇ دەۋر رېئال
لىقىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىنى ، دېھقانلارنىڭ كوپېراتسىيىنى
قوبۇل قىلىش جەريانىدىكى ئىدىيىۋى سەرگۈزەشتىلىرىنى ، دېھقانلار
تۇرمۇشىدا ، يېزا ھاياتىدا يۈز بېرىۋاتقان غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى
دېھقانلارنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ، كوپېراتسىيىنى قوبۇل قى
لىپ ، يېڭىچە ھاياتقا قەدەم قويغان چاغدىكى بەختىيارلىق ھېسسىياتى
نى ئىپادىلەپ بەرگەن . شۇ دەۋردە يېزىلغان باشقا بىرمۇنچە ئەسەر
لەرگە ئوخشاشلا بۇ ئەسەردىمۇ «ئۆزگىرىش» باش تېما قىلىنغان .
ئەمما ئۆزگىرىش بۇ ئەسەردە سەنئەت يۈكسەكلىكىدە ، باش قەھرىمان
ئىدىيىسىنىڭ ، خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىشى ئاساسىدا ، سەنئەت قانۇن
يىتى ئاساسىدا كۆرسىتىپ بېرىلگەن . بۇ درامىدىكى زىددىيەت جەم
ئىيەتتىكى ئوخشاشمىغان سىنىپلارنىڭ زىددىيىتى ئاساسىدا قانات
يايدۇرۇلغان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە درامىنىڭ ئاساسلىق باش تېمىسى
«ئۆزگىرىش» بولغانلىقى ئۈچۈن ئەسەردە ھاشىمنىڭ ئۆزگىرىش
ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان . دراما زىددىيەتلەر ئۇزۇل ـ كېسىل
ھەل قىلىنغان ، ھەممە خۇشاللىقتا چۆمگەن ھالەتتە ئاخىرلاشقان بو
لۇپ ، درامىنى مۇنداق ئاخىرلاشتۇرۇش درامىنىڭ كەيپىياتىنى زو
دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگەن . قىسقىسى ، زۇنۇن قادىرىنىڭ «توي
درامىسى ئەكس ئەتتۇرگەن تۇرمۇشنىڭ تىپىكلىكى جەھەتتىن بول
سۇن ، ياكى دەۋر رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۇرۇشتىكى چىنلىقى جەھەت



تىن بولسۇن ، ۋە ياكى پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىش جەھەتتىن بول-
سۇن ، ياكى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى جەھەتتىن بولسۇن ، مىلادىيە
1950 ـ ، 1960 ـ يىللاردىكى درامىچىلىقىمىزنىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇۋەپ-
پەقىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ .

**بۇ يىللاردا** ئۇيغۇر دراماتورگلىرى يازغان درامىلاردىن باشقا يەنە «شاھى سوزانە» ، «گۈلدۇرى بار ، يامغۇرى يوق» ، «سىرلىق سومكا» ، «ئىككى بايغا بىر مالاي» ، «61 سىنىپىي قېرىنداش ئۇ-چۇن» ، «قوش توي» ، «قىزىل ئاياللار قوشۇنى» قاتارلىق جۇڭگو ـ چەت ئەل درامىلىرىمۇ تەرجىمە قىلىنىپ ، ئۆزلەشتۈرۈلۈپ ئوينالدى .مە-لۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا بۇ يىللاردىكى درامىچىلىق ھازىرقى زامان باسقۇچىدىكى درامىچىلىقنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى جارى قىلدۇر-دى ۋە ئۇنىڭغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلدى .

مىلادىيە 1960 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ۋاقىت ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ باشقا ساھەلىرى قاتارى درامىچىلىق ساھەسى ئۈچۈنمۇ ئاپەتلىك يىللار بول-دى . بۇ يىللاردا مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ۋە باشقا چېكىدىن ئاشقان سىياسىي ، ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر سەۋەبلىك ئىلگىرى مەيدانغا كەل-گەن بارلىق درامىلار ئۇزۇل ـ كېسىل ئىنكار قىلىندى ، يېڭى درامىلارنىڭ ئىجاد قىلىنىشىغا مۇمكىنچىلىك بولمىدى . مىلادىيە 1970 ـ يىللارغا كەلگەندە ئەدەبىي قىممىتىدىن كۆرە ، سىياسىي تۈسى قويۇق بولغان «ئۈلگىلىك تىياتىر» لارنى ئويناش تەرغىب قىلىندى . مۇشۇ ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمە-كى «قىزىل چىراغ» ئوپېراسىنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەپ ، ئۇنىڭ مۇزىكا ـ ئاھاڭلىرىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ سەھنىلەردە ئوينىدى . شۇنداق قىلىپ مۇشۇ ئون نەچچە يىلدا سەھنىگە ئېلىپ چىقىلغان بىردىنبىر ئەسەر «قىزىل چىراغ» بولۇپ قالدى . ئەمما ، بۇ تىياتىر مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى يىللىرىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا ، ئۇنىڭ

ئۇيغۇر دراماچىلىقى ئۇچۇن ھېچقانداق قىممىتى ، تارىخىي ئورنى
بولمىدى . قىسقىسى ، مۇشۇ يىللاردا ئۇيغۇر دراماچىلىقى قىسقىغىنە
بىر ئۇزۇكچىلىك دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى .

مىلادىيە 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن 1990 ـ يىللارنىڭ
باشلىرىغىچە بولغان ۋاقىت ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ يەنە بىر ئالتۇن
دەۋرى بولدى . بۇ دەۋردە ئۇيغۇر دراماچىلىقى مىسلى كۆرۈلمىگەن
دەرىجىدە گۈللەندى ، چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى .

بۇ يىللاردا دراماتورگلار قوشۇنى تېخىمۇ زورايدى ، شۇنداقلا
سەرخىللاشتى .ئۇيغۇر ھازىرقى زامان دراماچىلىقىنىڭ ئاساسچىلىرى
ۋە مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بولغان زۇنۇن قادىرى ، سەيپىدىن ئەزىزى ،
ئېلى ئېزىز ، ئەمەت ئۆمەر قاتارلىق بىر ئەۋلاد پېشقەدەم دراماتورگلار
قايتىدىن جانلىنىپ ، ئىجادىيەت ساھەسىگە قايتىدىن كىرىپ كەلدى .
ئۇلار ياكى بۇرۇن يازغان ئەسەرلىرىنى قايتىدىن يېزىپ ئۇلارنى
تولۇقلاپ ، مۇكەممەللەشتۇردى ، ياكى بولمىسا يېڭىدىن ـ يېڭى درا-
مىلارنى ئىجاد قىلدى . مۇھەممەتئېلى زۇنۇن ، تۇرسۇن يونۇس ،
تۇرسۇنجان لېتىپ قاتارلىق يېڭى بىر ئەۋلاد دراماتورگلار ئىزچىل
تۈردە دراما ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، بۇ جەھەتتە قولغا كەل-
تۈرگەن گەۋدىلىك نەتىجىلىرى بىلەن ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ يېڭى
دەۋردىكى تەرەققىياتىغا ۋە مۇۋەپپەقىيىتىگە گەۋدىلىك تۆھپىلەرنى
قوشۇپ ، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ زۇنۇن قادىرىدىن
كېيىنكى يىرىك ۋەكىللىرىگە ئايلاندى . بۇلاردىن باشقا يەنە باشقا
ژانىرلاردا ئىجاد قىلىدىغان بىر تۈركۈم ئەدىبلەرمۇ دراما ئىجادىيىتى
بىلەن شۇغۇللاندى . بۇلار ئىچىدە زوردۇن سابىر ، توختى ئايۇپ ،
سەمەت دۇگايلى ، ئەختەم ئۆمەر ، تۇردى سامساق ، ھاجى ئەخمەت
كۆلتىگىن قاتارلىقلارنىڭ نەتىجىلىرى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى .بۇ
يىللاردا يەنە بىر تۈركۈم ياش دراماتورگلار ، دراما ھەۋەسكارلىرى
يېتىشىپ چىقتى . بۇلاردىن جاپپار قاسىم ، ئابلەت قەييۇم ، پەرھات



ئابدۇرېھىم ، نۇرنىسا ئوسمان قاتارلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆز-
گە كۆرۈنەرلىك بولدى . مانا مۇشۇنداق بىر دراماتورگلار قوشۇنىنىڭ
بولۇشى ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ يېڭى دەۋردە ناھايىتى گۈللىنىپ ،
كاتتا مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشىگە ئاساس بولغان مۇھىم ئامىل
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

بۇ يىللاردا ئاز بولمىغان مۇنەۋۋەر دراما ئەسەرلىرى مەيدانغا
كەلدى . يۇقىرىدا تىلغا ئالغان دراماتورگلىرىمىز بۇ يىللاردا ھەر خىل
تېمىدىكى ، ھەر خىل ئۇسلۇبتىكى كۆپلىگەن درامىلارنى يېزىپ ،
ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن بىر دەۋرىنى ياراتتى . بۇ
يىللاردا قايتىدىن يېزىلغان ياكى ئۆزگەرتىپ يېزىلغان «غېرىپ ـ
سەنەم» ، «پەرھاد ـ شېرىن» ، «تاھىر ـ زۆھرە» قاتارلىق درامىلار-
نىڭ سەۋىيىسى ئىلگىرى يېزىلغان درامىلارنىڭ سەۋىيىسىدىن زور
دەرىجىدە ھالقىپ كەتتى ، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ درامىلارنىڭ قايتىدىن
يېزىلىشى بىلەن ھازىرقى زامان دراماچىلىقىمىز بىلەن بۈگۈنكى
زامان دراماچىلىقىمىز بىر ـ بىرىگە بىۋاستە باغلاندى . زۇنۇن
قادىرى «گۈلنىسا» دراممىسىنى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ يېزىپ ، بۇ
درامىنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى ،
سەيپىدىن ئەزىزى «ئامانىنىسا» ناملىق دراممىسىنى يېزىپ ، تارىخىي
تېمىدىكى دراماچىلىقىمىزنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى . مۇھەم-
مەتئېلى زۇنۇنىنىڭ «مەسلىھەت چېيى» ، «رابىيە ـ سەئدىن» ، «مۇ-
قام ئۇستازى» ، «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى» درامىلىرى ، تۇرسۇن
يونۇسنىڭ «قانلىق يىللار» ، «مۇقام ئەجدادلىرى» ، «دۇنياۋى تىل-
سىمات» درامىلىرى ، تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ «بىزگە ئىشىنەمسىز» ، «قېرى
يىگىتنىڭ تويى» ، «تانسىكەش تۆمۈر خوتۇنلار» درامىلىرى ، جاپپار
قاسىم يازغان «گۈلەمخان» دراممىسى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىد-
كى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە درامىلارغا ئايلاندى .بۇنىڭدىن باشقا
يەنە ئىمىن ئەخمىدى بىلەن ئابلەت قەييۇم بىرلىشىپ يازغان «مۆلجەر

تاغ بورانلىرى» ، ئابلەت قەييۇم يازغان «ۋەتەن قۇربانلىرى»تۇرسۇنجان لېتىپ بىلەن شاھىدىن گۆھىرى بىرلىشىپ يازغان «چىن مۇدەن» ، سەمەت دۇگايلى يازغان «شائىر ئۆلمەيدۇ» ، «رابىيە ـ سەئىدىن» ، جاپپار قاسىم يازغان «ۋىجدان سوتى ئالدىدا» ، توختى ئايۇپ يازغان «قىساس» ، زوردۇن سابىر يازغان «تۇمان» ، ئەختەم ئۆمەر يازغان «سىرتماق» ، «شەپقەتچى» ، پەرھات ئابدۇرېھىم يازغان «ئۆركەشلە ، سۆيگۈ دەرياسى» ، ھاجى ئەخمەت كۆلتىگىن يازغان «نۇزۇگۇم» دراملىرىمۇ جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى ھەم خەلقىمىزنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى .بۇ درامىلاردىن «غېرىپ ـ سەنەم» ، «قانلىق يىللار» ، «مۆلجەر تاغ بورانلىرى» ، «چىن مۇدەن» ، «قېرى يىگىتنىڭ تويى» قاتارلىق درامىلار مەملىكەتلىك دراما ـ تىياتىر كۆرەكلىرى ، مۇسابىقىلىرىدە ھەر خىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى .جۈملىدىن «گۈلەمخان» ئوپېراسى مەملىكەت بويىچە «بەش بىر قۇرۇلۇشى» دراما مۇكاپاتىغا ئېرىشتى .قىسقىسى ، مۇشۇ يىللار ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن ، ئەڭ ھوسۇللۇق ، ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك «ئالتۇن دەۋرى» بولدى .

بۇ يىللاردىكى درامىلارنىڭ تېمىسى كۆپ خىل ، ئەكس ئەتتۈرگەن مەزمۇنى كەڭ ، ئىلگىرى سۈرگەن مەركىزىي ئىدىيىسى چوڭقۇر ، زىددىيەت ـ توقۇنۇشلىرى كەسكىن ، سۇژېت ـ قۇرۇلمىسى ماھىرلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ، پېرسوناژلار ئوبرازى روشەن خاسلىققا ئىگە قىلىنغان ، تىلى تاۋلانغان ، ھەر خىل بەدىئىي ئۇسۇللار ئۇنۇملۇك قوللىنىلغان بولۇپ ، ئۇلاردا ئۆلچەملىك درامىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئامىللار خېلى يۇقىرى دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى . ھەتتا بەزىلىرى ئىزدىنىش ، يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېرىنى ئېلىپ ، مەزمۇندىن تارتىپ شەكىلگىچە روشەن يېڭىلىقلارنى ياراتتى .بىر قىسىم درامىلاردا سىمۋوللاشتۇرۇش ، بىمەنىلەشتۇرۇش ، ماكان ـ زاماننى تەرتىپسىزلەشتۇرۇش ، رېئال بىلەن خىيالنى بىر گەۋدىگە



ئايلاندۇرۇۋېتىش ، چىراغ نۇرىدىن پايدىلىنىپ كۆپ قاتلاملىق ، ئۆزگىرىشچان كۆرۈنۈش پەيدا قىلىشقا ئوخشاش ماھارەتلەر قوللىنىلىپ ، دراماچىلىقىمىزغا يېڭى بىر ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى . بۇ يىللاردا دراماچىلىقىمىزنىڭ تېما دائىرىسى زور دەرىجىدە كېڭەيدى . درامىلار ئىلگىرى ئاساسەن ئىشقى ـ مۇھەببەت تېمىسى بىلەن سىياسىي ، ئىجتىمائىي تېمىلاردا كۆپ يېزىلغان بولسا ، بۇ يىللاردا يۇقىرىقى تېمىلاردىن باشقا يەنە تارىخىي تېمىلاردا ، رېئال تۇرمۇش تېمىسىدا ، ئىسلاھات تېمىسىدا ، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىمىزدىكى ھەر خىل ئىللەتلەر مەسخىرە ۋە تەنقىد قىلىنىدىغان ، خەلقنى ئادىمىيلىككە ، ياخشىلىققا ، چىنلىققا دەۋەت قىلىدىغان ئاكتىپ خاھىشلىق كۆپلىگەن ياخشى ئەسەرلەر يېزىلدى . بۇ يىللاردىكى دراماچىلىقتا كۆرۈنۈشتىن ئۆتۈپ ماھىيەت يېزىلىدىغان ، دراما تىلىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدىغان ، بەدىئىي ئوبرازلار ، ھەر خىل سەھنە ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق پىكىر يۇرگۈزۈلىدىغان ، درامىنىڭ سەنئەتلىك ئالاھىدىلىكى ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ياخشى ئەھۋال شەكىللەندى .شۇڭا ، بۇ يىللاردا مەيدانغا كەلگەن درامىلارنىڭ كۆپىنچىسى خېلى يۇقىرى سەۋىيىلىك ، ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان درامىلاردىن بولۇپ قالدى .

مىلادىيە 1990 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئۇيغۇر دراماچىلىقى كرىزىس دەۋرىگە دۇچ كەلدى .دراماچىلىقنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان ھەر خىل پايدىسىز ئامىللاردىن باشقا يەنە كۈنسېرى گۈللەنگەن كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىشلىرى ، تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىكى ، مەنىۋى تۇرمۇشنى بېيىتىش يوللىرىنىڭ كۆپلۈكى ، بازار ئىگىلىكى ئېلىپ كەلگەن ھەر خىل مەسىلىلەر دراماچىلىققا نىسبەتەن پايدىسىز ۋەزىيەت شەكىللەندۇرۇپ قويدى .درامىنىڭ تاماشىبىنلىرىنىڭ كۈنسايىن ئازلاپ كېتىشى بىلەن ئىلگىرىكى كۆپلىگەن دراما ـ ئوپېرا ئۆمەكلىرى ۋەيران بولدى ، بەزى ساقلىنىپ قالغان ئۆمەكلەر درامى-

ـدىن كۆرە ناخشا ـ ئۇسۇل ، ئېتوت ـ ئېپىزوتلارغا قىزىقىپ ، دىرامىـ
ـلارنى ئاساسەن ئوينىمىدى .دىرامىلار سەھنىلەردە ئوينالمىغاندىن كېـ
ـيىن ئۇنىڭ بازىرى ، خېرىدارى بولمىدى ، شۇنىڭ بىلەن دىراما ئىجاـ
دىيىتى پەسكويىغا چۈشۈپ قالدى .بۈگۈنكى كۈندە دىرامىچىلىق بىر
تارىخقا ئايلىنىپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى بارا ـ بارا ئېپىزوت ـ ئېتوتلار
ئىگىلەشكە باشلىدى .

# بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر دىرامىچىلىقىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر دىرامىچىلىقى مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەنـ
ـدۈردى .

## دىرامىچىلىقىمىزنىڭ تېما جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر دىرامىچىلىقىنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن كۆزـ
گە چېلىقىدىغان ئالاھىدىلىكى — ئۇنىڭ تېما جەھەتتىن نىسبەتەن
كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە بولغانلىقىدىن ئىبارەت . ئۇيغۇر دىراـ
مىچىلىقى مەيدانغا كەلگەندىن تارتىپلا تېما تاللاش ، ئۇنى ئەكس ئەتتۈـ
رۈش مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى . بۇنداق ئالاھىـ
ـدىلىك يېڭى دەۋردىكى گۈللىنىش مەزگىلىدە بولسا تېخىمۇ جارى
قىلدۇرۇلدى . تېمىنىڭ كۆپ خىللىقى تەبىئىي رەۋىشتە دىرامىچىلىقىـ
ـمىزنى تېخىمۇ رەڭدارلاشتۇردى ، تۇرمۇشقا ، رېئاللىققا ، ئادەمگە ،
ھاياتقا يېقىنلاشتۇردى . مىلادىيە 1950 ـ ، 1960 ـ يىللاردا مەيدانغا
كەلگەن «توي» قاتارلىق دىرامىلاردا سوتسىيالىستىك يېڭى يېزىلاردا
مەيدانغا كەلگەن ئالەمچە ئۆزگىرىشلەر ، دېھقانلارنىڭ يېڭى زاماندىن
خۇشاللىقى ، ھەرقايسى سەپلەردە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ، سىـ



ـنىپىي كۈرەش قاتارلىقلار ئاساسلىق قىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن .
يېڭى دەۋردە مەيدانغا كەلگەن «بىزگە ئىشىنەمسىز» قاتارلىق دىرامىـ
ـلاردا ئىسلاھات دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن يېڭى ئادەم ، يېڭى ئىشلار
يېزىلىپ ، ئىسلاھاتنىڭ ئۇيغۇر يېزىلىرىغا ئېلىپ كەلگەن يېڭىلىقلىـ
ـرى ، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا كۆرسەتكەن تەسىرى قاتارلىقلار
جانلىق ، ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن بولسا ، «ئەزىزە» قاتارلىق دىرامىـ
ـلاردا پېرسوناژلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى
سۈرەتلەش ئارقىلىق يېڭى دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان ۋەتەنپەرـ
ۋەرلىك تېما قىلىنغان . «قېرى يىگىتنىڭ تويى» ، «ۋىجدان سوتى
ئالدىدا» ، «سىرتماق» قاتارلىق دىرامىلىرىمىز كىشىلەرنىڭ مەنىۋى
دۇنياسىنى ئاساسلىق ئوبيېكت قىلىپ ، تۇرمۇشتىكى ئاددىي ، ئەمما
ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان تەپسىلاتلار ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئىجتىـ
ـمائىي تۇرمۇشتىكى ھەر خىل مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر ، ئەمەلىي
مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن مىللەتنىڭ
روھىي دۇنياسىدىكى ھەر خىل ئىللەتلەرنى دادىللىق بىلەن پاش
قىلىپ ۋە تەنقىد قىلىپ ، ئادىمىيلىك جەھەتتىكى مۇكەممەللىكنى ،
تەرەققىيات ، گۈللىنىشنى تەشەببۇس قىلدى . «تۇمان» قاتارلىق بىر
تۈركۈم دىرامىلىرىمىزدا بولسا ، ياشلىرىمىزنى زەھەرلەپ ئۇلارنىڭ
ئىستىقبالىنى نابۇت قىلىۋاتقان ، نۇرغۇن ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلىپ ،
كىشىلەرگە ، شۇنداقلا پۈتۈن جەمئىيەتكە پاراكەندىچىلىك ئېلىپ كېـ
ـلىۋاتقان زەھەرلىك چېكىملىك مەسىلىسى ئاساسلىق تېما قىلىنغان .
«شەپقەتچى» ، «زەرەپشان ئوغلى» قاتارلىق دىرامىلاردا بولسا ، ئىسلاـ
ھات دەۋرىدە يېتىشىپ چىققان ، خەلق ئۈچۈن ئىشلەپ ، ئىشلىرىدا
مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان نۇرتاي
ھاجى قاتارلىق رېئال شەخسلەرنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان . «دۇنياۋى
تىلسىمات» قاتارلىق دىرامىلاردا بولسا رېئاللىق بىلەن ئەپسانىۋى
كۆرۈنۈشلەر بىر ـ بىرىگە گىرەلەشتۈرۈلۈپ ، ماكان ـ زامان پەرقى

يوق قىلىنىپ ، قەدىمكى زاماندىكى ئالىم ـ ئەدىبلىرىمىز ، كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلىرىمىز بىلەن ھازىرقى زامان ئادەملىرىنى ئۇچراشتۇرۇشتەك ئالاھىدە بەدىئىي دىت ئارقىلىق ، قەدىمكى زاماندىكى شانلىق تارىخىمىز ، مەدەنىيىتىمىز ئەسلىنىپ ، ئەۋلادلارنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ، ئىجادكار بولۇپ ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق روناق تېپىشقا چاقىرغان . قىسقىسى ، ئۇيغۇر دىرامىچىلىقى شەكىللىنىش ، تەرەققىي قىلىش ، گۈللىنىش جەريانىدا ئىزچىل تۇردە تېمىغا باي بولۇپ كەلدى .

بۈگۈنكى زاماندىكى دىرامىچىلىقىمىزدا تارىخىي تېما ئاساسلىق تېمىلاردىن بىرى بولۇپ قالدى . سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئامانىنىسا» دىرامىسى ، تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ «قانلىق يىللار» دىرامىسى ، مۇھەممەتئېلى زۇنۇننىڭ «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى» ، «مۇقام ئۇستازى» ، «ھېيتگاھ تۇمانلىرى» دىرامىسى مانا مۇشۇ تېمىدىكى مۇنەۋۋەر دىرامىلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

تېما بولمىسا بىر پارچە ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ . ياخشى ۋە تەسىرلىك تېما بولمىسىمۇ ئوخشاشلا يۇكسەك بەدىئىي قىممەتكە ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ . قايسى تېمىنى قانداق ئۇسۇلدا يورۇتۇپ بېرىش پۈتۈنلەي ئىجادىيەتچىنىڭ ماھارىتىگە باغلىق ، بولۇپمۇ سەھنە ئەسەرلىرىدە تېمىنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولۇپ ، ئۇ بىر پۈتۈن ئەسەرنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ھالقىدۇر .ئەگەر تاللىغان تېما ئادەتتىكىدەك بولۇپ ، ئەسەر ئۇششاق ، چۇۋالچاق تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىنى تەكرارلاش بىلەن چەكلەنسە ، بۇنداق ئەسەرنىڭ ھېچقانداق جەلپ قىلىش كۈچى بولمايدۇ . شۇڭا ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان تېمىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىنى ۋە بەدىئىي قىممىتىنى ئويلىشىش كېرەك . ئۇيغۇر دىرامىچىلىقىمىزنىڭ تېما جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ، بۈگۈنكى زامان دىراما ئىجادىيىتىمىزدە تارىخىي ۋەقەلەر ، تارىخىي شەخسلەرنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ، ئۇلارنىڭ ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ياكى ئۇلارغا بېرىلگەن باھالار مەركەزلىك ئىپادىلىنىشتىن تاشقىرى دەۋرىمىزنىڭ مۇھىم دەۋر خۇسۇسىيەتلىرى ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرى ئىپادىلەنگەنلىكتۇر .تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ـ خۇسۇسىيەتلىرى ، پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ، قىسقىسى ، ھەر بىر ئىنچىكە تەپسىلاتلارغىچە ھەممە دېتاللار تېمىنى ئىپادىلەش ، گەۋدىلەندۇرۇش رولىنى ئويناپ كەلدى . يىغىپ ئېيتقاندا ، دىرامىچىلىقىمىز بىر خىل تېمىنى قايتا ـ قايتا تەكرارلاۋېرىشتىن ، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ قېلىپلىشىپ قېلىشىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ ، تېمىنىڭ رەڭدارلىقى ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ رەڭدارلىقىغا يۈزلەندى ۋە بۇ جەھەتتە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى . دىرامىچىلىقىمىز تېمىغا باي بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا ژانىرلاردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇردى .



## دىرامىچىلىقىمىزنىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى

تىل — سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئامىلى . ياخشى ، تاۋلانغان پېرسوناژ تىلى ئارقىلىق دىرامىدىكى ۋەقەلەرنى تەسۋىرلىك ئىپادىلەپ بەرگىلى ، مۇكەممەل ئوبرازلار قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلغىلى ، شۇ ئارقىلىق بەلگىلىك بەدىئىي مەقسەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ . دىرامىنىڭ تىلى ئۇزۇن ، چۇۋالچاق ھەمدە ھېسسىياتسىز بولۇپ قالسا ، ۋەقەلىك ھەرقانچە جانلىق ، تەسىرلىك ، مۇھىم بولغان بىلەنمۇ ھېچقانداق بەدىئىي تەسىرلەندۇرۇش ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ . ئۇيغۇر دىرامىچىلىقى زۇنۇن قادىرىنىڭ «غۇنچەم» دىرامىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلغان ئىدى . ئۇيغۇر دىرامىچىلىقىنىڭ باشلىنىشىدىكى بۇنداق يۈكسەك تىل ئالاھىدىلىكى كېيىنكى مەزگىللەردىكى دىرامىچىلىقىمىزنىڭ تىلىغا ئىزچىل تۇردە يۇقىرى تەلەپلەرنى قويۇپ كەلدى . شۇڭا ، بۈگۈنكى

زاماندىكى دىرامىچىلىقىمىزنىڭ تىلى ئومۇمەن تاللانغان ، تاۋلانغان ،
ئىپادىلەش كۈچىگە باي ، سەنئەت پۇرىقىغا ئىگە بولۇپ كەلدى .بۇ هال
دىرامىچىلىقىمىزدا دراما تىلىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى مۇمكىنچى-
لىككە ئېرىشتۈردى . زۇنۇن قادىرى ئاساس سالغان ، ئىخچام ، جاي-
لىق ، ئۆتكۈر ، ئىپادىلىك دراما تىلى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر دىرامى-
چىلىقىدا بىر خىل ئىزچىللىق شەكىللەندۈرۈپ كەلدى . بىز بۇ خىل
تەسىرنى سەمەت دۇگايلىنىڭ «شائىر ئۆلمەيدۇ» ناملىق دىرامىسىدىكى
ئوت يۈرەك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن شىنجاڭ خەلقىنى دەھ-
شەتلىك قىرغان قانخور جاللات شېڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدىكى مۇنۇ
دىئالوگدىن ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز :

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر : سەن قاچقۇن باندىت شىنجاڭغا ئىستوۋۇل-
لىرىڭنى تەڭلەپ كىرگەن تۇرۇقلۇق ئۇيالماي يەنە بۇ گەپلەرنى سۆز-
لەۋاتامسەن ؟ساڭا بەتلەگلىك تۇرغان يۈز مىڭلىغان قىساس ئىستوۋۇلل-
رىنى ئەڭ ئالدىن سېزىدىغانسەن ؟

شېڭ شىسەي : (تەرى تۇرۇلۇپ )قىزىققانلىق قىلىۋاتىسىز ئۇي-
غۇر ئەپەندى ، سىزنىڭ ئورنىڭىزدىكى ھەر قانداق كىشى ھەر جۈملە
سۆزىنىڭ قانداق ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىشى بىلەن ھېسابلىشىدۇ . سىز
ھازىر قېلىن تاملار ئىچىدە . سىز پۇقرالاردىن ، مۇنداقچە ئېيتقاندا
سىز ئۇچۇن ‹ھۆررا › توۋلايدىغانلاردىن تولىمۇ يىراقتاسىز . . .

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر : بۇ سېنىڭ خىيالىڭ . مەن ئەبەدىلئەبەد ئاشۇ
‹ھۆررا › توۋلايدىغانلار ئارىسىدىمەن .

شېڭ شىسەي : ئەبەدىلئەبەد دېگىنىڭىزنىڭ كونكرېت ۋاقتى باردۇ ؟

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر : (كۈلۈپ تۇرۇپ ) بار . ھېسابسىز ھېچ
نەرسە بولمايدۇ . سەن مىلتىقىڭنى ئەسلىتىۋاتامسەن ؟ ئەخمەقسەن .
مەن سەندىن ئۇزۇن ياشايمەن . قايسى كۈنى يۇرتىمىزدا ھۆرلۈك ،
ئادالەت ئورنىغانغا قەدەر ياشايمەن ، ھۆرلۈك ئورنىغاندىن كېيىن
مۇشۇ تۇرمە ئېھتىمال ئىستىراھەت باغچىسى بولار . مېنىڭ قېنىم



تۆكۈلگەن تۇپراقتىن گۈللەر ئۈسۈپ چىقىدۇ ، شۇ گۈللەرنىڭ بەرگى-
دە ، پۇراقلىرىدا ياشايمەن .

ئاشۇ تارىخىي شەخسلەرنىڭ خاراكتېرىگە ۋە ئىچكى دۇنياسىغا
ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ سۆزلەر نېمىدېگەن ئىخچام ، نېمىدېگەن تاۋ-
لانغان ـ ھە ؟ ! بىز پېرسوناژلارنىڭ ئەنە شۇ ئۆتكۈر تىللىرى ئارقى-
لىق مىلادىيە 1930 ـ يىللاردىكى ئاق تېررورلۇق قاپلىغان شىنجاڭ-
نىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھالىتىنى ئېنىق ھېس قىلالايمىز .
بۇنىڭدىن باشقا مۇھەممەتئېلى زۇنۇننىڭ «ھېيتگاھ تۇمانلىرى» ،
تۇرسۇن يونۇسنىڭ «سۇرگۈن قۇللار» ، ئىمىن ئەخمىدى بىلەن ئاب-
لەت قەييۇمنىڭ «مۆلجەر تاغ بورانلىرى» قاتارلىق دىرامىلارنىڭمۇ
تىلى ھەم ئىخچام ھەم تاۋلانغان ھەم ئىپادىلىك ھەم يەنە قويۇق يەرلىك
ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ ، ئادەمنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالىدۇ . درا-
مىلاردا قېلىپلاشقان ، كىتابىيلاشقان ، ياكى بولمىسا زورمۇ زور قۇ-
راشتۇرۇلغان سۆزلەرنى تېپىش ناھايىتى تەس . ھەربىر د رامىدا ھەر-
بىر پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىگە ، يېشىغا ، ساپاسىغا ماس كېلىدىغان ،
ھەر بىر ۋەقە ، ھەتتا ئەڭ كىچىك تەپسىلاتلارنى يورۇتۇشقىمۇ ئۇنۇمى
بولىدىغان سۆزلەر ئىشلىتىلدى ، سۆزلەردە چوڭقۇر پىكىرلەر ، سەمى-
مىي ھېس ـ ھاياجانلار ئىپادىلەندى . دېمەك بىزنىڭ دىرامىلىرىمىز
ئالدى بىلەن كىتابىي تىلدىن ، ئۇزۇن جۈملىلەردىن ، قېلىپلىشىپ
قالغان تىل ئادەتلىرىدىن ساقلىنىپ ، ئوبرازلىق ، ئىپادىلىك ، ئامما-
باب ، ھېسسىياتلىق ، يەرلىك تۈسى قويۇق تىللارنى ئىشلىتىپ ،
روشەن بولغان تىل ئالاھىدىلىكى شەكىللەندۈردى . بۇ ئەلۋەتتە دىرامىچى-
لىقىمىزنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

## دىرامىچىلىقىمىزنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى

بەدىئىيلىك ھەرقانداق ئەسەرنىڭ جېنىدۇر . بەدىئىيلىكى تۆۋەن

ئەسەرلەر ھېچقانداق ئېستېتىكىلىق قىممەتكە ، ھاياتىي قىممەتكە ئىگە
بولالمايدۇ . بولۇپمۇ دراما ئەسەرلىرى تېخىمۇ شۇنداق . بۈگۈنكى
زامان ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىدىن قارىغاندا ، بە-
دىئىي جەھەتتىن ئۆسۈش ، يەنى ھەربىر پارچە دراما پەقەت ۋەقە ۋە
پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەش بىلەنلا ئەمەس ، بەلكى سەھنىدە قويۇق
ھېسسىيات پۇرىقى چىقىرىپ تاماشىبىنلارنى تەسىرلەندۈرۈش ۋە ھايا-
جانغا سېلىشتەك يارقىن بەدىئىي تۈيغۇنى يارىتىپ كەلدى . دراملى-
رىمىز ئىلگىرىكىدەك ناخشا بىلەن باشلىنىش ياكى بولمىسا باش
قەھرىمان ئوتتۇرىغا چىقىپ بىر ھازا ئۆزى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك
ئادەم ، ئىشلار ھەققىدە تاماشىبىنلارغا چۈشەنچە بېرىشتەك كونىچە
ئىپادىلەشتىن دەرھال ۋەقەگە كۆچۈش ، پىكىر - ئىدىيىنى بەدىئىي
ۋاستىلەر ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇش ، بۇ ئارقىلىق كۈچلۈك بەدىئىي
يۈكسەكلىك پەيدا قىلىشتەك ئىجادىيەت خاھىشىغا قاراپ يۈزلەندى .
ھەربىر كىچىك تەپسىلات - دېتاللاردىن تارتىپ پېرسوناژلار ئوبرازى-
نىڭ يارىتىلىشىغىچە بولغان قويۇق ئورگانىك باغلىنىش دراماچىلى-
قىمىزنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى ئىزچىللىقىنىلا ئەمەس ، ئەڭ مۇھى-
مى ، بەدىئىي رىتىم جەھەتتە يۇغۇرۇلۇپ كۈچلۈك ئېستېتىكىلىق
قىممەت يارىتىشى ئۈچۈن مۇھىم تەسىرلەرنى كۆرسەتتى . مەسىلەن ،
پەرھات ئابدۇرېھىمنىڭ «ئۆركەشلە سۆيگۈ دەرياسى» ، نۇرنىسا ئوس-
مانىنىڭ «ئالدانغان ئەقىدە» ، جاپپار قاسىمنىڭ «ۋىجدان سوتى ئالدى-
دا» قاتارلىق دراملىرىدا گەرچە رېئال تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى يېزىل-
غان بولسىمۇ ، ئۇلاردا ھەر خىل بەدىئىي ماھارەتلەرنى قوللىنىشقا
ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەچكە ، كىشىدە كۈچلۈك ھېس - ھاياجان
پەيدا قىلىپ ، تەسىرلەندۈرۈش ئارقىلىق كىشىنى قايىل قىلىدۇ .
بولۇپمۇ ھەربىر دراممىدىكى سۇژىتنىڭ ماھىرلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇ-
رۇلۇشى ، دراما ۋەقەلىكىنىڭ تاسادىپىيلىقلارغا باي بولۇپ ، ئويلىمى-
غان نەتىجە - يېشىم بىلەن ئاخىرلىشىشى ، ھەربىر پېرسوناژنىڭ سۆز -



ھەرىكەتتە روشەن خاسلىققا ئىگە قىلىنىشى ، بارا - بارا دراماچىلىقى-
مىزدا ماكان - زامانى تەرتىپسىزلەشتۈرۈش ، تارىخ بىلەن رېئاللىقى-
نى ، رېئاللىق بىلەن ئەپسانىۋى تەركىبلەرنى بىرلەشتۈرۈش ، بەدىئىي
ئوبرازلارنى سىمۋوللاشتۇرۇش ، دراممىدىكى تەركىبلەرنى بىمەنىلەش-
تۈرۈش ، ئەسەردە ئېستېتىكىلىق بوشلۇق قالدۇرۇش . . .قا ئوخ-
شاش ئۇسۇللار قوللىنىلىپ ، دراماچىلىقىمىزنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش
ئۇسۇلىدا يېڭىلىنىش ، ياراتقان بەدىئىي ئۈنۈمدە چوڭ يۈكسىلىش
بولدى . قىسقىسى ، ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسى ئۈز-
لۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ، روشەن ئالاھىدىلىكلەرنى ياراتتى .

دراممىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىمۇ پەقەت بەدىئىي جەھەتتىن تەسىر-
لەندۈرۈشتۇر . چۈنكى ، دراممىنى ئادەتتە پەقەت بىر قېتىملا كۆرگىلى
بولىدۇ . ئۇنى كىتاب ئوقۇغانغا ئوخشاش قايتىلاپ تەكرار - تەكرار
كۆرگىلى بولمايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم دراما ئەسەرلىرى تۇنجى
قېتىمدىلا تاماشىبىنلاردا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرۇشى ، ئۇلارنىڭ
ھېسسىياتىغا ، ئىدىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىپ ، ئۇلارنى ئەسەرنىڭ
ئىچىگە ئۆزىگىمۇ تۇيدۇرمىغان ھالەتتە ئېلىپ كىرىش كېرەك . بۇنىڭ
ئۈچۈن ھەر خىل بەدىئىي ئۇسۇل - ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ سەھنى-
دە جانلىق ، روشەن بولغان بەدىئىي مۇھىت بەرپا قىلىش ، ئۇنى
نوقۇل ۋەقە ياكى پېرسوناژغىلا باغلاپ قويماسلىق ، سەھنە ئورۇنلاش-
تۇرۇلۇشى ، دېكوراتسىيە ، چىراغ نۇرى ، مۇزىكا قاتارلىقلارنىڭمۇ
رولىدىن ئەڭ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك .
بۇنداق شەرتلەر بىزنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى دراماچىلىقىمىزدا ئاسا-
سىي جەھەتتىن ھازىرلاندى ، شۇنداقلا بۇ جەھەتتە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپ-
پەقىيەتلەرگە ئېرىشتى .

ئومۇمەن ئالغاندا ، دراماچىلىقىمىز يۇقىرىقىدەك بىر قاتار تە-
رەققىياتلارغا ئېرىشىپ ، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم
بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى . ئەمما بۇ ساھەدە ساقلىنىۋاتقان

مەسلىلەرمۇ ئاز ئەمەس .گەرچە بىزدە خېلى نادىر ئەسەرلەر بارلىققا
كەلگەن بولسىمۇ ، بىراق دۇنيا دراممىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇ-
ۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرق تېخى ناھايىتى زور .
دراممىچىلىقىمىز پىكىر ، ئىدىيە ، سۇژىت - قۇرۇلما ، خاراكتېر -
ئالاھىدىلىكلەرنى يېزىش جەھەتتە يەنىلا دادىل بولالمىدى ، يېڭىلىق
يارىتىش ئاساسلىق ئىجادىيەت خاھىشىغا ئايلىنالمىدى . يەنە بەزى
ئاپتورلىرىمىز نېمىنى يېزىشنىمۇ ، قانداق يېزىش مەسىلىسىنى ئۇ-
نۇملۇك ھەل قىلالمىغاچقا ، ھەرقانچە دەبدەبىلىك ۋەقەلەرنى يازسىمۇ ،
ئوخشاشلا ھېچقانداق بەدىئىي تەسىرلەندۇرۇشنى بارلىققا كەلتۈرۈپ
بولالمىدى . يىغىپ ئېيتقاندا ، دراملىرىمىزدىكى ئومۇمىي رىتىمنىڭ
سۇسلۇقى ، قۇرۇلمىنىڭ ئاددىيلىقى ، دراملىق توقۇنۇشنىڭ جىددىي - كەس-
كىن ئەمەسلىكى ، دىئالوگلارنىڭ ئۇزۇن ، چۇۋالچاقلىقى ، مونولوگ-
لارنىڭ ھېسسىياتسىز بولۇپ قېلىشى ، ئوبرازلارنىڭ جانسىزلىقى ،
پېرسوناژلار روھىي دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر قېزىلماسلىقى ، كىشىگە
يېڭىلىق تۇيغۇسى بەرمەيدىغان تەكرار - تەكرار تاسادىپىيلىقنىڭ ،
ئورۇنسىز سۆز - ھەرىكەتلەرنىڭ ، بىھۇدە توقۇنۇشلارنىڭ كۆپلۈكى ،
مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ ياخشى بىرلىشىپ كېتەل-
مەسلىكى ، ئىنسان پسىخىكىسىنى ئىپادىلەشكە ، مىللىي ئۆرپ -
ئادەتلەرنى يېزىشقا ئەھمىيەت بېرىلمەيۋاتقانلىقىدەك خاھىشلار خېلىلا
ئېغىر ، ئەلۋەتتە بۇنداق خاھىشلارنى ئۆزگەرتىشكە ، سەنئەتنىڭ ئەس-
لىدىكى ساپ ۋە چوڭقۇر ئېستېتىك قىممىتىنى نامايان قىلىشقا توغرا
كېلىدۇ .
خۇلاسە قىلغاندا ، دراممىچىلىقىمىز يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ ،
بۈگۈنكىدەك غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى . بىز بۈگۈنكى درا-
مىچىلىقىمىزنى ھەرقانداق بىر دەۋردىكى بىلەن سېلىشتۇرساق ، چو-
قۇم مەمنۇنلۇق ھېس قىلماي تۇرالمايمىز .پىكىر ، قۇرۇلما ۋە بەدى-
ئىيلىك جەھەتتىكى يېڭىلىنىش ، مىللىي پسىخىكا ۋە مىللەتنىڭ



قىممەت قارىشىنىڭ ئەكس ئېتىشى ، بولۇپمۇ خىلمۇخىل يارىتىلغان
پېرسوناژلارنىڭ جانلىق ، ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئوبرازلىرى ، رېئال
ھاياتنىڭ چىن ۋە تەسىرلىك تەسۋىرلەنگەن كۆرۈنۈشلىرى دراممىچىلى-
قىمىزنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى سۈپىتىدە ، درامىمىزنىڭ ئەدەبى-
ياتىمىزدىكى تارىخىي ئورنىنى ، قىممىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى .

## مەمتېلى زۇنۇن

### ھاياتى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيىتى

مەمتېلى زۇنۇن (مىلادىيە 1939 - يىلى ) يېڭى دەۋردىكى
ئۇيغۇر دراممىچىلىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە
قوشقان ، دراممىچىلىقىمىزنى ئوبراز ، ئۇسلۇب ، تىل ، مىللىي ئالاھى-
دىلىك قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ رەڭدارلاشتۇرغان دراماتورگلىرى-
مىزنىڭ بىرى . ئۇ پوئېزىيە ۋە پروزا ئىجادىيىتىدىمۇ بەلگىلىك
نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ، دراما ئىجادىيىتىدە بولسا بىرقەدەر
يۇقىرى ئىجتىمائىي قىممەتكە ۋە بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرلىرى
بىلەن نام قازانغان .
مەمتېلى زۇنۇن مىلادىيە 1939 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ
ساقىيە مەھەللىسىدە ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . مىلا-
دىيە 1955 - يىلىدىن 1958 - يىلىغىچە سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتى-
نىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن
كېيىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۇرۇمچى ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا
ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن . مىلادىيە 1980 - يىلىدىن تار-
تىپ قەشقەر ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ كەسپىي ئىجادى-
يەتچىسى بولغان . مىلادىيە 1991 - يىلىدىن كېيىن شىنجاڭ ئوپېرا
ئۆمىكىنىڭ كەسپىي ئىجادىيەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن .
مەمتېلى زۇنۇن ئەدەبىياتنىڭ ھەممە ژانىر - شەكىللىرىدە دېگۈ-

دەك يازغان ، ھەممىسىدىلا كۆرۈنەرلىك ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىگە
ئېرىشكەن ئەدىب . ئۇ مىلادىيە 1950 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئەدەبىي
ئىجادىيەتكە كىرىپ كەلگەن . مەمتىلى زۇنۇننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى
دەسلەپتە شېئىر يېزىشتىن باشلانغان . ئۇنىڭ شېئىرلىرى لىرىكا
تۇسىنىڭ قويۇقلۇقى ، ئاھاڭدارلىقى ، پىكرىنىڭ يېڭىلىقى ، شەكلى‐
نىڭ ئاممىبابلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ . ئۇنىڭ «ۋىسال سەھەرى» ،
«قۇچاقلا ، ئۇ سېنىڭ داداڭ» ، «گۈلمېھرى» قاتارلىق بىر تۈركۈم
مۇنەۋۋەر شېئىر ـ داستانلىرى كىتابخانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ۋە
ھەر دەرىجىلىك ئەدەبىيات مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشكەن . مەمتىلى زۇنۇن
1950 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ باشلىغان شېئىرىيەت ئىجادىيە‐
تىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ ، دەۋرىمىزدىكى مۇنەۋۋەر شائىرلارنىڭ
بىرىگە ئايلاندى . ئۇ مىلادىيە 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ
يەنە پروزا ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ ، «ئىككى ئوقۇغۇچىم» ، «باش‐
لىقىمىكىن دېسەم» ، «قوش مەسچىت» ، «مۇناپىقنىڭ ئۆلۈمى» قا‐
تارلىق بىر تۈركۈم ھېكايىلەرنى يېزىپ ، ئالقىشلاندى . بۇ بىر تۈركۈم
ھېكايىلىرىدە ئۇ ، مىللىتىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىدا ساقلىنىۋاتقان
ھەر خىل ئىللەتلەرنى ئۆتكۈر مەسخىرە ئارقىلىق كېلىشتۈرۈپ تەن‐
قىدلىدى .

گەرچە مەمتىلى زۇنۇن ئىجادىيىتىدە ھەرقايسى ژانىرلارنىڭ مۇ‐
ۋەپپەقىيەتلىرى گەۋدىلىك بولسىمۇ ، ئەمما ئەڭ ئاساسلىق ئورۇندا
تۇرىدىغىنى يەنىلا دىرامىچىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇ دەۋرىمىزدىكى
مۇنەۋۋەر دراماتورگلارنىڭ بىرى . يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر دىرامىچىلى‐
قىدا ئۇنىڭ تۆھپىسى ۋە تەسىرى ناھايىتى چوڭ . ئۇ 1950 ـ
يىللاردىلا دراما ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن . يېڭى دەۋر باسقۇچىغا قەدەم
قويغاندىن كېيىن بولسا ، ئاساسلىق زېھنىي كۈچىنى دراما ئىجادىيە‐
تىگە قارىتىپ ، زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر درامىلارنى يېزىپ چىق‐
قان . مىلادىيە 1979 ـ يىلى يېزىپ چىققان «ھەسىنكام ئاچچىق ،



ئامۇتى تاتلىقمۇ ؟» ناملىق دىرامىسى ئۇنىڭ يېڭى دەۋر باسقۇچىدا
يازغان تۇنجى دىرامىسى ، شۇنداقلا چوڭ تەسىر قوزغىغان دىرامىسى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ درامىدا ئائىلىدىكى ئىنچىكە ، مۇرەككەپ
مۇناسىۋەتلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئادىمىيلىك ۋە ئەخلاق تېمىسى
گەۋدىلەندۈرۈلگەن . تۇنجى دىرامىسىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقى‐
يەتنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۇ شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە يىل ئىچىدىلا
«مەسلىھەت چېيى» ، «رابىيە ـ سەئىدىن» ، «ھېيتگاھ تۇمانلىرى» ،
«مۇقام ئۇستازى» ، «ھىجران» ، «يەتتە قىزلىرىم» ، «كۈن تۇغ‐
دى» ، «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى» ، «قايچا قۇدا» ، «كېچىككەن
توي» ، «كۆمۈلمەس ئىزلار» ، «ئەزىزە» قاتارلىق خىلمۇ خىل ۋەقە
ھادىسىلەر ، خىلمۇ خىل پېرسوناژلار تەسۋىرلەنگەن ئوندىن ئارتۇق
درامىنى ئىجاد قىلدى . گەرچە ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى ئەنئەنىۋى تىيا‐
تىرچىلىق ئۇسلۇبى بويىچە يېزىلغان بولسىمۇ ، بىراق ئىپادىلىگەن
مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ، رېئاللىقتىكى ھەر خىل زىددىيەت ـ كۈ‐
رەشلەرنى تىپىكلەشتۈرۈپ تەسىرلىك يورۇتۇپ بەرگەنلىكى بىلەن
بەلگىلىك ئالقىشقا ئېرىشتى .

بىز مەمتىلى زۇنۇننىڭ دراما ئىجادىيىتىگە قارايدىغان بولساق ،
ئۇنىڭ تارىخىي تېمىدىمۇ ، رېئال تېمىدىمۇ ناھايىتى ياخشى ئەسەرلەر‐
نى يازغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تۇرمۇشقا يېقىن
بولۇپ ئادەمنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالىدۇ . بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھەربىر
پارچە دراما ئەسىرىدە تارىختىكى مۇھىم ۋەقەلەر ـ شەخسلەر ياكى
رېئاللىقتىكى ئەمەلىي ئىشلار تەسۋىرلەنگەن ، پېرسوناژ تىلى ناھايىتى
تاۋلانغان ۋە روشەن خاسلىققا ئىگە قىلىنغان ، ئەسەرلىرىدە يەرلىك
ئالاھىدىلىك تولۇق ئەكس ئەتكەن . ئاددىي تېما ئارقىلىق يۇقىرى
بەدىئىي قىممەتكە ئىگە رېئاللىقنى تەسۋىرلەش مەمتىلى زۇنۇن درامى‐
لىرىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .
مەسىلەن ، ئۇنىڭ «ھەسىنكام ئاچچىق ، ئامۇتى تاتلىقمۇ ؟» ، «مەس‐

لىهەت چىيى » ، «قايچا قۇدا» قاتارلىق دراملىرىدا ئوخشاشلا مىللە-
تىمىزدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان كونا ئۆرپ - ئادەتكە يېپىشىۋېلىش ،
مۇتەئەسسىپلىك ، نەپسانىيەتچىلىك ، ھەشەمەتچىلىككە بېرىلىشكە
ئوخشاش ناچار ئىللەتلەر قاتتىق قامچىلىنىدۇ . گۈزەللىك ، ئالىيجا-
نابلىق ، ۋاپادارلىققا ئوخشاش ئېسىل خىسلەتلەر مەدھىيىلىنىدۇ .
مەمتىلى زۇنۇن يۇقىرىقى ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلارنىڭ جانلىق ھەرد-
كىتى ، تەسىرلىك كەچۈرمىشلىرى ۋە مۇرەككەپ ئىچكى دۇنياسى
ئارقىلىق دراملىق توقۇنۇش پەيدا قىلىپ ، يۈكسەك ئىدىيىۋى پە-
كىرنى ئوتتۇرىغا قويغان . بۇ ئەسەرلەر ئۇيغۇرلار مۇھىتىدىن ئېلىنى-
غان ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىنى ، كىشىلەرنىڭ رېئال مۇنا-
سىۋەتلىرىنى يارقىن گەۋدىلەندۇرۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن دراما
سەنئىتىدە مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە بولدى .
گەرچە مەمتىلى زۇنۇن رېئال تۇرمۇش تەسۋىرلەنگەن يۇقىرىقى-
دەك دراملارنى ئىجاد قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدى-
كى ئاساسىي سالماقنى يەنىلا تارىخىي تېمىدىكى دراملار ئىگىلەيدۇ .
ئۇنىڭ تارىخىي تېمىدا يازغان بىرقانچە سەھنە ئەسىرى قۇرۇلمىسى-
نىڭ مۇكەممەللىكى ، پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ مۇرەككەپ ھەم جاذ-
لىقلىقى ، بەدىئىيلىكىنىڭ يۇقىرىلىقى ، بولۇپمۇ خىلمۇخىل تارىخىي
كۆرەشلەرنى ، تارىخىي ۋەقەلەرنى ۋە تارىخىي شەخسلەرنى چىن ۋە
تەسىرلىك يورۇتۇپ بەرگەنلىكى بىلەن ئالاھىدە ئالقىشقا سازاۋەر
بولدى . مەسىلەن ، ئۇ «ھېيتگاھ تۇمانلىرى» ناملىق تراگېدىيىسىدە
تارىخىي رېئاللىق ئۇستىدە چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ ، پاراسەتلىك
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ، مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدى-
يىسىنى يارقىن يورۇتۇپ بەرگەن . بۇ ئەسەردىكى ھەقىقىي ۋەتەنپەر-
ۋەر كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى ئابدۇقادىر داموللام ، قۇتلۇق شەۋقى ، بارات
ئاخۇن ، نائىلە خېنىم ، زۇمرەتخانلارنىڭ ئوبرازى ۋە ئۇلارنىڭ بېشىغا
بالايىئاپەت ئەكېلىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا ئورۇنغان تاجاۋۇزچى ،



ساتقىن كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان ئەنگلىز كونسۇلى ، شۋېد كونسۇ-
لى ۋە ھەسەن شۋېد ، ئىشان مەزىن قاتارلىقلار ئوبرازى روشەن
سېلىشتۇرمىلار ئارقىلىق سەھنىگە چىقىرىلغان . بۇنىڭ بىلەن ئاپتور
ئەسەردە بىر تەرەپتىن ، ئىلغار ئىدىيە بىلەن قوراللىنىپ جاھالەت
دۇنياسىنى پاچاقلاپ تاشلاش ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىق-
قان تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرگە ۋە ئويغىنىۋاتقان خەلق ئاممىسىغا
مەدھىيە ئوقۇسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئانا تۇپرىقى-
مىزنى ۋەيران ، بايلىقلىرىمىزنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىغا يول قويغان
ياڭ زېڭشىن ، ماتتەيلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل ئەپت - بەشىرىسىنى
ئېچىپ تاشلىغان . «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى» ناملىق درامىدا بولسا
دەل ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ زەمبىرەك ئاۋازى بىلەن تەڭ پارتلىغان
جەنۇبىي شىنجاڭ قەھرىمان ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ گومىنداڭ ئەكسى-
يەتچىلىرىنىڭ جەنۇبتىكى جاھىل كۈچلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان
كۈرىشىنىڭ قۇدرەتلىك جەڭ ساداسىنى يىغىنچاق ، ئوبرازلىق ، تە-
سىرلىك ئىپادىلەپ بەرگەن . بولۇپمۇ ئەسەردە ئەينى زامانلاردىكى
جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي ، ياۋۇز
دۈشمەنلىرى ھېسابلانغان گۈەن تۈەنجاڭ ، ماتۈەنجاڭ ، جۇ پاڭگاڭ ۋە
ئۇلارنىڭ شەرمەندە يالاقچىلىرى ھەببۇللا ئىشان ، مەتتوختى قاتار-
لىقلارنىڭ ئوبرازى رېئاللىققا ئۇيغۇن ھالدا يارىتىلىپ ، بۇلارنىڭ
ئەمگەكچى خەلقنىڭ قان - تەر بەدىلىگە ياشاۋاتقان چىرىك تۇرمۇشى ،
ۋەھشىيلەرچە ئېلىپ بارغان جىنايى ھەرىكەتلىرى ، پەسكەش ئىچكى
دۇنياسى شەپقەتسىز پاش قىلىنغان .
دېمەك ، مەمتىلى زۇنۇن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان دراماتورگىيە-
سىگە ئۆزىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىلىك ، چوڭقۇر ئىدىيىۋى
مەزمۇنغا ئىگە ئەسەرلىرى ئارقىلىق بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن .
بولۇپمۇ مىللىتىمىزنىڭ تارىخىي پاجىئەلىرى ۋە مەنىۋى ئازابلىرىنى ،
ئەركىنلىك ، ھۆرلۈك ، ھەق - ئادالەت ئۈچۈن ئېلىپ بارغان باتۇرانە

كۇرەشلىرىنى رېئاللىقتا ماس ھالدا يۇكسەك بەدىئىي پەللىگە كۆتۈرۈپ يارقىن ۋە تەسىرلىك يورۇتۇپ بەرگەن، ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۇرگەن قابىل ئاپتوردۇر. ئۇنىڭ بىر قاتار دراما ئەسەرلىرى دراماتورگىيىمىزنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ئۇچۇن خېلى ياخشى ئۇلگە بولالايدۇ.

## مەمتېلى زۇنۇن دراممىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى

بىر پارچە دراما ئەسىرى رېئال تۇرمۇشقا قانچىكى يېقىن بولسا، پېرسوناژلار ئوبرازى قانچىكى تەسىرلىك ۋە جانلىق يارىتىلسا، قۇرۇلما جەھەتتىن مۇكەممەل، بەدىئىيلىك جەھەتتىن بەلگىلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولسا، ئۇ مۇقەررەركى، دراماتورگنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۇرمەي قالمايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، مەمتېلى زۇنۇن دراممىلىرى رېئال تۇرمۇشنى ۋە تارىخىي كۇرەشلەرنى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بىلەن يورۇتۇپ خېلى زور تەسىرگە ئىگە بولدى. بىز ئۇنىڭ دراممىلىرىدىن مىللىتىمىزنىڭ پسىخىكىلىق تۇيغۇسىنى، ئۆرپ - ئادەت ئالاھىدىلىكىنى، شۇنداقلا كەسكىن زىددىيەتكە تولغان ھايات كارتىنىسىنى بىلىۋالالايمىز. ئۇنىڭ دراممىلىرى ئالدى بىلەن ئاشۇ چەكسىز ھاياتىي كۈچكە ئىگە رېئاللىقنى تەسۋىرلەشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان بولۇپ، شەكىل، ئۇسلۇب ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن بىر - بىرىدىن روشەن ھالدا پەرقلىنىدۇ. بەزى ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدىيىۋى پىكىر خېلىلا چوڭقۇر بولۇپ، مەلۇم دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي قىياپىتىنى ئېچىپ بېرىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن، «مەسلىھەت چېيى» ناملىق دراممىسىدا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۇشنىڭ ئالدىدىكى چىگىش زىددىيەت ۋە ئەگرى - توقايلىقلار ئارقىلىق مىللەتنىڭ تەرەققىيات تەقدىرى، ئىستىقبالىغا بېرىپ تاقىلىدىغان ئىجتىمائىي ئىشلارنى ئىپادىلىگەن. بولۇپمۇ ئە-



سەردە مىللىي تۇس، يەرلىك پۇراقنى گەۋدىلەندۇرۇشكە زور كۈچ سەرپ قىلغان. «ھېيتگاھ تۇمانلىرى» دا بولسا 1930 - يىللار ئەتراپىدا جەنۇبىي شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئاق تېررورلۇقنىڭ تارىخىي سەۋەبلىرىنى ناھايىتى چوڭقۇر پاش قىلىپ، مىللىتىمىزنىڭ ئازابلىق قىسمەتلىرىنى يۇكسەك بەدىئىي تەسۋىرلەر ئىچىدە يورۇتۇپ بەرگەن. «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى»، «كۆمۈلمەس ئىزلار»، «ئەزىزە» قاتارلىق دراممىلاردىمۇ ئوخشاشلا خىلمۇخىل تارىخىي ۋەقەلەرنى، تارىخىي شەخسلەرنى ۋە رېئال تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ، تىپىكلەشتۇرۇپ بايان قىلىپ، دراماتورگىيە سەنئىتىمىزنىڭ بەدىئىي كۈچىنى ئاشۇردى.

ئومۇمەن ئالغاندا، مەمتېلى زۇنۇن دراممىلىرىدىكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلەر تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىن ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، مەمتېلى زۇنۇن دراممىلىرى ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىپادىلەش ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، ھېچقانداق ئېقىمنىڭ ياكى تىياتىر شەكىللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان. ۋەقەنىڭ بايان قىلىنىشى، پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشى، دراممىلىق توقۇنۇشنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى، پەردە - كۆرۈنۇشلەرنىڭ ئالمىشىشى قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە بىر قەدەر خاسلىققا ئىگە.

ئىككىنچى، مەمتېلى زۇنۇن دراممىلىرىنىڭ تىلى بىر قەدەر تاۋلانغان ھەم جانلىق. بىزگە مەلۇمكى، دراما ئەسەرلىرىدە بېرىلىدىغان تىلدا پېرسوناژلار تىلى يەنى دىئالوگ ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. چۇنكى، دراما ئەسەرلىرىگە قاتناشتۇرۇلىدىغان پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ھەرىكەت ۋە دىئالوگلارنىڭ بىۋاسىتە ياردىمى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ. مۇشۇ جەھەتتىن ئالغاندا مەمتېلى زۇنۇن قىزىقارلىق، جانلىق، تاۋلانغان، چۇشىنىشلىك خەلق تىلى ئارقىلىق ئىجابىي ۋە سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ كەچۇرمىشلىرىنى ۋە ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلەپ بەردى. بولۇپمۇ ئۇ پېرسوناژ تىلىنى قويۇق ھېسسىياتقا

ئىگە قىلىپ، شۇ ئارقىلىق تاماشىبىنلارنى تەسىرلەندۈرۈشنى ئەڭ
مۇھىم ئورۇنغا قويىدى. ئۇ يازغان «ھەسىنكام ئاچچىق، ئامۇتى
تاتلىقمۇ؟»، «مەسلىھەت چېيى»، «ھېيتگاھ تۇمانلىرى» قاتارلىق
دراملاردىكى پېرسوناژلارنىڭ، پىشقان، ئىخچام، مېغىزلىق، ھېس-
سىياتلىق دىئالوگلىرى بۇنىڭ جانلىق پاكىتىدۇر.

ئۈچىنچى، مەمتىلى زۇنۇن دراملىرى تارىخىي تېمىلارنى يورۇ-
تۇشتا بىر قەدەر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. بولۇپمۇ بىر قاتار
تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەر ئۆز خاراكتېرى بويىچە نامايان
قىلىنغان بولۇپ، ئەينى دەۋرنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي قىياپىتى-
نى دەل جايىدا كۆرسىتىپ بەردى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە رېئاللىقتا
زىت ياكى مۇبالىغىلەشتۇرۇلگەن ۋەقەلەر، ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان،
ساختىلاشتۇرۇلغان پېرسوناژلار ئوبرازىنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس.
تارىخىي چىنلىق بىلەن بەدىئىي چىنلىقنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇنىڭ بىر
قاتار ئەسەرلىرىدە خېلى مۇكەممەل ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

تۆتىنچى، مەمتىلى زۇنۇن دراملىرىدا يەرلىك خۇسۇسىيەت،
مىللىي پۇراق بىر قەدەر قويۇق، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ
تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى، قۇرۇلمىسى ۋە پسىخىكىسىنى ياخشى
ئىگىلەپ، شۇ ئاساستا مۇرەككەپ رېئاللىقنى ۋە ئادەملەرنىڭ كەچۈر-
مىشلىرى، شۇنداقلا ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلەشنى ئاساس قىلدى.
شۇڭا ئۇنىڭ بىر قاتار دراما ئەسەرلىرى ۋاقتىنىڭ سىنىقىغا، دەۋر-
نىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلىدى. پىكىر جەھەتتىكى چوڭقۇرلۇق،
بەدىئىي جەھەتتىكى يۈكسەكلىك، شەكىل جەھەتتىكى ئۆزگىچە ئالا-
ھىدىلىك پەيدىنپەي بىر گەۋدىلىشىشكە باشلىدى. بىز ئۇنىڭ دراما-
لىرىدىن مىللىتىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخىي كۈرەش داۋامىدا شەكىللەن-
دۈرگەن قىممەت قارىشىنى، ئېتىقادىنى، مىللىي روھىنى، گۈزەل-
لىك ۋە ئەركىنلىككە، ھۆرلۈككە بولغان ئىنتىلىشىنى، شۇنداقلا
بەزىبىر ئىپلاس ئىللەتلىرىنى تونۇپ يېتىمىز. بولۇپمۇ مىللىتىمىز-



نىڭ ئۆزىگە خاس پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، ياشاش شارائىتى ۋە يەرلىك
تۇرمۇشى بىلەن بىر قەدەر مۇكەممەل ھالدا تونۇشۇپ چىقىمىز.
مەمتىلى زۇنۇن بىر پارچە دراما ئەسىرىنى يازغاندا دەل ئاشۇ خىل
ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرىنى يۈكسەك بەدىئىي تەسۋىرلەر ئىچىدە يو-
رۇتۇپ بەردى.

بەشىنچى، مەمتىلى زۇنۇن دراملىرىنىڭ لىرىكىلىقى نىسبەتەن
كۈچلۈك. دراما ئىجادىيىتى گەرچە ئېپىك ئەسەر ئىجادىيىتىگە مەن-
سۇپ بولسىمۇ، ئەمما ئۇ لىرىكىنى چەتكە قاقمايدۇ. لىرىك تەركىب-
لەر درامىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
مەمتىلى زۇنۇن دراملىرىدا مونولوگ، ناخشا، ئۇسسۇل قاتارلىق
لىرىك تەركىبلەر ناھايىتى قويۇق بولۇپ، بۇ مەمتىلى زۇنۇننىڭ
باشقا دراماتورگلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ۋە ئۆزىگە خاس بولغان
روشەن بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ئىجادى-
يەت ئالاھىدىلىكى ھەممە دراملىرىدا دېگۈدەك گەۋدىلىك ھالدا ئۆز
ئىپادىسىنى تاپقان.

خۇلاسە قىلغاندا، مەمتىلى زۇنۇن نوقۇل ھالدا پارچە - پۇرات
تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىنى ياكى ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدىغان پېرسوناژلار
ئوبرازىنى يارىتىش ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى بىر قەدەر ئىجتىمائىي
قىممەتكە ئىگە، مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن ئالاھىدىلىكى ۋە تارىخىي ترا-
گېدىيىسىنى ئېچىپ بېرەلەيدىغان تېمىلارنى تاللاپ تەسىرلىك بەدىئىي
ۋاسىتىلەر ئارقىلىق جانلىق گەۋدىلەندۈردى. ئۇنىڭ دراملىرى ئال-
دى بىلەن شەكىلۋازلىقتىن ۋە مەزمۇن تەكرارلىقىدىن خالىي بولۇپ،
ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. دراماتىك توقۇنۇشنىڭ بىر تەرەپ
قىلىنىشى پېرسوناژلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى، ۋەقەلەرنىڭ ئۆزئارا گى-
رەلىشىشى، تىل جەھەتتىكى يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيەت قاتارلىقلارنى
ئىپادىلەشتە ئۇ ھەمىشە تىياتىرچىلىقنىڭ مىللىي خاسلىقىنى نەزەرگە
ئېلىپ، بىر قەدەر زور بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى.

## «كۆمۈلمەس ئىزلار» ناملىق تراگېدىيە

«كۆمۈلمەس ئىزلار» — پېشقەدەم يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» ناملىق تارىخىي رومانىدىكى ۋەقەلىكلەرگە ئاساسەن يېزىلغان تراگېدىيە بولۇپ، بۇ ئەسەر مەمتىلى زۇنۇننىڭ دراما ئىجادىيىتىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئەسەردە قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، تارىخىي ۋەقەلىك بىلەن تارىخىي شەخسلەرنىڭ تىپىك پائالىيەتلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. مىللىي قەھرىمان تۆمۈر خەلپىنىڭ زوراۋانلىققا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن جاپاكەش دېھقانلارنى باشلاپ ياڭ زېڭشىن، شامەخسۇتقا ئوخشاش ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرەشلىرىنى ناھايىتى تەسىرلىك ھالدا يورۇتۇپ بەرگەن.

تراگېدىيىنىڭ ئالدىنقى كۆرۈنۈشلىرىدە دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باشلىنىشى، شامەخسۇت ۋەكىللىك قىلغان ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن قانلىق ئېلىشىش جەريانى كەڭ دائىرىلىك تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ قوزغىلاڭچىلار توسۇۋېلىشقا بولمايدىغان تارىخىي ئېقىمغا ئايلانغان كۈچلۈك قوراللىق قوشۇن سۈپىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. خەلق دۈشمەنلىرى گەرچە كۈچ سېلىشتۇرمىسى جەھەتتە ھۆكۈمرانلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قوزغىلاڭچىلارنى قوراللىق كۈچ بىلەن باستۇرۇپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تراگېدىيىنىڭ كېيىنكى كۆرۈنۈشلىرىدە ياۋۇز كۈچلەر قوزغىلاڭچىلارنى ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىش يولى بىلەن مەغلۇپ قىلماقچى بولۇپ، ھىيلىگەر لى شۇفۇنى قوزغىلاڭچىلار ئارىسىغا ئەۋەتىدۇ. لى شۇفۇ بېشىغا سەللە ئوراپ، قۇرئان كۆتۈرۈپ، نۇرغۇن سوۋغاتلار بىلەن ئەلچىلىككە كېلىدۇ. كەڭ قورساق، ئاق كۆڭۈل دېھقانلار داھىيسى تۆمۈر خەلپە دۈشمەنگە ئوڭايلا ئالدىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ



بىلەن دېھقانلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولۇپ، ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالىدۇ.

خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ ئىرادىسى، تەقدىرى ھامان خەلقنىڭ ئىرادىسى، تەقدىرىگىمۇ ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوڭۇشسىزلىق - مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان تراگېدىيىسى ھامان تارىخ تراگېدىيىسى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن «كۆمۈلمەس ئىزلار» ناملىق تارىخىي تراگېدىيىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئاپتور ئەسەردە فېئوداللىق جەمئىيەتتە ھۆكۈم سۈرگەن قاراڭغۇلۇقنى رەھىمسىز تۈردە پاش قىلىپ، خەلقنىڭ ئىسيانكارلىق روھىغا مەدھىيە ئوقۇش بىلەن چەكلىنىپ قالمىغان. ئۇ يەنە تۆمۈر خەلپىنىڭ ۋەھشىي دۈشمەن ئالدىدا ئالدىنىپ مەغلۇپ بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان ئاجىزلىق تەرەپلىرىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق مىللەتنىڭ روھىي دۇنياسىنى چىرماپ كەلگەن، دىنىي ئەقىدىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان يامان ئاقىۋەتلىرىنىمۇ ئاشكارىلىغان. مۇشۇنداق چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئىدىيىنى ئاددىي سەھنە ئارقىلىق ئوبرازلاشتۇرۇپ ئىپادىلەش ھەرگىزمۇ ئاسان ئىش ئەمەس. بۇ ئەلۋەتتە ئاپتوردىن بىر قەدەر توغرا تارىخىي نۇقتىئىنەزەرگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، تېخىمۇ مۇھىمى تارىخىي رېئاللىقنى، تارىخىي شەخسلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئەينى دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق بەدىئىي تەسەۋۋۇر يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا مەمتىلى زۇنۇن مىلادىيە 1910 - يىللار ئەتراپىدىكى قۇمۇلنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي قىياپىتىنى، يەرلىك زومىگەرلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى، دېھقانلارنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى ۋە زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرەشلىرىنى بىرقانچە پېرسوناژنىڭ ئوخشاشمىغان ئىدىيىۋى ھالىتى ۋە كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق ناھايىتى تەسىرلىك ئىپادىلىگەن. بولۇپمۇ تۆمۈر خەلپە، ياڭ زېڭشىن قاتارلىق تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى رېئاللىققا ئۇيغۇن ھالدا جانلىق يارات-

قان . دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ كۆتۈرۈلۈش سەۋەبلىرى ۋە مەغلۇپ بولۇش جەريانلىرىنى بىرقانچە مۇھىم دېتاللار ئارقىلىق ئېچىپ بەرگەن .

دېمەك ، «كۆمۈلمەس ئىزلار» ناملىق بۇ دراما يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ۋە ئىجتىمائىي تەسىرگە ئىگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بەلگىلىك بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەرنىمۇ شەكىللەندۈرگەن .

بىرىنچىدىن ، ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى ناھايىتى مۇكەممەل ، يەنى ئۇنىڭدا ناھايىتى زور كۆلەمگە ئىگە دېھقانلار قوزغىلىڭى ئىخچام ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . ۋەقەلىك بىر ـ بىرىگە ناھايىتى زىچ باغلانغان بولۇپ ، دراملىق توقۇنۇش ئەنە شۇ ۋەقەلىك ۋە پېرسوناژلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا راۋاجلاندۇرۇلغان .

ئىككىنچىدىن ، تۆمۈر خەلپە ، ياڭ زىڭشىن ، شا مەخسۇت ، ئامانقۇل ، خامۇشبەگ ، نىياز دورغا قاتارلىق تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتى ، كەچۈرمىشلىرى ، شۇنداقلا ئوخشاش بولمىغان خاراكتېرى روشەن ھالدا سېلىشتۇرما قىلىنىپ ، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئەھمىيىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن .

ئۈچىنچىدىن ، بۇ تراگېدىيىدە پەردە ـ كۆرۈنۈشلەر مۇناسىۋەت ۋە ۋاقىت ـ زامان مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي بەدىئىي لىنىيىنى ئاساس قىلغان ھالدا بىر تەرەپ قىلىنغان . بولۇپمۇ دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن ئىبارەت بۇ كۆلىمى زور تارىخىي ۋەقەنى يورۇتقاندا ئۇنى ئالاھىدە كۆرۈنۈش ئىچىدە تىپىكلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرگەن . بۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ جانلىقلىقى ۋە تەسىرچانلىقى ئېشىپلا قالماي ، ئەڭ مۇھىمى رېئال ئەھمىيىتى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلگەن .

يىغىپ ئېيتقاندا ، «كۆمۈلمەس ئىزلار» ناملىق بۇ تراگېدىيە قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تارىخىي سەۋەبلىرىنى ئەتراپلىق بايان قىلىپ ، خەلقنىڭ ھۆرلۈككە ، ئەركىنلىككە ، ھەق ـ ئادالەتكە ۋە



تىنچ تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى گەۋدىلەندۈرگەن ، زوراۋانلارنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان ياخشى ئەسەر . بىز بۇ تراگېدىيە ئارقىلىق مىللىتىمىزدە نەچچە ئەسىردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن روھىي ئىللەتلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى بىلىپ يېتىدىمىز . شۇنداقلا تۆمۈر خەلپىدىن ئىبارەت بۇ خەلقپەرۋەر قەھرىماننىڭ شانلىق ھاياتى ۋە كۈرەش تارىخى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز . مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدا ھۆكۈم سۈرگەن چېكىدىن ئاشقان زوراۋانلىقنىڭ خەلققە ئېلىپ كەلگەن بالايىئاپەتلىرىنى ھېس قىلالايمىز . مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ،«كۆمۈلمەس ئىزلار» ناملىق بۇ تراگېدىيە ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي قىممەتكە ، بەدىئىي قىممەتكە ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر .

# تۇرسۇن يونۇس

## ھاياتى ۋە ئىجادىيەت يولى

تۇرسۇن يونۇس (مىلادىيە 1942 ـ يىلى ) ئۇيغۇر دراما ئىجادىيىتىنى پىكىر ۋە شەكىل جەھەتتىن يېڭىلاپ ئۆزىگە خاس بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن ، تارىخىي ۋەقەلەرنىمۇ ، رېئال تۇرمۇشنىمۇ ئىپادىلەشكە ماھىر ، يېتىلگەن دراماتورگدۇر . ئۇ ئۆزىنىڭ قۇرۇلما ۋە مەزمۇن جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان 20 دىن ئارتۇق دراما ئەسىرى ئارقىلىق ئەمدىلا گۈللىنىۋاتقان ئۇيغۇر دراماتورگىيە سەنئىتىنى يېپيېڭى قىياپەتكە ئىگە قىلدى . بولۇپمۇ دۇنيادىكى تىياتىر سەنئىتىگە دائىر يېڭى ئۇسلۇبلارنى بىرىنچى قېتىم ئۇيغۇرلارغا تونۇشتۇرۇپ ، شۇ ئاساستا يۈكسەك بەدىئىي قىممەتكە ئىگە نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى . ئۇ زۇنۇن قادىردىن كېيىن ئۇيغۇر دراماچىلىقىنى يەنە بىر قېتىم كەڭ ئىجتىمائىي تەسىرگە ئىگە قىلغان سەنئەتكاردۇر .

تۇرسۇن يۇنۇس مىلادىيە 1942 ـ يىلى قەشقەرنىڭ يەكەن ناھىيە بازىرىدا تېۋىپ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . مىلادىيە 1958 ـ يىلى يەكەن 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملاپ ، بېيجىڭ مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا بارغان . 1964 ـ يىلىغىچە شۇ ئىنستىتۇتنىڭ ئاكتىيورلۇق فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسۇل تىياتىر ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىنىپ ، دەسلەپ ئارتىست ، كېيىنچە كەسپىي ئىجادىيەتچى بولۇپ ئىشلىگەن . ئۇنىڭ درامىغا قىزىقىشى ، بۇ ساھەدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ، چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىششى ئۇنىڭ ئوقۇغان ، شۇغۇللانغان مۇشۇ كەسپى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . تۇرسۇن يۇنۇس مىلادىيە 1988 ـ يىلىدىن كېيىن تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن .

تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1960 ـ يىللاردىلا باشلانغان . ئۇ دەسلەپكى ئىجادىيىتىنى دراما بىلەن باشلىغان . ئەمما ئۇنىڭ دراما ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن مەزگىلى ئىجادىيەت ئەركىنلىكى بوغۇلغان ، درامىچىلىق قېلىپلىشىپ ، پەقەت «ئۈلگىلىك تىياتىر» لار ئۇچۇنلا مۇمكىنچىلىك بولغان دەۋرلەر بولغاچقا ، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئىجادىيىتى نەتىجىلىك بولمىدى ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۇچۇنمۇ مۇمكىنچىلىك بولمىدى . شۇنداق بولغاندا تۇرسۇن يۇنۇس ئىجادىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى يەنىلا مىلادىيە 1980 ـ ، 1990 ـ يىللار بولدى بۇ يىللاردا تۇرسۇن يۇنۇس ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ «قانلىق يىللار» ، «مۇقام ئەجدادلىرى» ، «سۇرگۈن قىلىنغان قۇللار» ، «كۇتۇلمىگەن توي» ، «ئالتۇن بۆشۈك» ، «قوغۇن پىشقاندا» ، «ئەگرى پاچاققا دوناي توقماق» ، «گۈلدەستە» ، «كارامەت بىر كۈن» ، «دۇنياۋى تىلسىمات» قاتارلىق درامىلارنى يېزىپ چىقتى . بىز تىلغا ئالغان بۇ درامىلار تېما ، ئۇسلۇب ، تىل ۋە بەدىئىي جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە



ئىگە بولۇپ ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر درامىچىلىقىنىڭ گۈللىنىشى ئۇچۇن ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتتى . بولۇپمۇ ئۇنىڭ تارىخىي تېمىدىكى بىر قانچە درامىسى ئىجادىيەتتىكى «چەكلەنگەن رايون» غا قارشى ئوت ئېچىپ ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى . «قانلىق يىللار» ناملىق درامىسى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر .

تۇرسۇن يۇنۇس دراما ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۇيغۇر درامىچىلىقىدا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە . ئۇنىڭ تەخمىنەن 40 يىللىق دراما ئىجادىيىتىنى مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن :

بىرىنچى باسقۇچ . ئۇنىڭ مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدىن تارتىپ تاكى مىلادىيە 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان 15 يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئۇ بۇ مەزگىلدە «ياش دوختۇر» ، «ئائىلە بىلەن مەكتەپ» ، «قارلىق تاغدىكى تاڭ نۇرى» ، «ئىككى تاغار قىغ» قاتارلىق درامىلارنى يازدى . ئۇنىڭ بۇ بىر تۈركۈم درامىلىرىنىڭ ئۇسلۇبى ئاددىي ، پىكرىمۇ ئاددىي ، بەدىئىيلىكى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ ، ھېچقانداق تەسىر پەيدا قىلالمىدى . پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشى ، درامىلىق توقۇنۇشنىڭ قانات يېيىشى ۋە تىل ئىشلىتىش جەھەتتە شۇ يىللاردا ئەۋج ئالغان «ئۈلگىلىك تىياتىرلار قېلىپى» دىن چىقالمىدى . دېمەك ، بۇ باسقۇچ پەقەت ئۇنىڭ دراما يېزىشنى مەشىق قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتى .

ئىككىنچى باسقۇچ . مىلادىيە 1976 ـ يىلدىن تارتىپ 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ باسقۇچتا ئۇ درامىچىلىقىمىزغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۆزىنىڭ تارىخىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن «قانلىق يىللار» ، «مۇقام ئەجدادلىرى» قاتارلىق تارىخىي درامىلارنى ، رېئال تۇرمۇشتىكى خىلمۇخىل زىددىيەت ۋە كۈرەشلەرنى ، ئادەملەرنىڭ مەنىۋى ئازابلىرى ، شۇنداقلا ھايات قارىشى تەسۋىرلەنگەن «كۇتۇلمىگەن توي» ،

«كارامەت بىر كۈن» ، «ئالتۇن بۆشۈك» ، «ھەسەن ـ ھۈسەن»
قاتارلىق كومېدىيە ، ئوپېرا ، دراممىلارنى يازدى . ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدە
يازغان ئەسەرلىرى مەيلى سان ياكى سۈپەت جەھەتتىن بولسۇن ئالدىن-
قى باسقۇچ بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدۇ . ئالدى بىلەن ئۇ ئەسەرلىرىدە
بەلگىلىك ئىجتىمائىي قىممەتكە ۋە بەدىئىي قىممەتكە ئىگە تۇرمۇش
رېئاللىقىنى خىلمۇخىل ئوبرازلار ۋاسىتىسى ئارقىلىق تولىمۇ جانلىق
ۋە تەسىرلىك يورۇتۇپ بەردى . ھەربىر پارچە درامىدا يېڭى بىر
تېمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، يېڭى پىكىرنى ئالغا سۈرۈپ جەمئىيەتتىكى
رەزىللىك بىلەن خۇنۇكلۇكنىڭ كەسكىن ئېلىشىشىنى بايان قىلدى .
بولۇپمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ «قانلىق يىللار» ناملىق دراممىسىدا شىنجاڭدا
مىلادىيە 17 ـ ئەسىردىن 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلغان
ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ قانلىق توقۇنۇش تارىخى-
نى تەسۋىرلەپ ، شۇ چاغدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەشلەر ئېلىپ كەلگەن
مىسلىسىز ئاپەتلەرنى تولىمۇ تەسىرلىك ئىپادىلەپ بەردى . بۇ درامىدا
خان ـ پادىشاھلار ، دىنىي ئۆلىمالار ، ۋەزىرلەر ، خوجا ـ ئىشانلار ،
شائىرلار ، مۇقامشۇناسلار ، تالىپلاردىن تارتىپ ئوردا ئەمەلدارلىرى ،
لەشكەرلەر ۋە ئادەتتىكى پۇقرالارغىچە بولغان خىلمۇخىل ئىدىيىگە ،
خىلمۇخىل تەبىقىگە مەنسۇپ بولغان كىشىلەرنىڭ بەدىئىي ئوبرازى
يارىتىلغان . ھېچقانداق بىر ئىجادىيەتچى ئېھتىيات قىلىپ چېقىلالمى-
غان «دىنىي قورغان» غا تۇرسۇن يۇنۇس بىرىنچى قېتىم يۈرۈش
قىلىپ ، ئاشۇ بىر ئېچىنىشلىق تارىخىي رېئاللىقنى بۈگۈنكى دەۋر
كىشىلىرىگە ئۆز ئەينى بويىچە ئوبرازلىق قىلىپ ئىپادىلەپ بەردى .
بۇ تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ ئىككىنچى باسقۇچتىكى ئىجادىيىتىدە ئەڭ گەۋ-
دىلىك بولغان ، شۇنداقلا پۈتكۈل ئىجادىيەت ھاياتىدىمۇ ئەڭ يۈكسەك
بەدىئىي تەسىرگە ئىگە بولغان قىممەتلىك ئەسەردۇر . «قانلىق يىل-
لار» دراممىسى ئۇنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى
تۇنجى قېتىم نامايان قىلدى .



ئۈچىنچى باسقۇچ . بۇ باسقۇچ ئۇنىڭ ئىجادىيەتتە گۈللەنگەن ،
شۇنداقلا زور داغدۇغا پەيدا قىلغان مەزگىلى بولۇپ ، مىلادىيە 1980 ـ
يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلىدۇ . تۇرسۇن يۇنۇس بۇ باسقۇچتا
ئاساسەن بېرىلىپ ئۆگىنىپ ، ئۆز ئىجادىيىتىدە ئەنئەنىۋى تىياتىر
بىلەن يېڭى تىياتىرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىرلەشتۈرگەن ھالدا بىرمۇن-
چە ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقتى . مەسىلەن ، «قوغۇن پىشقاندا» ، «ئەگرى
پاچاقتا دوناي توقماق» ، «گۈلدەستە» ، «دۇنياۋى تىلسىمات» قاتار-
لىق دراممىلار ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق يېڭى قۇرۇلما ئاساسىدا بارلىققا
كەلتۈرگەن ئىجادىي مەھسۇلاتلىرىدۇر . بۇ ئەسەرلەر ئۇنىڭ ئىككىن-
چى باسقۇچتا يېزىپ چىققان ئەسەرلىرىگە مەيلى تىل ، مەيلى پىكىر ،
مەيلى قۇرۇلما ۋە ياكى بەدىئىي يۈكسەكلىك جەھەتتىن تامامەن ئوخ-
شاشمايدۇ . ئۇ ئالدىنقى باسقۇچتىكى ئەسەرلىرىدە تۇرمۇشتىكى خىل-
مۇخىل زىددىيەتلەرنى ئوبرازلاشتۇرۇپ تەسۋىرلەپ بەلگىلىك تەسىر
پەيدا قىلغان بولسا ، ئۈچىنچى باسقۇچتىكى ئىجادىيىتىدە ناھايىتى زور
بۆرۈلۈش ياساپ ، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنيا-
سى ، پسىخىكىسى ، شۇنداقلا قىممەت قارىشىنى ئىپادىلىدى ، بۇنىڭ
مىللىتىمىزنىڭ ئىسلاھات دەۋرىدىكى سىياسىي ، ئىجتىمائىي ھالەتلى-
رى ، شۇنداقلا مەنىۋى قىياپىتى نامايان بولدى . ئۇنىڭ بۇ باسقۇچتى-
كى ئەسەرلىرىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى ،
تاللىغان تېما يېڭى ۋە جەلپ قىلارلىق بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ،
ۋەقەلىك ئەپسانە بىلەن رېئاللىقتىن تەركىب تاپتى . بەزى ئەسەرلەر-
نىڭ قۇرۇلمىسى پۈتۈنلەي ئۆزگىچە بولۇپ ، ئەنئەنىۋى تىياتىرچىلىق-
تىكى پەردە ـ كۆرۈنۈشلەرگە بۆلۈشتەك ئۇسۇل بىكار قىلىندى .
پېرسوناژلار بولسا ھەم تارىختا ئۆتكەن شەخسلەردىن ، ھەم رېئاللىق-
تىكى كىشىلەردىن ھاسىل بولدى . مىللەت ، دۆلەت چېگرىسى بۇزۇپ
تاشلىنىپ ، ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان بىر ئۇلۇغۋار ئىدىيە ، ئۇلۇغ-
ۋار ئىستەك ئوتتۇرىغا قويۇلدى . «دۇنياۋى تىلسىمات» ناملىق دراما

بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر .
يىغىپ ئېيتقاندا ، تۇرسۇن يۇنۇس ئۇيغۇر دراما سەنئىتىدە ئۆزد-
گە خاس ئۇسلۇب بىلەن بىرمۇنچە ياخشى ئەسەرلەرنى يازغان . ئۆز
ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئىجتىمائىي ھاياتتىكى گۈزەللىك بىلەن رەزىل-
لىك زىددىيىتىنى ماھىرلىق بىلەن ئېچىپ بەرگەن ئىقتىدارلىق درا-
ماتورگدۇر .
مىلادىيە 1990 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ تۇرسۇن
يۇنۇس ئاساسەن دراما ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانمىدى . ئۇنىڭ دراما
ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانماسلىقى ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ كىرىزىس
دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، ئۇنىڭ دراما-
چىلىقتىن چېكىنىپ چىقىشى يەنىلا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە .
دراما ئىجادىيىتىدىن چېكىنىپ چىققان تۇرسۇن يۇنۇس پروزا ئىجاد-
يىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، «مەلىكە ئامانىنسا» رومانىنى يېزىپ ،
يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ياشاپ ، ئىجاد قىلىپ ، ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى
بېيىتىش ، ئۇنى رەتلەش ، كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈش جەھەتلەردە غايەت
زور تۆھپە قوشقان مۇقامشۇناس ، شائىرە ئامانىنساخانىنىڭ بەدىئىي
ئوبرازىنى پروزا ۋاستىسى بىلەن تىكلىدى . ئەمما ئۇنىڭ ئىجادىيىتى-
دە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغىنى ، ئۇنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنىنى
بېكىتىدىغىنى يەنىلا ئۇنىڭ دراما ئىجادىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

## تۇرسۇن يۇنۇس درامىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى

سەنئەتكارنىڭ بۇرچى ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق مۇرەككەپ تۇر-
مۇش رېئاللىقىنى ئىپادىلەپ ، مۇئەييەن بەدىئىي مەنزىرە يارىتىشلا
ئەمەس ، تېخىمۇ مۇھىمى ، يۈكسەك پىكىر ، ئىدىيە ۋە روھ ئارقىلىق
پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى قېزىپ چىقىپ ، بەلگىلىك مەق-
سەتنى ئالغا سۈرۈشتىن ئىبارەت . دراما كوللېكتىپ ھۇزۇرلىنىد-
غان ، بىۋاسىتە تەسىر قىلىش كۈچى كۈچلۈك بىر ژانىر بولۇپ ،



بىرقەدەر يۇقىرى ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر . بىر پارچە دراما
ئەسىرى ئارقىلىق بىر مىللەتنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تارىخىي كەچۈر-
مىشلىرى ، پسىخىكىسى ، شۇنداقلا ئادەملەرنىڭ ھايات قارىشى ۋە
ئەخلاق ئادەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ ، ئۇلارنى تەربىيىلىگىلى ، ئۆز-
گەرتكىلى بولىدۇ . مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا ، تۇرسۇن يۇنۇس درامىلى-
رى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە
بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكىمۇ ئىگىدۇر . ئۇنىڭ درامىلىرىدا
ئەكس ئەتكەن ۋەقەلەر تارىخقىمۇ ، بۈگۈنكى دەۋرگىمۇ مەنسۇپ بو-
لۇپ ، تېما جەھەتتە بىرقەدەر كەڭ ھەم مۇرەككەپ . پېرسوناژلار
ئوبرازى بولسا تېخىمۇ چىگىش . ئەمما ، تۇرسۇن يۇنۇس ئەنە شۇ
مۇرەككەپلىك ئىچىدىن ئەينى دەۋرنىڭ سىياسىي ، ئىجتىمائىي ھالەت-
لىرىنى ، شۇنداقلا خىلمۇخىل تەبىقىگە ، خاراكتېرگە ئىگە ئادەملەر-
نىڭ ئىچكى دۇنياسىنى قېزىپ چىقىپ ، روشەن بەدىئىي يۈكسەكلىك
بەرپا قىلدى . شۇنداقلا ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق مىللەتنىڭ بىر
پۈتۈن مەنىۋى جاراھەتلىرىنى پاش قىلدى . تارىختىن بۇيان داۋام
قىلىپ كەلگەن نىزا ، جاڭجاللارنىڭ تۈپ سەۋەبلىرىنى كۆرسىتىپ
بەردى . بەزى ئەسەرلىرىدە بولسا رېئال تۇرمۇشتىكى خىلمۇخىل زىد-
دىيەتلەر ، كونا ئۆرپ - ئادەتلەر ، مۇتەئەسسىپلىك ھەمدە ئادەملەر
ئوتتۇرىسىدىكى ھەسەتخورلۇق ، مۇناپىقلىقتا ئوخشاش ئىللەتلەر قات-
تىق قامچىلاندى . ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە مانا مۇشۇنداق كەڭ ئىجتىما-
ئىي مەزمۇن سىڭدۈرۈلگەن بولغاچقا ، بەدىئىي تەسىرى ۋە ھاياتىي
كۈچى زور بولدى . مەسىلەن ، ئۇنىڭ «قانلىق يىللار» ناملىق دراما-
سىدا تارىخىمىزدىكى دىنىي نىزالار ئاساسىي مەزمۇن قىلىنىپ ، قا-
راڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق ، بۆلۈنۈشكە قارشى تۇرۇش ، ئادالەت
بىلەن ئادالەتسىزلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر كۈرەشلەر بىرقانچە پېر-
سوناژلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى ، ئىدىيىسى ، ھايات قارىشى ۋە ئازابلى-
رى ئارقىلىق ناھايىتى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلگەن . بولۇپمۇ ئاق تاغ-

لىق خوجىلار بىلەن قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ بىر ـ بىرىنى قىرغىن
قىلىش ، بىر ـ بىرىنى يەكلىشىدىن كېلىپ چىققان ئېچىنىشلىق
ئاقىۋەتلەر ئارقىلىق سەئىدىيە خانلىقى بەرپا قىلغان پەن ـ مەدەنىيەتـ
نىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىدەك ئۇنتۇلغۇسىز
رېئاللىق تولىمۇ جانلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن . تۇرسۇن يونۇس تارىختا
مۇھىم ئورۇن تۇتقان مانا مۇشۇ قانلىق كۈرەشنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىـ
سىنى خېلىلا تەسىرلىك ئىپادىلەپ ، بۈگۈنكى ئەۋلادلارغا مىللىـ
تىمىز بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى ـ توقاي ھايات مۇساپىسىنى
بىلدۈردى . شۇ ئارقىلىق ھۆرلۈك ، ئىناقلىق ۋە ئادالەتتىن ئىبارەت
ئۇلۇغۋار بىر ئىستەكنى نامايان قىلىپ ، مىللىتىمىزنىڭ روھىدىكى
مەنىۋى زەئىپلىكنى يوقىتىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى .
«مۇقام ئەجدادلىرى» دا بولسا يەكەن خانلىقىنىڭ سۇلتانى ، مەرىپەتـ
پەرۋەر شائىر ئابدۇرېشىتخان ۋە ئۇنىڭ خانىشى مۇقامشۇناس ئاماننىـ
سا خېنىمنىڭ «ئون ئىككى مۇقام» نى رەتلەش جەريانىدا دۇچ
كەلگەن خىلمۇخىل ئازابلىرى ۋە ئوردا ئىچىدىكى خوجا ـ ئىشانلار
بىلەن بولغان زىددىيەت ـ كۈرەشلىرىنى تەسۋىرلەپ ، ئەينى دەۋردىكى
سەنئەتكە ئىشتىياق باغلىغۇچىلار بىلەن سەنئەتكە چىش ـ تىرنىقىغىچە
ئۆچمەنلىك قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بىر مەيدان تراگېدىـ
يىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى . «گۈلدەستە» ناملىق درامىدا بولسا
يۇقىرىقى درامىغا ئوخشاشلا سەنئەتكارلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى بايان
قىلىنغان بولۇپ ، سەنئەت ۋە سەنئەتكارلارنى قەدىرلەشتىن ئىبارەت
مۇھىم ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن . سەنئەتكارلارغا ھەسەت قىلغۇچىلار ،
كۆرەلمەسلەر ، پىتنىخورلار قاتتىق مەسخىرە قىلىنغان . «كۈتۈلمىـ
گەن توي» دا بولسا يېقىن تۇغقانلارنىڭ ، بولۇپمۇ نەۋرىلەرنىڭ ئۆزئارا
توي قىلماسلىقى تەكىتلىنىپ ، نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان ھۆكۈم سۈـ
رۈپ كەلگەن فېئودال كونا ئۆرپ ـ ئادەت ۋە قائىدىلەر كۈچلۈك
يۇمۇرلۇق ئاستىدا پاش قىلىنغان . ئاتا ـ ئانىلارغا نەۋرىنى نەۋرىگە



چاتقاندا كېلىپ چىقىدىغان ئېچىنىشلىق ئاقىۋەت كۆرسىتىپ بېرىلـ
گەن . ئۇنىڭدىن باشقا تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ «دۇنياۋى تىلسىمات» ،
«سۇرگۈن قىلىنغان قۇللار» ناملىق درامىسىدىمۇ بەلگىلىك مەزمۇن
ئارقىلىق رېئال تۇرمۇشنىڭ زىددىيەتلىك ھالەتلىرى كۆرسىتىپ بې-
رىلگەن . بىز ئۇنىڭ يۇقىرىقى بىر قاتار ئەسەرلىرى ئارقىلىق شۇنداق
چۈشەنچىگە كېلىمىزكى ، تۇرسۇن يونۇس ئالدى بىلەن ئۆز ئەسەرلىـ
رى ئارقىلىق ھەم مىللىتىمىزنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ، قالاقلىـ
قىنى پاش قىلىدۇ ، ھەم خەلقنى ئۆتمۈشتىن ساۋاق ئېلىپ گۈزەل
بىر كېلەچەكنى بەرپا قىلىشقا ئۈندەيدۇ . دېمەك ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى
مانا مۇشۇنداق چوڭقۇر ئىدىيىۋى پىكىر ۋە بەدىئىي غايە بىلەن يۇغۇـ
رۇلغان بولغاچقا ھەم كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى ، ھەم يۈكسەك
ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى . بولۇپمۇ «ئەگرى پاچاقتا دوناي
توقماق» ناملىق كومېدىيىسى پۇل ئۇچۇن نومۇس ، ۋىجداننى ئۇنتۇپ
قالغان ، پۇلنى دەپ شەرمەندە ئاقىۋەتكە قالغان ئاچ كۆز كىشىلەرنىڭ
قىلمىشلىرىنى پاش قىلىپ ناھايىتى زور غۇلغۇلا قوزغىدى . ساختا
مال ئىشلەپ چىقارغۇچىلارغا ۋە ئۇنى ساتقۇچىلارغا قاقشاتقۇچ زەربە
بەردى . بۇ كومېدىيە ئۆزىنىڭ ھەجۋىي تۈسىنىڭ بىر قەدەر قويۇقلۇـ
قىنى ، ۋەقە ـ تەپسىلاتلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە تولىمۇ ماسلاشقانلىقى ،
بەدىئىيلىكىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ، ئەڭ مۇھىمى جەمئىيىتىمىزدىكى
ناچار قىلمىشلارنى ، مىللىتىمىزدىكى ساختىلىق ئېغىنى تەسىرلىك
ئىپادىلىگەنلىكى بىلەن بەلگىلىك ئىجتىمائىي قىممەت ياراتتى .
ئومۇمەن ئالغاندا ، تۇرسۇن يونۇس درامىلىرى رېئال ھاياتنىڭ
ھەممە تەرىپىگە چېتىلغان بولۇپ ، تېما دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ ،
پىكرى چوڭقۇر ، پېرسوناژلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە روھىي تولغۇـ
نۇشلىرى شۇ دەۋرنىڭ خاراكتېرىگە تولىمۇ ماسلاشقان . بىز ئۇنىڭ
بىر قاتار ئەسەرلىرى ئارقىلىق ھەم قەدىمكى تارىخىي پاجىئەلىرىمىز-
نى ، ھەم ھازىرقى دەۋردىكى مەنىۋى زەئىپلىكلىرىمىزنى تولۇق بىلەـ

لەيمىز . ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىش ھەققىدە ئويلىنىپ قالىمىز . ئادەمنى ئازابلىق خىياللارغا غەرق قىلىۋېتەلەيدىغان ھەم ھاياجانغا سالالايدىغان مۇنداق سېھرىي كارامەت تۇرسۇن يونۇس درامىلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن بىللە، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى يۈكسەك بىر پەللىگە ئېلىپ كىردى . بىز تۇرسۇن يونۇسنىڭ ھەربىر پارچە ئەسىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلىدىغان بولساق دەل ئاشۇ خىل بەدىئىي قۇدرەتنى ھېس قىلالايمىز .

## «ئەگرى پاچاققا دوناي توقماق» ناملىق كومېدىيە

تۇرسۇن يونۇس تىياتىر ساھەسىدە ھەر خىل ئېقىم، ئۇسلۇب ۋە شەكىللەرنى پۇختا ئۆگىنىپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەسەرلەرنى يېزىپ كېلىۋاتقان دراماتورگدۇر . ئۇنىڭ «ئەگرى پاچاققا دوناي توقماق» ناملىق كومېدىيىسى تېمىسىنىڭ يېڭىلىقى، ئىپادىلىگەن مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، پېرسوناژلارنىڭ يۇمۇرلۇقلۇقى بىلەن ئادەمنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىدۇ . بۇ كومېدىيە «پۇل دېگەن نەرسە» ناملىق فىلىمنىڭ ئەينەن ئۆزگەرتىلىشى بولۇپ، قۇرۇلما جەھەتتىن غەرب تىياتىرچىلىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان .

كومېدىيىدە گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ كەسكىن ئېلىشىشى باش تېما قىلىنىپ چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغان . پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىشتىن تارتىپ، ھەربىر ۋەقە، دېتالغىچە قويۇق كومېدىيىلىك تۈس سىڭدۈرۈلگەن .

كومېدىيىنىڭ ئاساسلىق پېرسوناژلىرى كازىم بوۋاي بىلەن تەلەيخان بىر ـ بىرىدىن قېلىشمايدىغان نەپسانىيەتچىلەر بولۇپ، ئۇلار پىكىر ۋە ئىدىيە، بايلىق ۋە مەرتىۋە، ئەقىل ۋە ماھارەتتە بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىشىدۇ . شۇنداقلا بىر ـ بىرىنىڭ پېيىنى قىرقىي-



دىغان، رەزىللىك بىلەن ئۆزئارا قۇدا بولۇشماقچى بولغان يۇمۇرلۇق ۋەقەنىمۇ ئاشكارىلايدۇ . كازىم بوۋاي كارتون قەغەزدە ئاياغ تىكىپ قىممەت باھادا ساتسا، تەلەيخان ئېشەك تۈكىدە چىپتا گىلەم توقۇپ بازار تاپىدۇ . ئەمما، خېرىدارنى ئالدايدىغان مۇنداق شەرمەندە سودىغا ھەر ئىككىسىنىڭ پەرزەنتلىرى قارشىلىق كۆرسىتىدۇ . ئەمما، پۇل ئالدىدا كۆزلىرى قىزىرىپ ئۆزىنى تۇتالمايدىغان نەپسىياتچى كازىم بوۋاي بىلەن تەلەيخان زادىلا نىيىتىدىن يانمايدۇ . ئۇلارنىڭ بۇ خىل رەزىللىكى ئاخىرىدا پەرزەنتلىرىنىڭ نىكاھ ئىشىغىمۇ بېسىپ كىردى . تەلەيخان قىزى ئاينۇرنى كازىم بوۋاينىڭ ئوغلىغا بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ناھايىتى كۆپ مال ـ دۇنيا ئۇندۇرۇۋالماقچى بولىدۇ . ئەمما، ئوغلى دىلشات قېرىشقاندەك كازىم بوۋاينىڭ قىزى شەھىدەنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ . كازىم بوۋاي بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قايچا قۇدا بولۇش ئارقىلىق تەلەيخاندىنمۇ ناھايىتى كۆپ مال ـ دۇنيانى قولغا چۈشۈرۈۋېلىش نىيىتىگە كېلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن پۇل ۋە مال ـ دۇنيا ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىۋەتكەن بۇ ئىككى مەككار تىجارەتچى ھەممە رەزىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ناھايىتى كۆپ مىقداردا يالغان ئاياغ ۋە يالغان گىلەملەرنى ئىشلەپچىقىرىپ خېرىدارلارنى ئالداپ، بازارنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ . ئۇلار ھە دېسىلا پەرزەنتلىرىگە پۇل ھەققىدە داۋراڭ سالىدۇ . قۇدىلىرىغا تويلۇقنى ئېغىر سېلىش ھەققىدە باش قاتۇرۇپ، چارە ـ ئامال ئويلايدۇ . بۇ كومېدىيىدە ئىككى ئائىلىنىڭ پۇل تېپىش جەريانىدىكى قوللانغان ۋاسىتىلىرى، ئۇلارنىڭ ئوخشاشمىغان ئىدىيە ـ خاراكتېرى ۋە پۇلنى دەپ شەرمەندە ئاقىۋەتكە قالغانلىقى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن ئىپادىلەنگەن . بۇ ئارقىلىق ئەسەرنىڭ تەربىيىۋى قىممىتى، بەدىئىي قىممىتى ۋە كومېدىيىلىك قىممىتى بەلگىلىك ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن .

كومېدىيىلىك ئەسەرلەرنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى كۈلكە پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت . كۈلكە پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە پېرسوناژ-

لارنى كومېدىيىلىك ھېسسىيات ۋە ھەرىكەتكە ئىگە قىلىش، ۋەقە ۋە دېتاللارنى كومېدىيىلىك شەكىلگە بويسۇندۇرۇش زۆرۈر. مۇنداق بولمايدىكەن ئەسەردىكى پېرسوناژ ۋە ۋەقەلەر ھەقىقىي كومېدىيىلىك خاراكتېرىنى نامايان قىلالمايدۇ. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن تەلەيخاننىڭ ئېشەك تۈكىدە توقۇغان چېپتا گىلىمى بىلەن كازىم بوۋاينىڭ كارلۇن قەغەزدە ئىشلىگەن يالغان ئايىغى كومېدىيىلىك ھادىسە پەيدا قىلغۇچى ئامىللار بولۇپ، بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە ئاشۇ پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىش، ۋەقەنى راۋاجلاندۇرۇش، شۇنداقلا بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئىدىيىنى ئېچىپ بېرىش رولىنى ئوينىغان. كازىم بوۋاي تەلەيخان ئىشلەپچىقارغان گىلەمنى سېتىۋالسا، تەلەيخان كازىم بوۋاينىڭ ئاياغلىرىنى سېتىۋالىدۇ. ئۇلار گەرچە شۇنچىلىك شەخسىيەتچى ھەم كىشىلەرنى قاقتى - سوقتى قىلىشتا ئالاھىدە ماھارەت ئىگىلىگەن بولسىمۇ، ئاخىرىدا تەبىئىي ھالدا بىر - بىرىگە ئالدىنىپ قالىدۇ. بۇ يەردە ئۇلارنى ھەم ئالداپ قويغان، ھەم ماھىيىتىنى، خاراكتېرىنى ئاشكارىلىغان، شۇنداقلا ئەسەرنىڭ كومېدىيىلىك رەڭدارلىقىغا ئىگە بولۇشىغا تۈپ مەنبە بولۇۋاتقان ئاساسىي نەرسە يالغان ئاياغ بىلەن چېپتا گىلەم بولۇپ، پۇلغا ئىشتىياق باغلىغان، پۇل ئۈچۈن نومۇس ۋە ئىمانىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان كازىم بوۋاي بىلەن تەلەيخان ئەنە شۇ ساختا ماللارنىڭ بىچارە قۇلىدىن ئىبارەت. ئۇلار پۇلنى دەپ بىر - بىرىنى ئالداپلا قالماي، بەلكى بىر مۇنچە كۈلكىلىك ئىشلارنى قىلىدۇ. بىر - بىرىگە ئالدانغانلىقىنى بىلگەندە بولسا غەزىپى ئىچىگە سىغماي «سەن كاززاپ، سەن كاززاپ» دەپ بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى بولسا ئەركىن مۇھەببەت يولىدا ساپ ۋىجدانى، ئەقىل - پاراستى ۋە قايناپ تۇرغان جۇشقۇن ھېسسىياتىنى نامايان قىلىدۇ. ئەسەردە باشتىن - ئاخىر كومېدىيىلىك سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئىككى كاززاپ تىجارەتچى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ ھازىرقى ئۈچۈر



دەۋرىدىكى روھىي دۇنياسى ئېچىپ بېرىلگەن، شۇنىڭدەك گۈزەللىكنىڭ ھامان رەزىللىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىدەك ھەقىقەت نامايان قىلىنغان.

بۇ ئەسەر بەلگىلىك كومېدىيىۋى شەكىل ۋە ئالاھىدىلىككە، ھەربىر پېرسوناژ ھەقىقىي كومېدىيىۋى ھېسسىيات ۋە ھەرىكەتكە، ھەربىر ۋەقە، دېتاللار ئىشەنچلىك ۋە تەسىرلىك كومېدىيىۋى باغلىنىشقا ئىگە بولۇپ، تۇرسۇن يونۇسنىڭ «قانلىق يىللار»، «دۇنياۋى تىلسىمات» قاتارلىق ئەسەرلىرىگە ئوخشاش ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى ئىزچىللىقى، شەكلىدىكى يېڭىلىقى، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ يارىتىلىشىدىكى كۆپ قىرلىقلىقى، يۇمۇرلۇق دىئالوگلارغا تويۇنغانلىقى بىلەن يۈكسەك بەدىئىي قىممەت ياراتتى. شۇنداقلا يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر دراما سەنئىتىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتتى. بولۇپمۇ پۇلنى دەپ ھەممە شەرمەندىچىلىك ۋە ئىپلاسلىقلاردىن يانمايدىغان نەپسانىيەتچى كىشىلەرگە قاتتىق پەشۋا ئۇردى. بۇ درامىدا بايان قىلىنغان ۋەقەلەر، پېرسوناژلار يەنە نەچچە يىل ئۆتسىمۇ يەنىلا ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلالايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ كەسكىن ئېلىشىشىدەك تارىخىي رېئاللىق ئوبرازلاشتۇرۇلۇپ، بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈپ گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

## تۇرسۇنجان لېتىپ

### ھاياتى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيىتى

تۇرسۇنجان لېتىپ يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر دراماچىلىقىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان دراماتورگلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ

ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى ھەققىدە
گەۋدىلىك بولۇپ، مۇبادا ئۇنىڭ درامىلىرى بولمىغان بولسا، دراما-
چىلىقىمىزنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى بۇنچىلىك رەڭدارلاش-
مىغان، دراماچىلىقىمىزدىكى يېڭىلىق يارىتىش خاھىشى ئۇچۇن بۇن-
چىلىك داغدام يول ئېچىلمىغان، دراماچىلىقىمىزنىڭ كومېدىيىلىك
تۇسى بۇنچىلىك يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلمىگەن بولاتتى.

تۇرسۇنجان لېتىپ مىلادىيە 1945 - يىلى 11 - ئايدا ئۇرۇمچىدە
تۇغۇلغان. مىلادىيە 1952 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە باشلانغۇچ،
ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. مىلادىيە 1959 - يىلدىن تارتىپ
باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. مىلا-
دىيە 1982 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات -
سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، «شىنجاڭ سەنئىتى»
ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. تەھرىر بۆلۈمىگە كېلىدىغان
ھەر خىل سەۋىيىدىكى دراما ئەسەرلىرى ئۇنى بەزىدە خۇش قىلىپ
ھاياجانغا سېلىپ، بەزىدە نارازى قىلىپ ئۇنى دراما ئىجادىيىتىگە
قىزىقتۇرغان. مۇشۇ مەزگىللەردە يازغان بىر قىسىم دراما ئەسەرلى-
رىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن ئۇ مىلادىيە 1988 - يىلى شىنجاڭ
ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ كەسپىي ئىجادىيەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىنغان.
شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە مۇشۇ ئورۇندا كەسپىي ئىجادىيەتچى
بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

تۇرسۇنجان لېتىپ دراما ئىجادىيىتىگە مىلادىيە 1980 - يىللار-
نىڭ باشلىرىدا كىرىشكەن. گەرچە ئۇنىڭ دراما ئىجادىيىتى سەل
كېيىنرەك باشلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۇ ساھەدە قولغا كەلتۈر-
گەن نەتىجىلىرى ناھايىتى گەۋدىلىك بولدى. 1983 - يىلى ئۇ «ئې-
زىتقۇ» ناملىق بىر پەردىلىك درامىسىنى يېزىپ چىقتى. يازغۇچىنىڭ
دراما ئىجادىيىتىدىكى تۇنجى سىنىقى بولۇشىغا قارىماي خېلىلا مۇۋەپ-
پەقىيەتلىك چىققان بۇ ئەسەر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىپ، سەھنىدە



ئوينىلىپ كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىغا ئېرىشتى. دراماتورگ
بۇ درامىسىدا، كومېدىيىلىك ۋاستىلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلى-
نىپ، ئالدامچى، دىنىي تونىغا ئورىنىۋالغان يالغان سوپىنىڭ ساددا،
نادان دېھقانلارنى ئالداپ، خۇراپاتلىق يولى بىلەن كېسەل داۋالايمەن
دەپ، دېھقانلارنى قاقتى - سوقتى قىلغانلىقى ۋە ئاخىرىدا شەرمەندى-
لەرچە پاش بولۇپ، تېگىشلىك جازاسىنى تارتقانلىقىدىن ئىبارەت
ئىبرەتلىك ۋەقەنى ھېكايە قىلىش ئارقىلىق، دىنىي تونىغا ئورىنىۋال-
غان ئالدامچىلىقنى ۋە خۇراپاتلىققا قارىغۇلارچە ئىشىنىشتەك نادانلىق-
نى كېلىشتۈرۈپ پاش ۋە تەنقىد قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە
كىشىلەرنى خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئىلىم - پەن يولىنى تۇتۇشقا،
نادان، ئەخمەق بولماسلىققا چاقىرغان. دراماتورگ جانلىق، قىزىقار-
لىق ۋەقەلەر، روشەن خاراكتېرلار ئارقىلىق ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي
ئۇنۇمىنى، تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت
بەرگەن. گەرچە بۇ ئەسەر ئومۇمىي جەھەتتىن سەل ئاددىيراق چىقىپ
قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئاكتىپ مەزمۇن - ئىدىيىسى، مۇكەممەل
قۇرۇلمىسى، جانلىق زىددىيەت - توقۇنۇشلىرى، روشەن خاراكتېر-
لىك پېرسوناژلىرى، بولۇپمۇ قويۇق كومېدىيىلىك تۇسى بىلەن ئۆزى-
دىكى يوشۇرۇن ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى تۇنجى قېتىم ئاشكارىلىدى.
بۇ كومېدىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى تۇرسۇنجان لېتىپنى كومېدىيە ئىجا-
دىيىتىگە تېخىمۇ قىزىقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن 1984 - يىلى «توخ-
تاڭ، توختىمەت» ناملىق يەنە بىر كومېدىيىسىنى يېزىپ چىقتى.
بۇ كومېدىيىدە، ئۆز مەنسىپىنى ئۆستۈرۈش تەمەسىدە يۇقىرىغا خۇشا-
مەت قىلىپ، تۆۋەندىكىلەرنى بېسىپ جاھانسازلىق قىلىدىغان يېزا
باشلىقى توختىمەتنىڭ خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگەن ناھىيە ھاكىمىنى
ئۆيىگە باشلاپ ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىش كويىدا پايپېتەك بولۇپ
يۈرگەنلىكى، ئەمما ئۇنىڭ ئايالى ھېپىزىخاننىڭ ھاكىمنى ياغاچچى
دەپ، ياغاچچىنى ھاكىم دەپ قاراپ، ئىككىسىگە قىلىنىدىغان پەرق-

لىق مۇئامىلىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپ ئوسال ئەھۋالدا قالغانلىقى ۋە
ئېرىنىڭ «شېرىن چۈش» لىرىنى بەربات قىلىۋەتكەنلىكى ھېكايە
قىلىنغان . بۇ درامىنىڭ ئىجتىمائىي خاھىشى ئاكتىپ بولۇپ ، ئۇنىڭ-
دا توختىمەتكە ئوخشاش تۆۋەننى بېسىپ ، يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىدى-
غان ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئەمەس ، بەلكى ئەمەل -
ھوقۇقنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بىر قىسىم بيۇروكرات ، ،
چىرىك ، ئىقتىدارسىز ئەمەلدارلار مەسخىرە ئىچىگە قويۇلۇپ تەنقىد
قىلىنغان . ئابدۇللا ھاكىمغا ئوخشاش خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى
شەرەپلىك مەجبۇرىيىتىم دەپ قارايدىغان ، ئادىل ، كەمتەر ، سەمى-
مىي ، ئەمەلىي ئىشلەيدىغان ، پاك - دىيانەتلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئوبرا-
زىنى گەۋدىلەندۇرگەن . خاراكتېرى بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىد-
ىغان بۇ ئوبرازلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرما قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ
ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۇرۇش بىلەن بىرگە يەنە ئەسەر مەزمۇنىنىمۇ
بەلگىلىك چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلغان . تۇرسۇنجان لېتىپ ئىجادىيىتىد-
ىكى رېئاللىققا يېقىندىن ياندىشىش ، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى
ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئوخشاش خاھىشلار ئۇنىڭ مۇشۇ بىر قاتاردىكى
دەسلەپكى ئەسەرلىرىدىلا خېلى گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تې-
پىشقا باشلىغان .بۇ درامىنىڭ سۇژىتىدا «ئۇقۇشماسلىق» ناھايىتى
مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . ئۇقۇشماسلىق — كومېدىيىلەردىكى مۇھىم
بىر ماھىرلىق ھەم ۋاستە بولۇپ ، بۇ ئارقىلىق تېخىمۇ يۇقىرى
بولغان ئىپادىلەش ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ . تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ
بۇ درامىسىدىكى ھاكىم بىلەن ياغاچچىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشتىن
كېلىپ چىققان بۇ ئۇقۇشماسلىق ئەمەلىيەتتە درامىنىڭ ھالقىلىق
يېرى بولۇپ ، بۇ بىر تەرەپتىن درامىنىڭ كومېدىيىلىك تۈسىنى
ناھايىتى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن پېرسوناژ-
لار خاراكتېرىنى تېخىمۇ يورۇتۇپ بەرگەن ھەمدە ئەسەردىكى دراماتىك
توقۇنۇشنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرگەن . تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ ئۇ-



قۇشماسلىقتىن پايدىلىنىپ ، بۇ ئارقىلىق بەدىئىي ھەم ئىجتىمائىي
ئۈنۈم يارىتىشى خېلى نەتىجىلىك بولغان .
«چىن مۇدەن» — تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ تۇنجى يىرىك درامى-
سى ، شۇنداقلا تارىخىي تېمىدا يازغان بىردىنبىر دىرامىسى . شاھىدىن
گۆھىرى بىلەن ئىجادىي ھەمكارلىقتا يېزىلغان بۇ دراما 7 پەردىدىن
تەشكىل تاپقان . درامىدا ئەركىنلىك ۋە مۇھەببەت يولىدا جان پىدا
قىلغان ، زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇشتىن ئۆلۈمنى
ئەۋزەل كۆرىدىغان ، بىر ناتىۋان قىز بولۇشىغا قارىماي ، زالىم ھۆ-
كۈمرانلارغا قارشى كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلغان ، شۇ سەۋەبتىن
ئەسىرلەردىن بېرى خەلقىمىز قەلبىدىن پەخىرلىك ئورۇن ئېلىپ ،
خەلق ئاغزىدا ناخشا - داستان ئارقىلىق تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان قەھ-
رىمان ، ۋاپادار ئۇيغۇر قىزى چىن مۇدەننىڭ يارقىن ئوبرازى يارىتىل-
غان .
«بىزگە ئىشىنەمسىز »ناملىق دراما تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ ۋە-
كىللىك ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ ، ئۇ يازغۇچىنىڭ دراما ئىجادىيد-
ىتىدە پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى ، شۇنداقلا ئىجادىيەتتە ئۆزىگە خاس يول
تاپقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى . «بىزگە ئىشىنەمسىز» 6 كۆرۈنۈش-
لۈك ، چوڭ ھەجىملىك كومېدىيە بولۇپ ، مىلادىيە 1986 - يىلى
يېزىلغان . ئۇنىڭدا ئىسكەندەر ، خالىق ، رابىيە ، سانىيە قاتارلىق بىر
تۈركۈم يېزا ياشلىرىنىڭ ئۆز يېزىسىدا سۈت مەھسۇلاتلىرىنى پىش-
شىقلاپ ئىشلەش جەريانىدا باشتىن كەچۈرگەن ئەگرى - توقاي ،
مۇرەككەپ سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق ، يېزا ئىسلاھا-
تى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان دەسلەپكى مەزگىللەردىكى كونا - يېڭى ئىدىيە -
قاراشلارنىڭ زىددىيىتى ، يېزا ئىسلاھاتىدا دۇچ كەلگەن ئەمەلىي مە-
سىلىلەر ، ئىگىلىك تىكلەش جەريانىدىكى كۈرەشلەر ، ئادىمىيلىك
پەزىلەت ، كەسىپ ، مۇھەببەت . . .قاتارلىق كەڭ ئىجتىمائىي مەنزىرە
ۋە مۇھىم ئەخلاقىي مەسىلىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . درامىدىكى ئاسا-

سي ۋەقەلىك زاۋۇت قۇرۇش مەسلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات
يايدۇرۇلىدۇ . شەھەر ئەتراپىدىكى مەلۇم يېزىدا باقمىچىلىق كەسپىمۇ
خېلى راۋاجلانغان بولۇپ ، دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ سۇتلىرىنى سېتىش
ئارقىلىق ئىقتىسادىي كىرىم يارىتىدۇ . ئەمما ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقى-
رىش ئۇسۇلى قالاق بولغاچقا ، سۇتلىرىنى تولۇق ساتالماي ، كۆڭۈلدى-
كىدەك ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتالمايدۇ ، ھەتتا بەزىلىرى زىيان تارتىپ
كېتىدۇ . بۇنداق ئەھۋالغا خاتىمە بېرىپ ، دېھقانلارنى ئەمگىكىگە يارى-
شا مەلۇم كىرىمگە ئىگە قىلىش ، يېزىدا ئىگىلىك تىكلەپ ئىقتىسادىي
جەھەتتىن قەد كۆتۈرۈش مەقسىتىدە ، يېزىدىكى بىر تۈركۈم ياشلار
يېزىدا سۈت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرماقچى
بولىدۇ . ئۇلار ئالدى بىلەن زاۋۇت قۇرۇشقا كېرەك بولىدىغان مەب-
لەغنى قانداق ھەل قىلىشتىن ئىبارەت قىيىن مەسلىگە دۇچ كېلى-
دۇ . ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان پۇل يىغىپ مەبلەغ توپلاش پىلانىنى
بەزىلەر قوللايدۇ ، بەزىلەر قوللىمايدۇ ، ھەتتا بەزىلەر زاۋۇت قۇرۇش
ئىشىغىمۇ قارشى چىقىپ ، قەستەن قىيىنچىلىق پەيدا قىلىدۇ . مانا
مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋالدىمۇ ئىسكەندەر قاتارلىقلار ئۆزلىرى باشلى-
غان ئىشنىڭ توغرىلىقىغا ، دېھقانلارغا ئەمەلىي ئىقتىسادىي ئۈنۈم
ئېلىپ كېلىپ ، يېزىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدى-
غانلىقىغا تولۇق ئىشىنىدۇ ، ھەمدە بۇ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش
ئۈچۈن قىيىنچىلىق ، توسالغۇلارغا باش ئەگمەي ، ئۇلار ئۈستىدىن
غالىب كېلىپ ، ئاخىرى زاۋۇتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قۇرۇپ
چىقىدۇ . يازغۇچى درامىدا زاۋۇت قۇرۇش ئىشىنى چۆرىدىگەن ئاسا-
تا ، ئۇلۇغۋار غايە ، قەتئىي ئىرادىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان
قىلغان ، خەلق مەنپەئىتى ۋە بەختى ئۈچۈن ئىشلەشنىڭ ھامان خەير-
لىك بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن ، شۇنداقلا يەنە ئىسلاھات دەۋرىدە
ئۆسۈپ يېتىلگەن ، ئىگىلىك تىكلەش يولىدا جاپالىق كۈرەش قىلىۋاتى-
قان ، ئۆز ئىشلىرىدا نەتىجە يارىتىپ كىشلەرگە بەخت يارىتىۋاتقان



يېڭى دەۋر ياشلىرىنى ، ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراستى ، كۈچ - غەيرى-
تى ، ئىرادە - غايىسى ، نەتىجە - مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قىزغىن مەد-
ھىيىلىگەن . ئەسەردىكى ئىسكەندەر ئىسلاھات دەۋرىدە ئىگىلىك تىك-
لەپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن ياشلارنىڭ ۋەكىلى . ئۇنىڭ خاراكتې-
رى ناھايىتى يارقىن يارىتىلغان بولۇپ ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭدا نامرات-
لىقتىن قۇتۇلۇش ، ئىگىلىك تىكلەش ، قېرىنداشلىرىغا بەخت يارى-
تىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايە بار . تېخىمۇ قىممەتلىك يېرى شۇ-
كى ، ئۇ ئاشۇ ئۇلۇغۋار غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەيسەرلىك
بىلەن كۈرەش قىلىدۇ ، قىيىنچىلىقلاردىن قورقۇپ قالمايدۇ ، توسال-
غۇلاردا توختاپ قالمايدۇ . ياخشى نىيەت ، قەتئىي ئىرادە ، ئەمەلىي
ھەرىكەت ئاخىرىدا ئۇنى نەتىجىگە ئېرىشتۈرىدۇ . خاراكتېر جەھەتتىكى
مانا مۇشۇنداق بىرقاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئىسكەندەر ئوبرازى
يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدا مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ئىسلاھاتچى
ياشلارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قالدى . بۇ دراما ئىسلاھات دەۋرىنىڭ ئالا-
ھىدىلىكىنى نىسبەتەن كەڭ ، چىن ، جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈشتەك
مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىياتىمىزدىمۇ مۇھىم ئو-
رۇن تۇتىدۇ . بۇ درامىنىڭ دەۋر روھى نىسبەتەن كۈچلۈك بولۇپ ،
ئۇنىڭدا يېڭى دەۋرنىڭ قاينام - تاشقىنلىق ، جەڭگىۋار تۇرمۇشى
ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ، كىشىلەر ئىدىيىسىدىكى يېڭى ۋەزىيەت ،
يېڭى يۈزلىنىش ، يېڭىچە قىممەت چۈشەنچىلىرىدىن تېگىرقاپ قېلىش-
تەك نىسبەتەن ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان روھىي ھالەتمۇ ئەينەن
يېزىلغان ، ئۇنىڭدىن باشقا ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان دەۋر تەرەققىيا-
تىدىكى ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولغان ياشلارنى ئاساس
قىلىپ يېزىلىشىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ . درامىنىڭ خاتىمى-
سىدىكى زاۋۇتمۇ قۇرۇلىدىغان ، تويمۇ بولىدىغان ، كۆز قاراشلارمۇ
بىرلىككە كېلىدىغان ، ھەممە خۇشاللىققا چۆمىدىغان مەنزىرە درامى-
نىڭ مۇكەممەللىكىنى سۇزىت - قۇرۇلما جەھەتتىن كۆرسىتىپ

بەرگەن ، ئۇنىڭدىن باشقا درامىدا كومېدىيىلىك تۇسمۇ ناھايىتى قويۇق
بولۇپ ، ھەر قەدەمدە كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ، ئەسەردە قىزغىن
كەيپىيات پەيدا قىلىدىغان كۆرۈنۈشلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ . قىسقىسى ،
«بىزگە ئىشىنەمسىز »دىرامىسى تۇرسۇنجان لېتىپ ئىجادىيىتىدىكى ،
شۇنداقلا يېڭى دەۋر دىرامىچىلىقىمىزدىكى بىر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەسەر
بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاشۇ يىللاردا سەھنىلىرىمىزنى قايتىدىن جانلان-
دۇرۇپ ، تاماشىبىنلىرىمىزنى ھاياجانغا سالغان ئىدى .
مىلادىيە 1990 ـ يىلى تۇرسۇنجان لېتىپ دراما ئىجادىيىتىدى-
كى ، شۇنداقلا يېڭى دەۋر ئۇيغۇر دىرامىچىلىقىدىكى خاسىيەتلىك بىر
يىل بولدى . شۇ يىلى تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ «قېرى يىگىتنىڭ تويى»
ناملىق دىرامىسى مەيدانغا كەلدى . مەزمۇنىدىن ئارتىپ شەكلىگىچە ،
ئۇسلۇبىدىن تارتىپ ئىجتىمائىي ئۇنۇمىگىچە يېپيېڭى قىياپەت بىلەن
ئوتتۇرىغا چىققان بۇ دىرامىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇيغۇر دىرامىچىلىقى-
نىڭ يېڭى بىر يۇكسەكلىككە قەدەم قويغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولدى .
تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ كېيىنكى يىللاردا يېزىلغان «تانسىكەش تۆمۈر
خوتۇنلار » ناملىق دىرامىسىمۇ جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى .
يازغۇچى بۇ درامىدا مۇبالىغە ۋاستىسىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ ،
باشلىقلارنىڭ تانسا ئويىنىشى ئۈچۈن مەخسۇس لايىھىلىنىپ ئىشلەپچى-
قىرىلغان تۆمۈر خوتۇنلارنىڭمۇ تانسا ئويناشقا بەرداشلىق بېرىپ بولال-
مىغانلىقىدەك تەپسىلاتنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ، بيۇروكراتلىق ، چى-
رىكلىكتىن ئىبارەت يامان ئىجتىمائىي ئىللەتنى مەسخىرە ۋە تەنقىد
قىلغان ، ئاددىي كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە تەقدىرىگە ھېسداشلىق
قىلىنغان . دراماتورگنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دىرامىسى ھېسابلانغان «كەچ
كۈزدىكى غېرىبلىق » بىر پارچە لىرىك دراما بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئاخىرقى
ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان ئانىنىڭ روھىي دۇنياسىنى تەسۋىرلەش ئار-
قىلىق ھازىرقى زامان تۇرمۇشىدىكى ، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردىكى ،
جۈملىدىن ئادىمىيلىكتىكى ئىنچىكە ئەمما ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشلەر-



نى تەسىرلىك كۆرسىتىپ ، ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇ-
رىغا قويغان .

## تۇرسۇنجان لېتىپ دراما ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

1 . تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ دراما ئىجادىيىتى يېڭى دەۋردىكى ئۇي-
غۇر دىرامىچىلىقىنىڭ تەرەققىيات يولىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ . تۇرسۇن-
جان لېتىپنىڭ دراما ئىجادىيىتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق ، مۇنداق
ئەھۋاللارنى ئۇچرىتىمىز : ئۇ ھەقىقىي مەنىدىكى يېڭى دەۋر دراما-
تورگ بولۇپ ، مىلادىيە 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىجادىيەتكە
كىرىشكەن ، ئۇنىڭ دىرامىچىلىقى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ مۇكەم-
مەللەشكەن ، ئەسەرلىرىدە يېڭى دەۋر دىرامىچىلىقىنىڭ ئالاھىدىكلىرى
گەۋدىلەنگەن . ئۇنىڭ دراما ئىجادىيىتى مەۋجۇت دىرامىچىلىق ئەندىز-
ىسگە تەقلىدىي ياندىشىش ، مەۋجۇت دىرامىچىلىق خاھىشىنىڭ يېڭى
بىر پەللىسىنى يارىتىش ، مەۋجۇت دىرامىچىلىقتىن ھالقىپ چىقىپ ،
يېڭى دىرامىچىلىق ئۇستىدە ئىزدىنىپ ، بۇ جەھەتتە چوڭ مۇۋەپپەقى-
يەتنى قولغا كەلتۈرۈش ، درامىغا پەلسەپىۋى مەنە ئېلىپ كىرىش ،
دىرامىنى لىرىكىلاشتۇرۇش ، درامىدا ھەجۋىي بىلەن فانتازىيىنى ما-
ھىرلىق بىلەن بىرلەشتۇرۇپ ، يۇقىرى بولغان بەدىئىي ھەم ئىجتىما-
ئىي ئۇنۇم پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت ئۆزگىچە بىر تەرەققىيات جەريانى-
نى بېسىپ ئۆتتى . تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ يىرىك ئەسەرلەر ئىجادىيىتى
دەۋرى گەرچە ئۇيغۇر دىرامىچىلىقى كرىزىسقا دۇچ كەلگەن ، دىرامىنىڭ
تاماشىبىنلىرى بارغانسېرى ئازىيىپ ، تىياتىرخانىلار چۆلدەرەپكېتى-
ۋاتقان شۇنداق بىر دەۋرگە توغرا كەلگەن بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ مۇشۇن-
داق كرىزىس دەۋرىدىمۇ يەنىلا غالىب كېلىپ ، كرىزىس دەۋرىدىكى
مۇنەۋۋەر دراماتورگلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ قالدى .
2 . تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ دراما ئىجادىيىتى يېڭىلىق يارىتىش

روھىغا ئىنتايىن باي . ئۇ ھەربىر درامىسىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ ، يېڭىلىققا باي درامىلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر دراماچىلىقىنى ئەنئەنىۋى ، قاتمال ، بىر خىل ھالەتتە تەكرارلىنىپ بارىدىغان ھالەتتىن تەدرىجىي قۇتۇلدۇرۇپ باردى . ئۇنىڭ بۇنداق ئالاھىدىلىكى «بىزگە ئىشىنەمسىز» ، «قېرى يىگىتنىڭ تويى» ، «تانسىكەش تۆمۈر خوتۇنلار» ، «كەچ كۈزدىكى غېرىبلىق» قاتارلىق درامىلىرىدا ئىزچىل ئىپادىلەندى . «قېرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسىنى مىسال ئالىدىغان بولساق ، بۇ درامىدا ئۇ ئەسەرنى سۇژېتسىزلاشتۇرۇش ، قەھرىمانسىزلاشتۇرۇش ، سىمۋوللاشتۇرۇش ، بىمەنىلەشتۇرۇش قاتارلىق ھازىرقى زامان دراماچىلىق ئۇسۇللىرىنى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنى ناھايىتى ماھىيەتلىك ئەكس ئەتتۈردى ، شۇنداقلا چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنلارنى ئىپادىلىدى . ئەسەر قۇرۇلمىسىدىكى ، دېكوراتسىيىسىدىكى يېڭىلىقلارمۇ نەتىجىلىك بولدى .

3 . تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ تېما تاللىشىمۇ ئالاھىدە بولۇپ ، ئۇ رېئاللىقتا ، كىشىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان ياكى كىشىلەرنىڭ ياشاش ھالىتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلىلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ ، شۇ ئاساستا دىت تۇرغۇزىدۇ . شۇڭا ئۇنىڭ درامىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك رېئال تېمىدا ، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ، ئىدىيىۋى ئەھۋالى ئاساسىدا يېزىلغان درامىلاردىن ئىبارەت . يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا ، ئۇ دەسلەپكى درامىلىرىدا ئاساسەن يېزا تۇرمۇشىنى يازغان بولسا ، كېيىنكى درامىلىرىدا بۇ خىل ئالاھىدىلىكىنى ئۆزگەرتىپ ، شەھەر تۇرمۇشىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ ، مۇشۇ ئارقىلىق ئىجادىيەت غايىسىنى كونكرېتلاشتۇردى .

4 . تۇرسۇنجان لېتىپ درامىلىرى يۇمۇرغا ئىنتايىن باي . شۇڭا ئۇنىڭ درامىلىرىنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك كومېدىيىلىك خاراكتېرگە



ئىگە . شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش كېرەككى ، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر دراماچىلىقىدا ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئەڭ يۈكسەك كومېدىيىلىك تۈس يارىتالىغان دراماتورگلىرىمىزنىڭ بىرى دەل تۇرسۇنجان لېتىپ بولۇپ ، ئۇنىڭ درامىلىرىدىن قىزىقچىلىق ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى بولغان كۈلكە يېغىپلا تۇرىدۇ ، ئۇنىڭ كۈلكىلىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ، يۈكسەك بولغان بەدىئىي دىتتىن ۋە نۇرغۇن تاللاش - تاۋلاشلاردىن كەلگەن بولۇپ ، ئادەتتىكى چاقچاققا ، مەسخىرىگە ، ھەزىلكەشلىككە زادى ئوخشىمايدۇ ، چۈنكى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى قىزىقچىلىق ، كۈلكىلەر ھەقىقىي مەنىدىكى سەنئەتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ، ئاشۇ قىزىقچىلىقلارنىڭ ، كۈلكىلەرنىڭ تېگىگە چوڭقۇر مەنىلەر يوشۇرۇنغان .

## «قېرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسى

«قېرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسى مىلادىيە 1990 - يىلى يېزىلغان بولۇپ ، تۇرسۇنجان لېتىپ ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس ، بەلكى يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر دراماچىلىقىدىكىمۇ مۇنەۋۋەر درامىلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ درامىدا يازغۇچى ئەنئەنىۋى ۋە مەۋجۇت دراماچىلىق چۈشەنچىلىرى ، شەكىللىرىدىن دادىللىق بىلەن ھالقىپ چىقىپ ، درامىنى تەشكىل قىلىدىغان ھەربىر تەركىبتە دادىللىق بىلەن يېڭىلىق ياراتقانىنىڭ ئۈستىگە ، ئۇيغۇر دراماچىلىقىغا يېڭىچە تەركىبىي قىسىملارنى ۋە يېڭىچە دراماچىلىق چۈشەنچىلىرىنى ئېلىپ كىردى ، شۇنداقلا ھازىرقى زامان غەرب دراماچىلىقىدا كۆپ قوللىنىلىۋاتقان سىمۋوللاشتۇرۇش ، سۇژېتسىزلاشتۇرۇش ، بىمەنىلەشتۇرۇش … كە ئوخشاش ھەر خىل بەدىئىي ئۇسۇللارنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئۆزلەشتۈرۈپ ، ئۇيغۇر دراماچىلىقىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىنمۇ كۆرۈنەرلىك بېيىتتى .

درامىنىڭ ۋەقەلىكى دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىن ئې-

لىنغان ، ئىنسان ھاياتىدىكى چوڭ ئىشلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان
توي ئەسەردىكى ئاساسلىق تېما قىلىنغان . دراما ۋەقەلىكى ئاشۇ تويىنى ـــ
باش قەھرىمان پازىلنىڭ تويىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇلغان .
پازىل ـــ مەلۇم تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تەھرىرى . ئۇ توي قىلىش يېشىدىن
ئاللىقاچان ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئەمما ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ
ناچارلىقى ، قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ كۆپلۈكى ، تويلۇق چىقىمىنىڭ
ئېغىرلىقى ، ئەتراپىدا توي ئىشىغا ھەقىقىي كۆيۈنىدىغان ئادەمنىڭ
يوقلۇقىغا ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن توي قىلالماي ، كىشىلەر تەرىپى-
دىن «قېرى يىگىت» دەپ ئاتىلىپ قالىدۇ . گەرچە ئۇ ئاخىرقى قېتىم
قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ ، روشەن بىلەن توي قىلماقچى بولغان بولسى-
مۇ ، ئەمما يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوخشاشلا توي قىلالمايدۇ .
يازغۇچى پازىلنىڭ مۇشۇ جەرياندىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى تەسۋىرلەش
ئارقىلىق ، جەمئىيەت ئەخلاقىنى بۇزۇپ ، كىشىلەرگە نۇرغۇن كۆ-
ڭۈلسىزلىكلەرنى ئېلىپ كېلىۋاتقان ھەر خىل ناچار ئىللەتلەرنى ،
چاكىنا قائىدە ـ يوسۇنلارنى ، بارغانسېرى باش كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان
ياتلىشىش ھادىسىسىنى قاتتىق مەسخىرە ۋە تەنقىد قىلغان . دراما مانا
مۇشۇ مەركىزىي ئىدىيىسى بىلەن خېلى يۇقىرى ئىجتىمائىي ئۈنۈم
پەيدا قىلىپ ، جەمئىيەتتە خېلى كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان . ئەسەر-
نىڭ قىممەتلىك بىر تەرىپى شۇكى ، يازغۇچى درامىنىڭ مەنە قاتلىمى-
نى كۆپ قاتلاملاشتۇرۇپ ، ئاشۇ مەركىزىي ئىدىيە ئاساسىدا يەنە بىر
بالداق چوڭقۇرلاپ ، ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن تويىنى سىمۋوللۇق مەنىگە
ئىگە قىلغان . توي ـــ پازىل يەتمەكچى بولغان ، ئەمما زادىلا يېتەلمى-
گەن بىر مەقسەتتىن ، ئارزۇ ـ غايىدىن ئىبارەت . پازىل قانچە قېتىم-
لاپ قەتئىي ئىرادىگە كەلسىمۇ ، قانچە كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆر-
سەتسىمۇ ئاخىرى يەنىلا توي قىلالمايدۇ . شۇڭا ، ئەسەردىكى توي يەنە
بىر مەنە قاتلىمىدا ئادەملەر ئېرىشمەكچى ، يەتمەكچى بولغان ، ئەمما
ھەر قانچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ ئېرىشەلمەيۋاتقان ، يېتەلمەيۋات-



قان ، شۇنداقتىمۇ زادىلا ۋاز كېچەلمەيدىغان ھەر خىل مەقسەت ،
نىشانغا سىمۋول قىلىنغان . ئەسەردىكى كۆپلىگەن تەركىبىي قىسىم-
لار ، تەپسىلاتلار مۇشۇ سىمۋولنى ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى گەۋدىلەندۈ-
رۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ، شۇنداقلا كىشىگە ، تېخىمۇ توغرىراقى
تاماشىبىنغا ، ئارزۇ تۇرۇپ ، مەقسەتمۇ بېكىتىلىپ ، تىرىشچانلىقمۇ
كۆرسىتىلگەن تۇرۇقلۇق پازىل نېمە ئۈچۈن توي قىلالمايدۇ ؟ ياكى
كىشىلەر نېمە ئۈچۈن مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ ؟ دېگەن مۇھىم بىر
سوئالنى قويىدۇ . بۇ سوئال تەبىئىي رەۋىشتە كىشىلەرنى دراماغا
باشلاپ كىرىپ ، دراماغا قاتناشتۇرىدۇ ، ئۇنىڭ مەنىسى كىشىلەرنى
يەنە درامىدىن تارتىپ چىقىرىپ ھايات ھەققىدە چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ .
ئەسەردىكى سىمۋول بىر تەرەپتىن ئەسەرنى كۆپ خىل مەنە قاتلىمىغا
ئىگە قىلغان بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن درامىنى قويۇق پەلسەپىۋى
تۈسكە ئىگە قىلغان .

«قېرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسىدا يازغۇچىنىڭ ماھىيەتلىك
ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى ناھايىتى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپ-
قان . درامىدا پازىلنىڭ توي قىلماقچى بولغانلىقى ، ئەمما ئېغىر
تويلۇق ، كىشىنى ھالىدىن كەتكۈزۈۋېتىدىغان قائىدە ـ يوسۇنلار ،
ھەر خىل ھەشەمەتچىلىكلەر ، نەتىجىسىز مەسلىھەتلەر سەۋەبىدىن
توي قىلالمىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر قاتار ۋەقەلەر قىزىقارلىق قىلىپ
تەسۋىرلەنگەن . يازغۇچى درامىدا تويىنى يېزىش ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە
جەمئىيىتىمىزدە مەلۇم دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان توي ـ
تۆكۈنلەردىكى ئېغىر سېلىق ، ھەشەمەتچىلىكلەرنى ، بىمەنىلىكى بى-
لەن كىشىنىڭ نەپرىتىنى قوزغايدىغان قاملاشمىغان قائىدە يوسۇنلار-
نى ، كىشىلەرنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن خارابلىققا باشلاۋاتقان
تۈگىمەس ئولتۇرۇش ـ چايلارنى ، ۋە شۇلارغا ئوخشاش بىرمۇنچە
زىيانلىق يۈزلىنىش ـ ئادەتلەرنى قاتتىق مەسخىرە تەنقىد قىلغان .
درامىدا يازغۇچى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەنە شۇنداق

ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بىلەن دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ ئادىمىيلىك
پەزىلەتلىرىدە ۋە مەنىۋى دۇنياسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ، يېگى-
دىن توختاۋسىز شەكىللىنىۋاتقان ھەر خىل ناچار ئىللەتلەرنى بەدى-
ئىي يول بىلەن ئارقىلىق مۇبالىغىلەشتۇرۇپ كۆرسىتىپ ، ئۇلارنىمۇ مەس-
خىرە ۋە تەنقىد قىلغان . يازغۇچى درامىدا بىر تەرەپتىن ئىجتىمائىي
مەسىلىلەر ھەققىدە توختالسا ، يەنە بىر تەرەپتىن مىللەتنىڭ ساپاسى-
غا ، تەسىرىگە ، ياشاش مۇھىتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان
مەنىۋى ئىللەتلەر ھەققىدىمۇ پىكىر يۈرگۈزگەن . يازغۇچى جەمئىيەت-
تىكى ناچار خاھىشلار بىلەن مەنىۋىيەتتىكى ئەجەللىك ئاجىزلىقلارنىڭ
ئۆزئارا باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشىپ ،
درامىدىكى تۇرمۇش ئاساسى كۈچلۈك ، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور
تەپسىلاتلار ، خاراكتېرلار ئارقىلىق كىشىلەرنى جەمئىيەت ۋە باشقىلار
ئالدىدا مەسئۇلىيەتچان بولۇشقا ، مەنىۋىيەتتىكى ھەر خىل ئىللەتلەر-
دىن قۇتۇلۇپ ، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۇرۇشكە چاقىرغان . ئەلۋەتتە بۇ
چاقىرىقنى يازغۇچى بىۋاسىتە ئەمەس ، بەلكى بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ
ياردىمىدە ، يۇقىرى ماھارەت بىلەن ، ئالدى بىلەن «قەلبنى ساپلاشتۇ-
رۇش» يولى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان .

«قېرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسىدا دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ
مەنىۋى دۇنياسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھەر خىل ناچار ئىللەت-
لەرنى ، خاھىشلارنى ؛ ئىنسانىي پەزىلەت ، ئەدەپ - قائىدە قاتارلىق
جەھەتلەردىكى بۇزۇلۇشلارنى ؛ ھاياتنى بىھۇدە ، مەنىسىز ئۆتكۈزۈش-
تەك ئېغىر ئىسراپچىلىقلارنى كۆرسىتىپ بېرىشكە ۋە ئۇلارنى مەس-
خىرە قىلىشقا ئالاھىدە كۈچ چىقارغان . ئەسەردىكى ھەسەن ئاكا ،
سائادەت ، تۇيغۇن ، خالىسە ، ئابلىمىت ، ياشار ، زىلەي ، ھەسەلخان
قاتارلىق پېرسوناژلار ئوبرازى ئەمەلىيەتتە يازغۇچىنىڭ ھازىرقى زا-
مان ئادەملىرى ھەققىدىكى چوڭقۇر ئويلىنىشلىرىنى كونكرېتلاشتۇ-
رۇپ بېرىدۇ . ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك توي -



تۆكۈن ، زىياپەت - ئولتۇرۇش ، چاي ۋە باشقا رەسمىيەتلەردىكى
ھاراق - شاراب ، كەيپ - ساپالارنىڭ دەستىدىن باشلىرى ئاغرىپ ،
كۈچ - ماداردىن قېلىپ ، ئەقلىدىن ئادىشىپ ، نورماللىقىنى يوقات-
قان ، كېسەلمەن بولۇپ قالغان كىشىلەردۇر . دراما باشلىنىشى بىلەنلا
ياشار ئەسنەپ مۈگدەپ ، ھەسەن ئاكا چۈشكۈرۈپ ، يۆتىلىپ ، زىلەي
باش ئاغرىقى دورىسى ئىزدەپ ، تۇيغۇن رەڭگىنى سارغايتىپ ، كۆز
ئالدىمىزدا پەيدا بولىدۇ . ئۇلار بەس - بەس بىلەن ئاخشامقى ئولتۇ-
رۇش - سورۇنلار ھەققىدە سۆزلىشىپ كېتىدۇ ھەمدە پازىلىنىڭ
يېگىدىن سالدۇرغان ئالتۇن چىشىنىڭ چىپىنى ئىچىش مەقسىتىدە
ھەر خىل قۇۋلۇقلارنى قىلىشىپ كېتىدۇ . ياشار ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان
بىر خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ ، ھەسەن ئاكا
بولسا چۈشكۈرۈك كېسەل قوغلايدۇ ، دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرىدۇ ،
ئابلىمىت بولسا رېئاللىقتىن ھالقىپ كېتىپ ، ھەردەم خىياللارنى
قىلىپ كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالىدۇ . ياشار ھاراق ئىچىشتە ھېچ
كىشىدىن قېلىشمايدىغانلىقى ، بىر ئۇخلىسا بىر سوتكا ئويغانمايدىغان-
لىقى بىلەن پەخىرلىنىدۇ . يازغۇچى ئەسەردە مانا مۇشۇنداق تەپسىلات -
تەسۋىرلەر ئارقىلىق ، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى
كېسەللىك ھالەتلىرىنى كۆرسىتىپ ، كىشىلەرنى ماددىي ۋە مەنىۋى
جەھەتتىن ۋەيران قىلىۋاتقان سەۋەبلەرنى بىزنىڭ مۇھاكىمىمىزگە
قويغان . پازىلىنىڭ ئەتراپىدىكى بۇ بىر توپ كىشىلەر شۇنچىلىك
پەرۋاسىز ، شۇنچىلىك مەسئۇلىيەتسىز ، شۇنچىلىك ئىشەنچسىز ،
شۇنچىلىك شەخسىيەتچى ھەم شۇنچىلىك بولۇمسىز .ئۇلاردا قەتئىي
ئىرادە ، مېھرىبانلىق ، كۆيۈمچانلىق ، دېگەنلەردىن ئەسىرمۇ يوق ،
ئۇلار پازىلىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشى توي قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ
تۇرۇپ ، ئۆزلىرىنى پازىلىنىڭ يېقىن دوستلىرى دەپ ئاتاپ تۇرۇپ ،
ئۇنىڭ توي قىلىشىغا ياردەم بېرىمىز دەپ داۋراڭ سالسىمۇ ، مۇشۇ
مەسلىھەتنى قىلىش ئۈچۈن ئاتايىن يىغىلىشسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ-

غا هېچقانداق ياردەم قىلمايدۇ ، مەسلىھەتمۇ بەرمەيدۇ . پازىلنىڭ توي
قىلىشتا پۇلدىن قىسلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ، ئۇنى يەنە ئورۇنـ
سىز چاي ئۇچۇن پۇل خەجلەشكە قىستايدۇ ، ئۇنى يېڭىدىن ـ يېڭى
قەرزلەرگە بوغىدۇ . ئۇلار پازىلنىڭ توي ئىشىنى مەسلىھەت قىلىش
ئۇچۇن سورۇن تۈزەيدۇ ، ئەمما ھېچقانداق مەسلىھەت قىلماي ، ئۆزلىـ
رىنىڭ مەنىسىز ، پايدىسىز پاراڭنى قىلىشىپ تارقىلىپ كېتىشىدۇ .
ئۇلار پازىلغا ئەلچى بولۇپ روشەننىڭ ئۆيىگە بارغاندا ، يالغان سۆزـ
لەپ ، پو ئېتىپ ، چوڭچىلىق قىلىپ ، تويلۇقنىڭ ئېغىر سېلىنىشىـ
غا ، پازىلنىڭ كۆپ پۇل خەجلىشىگە ، ئاخىرىدا توينىڭ ۋۇجۇدقا
چىقماسلىقىغا سەۋەب بولىدۇ . ئىشقىلىپ ئۇلار ئاغزىدا تويغا ياردەمـ
لىشىمىز دېگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە توينى مۇمكىنچىلىككە ئېرىشتۈرـ
مەيدۇ . تويلۇقى ، ھەشەمىتى بەكلا ئېغىر بولغان بۇ توينى قىلىشقا
پازىلنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرمىگەندە بولسا ئۇلار پازىلنى
نامراتلىقتا ئەيىبلەپ ، ئۇنىڭدىن كۆڭلى قالىدۇ . ئۇلار پازىلنىڭ توي
قىلىۋېلىشىنى مەقسەت قىلىپ ئەمەس ، بەلكى توينىڭ ھەشەمەتلىك
بولۇشىنى كۆزلەپ ، پازىلنى نۇرغۇن قەرز ئېلىشقا قىستايدۇ . پازىل
ياشاشقا ئامالسىز قېلىپ ئۇ دۇنياغا كەتكەندە ، پازىلنىڭ جەسىتى
ئۇلارغا ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىدۇ . پازىل ئۇ دۇنيادىن
قايتىپ كەلگەندە بولسا ، ئۇلار بۇ ئىشتىن خۇش بولماقتا يوق ،
ئەكسىچە ناھايىتى پاراكەندە بولۇپ كېتىدۇ ، ياشار «نامازغا چاقىرغاندـ
لارنى ئەمدى قانداق قىلارمىز . . .» دەپ پەرىشان بولۇپ كېتىدۇ .
قىسقىسى ، يازغۇچى ئەسەردە ھەر خىل تىپىك كۆرۈنۈشلەر ، چوڭقۇر
مەنىلىك سۆز ـ جۈملىلەر ئارقىلىق ئادەملەردىكى مېھرىبانلىق ،
كۆيۈنۈش ، ئۆزئارا ياردەم ، مەسئۇلىيەتچانلىقتا ئوخشاش ئېسىل پەزىـ
لەتلەرنىڭ ، ئەخلاقىي جەھەتتىكى مۇكەممەللىكنىڭ ھاياتلىقتا قانچىـ
لىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بەرگەن ، ھەم مۇـ
شۇنداق قىممەتلىك نەرسىلەرنى يوقىتىپ بېرىۋاتقان ھازىرقى زامان



ئادەملىرىگە قاتتىق ئېچىنغان ؛ گەرچە پازىلنىڭ توي ئىشى ئاخىرقى
ھېسابتا يەنىلا ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ ، ئەمما ، پازىل «ئۇ دۇنيا»
غا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن ، «ھەركىم ئۆزى ئۇچۇن ھېچقانداق
ئەجىر قىلماي ، خاراب بولغان روھىنى كۆتۈرۈپ ئۇ ئالەمگە بارسا ،
ئۇ يەردىكىلەرمۇ قوبۇل قىلمايدىكەن ، . . . ئەڭ مۇھىمى مەن ،
ئىنسان ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئۈستىدە ئويلىنىشى كېرەكلىكى
توغرىسىدا بىر قېتىم تەربىيىگە ئىگە بولدۇم» دەيدۇ ، ھەم كىشىلەرـ
نى «توي قىلىش» نىڭ ھەممىگە باپ كېلىدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك يولى
ئۈستىدە ئىزدىنىشكە چاقىرىشى ھەقىقەتەن كىشىلەرنى ئۈمىدلەندۈرـ
دۇ ھەم ئويغا سالىدۇ . بۇ يەردە يازغۇچى : كىشىلەر ئۆز بەختى ،
ئۆز ئىشى ئۇچۇن كۈرەش قىلسا ، ئاندىن ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئەمەلگە
ئېشىپ ، ئىشلىرى نەتىجىلىك بولىدۇ ، دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى
سۈرگەن . بۇ مەنىدىن ئالغاندا ، درامىدا توينىڭ بولماسلىقى يازغۇچىـ
نىڭ ئۆزگىچە ئىجادىيەت دىتىنىڭ ۋە بەدىئىي ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

يازغۇچى درامىدا باش قەھرىمان پازىل ئوبرازىنى ناھايىتى كۆـ
ڭۈل قويۇپ ياراتقان . ئۇ بىز بىلەن بىللە مۇشۇ رېئاللىقتا ياشاۋاتقان
ئاددىي بىر زىيالىي ياش . گەرچە ئۇ كۆڭلىگە توي قىلىشتىن ئىبارەت
ياخشى بىر نىيەتنى پۈككەن بولسىمۇ ، ئەمما ئۆزىدىكى ، رېئاللىقتىـ
كى ، ئەتراپىدىكى كىشىلەردىكى ھەر خىل ئىللەتلەر تۈپەيلىدىن بۇ
مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ . ھېسابتا ئۇ ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنيايىمىزدىكى
ھەر خىل ئىللەتلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدۇ . ئۇنىڭ خاراكتېرى
گەرچە تىپىكلىككە ئىگە بولمىسىمۇ ، ئەمما مەلۇم دەرىجىدە ئومۇمىيـ
لىققا ئىگە . پازىل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك
يارىتىلغان «ئاددىي كىشىلەر»نىڭ بىرى . يازغۇچى ئەسەردە ئۇنى
ناھايىتى ئادەتتىكى بىر ئادەم قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ . ئۇ ئادەتتە ئەتراپىـ
دىكىلەردىن ئاز ـ تولا ئۈستۈن تۇرغاندەك قىلسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە

مۇشۇ رېئاللىقتا تولىمۇ ئادەتتىكىچە ياشايدىغان كۆرمىڭلىغان كىشى-
لەرنىڭ بىرى ، ئۇنىڭ سالاھىيىتى ، خىزمىتى ، سەرگۈزەشتىلىرى ،
تەقدىرى ، خاراكتېرى دەۋرىمىزدىكى ئاددىي كىشىلەرگە نىسبەتەن
ئېيتقاندا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە . شۇڭا ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئالا-
ھىدە تىلغا ئالغۇدەك قەھرىمانلىق خاراكتېرى يوق . ئەدىناسى ، ئۆزى
ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالغان ئاشۇ ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنمۇ
باتۇرلۇق بىلەن بىرەر تىرىشچانلىق كۆرسەتمەيدۇ . ئۆزىنىڭ ھالىتى ،
تەقدىرى ھەققىدە چوڭقۇرراق ئويلىنىپمۇ قويمايدۇ . مۇنداقچە ئېيتقان-
دا ، پازىل قەھرىمانسىزلاشتۇرۇلغان پېرسوناژ . ئۇ ئەمەلىي ئىش
قىلىش روھىغا ئىگە ئەمەس . ئۇنىڭ نە مۇستەقىللىقى ، نە ئەمەلىي
ئىش قىلىش روھى ، نە ئۆز ھالىنى ياخشىلاش ئىرادىسى ، نە كەلگۈ-
سىگە بولغان مۇستەھكەم ئىرادىسى يوق . شۇنداق بولغاچقا ئۇ ئۆزد-
نىڭ ھېچقانداق بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ . ئىشلارنى ئۆز
ئالدىغا تارتىپ ئىشلىمەي ، ھە دېسە باشقىلارنىڭ مەسلىھەتىدىن ،
ياردىمىدىن ئۈمىد كۈتۈپ ، ھەممە ئىشنى باشقىلارغا تاشلاپ ئولتۇرد-
دۇ . ئۇنىڭدا ، ئۆز مەقستى ئۈچۈن دادىللىق بىلەن كۈرەش قىلىش
روھىي كەمچىل . ھەممىلا جايدا پاسسىپلىق بىلەن ، ئامالسىز ياشاۋات-
قاندەك ياشايدۇ . بىز ئۇنى دائىم ئارزۇ بىلەن رېئاللىقنىڭ ، خىيال
بىلەن تۇرمۇشنىڭ ، بۇ دۇنيا بىلەن ئۇ دۇنيانىڭ ئارىلىقىدا گاڭگىراپ
يۈرگەن ھالەتتە ئۇچرىتىمىز . پېرسوناژ خاراكتېرىنى بۇنداق ئەڭ
تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ ، ئۇنى ئوتتۇرىدا قويۇپ يېزىش — دىرامىچىلى-
قىمىز ئۈچۈن بىر خىل يېڭىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇنداق يېزىش
ئۇسۇلى پېرسوناژنى تۇرمۇشتىكى ئادەملەرگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇ-
رۇپ ، تاماشىبىنلاردا غايىۋى ئەسەر تۇيغۇسى ئەمەس ، بەلكى ھەقىقىي
تۇرمۇش چىنلىقى تۇيغۇسى بەخش ئېتىدۇ . ئەلۋەتتە ، يازغۇچى پازىل-
نى قەھرىمانسىزلاشتۇرۇپ تەسۋىرلەپ ، ئۇنىڭ چىنلىق تۇيغۇسىنى
زور دەرىجىدە ئاشۇرغان ، ئەمما ، بۇنداق قەھرىمانسىزلىقنى مەدھىيە-



لىمىگەن ، مۇئەييەنلەشتۈرمىگەن ، بەلكى بۇنداق خاراكتېرنىڭ زىيىنى-
نى ، ئاقىۋىتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ ، پازىلنىڭ پۇشايمىنى ، «ئۇ
دۇنيا»دىن ئالغان تەسراتى ئارقىلىق ، دەۋرىمىز كىشىلىرىنى ھەر
خىل ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇپ ، ئۆز تەقدىرى ھەققىدە ئويلىنىشقا ،
گۈزەل كەلگۈسى يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرغان . پازىل
ئوبرازىنىڭ قىممەتلىك تەرىپى دەل مۇشۇ يەردە .

«قېرى يىگىتنىڭ تويى» دىرامىسى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى
ھەقىقەتەن گەۋدىلىك دراما . ئالدى بىلەن دىرامىنىڭ قۇرۇلمىسى
ماھىرلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان . ھەرقانداق بىر پارچە ئەدەبىي
ئەسەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ، ئەسەر قۇرۇلمىسى ئەسەرنىڭ بەدىئىي مۇۋەپ-
پەقىيىتىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلى-
نىدۇ . دىرامىدا بولسا تېخىمۇ شۇنداق . «قېرى يىگىتنىڭ تويى»
دىرامىسىنىڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىدە ئەسەر قۇرۇلمىسىنىڭ
ئوينايدىغان رولى ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . ئەسەر قۇرۇلمى-
سىدا مۇنداق بىرقانچە ئالاھىدىلىك بار : مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بۇ
ھېچ ئىش قىلىنمىغان دراما ، چۈنكى ، دىرامىدا تەسۋىرلەنمەكچى بول-
غىنى قېرى يىگىت پازىلنىڭ تويى . پېرسوناژلارنىڭ كۆرسەتكەن
تىرىشچانلىقلىرىمۇ ، ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىمۇ ئاشۇ توي ئۈچۈن
بولىدۇ . ئەمما ، 8 كۆرۈنۈشلۈك سەرگۈزەشتىلەر نەتىجىسىدىمۇ بەرد-
بىر توي قىلىنمايدۇ ، ھەتتا توي قىلىش ئىشى بارغانسېرى كەينىگە
سۈرۈلۈپ كېتىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا بۇ دراما تولۇقسىز
ئاخىرلاشقان . پازىلنىڭ توي ئىشى ئاقمىغانىنىڭ ، ئۇزاق مەسلىھەتلەر-
نىڭ نەتىجىسى چىقمىغانىنىڭ ئۈستىگە ، دراما يەنە بىر چوڭ كۆلەملىك
مەسلىھەت قىلىش مەقسىتىدە ئاخىرلىشىدۇ . بۇ مەسلىھەتكە پازىل
سەھنىدىكى خىزمەتداشلىرىدىن باشقا يەنە تۆۋەندە ئولتۇرغان تاماشى-
بىنلارنىمۇ تەكلىپ قىلىدۇ . دېمەك ، ئەسەرنىڭ خاتىمە قىسمىدا ،
درامىدىكى ئاساسىي مەسىلە سۈپىتىدە ئىزچىللىشىپ بارىدىغان مەس-

لىھەت سەھنىدىن چۈشۈپ ، درامىدىن چىقىپ ، تاماشىبىنلارنىڭ ئال-
دىغا تاشلىنىدۇ . مەسلىھەت قىلىشىدىغان ، ئۇنىڭ خۇلاسىسىنى چى-
قىرىدىغانلار ئەمدى تاماشىبىنلار ـــ درامىنىڭ سىرتىدىكىلەر بولۇپ
چىقىدۇ . دراما سەھنىدە ئاخىرلاشقاندەك قىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە
ئۇ ئاخىرلاشمايدۇ ، بەلكى تاماشىبىنلار ئارىسىدا داۋاملىشىدۇ . دې-
مەك ، بۇ بىر ئاخىرلاشمىغان ، ھەم ئاخىرلاشمايدىغان دراما . ئەسەردە
مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ، ئەمما ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ يولى ئوتتۇ-
رىغا قويۇلمىغان ، بەلكى ئۇ تاماشىبىنلارغا قالدۇرۇلغان . بۇنداق
ئېستېتىكىلىق بوشلۇق بىر تەرەپتىن ئەسەرنىڭ جەلپكارلىقىنى ئا-
شۇرسا ، يەنە بىر تەرەپتىن تاماشىبىنلارنى ئەسەر ئىجادىيىتىگە قات-
ناشتۇرىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈ-
چى ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ . بۇلارنى
«قېرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسىدا قوللىنىلغان ماھارەتنى جەھەتتە قولغا
كەلتۈرۈلگەن بىر سىناق ھەم مۇۋەپپەقىيەت دەپ باھالاش مۇمكىن .
«قېرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسىنىڭ تىل ئىشلىتىش جەھەتتى-
كى مۇۋەپپەقىيىتىمۇ خېلى گەۋدىلىك بولۇپ ، ئۇيغۇر يېڭى دەۋر
دراماچىلىقىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ مۇۋەپپەقىيەت بولۇپ ھېسابلى-
نىدۇ . درامىدا يازغۇچى پېرسوناژلارنى ئاز ھەم ساز سۆزلىتىشكە
ئالاھىدە دىققەت قىلغان . پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگلىرى ھامان ئۈزۈ-
لۈپ ـ ئۈزۈلۈپ بارىدۇ . بۇ قىسقا دىئالوگلاردا كۆلكە ، مەنە ھەممى-
سى تېپىلىدۇ . دراما تىلىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى ،
تىللار ئادەتتىكى مەنىسىدىن باشقا يەنە يوشۇرۇن مەسىلەردىمۇ كېلى-
دۇ ، ئەسەر تىلىنىڭ كۆرۈنۈشتىكى بىۋاسىتە ئىپادىلەيدىغان مەنىسى-
دىن ئابستراكت ، يوشۇرۇن مەنىسى كۈچلۈكرەك . «قېرى يىگىتنىڭ
تويى» كومېدىيىلىك ئەسەر بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ تىلى يەنە ھەجۋىي
تۈس ، يۇمۇر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە . درامىدا كۈلكە ئۈزۈلمەيدۇ ، كۈل-
كە پۈتۈن ئەسەرگە سىڭىپ بارىدۇ . تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ كۈلكىلى-



رى ھەزىل خاراكتېرىدىكى ، كىشىنى غىدىقلاپ پەيدا قىلىنىدىغان
سۇنئىي كۈلكە بولماستىن بەلكى ، تۇرمۇشتىن كەلگەن ، ھەقىقىي ،
سەممىي ، ئۆتكۈر ، سەنئەت تۈسىگە باي كۈلكىلەر بولۇپ ، كىشىگە
ھۇزۇر بېغىشلايدۇ . بۇ كۈلكىلەرنىڭ يەنە بىر روشەن ئالاھىدىلىكى
شۇكى ، بۇ كۈلكىلەر كىشىنى كۈلدۈرۈش بىلەنلا نەتىجىلىنىدىغان
كۈلكىلەر بولماستىن بەلكى ، چوڭقۇر پىكىر ـ مەزمۇنلارغا تويۇنغان
كۈلكىلەردۇر . درامىدىكى كۈلكە كىشىنى كۈلدۈرۈپ بولغاندىن كې-
يىن چوڭقۇر ئويلارغا سالىدۇ ، كۈلكە پەيدا قىلىدىغان تىل تەركىبلى-
رى ئۆزىنىڭ يەنە باشقىچە مەنىسى ، مەقسىتى بارلىقىدىن بېشارەت
بېرىدۇ . دراما تىلى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە كىشىگە يېڭىلىق تۇيغۇسى
بېغىشلايدۇ . يازغۇچى ئەسەردە پېرسوناژلارنى سۆزلەتكەندە ، دادىللىق
بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ ، پېرسوناژلارنى ئىخچام ، تەبىئىي ، يۇمۇر-
لۇق ، تىل ئادىتىگە يېقىن قىلىپ سۆزلەتكەن . بۇنىڭ بىلەن ئەسەر
تىلى مەلۇم دەرىجىدە ناتونۇشلاشتۇرۇلۇپ ، يۇقىرى بەدىئىي ئۈنۈم
پەيدا قىلغان . درامىدا تىل پىكىر ـ ئىدىيە ئالماشتۇرۇشنىڭ ، ئۆزئا-
را چۈشەنچە ھاسىل قىلىشنىڭ ئەمەس ، بەلكى كىشىلەر ئارىسىدىكى
ياتلىششىنىڭ ، چۈشەنمەسلىكنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىشى قىلىنغان .
شۇڭا ، دراما تىلى ھازىرجاۋابلىقتا ، دەللىككە ، ئېنىقلىقتا ئىگە ئە-
مەس . تىلنى بۇنداق قوللىنىش ھازىرقى زاماندىكى ئېستېتىكىلىق
پرىنسىپلارغا ، ئەسەر ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇپ ، ئەسەر ئۇسلۇبىنى
گەۋدىلەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان . قىسقىسى ، «قېرى يىگىت-
نىڭ تويى» درامىسى يېڭى دەۋر دراماچىلىقىمىزدىكى بىر خىل تىل
سىنىقى بولدى ، بۇ سىناقتىكى مۇۋەپپەقىيەت درامىدا تىل ئىشلىتىش-
نىڭ يېڭىچە مۇمكىنچىلىكلىرىدىن بېشارەت بەردى .
«قېرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسى ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە درا-
ما . درامىنىڭ ئۇسلۇبىنى تراگېدىيىلىك خاراكتېرگە ئىگە كومېدىيە
دەپ يىغىنچاقلاش مۇمكىن . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، بۇ ـــ كومېدىيەلەشتۈ-

رۇلگەن تراگېدىيە . درامىدا نۇرغۇن كۈلكە بار ، ئەمما بۇ كۈلكىلەر-
نىڭ ئاستىدا ھامان بىر تراگېدىيىلىك ــ كۆڭۈلسىزلىك تۇرغاچقا ،
بۇ كۈلكىلەرمۇ كىشىنى ئىچ ـ ئىچىدىن كۈلدۈرەلمەيدۇ ، ھۇزۇرلاند-
ۇرالمايدۇ ، ئۇيغۇرنىڭ كۈلكىسى ھامان مانا مۇشۇنداق بولىدۇ .
يازغۇچى درامىدا ئىپادىلىمەكچى بولغان تراگېدىيىلىك ئامىللارنى
ئازابلىق ، ئېغىر ، ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشلەر بىلەن ئەمەس ، بەلكى
كۈلكىلىك ، يۇمۇرلۇق ، ھەجۋىي ئامىللار بىلەن ئىپادىلىگەن . درامى-
دىكى كۈلكىلەر كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ ھەرخىل ناچار ئىجتىمائىي ،
مەنىۋى ئىللەتلەرنىڭ بېسىمىدا قالغان ، روھىي جەھەتتىن بىنورمال-
لاشقان ، ئادىمىيلىك سۈپەتلىرىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋات-
قان تراگېدىيىلىك ھالەتلىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك . تەبىئىي-
كى بۇنداق بىنورماللىق كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئازابلىق كۈلكىلەر
ھەر قانداق كىشىنى ئىچ ـ ئىچىدىن كۈلدۈرەلمەيدۇ ، خۇشال قىلال-
مايدۇ . مىسال ئۈچۈن درامىدىكى مۇنداق بىر تەپسىلاتنى كۆرۈپ
باقايلى : خالىسە پازىلغا نۇرغۇن باغاقلارنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ ، ئۇنىڭ
تېخى ھېلىلا ئالغان مائاشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پۇللىرىنىمۇ ئېلىپ
كېتىدۇ . خالىسە پازىلنىڭ ئېشىپ قالغان 5 يۈەن پۇلىنى بەرمەي
چىقىپ كېتىۋاتقاندا ، پازىل ئاچچىق ئىڭراپ ، ئۇنىڭغا يېلىنىدۇ :
«خالىسە ، ئاشقان 5 كوي پۇلۇمنى بېرىۋېتىڭ دەيمەن» . پازىلنىڭ
بۇ ئىڭرىشى كۆپلىگەن ئادەملەرنى كۈلدۈرىدۇ ، نامراتلىق سەۋەبىدىن
بولۇۋاتقان بۇنداق ئىڭراش ، كىشىلەر ئارىسىدىكى باشقىلارنىڭ ئۆلۈپ ـ
تىرىلىشى بىلەن كارى بولماسلىقتەك سوغۇق مۇئامىلە ، پازىلغا ئوخ-
شاش ئۆزىگە ئىگە بولالمايۋاتقان كىشىلەرنىڭ بىچارە ھالىتى كۈلكى-
مىزنى توختىتىپ ، بىزنى سوغۇق رېئاللىققا قايتۇرۇپ كېلىدۇ .
كۈلكە ئادەمنى ئازابلايدىغان ، پاجىئە كۈلكە ئارقىلىق كۆرسىتىلىد-
غان بۇنداق ئۇسلۇب درامىنى ئۆزگىچە قىممەتكە ئىگە قىلغان .
«قېرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر درامىچىلى-



قىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان نادىر درامىلارنىڭ
بىرى . بۇ دراما مۇشۇ دەۋر رېئاللىقىدىكى مۇھىم ئىجتىمائىي ، مەنى-
ۋى مەسىلىلەرگە مۇراجىئەت قىلغانلىقى ، كىشىلەرنىڭ ياشاش ھالى-
تىدىن ئىبارەت چوڭ مەسىلىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ، كىشىنى
چوڭقۇر ئويغا سالىدىغانلىقى ، دۇنيا درامىچىلىقىدىكى يېڭى چۈشەنچە ـ خا-
ھىشلار بىلەن ئەنئەنىۋى درامىچىلىقنى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈ-
رۈپ ، بۇ جەھەتتە چوڭ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى ، درامى-
نىڭ بەدىئىي شەكىل ئامىللىرىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ ، بۇ
جەھەتتە دادىللىق بىلەن يېڭىلىق ياراتقانلىقى ، ئۇيغۇر درامىچىلىقىنى
دۇنياۋى سەۋىيىگە ئىگە قىلىش جەھەتتە ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا
كەلتۈرگەنلىكى ··· كە ئوخشاش تەرەپلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ كۆپ
تەرەپلىمە قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىنى نامايان قىلدى ۋە ئەدەبىيات ـ
سەنئەت ساھەسىدىمۇ يۇقىرى باھالارغا ئېرىشتى ، بۇ دراما ، درامىچى-
لىقىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يولى ــ ئەسەرلەر-
دە خەلق كۆڭۈل بۆلىدىغان ، دەۋر رېئاللىقى بىلەن زور دەرىجىدە
مۇناسىۋەتلىك بولغان ، ھاياتنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرى ھېسابلىنىد-
غان مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش ، ئەدەبىي ئەسەرنى بىر خىل
ئىپادىلەش سەنئىتى دەپ قاراپ ، يۇقىرى بولغان ئىپادىلەش ئۈنۈمى
يارىتىش ، دادىللىق بىلەن ئىزدىنىش ـ يېڭىلىق يارىتىش پايدىلىق
بولغان يېڭى چۈشەنچە ، ئۇسۇل ، ماھارەتلەرنى قوبۇل قىلىپ ئۆزلەش-
تۈرۈش ، شۇ ئارقىلىق مىللىي تۇرمۇشنى ، مىللىي ھاياتنى ئەكس
ئەتتۈرۈش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى .

# بەشىنچى باب . ئۇيغۇر بۇگۇنكى زامان نەسرچىلىكى

## بۇگۇنكى زاماندىكى ئۇيغۇر نەسرچىلىكى ھەققىدە قىسقىچە بايان

**ــــ ئابدۇرېھىم ئۆتكۇر ، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ، ئابدۇ-
قادىر جالالىدىن ، ئەنۋەر تاشتۆمۇر ، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم**

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەسرچىلىكنىڭ «مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادى-
كارلىقلىرى»غا ئوخشاش ئەڭ قەدىمكى نەمۇنىلىرى بار بولسىمۇ ،
ئەمما ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېيىنكى ئەسىرلەردە بىر خىل
ئاساسلىق ئەدەبىي شەكىل سۈپىتىدە داۋاملىشىپ بارالمىغان ، شۇن-
داقلا بىر خىل تارىخىي ئەنئەنىمۇ شەكىللەندۈرەلمىگەن . ھەقىقىي
مەنىدىكى نەسرچىلىك پەقەت ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى باسقۇچىدا
ئاندىن مەيدانغا كەلدى ۋە تەرەققىي قىلىپ ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى
بىر ئىجادىيەت ساھەسى بولۇپ شەكىللەندى . مىلادىيە 1930 ـ ،
1940 ـ يىللاردا ئىجاد قىلىنغان لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «ئەجەل
ھودۇقۇشىدا» ، « ‹پادىشاھ سامۇرايلىرى › ئېغىر ھالسىرايدۇ» ، ئاب-
دۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «دېڭىزدىن سادا» ، «باشئەگمە» ، سەيپىدىن
ئەزىزىنىڭ نەسرلىرى ئۇيغۇر نەسرچىلىكىگە ئاساس سالغان دەسلەپكى
ئەسەرلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇگۇنكى زاماندىكى ئۇيغۇر نەسر-
چىلىكى ھازىرقى زاماندىكى نەسرچىلىكنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى سۈپى-



تىدە ، ئۇنىڭ خۇسۇسىيەت ـ ئالاھىدىلىكلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش
ئاساسىدا مەيدانغا كەلدى ۋە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ ، يېڭى دەۋر
باسقۇچىغا كەلگەندە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپ ، ئۇيغۇر
نەسرچىلىكىنىڭ بىر ئالتۇن دەۋرىنى ياراتتى .

1980 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىر خىل
قايتىدىن گۈللىنىش دەۋرى باشلاندى ، بۇ خىل گۈللىنىشنىڭ ئەڭ
روشەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئەدەبىي ژانىر ـ شەكىللەرنىڭ
تولۇقلىنىشى ۋە كۆپ خىللىشىشى بولدى . بىر مۇنچە ئەدەبىي ژانىر ـ
شەكىللەر بۇ دەۋردە يېڭىدىن مەيدانغا كەلدى ياكى قايتىدىن جانلىنىپ
گۈللەندى . نەسرچىلىكمۇ مانا مۇشۇنداق بىر ئەدەبىيات ئارقا كۆرۈنۈ-
شىدە مىلادىيە 1950 ـ ، 1960 ـ يىللاردا سەيپىدىن ئەزىزى ، قاھار
جېلىل قاتارلىق يازغۇچىلار ئاساس سالغان بۇگۇنكى زامان نەسرچىلى-
كى ئاساسىدا قايتىدىن جانلىنىپ گۈللىنىشكە باشلىدى . ئۇيغۇر
نەسرچىلىكىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈردۇر .

**ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر** (مىلادىيە 1923 ــــ 1995 ـ يىلى )
1980 ـ يىللارغا كەلگەندە نەسر ئىجادىيىتىگە قايتىدىن كىرىشىپ ،
«شېئىر ۋە شائىر» ، «قاشتېشىغا مەدھىيە» قاتارلىق نەسرلەرنى
يېزىپ ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەسرچىلىكنىڭ گۈللىنىشىدە تۈرتكىلىك
رول ئوينىدى ۋە نەسر ئىجادىيىتى ئۈچۈن ئۈلگە تىكلەپ بەردى .
ئۇندىن باشقا ئەخمەت ئىمىنىنىڭ «قەلب سادالىرى» ، «تىرىك يېتىم-
نىڭ ئاتىسىغا» قاتارلىق چاتما نەسرلىرى ، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئى-
مىنىنىڭ «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» ماۋزۇسى ئاستىدىكى بىر تۈر-
كۈم نەسرلىرى ، ھاجى ئەخمەت كۆلتىگىنىنىڭ «ھاياتقا مۇھەببەت»
قاتارلىق نەسرلىرى ، ئابدۇكېرىم ئەخمەتنىڭ «ئەتىرگۈل»قاتارلىق
نەسرلىرى نەسرچىلىكتىكى مانا مۇشۇنداق گۈللىنىشنىڭ ئەڭ دەس-
لەپكى ، شۇنداقلا نەتىجىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىدى . بۇ نەسرلەردە
چىن ، شۇنداقلا قايناق ھېسسىيات ، يارقىن شېئىرىي مەنزىرە ، پاسا-

ھەتلىك تىل ئارقىلىق يېڭى دەۋر ئاتا قىلغان كۈچلۈك ھاياجان، رېئاللىق ھەققىدىكى چوڭقۇر مۇھاكىمە قاتارلىقلار ئىپادىلىنىپ، ئەدەبىيات ساھەسىدە كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەسرچىلىك بارا - بارا ئېتىبارغا ئېلىنىپ، «نەسرچىلىك قىزغىنلىقى» شەكىللەندى. نەتىجىدە، نەسر ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر خىل ئاساسلىق ئەدەبىي شەكىلگە ئايلاندى، شۇنداقلا بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. نەسرچىلىكنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدە ئايرىم ساھە شەكىللەندۈرۈشى نەسرچىلىكىمىزنىڭ چوڭ بىر مۇۋەپپەقىيىتى، شۇنداقلا ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈنمۇ مۇھىم بىر ھادىسە بولۇپ قالدى.

بۈگۈنكى زاماندىكى، جۇملىدىن يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ تېمىسى كۆپ خىل ھەم رەڭدار بولدى. يازغۇچىلار ئەسەرلىرىدە ھاياتنىمۇ، تەبىئەتنىمۇ، جەمئىيەتنىمۇ ھەم ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىۋى - ھېسسىياتىنىمۇ ئىپادىلىدى - ئەكس ئەتتۈردى؛ نەسر ئىجادىيىتى ئارقىلىق ھايات ھەققىدە چوڭقۇر مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ باردى، تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى بەدىئىي پاساھەت بىلەن تەسۋىرلىدى، جەمئىيەتتىكى تەرەققىيات - يېڭىلىقلارنى ئەكس ئەتتۈردى، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، پەلسەپىۋى تۈس ئالغان ياكى دېداكتىك قىممىتى يۇقىرى بولغان پىكىرلەرنى ئىپادىلىدى. شۇنداقتىمۇ، نەسرلىرىمىزنىڭ لىرىك تۈسى ناھايىتى قويۇق بولدى، نەسرچىلىكىمىزنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ھېسسىيات ئۈستىگە قۇرۇلدى، نەسرلىرىمىزدە چىن، سەمىمىي ھېسسىياتلارمۇ، دەۋر ئاتا قىلغان ھاياجانلارمۇ، سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىشلارمۇ، دەۋر مېلودىيىسىمۇ بار بولدى. كېيىنكى يىللارغا كەلگەندە نەسرلىرىمىزدە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش، مۇھاكىمە قىلىش بىر خىل خاھىشقا ئايلىنىپ، مىللەتنىڭ ئىللەتلىرىنى تۈزىتىش ھەققىدىكى مۇھاكىمە-



لەر ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىغا ئايلاندى. بۇ خىلدىكى نەسرلەر ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىسىنىڭ مۇھىملىقى، تەسىرلەندۈرۈش - قايىل قىلىش كۈچىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، كۆزقاراشلىرىنىڭ يېڭى ھەم ئۆتكۈرلۈكى بىلەن ناھايىتى كىتابخانلىق بولدى. ئەسىر ئاخىرىغا كەلگەندە، نەسرلەردە پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي ئىدىيىلەرنى ئىپادىلەش، مەۋجۇتلۇق مەسىلىسى ھەققىدە ئويلىنىش، ئىنسان روھىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىش نەسر ئىجادىيىتىدىكى يېڭى بىر يۈزلىنىشكە ئايلاندى. ئەخمەت ئىمىن، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئابدۇقادىر جالالىدىن نەسرلىرى بۇ خىل خاھىشقا ۋەكىللىك قىلدى.

بۈگۈنكى زامان، جۇملىدىن يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدا نەسر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان ھەم شۇغۇللىنىۋاتقان يازغۇچىلار ئاز ئەمەس. ئەسىر ئاخىرىغا كەلگەندە ئۇلار مەلۇم كۆلەمگە، خېلى يۇقىرى ئىجادىيەت ساپاسىغا، گەۋدىلىك ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋە ئەدەبىيات ئىچى - سىرتىدا خېلى چوڭ تەسىرگە ئىگە بولغان نەسر ئىجادىيەتچىلىرى قوشۇنىنى شەكىللەندۈردى. بۇ قوشۇننىڭ ئەڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۈچۈن نەسر ئىجادىيىتى «قوشۇمچە كەسىپ» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نەسر ئىجادىيىتى بىلەن ئىزچىل ۋە مەخسۇس شۇغۇللىنىۋاتقان ئەخمەت ئىمىننىڭمۇ ئەدەبىي تەرجىمىدىن ئىبارەت يەنە بىر پائالىيەت مەيدانى بار. ئۇنىڭدىن باشقا نەسرچىلىكىمىزنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن بولغان ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، سەيپىدىن ئەزىزى، نۇرمۇھەممەت توختى، ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن، ئابدۇقادىر جالالىدىن قاتارلىقلارنىڭ باشقا ئىجادىيەت ساھەلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى نەسر ئىجادىيىتىدىكى نەتىجىلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ گەۋدىلىك. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي نەسرچىلىكىمىزنىڭ ئەسىر ئاخىرىدىكى 20 يىلدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە - مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ ئاز ئەمەس.

بۇگۈنكى زاماندىكى ، جۇملىدىن يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر نەسرچى-
لىكىنىڭ تەرەققىيات يولى ھەققىدە توختالغاندا ئالدى بىلەن ئابدۇرې-
ھىم ئۆتكۈرنى تىلغا ئېلىش كېرەك . ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئۇيغۇر
نەسرچىلىكىگە ئاساس سالغان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇ مىلادىيە
1940 ـ يىللاردا «دېڭىزدىن سادا» ، «باش ئەگىم» قاتارلىق نەسر-
لەرنى يېزىپ ، نەسرچىلىكنىڭ شۇ يىللاردىكى يۇقىرى سەۋىيىسىنى
ياراتقان بولسا ، ئاردىن 40 يىل ئۆتۈپ ، مىلادىيە 1980 ـ يىللارغا
كەلگەندە قايتىدىن نەسر ئىجادىيىتىگە كىرىشىپ ، «شېئىر ۋە شائىر» ،
«قاشتېشىغا مەدھىيە» ناملىق نەسرلەرنى يازدى . بۇ نەسرلەر ئىپادى-
لىگەن مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ، قوللانغان بەدىئىي ۋاستىلىرىنىڭ
رەڭدارلىقى ، تىل پاساھىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ئەدەبىيات ساھەسى-
دە چوڭ تەسىر قوزغىدى ، شۇنداقلا يېڭى دەۋردىكى نەسرچىلىكىمىز-
گە ئۈلگە بولۇش رولىنى ئوينىدى . «شېئىر ۋە شائىر» ــ ئابدۇرېھىم
ئۆتكۈرنىڭ شېئىرىيەت قارىشى ، تېخىمۇ كەڭ مەنىدە ئەدەبىيات قارى-
شى بەدىئىي يول بىلەن قويۇق ھېسسىيات ۋە پاساھەتلىك شېئىرىي
تىل بىلەن بايان قىلىنغان نەسر بولۇپ ، ئۇنىڭدا يازغۇچى ئاساسەن
شېئىر قانداق بولۇشى كېرەك ، شائىر قانداق بولۇشى كېرەك دېگەن
مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلغان . بۇ مۇھاكىمىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى ،
ئۇ ھەم لىرىك ، ھېسسىيات تۇسىگە باي مۇھاكىمە ، شۇنداقلا يەنە
شېرىيەت قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان ، ئەقىل بىلەن ئوتتۇرىغا قو-
يۇلغان مۇھاكىمە . شۇنداق بولغاچقا ، بۇ نەسردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان
شېئىرىيەت قاراشلىرى بۇ دەۋر شېئىرىيىتىگە ، بۇ دەۋر شائىرلىرى-
نىڭ شېئىرىيەت قارىشىغا چوڭ تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ كەلدى .

« . . . شېئىر ــ مارجان ئەمەس ، يىپقا تىزىپ قويسا تۇرۇۋېرى-
دىغان ، ياكى ئەزان ئەمەس ، قۇلاقنى تۇتۇپ ئېيتسا بولۇۋېرىدىغان .
شېئىر ــ ئايەت ئەمەس ، مەنىسىنى ئۇقماي ئوقۇسا بولۇۋېرىدى-



غان ياكى ماتا ئەمەس ، دۇكان قۇرۇپ توقۇسىلا چىقىۋېرىدىغان .
شېئىر — كەشتە ئەمەس ، رەڭدار مەشۇت بىلەن لاتىغا تىكىپ
قويىدىغان ياكى سۈرەت ئەمەس ، قەغەزگە سىزىپ قويسىلا بولۇۋېرىدى-
غان .

. . . . . . . . .

شېئىر — ھەم ھۆسنى ، ھەم پۇرىقى ، ھەم تىكىنى ، ھەم
يوپۇرمىقى بار گۈلگە ئوخشىشىپ كېتىدۇكى ، ھۆسنى بىلەن دىلنى
ئۆزىگە مەپتۇن قىلار ؛ پۇرىقى بىلەن جانغا راھەت ۋە ھۇزۇر بەخش
ئېتەر ؛ ئىشق ئەھلى ئۇنى قۇلاقتا قىسار ياكى گۈلدەستە ياساپ جانانى-
غا تۇتار ؛ ياۋا توڭگۇز تۇمشۇقىنى تەگكۈزسە ، تىكىنى ئۇنىڭ بۇرنىغا
سانچىلار ، ھەتتا بۇرنىنى قانىتار .
شېئىر — خۇددى بىر مەشئەلدۇركى ، كېچە زۇلمىتىدە ئىنسانغا
يول كۆرسەتكۈچى ياكى بىر گۈلخاندۇركى ، پايانسىز دەشتلەرنى يو-
رۇتۇپ ، سوغدىن تىترىگەن تەنلەرگە ئارام بەرگۈچى .
شېئىر — بىر قاينام بۇلاقتا ئوخشايدۇكى ، تەشنالارغا ئارام ،
دەردمەنلەرگە داۋا ، بىمارلارغا شىپا ، غەمكىنلەرگە شادلىق ، ئاجىز-
لارغا ئۈمىد ۋە كۈچ بەخش ئەتكۈچى .
شېئىر ــ بىر گۈلدۈرماممدۇركى ، ئۇنىڭ ئاۋازى جاھاننى تىتى-
رىتىپ ، خامۇش كۆڭۈللەرنى ئويغاتقاي ، كىشىنى سەگەك قىلىپ
جەڭگە ئۈندىگەي ، ئەبەدىي ھاياتقا چاقىرغاي ! . . .» .
— (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر : «ئۆمۈر مەنزىللىرى» توپلىمىدىن )
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بۇ نەسرىدە شېئىر ھەققىدىكى ئۆزگىچە قارى-
شىنى مەلۇم دەرىجىدىكى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ ، يۇقىرىقىدەك ئىك-
كى خىل پىكىر قىلىش نۇقتىدىن چىقىپ ئوتتۇرىغا قويغان . بۇ ،
نەسرچىلىكتە پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى بىر خىل ماھارەت مەسىلى-
سى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ نەسرنىڭ يەنە بىر قىممەتلىك تەرىپى
شۇكى ، ئۇنىڭ تىلى شېئىر تىلىدەك نەپىس ، ئاھاڭدار ، ئىپادىلىك

بولۇپ ، كىشىگە مەنە ئىپادىلەپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە بىر خىل
گۈزەللىك تۇيغۇسىمۇ بەخش ئېتىدۇ . شۇڭا ، بۇ نەسر نەسرلەرنىڭ
ئەڭ نەپىس يېزىلغانلىرىنى تەرىپلەيدىغان «نەسرىي شېئىر» دېگەن
سۈپەت بىلەن سۈپەتلىنىدۇ .

«قاشتېشىغا مەدھىيە» — ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ يەنە بىر پارچە
مۇنەۋۋەر نەسرى بولۇپ ، ئۇنىڭدا يازغۇچى يۇرتىمىزنىڭ قىممەتلىك
تەبىئەت مۆجىزىسى بولغان خوتەن قاشتېشىنى مەدھىيىلەپ ، ئۇنىڭ
سۈپەتلىرىنى ، رەڭدارلىقىنى تەرىپلەپ ، بۇ ئارقىلىق كۈچلۈك ۋەتەن-
پەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئېسىل ھۈنەر - تېخنى-
كىلىرى بىلەن قاشتېشىنى دۇنياغا تونۇتقان ئۇستىلارنى مەدھىيى-
لەپ ، بۇ ئارقىلىق خەلققە بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن .
يازغۇچى بۇ نەسرىدە يەنە قاشتېشىنىڭ ھەر خىل رەڭلىرىنى ئوخشاش-
مىغان سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلىگەن : ئاقلىقىنى ــ پاكلىقنىڭ ، سەمى-
مىيلىكنىڭ ، ئۇلۇغۋارلىق ، ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى دەپ ؛ قارىلىقىنى ــ
مەدەنىيەتلىك ، بۇيۇكلۈكنىڭ بەلگىسى دەپ ؛ كۆكلۈكىنى ــ كەڭلىك ،
مەردلىك ، چەكسىزلىكنىڭ بەلگىسى دەپ ؛ يېشىللىقىنى ــ گۈزەللىك-
نىڭ ، ھاياتلىقنىڭ بەلگىسى دەپ چۈشەندۇرگەن . يازغۇچى بۇ رەڭ-
لەرنىڭ مەنىسى ئارقىلىق پىكىردە يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ ، ھەر خىل
رەڭدىكى قاشتاشلىرى تىمسالىدا ئىنسان خاراكتېرىدىكى سۈپەتلەر
ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ، ئادەمنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى ، جىسمى-
لىدىن ئاد ىمىيلىك جەھەتتىكى مۇكەممەللىكىنى تەشەببۇس قىلغان .
بۇ مۇھاكىمىلەر ئارقىلىق يەنە ئۇيغۇر نەسرچىلىكىگە تۇنجى بولۇپ
رەڭ چۈشەنچىسىنى ئېلىپ كىرگەن ۋە رەڭ ئارقىلىق مەنە ئىپادىلى-
گەن .

بۈگۈنكى زاماندىكى نەسرچىلىكىمىز ھەققىدە توختالغان ۋاقتى-
مىزدا سەيپىدىن ئەزىزى ، قاھار جېلىل قاتارلىق ئەدىبلەرنىمۇ تىلغا
ئېلىشقا ئەرزىيدۇ . سەيپىدىن ئەزىزى باشقا ژانىرلاردىكى ئىجادىيىتى-



دىن باشقا يەنە «تۇنجى گۈدۈك ئاۋازى» ، «قىزىل لاچىن» قاتارلىق
بىر تۈركۈم نەسرلەرنى يېزىپ ، بۈگۈنكى زاماندىكى نەسرچىلىكىمىز-
گە بەلگىلىك تەسىرلەرنى كۆرسەتتى . سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ بۇ نەسر-
لىرىدە ھەرقايسى سەپلەردە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجە - مۇۋەپپەقى-
يەتلەر ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ، قۇرۇلۇش يىللىرىدىكى جەڭگى-
ۋار كۈرەش مەنزىرىسى كۈچلۈك ئىنقىلابىي ھېسسىيات ئارقىلىق
ئىپادىلەنگەن بولسا ، قاھار جېلىلىنىڭ «قۇياش ۋە مايسا» ، «باھار
تەنتەنىسى» ، «ئاق ئەتىرگۈل» قاتارلىق نەسرلىرىدە تەبىئەت دۇنيا-
سىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق ئىجتىمائىي ھاياتىمىز ئەكس ئەتتۈ-
رۈلگەن . گەرچە بۇ بىر تۈركۈم نەسرلەرنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى
ئانچە ئۈستۈن بولمىسىمۇ ، ئەمما ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلار
نەسرچىلىكىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتقا يېقىندىن يانداشقان ئەنئە-
نىسىنى داۋاملاشتۇردى ھەم يېڭى تارىخىي شارائىتتا جارى قىلدۇردى .

**ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن** بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر نەسر-
چىلىكىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ۋەكىلى . ئۇنىڭ «سەۋدالىق تەئەججۇپنا-
مىسى» ماۋزۇسى ئاستىدىكى نەسرلىرى ئۇيغۇر نەسرچىلىكىدە مۇھىم
ئورۇن تۇتىدۇ . ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن نەسرلىرىنىڭ ئەڭ رو-
شەن بىر ئالاھىدىلىكى قويۇق پەلسەپىۋىلىككە ، ھايات ، ھەقىقەتلىرى-
گە ، تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت . ئۇنىڭ نەسر-
لىرى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ ، ھاياتلىق ھەققى-
دىكى چوڭقۇر مۇلاھىزىلىرىنىڭ ، ئىلىم تەھسىل قىلىش جەريانىدا
ھېس قىلغانلىرىنىڭ ئەدەبىي شەكىلدە ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلى-
نىدۇ . ئۇ نەسر ئىجادىيىتىدىكى مۇشۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇيغۇر
بۈگۈنكى زامان نەسرچىلىكىدە ئۆزىگە خاس يول ئاچتى ھەم ئۇسلۇب
ياراتتى . ئۇنىڭ نەسرلىرىنىڭ تېمىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ ، ئادەم ،
تەبىئەت ، جەمئىيەت ، مەدەنىيەت ، تارىخ ، روھ ، مەنىۋىيەت قاتارلىق
نۇرغۇن ساھەلەرگە چېتىلىدۇ ، شۇڭا ، ئۇنىڭ نەسرلىرىدە ئىپادىلەن-

مەي ، مۇھاكىمە قىلىنماي قالغان ھېچ نەرسە يوق دېسەك مۇبالىغە بولمايدۇ . ئۇنىڭ نەسرلىرىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ ، مەيلى يازغۇچى نېمە ھەققىدە سۆزلىسۇن ، ھەربىر پارچە نەسرىدە بىرەر پەلسەپە ، بىرەر ھېكمەت ياكى بىرەر دىداكتىكا ئوتتۇرىغا قويماي قالمايدۇ مۇشۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇ ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنى پىكىر - ئىدىيە جەھەتتىن بېيىتىشتا كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى .

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ نەسرلىرى ئومۇمەن لىرىك - مۇھاكىمىلىك نەسرلەر بولۇپ ، ئېپىك تەركىبلەر يوق دېيەرلىك ، ئۇنىڭ نەسرلىرىدە لىرىكىمۇ ، مۇھاكىمىمۇ ھامان بىرەر پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ، گەۋدىلەندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ .

«سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» — ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ نەسرلەر توپلىمى بولۇپ ، ئۇنىڭ نەسر ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ . بۇ ئۆزگىچە تۈزۈلۈشكە ئىگە توپلام بولۇپ ، «كاككۇكنامە» ، «مارجاننامە» ، «سۇمۇرۇغنامە» ، «جاھاننەما» ۋە «نىجاتنامە» دىن ئىبارەت بەش بابقا بۆلۈنگەن . توپلامنى تەشكىل قىلغان نەسرلەر ئاساسەن قىسقا ھەجىملىك نەسرلەر بولۇپ ، ئۇلار ھەم نىسبىي مۇستەقىللىققا ھەم يەنە مەلۇم ئورتاق باغلىنىشقا ئىگە . يازغۇچى بۇ نەسرلەرنى مىلادىيە 1967 - يىلى فېۋرالدىن 1977 - يىلى نويابىرغىچە بولغان ئاپەتلىك ئون يىلدا يازغان . بۇ ھەقتە يازغۇچى مۇنداق دەيدۇ : «بۇ تارىخنىڭ سەۋدالىق يىللىرى يېزىلغان تەئەججۇپنامە . بۇنداق يىللارنى ئاپەت دەپ ئاتىساڭ ئاپەتلىرى تولىمۇ پاجىئەلىك . بۇنداق يىللارنى ئامەتلىك دەپ ئاتىساڭ ، ئۇنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ تەجرىبىلىرىنى توپلاپ ، زۇلمەتنى يېڭىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە قوشقان تۆھپىسى ھېكمەتكە باي قىممەتلىك ئامەت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ . بۇ ھەقىقەتەن سەۋدالىق يىللىرى ئىدى . . . ‹سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى› تۈن مونولوگى سۈپىتىدە سەۋدالىق يىللىرىدىكى سەۋدالىق خاتىرىسى بولۇپ مەيدانغا كەلگەن» (ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت-



ئىمىن : «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىكى «ئاپتوردىن» ئېلىندى ) .

«سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىكى نەسرلەردە مونولوگ شەكلىدە پىكىر - ھېسسىيات ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق ، ئاپەتلىك يىللاردىكى ئازابلىق ياشاش مۇھىتى ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بېرىلىپ ، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش يورۇتۇپ بېرىلگەن ، شۇنداقلا ئاساسلىق قىلىپ يازغۇچىنىڭ ئىنسان ھاياتلىقىنىڭ ماھىيىتى ، قىممىتى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرى ، تۇرمۇشتىن تاپقان ھەقىقەتلىرى ، پەلسەپىۋى - ئىجتىمائىي قاراشلىرى ، ھەقىقەت يولىدا توختىماي ئىزدىنىشتەك ئۇمىدۋارلىق روھى تەئەججۇپ ئىچىدىكى ئازابلىق ئويلار ئارقىلىق گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن . يازغۇچىنىڭ بۇنداق ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى نەسردىن ئېنىق ھېس قىلالايمىز :

«ئوت - تۆت زاتنىڭ ئەڭ يەڭگىلى .

ئوت ، ئوت تۇرلىرى تولا ، پەرۋانىنىڭ زوقى ئۇچۇن پەقەت چىراغ ئوتىلا مۇقەددەس !

چىراغ ئوتى ! پەرۋانىنىڭ مۇھەببەت شەيدالىقىدىن دېرەكسىز بىرەھىم مەشۇقە . سېنىڭ ئاشىققا بېغىشلىغان ئىلتىپاتىڭ ئۆلۈم خاتىرجەملىكى .

ئوت - تۆت زاتنىڭ ئەڭ يەڭگىلى .

ئوت ، ئوت تۇرلىرى تولا . ئىنسانىيەتنىڭ زوقى ئۇچۇن پەقەت ئالەم مۇھەببىتى ، ھايات سۆيگۈسى ، زېمىن ئىشقى ئوتىلا مۇقەددەس !

زېمىن ئوتى ! ئەي ئانا تۇپراق .

ھايات ئوتى ! ئەي پۈتكۈل ئىنسانىيەت .

ئىنسانىيەت مۇھەببىتىنىڭ پەرۋانىدەك تەقدىرىنى تۈزىتىدىغان ئەڭگۈشتەر يوقمىدۇ ؟ !»

(ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن : «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» 124 - 125 - بەتلەر )

بۇ بىر تۈردىكى نەسرلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق شۇنى ھېس قىلىش تەس ئەمەسكى، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن نەسرلىرىنىڭ ناھايىتى تىرەن بىلىم ئاساسى، ناھايىتى كەڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى، خېلىلا سىستېمىلىق پەلسەپۋى سىستېمىسى، پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىغا چېتىلىدىغان تارىخ جۇغلانمىسى بار. نەسر ئىجادىيىتىدىكى بۇنداق ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بىر ئېنسىكلوپېدىيىلىك ئالىم ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ تەستىقلايدۇ.

**مۇشۇ يىللاردا** نەسر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆرۈنەرلىك ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئېرىشكەن پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش نەسرچىلىرىمىزدىن سەيپىدىن ئەزىزى، ھاجى ئەھمەت كۆلتېگىن، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، نۇرمۇھەممەت توختى قاتارلىقلارمۇ مەزمۇن كەڭلىكى ۋە بەدىئىي ماھارەتلەر جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرۈپ، بۇ ئالاھىدىلىكلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان نەسرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ ھەسسىلەرنى قوشتى. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ نەسرلىرىدە ئاساسلىق قىلىپ دەۋر ئاتا قىلغان ھاياجانلىق تەسىراتلار ئىپادىلەندى، ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىننىڭ «ھاياتقا مۇھەببەت» قاتارلىق بىر يۈرۈش نەسرلىرىدە ھاياتلىق كۈيلىنىپ، ھاياتقا بولغان مۇھەببەتنىڭ تەڭداشسىز كۈچ - قۇدرىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، شۇنداقلا يەنە ھاياتنىڭ قىممىتى پەقەت ياشاشتىلا ئەمەس، بەلكى قانداق ياشاشتا، ھاياتنىڭ لەززىتى ئەركىنلىك، ئازادلىقتا دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەنۋەر ئابدۇرېھىم «گۈزىلىم، كۆزۈڭنى ياشلىما» ناملىق توپلىمىدىكى نەسرلىرىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئىنسان خاراكتېرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى، ئادىمىيلىكتىكى ئۇلۇغ پەزىلەتلەر، تۇرمۇشتىكى ھەر خىل ھادىسىلەر، كەڭ تەبىئەت قاتارلىق نۇرغۇن تېمىلار ھەققىدە مۇھاكى-



مىلەر يۈرگۈزۈلگەن. نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ «كۈلۈپ كۆرگەنلەر ۋە كۆرۈپ كۈلگەنلەر» ناملىق توپلىمىدىكى نەسرلىرىدە ئاساسلىق قىلىپ ئالەمنىڭ مەركىزى ۋە ئەدەبىياتنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى بولغان ئادەم ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن. يازغۇچى ئادەم ھەققىدىكى مۇھاكىمىسىنى ئادەم بىلەن، تەبىئەت بىلەن، جەمئىيەت بىلەن سىردىشىش - سۆزلىشىشتىن ئىبارەت يېڭىچە بىر نۇقتىدىن چىقىپ ئېلىپ بارغان. نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ نەسرچىلىكتىكى روشەن بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ پىكىرنى تۇرمۇشتىكى، تەبىئەتتىكى ئاددىي شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئۇنىڭ نەسرلىرىدە ئېپىكا بىلەن لىرىكا بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ.

مىلادىيە 90 - يىللاردىن باشلاپ نەسر ئىجادىيىتى ساھەسىگە ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئەركىن نۇر، مۇختەر مەخسۇت، ئەنۋەر تاشتۆمۈر، ئەختەم ئۆمەر، زۇلپىقار، ئەنەيتۇللا قۇربان، ئوسمان قاۋۇل، مۇھەممەتجان ئابلىز بۆرييار، قۇربان ئەمەت قاتارلىق بىر تۈركۈم ياشلار كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىزدىنىش روھىغا باي، پىكرى چوڭقۇر، پەلسەپۋىلىكى چوڭقۇر، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىغا باي، ھېسسىياتى قايناق نەسرلىرى بىلەن نەسرچىلىك ساھەسىنى جانلاندۇرۇۋەتتى ۋە ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ يېڭى بىر پەللىسىنى ياراتتى، شۇنداقلا ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ ئەتىسىگە نىسبەتەن ناھايىتى كۈچلۈك ئۈمىد پەيدا قىلدى. تېخىمۇ قىممەتلىك بولغىنى شۇكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئالدىغا ئۇسلۇب - ئالاھىدىلىك يارىتىش ئۈچۈن ئىزدەندى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنى مەزمۇن ۋە بەدىئىلىك جەھەتتىن تېخىمۇ رەڭدارلاشتۇردى.

**ئابدۇقادىر جالالىدىن** نەسرلىرى پەلسەپۋى پىكىرگە بايلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلەندى. بۇنداق ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ «چالا كۆيگەن رىسالە»، «ئاشىقلار تىلى» قاتارلىق نەسرلىرىدە گەۋدىلىك

ئىپادىلەندى . «ئاشىقلار تىلى» ناملىق نەسرلەر تۈركۈمىدە ، ئۇ ئوتـ-
تۇرا ئاسىيادىكى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ۋە شەرق ئەللىرىدىكى ئۇنىڭـ-
دىنمۇ ئىلگىرىرەك دەۋرلەردىكى پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر بىلەن هازىرقى
زامان تىلىدا سۆزلىشىپ ، ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى شەرھلەـ-
گەن . بۇ جەرياندا شەرق تەپەككۇر خەزىنىسىدىكى كلاسسىك ھېكايەتـ-
لەرگىمۇ ، تەۋراتتىكى قەدىمىي قىسسىلەرگىمۇ مۇراجىئەت قىلغان ،
ئەمما مۇشۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ ساداسىنى ياڭرىتىشقا ئالاھىدە دىققەت
قىلغان . ئۇ بۇ بىر يۈرۈش نەسرلىرىدە ھاياتلىق پەلسەپىسىدىكى
مۇھىم چۈشەنچە بولغان ئۆلۈم ھەققىدە كۆپرەك ئىزدەنگەن . نەسرلەر-
دىن مەلۇم بولۇشىچە ، ئۇ ئۆلۈمدىن كىشىنى شۈركەندۈرىدىغان دەرد-
جىدىكى قورقۇنچلۇق تەسىراتنى ئەمەس ، بەلكى تەڭرىنىڭ رەھمىتى
ھېسابىدىكى گۈزەل ماھىيەتنى تونۇپ يەتكەن . بۇ خىل قارىشى گەۋدى-
لىك ئىپادىلىنىدىغان «ئۆلۈم مەرىپەتنامىسى» ناملىق نەسرىدە ئۇ ،
ئۆلۈم ھەققىدىكى ئۇقۇم بىلەن ئۆلۈمنىڭ ئۆزى تامامەن ئىككى خىل
نەرسە دېگەن قارىشىنى تەھقىقلەپ ، «ئۆلۈم ھەققىدىكى ئۇقۇم بىزنى
ئالدايدۇ ياكى قورقۇنچاق قىلىپ قويىدۇ . تۇرمۇش پەلسەپىسى ئۆلۈم
ئۈستىگە قۇرۇلغان . پەقەت ئۆلۈملا ھەممىنى ئايرىيدۇ ، ھەممىنى
باراۋەر قىلىدۇ . ئۆلۈم — كامالەت . ھاياتنىڭ كامالىتى ئۆلۈم كامالـ-
تى بىلەن تەڭداش بولغاندا ، سەن ئۇچۇن ئۆلۈم مەۋجۇت ئەمەس» ، دەپ
يازىدۇ . ئابدۇقادىرنىڭ نەسرلىرىدە ھاياتلىق ھەققىدىكى پەلسەپىۋى
قاراشلار گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن . ئۇنىڭ نەسرلىرىنىڭ پىكرى چوڭـ-
قۇر ، رىتىمى ئەركىن ، تىلى پاساھەتلىك ، ئوبرازلىرى يارقىن ،
مەنىسى كۆپ قاتلاملىق بولۇپ ، كىشىگە شېئىرىي لەززەت بېغىشلايـ-
دۇ .

**ئەركىن نۇر** نەسرلىرى ئىنسان قەلبىدىكى نازۇك تۇيغۇلارنى ،
ئىنسان تەبىئىتىدىكى ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى ھازىرقى زامان پسىخو-
لوگىيىسى نۇقتىسىدىن چىقىپ ، چىنلىق ۋە يارقىنلىق بىلەن ئىپادـ-



لەپ ، ئىنساننى ئۆز ماھىيىتىگە ، ئۆز تەبىئىيلىكىگە يېقىنلاشتۇرۇشـ-
تا ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينىدى . ئۇنىڭ نەسرلىرى نەسرچىلىكىمىزـ-
دە «ئىنسان تەبىئىتىنى يېزىش» خاھىشىنى شەكىللەندۈرۈشتەك
خاسلىقى بىلەن خاراكتېرلەندى .

مىلادىيە 90 ـ يىللاردا نەسرچىلىك ئىجادىيىتىگە كىرىپ كەلـ-
گەن ياش يازغۇچىلارنىڭ بىرى ئەنۋەر تاشتۆمۈر .

**ئەنۋەر تاشتۆمۈر** «تەنھا قىز» ناملىق نەسرلەر توپلىمىدىكى
زور بىر تۈركۈم لىرىك نەسرلىرىدە ياراتقان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى
بىلەن نەسرچىلىكىمىزدە ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېرىشتى . ئەنۋەر تاشتۆـ-
مۈرنىڭ نەسرلىرىنىڭ لىرىك تۈسى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ ، ئۇلاردا
يازغۇچىدىكى ئالاھىدە تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە گۈـ-
زەل بىر خىيالىي دۇنيا مەنزىرىسى يارىتىلغان ، جەننەتسىمان بۇ
خىيالىي دۇنيادا لىرىك قەھرىمان ھايات سىرلىرى ھەققىدە ئىزدـ-
نىپ ، ئىشق ـ مۇھەببەت ئوتىدا يېنىپ ، ھىجران ئازابلىرىنى تارـ-
تىپ ، يار ۋىسالىدىن ئۈمىدلەر كۈتۈپ ، قەلبىدىكى ئىزتىراپ ـ
تېڭىرقاشلىرىنى ، قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىنى ، ئۈمىدسىزلىك كۆلىدىن
پارلاپ قالىدىغان ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى ئىپادىلەيدۇ . ئۇنىڭ نەسرلىرد-
نىڭ سۇبيېكتىپ تۈسى نىسبەتەن كۈچلۈك بولۇپ ، كۆپلىگەن نەسر-
لىرىدە ئۆزىنىڭ نازۇك ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ، يىتتۈرۈپ قويغان
ئۆزىنى ئىزدەش ئاساسلىق تېما قىلىنغان . ئۇنىڭ نەسرلىرىدە ئالاھد-
دە گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغان سىپتە ۋە ئىنچىكە ئىپادىلەنگەن نازۇك
ھېسسىيات ، ئىپادىلەشتىكى پاساھەت ئۇنىڭ ساپ سەنئەت خاھىشىنى
مەلۇم دەرىجىدە ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ ؛ ئۇنىڭ نەسرلىرىدىكى بەدىئىي
ئوبرازلار كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىكى ھېسسىي ئوبرازلار ئالاھىدـ-
لىكىگە ئىگە ، شۇنداقلا يەنە ئۇنىڭ نەسرلىرىنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى
ئېغىر بولۇپ ، قەلبنى تېخىمۇ مۇڭلاندۇرۇۋېتىدىغان مۇزىكىلاردەك
تۇيغۇ بېرىدۇ .

نەسر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان ھەربىر يازغۇچىنىڭ ياكى
ھەۋەسكارلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر تاشلايدىغان
بولساق ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۆزىگە خاس بولغان مەلۇم خۇسۇسى-
يەت - ئالاھىدىلىكلەرنى ھېس قىلماي قالمايمىز . بۇلاردىن كۆرۈۋې-
لىش تەس ئەمەسكى ، بىزنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى ، جۈملىدىن يېقى-
دەۋردىكى نەسرچىلىكىمىز ئومۇمەن ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ ،
گەۋدىلىك ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئېرىشتى ، ئەدەبىياتىمىز-
دىكى تەرەققىيات - مۇۋەپپەقىيەتلەر نەسرچىلىكىمىزدىمۇ گەۋدىلىك
ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى . تېخىمۇ قىممەتلىك بولغىنى شۇ بولدى-
كى ، ئۇيغۇر نەسرچىلىكى بىر مەزگىللىك ئىزدىنىش - تەرەققىيات
ئارقىلىق ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى . بولۇپمۇ كېيىنكى
مەزگىللەردە ئۇنىڭ تېما دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى ، مەزمۇنى تېخىمۇ
چوڭقۇرلاشتى ، پەلسەپىۋى تۈسى ئاشتى ، بىلىم خاراكتېرى گەۋدىلەن-
دى ، ئىنسان قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرى ئىپادىلەندى ، نەسرلەر-
نىڭ ئۇسلۇبى رەڭدارلاشتى ، تىلى تېخىمۇ تاۋلاندى ، ئۇنىڭ «ئەدەبىي
خاتىرىلەر» ، «ئەبجەش خاتىرىلەر» ، «تەپەككۇر جەۋھەرلىرى» دې-
گەندەك يېڭىچە تۈرلىرى مەيدانغا كېلىپ ، ئۇنىڭ شەكلى كۆپ خىل-
لاشتى . بۇلاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى ، ئۇيغۇر نەسرچىلىكى-
نىڭ يېڭى ئەسىردىكى ئىستىقبالى تېخىمۇ چەكسىز بولىدۇ .

يۇقىرىدا تار مەنىدىكى ساپ نەسر ئىجادىيىتى ھەققىدە قىسقىچە
توختالدۇق . مىلادىيە 1980 - يىللاردىن كېيىن يۇقىرىدىمۇ تىلغا
ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك نەسرىي ئەدەبىياتنىڭ ساياھەت خاتىرىسى ،
ئەدەبىي ئاخبارات قاتارلىق تۈرلىرى بويىچىمۇ كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر
ئەسەرلەر ئىجاد قىلىندى . بولۇپمۇ ، ساياھەت خاتىرىسى ئىجادىيىتى-
دىكى مۇۋەپپەقىيەت ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى .

مىلادىيە 1980 - يىللارنىڭ دەسلىپىدىن باشلانغان ئىسلاھات - ئېچى-
ۋېتىش ئىشلىرىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا ئەگىشىپ ، چەت ئەللەر بى-



لەن بولغان باردى - كەلدىمىزمۇ كۈنسايىن قويۇقلاشتى . شۇنىڭ
بىلەن بىرتۈركۈم ساياھەت خاتىرىلىرى يېزىلىپ ، ئۇزۇن مەزگىل
دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان خەلقىمىزگە دۇنيانى تونۇتۇشتا
مۇھىم روللارنى ئوينىدى . بۇ جەھەتتىكى ئىجادىيەتتە باشلامچىلىق
رول ئوينىغىنى يازغۇچى زوردۇن سابىر بولدى . ئۇ مىلادىيە 1990 -
يىللاردا ئەرەب دۆلەتلىرىگە قىلغان سەپىرى ئاساسىدا «ئەرەب يېرىم
ئارىلىدا» ناملىق ساياھەت خاتىرىسىنى ، مىلادىيە 1990 - يىللارنىڭ
ئوتتۇرىلىرىدا رۇسىيە ، گېرمانىيە قاتارلىق ئەللەرگە قىلغان ساياھى-
تى ئاساسىدا «ياۋروپاغا سەپەر» ناملىق ساياھەت خاتىرىسىنى ئېلان
قىلىپ ، ساياھەت خاتىرىسى ئىجادىيىتى قىزغىنلىقىنى شەكىللەندۈر-
دى . شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە ئەخەت تۇردىنىڭ «ئەرەپ
ئەللىرى پادىشاھلىقىدا» ، ئىدرىس باراتنىڭ «ئامېرىكىغا سەپەر» ،
تۆمۈر داۋامەتنىڭ «دوستلۇق سەپىرى» قاتارلىق ساياھەت خاتىرىلىرى
ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا چىقىپ ، خەلقىمىزگە دۇنيانى تونۇتتى ،
شۇنداقلا ئۆزىنى تونۇتتى .

ساياھەت خاتىرىسى ئىجادىيىتىدە ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «ئەب-
جەش خىياللار» قاتارلىق ساياھەتنامىلىرى مەيدانغا چىقتى . بۇ بىر
تۈركۈمدىكى ساياھەتنامىلەر مەدەنىيەتكە ، جەمئىيەتكە ، تارىخقا دائىر
ناھايىتى مول بىلىمگە ئىگە بولۇش ، ھەر خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەر
ھەققىدە چوڭقۇر مۇلاھىزىلەرنى ئېلىپ بېرىش ، مىللەتنى ئۆزىگە
تونۇتۇش ، ھەر خىل ئىللەتلەرنى تۈزىتىپ ، ئىلغار پەن - مەدەنىيەت
ئىگىلەپ ، مەنىۋى جەھەتتىن قۇدرەت تېپىپ ، ئۆزىمىزنى مۇكەممەل-
لەشتۈرۈش ئارقىلىق بۈگۈنكى دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدىن ئورۇن
ئېلىشقا يېتەكلەشنى مەقسەت قىلىشتەك بىرقاتار ئالاھىدىلىكلەرگە
ئىگە بولدى .

ساياھەت خاتىرىسى ئىجادىيىتىدە نەتىجىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك
بولغان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى ئەبەيدۇللا ئىبراھىم بولدى .

**ئەبەيدۇللا ئىبراھىم** دەۋرىمىزدە چەت ئەللەرنى ئەڭ كۆپ
زىيارەت قىلغان ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ، ئىلگىرى كېيىن
بولۇپ دۇنيادىكى ئامېرىكا، فرانسىيە، ئەنگلىيە، رۇسىيە، ياپونىيە،
سەئۇدى ئەرەبىستانى، پاكىستان قاتارلىق نۇرغۇن ئەللەرگە بارغان.
مۇشۇ ئەللەردىكى ساياھەت - زىيارەتلىرى ئاساسىدا «ساياھەتنامە»، «ياۋ-
روپادا نېمىلەرنى كۆردۇم»، «ئامېرىكىدا 15 كۈن» قاتارلىق سايا-
ھەت خاتىرىلىرى ئەسەرلىرىنى ئايرىم - ئايرىم كىتاب قىلىپ نەشر
قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىيا-
تىدا ساياھەت خاتىرىسىدىن ئىبارەت بۇ بىر ئالاھىدە ئەدەبىي تۈرنىڭ
تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن مۇناسىپ ھەسسىلەرنى قوشتى.
ئەبەيدۇللا ئىبراھىم يازغان بۇ بىر تۈركۈم ساياھەت خاتىرىلىرى چەت
ئەلنىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي مۇھىتى، تارىخى، مەدەنىيىتى، كىشى-
لىك مۇناسىۋەت - ئالاقىلىرى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرۇشتىكى چىن-
لىقى، ئىنچىكىلىكى ۋە ئۇلارنى بايان قىلىشتىكى ماھارىتى بىلەن
خاراكتېرلىك بولۇپ، كىشىدە خۇددى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتقان-
دەك تەسىرات پەيدا قىلىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا
تېگىشلىككى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بۇ بىر تۈركۈم ساياھەت خاتى-
رىلىرى خەلقىمىزگە بۈگۈنكى دۇنيانى تونۇشتۇرۇش، خەلقىمىزنىڭ
نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، خەلقىمىزدە ئۆزىنى تونۇش، ئۆزىنى
مۇكەممەللەشتۈرۈش ئېڭىنى ئويغىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى
مۇھىم روللارنى ئوينىدى. ئەسىر ئاخىرىغا كەلگەندە، ئەدەبىياتنىڭ
ئىجتىمائىي رولى ساياھەت خاتىرىسى ئەدەبىياتىدا خېلى گەۋدىلىك
ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىياتىمىزدا يەنە «ئەدەبىي ئاخبارات» تىن
ئىبارەت يېڭى بىر خىل ئەدەبىي شەكىل ئوتتۇرىغا چىقىپ، نەسرىي
ئەدەبىياتىمىزنى تېخىمۇ رەڭدارلاشتۇردى. گەرچە ئىلگىرىكى ئەدەبى-
ياتىمىزدا «ئاخبارات ئەدەبىياتى»، «ئوچېرك»، «تەپسىلىي خەۋەر»



قاتارلىقناملار بىلەن ئاتالغان بىر خىل ئەدەبىي تۈر بار بولسىمۇ،
ئەمما ئۇنىڭ ئاخبارات - خەۋەرلىك تۈسى قويۇق ئىدى. يېڭى دەۋردە
مەيدانغا چىققان «ئەدەبىي ئاخبارات»لار گەرچە ئاخبارات تۈسىگە ئىگە
بولسىمۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ئەدەبىي خاراكتېرى كۈچلۈك بولدى. جەم-
ئىيەتتىكى مۇھىم، كىشىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەرخىل مەسىلىلەرنى
چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشنى، دەۋرىمىزدە ھەرقايسى ساھەلەر
بويىچە چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇش-
نى ئاساسلىق مەزمۇن قىلغان ئەدەبىي ئاخباراتلار ناھايى-
تى تېز ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى «قىزىق نۇقتا» غا ئايلىنىپ، ئۆز-
گىچە بىر ئىجادىيەت ساھەسىنى شەكىللەندۈردى ۋە ئاز بولمىغان
نەتىجە - مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. مىلادىيە 1990 - يىللار
ئەدەبىي ئاخبارات ئىجادىيىتى ئەڭ گۈللەنگەن يىللار بولدى، بۇ يىل-
لاردا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي ئاخباراتلار ئىچىدە زوردۇن سابىرنىڭ
دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققى-
ياتى تېمىسىدا يېزىلغان «ئاخىرلاشمىغان زىيارەت» ناملىق ئەدەبىي
ئاخباراتى، توختى ئايۇپنىڭ تاشيول ئىشچىلىرى ھاياتىغا بېغىشلانغان
«باتۇرلۇق ھەيكىلى ھەققىدە قىسسە» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتى،
مۇھەممەت باغراشنىڭ مىللەتنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ۋە ھازىرقى ئەھۋا-
لى ھەققىدىكى مۇھاكىمىسىنى ئاساس قىلغان «سەن كىمنىڭ ئوغلى-
سەن، ئويلىساڭچۇ» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتى ۋە نۆۋەتتە مەۋجۇت
بولۇپ تۇرۇۋاتقان زەھەر چېكىش ۋە ئۇ ئېلىپ كېلىۋاتقان يامان
ئاقىۋەتلەر تېمىسىدا يېزىلغان «پرومېتى ئېيتىدۇ: ئاگاھ بولۇڭلار
ئىنسانلار» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتى، ئەركىن روزىنىڭ ئېكولوگىيە-
لىك مۇھىت ۋە زەھەر چېكىملىكى تېمىسىدىكى «بۇ يەردە كېيىنكى-
لەرنىڭمۇ ھەققى بار» نامىدىكى بىر يۈرۈش ئەدەبىي ئاخباراتلىرى،
قەيسەر مىجىتنىڭ تىلشۇناس ئالىم خەمىت تۆمۈرنىڭ ئىلمىي ھاياتىغا
بېغىشلاشقان «مەڭگۈلۈك ياشلىق» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتى ۋە باشقا

يازغۇچىلارنىڭ تېببىي پەنلەر دوكتورى خالمۇرات غوپۇرغا بېغىشلانغان «دوكتور خالمۇرات» ناملىق ئەدەبىي ئاخبارات قاتارلىقلار كىتابخانلارنىڭ ياخشى باھالىرىغا ئېرىشتى .

## ئەخمەت ئىمىن

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەسر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئەدىبلەر ئاز بولمىسىمۇ ، ئەمما ئىزچىل شۇغۇللىنىۋاتقىنى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغىنى يەنىلا ئەخمەت ئىمىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭ ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ ، ئۇ ئۆزىنىڭ مەزمۇنى مول ، بەدىئىيلىكى رەڭدار ، نەپىس ۋە يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى .

## ئەخمەت ئىمىننىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى

ئەخمەت ئىمىن مىلادىيە 1950 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . مىلادىيە 1957 ـ يىلىدىن 1967 ـ يىلىغىچە باشلانغۇچ ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» سەۋەبىدىن ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرالماي ، يېزىغا چۈشۈپ قايتا تەربىيە ئالغان ھەم ۋاقىتلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن . مىلادىيە 1979 ـ يىلىدىن 1981 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىشتىن سىرتقى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەنزۇ تىلى كەسپىدە ئوقۇغان . مىلادىيە 1981 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشقان . شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئاشۇ ئورۇندا ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ .



ئەخمەت ئىمىن يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر نەسرچىلىكى ئۈچۈن يول ئاچقان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى . گەرچە ، بۇ ئەسىردە ئۇيغۇر نەسرچىلىكى بويىچە ئاز بولمىغان ئىجادىيەت نەتىجىلىرى مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ ، ئەمما باشقا ژانىرلارغا قارىغاندا يەنىلا ئاجىز ساھە بولۇپ كەلگەن ئىدى . ئەخمەت ئىمىن مانا مۇشۇ ئاجىز ساھەنى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ زېمىنى قىلىپ تاللاپ ، بۇ ساھەدە جاپالىق ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بېرىپ ، ئىجادىيەتتە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ ، ئۆزگىچە خاس يول ئېچىپ ، ئۇسلۇب يارىتىپ ، مۇشۇ ئەسىردىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر نەسر يازغۇچىسىغا ئايلاندى . ئۇنىڭ ھازىرغىچە «قەلب سادالىرى» (1985 ـ يىل ) ، «باھار تىنىقى» (1992 ـ يىل ) ، «جۇلدۇر كېپەن خوتۇنىنىڭ ساداسى» (2000 ـ يىل ) قاتارلىق نەسرلەر توپلىمى نەشر قىلىندى . «باھار تىنىقى» ناملىق نەسرلەر توپلىمى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى . «پەزىلەت ئىگىسىگە مەدھىيە» ناملىق نەسرى مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتقا ، «سادا» ، «ئوۋ تاماشاسى» قاتارلىق نەسرلىرى «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا» ئېرىشكەن .

ئەخمەت ئىمىن ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئېلان قىلىنغان «قەلب سادالىرى» دېگەن ئومۇمىي ماۋزۇ ئاستىدىكى نەسرلىرى بىلەن كىرىپ كەلگەن . «قەلب سادالىرى» ئۇيغۇر يېڭى دەۋر نەسرچىلىكى ئۈچۈن يول ئېچىش ، نەسرچىلىكىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈرتكە بولۇش رولىنى ئوينىغان نەسرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، شۇنىڭدىن تارتىپ ئەدەبىياتىمىزدا نەسرچىلىك بىر ئالاھىدە ئىجادىيەت ساھەسى سۈپىتىدە ئېتىبارغا ئېرىشتى ھەم ئەخمەت ئىمىننىڭ ئۆزىمۇ نەسرچىلىك ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى . ئەخمەت ئىمىننىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان «قەلب سادالىرى» — بىر پارچە چاتما نەسر بولۇپ ، ئۇ «مۇقەددىمە» ، «چوغ» ، «سەئىدە» ، «ناخشا» ، «دەريا بويىدا» ،

«ساما تۇيغۇلىرى» ، «ئانامغا خەت» ، «يامغۇردىكى سەيلە» ، «باش
باھار» ، «خاتىمە» قاتارلىق نەسرلەردىن تەشكىل تاپقان . بۇ بىر
يۈرۈش نەسرلەر مىلادىيە 1967 ـ يىلىدىن 1977 ـ يىلىغىچە بولغان
ئون يىلدا يېزىلغان . شۇڭا بۇ نەسرلەردە ئازابلىق تۇيغۇ ، كۈچلۈك
ھاياجان ، چىن ھېسسىيات ، چوڭقۇر مۇھاكىمە ۋە ئوبرازلىق تىل
ئارقىلىق بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللى-
رىدىكى ئازابلىق تۇرمۇشى ، ئۇلارنىڭ ئاشۇ يىللاردىكى قايغۇ ـ ھەس-
رەتلىرى ، دىل جاراھەتلىرى ، شۇنداقلا قەلبىدە يالقۇنجىغان ئارزۇ ـ
ئارمانلىرى ئىپادىلەنگەن . خۇددى يازغۇچى ئۆزى ئېيتقىنىدەك ، بۇ
نەسرلەردە ئىپادىلەنگىنى «دەھشەتلىك يىللارنىڭ قەلب سادالىرى ؛
جاھالەت قەپىسگە تۇتقۇن بولغان بۇلبۇللارنىڭ مۇڭلۇق ناۋالىرى»
ئىدى . «قەلب سادالىرى» شۇ دەۋر كىشىلىرى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم
بولغان ، شۇ يىللاردىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئاساسلىق تېمىسى
بولغان «جاراھەت تېمىسى»غا بېغىشلانغانلىقى ، تۇرمۇشقا يېقىنلىقى ،
ھېسسىيات چىنلىق بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكى ، ھايات ۋە رېئاللىق ھەق-
قىدىكى مۇھاكىمىلەرگە بايلىقى ۋە ھاياجانلىق شېئىرىي تىل قوللى-
نىلغانلىقى بىلەن ئەدەبىيات ساھەسىدە ، شۇنداقلا كەڭ كىتابخانلار
ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان ئىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئەخمەت
ئىمىن يەنە «شۆھرەت» ، «مۇھەببەت» ، «مۇزىكىدىكى سۈرەت» ،
«كېسەللەرگە دورا» ، «پەزىلەت ئىگىسىگە مەدھىيە» قاتارلىق بىر
تۈركۈم نەسرلەرنى يېزىپ ، ھايات ھەققىدە ، جۈملىدىن رېئاللىقىمىز-
دىكى ھەرخىل ئىجتىمائىي ، ئەخلاقىي مەسىلىلەر ھەققىدە چوڭقۇر ۋە
ئۆزگىچە بولغان مۇلاھىزىلىرىنى ، قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى .
«كېسەللەرگە دورا»ماۋزۇسى ئاستىدىكى «تىرىك يېتىمنىڭ ئاتىسى-
غا» ، «كۆيۈمسىز بالا» ، «يامانلاقتىكى ئايال» قاتارلىق نەسرلەردە
يازغۇچى جەمئىيەتنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ھېساب-
لىنىدىغان ئائىلىلەرنى تېما قىلىپ ، ئەخلاق ۋە ئاد ىمىيلىك مەسىلى-



لىرى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، مېھرىبانلىق ، ئىن-
سانىي پەزىلەت ، ئائىلە ئەخلاقى ، پەرزەنتلەرگە كۆيۈنۈش ئاساس
قىلىنغان «بەختلىك ئائىلە» قارىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن . «پەزىلەت
ئىگىسىگە مەدھىيە» ناملىق نەسرىدە ، ئىنسان قەلبىنى ئىلىم ـ
مەرىپەت ، ياخشى پەزىلەتلەر بىلەن يورۇتقۇچى جاپاكەش ئىنسان ـ
ئوقۇتقۇچىلار مەدھىيىلەنگەن .
ئەخمەت ئىمىننىڭ بۇ يىللاردا يېزىلغان نەسرلىرى ئىچىدە «مۇ-
زىكىدىكى سۈرەت» ناملىق نەسرى ئالاھىدە خاراكتېرلىك بولۇپ ،
ئۇنىڭدا يازغۇچىنىڭ «لەيلىگۇل» سىمفونىيىسىنى ئاڭلىغاندىن كې-
يىنكى ھاياجانلىق تەسىراتى ۋە شۇ ئارقىلىق قەلبىنىڭ چوڭقۇر
قاتلاملىرىدا پەيدا بولغان شائىرانە پىكىرلىرى ئىپادىلەنگەن . يازغۇچى
بۇ نەسرىدە «ھېسسىياتلىق ئىنساننىڭ يۈرەك تىلى»ھېسابلىنىدىغان ،
«ئەڭ نەپىس ، ئەڭ نازۇك ، ئەڭ گۈزەل ھېس ـ تۇيغۇلارنى ئىزھار
قىلىدىغان» مۇزىكىنى سۈرەتچى قىلىپ ، لەيلىگۇلنىڭ ھاياتلىق ئو-
چۇن ئېلىپ بارغان قەيسىرانە كۈرەشلىرىنىڭ ئاجايىپ يارقىن ، ئاجا-
يىپ لىرىك ، ئاجايىپ مەنىلىك بەدىئىي كارتىنىسىنى سۈرەتلەپ بەر-
گەن . سىمفونىيىنىڭ ئەۋجىگە چىقىشى ۋە پەسىيىشى ئارقىلىق ،
ئاپتور بىر ـ بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان «مۇقەددىمە» ، «مۇ-
ھەببەت ھەم سۆيىقەست» ، «قايغۇ ۋە كۈرەش» ، «بوران ئۇۋۇسىدا» ، «توي
ۋە ئىنتىقام» ، «بەخت ئىزدەش» ، «خاتىمە» قاتارلىق بىر يۈرۈش
سۈرەتلەرنى سىزىپ ، ئۇلارنى چوڭقۇر مەنىلەر يىپى ئارقىلىق باغلاپ ،
ئوخشاشمىغان كۈيلەر بىلەن چېتىپ ، خەلقىمىزنىڭ ئەركىنلىك ۋە
بەخت ئىزدەش يولىدا زالىم ھۆكۈمرانلار بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەش-
لىرىنى ، چىن مۇھەببەت يولىدا جان پىدا قىلىش بىلەن ئىپادىلىگەن
ۋاپادارلىق ، قەيسەرلىك خاراكتېرىنى ھاياجان بىلەن كۈيلىگەن .
ئەخمەت ئىمىننىڭ 1980 ـ يىللاردىكى ئىجادىيىتى دەۋرنىڭ
مۇھىم ئاكتىپ تېمىلىرىغا مۇراجىئەت قىلىش ، خەلق قەلبىدىكى

جاراھەتلەرنى ئىپادىلەش، خەلقىمىزنى تېخىمۇ گۈزەل ئەتىلەرگە ئۈمىدلەندۈرۈش، ئىجتىمائىي - ئەخلاقىي مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ياخشىلىق، چىنلىق، گۈزەللىكنى مەدھىيىلەپ بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يازغۇچىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش، ھېسسىيات ئىپادىلەشنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇش، پاساھەتلىك شېئىرىي تىل ئىشلىتىش . . . كە ئوخشاش ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولدى.

1990 - يىللار ئەخمەت ئىمىن نەسر ئىجادىيىتىدە ماھىيەتلىك يۈكسىلىشلەر بولغان، شۇنداقلا نەسر ئىجادىيىتىدە ناھايىتى چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن يىللار بولدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ھادىسىدىن ماھىيەتكە ئۆتۈش، چوڭقۇر، ماھىيەتلىك پىكىرلەرنى ئىپادىلەش، بەدىئىي ماھارەتلەرنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش خاھىشلىرى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىمۇ گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ئەخمەت ئىمىن ئىجادىيىتىدىكى بۇنداق يۈكسىلىشلەر ئۇنىڭ كېيىنكى يىللاردا يازغان «غەپلەت ئۇيقۇسىدا»، «باھار تىنىقى»، «سادا»، «ئوۋ تاماشاسى»، «تۇپراق ساداسى»، «مانا تاماشا» قاتارلىق نەسرلىرىدە روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

«غەپلەت ئۇيقۇسىدا» ناملىق نەسرىدە يازغۇچى چۈش بىلەن رېئاللىقنى ئۆزئارا گىرەلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەپ، چۈش مەنزىرىسىنى رېئاللىققا ئۇستىلىق بىلەن تەققاسلاپ، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى ھەر خىل ئىللەتلەرنى، جۈملىدىن مەنىۋى جەھەتتە بەرباتلىققا يۈزلىنىشنى ۋە تەقدىرى ھەققىدىكى چوڭقۇر ئويلىنىشنى كەسكىنلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ دەۋر ۋە خەلق ئالدىدىكى يازغۇچىلىق بۇرچىنى ئىپادىلىگەن. نەسردە چۈش مەنزىرىسى يېزىلغان، ئەمما بۇ چۈش ئۇيقۇلۇقتا كۆرگەن چۈش بولماستىن، بەلكى ئويغاق تۇرۇپ كۆرگەن چۈش. ئەجدادلاردىن قالغان قىممەتلىك مىراسلارنى سېلىنچا، يېپىنچا، سايىۋەن قىلىپ، مۇڭلۇق كۈيلەر بۆشۈككە بۆلۈنۈپ، غەپلەت ئۇيقۇسىغا كەتكەن ئىنسان بەزىدە يول-



ۋاسقا ئايلىنىپ، بەزىدە ئۆزىگە قايتىپ، دۇنيادىن بىخەۋەر، ھاياتلىق تەھدىتلىرىگە بىپەرۋا ھالەتتە «بەگدەك يېتىپ، بەڭگىدەك يېتىپ» چۈش كۆرىدۇ.

« . . . . . . . . . . . . . . .

يوغان بىر يىلان ۋىشىلداپ كېلىۋاتىدۇ، لېكىن يولۋاس يەنىلا ئۇيقۇدا.

ھالاكەت مەبۇدىسى دېگەن يىلان مۇشۇ ئەمەسمىدۇ؟ !يا ھەزرەت، نېمىدېگەن قارا، نېمىدېگەن توم، نېمىدېگەن ئۇزۇن!

يىلان سويلاپ كېلىۋاتىدۇ، يولۋاسنى مولجاللاپ كېلىۋاتىدۇ.

يولۋاس بولسا ئاتا مىراسلىرىنىڭ ئۈستىدە بەخىرامان ئۇخلاۋاتىدۇ، شېرىن چۈش كۆرۈۋاتىدۇ!

يىلان قانلىق ئاغزىدىن ئۇزۇن نەشتىرىنى چىقاردى، يولۋاس بولسا قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ يەنىلا ئۇخلاۋاتىدۇ.

توۋا، ئۇنى قارا باسمىدىمىكىنە؟ !

مەن ئۇنى تۇرتۇپ ئويغىتىۋەتمەكچى بولۇپ قولۇمنى ئاپىرىۋىدىم، ئۇ يولۋاس يەنە ئادەمگە ئۆزگىرىپ كەتتى. بىر قارىسام بالام! بىر قارىسام ئۆزۈم! بىر قارىسام ئايالىم!

. . . . . . . . . . »

(ئەخمەت ئىمىن: «باھار تىنىقى»، 102 - بەت)

«غەپلەت ئۇيقۇسىدا» — سىمۋوللۇق مەنىگە باي بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئەسىر ئاخىرىدىكى مەۋجۇتلۇق مەسىلىسى مۇھاكىمىگە قويۇلغان بىر پارچە مۇنەۋۋەر ئەسەر. يىلان سىمۋولىدىكى ھەر خىل خىرىسلار كىشىلەرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ يېڭىدىن - يېڭى قىيىن مەسىلىلىرىنى قويماقتا. ئەمما، بىز بولساق ئەجدادلاردىن قالغان مىراسلار بىلەنلا پەخىرلىنىپ، شۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ، ئىشلىرىمىزدا ھېچبىر يېڭىلىقلارنى ياراتماي، ماددىي تۇرمۇشىمىز-

نىڭ شۇنداقلا مەنۋىيىتىمىزنىڭ كۆپ جەھەتلەردىن تېخى نامراتلىقىغا
قارىماي، كۆڭلىرىمىزنى غەپلەت ئۇيقۇسى بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان-
لىقىمىزنى يېزىپ، بۇ يولنىڭ ئادەمنى خارابلىققا، يوقىلىشقا باشلاي-
دىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، دەۋرگە
ماس كېلىدىغان، باشقىلار قاتارى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنى مۇمكىن-
چىلىككە ئېرىشتۈرىدىغان يېڭى بىر ھاياتلىق يولىنى تېپىپ چىقىشقا
چاقىرغان. يازغۇچى بۇ يولنىڭ لايىھىيىسىنى سىزىپ، مۇنداق يازغان:

« — بالام قەغەز ئايروپىلانىڭنى تالادا ئۇچۇرساڭچۇ!

. . . . . . . .

راست، تالادا ئۇچۇر! ئېگىز ئاسماندا ئۇچۇر! قەغەز ئۇچۇرغى-
نىڭ نېمىسى؟ تۆمۈرنى ئۇچۇر، پولاتنى ئۇچۇر!
مەن ئۇچۇرالمىغان پولاتنى بالام قانداق ئۇچۇرىدۇ؟ بوۋام ئۇچۇ-
رالمىغان پولاتنى مەنمۇ ئۇچۇرالمىغانغا ئوخشاش ئىشقۇ بۇ!
ھەي بوۋىلىرىم، بوۋىلىرىم! ئۆز ۋاقتىدا نېمە ئىش قىلغان
بولغىيتىڭلار؟ ساپاننى سۆرەپ، ۋاي دادەيگە توۋلاپ، كالا ھارۋاڭلارنى
قېتىپ، خورەكنى تارتىپ كېتىۋېرىپتىكەنسىلەر - دە.

. . . . . . . . .

— قارا ئاپا، دادام خورەك تارتىۋاتىدۇ. دادامنى ئويغىتالماي،
ماڭا ۋارقىراپ يۈرۈيسەنغۇ!

. . . . . . . . .

راست، دادىلار ئويغىنىشى كېرەك! بالىلاردا نېمە گۇناھ؟!
ھەي، دادىلار - دادىلار! ئۇخلاپلا يۈرىسىلەر. سىلەرمۇ ئويغاز-
ساڭلار، خەقلەرگە ئوخشاش ئاسماندا ئۇچساڭلار بولمامدۇ؟! ئويغى-
نىڭلار، ئويغىنىڭلار!

. . . . . . . . . . »

(ئەخمەت ئىمىن: «باھار تىنىقى»، 100 - بەت)



يازغۇچىنىڭ بۇ ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويغىنى مىللەتنىڭ دۇنيادا
مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش - تۇرماسلىقى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك
بولغان «غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، ئىلىم - پەن بىلەن قوراللى-
نىپ، دۇنيا مىللەتلىرى قاتارى ياشاش ۋە بەختلىك ئەتە ئۈچۈن
كۈرەش قىلىش» تىن ئىبارەت ناھايىتى مۇھىم بىر مەسىلە بولۇپ،
يازغۇچى بۇ مەسىلىنى كۆرسىتىپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماس-
تىن بەلكى يەنە مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولىدىنمۇ بىشارەت بەر-
گەن. يازغۇچى بەرگەن بېشارەت غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ،
دۇنيا بىلەن ھەمنەپەس ياشاشتىن ئىبارەت بولغان. يازغۇچى كۆرسەت-
كەن ئويغىنىش يولى ئەمەلىيەتتە نەسردە «ئاسماندا ئۇچۇش» دەپ
ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن ئىلىم - پەن بىلىملىرى ئارقىلىق، زامانىۋى
ئىلغار ئاڭ ئارقىلىق، يۇقىرى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق قۇدرەت
تېپىش يولى بولۇپ، بۇ يول بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ
تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتقان «بىلىم ئارقىلىق بەختلىك بولۇش»
ئىدىيىسىنىڭ، ھەم دۆلىتىمىزدە يولغا قويۇلۇۋاتقان ئىلىم - پەن
ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئوبرازلىق ئى-
پادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
ئەخمەت ئىمىننىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئىجادىيىتىگە «سا-
دا» ناملىق نەسرى ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ نەسردە يازغۇچى ئىدىيىۋى
ھېسسىياتنى بىۋاستە ئىپادىلەش ئارقىلىق، مەۋجۇتلۇقىمىزغا ۋە
تەقدىرىمىزگە ناھايىتى ئېغىر خەۋپلەرنى ئېلىپ كېلىۋاتقان تەبىئەتتى-
كى بۇلغىنىش، مەنىۋىيەتتىكى بۇلغىنىش مەسىلىسىنى ناھايىتى يۇك-
سەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن تۇنجى قېتىم ناھايىتى مۇۋەپ-
پەقىيەتلىك ھالدا ئىپادىلەپ، ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ دۇنياۋى تېمى-
لارغا ياندىشىشىنى مۇمكىنچىلىككە ئېرىشتۈردى، نەسرچىلىكىمىز-
نىڭ سەۋىيىسىنى يەنە بىر بالداق يۇكسەكلىككە كۆتۈردى، شۇنداقلا

نەسرچىلىكىمىزنى پىكىر ـ ئىدىيە يېقىدىن تېخىمۇ رەڭدارلاشتۇردى .
بۇ نەسردە لىرىك قەھرىمان «مەن» نىڭ شەھەردىكى بۇلغانغان
ھاۋادىن ، قۇلاق ـ مېڭىنى يەپ ، ئادەمگە ئارام بەرمەيدىغان ۋاراڭ ـ
چۇرۇڭدىن ، تار ـ قىستاڭ ئۆي ، كوچىلاردىن ، ئادەمنىڭ ھالىنى
قويمايدىغان پەۋقۇلئاددە تېز تۇرمۇش رىتىمىدىن ۋە يەنە ئالىلىقانداق
نەرسىلەردىن بىزارلىق ھېس قىلىپ ، تەبىئەت قوينىغا ــ تەڭرىتاغ
باغرىغا كەلگەندىن كېيىنكى ھېس ـ ھاياجىنى ، ئوي ـ خىياللىرى ،
پىكىر ـ ئىدىيىلىرى ئىپادىلەنگەن . يازغۇچى بۇ نەسردە ئاساسلىق
قىلىپ ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئاجايىپ كىرىشىپ كەتكەن مۇناسىۋە-
تىنى ، جۈملىدىن تەبىئەتنىڭ ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ ، ياشاش مۇھىتى-
مىزدىكى تەبىئىيلىكنىڭ بارغانسېرى يوقىلىپ بېرىۋاتقانلىقىدىن ئى-
بارەت ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بۇلغىنىشىنى ۋە بۇنىڭ ئادىمىيلىك
سۈپەتلىرىمىزگە يەتكۈزۈۋاتقان يامان تەسىرلىرىنى شەھەر تۇرمۇشى
بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنى سېلىشتۇرما قىلىش ئارقىلىق جانلىق ،
ئوبرازلىق كۆرسىتىپ ، ھاياتلىققا ، ھاياتلىقنى ياشاش شارائىتىغا ئىگە
قىلىدىغان تەبىئەتكە ، ھاياتلىققا قىممەت ، مەنە بېرىدىغان ئادىمىيلىك
پەزىلەتلىرىمىزگە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش-
تەك مۇھىم بىر چاقىرىقنى ئوتتۇرىغا قويغان . شۇنداقلا تەبىئەتنى
سۆيۈش ، تەبىئەتنى قوغداش ، تەبىئەت بىلەن بىرگە ياشاش ، شۇ
ئارقىلىق ئۆز ھاياتلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ، تەبىئەتنىڭ سۈپەت-
لىرى ئاساسىدا ئادىمىيلىكىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت
پىكىرنى ھەر قەدەمدە ئىلگىرى سۈرگەن . يازغۇچى بۇ نەسردە يەنە
بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ، تەبىئەتتىكى بۇزۇلۇشلارنىڭ سەۋە-
بچىسى ، جىنايەتچىسى يەنىلا ئىنسانلار ، تەبىئەتتىكى گۈزەللىكنى
ساقلاپ قېلىش ، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئادەملەر
ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋىيىتىنى گۈزەللەشتۈرۈشى ، تەبىئەتنىڭ ئىنسان
ھاياتى ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم ۋە زۆرۈرلۈكىنى ھەقىقىي مەنىدە



تونۇپ يېتىشى كېرەك ، دېگەن ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرگەن .

## ئەخمەت ئىمىن نەسر ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

ئەخمەت ئىمىنىنىڭ نەسر ئىجادىيىتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك-
لەرگە ئىگە بولۇپ ، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتە ئىپادىلە-
نىدۇ :
1 . ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرى-
دىن بىرى شۇكى ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ھەر خىل ئىجتىمائىي مەسى-
لىلەر تېما قىلىنغان نەسرلەر ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ .
ئەخمەت ئىمىن ئەدەبىياتقا يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن
مۇئامىلە قىلىدىغان يازغۇچى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە ئىنساند-
يەت كوللېكتىپىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان ئۆزىگە ، ئەتراپتىكى ئادەم-
لەر توپىغا ، ئۇلار ياشاۋاتقان تەبىئەتكە ، جەمئىيەتكە ھەم شۇنداق
مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بىر ھەقىقىي ئىنسان .
بىر مەسئۇلىيەتچان يازغۇچىنىڭ ، بىر مەسئۇلىيەتچان ئادەمنىڭ ئە-
سىر ئاخىرىدىكى ھەر خىل خىرىسلار بىلەن تولغان ، مەنىۋى جەھە-
تىكى ھەر خىل مەنىۋى كرىزىسلارنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالغان كىشى-
لەرنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسى ھەققىدە ئازابلىق ئويلىنىش ئۇنىڭ
ئىجادىيىتىنىڭ مەنبەسى ۋە مەقسىتى . شۇڭا ، ئۇنىڭ نەسرلىرىدە
شەخسىي تۇس ئالغان تۇيغۇ ـ ھېسسىياتلار ، گۈزەل تەبىئەت مەنزىر-
لىرى پەيدا قىلغان ھاياجانلىق تەسىراتلار ، ياكى قانداقتۇر بىر كۆرۈ-
نۈشلەر ئېلىپ كەلگەن تاتلىق تۇيغۇلار ئەمەس ، بەلكى پۈتۈن ئىنساند-
يەتكە ، ھاياتلىقىمىزنىڭ كاپالىتى بولغان تەبىئەتكە ، بىز ياشاۋاتقان
جەمئىيەتكە ، ئۆزىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم
مەسىلىلەر پەيدا قىلغان ئاچچىق نىدالار ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە مۇھا-
كىمە قىلىنغان . ئۇنىڭ بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان بىر قاتار نەسرلىرد-
نىڭ ھەممىسى دەل مانا مۇشۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان نەسر-

لەردۇر .

2 . ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرىدە تۇرمۇشتىكى ھەممىگە تونۇشلۇق
كۆرۈنۈشلەر ، ئەتراپىمىزدىكى ئادەتتىكى ئادەم ۋە ئىشلار ، لاپ قىلىپ
ئۆتۈپ كېتىدىغان تۇيغۇ ـ تەسىراتلار ئارقىلىق چوڭقۇر پىكىرلەر
ئىپادىلىنىدۇ .

ئەخمەت ئىمىن ئۆزىگە خاس كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ، ئۆزىگە خاس
تۇيغۇغا ، ئۆزىگە خاس پىكىرگە ئىگە يازغۇچى بولۇپ ، ئىجادىيەت
خاسلىقى ئىنتايىن روشەن . شۇنداق بولغاچقا ، ئۇ باشقىلارغا ناھايىتى ـ
مۇ تەبىئىي كۆرۈنىدىغان ئادەتتىكى شەيئىي ـ ھادىسىلەردىنمۇ ، ئىش ـ
ھەرىكەتلەردىنمۇ باشقىلار ھېس قىلىپ يەتمىگەن ، ئادەمگە يېڭىچە
تۇيۇلىدىغان ، ئادەمنى چوڭقۇر ئويلارغا سالىدىغان پىكىر ـ ئىدىيە ـ
لەرنى تاپالايدۇ . بۇ ھەقتە يازغۇچى ئۆزى مۇنداق دەيدۇ : ئۆز ئەسىرى ـ
نى يېزىش ئۈچۈن « . . . يازغۇچىدا ئۆزىگە خاس كۆزىتىش بولۇشى ،
ھەممىدە ئۆز تۇيغۇسىنى ئاساس قىلىشى ، ھەممىدە ئۆزىگە خاس
پىكىرنى بايان قىلىشى كېرەك . مۇشۇنداق قىلغاندىلا باشقىلاردىن
پەرقلىق ھالدا «ئۆزلۈك»نى ، ئۆزىگە خاسلىقنى نامايان قىلغىلى
بولىدىكەن .

ئۆزىگە خاس كۆزىتىش دېگەن نېمە ؟بۇ باشقىلار كۆزەتمىگەن
ياكى باشقىلار ئېتىبار قىلمىغان نۇقتىدىن كۆزىتىش .

ئۆزىنىڭ تۇيغۇسىنى ئاساس قىلىش — ئۆز ھېسسىياتىغا سادىق
بولۇش ، سۇنئىيلىكتىن ، رەڭۋازلىقتىن ساقلىنىش .

ئۆزىگە خاس پىكىرنى بايان قىلىش — دورامچىلىق قىلماسلىق ،
ئۆزگىچە قارىشى بولسا دېيىش ، تولا چاينالغان نەرسىنى ئېغىزغا
ئالماسلىق . » (ئەخمەت ئىمىن : «جۇلدۇر كېپەن ئايالنىڭ ساداسى»
دىكى «مۇقەددىمە» دىن )

شۇڭا ، ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرىنىڭ تېمىسى يېڭى ، كۆزىتىش
نۇقتىسى يېڭى ، پىكرى يېڭى ، ئوقۇرمەنگە بېرىدىغان ئىجتىمائىي



ئۇنۇمى ۋە بەدىئىي زوقى ھەم ئۆزگىچە .

3 . ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرى ھېكايە سۆزلەش ئارقىلىق پىكىر
ئوتتۇرىغا قويۇشتەك ئۆزگىچە بايان ئالاھىدىلىكىگە ئىگە .

ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرىدە ئېپىكا بىلەن لىرىكا ، بايان بىلەن
مۇھاكىمە ناھايىتى ياخشى ماسلاشتۇرۇلغان بولۇپ ، بۇ جەھەتتە ياز ـ
غۇچى ئۆزگىچە ئۇسلۇب ياراتقان . ئۇ نەسرلىرىنى ھە دېسە «ئاھ» ،
«ۋاھ» بىلەن باشلاشقا ، ھېسسىياتنى بىۋاستە ئىپادىلەشكە قارشى
تۇرىدۇ . ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەسەرلىرىگە ، بولۇپمۇ دەسلەپ ـ
كى مەزگىللەردىكى ئەسەرلىرىگە قارايدىغان بولساق، ھېكايەت ئارقى ـ
لىق ھېكمەت ئوتتۇرىغا قويۇشتەك شەرق نەسرچىلىكىنىڭ ئۇسلۇبىنى
كۆرەلەيمىز . ئۇنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرىدىن بىرى بولغان «ئوۋ تاماشا ـ
سى» ناملىق نەسرىدە مۇنداق ئالاھىدىلىكنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز .
نەسردە مەن ئوۋچىغا ئەگىشىپ ئوۋغا چىقىدۇ . ئوۋ جەريانىدا ئوۋ
قۇشىنىڭ توشقان ئېلىشى ، ئەمما ئوۋ غەنىيمەتلىرىگە ئوۋچىنىڭ ئىگە
بولۇۋېلىشى ؛ توشقانلارنىڭ ئۆلۈمگە تۇتقان ئوخشاشمىغان پوزىتسىيە ـ
لىرى يېزىلغان . يازغۇچى مانا مۇشۇ كۆرۈنۈشلەرگە بىرلەشتۈرۈپ
تۇرۇپ ھايات ھەققىدە ماھىيەتلىك ، چوڭقۇر پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرى ـ
نى ئوتتۇرىغا قويغان . شۇڭا يازغۇچى بۇ دۇنيانى « . . . ھەم تاماشا
قىلىپ ئوينايدىغان ، ھەم تاماشا قىلىۋېتىپ ئويلايدىغان دۇنيا ! » دەپ
چۈشەندۈرىدۇ .

4 . ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرىنىڭ پەلسەپىۋىلىكى كۈچلۈك . پەل ـ
سەپىۋىلىك بۈگۈنكى زامان نەسرچىلىكى ئۈچۈن ئېيتقاندا ، ئەسەرنىڭ
ئوق يىلتىزى بولۇپ ، ئەدەبىي شەكىل ۋاستىلەر ئارقىلىق پەلسەپىۋى
پىكىر ئىپادىلەش بۈگۈنكى زامان نەسرچىلىكىنىڭ ئاساسلىق خاھىشى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئەخمەت ئىمىن ئۇزۇن بىر مەزگىللىك ئىزدى ـ
نىش ، تىرىشىش ۋە سەرگۈزەشتىلەر ئارقىلىق ، ئاخىرى بۇنداق دۇنيا ـ
ۋى خاھىشقا ياندىشىپ ، ئۇيغۇر نەسرچىلىكى بىلەن دۇنيا نەسرچىلى ـ

كنى مەلۇم جەھەتلەردىن ئورتاقلىقىقا ئىرىشتۇردى . ئەخمەت ئىمىن
دەسلەپكى ئىجادىيىتىدە ئاساسەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەكس ئەت-
تۇرگەن بولۇپ ، مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ، ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى
تەسىرات - ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ، ئەڭ زور ئىش قىلغاندا ، ئاشۇ
مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ چۇقانىنى سېلىش ئارقىلىق ئىجادىيىتى-
نى خاراكتېرلىگەن ئىدى . كېيىنكى مەزگىللەردە گەرچە ئۇ يەنىلا
ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇنداق ئىجاد-
يەت ئالاھىدىلىكىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ۋە مۇشۇ ئالاھىدىلىكى
بىلەن زور تەسىر قوزغاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ ، ئەمما مەسىلىنى
ئوتتۇرىغا قويۇشتا ، مۇھاكىمە قىلىشتا كۆنسېرى يېڭىلىق يارىتىپ ،
بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ ، ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلە بىلەن بىرلەش-
تۈرۈپ ھاياتلىق ھەققىدە ، تەبىئەت - جەمئىيەت ھەققىدە چوڭقۇر
مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ باردى ۋە ئۆزگىچە پىكىر - ئىدىيىلەرنى
ئوتتۇرىغا قويدى . ئەخمەت ئىمىننىڭ بۇ خىل ئىجادىيەت جەريانى
ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىگە ۋەكىل-
لىك قىلىدۇ .

## «تۇپراق ساداسى» ناملىق نەسرى

ئەخمەت ئىمىننىڭ نەسر ئىجادىيىتىدە مىلادىيە 1998 - يىلى
يېزىلغان «تۇپراق ساداسى» ناملىق نەسرى ناھايىتى مۇھىم ئورۇن
تۇتىدۇ . بۇ نەسر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر نەسرچىلى-
كىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان نەسرلەر-
نىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ .

يازغۇچى بۇ نەسردە تۇپراقنىڭ ئىنسانغا قىلغان نىداسى ئارقى-
لىق «ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىن ، ماھىيىتىدىن ، تەبىئىيلىكىدىن ، ئې-
سىل پەزىلەتلىرىدىن يىراقلىشىپ ، تەبىئەتكە ، جەمئىيەتكە ، ھەتتا



ئۆزىگە ئېغىر ۋەيرانچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت
«ئىنسان ئېكولوگىيىسىنىڭ بۇزۇلۇشى» دىن ئىبارەت ناھايىتى مۇ-
ھىم بىر مەۋجۇتلۇق مەسىلىسىگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەپەككۇ-
رى ، پەلسەپىۋى قاراشلىرى نۇقتىسىدىن چىقىپ ياندىشىپ ، ئۇيغۇرلا-
رنىڭ بۇ دۇنياۋى مەسىلىگە بولغان قارىشىنى پەلسەپىۋى يۇكسەكلىكتە
ئوتتۇرىغا قويغان .

يازغۇچى نەسردە باشتىن - ئاخىر زېمىن بىلەن ئىنساننى بىر
گەۋدە قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ ، زېمىن مەۋجۇتلۇقى ئىنسان مەۋجۇتلۇقى-
نىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ، بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلار-
نىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىغا ئىجادىي ياندىشقان . ئادەم بىلەن تۇپراق-
نىڭ مۇناسىۋىتىنى يازغۇچى تۇپراق تىلىدىن بېرىلگەن مۇنۇ نىدا
ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان :

«مېنى خارلىما ئىنسان ، مېنى خارلىغىنىڭ ، ئەسلىڭنى خارلى-
غىنىڭ !

مەن — تۇپراق يەنىلا مەن ؛ سەن — ئىنسان ، لېكىن سەن
مۇقەددەم ئاخىر يەنىلا مەن .

مەن سېنىڭ جىسمىڭ ؛ مەن سېنىڭ رىزقىڭ ؛ مەن جەننىتىڭ ؛
مەن لەھەتىڭ ؛ مەن سېنىڭ بارلىقىڭ ، ئىنسان !» .

يازغۇچى تۇپراقنىڭ ساداسى ئارقىلىق ، زېمىن بىلەن ئىنساننىڭ
بىر گەۋدىلىكىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا گەۋدىلەندۈرۈپدۇ ،
شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ئەسلىنى ئۇنتۇپ ، ئېتىقادىنى بوشاشتۇرۇپ ،
مۇقەددەس زېمىننى ۋەيران قىلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت جىنايى قىلى-
مىشلىرىنى توختىتىشقا ئاگاھلاندۇرۇپ ھاياجانلىق ، چوڭقۇر مەنى-
لىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ :

«رەھىم قىل ، ئىنسان ، ماڭا رەھىم قىل ، بۇنىڭدا ئاناڭغا
رەھىم قىلغانىنىڭ ساۋابى بار . رەھىم قىل ئىنسان ، ئۆزۈڭگە رەھىم
قىل ، بۇنىڭدا ھەممىگە رەھمەت قىلغانىنىڭ ساۋابى بار !
باغرىمنى تىلغىما ، ئىنسان ! ئىچ ـ باغرىمنى قوچۇما ، ئىنسان !
سۇلىرىمنى بۇلغىما ، ئىنسان ! ھاۋالىرىمنى بۇلغىما ، ئىنسان ! ماڭا
زەخمەت قىلغىنىڭ ئۆزۈڭگە زەخمەت قىلغىنىڭ ! ماڭا رەھمەت قىلغى-
نىڭ ئۆزۈڭگە رەھمەت قىلغىنىڭ !

. . . . . . . . . .

ساڭا رەھمەت ياغسا ، مېنىڭ روھىم يايرىدى . ساڭا بالا كەلسە ،
مېنىڭ جېنىم قاقشىدى . مەن كۈلگەندە سەنمۇ كۈلگەن ئىدىڭ ،
ئىنسان ، ئەمدى مەن يىغلىغاندا سەنمۇ يىغلىماسسەنمۇ ؟»
«تۇپراق ساداسى» ناملىق بۇ نەسرنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ
بولۇپ ، مۇھاكىمىگە قويغان مەسىلىلىرىمۇ كۆپ تەرەپكە چېتىلىدۇ .
يازغۇچى تۇپراق بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى مۇھاكىمى-
لىرىدىن كېيىن يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىنسان ھەققىدە
توختىلىدۇ : «ئاللا ساڭا نەپسىنى ئوتتىن بەرگەن . بۇ ئوتتا ئەقىدە ـ ئىمانى
بىلەن بولسا ، پەرىشتىلەردەك ئۇلۇغۋارلىققا ئېرىشىدىغان ، ئەقىدىسى-
نى يوقىتىپ ئۆز ماھىيىتىگە ئاسىيلىق قىلسا ، شەيتان لەئىنىدەك
شۇملۇققا قالىدىغان خۇسۇسىيەت بار ئىدى .
بۇ ئوت سېنىڭ تۆھپەڭنى تەمگە ئىگە قىلدى . بۇ ئوت سېنىڭ
قاراڭغۇلۇقۇڭنى يورۇقلۇققا ئىگە قىلدى . بۇ ئوت سېنىڭ جىسمىڭنى
ئىللىتتى . بۇ ئوت سەن ئۇچۇن تاشنى ئېرىتتى . خۇلاسىكالام ، بۇ
ئوت جىق مۇشكۇلۇڭنى ئاسان قىلدى .
بۇ ئوت بىلەن سەن مەرىپەت شامىنى ياندۇرغاندا ، سەندىن سۆ-
يۈنگەن ئىدىم ، ئۇنىڭ بىلەن ئەمدى نەپسانىيەت ئوتىنى ئۇلغايتقىنىڭدا
سەندىن چۆچۈدۇم ، ئىنسان !
نەپسانىيەت ئوتىنى ئۇلغايتما ، ئىنسان . ۋەھشىيەت يالقۇنىنى



گۇركىرەتمە ، ئىنسان . مېنى كۆيدۈرگىنىڭ ئۆزۈڭنى كۆيدۈرگى-
نىڭ ، ئۆزۈڭنى كۆيدۈرگىنىڭ ھەممىنى كۆيدۈرگىنىڭ !» .
نەسردە زېمىن ئادەم ھەققىدە سۆزلەيدۇ ، ئادەمنىڭ ئۇلۇغ مۇقەد-
دەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە يەنە ئۇنىڭ ئەسلىنى
ئۇنتۇپ ، ئادىمىيلىككە يات ئىدىيىسى ۋە ھەرىكەتلىرىنى ئەيىبلەپ ،
ئىنساننى ئادىمىيلىككە ، ياخشىلىققا ئۈندەيدۇ . «ئىنسان ئۆزۈڭنى
قۇتقۇزۇشۇڭ كېرەك !» دېگەن چاقىرىقنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . يازغۇ-
چى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ پىكىر يۈرگۈزۈپ ، ئىنساننىڭ روھى ھەققىدە ،
ئىنساننىڭ جەمئىيەت ، تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە
ۋە ئاخىر بېرىپ پەيدا بولغان «ئىنسان خاراكتېرىدىكى ياتلىشىش»
ھەققىدىمۇ توختىلىدۇ :
«ئۆملۈكنىڭ قۇدرىتى ئاشقانسېرى سېنىڭ زېمىندىكى تەختىڭ
ئېگىزلىدى . يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسېرى زېمىندىكى مەۋجۇدات ، مەخلۇ-
قاتلار تولىمۇ كىچىك ۋە ئەرزىمەس بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى . باشقا
يارالغۇچىلارنىڭمۇ خۇددى ئۆزۈڭدەك ئەزىز ۋە مۇھىم ئىكەنلىكىنى ،
ئۇلارسىز جاھاننىڭ رەڭسىز ۋە كەمتۈك بولۇپ قالىدىغانلىقىنى سەن
بارا ـ بارا ئۇنتۇشقا باشلىدىڭ . ئىچىڭدە نەپسى بالا ئوتىنىڭ ئاچ كۆز
چوغلىرى يېلىنجاشقا باشلىدى . ھازازۇلنىڭ كىبرى سېنىڭ ۋۇجۇ-
دۇڭغا كۆچتى . سەن ھازازۇل ـ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدە ئېزىپ ،
بېھىشتىن قوغلانغان ئاچچىق ساۋىقىڭنى ئۇنتۇدۇڭ .
سەن ئەسلىي مەندەك تۇپراقتىن پەيدا بولغان . مەن كىچىك
پېئىل ئىدىم ، سەن تەكەببۇر بولدۇڭ . مەن شەپقەتلىك ئىدىم ، سەن
شەپقەتسىز بولدۇڭ . شۇنداق قىلىپ ، سەن مەندىن ئايىندىڭ ، ئەس-
لىڭدىن ئايىندىڭ . بۇ ئايىنىش سېنى تەبىئەتتىن ، تەبىئىتىڭدىن يى-
راقلاشتۇردى . »

يۇقىرىقى پارچىدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى ، يازغۇچى بۇ

يەردە يەنىلا ئىنساننى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ ، تۇپراقنىڭ نەزىرى
ئارقىلىق ئىنسان ھەققىدە ، ئىنسان تەبىئىتى ھەققىدە ، ئىنسان تەبى-
ئىتىدىكى ياتلىشىش ھەققىدە گەپ قىلىدۇ .

نەسرىدە يازغۇچى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىجتىمائىيلىشىپ
كەتكەن ئادەم بىلەن تەبىئىتىنى ساقلىغان ئادەم ھەققىدە توختىلىپ ،
ئادەم بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇ-
رىغا قويۇش ئاساسىدا ، ئىنسان ھوقۇقىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ تېمىغا
ئۆزگىچە پىكىر بىلەن ياندىشقان :

«چىن ئىنسان ئالدى بىلەن ئۆز ئىنسانىي ھەق - ھوقۇقىنى
تەكىتلەيدۇ . جەمئىيەت ئىنسان ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغاندىلا ، ئىن-
سان جەمئىيەت ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ . ئىنسان ئىنسانىيەت
جەمئىيىتىنىڭ بوينى باغلاقلىق ئىتى ئەمەس . ئىنسانىيەت جەمئىيە-
تىنىڭ قەدىر - قىممىتى ھەر بىر ئىنسان قەدىر - قىممىتىنىڭ
جۇغلىنىشىنىڭ مەھسۇلى ياكى ئۇنىڭ چوڭايتىلغان شەكلى . ئىنساز-
لار ئۆزىدىكى چەكسىز تەبىئىي خۇسۇسىيەتنى نامايان قىلىش ئەركىن-
لىكىگە ئىگە . ئىنسانىيەت ئەركىنلىكى ئىنسان ئەركىنلىكىنىڭ ئو-
مۇمىي ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى .

. . . . . . . . . .

تەبىئەت رەڭدار . ئۇ رەڭدار بولغانلىقى ئۈچۈنلا كۆز ئالدىمىزدا
جىلۋە قىلىپ تۇرىدۇ . ئەگەر ئۇ بىرلا خىل رەڭلىك بولسا ئىدى ،
كىشىلەر ئىلغا قىلىش سېزىمىنى يوقاتقان بولاتتى . جەمئىيەتمۇ شۇن-
داق . ئۇ رەڭدارلىقى بىلەنلا ئۆز ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ كېلىۋاتى-
دۇ . ئىنسان جەمئىيەتنىڭ بىر قېلىپتا قۇيۇپ چىقىرىدىغان كېسەكى
ئەمەس ، ئۇ تەپەككۇر ئەركىنلىكىگە ئىگە . تەپەككۇر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا
روھ بىلەن تەڭ كىرگەن . . . . ئىلاھىي قۇدرەتمۇ يوقىتالمىغان
تەپەككۇر ئەركىنلىكىنى يوقاتماقچى بولغانلار تەبىئىيلىكنىڭ لەنەت - قار-



غىشىغا ئۇچرىماي قالارمۇ ؟ !

. . . . . . . . . .

تەپەككۇرنى ئۆز ئەركىگە قويۇپ بەرمەسلىك ، ئاللىقانداق نوپۇز-
لۇق ماركا چاپلانغان تەپەككۇرلارغا ئۆزلۈك تەپەككۇرىنىڭ بويىنىنى
باغلىتىپ قويۇش ئىنساننىڭ خاسلىقىنى يوقىتىدۇ . خاسلىق ھەربىر
ئىنساننىڭ ئىچكى مۇۋازىنىتىنى شەكىللەندۈرگەن . ھەر بىر ئىنسان-
نىڭ خاس ئىچكى مۇۋازىنىتى يىغىلىپ ، ئومۇمىي ئىنسان تەبىئىتى-
نىڭ مۇۋازىنەت تەڭشىكىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن . . . . ئۆزۈڭنىڭ
كىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۆزۈڭنىڭ ھوقۇقۇڭ . ئۆزۈڭنىڭ بۇ
ھوقۇقۇڭنى تونۇمىغىنىڭ ئۆزۈڭنى تونۇمىغىنىڭ . . . . جەمئىيەت
پەقەت ئىنساننىڭ ئىنسان سۈپىتىدىلا ياشىشىغا مەسئۇل . شۇندىلا ئۇ
ئىنسان جەمئىيىتى بولالايدۇ .

مەن سېنىڭ ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويۇۋاتقانلىقىڭدىن ، خاسلىقىڭ-
دىن مەھرۇم قېلىۋاتقانلىقىڭدىن ئەنسىرەيمەن ، ئىنسان !»

«مانا بۇ بايانلاردا يازغۇچىنىڭ ئىنسان ئېكولوگىيىسى ھەققىدى-
كى پەلسەپىۋى مۇھاكىمىلىرى پىشىپ ۋايىغا يەتكەن . بىز بۇ يەردە
ئىنسانىي خاسلىقلارنىڭ تەڭكەشلىكىدە ياڭرىغان ئالەمشۇمۇل رەڭدار-
لىق گارمۇنىيىسىگە يۈكسەك بەدىئىي دىت بىلەن رېژىسسورلۇق قىلى-
ۋاتقان ئاپتورغا ئىختىيارسىز ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمىز . بۇ يەردە
ئاپتور قايناق ھېسسىياتنىڭ كۈچى بىلەن ئالەمشۇمۇل رەڭدارلىقتا
چۆمۈپ كېتىۋاتىسمۇ ، ئارقىدىنلا ئۆزى مۇھاكىمە قىلىۋاتقان تېمىغا
خاس ھالدا ئەقىل بىلەن ھېسسىيات ئوتتۇرىسىدىكى ئېكولوگىيىلىك
تەڭپۇڭلۇقتا دەلدۈگۈنۈپ كەتمەي تىك تۇرغان ھالدا ئىنسانلارنى ئۆز
خاسلىقىنى ، ئۆزلۈك ئېڭىنى تېپىۋالغان رەۋىشتە ئىنسانىي رەڭدار-
لىقنىڭ ئالەمشۇمۇل گۈلگۈنلۈكىگە قوشۇلۇشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ .
توغرا ، ھەر كىم ئۆز تەڭشىكىنى كۆتۈرۈپ ، ئالەمشۇمۇل رىتىمغا

يانداشمىقى لازىم . مانا بۇ ئىنسان ئېكولوگىيىسى ئۇقۇمىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ۋە ۋايىغا يەتكەن شەرھىسى » (باتۇر روزى : نەسرچىلىكىمىزنىڭ يېقىنقى تەرەققىياتى ۋە ئەخمەت ئىمىن ئىجادىيىتى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە» دىن . «تەڭرىتاغ» 2000 - يىللىق 2 - سان) .

يازغۇچى نەسرنىڭ ئاخىرىدا ئىنسانلارنى مۇنداق بىر ھەقىقەت بىلەن ئاگاھلاندۇرىدۇ ۋە مۇشۇ ئاگاھلاندۇرۇشى بىلەن ئەسىرىنى تاماملايدۇ :

«ئويلان : سەن كىم ئىدىڭ ؟كىم بولدۇڭ ؟ يەنە كىم بولماقچى ؟

ئەسلىي كىملىكىڭنى ئۇنتۇما ، ئىنسان . بۇنى ئۇنتۇغىنىڭ ئەسلىڭنى ئۇنتۇغىنىڭ ، ئەسلىڭنى ئۇنتۇغىنىڭ مېنى ئۇنتۇغىنىڭ ، مېنى ئۇنتۇغىنىڭ ھەممىنى ، ھەممىنى ئۇنتۇغىنىڭ .

مەن تۇپراق يەنىلا مەن ، سەن — ئىنسان ، لېكىن سەن مۇقەددەم ئاخىر يەنىلا مەن .»

«تۇپراق ساداسى » ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن بىر پارچە مۇنەۋۋەر ئەسەر ، شۇنداقلا ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى ياراتقان ئەسەر . ئەخمەت ئىمىن «تۇپراق ساداسى» ناملىق بۇ نەسرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەبىئەت قارىشى ، ئادەم قارىشى ، روھ قارىشى ۋە باشقا قاراشلىرى نۇقتىسىدىن چىقىپ ، ئادەم بىلەن زېمىننىڭ ، تەن بىلەن روھنىڭ ، شەخس بىلەن جەمئىيەتنىڭ ، ئىنسانىيەت بىلەن شەخسنىڭ ، ھېسسىيات بىلەن ئەقىلنىڭ ، ئومۇمىيلىق بىلەن خاسلىقنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە چوڭقۇر پەلسەپىۋى مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ بېرىپ ، ھاياتلىق ھەقىقەتلىرى ھەققىدە ماھىيەتلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئەدەبىيات ۋاستىسى ئارقىلىق پەلسەپىۋى پىكىر ئىپادىلەشتە يېڭى بىر پەللە ياراتتى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئىنساننىڭ ئەسلىنى ، ئۆزىنى ، ئادىمىيلىك تەبىئىيتىنى



يوقىتىپ بېرىۋاتقانلىقىدەك بىرخىل ياتلىشىش ھادىسىسىنى باشتىن - ئاخىر مۇھاكىمىنىڭ مەركىزىگە قويۇپ ، ئىنسانغا مەنىۋى جەھەتتىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى . شۇڭا بۇ نەسردە ئەدەبىي قىممەت ، پەلسەپىۋى ھېكمەت ۋە ئىجتىمائىي مەسىلە ، مەنىۋى كرىزىس تولىمۇ ئۇنۇملۇك ھالدا بىرگەۋدە ھالىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەم مۇھاكىمە قىلىنغان .

# ئالتىنچى باب . ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى

## ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ھەققىدە قىسقىچە بايان

—— ئابدۇكېرىم راخمان ، مۇھەممەت زۇنۇن ، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ، ماخمۇتجان ئىسلام ، ھېزىم قاسىم ، قاۋسىلقان قامىجان ، ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان

ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتى ھەتتا ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئاساس قىلغان ئەدەبىيات بولۇپ ، ئۇلاردا گەرچە ئەدەبىياتشۇناسلىق ئامىللىرى مەلۇم دەرىجىدە مەۋجۇت بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ ئۇنچە چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلمىگەن ، ئىزچىللىقمۇ شەكىللەندۈرەلمىگەن ھەم ئايرىم بىر ساھە بولۇپ شەكىللەنەلمىگەن ئىدى ، بۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى . بۈگۈنكى زاماندىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى شۇ بولدىكى بۇ ئەدەبىياتنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسى بار بولدى ھەم ئاز بولمىغان نەتىجە ـ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى . ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شۇنىڭدىن باشلاپ پۈتۈن دۇنيا ئەدەبىياتىدىكىگە ئوخشاش ئەدەبىيات دېسە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئەدەبىياتشۇناسلىق تەڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولدى ، بۇنداق چۈشەنچىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بىر چوڭ ئىلگىرىلەش سۈپىتىدە كۆرۈش كېرەك ، ئەلۋەتتە .



مىلادىيە 1950 ـ يىللارنىڭ كىرىشى بىلەن باشلانغان بۈگۈنكى زاماندىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ھازىرقى زاماندىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى سۈپىتىدە شەكىللىنىپ تەرەققىي قىلدى . ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىر پۈتۈن ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ئادەتتە ئەدەبىيات رېئاللىقىدىكى ھەر خىل ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەھلىل ، تەتقىق قىلىدۇ ۋە شۇ ئاساستا ئۇلارغا مۇناسىپ باھالارنى بېرىدۇ . ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ھەرگىزمۇ شەخسنىڭ ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ھەققىدىكى سۇبيېكتىپ تەسىراتلىرىنىڭ مەھسۇلى بولماستىن ، بەلكى ئىلمىي ئاساستا ئېلىپ بېرىلىدىغان ، چوڭقۇر تەتقىقاتلار ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر خىل ئەدەبىياتشۇناسلىق پىرىنسىپ . ئەدەبىيات رېئاللىقىدا مەيدانغا كەلگەن ھەر خىل نەتىجە ـ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ، يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرسىتىش ئاساسىدا ئەدەبىيات تەرەققىياتىغا نەزەرىيىۋى جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش ، ئەدەبىياتنىڭ بەزى ئورتاق قانۇنىيەتلىك نەزەرىيىۋى مەسىلىلىرىنى خۇلاسىلەش ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئىلھام بېرىش ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ بەدىئىي زوقىغا يېتەكچىلىك قىلىش — ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئەمما ، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى باشلانغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئۆزىنىڭ بۇنداق خاراكتېرىنى دېگەندەك گەۋدىلەندۈرەلمىدى . دەرۋەقە بۇ يىللاردا ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ئەمدىلەتىن شەكىللىنىۋاتقان بولغاچقا ، بۇ يىللاردا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ياكى ئۇنداق ، ياكى بۇنداق يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي بولۇپ كېتەلمەيتتى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىللاردا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك نەتىجىلىرى ھېچ بولمىسا بۈگۈنكى زاماندىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزگە نىسبەتەن

يول ئېچىش خاراكتېرى بىلەن بولسىمۇ قىممەتلىك ئىدى . گەرچە بۇ يىللاردا رېئال ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ھەققىدە ، ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھەققىدە ، ئىجادىيەتتە ساقلىنىۋاتقان بەزى يېتەرسىزلىكلەر ھەققىدە يېزىلغان بىر تۈركۈم ياخشى ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرى مەيدانغا كېلىپ ، دەسلەپكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە ئاز - تولا جانلىنىش ۋەزىيىتى پەيدا قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما بارا - بارا ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئۆز قانۇنىيىتىدىن ، ئۆز خاراكتېرىدىن يىراقلىشىپ شۇ يىللاردا ئەۋج ئالغان ھەر خىل سىياسىي ، ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ كەتتى . شۇنىڭ بىلەن تېيىپجان ئېلىيېۋ ، ئەرشىدىن تاتلىق قاتارلىق يازغۇچى - شائىرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ «تۈگىمەس ناخشا» ، «خالتا كوچىدىن يانغاندا» قاتارلىق ئەسەرلەرنى مەركەز قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان بىر مەيدان باش - ئايىغى چىقماس ئەدەبىيات - سەنئەت كۈرىشى قىزىپ كەتتى ، شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلغان ھەر خىل ئىنقىلاب ، كۈرەشلەر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنى ۋاستە قىلىپ ئېلىپ بېرىلدى . بۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۈچۈنمۇ ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئۆزى ئۈچۈنمۇ تەسىرى يامان بولدى .

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھەقىقىي مەنىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك يەنىلا مىلادىيە 1980 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ باشلانغان يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچىدا مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى ۋە گەۋدىلىك نەتىجە - مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى . ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ كېيىنكى 20 يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە مۇۋەپپەقىيىتىنى ھېس قىلالايمىز :

بىرىنچىدىن ، يېڭى دەۋر باسقۇچىدا ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىر پۈتۈن ئەدەبىيات گەۋدىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى ھەم نىسبىي مۇستەقىل بولغان بىر ساھەنى شەكىللەندۈردى .

بىر مىللەت ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ تەرەققىياتى ۋە



ئۇنىڭ قانداق بولۇشى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدە مۇناسىپ تەسىرگە ، قىممەتكە ۋە ئورۇنغا ئىگە بولغان بولمىغانلىقى بىلەن ناھايىتى زور دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . بىزدە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئاڭلىق ئەدەبىياتشۇناسلىق پائالىيىتى سۈپىتىدە قولغا ئېلىنىپ ، مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشىشى بىر پۈتۈن ئەدەبىيات گەۋدىسىدىكى ئورنىنىڭ مۇئەييەنلىشىشى ۋە مەلۇم كۆلەم ، مەلۇم سەۋىيىدىكى ساھە بولۇپ شەكىللىنىشى ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى باسقۇچىدا ئەمەلگە ئاشتى . « . . . بىزدە ھەقىقىي ، ئىلمىي ئەدەبىي تەنقىد چىن مەنىسى بىلەن پەقەت 1970 - يىللارنىڭ 2 - يېرىمىدىن باشلاپ شەكىللىنىپ راۋاجلىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى . ئۆز ئىشىغا ۋىجدان ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن ياندىشقان بىزنىڭ تەلەپچان ئوبزورچىلىرىمىز ئېلىمىز زېمىنىنى قاپلىغان ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللەنگەن يېڭى دەۋرىنى يارىتىش دولقۇنىنىڭ ئىلھامى ۋە تۈرتكىسىدە ھەر خىل روھىي بويۇنتۇرۇقلارنى يىمىرىپ ، ئىدىيىۋى قاتماللىق ۋە مەنىۋى تۇرغۇنلۇق ھالەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ ، ئىجادىي ئىزدىنىش ۋە مۇستەقىل پىكىر قىلىشنىڭ ئىستىقباللىق يېڭى يولى بىلەن ئۇچراشتى . ئۇلار ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرى بىلەن بىللە ئىلگىرىلەپ ، بەدىئىي پىكىر ۋە بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ يېڭى پەللىسىگە قاراپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان يېڭى ، ئىجادىي ئەدەبىياتىمىزدىن تېما ۋە مەزمۇن ئېلىپ ، كىتابخان ئەقلىنى يېڭى ھېكمەتلەر بىلەن بېيىتقان بىرمۇنچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يارىتىپ ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنى مىسلى كۆرۈلمىگەن كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇققا ئېرىشتۈردى . نەتىجىدە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئىلمىي ئىزدىنىش پەللىسى ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ بەدىئىي يارقىنلىقى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ ، تەنقىد بىلەن ئىجادىيەت بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان مۇكەممەل ئىلمىي گەۋدىگە ئايلاندى . بۇ ماھىيەتتە ، بىر مىللەت ئەدەبىياتىدا يۈز بەرگەن ماھىيەتلىك ئۆز-

گىرىش بولۇپ ، بۇ ئۇنىڭ ئىجادىي ئىزدىنىشىنىڭ يېڭى ، بەدىئىي ، ئىلمىي ھەقىقەتلەر زېمىنىغا قەدەم قويغانلىقىنىڭ يارقىن ئىپادىسى ئىدى (مۇھەممەت پولات : «يېڭى دەۋر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز» دىن ) . دېمەك ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ مۇستەقىل ، ئىلمىي ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسى بولۇپ شەكىللىنىشى ۋە بىر پۈتۈن ئەدەبىيات گەۋدىسىدە ئالاھىدە ئېتىبارلىق بولۇشى يېڭى دەۋر باسقۇچىدا ئەمەلگە ئاشتى ، شۇنداقلا ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى مۇھىم بىر ۋەقە بولۇپ قالدى .

ئىككىنچىدىن ، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچىدا بىر تۈركۈم ئەدەبىي تەنقىدچىلەر تەنقىدچىلىك پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، مەلۇم كۆلەمگە ئىگە بولغان تەنقىدچىلەر قوشۇنىنى شەكىللەندۈردى . مەلۇم سانغا ۋە ساپاغا ئىگە بولغان تەنقىدچىلەر قوشۇنىنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقىغا ، قانداق بولۇشىغا بەلگىلەش خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى دەۋر باسقۇچىغا كەلگەندە بۇ ساھە بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر تۈركۈم تەنقىدچىلەر مەيدانغا كەلدى . يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ باشلامچىلىرى ۋە تۆھپىكارلىرىدىن بولغان مۇھەممەت پولات ، ئابدۇكېرىم راخمان ، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ، ماخمۇتجان ئىسلام ، مۇھەممەت زۇنۇن ، ئابلەت ئۆمەر ، تۇرسۇن قۇربان ، ھېزىم قاسىم . . . قاتارلىق پېشقەدەم ، ئوتتۇرا ياش ئەدەبىي تەنقىدچىلەر يول ئېچىش خاراكتېرىدىكى جاپالىق ، ئىلمىي ئىزدىنىشلىرى ، مول تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈپ ، ئورنىنى تىكلىدى . بۇ تەنقىدچىلەر ئۆزلىرىنىڭ تەنقىدچىلىك پائالىيىتى ئارقىلىق مىلادىيە 1980 ـ يىللاردىكى ئەدەبىيات ساھەسىنى خېلىلا جانلاندۇردى ، شۇنداقلا ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنى پۈختا ئاساسقا ئىگە قىلدى . مىلادىيە 1990 ـ يىللارغا



كەلگەندە بۇ ساھەگە بىر تۈركۈم ياش كۈچلەر كېلىپ قېتىلدى . ئازاد سۇلتان ، ئابدۇقادىر جالالىدىن ، كېرىمجان ئابدۇرېھىم ، يالقۇن روزى ، ئابدۇللا مەتقۇربان ، مۇھەممەت ئەيسا ، مۇھەممەتتۇرسۇن ئېلى ، خەلچەم رېشىت ، ئارزىگۈل تۇراپ ، ئەكبەر قادىر ، ئېزىزجان توختىھاجى . . . قاتارلىق ئوتتۇرا ياش ـ ياش تەنقىدچىلەر 1990 ـ يىللاردا ناھايىتى جانلىنىپ ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ تايانچ كۈچلىرىگە ئايلاندى . بۇ تەنقىدچىلەر ئۆزلىرىنىڭ مول ۋە ئەتراپلىق بىلىمى ، ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە بولغان ئۆتكۈر كۆزىتىش ، تەھلىل قىلىش ، باھالاش ئىقتىدارى ، يېڭىچە كۆزقاراش ۋە تەنقىدچىلىك ئۇسۇللىرى بىلەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئېلىپ بېرىپ ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنى يېڭىچە قىياپەتكە ئىگە قىلدى ، شۇنداقلا تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ يېڭى بىر پەللىسىنى ياراتتى ، كىشىنى ئۈمىدلەندۈرىدىغىنى شۇكى ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە كۆڭۈل بۆلىدىغان ، قىزىقىدىغان ياشلار بارغانسېرى كۆپىيىپ بېرىۋاتىدۇ . ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەدەبىيات كەسپى بويىچە مەخسۇس تەربىيىلەنگەنلەر بولۇپ ، ئۇلارنىڭ بۇ ساھەگە كىرىپ كېلىشى بىلەن تەنقىدچىلىك قوشۇنىمىز بارغانسېرى زورىيىۋاتىدۇ ۋە سەرخىللىشىۋاتىدۇ . پېشقەدەملەر ، ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشلاردىن تەشكىل تاپقان بۇ قوشۇن ئۆزىنىڭ شەرەپلىك مەجبۇرىيىتىنى ئۈنۈملۈك ئورۇنداش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ .

ئۈچىنچىدىن ، يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز مۇشۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات رېئاللىقىغا ، ئەدەبىيات مەسىلىلىرىگە يېقىندىن ياندىشىپ ، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتتا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى .

ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىدىن بىرى ئەدەبىيات رېئاللىقىدىكى ھەر خىل ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى تەھلىل ـ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت . ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز بۇ جەھەتتە ئاز بولمىغان ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ ، ئەدەبىيات رېئاللىقىغا يېقىندىن يانداشتى . يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە مۇشۇ

دەۋردىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىن بولغان
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ، زۇنۇن قادىرى ، تېيىپجان ئېلىيېۋ ، زوردۇن
سابىر ، مەتتىمىن ھوشۇر ، خالىدە ئىسرائىل ، باغراش ، ئەختەم
ئۆمەر قاتارلىق ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ، ئى-
جادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى ، ئەدەبىيات قارىشى قاتارلىقلار ھەققىدە
تەتقىقات - تەنقىدلەر ئېلىپ بېرىلدى ؛ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ كۆپىن-
چىسى تەنقىدچىلىكنىڭ نەزىرىدە بولدى . ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تې-
گىشلىك بولغىنى شۇكى ، كېيىنكى يىللاردا دەۋرىمىز ئەدەبىياتى
ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەنقىدچىلىك - تەتقىقاتنىڭ نىسبەتەن يۇقى-
رى سەۋىيىسگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر تۈركۈم مەخسۇس تەتقىقات
ئەسەرلىرى مەيدانغا كېلىپ ، تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ مەلۇم پەللىسىنى
ياراتتى . ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رېئالىزملىق پروزىنىڭ شەكىللىنىشى ،
تەرەققىيات مۇساپىسى ، قولغا كەلتۈرگەن ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلى-
رى ، ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى ۋە پروزىچىلىقىمىزنىڭ داڭلىق ۋە-
كىللىرى ، ئۇلار ئىجاد قىلغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ھەققىدە تەتقىقات
ئېلىپ بېرىلغان مەخسۇس ئەسەر — «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزا» ؛
ھازىرقى - بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇۋەپپە-
قىيىتى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشقان ۋە قوشۇپ كېلىۋاتى-
قان مۇنەۋۋەر ئەدىبلىرىمىزنىڭ ھاياتى ، ئىجادىي پائالىيەتلىرى نىسبە-
تەن سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلغان ، بىزدىكى يازغۇچىشۇناسلىق تەتقى-
قاتىدىكى تۇنجى ئەسەر — «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى» ؛
ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى ئومۇمىي تەرەققىيات ئەھۋالى ،
ھەرقايسى ئەدەبىي ژانىر - شەكىللەرنىڭ نەتىجە - مۇۋەپپەقىيەتلىرى ،
خۇسۇسىيەت - ئالاھىدىلىكلىرى ، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەدىب-
لىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرى ھەققىدە سىستېمىلىق تەتقى-
قاتلار ئېلىپ بېرىلغان ، ھېسابتا بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ
ئۆزگىچە ئۇسۇلدا يېزىلغان تارىخى ھېسابلىنىدىغان مەخسۇس تەتقى-



قات ئەسىرى — «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ؛
دەۋرىمىزدە ياشاپ ئىجاد قىلغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ھەققىدە تۇنجى
قېتىم مەخسۇس ۋە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي
ئەسەر — «ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى ھەققىدە» ؛ئۇيغۇر
بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ يازغۇچىلار قوشۇنىنى ، ئىجادىيەت نەتى-
جىلىرىنى نىسبەتەن كەڭ دائىرىدە كۆرسىتىپ بېرىدىغان ، ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىغا دائىر تۇنجى لۇغەت — «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى
لۇغىتى» قاتارلىق تەنقىدچىلىك - تەتقىقات نەتىجىلىرى مانا مۇشۇ جەھەتتە
قولغا كەلتۈرۈلگەن گەۋدىلىك نەتىجىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ
نەتىجىلەر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ بۈگۈنكى زامان باسقۇچىدا
قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ چوڭ ئۇتۇقلىرى بولۇپ ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ
باشقا ھېچقانداق بىر دەۋرىدە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك نەتىجىلىرى مۇنداق
مول ھەم گەۋدىلىك بولۇپ باقمىغان .

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغىنى شۇكى ، يىللاردىن
بېرى ئىزچىل تۈردە ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى بويىچە تارقىتىلىدى-
غان تەسىرى چوڭ مۇكاپات — «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»
پائالىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «يېڭى دەۋر
ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»مۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلى-
كىنىڭ مۇھىم بىر مۇھاكىمە سورۇنى بولۇپ كەلدى ، بۇ سورۇندا
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يېڭى ، ئەڭ مۇھىم مەسىلىلىرى مۇھاكىمە
قىلىندى .

تۆتىنچىدىن ، يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ تەن-
قىد - تەتقىقات سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ باردى ، تەنقىد -
تەتقىقات ئۇسۇلى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ باردى .

«يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز
ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ ، ئۆزىدىكى ئىل-
مىي ھالسىزلىق ۋە پىكىر نامراتلىقى ھالىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە

ئۆزگەرتتى . ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىز ئەنئەنىۋى قاتمال چۈشەنچىلەر
دائىرىسىدىن چىقىپ ، ئىجادىي ، ئىلمىي ئىزدىنىش يولىغا كىرىپ ،
ئەدەبىياتىمىزدا يۈز بەرگەن ھەربىر ئۆزگىرىش ۋە يۈزلىنىشنى يېڭى-
چە پىكىر ۋە يېڭىچە تەپەككۇر يولى بىلەن يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىش-
تى » ، «ھازىر بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە ئۇزاقتىن بېرى
مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ساددا قىزغىنلىقنىڭ ئورنىنى تەبىئىي ئەقلىي
ئىزدىنىش ؛ ئادەتتىكى ئومۇمىي پىكىر ، چۈشەنچىلەر ئورنىنى ئىزدە-
نىش ۋە مۇھاكىمىدىن تۇغۇلغان ئىجادىي ، ئىلمىي ھەقىقەت ؛تەپەك-
كۇر ۋە تەسەۋۋۇردىكى بىر خىللىق ، تۇرغۇنلۇقنىڭ ئورنىنى ئەقلىي
كەڭلىك ۋە پىكىر رەڭدارلىقى ئىگىلىدى . بۇ ھال ئەدەبىي تەنقىدچى-
لىكىمىزنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ باردى . »
(مۇھەممەت پولات : «يېڭى دەۋر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ تەرەق-
قىيات ئەھۋالى ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز »دىن ) .

يەنە بىر تەرەپتىن ، يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە
يېڭىچە ئەدەبىيات چۈشەنچىلىرى ، تەنقىدچىلىك ـ تەتقىقات ئۇسۇللى-
رى قوللىنىلىپ ، ئەدەبىياتىمىزغا ، جۈملىدىن ئەدەبىي تەنقىدچىلى-
كىمىزگە مەلۇم دەرىجىدە يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى . ئەدەبىي تەن-
قىدچىلىكىمىزدە ئەنئەنىۋى تەنقىدچىلىك ئۇسۇللىرىدىن باشقا يەنە
مەدەنىيەت تەنقىدچىلىكى ، كىتابخان ئىنكاسى تەنقىدچىلىكى ، روھىي
ئانالىز تەنقىدچىلىكى ، ئىنسانشۇناسلىق تەنقىدچىلىكى ، بايانچىلىق
تەنقىدچىلىكى ، ئەسلى تىپ تەنقىدچىلىكى ، ئېستېتىكىلىق تەنقىدچى-
لىككە ئوخشاش ھازىرقى ـ بۈگۈنكى زامان تەنقىدچىلىكىنىڭ بىر
قىسىم ئۇسۇللىرى مەلۇم دەرىجىدە قوللىنىلىپ ، تەنقىدچىلىك ئۇسۇ-
لىمىزدا كۆپ خىللىشىش ھالىتى شەكىللەندى . بۇنداق ئۇسۇللارنى
قوللىنىش نەتىجىسىدە ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ تەنقىد ئوبيېك-
تى ، تەتقىقات دائىرىسى زور دەرىجىدە كېڭەيدى . ئەسەر سۇژىتىنىڭ
مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ، ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ مەنىۋى قاتلى-



مى ، ئەسەردە ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ـ فولكلور تەركىبلىرى ، ئە-
سەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان پەلسەپىۋى ـ ئەخلاقىي ئىدىيىلەر ،
ئەسەردىكى بايان ـ قۇرۇلما ماھارەتلىرى ، ئەسەردە ئۆز ئىپادىسىنى
تاپقان ئۇدۇم — ئەسلىي تىپ تەركىبلىرى قاتارلىقلار تەنقىد ـ
تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇپ ، ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقا-
تىمىزنىڭ قاتلىمى كۆپ خىللاشتى . ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدىكى
بۇنداق يېڭىلىق ـ يۈكسىلىشلەر ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىنى زور دەرىجىدە
ئاشۇردى .

بەشىنچىدىن ، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچىدا بىر قىسىم ئەدە-
بىي تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس تەنقىدچىلىك قارىشى ، تەنقىد-
چىلىك ئۇسلۇبى — ئالاھىدىلىكى شەكىللەندى . ئەدەبىي تەنقىدچىلەر-
نىڭ ئۆزگىچە تەنقىد قارىشىغا ، تەنقىدچىلىك ئۇسلۇبى ـ ئالاھىدىلى-
كىگە ئىگە بولۇشى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بىر
بەلگە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ ئىش بىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىي
تەنقىدچىلىكىمىزدە ئۇنۇملۇك ھالدا ئەمەلگە ئاشتى . مۇھەممەت پولات-
نى ئالىدىغان بولساق ، ئۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئومۇمىي
يۈزلىنىشىگە ، ھەربىر يېڭىلىقىغا ، گەۋدىلىك نەتىجىلىرىگە ئالاھىدە
دىققەت قىلىدۇ ، ئۇنىڭ تەنقىدچىلىكى ئەدەبىيات رېئاللىقى بىلەن زىچ
باغلىنىشلىق ، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا شەكىللەندۈرگەن تەنقىد تىلى بار ،
بۇ تىل ھەم ئەدەبىي ئەسەر تىلىدەك ئوبرازلىق ، جانلىق ، پاساھەت-
لىك ، شۇنداقلا يەنە ئىلمىي ئەسەر تىلىدەك مەنتىقىلىق ، قايىل
قىلارلىق . ئازاد سۇلتان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ تەسىرات تۈسى
كەم ، تەتقىقات تۈسى قويۇق ، ئۇ ئاساسەن ئەدەبىيات تارىخىدىكى
داڭلىق ئەدىبلەر ئىجادىيىتىنىڭ تارىخىي قىممىتى ، ئورنى ، ئەھمىيە-
تىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى ئاساسلىق مەقسەت قىلغان . ئۇنىڭ تەنقىد
قارىشى يېڭى ، تەنقىد ئۇسۇلى ئەركىن ، باھالىرى دەل جايىدا بولۇش-
تەك ئالاھىدىلىككە ئىگە . ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ تەنقىدچىلىكى قو-

يۇق پەلسەپىۋى تۈس ئالغان بولۇپ، ئۇ تەنقىد ماقالىلىرى ئارقىلىق ھاياتلىق قانۇنىيەتلىرىنى، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى قاراشلىرىنى گەۋدىلەندۈردى. يالقۇن روزىنىڭ تەنقىدچىلىكى جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولۇپ، ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە، ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ھەققىدىكى باھالارغا گۇمانىي نەزەر بىلەن قاراش ۋە تەنقىدىي روھقا، ئىنكارچىلىق جۈرئىتىگە باي بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە، يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۇ تەنقىد ئوبيېكتلىرىغا نىسبەتەن ئىنچىكىلەپ ئوقۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. مۇھەممەتتۇرسۇن ئېلىنىڭ تەنقىد ماقالىلىرى ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن چىقىپ باھالاشتەك ئۆزگىچىلىككە ئىگە. مانا مۇشۇنداق روشەن خاسلىق - ئالاھىدىلىكلەر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىپ، ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم روللارنى ئوينىدى.

ئالتىنچىدىن، يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز ئۆزى ھەققىدىمۇ ئىزدىنىپ، ئۆزىنى قۇرۇپ چىقىش، ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى، تەنقىد ئۇسۇلىنى يارىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىزدىنىپ، ئاز بولمىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ئۆز ئەمەلىيىتىدىكى تەجرىبە ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ تەنقىدچىلىك ئەمەلىيىتىدىن نەزەرىيىۋى يەكۈنلەرنى خۇلاسىلەپ چىقىش، ئۆزى ھەققىدە ئىزدىنىپ، ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىش، بۇ ئارقىلىق ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىش — ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز قىسقىغىنە بىر مەزگىللىك جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۇنۇملۇك چىقىپ، ئۆزىنىڭ دەسلەپكى نەزەرىيىۋى ئاساسىنى تۇرغۇزدى. ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىز بىر تەرەپتىن ئەدەبىي ئىجادىيەت مەسىلىلىرىگە دىققەت قىلىپ، بۇ ھەقتە تەنقىد - تەتقىقات ئېلىپ بارسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئۆز مەسىلىلىرىگە



كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئەمەلىي، ماھىيەتلىك مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ باردى. ئۇنىڭدىن باشقا جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدىكى يېڭى ئېقىملار، يېڭى چۈشەنچىلەر، يېڭى ئۇسۇللار تونۇشتۇرۇلۇپ ۋە ئۇلارنىڭ ئاكتىپ، پايدىلىق تەرەپلىرى قوبۇل قىلىندى. بۇ ئارقىلىق ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى تېخىمۇ پۇختىلاندى، تەنقىد - تەتقىقات ئۇسۇللىرى كۆپ خىللاشتى.

ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى يېرىم ئەسىرلىك تەرەققىيات مۇساپىسى ھەققىدە توختالغىنىمىزدا، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان زور بىر تۈركۈم تەنقىدچىلەرنى تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز.

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى شەكىللىنىۋاتقان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ خېلى زور تەسىر قوزغىغان تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ بىرى روزى قاسىم بولدى.

**روزى قاسىم** مىلادىيە 1938 - يىلى 10 - ئايدا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كوناشەھەر ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. مىلادىيە 1954 - يىلىدىن 1957 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە خىزمەت قىلغان. مۇشۇ مەزگىللەردە «تارىم» ژۇرنىلىنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە چوڭ تەسىر قوزغىغان. مىلادىيە 1960 - يىللاردا سولچىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، 1966 - يىلى 11 - ئايدا ۋاپات بولغان. روزى قاسىمنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1950 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. ئۇ دەسلەپكى

مەزگىللەردە «چېگرىدىن خەت» ، «يېزامدا» قاتارلىق بىر تۈركۈم
شېئىرلارنى يېزىپ ئەدەبىيات ساھەسىگە تونۇلغان بولسا ، كېيىنچە
«پوئېزىيىمىزدىكى بەزى ئېغىشلار» ، «پروزىمىز ھەققىدە بىرقانچە
پىكىر» ، «يېڭى ھاياتىمىزغا مەدھىيە» ، «ماكسىم گوركى ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىدا» قاتارلىق بىرمۇنچە ياخشى ئىلمىي - تەنقىدىي ماقالىلەر-
نى يېزىپ ، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىگە ئاساس
سالغان . روزى قاسىم ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى
ۋە تارىخىي قىممىتى شۇ يەردىكى ، ئۇ تەنقىدچىلىككە كىرىشكەندىن
تارتىپلا ئەدەبىياتىمىزنىڭ رېئال ، ئەمەلىي مەسىلىلىرىگە كۆڭۈل بۆ-
لۈپ ، شۇ ھەقتە مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان ؛ ئەدەبىي ئىجادىيەت مەسى-
لىلىرىنى چوڭقۇر ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە قىلىپ ، ئەدەبىي ئىجادىيەت-
نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ-
نىڭ ئەجەللىك يېتەرسىزلىكلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ بەرگەن ؛ ئەدەبىي
تەنقىدنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە تەسىر كۆرسىتىشتەك ئالاھىدە رولىنى
گەۋدىلەندۈرۈپ ، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە
كۈچ چىقارغان ؛ تەنقىد ئەخلاقىغا ئەھمىيەت بېرىپ ، تەنقىدنى ئىلمىي
ئېلىپ بېرىشتا يېڭى بىر سەھىپە ئاچقان .

مىلادىيە 1980 - يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە باشقا ئىجادىيەت
ساھەلىرى قاتارى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىمۇ قايتىدىن جانلى-
نىپ ، گۈللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى . مىلادىيە 1950 - ، 1960 -
يىللاردا تەنقىدچىلىكنى باشلىغان ۋە يېڭىدىن بۇ ساھەگە كىرىپ
كەلگەن بىر تۈركۈم تەنقىدچىلەرنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرى نەتىجىسىدە
«ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى» رەسمىي شەكىللەندى ۋە خېلى زور
نەتىجىلەرگە ئېرىشتى . ئەسىر ئاخىرىدىكى 20 يىللىق ئەدەبىي تەنقىد-
چىلىكتە مۇھەممەت پولات ، ئابدۇكېرىم راخمان ، مۇھەممەت زۇنۇن ،
ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ، مەخمۇتجان ئىسلام ، ھېزىم قاسىم ، ئابدۇۋەلى
كېرىم ، قاۋسىلقان قامىجان ، ئازاد سۇلتان ، كېرىمجان ئابدۇرېھىم



قاتارلىق بىر تۈركۈم تەنقىدچىلەرنىڭ ئەمگىكى گەۋدىلىك بولدى .

**ئابدۇكېرىم راخمان** . مىلادىيە 1941 - يىلى قەشقەر شەھىرى
ئەتراپىدىكى قوغان يېزىسىدا تۇغۇلغان . مىلادىيە 1959 - يىلىدىن
1964 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى-
دا ئوقۇغان . ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ، ئۆزى ئوقۇغان فاكۇلتېتتا ئوقۇتقۇ-
چى بولغان . ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى
ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى ، دوكتور يېتەكچىسى . ئابدۇ-
كېرىم راخمان مىلادىيە 1960 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئەدەبىي تەنقىد-
چىلىككە دائىر ماقالىلىرى بىلەن ئەدەبىيات ساھەسىگە كىرىپ كەل-
گەن . شۇنىڭدىن تارتىپ ، بولۇپمۇ 1980 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن
تارتىپ ئەدەبىي تەنقىد ، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ، ئەدەبىيات تارىخى ،
ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ، فولكلور تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، بۇ ساھە-
لەرنىڭ ھەرقايسىسىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن . ئەدەبىي
تەنقىدچىلىك ساھەسىدە ئۇ «چىنلىق - ئەدەبىياتنىڭ جېنى» ، «تى-
پىك پېرسوناژ ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم» ، «ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى
ئامىلى تىل» ، «شېئىر ئىچچام بولۇشى كېرەك» ، «ئۇيغۇر ھازىرقى
زامان پوئېزىيىسىدە داستانچىلىقنىڭ ئورنى ۋە تەرەققىيات يولى» ،
«ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سېلىشتۇرما تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇش توغرى-
سىدا» قاتارلىق ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە
دائىر بىرقاتار ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ ، يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىي
تەنقىدچىلىكنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك تەسىر كۆرسەتكەن .
ئۇنىڭ «ھازىرقى زامان پوئېزىيىسىدە داستانچىلىقنىڭ ئورنى ۋە
تەرەققىيات يولى» ناملىق ماقالىسى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بو-
لۇپ ، بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر ھازىرقى - بۈگۈنكى زامان داستانچىلىقنىڭ
شەكىللىنىش جەريانى ، تەرەققىيات مۇساپىسى ئەدەبىيات تارىخىي نۇق-
تىسىدىن بايان قىلىنىش بىلەن بىرگە ، مىلادىيە 20 - ئەسىردە
مەيدانغا كەلگەن بىر قىسىم مۇنەۋۋەر داستانلار مۇھاكىمە قىلىنغان

ۋە باھالانغان . ئابدۇكېرىم راخماننىڭ ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرى مول
نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇپ ، بەلگىلىك قايىل قىلىش كۈچىگە
ئىگە . ئابدۇكېرىم راخماننىڭ «ئەدەبىياتقا دائىر مۇلاھىزىلەر» ، «ئە-
دەبىيات ۋە فولكلور» قاتارلىق ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە دائىر كىتابلى-
رى نەشر قىلىنغان .

**مۇھەممەت زۇنۇن** مىلادىيە 1937 - يىلى قەشقەر شەھىرى
ئەتراپىدىكى نەزەرباغ يېزىسىدا تۇغۇلغان . مىلادىيە 1954 - يىلى
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن
كېيىن ، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتې-
تىدا ئوقۇغان . مىلادىيە 1958 - يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇنىۋېر-
سىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان . مىلادىيە
1980 - يىللاردىن باشلاپ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ، شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، شىنجاڭ
پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ،
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى
قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن . ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ، ئەدەبى-
يات نەزەرىيىسى تەتقىقاتى پائالىيىتى 1950 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى-
دىن تارتىپ باشلانغان . 1980 - يىللاردا ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ۋە
ئەدەبىيات نەزەرىيىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، «شېئىرىي ئوبراز توغرى-
سىدا» ، «يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىشى توغرىسى-
دا» ، «ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى توغرى-
سىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە» ، «ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ چىنلىقى ۋە
خاھىشچانلىقى توغرىسىدا» ، «ئەدەبىي تەنقىدتە خۇش پۇراق گۈللەرنى
پەرۋىش قىلىشنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇش كېرەك» ، « ‹چىپىن-
قىش › ھېكايىسىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» قاتارلىق بىر
تۈركۈم ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ ، يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىدچى-



لىكنى بېيتىش ، گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن مۇناسىپ ھەسسىلەرنى قوش-
قان .

**ئەنۋەر ئابدۇرېھىم.** ئەنۋەر ئابدۇرېھىم مىلادىيە 1943 -
يىلى بورتالادا تۇغۇلغان . كانچىلىق تېخنىكومىدا ئوقۇغان . ئۇزۇن
مەزگىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان . مىلادىيە 1983 - يىلىدىن بېرى
«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەپ كەلمەكتە . ئۇنىڭ ئەدە-
بىي تەنقىدچىلىك پائالىيىتى مىلادىيە 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا
باشلانغان . ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ، «ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى
مىللىي ئالاھىدىلىك ھەققىدە» ، «ئىنسان خاراكتېرى قېلىپقا چۈ-
شەمدۇ ؟» ، «ھەۋزىخان خاراكتېرى — ھەقىقىي رېئالىزملىق روھنىڭ
مەھسۇلى» ، «تېما تاللاش توغرىسىدا مۇلاھىزە» ، «يېڭى دەۋر ئۇي-
غۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى» قاتارلىق كۆپلىگەن تەنقىد -
نەزەرىيە ماقالىلىرىنى يېزىپ ، مەلۇم تەسىر قوزغىغان . مىلادىيە
1993 - يىلى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان كىتابخانىلارنىڭ
رايىنى سىناش پائالىيىتىدە «كىتابخانىلار ياخشى كۆرىدىغان تەنقىد-
چى» بولۇپ باھالانغان . ئەنۋەر ئابدۇرېھىمنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى
ئەدەبىيات رېئاللىقىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئەدەبىيات ھادىسىلىرى -
مەسىلىلىرىگە ئومۇمىيۈزلۈك دىققەت قىلىش ، تەنقىدنىڭ يېتەكچى-
لىك ، تەربىيىلەش رولىنى گەۋدىلەندۈرۈش ، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىنى
كۆپرەك مۇھاكىمە قىلىش قاتارلىق بىرقاتار ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە .
ئۇنىڭ «ئىنسان خاراكتېرى قېلىپقا چۈشەمدۇ ؟» ناملىق ماقالىسى
ئەدەبىي ئەسەرلەردە پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش ، ئۇلارنىڭ خا-
راكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنى سۈرەتلەپ بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە
ئوتتۇرىغا قويغان بىرقاتار ئۆزگىچە پىكىرلىرى بىلەن ئەدەبىيات سا-
ھەسىدە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان . ئەنۋەر ئابدۇرېھىمنىڭ «ئىجادى-
يەت ۋە ئىجادىيەتچى» (1987 - يىل ) ، «ئەدىب ، ئەسەر ۋە باھا»
(1993 - يىل ) قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان . ئۇ يەنە « ‹تارىم › ۋە

مەن » ، «يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت» قاتارلىق كىتابلارنى نەشرگە تەييارلىغان .

**ماخمۇتجان ئىسلام** تونۇلغان شائىر ، يازغۇچى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇ 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ ، «ئەدىبنىڭ بۇرچى» ، «ئوبزورچىلىقىمىزدىكى بەزى ئېغىشلار توغرىسىدا» ، «ئەلقەم ئەختەم ۋە ئۇنىڭ لىرىك شېئىرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى» ، «رومانچىلىقىمىزنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى بەزى قاراشلىرىم» ، «ئەدەبىي تەنقىدنى توغرا ۋە چوڭقۇر قانات يايدۇرايلى» ، «ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشەلەمدۇ» قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەدەبىي تەنقىد ـ نەزەرىيە ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم تەنقىدچىلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى . ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىد ـ تەتقىقات جەھەتتىكى نەتىجىلىرى ئىچىدە ئابلىمىت ئىسمايىل بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى» ناملىق كىتاب مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . بۇ كىتابتا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ، تەرەققىياتى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپىلەرنى قوشقان ، ئەدەبىيات تارىخىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ، ئەھمەت زىيائى ، نىمشېھىت ، زۇنۇن قادىرى ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ، تېيىپجان ئېلىيېۋ ، زوردۇن سابىر ، مەمتىمىن ھوشۇر . . . قاتارلىق 69 نەپەر ئەدىبنىڭ ھاياتى ، ئىجادىيەت يولى ، ۋەكىللىك ئەسەرلىرى بايان ۋە مۇھاكىمە قىلىنغان . بۇ كىتاب ئارقىلىق ھازىرقى زامان ، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ھەققىدە تۇنجى قېتىم سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىقىمىزنىڭ يازغۇچىشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى چوڭ بىر بوشلۇق دەسلەپكى قەدەمدە تولدۇرۇلدى .

**ھېزىم قاسىم** مىلادىيە 1942 ـ يىلى قەشقەرنىڭ پەيزاۋات



ناھىيىسىدە تۇغۇلغان . مىلادىيە 1960 ـ يىللاردا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئىشلىگەن . مىلادىيە 1985 ـ يىلىدىن كېيىن بىر مەزگىل شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان . ئۇ ئەدەبىيات ساھەسىگە مىلادىيە 1950 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن كىرىپ كەلگەن . مىلادىيە 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ ، «ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بەدىئىي قانۇنىيەتلەر توغرىسىدا» ، «چىنلىق قانۇنىيىتى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسلىرى» ، «ھەقىقىي شېئىرىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان بىر تۈركۈم شېئىرلار» ، «كومېدىيە ۋە ئۇنىڭ تۈپ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى» قاتارلىق بىر تۈركۈم ماقالىلەرنى يازغان . ھېزىم قاسىمنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى بىر تەرەپتىن ئاساسەن نەزەرىيىۋى تەنقىدتىن ئىبارەت بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن جەڭگىۋارلىققا باي ، «پوروخ ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان» تەنقىدتىن ئىبارەت . ئۇنىڭ «تاڭ شەبنەملىرى» (ماخمۇتجان ئىسلام بىلەن بىللە ، 1987 ـ يىل ) ، «ئەدەبىي ئىجادىيەت پرىنسىپلىرى» (1990 ـ يىل ) ، «دەرۋازا ئالدىدىكى خىياللار» (1990 ـ يىل ) قاتارلىق ئەدەبىي ئوبزورلار توپلاملىرى نەشر قىلىنغان .

يېڭى دەۋر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر تەنقىدچى قاۋسىلقان قامىجان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

**قاۋسىلقان قامىجان** مىلادىيە 1945 ـ يىلى ئالتاي ۋىلايىتىدە تۇغۇلغان ، مىلادىيە 60 ـ يىللاردا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن قەشقەرگە كېلىپ دەسلەپ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان ، مىلادىيە 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ ئىشلىگەن . ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋ-

ۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇت-
قۇچىسى . قاۋسىلقان قامىجاننىڭ ئەدەبىي تەنقىد ھاياتى مىلادىيە
1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ باشلانغان . گەرچە ئۇ قازاق
مىللىتىدىن بولسىمۇ ، ئەمما ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە كۆپلىگەن
تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان . ئۇنىڭ تەتقىقاتلىرى ئىچىدە «تېيىپجان
تەتقىقاتى» ناملىق ئىلمىي ئەمگىكى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . ئۇ بۇ
كىتابىدا ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى-
دىن بىرى بولغان تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەت-
لىرى ھەققىدە بايان بەرگەن ، جۈملىدىن ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە
نىسبەتەن كەڭ ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ، ئۇنىڭ ئەدەبىيات
تارىخىدىكى ئورنى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ تارىخىي قىممىتىنى يو-
رۇتۇپ بەرگەن . قاۋسىلقان قامىجاننىڭ بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇيغۇر
بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بولغان ئەخەت
تۇردى ، زوردۇن سابىر قاتارلىق يازغۇچىلار ھەققىدە يازغان ماقالىلى-
رىمۇ ئاز ئەمەس . ئۇنىڭ «ئىزدىنىش» ، «قەلەم ۋە قەدەم» ، «ئەدە-
بىي ئىجادىيەت ۋە بەدىئىي زوق» قاتارلىق ئوبزورلار توپلىمى نەشر
قىلىنغان .

مىلادىيە 1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئەدەبىي تەنقىد-
چىلىك ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن ئازاد سۇلتان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەن-
قىدچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن چوڭ تۆھپە قوشتى ھەمدە ئۇنى
يېڭىچە قىياپەتكە ۋە يېڭى بىر پەللىگە ئىگە قىلدى .

**ئازاد سۇلتان** مىلادىيە 1950 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە زىيالىي ئائى-
لىسىدە تۇغۇلغان ، مىلادىيە 1973 ـ يىلىدىن 1978 ـ يىلىغىچە
شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن .
مىلادىيە 1978 ـ يىلىدىن 1982 ـ يىلىغىچە تيەنجىن نەنكەي ئۇنى-
ۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان . ئوقۇش پۈتتۈرگەن-
دىن كېيىن ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇت-



قۇچىلىق قىلغان . كېيىن فاكۇلتېت مۇدىرى ، فىلولوگىيە ئىنستى-
تۇتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن . ھازىر پروفېس-
سور ، دوكتور يېتەكچىسى ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن
مۇدىرى ، مەكتەپ پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى بولۇپ ئىشلەۋا-
تىدۇ .

ئازاد سۇلتاننىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك پائالىيىتى مىلادىيە 1980 ـ
يىللارنىڭ باشلىرىدا باشلانغان . ئۇ شۇنىڭدىن تارتىپ ، «غەرب مودېر-
نىزم ئەدەبىياتى ھەققىدە» ، «يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ پروزا
ئىجادىيىتى ھەققىدە» ، «يازغۇچى زۇنۇن قادىرى ھەققىدە» ، «شائىر
ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى توغرىسىدا» ، «ئۇيغۇر ئە-
دەبىياتىدىكى يېڭى يۈلتۇز ـــ يازغۇچى خالىدە ئىسرائىل توغرىسىدا» ،
«بىر ئەسىرلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» قاتارلىق بىر تۈركۈم
يىرىك ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ ، مىلادىيە 1990 ـ يىللاردىكى
ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىن بىرىگە
ئايلاندى . ئازاد سۇلتان يەنە «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ھازىرقى ـ بۈگۈنكى زاماندىكى مۇھىم ئەدەبىي ئەسەرلىرى ھەققىدە
تەتقىقات» ، «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى» ، «ياپونغا قارشى
ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ، «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان
ئەدەبىيات تارىخى» قاتارلىق دۆلەت دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىلىرىنى
ئىشلىگەن . ئازاد سۇلتان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ئۇيغۇر بۈگۈنكى
زامان ئەدەبىياتى ھەققىدىكى تەتقىقاتقا مەركەزلەشكەن بولۇپ ، بۇ
دەۋردىكى مۇنەۋۋەر ئەدىبلەرنى تەتقىق قىلىش ، ئەدەبىي تەنقىدكە بىر
خىل ئەدەبىيات تەتقىقاتى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىش ، تەنقىد ئوبيېك-
تىنى چوڭقۇر ، ماھىيەتلىك مۇھاكىمە قىلىش ، يېڭىچە ئەدەبىيات
قاراشلىرىنى ، تەنقىد چۈشەنچىلىرىنى قوللىنىش ، مۇھاكىمىنىڭ
چوڭقۇر ، باھانىڭ ئادىل بولۇشىغا دىققەت قىلىش قاتارلىق بىرقاتار
ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە .

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقىدا ئازاد سۇلتاننىڭ «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق ئىلمىي ئەسىرى ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . بۇ ئەسەردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى تەتقىقات سەۋىيىسى گەۋدىلەنگەن . بۇ ئەسەردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 1949 ـ يىلىدىن تارتىپ ئەسىر ئاخىرىغىچە بولغان تەخمىنەن يېرىم ئەسىرلىك تەرەققىيات مۇساپىسى ئەدەبىيات تارىخشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن چىقىپ بايان قىلىنىپ ، مۇشۇ يېرىم ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن مۇھىم ئەدەبىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن ، ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى گەۋدىلىك بولغان نىمشېھىت ، زۇنۇن قادىرى ، تېيىپجان ئېلىيېۋ ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ، خېۋىر تۆمۈر ، ئابدۇكېرىم خوجا ، مۇھەممەتجان سادىق ، بوغدا ئابدۇللا ، قۇربان بارات ، زوردۇن سابىر ، مەمتىمىن ھوشۇر ، خالىدە ئىسرائىل ، ئەختەم ئۆمەر ، مەمتېلى زۇنۇن ، تۇرسۇن يونۇس قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى ، ۋەكىللىك ئەسەرلىرى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىنغان . «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق بۇ ئەسەر ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ، نىسبەتەن سىستېمىلىق ۋە تارىخىي يوسۇندا تەتقىق قىلىنغان تۇنجى ئىلمىي ئەسەر بولۇپ ، تەتقىق قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ، ئىلمىي سىستېمىسىنىڭ مۇكەممەللىكى ، نەزەرىيىۋى ئاساسىنىڭ يېڭىلىقى ، مۇھاكىمىلىرىنىڭ ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇرلۇقى ، باھالىرىنىڭ ئىلمىيلىكى ، يېزىش ئۇسۇلىنىڭ راۋانلىقى بىلەن ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسىدە چوڭ تەسىر قوزغىدى ، شۇنداقلا مەملىكەتلىك 5 ـ قېتىملىق «تۇلپار مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى .

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەنقىدچىلىك ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ئومۇمەن گەۋدىلىك بولدى . گەرچە تەنقىدچىلىكنىڭ ئۇنىڭ ئەدەبىيات رېئاللىقىغا يېتىشىپ بولالماسلىق ، ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ھەققىدە كۆپ



قاتلاملىق ، چوڭقۇر مۇھاكىمىلەرگە ئۇلگۇرۇپ بولالماسلىق ، ئىجادىيەتكە نەزەرىيە ۋە تەجرىبىلەر نۇقتىسىدىن يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئۇنۇملۇك جارى قىلدۇرۇپ بولالماسلىقتەك بەزىبىر يېتەرسىزلىكلىرى بار بولسىمۇ ، ئەمما بۇ يېتەرسىزلىكلەر بۇنىڭدىن كېيىنكى تەنقىدچىلىك ئەمەلىيىتى جەريانىدا بارا ـ بارا تولۇقلىنىپ ، تۈزىتىلىپ كېتىدۇ .

## مۇھەممەت پولات

مۇھەممەت پولات ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى تەنقىدچىسى . ئۇنىڭ تەنقىدچىلىك پائالىيىتى ۋە بۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ھەم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ، ھەم ئومۇمىي ئېتىراپقا ئىگە . ئۇ ئەدەبىيات ساھەسىگە دەسلەپ ھېكايە ئىجادىيىتى ئارقىلىق كىرىپ كەلگەن بولسىمۇ ، كېيىنچە تەنقىدچىلىك ساھەسىگە ئۆتۈپ ، مەخسۇس ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللاندى . ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنى باشلىغان ۋاقتى بىزنىڭ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ باشلانغان ۋاقتى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ ، ئۇ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق يېڭى دەۋر تەنقىدچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى . ئۇ دەۋرىمىزدىكى تەنقىدچىلەر ئىچىدە تەنقىدچىلىك جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ گەۋدىلىكلىكى ، تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى ئىزچىللىقى ، ئەدەبىيات مەسىلىلىرىنى كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىشتىكى ئۆتكۈرلۈكى ، تەنقىدچىلىكتە ئۆزىگە خاس تەنقىد تىلى شەكىللەندۈرگەنلىكى ۋە تېخىمۇ مۇھىمى تەنقىدچىلىكتىكى ئادىللىقى ، تەنقىدنى ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ مەنپەئىتى نۇقتىسىدىن چىقىپ ئېلىپ بارىدىغانلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىپ تۇرىدۇ . ئۇنىڭ نامى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەنقىدچىلىكنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن . تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ نەتىجىلىرىنى ئۇـ

نىڭ تەنقىدلىرىسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ . كىشىلەرنىڭ ئۇنى
«ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىلىنسكىسى» دەپ ئاتىشى ئاساسسىز ئەمەس .

مۇھەممەت پولات مىلادىيە 1941 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تۇرپاننىڭ
ئايدىڭكۆل يېزىسىدا تۇغۇلغان . باشلانغۇچ مەكتەپنى ئۆز يېزىسىدا
ئوقۇپ تاماملاپ ، مىلادىيە 1953 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك 2 ـ
دارىلمۇئەللىمىنگە كىرىپ ئوقۇغان . مىلادىيە 1959 ـ يىلدىن
1964 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىـ
ـدا ئوقۇغان . بىر مەزگىل شىنجاڭ «1 ـ ئىيۇل» پاختا توقۇمىچىلىق
فابرىكىسىدا ئىشلىگەن . مىلادىيە 1975 ـ يىلدىن كېيىن شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە
يۆتكىلىپ كېلىپ مۇھەررىر ۋە تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن .

مۇھەممەت پولات ئەدەبىيات ساھەسىگە دەسلەپ ھېكايە ئىجادىيىـ
ـتى بىلەن كىرىپ كەلگەن بولسىمۇ ، ئەمما كېيىنچە پروزا ئىجادىيىـ
ـتىنى تاشلاپ ، مەخسۇس ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللاندى .
ئۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىدە ناھايىتى ئىجتىھات بىلەن ئىشـ
ـلەپ ، ئاز بولمىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى . ئۇنىڭ ئەدەبىي
تەنقىدچىلىك ساھەسىدىكى ھەربىر قەدىمى بىر يېڭىلىق بولدى ، ھەرـ
بىر يېڭىلىقىدا بىر مۇۋەپپەقىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى ، ھەر بىر
مۇۋەپپەقىيىتىدە بىر قىممەت ياراتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ تەنقىدچىلىك
ھاياتىدا ھامان بىر قەدەمنى باشقىلاردىن بالدۇر ۋە نەتىجىلىك باستى .
ئۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزگە نۇرغۇن «بىرىنچى» لەرنى ئېلىپ
كىردى . مىلادىيە 1981 ـ يىلى ئۇنىڭ «ياخشىراق يازايلى ، قىسقىـ
ـراق يازايلى» ناملىق ئوبزورلار توپلىمى نەشر قىلىندى . بۇ توپلام
يالغۇز مۇھەممەت پولاتنىڭ تۇنجى ئوبزورلار توپلىمى بولۇپلا قالماسـ
ـتىن ، بەلكى يەنە يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدىكى ، شۇنداقلا پۈتۈن
ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىمىزدىكىمۇ تۇنجى ئوبزورلار توپلىمى بولۇپ
قالدى . ئەدەبىياتىمىزنىڭ شۇ يىللاردىكى ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىـ



ـرىنى ئۆزىنىڭ تەنقىد ئوبيېكتى قىلىپ ، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدا
مەيدانغا كەلگەن نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ، ئەدەبىياتىمىزدىكى
بىر قاتار ئەمەلىي مەسىلىلەرگە نەزەرىيىۋى جەھەتتىن جاۋاب بېرىپ ،
ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بەلگىلىك تەسىرلەرنى كۆرسەتـ
ـكەن بۇ توپلام ئۆز نۆۋىتىدە يەنە يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىـ
ـكىمىز ئۈچۈن يول ئېچىش رولىنى ئوينىدى ۋە ئۇنىڭغا پۇختا ئاساس
سالدى .

مىلادىيە 1985 ـ يىلى ئۇنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزا»
ناملىق كىتابى نەشر قىلىندى . بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى مۇھەمـ
ـمەت پولاتنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ھاياتىدىكى مۇھىم بىر ۋەقە
بولۇپلا قالماي ، بەلكى يەنە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكىمۇ چوڭ بىر ۋەقە
بولدى . بۇ كىتابنىڭ يېزىلىشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۈگۈنكى ئەدەبىياـ
ـتىمىزنى ئوبيېكت قىلىپ يېزىلغان مەخسۇس ئىلمىي تەتقىقات ئەسەـ
ـرى بولماسلىقتەك ھالەتكە خاتىمە بەردى . بۇ ئەسەرنىڭ قىممەتلىك
يېرى يالغۇز ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى ئىلمىي ئەسەر بولـ
ـغانلىقىدىلا ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭدا ئەدەبىياتىمىزدىكى پروزا ژانىرىـ
ـنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ھەر خىل ئاساسـلار ، رېئالىزملىق پروزىـ
ـچىلىقنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ، تەرەققىيات مۇساپىسى ، قولغا
كەلتۈرگەن نەتىجە ـ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ، پروزىچىلىقنىڭ ئاساسلىق
خۇسۇسىيەت ـ ئالاھىدىلىكلىرى ، شۇنداقلا ھەرقايسى ئەدەبىيات باسـ
ـقۇچلىرىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان داڭلىق يازغۇچىلار ، ئۇلارنىڭ
ۋەكىللىك ئەسەرلىرى ؛ شۇنداقلا پروزىچىلىقتا مۇناسىۋەتلىك نەزەرىـ
ـيىۋى ، ئەمەلىي مەسىلىلەر نىسبەتەن ئەتراپلىق ، چوڭقۇر تەھلىل ـ
تەتقىق قىلىنىپ ، ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىيات يولى ۋە ئىسـ
ـتىقبالى ئىلمىي يوسۇندا كۆرسىتىپ بېرىلگەن . بۇ ئەسەرنىڭ چوڭ
بىر ئۇتۇقى شۇكى ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشىـ
ـدىن تارتىپ شۇ يىللارغىچە بولغان ئومۇمىي ئەھۋالى ئومۇملاشتۇرۇـ

لۇپ كۆرسىتىپ بېرىلگەن ؛ قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ؛ ھەر خىل ئىجادىيەت ھادىسىلىرى ، جۇملىدىن پروزا ئەسەرلىرى خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە تەھلىل ـ تەتقىق قىلىنغان ؛ساقلانغان ئەمەلىي مەسىلىلەرمۇ دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان . قىسقىسى ، مۇھەممەت پولاتنىڭ بۇ ئەسىرى بىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ، شۇنداقلا ئەدەبىياتشۇناسلىقىمىزنىڭ چوڭ بىر ئۇتۇقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

مىلادىيە 1990 ـ يىلى مۇھەممەت پولاتنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە مۇلاھىزىلەر» ناملىق ئەدەبىي ئوبزورلار توپلىمى خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىندى . بۇ توپلام ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىسىنىڭ خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان تۇنجى ھەم بىردىنبىر ئوبزورلار توپلىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ، جۇملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنى ئېلىمىزدىكى خەنزۇ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىياتچىلىرىغا تونۇشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى . خەنزۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىرى بۇ كىتابقا تەقرىز يېزىپ ، مۇھەممەت پولات ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىنىڭ ئەھمىيىتىنى يۇقىرى باھالىدى . مەملىكەتلىك 4 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە بۇ كىتاب مۇكاپاتقا ئېرىشتى . بۇ ئەدەبىياتىمىزدىن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسى بويىچە مەملىكەتلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۇنجى كىتاب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

مۇھەممەت پولاتنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە دائىر ماقالىلىرىدىن تۈزۈلگەن توپلاملار ئىچىدە «ئەدەبىيات ۋە دەۋر» ناملىق توپلىمى ئۇنىڭ تەنقىدچىلىك ھاياتىدا ، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدىمۇ ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . تەنقىدچىنىڭ بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن «يارىتىش ۋە ئىجاد قىلىش — رومانچىلىقىمىزنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى» ، «تەنقىدنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئورنى ۋە



ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ يېقىنقى ئەھۋالى» ، «يېڭى زامان شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىيات يولى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە» ، «زوردۇن سابىرنىڭ ئىجادىيەت يولى ۋە ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى» قاتارلىق ماقالىلىرىدىن بىز ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ، ئۇسلۇب ـ ئالاھىدىلىكلىرىنى ، شۇنداقلا ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز . چۈنكى بۇ توپلامغا ئۇنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ماقالىلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ ، بۇ ماقالىلەردە ئۇنىڭ تەنقىدچىلىك ئالاھىدىلىكى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن .

باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ، پەقەت ئۆزىگىلا خاس بولغان ئۇسلۇب ـ ئالاھىدىلىك يازغۇچى ئۈچۈن قانچە مۇھىم بولسا ، تەنقىدچى ئۈچۈنمۇ شۇنچە مۇھىم . چۈنكى ئاشۇ ئۇسلۇب ـ ئالاھىدىلىكلەر ئارقىلىقلا ئاندىن ئەدەبىيات ساھەسىدە مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ ؛ شۇ ئۇسلۇب ـ ئالاھىدىلىكلەر ئارقىلىقلا ئاندىن ئۆزىنىڭ سۆزىنى سۆزلىگىلى ، پىكرىنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ . مۇھەممەت پولات ئەنە شۇنداق ئۆزىگە خاس تەنقىدچىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە تەنقىدچى . ئەدەبىي تەنقىد ئەمەلىيەتتە مۇشۇ دەۋر ئەدەبىياتى ھەققىدىكى تەتقىقات پائالىيىتىدىن ئىبارەت بولغاچقا ، تەنقىدچى بولغان ئادەم چوقۇم مۇشۇ دەۋر ئەدەبىياتى ھەققىدە نىسبەتەن چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ، بىلىمگە ئىگە بولۇشى كېرەك . شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئۇ ئەدەبىيات رېئاللىقى ھەققىدە ئومۇمىي قاراشنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ ، ئايرىم ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى ئومۇمىي گەۋدە ئىچىگە قويۇپ باھالىيالايدۇ . شۇڭا ، ئەدەبىيات رېئاللىقىدىن كەڭ دائىرىلىك خەۋەردار بولۇش تەنقىدچىگە قويۇلىدىغان ئەڭ ئەقەللىي تەلەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . مۇھەممەت پولات تەنقىدچىگە قويۇلىدىغان بۇ خىل شەرتنى ئەڭ ياخشى ھازىرلىغان تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نۆۋەتتىكى رېئاللىقىغا ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ .

ئەدەبىياتىمىزدىكى ھەربىر مۇۋەپپەقىيەت ، ھەربىر يېڭىلىق ، ھەربىر
مەسىلە ھامان ئۇنىڭ دىققەت مەركىزىدە تۇرىدۇ ، ئەدەبىيات ھادىسىسى
ھېسابلىنىدىغان ھەربىر ئىشنى ئۇ تەنقىدچىگە خاس سەزگۈرلۈك
بىلەن تەھلىل ـ تەتقىق قىلىپ ، باھالاپ تۇرىدۇ . ھېسابتا ئۇ ئەدەبىد-
ياتىمىزنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى قاراۋۇلى . پەقەت شۇ بولغانلىقى
ئۈچۈنلا ئەدەبىياتىمىز تەنقىدسىز قالمايدۇ ، تەنقىدچىلىكىمىز توختاپ
قالمايدۇ ، دېسەك مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز . تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ
يېقىنقى بىر مەزگىللىك ئەھۋالىغا قارايدىغان بولساق ، يېڭى دەۋرد-
كى ئەسەرلىرىمىزنى ، ئەدىبلىرىمىزنى ئۇ ئەڭ كۆپ باھالىدى ، ئىجا-
دىيەت مۇۋەپپەقىيىتى گەۋدىلىك ياكى ئۆزگىچە بولغان ، ئەدەبىياتد-
مىزغا قوشقان تۆھپىسى ئالاھىدە بولغان ھەربىر ئەدىب ۋە ئەسەر
ئۇنىڭ دىققىتىدىن سىرتتا قالمىدى ؛ يېڭى دەۋردە پەيدا بولغان ھەر
خىل ئەدەبىيات مەسىلىلىرىنى ئۇ ئەڭ كۆپ مۇھاكىمە قىلدى ، «رو-
مانچىلىق قىزغىنلىقى» ، «گۇڭگا شېئىرلار» ، «ئىزدەنمە ھېكايد-
لەر» ھەققىدە مۇھىم قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى ؛ ئەدەبىياتىمىزنىڭ
ھەرقايسى ساھەلىرىدە مەيدانغا كەلگەن نەتىجە ـ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى
ئۇ ئەڭ كۆپ گەۋدىلەندۇردى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن بەك سۆيۈند-
دى . يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا ، ئۇ ئۆزىنىڭ تەنقىدچىلىكىنى
ئاساسەن داڭلىق ئەدىبلىرىمىزنى ، مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىمىزنى تەتقىق
قىلىپ باھالاشقا ، شۇ ئاساستا ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەتىجە ـ مۇۋەپپەقد-
يەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە بېغىشلىغان بولۇپ ، بۇ جەھەتتىكى
نەتىجىلىرى ئەدەبىيات ساھەسىدە ئومۇمىي ئېتىراپقا ئىگە . ئۇيغۇر
بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرى ھېسابلىنىدىغان
زۇنۇن قادىرى ، تېيىپجان ئېلىيېۋ ، زوردۇن سابىر ، مەمتىمىن ھو-
شۇر ، باغراش ، خالىدە ئىسرائىل ، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ، ئوسمانجان
ساۋۇت . . . قاتارلىقلارنىڭ ئىجادىيەت.مۇۋەپپەقىيەتلىرى ، ياكى ئاي-
رىم ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ تەنقىدلىرى ئاساسىدا مۇئەييەن



باھالىنىشقا ئېرىشتى ۋە ئۆز قىممىتىنى تاپتى . ئەدەبىيات رېئاللىقد-
مىزدىكى داڭلىق يازغۇچى ـ شائىرلارنى ، ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك خا-
راكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلانغان مۇشۇ بىر
قاتار ماقالىلىرى بىلەن ئۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىيات
تارىخىنى ئۆزىگە خاس بىر خىل ئۇسۇلدا يېزىپ چىقتى .
مۇھەممەت پولات ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە تولىمۇ سەممىي مۇئا-
مىلە قىلىدىغان تەنقىدچى . ئۇ ئەدەبىي تەنقىدنى سۇبيېكتىپ ھېسسد-
ياتقا تايىنىپ ئەمەس ، بەلكى ئىلمىي مۇھاكىمىگە تايىنىپ ئېلىپ
بارىدۇ . شۇڭا ئۇنىڭ ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ھەققىدىكى مۇھاكىمە ـ
مۇلاھىزىلىرى ، باھا ـ قاراشلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇپ ، كەڭ
كىتابخانلارنىڭ ، شۇنداقلا ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ ياخشى باھا-
سىغا ۋە قايىللىقىغا ئىگە . تەنقىدچىلىك بىر خىل ئىلمىي پائالىيەت
بولغاچقا ، باشقىلارغا ، باشقىلارنىڭ ئەمگەكلىرىگە باھا بېرىشنى ئۆزد-
نىڭ ۋەزىپىسى قىلغاچقا ، ئۇنىڭدا ئىلمىيلىك ، توغرىلىق ، ئادىللىق ،
سەمىمىيلىك . . . نى ئاساس قىلغان تەنقىدچىلىك پەزىلىتىنىڭ بولۇ-
شى ناھايىتى مۇھىم . تەنقىدچىنىڭ پەزىلىتى تەنقىدچىلىكىنىڭ ئاساسى
بولۇپ ، ئۇ پۈتۈن تەنقىدچىلىكىنىڭ قانداق بولۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر
كۆرسىتىدۇ . مۇھەممەت پولات بۇ جەھەتتىمۇ تەنقىدچىلىرىمىزگە
ئۈلگە بولۇپ كەلدى .
مۇھەممەت پولات ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە ئۆزىگە خاس تەنقىد تىلى
شەكىللەندۈرگەن تەنقىدچى . ئۇنىڭ تىلى بىزدىكى ئۆلچەملىك تەنقىد
تىلى بولۇپ ، مەنتىقىگە ، مۇھاكىمىگە باي ، شۇنداقلا يەنە كۈچلۈك
نەزەرىيەچانلىققا ئىگە . ئۇنىڭ تەنقىد تىلىدىن ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىر
خىل كۈچلۈك ھاياجان ئۇرغۇپ تۇرىدۇ ، بۇ ھاياجان ئەدەبىيات مۇۋەپ-
پەقىيەتلىرىدىن ھۇزۇرلىنىشتىن كەلگەن بولۇپ ، بۇ ھاياجان ئەسەر
ياكى يازغۇچى ھەققىدىكى مۇھاكىمىنى كىتابخانىنىڭ قەلبىگە بىر خىل
لىرىك ھالەتتە ئېلىپ كىرىپ ، مۇھاكىمە ۋە بايانىنىڭ قايىل قىلىش

كۆچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ . ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى تەربىيىلىنىشى ناھايىتى ئەتراپلىق ۋە پۇختا بولغاچقا ، بۇ ھال ئۇنى ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنىڭ قىممىتىنى باھالاشتا پۇختا نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە قىلغان . ئەمما ، ئۇ كىتاب ، ماقالىلىرىدە نەزەرىيىنى پەش قىلمايدۇ ، ئۇنى ئۆلۈك قوللانمايدۇ ، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىنى نەزەرىيىگە بېقىندۇرىدىغان ، نەزەرىيە ئارقىلىقلا چۈشەندۈرۈپ كونا ئۆلچەملەرگە سېلىپ باھالايدىغان بىلىمسىزلىكنى ئۇ قىلمايدۇ . ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنىڭ ئۆزى ئۇلارنى باھالاشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئۆلچىمى . ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنى ئەڭ چۈشىنىدىغان ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۇيغۇرلار مۇھىتىدا قويۇپ تەتقىق قىلىشنى بىلىدىغان تەنقىدچى . شۇ سەۋەبلىك گەرچە ئۇنىڭ ماقالە ئەسەرلىرىدىن ھازىرقى ئەدەبىياتنىڭ بەزى يېڭى چۈشەنچىلىرىنىڭ ، ئاتالغۇلىرىنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرەلمىسەكمۇ ، لېكىن ، ئۇ ئەدەبىياتىمىزدىكى يېڭى شەيئى ـ ھادىسىلەرنى يەنىلا شۇنداق ياخشى چۈشەندۈرەلەيدۇ ، ھەممىنى قايىل قىلغۇدەك باھالىيالايدۇ .

ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئەدەبىيات رېئاللىقىدىكى مۇھىم ، ماھىيەتلىك ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان بولغاچقا ، تەنقىدچى ئۇچۇن ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە بولغان ھازىر جاۋابلىق ناھايىتى مۇھىم . مۇھەممەت پولات بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى ئەڭ ياخشى ھازىرلىغان تەنقىدچى . ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىر ياخشى ئەسەر مەيدانغا چىقتىمۇ ، باشقىلار ئۇنى ئوقۇپ بولغۇچە ، مۇھەممەت پولات ئۇنى تەنقىدچىلىك نەزەرى بىلەن باھالاشقا ئۈلگۈرىدۇ . بىر ـ ئىككى يىلدىن بۇيانقى چوڭراق ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھېسابلىنىدىغان ، «داغ» ، «قۇم باسقان شەھەر» رومانلىرى ھەققىدە ئالدى بىلەن ماقالىلەر يېزىپ ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەنقىدچىلىكنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ، ھازىر جاۋابلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى كىشىلەرگە ھېس قىلدۇرۇپ تۇردى . ئەسىر ئاخىرىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدىكى ئويلىنىشتىمۇ ئۇ يەنىلا



ئاۋانگارت بولدى .

مۇھەممەت پولات ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ئۇ ئەدەبىياتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن چىقىپ بىر قىسىم ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ، ئىلمىي ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش جەھەتلەردىمۇ ئاز بولمىغان ئەمگەكلەرنى سىڭدۈردى . بۇ ئەمگەكلىرى ئىچىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى ، ئۇ ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى مۇنەۋۋەر يازغۇچى زۇنۇن قادىرىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى توپلاش ، رەتلەش ئاساسىدا «زۇنۇن قادىر ئەسەرلىرى» ناملىق يىرىك ئەسەرنى نەشرگە تەييارلىدى ؛ ئۇيغۇر شېئىرىيىتى تارىخىدىكى داڭلىق شائىر تېيىپجاننى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال ، تېيىپجاننىڭ ماقالە ، ئەسلىمە ، ھېكايىلىرىنىڭ ئومۇمىي توپلىمى — «تېيىپجان ئېلىيېۋ ئەسەرلىرى» نى نەشرگە تەييارلىدى . ئۇنىڭدىن باشقا «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ، «ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر» قاتارلىق كىتابلارنى تۈزدى ، نەشرگە تەييارلىدى . ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر ئىش شۇكى ، ئۇ يېقىندا خەنزۇ تەنقىدچىلىرى ـ ئەدەبىياتچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدىپلىرى ھەققىدە ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى ـ ئەسەرلىرى ھەققىدە يازغان تەنقىد ـ تەتقىقات ماقالىلىرى ئاساسىدا «ساداقەت زېمىندا ساقلىنىدۇ» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى . بۇ توپلامدىكى ماقالىلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ خەنزۇ ئەدىپلىرى ـ كىتابخانلىرى قەلبىدىكى ئورنىنى چۈشىنىپ بېقىش ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەملىكىتىمىز ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى ۋە ئۇنىڭدىكى تەسىرىنى بىلىش ، شۇنداقلا ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى دەڭسەپ كۆرىشىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

مۇھەممەت پولاتنى مىلادىيە 20 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ ۋەكىلى دېسەك ، بۇ قارىشىمىز ھەرگىز مۇبالىغە بولمايدۇ . چۈنكى ، ئۇنىڭ مۇشۇ ئەسىردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدىكى باشلامچىلىق ئورنى ، تەنقىدچىلىكىمىزگە قوشقان تۆھپىسى

ناھايىتى گەۋدىلىك بولۇپ ، ئۇ ئىزچىل تۈردە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭدى ، بارلىقىنى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىشلىرىغا بېغىشلىدى . ئەگەر بىزدە مۇشۇنداق تەنقىدچىلەردىن كۆپرەك بولغىنىدا ئىدى ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى يەنە باشقىچىرەك بولغان ، يەنى تېخىمۇ گۈللەنگەن بولاتتى . قىسقىسى ، مۇھەممەت پولات ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنى گۈللەندۈرۈش ، ئۇنى بىر خىل ئەدەبىياتشۇناسلىق پېنى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ تىرىشچانلىقىنى كۆرسەتتى .

## ئەدەبىيات تەتقىقاتى ھەققىدە قىسقىچە بايان

**— شېرىپىدىن ئۆمەر ، ئابدۇشۇكۇر تۇردى ، نۇرمۇھەممەت زامان ، ئابلەت ئۆمەر ، ۋاھىتجان غوپۇر ، ئەسقەر ھۇسەيىن ، ئابدۇرېھىم سابىت ، غەيرەتجان ئوسمان ، ئىمىنجان ئەھمىدى ئۇتۇق ، ئىسمايىل تۆمۈرى ، ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن .**

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنكى زامان باسقۇچىدا ، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخي تەتقىقاتىدىمۇ ئاز بولمىغان تەتقىقات نەتىجىلىرى بارلىققا كەلدى . بولۇپمۇ ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بويىچە بىر تۈركۈم ئىقتىدارلىق تەتقىقاتچىلار يېتىشىپ چىقتى ۋە ئۇلارنىڭ جاپالىق مېھنىتى سۈپىتىدە بىرمۇنچە تەتقىقات ئەسەرلىرى نەشر قىلىنىپ ، ئەدەبىيات تارىخى جەھەتتىكى بوشلۇقلار دەسلەپكى قەدەمدە تولدۇرۇلدى . ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى جەھەتتىكى تۇنجى يىرىك تەتقىقات نەتىجىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققىنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى شېرىپىدىن ئۆمەرنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار» (1 - قىسىم ، 1982 - يىل )



ناملىق ئەسىرى بولدى .

**شېرىپىدىن ئۆمەر** (مىلادىيە 1932 — 2002 - يىلى ) ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى ئاتاقلىق تۆھپىكاردۇر . ئۇ يۇقىرىقى ئەسىرىدىن كېيىن ئۇنىڭ 2 - قىسمىنى يازدى . شۇنداقلا ، «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» (2 قىسىم ) «19 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (3 قىسىم ) قاتارلىق بىر تۈركۈم يىرىك ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ ، كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ سىستېمىچانلىقى ، مۇكەممەللىكى ئۈچۈن مۇھىم ھەسسە قوشتى ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى ئوقۇتۇشىنى قىممەتلىك دەرسلىك بىلەن تەمىنلىدى .

**نۇرمۇھەممەت زامان** (مىلادىيە 1939 - يىلى ) ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى تۆھپىكارلارنىڭ بىرى . ئۇ ئىزچىل تۈردە ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ھەققىدە ئىزدىنىپ بىرقانچە پارچە يىرىك ئىلمىي ئەسەرلەرنى يورۇقلۇققا چىقاردى ، دەرسلىكلەرنى تۈزدى . ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى ئىلمىي ماقالىلىرى بۇ تەتقىقات ساھەسىنىڭ ئالايىتەن بىر ئىلمىي تەتقىقات ساھەسى بولۇپ شەكىللىنىشى ۋە تەتقىقاتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى .

**ئەسىر ئاخىرىدا** ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقات بويىچە مەيدانغا كەلگەن يۇقىرى سەۋىيىلىك يىرىك ئەسەرلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن يازغان «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» نامىلىق ئەسەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن . بۇ ئەسەردە ئالىم ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان پەلسەپىۋى ئىدىيىلەرنى يورۇتۇپ بېرىش ئاساسىدا ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى پەلسەپە نۇقتىسىدىن چىقىپ تەتقىق قىلغان .

**ئابدۇشۇكۇر تۇردى** ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى تۆھپىكار تەتقىقاتچى . ئۇنىڭ كلاسسىك

ئەدەبىيات ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرى بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتقا تۈرتكە
بولغان . ئۇنىڭ «خەلقىنىڭ سەنئەت مەكتىپى — ئۇيغۇر خەلق
مەشرەپلىرى» ، «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى
ئورنى» ، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»
قاتارلىق مۇھىم ئىلمىي ماقالىلىرى بار . ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ
نەسرىي يەشمىسىنى ئىشلەشكە قاتناشقان ۋە بۇ خىزمەتكە رىياسەتچى-
لىك قىلغان .

**بۇگۇنكى زامان** ئەدەبىياتى باسقۇچىدا ئەدەبىيات نەزەرىيىسى
تەتقىقاتى ساھەسىدىمۇ مۇناسىپ ئىلمىي ئەمگەكلەر مەيدانغا كەلدى .
ئوقۇتۇش بىلەن تەتقىقاتنى بىرلەشتۈرۈشنى ئالاھىدىلىك قىلغان ئەدە-
بىيات نەزەرىيىسى ساھەدىكى بىرقاتار ئەمگەكلەر بۈگۈنكى زامان ئۇي-
غۇر ئەدەبىياتىنى مۇھىم نەزەرىيىۋى ئاساسلار بىلەن تەمىنلەش رولى-
نى ئوينىدى . ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ساھەسىدە ئابلەت ئۆمەر ، ئابدۇ-
كېرىم راخمان ، سالىھ خۇدابەردى ، مۇھەممەتئېلى قادىر قاتارلىق بىر
تۈركۈم ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرى مەيدانغا كېلىپ ، ئەدەبىيات نەزە-
رىيىسى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتىدا ئاز بولمىغان ئىلمىي ئەمگەكلەرنى
قىلدى ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا خاس بولغان ئەدەبىيات نەزەرىيىسى يارى-
تىش ئۈچۈن تىرىشتى .

بۇ ساھەدىكى ئەمگەكلەرنى تىلغا ئالىدىغان بولساق ، ئەدەبىيات
نەزەرىيىسى تەتقىقاتىدا تۇنجى دەرسلىك ۋە ئىلمىي ئەسەرنى ئوتتۇرىغا
چىقارغىنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى **ئابلەت ئۆمەر**
(مىلادىيە 1938 —— 2000 - يىلى ) بولدى . 1984 - يىلى ئابلەت
ئۆمەر يازغان «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» ناملىق كىتاب
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى ؛ 1990 - يىلى ئابلەت
ئۆمەر ، ئابدۇكېرىم راخمان ، سالىھ خۇدابەردى ، تۇرسۇن قۇربان
قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار كوللېكتىپ تۈزگەن ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى
«ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» نەشر قىلىندى ، بۇ دەرسلىك جۇڭگوچە
ئالاھىدىلىككە ئىگە ماركسىزملىق ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى نىسبەتەن



سىستېمىلىق تونۇشتۇرغانلىقى ، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر ئاسا-
سىي بىلىم - چۈشەنچىلەرنى نىسبەتەن ئەتراپلىق بايانىي شەرھلەپ
چۈشەندۈرگەنلىكى بىلەن ؛ شۇنداقلا ئەدەبىياتقا دائىر نەزەرىيىلەرنى
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاش جەھەتتىكى سىنىقى بىلەنمۇ
ياخشى باھالارغا ئېرىشتى ؛ 1997 - يىلى ئابلەت ئۆمەر باش تۈزگۈچى
بولغان ، ئابلەت ئۆمەر ، ئابدۇكېرىم راخمان ، ھەسەن مامۇت ، ئازاد
سۇلتان ، ھەسەنجان سادىق ، كېرىمجان ئابدۇرېھىملار تۈزگەن «ئەدە-
بىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» ناملىق 2 قىسىملىق دەرسلىك كىتاب
نەشر قىلىندى . بۇ دەرسلىك كىتاب ئىلگىرىكى دەرسلىكنىڭ ئارتۇق-
چىلىقلىرىغا ، يېقىندىن مەيدانغا چىققان نەزەرىيىلەرنى قوشۇپ ، ئەدە-
بىيات نەزەرىيىسىدىكى كونا چۈشەنچىلەردىن ھالقىپ چىقىپ ، يېڭى
نەزەرىيە ، يېڭى چۈشەنچىلەر بىلەن بېيىتىش ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا
مەيدانغا كەلگەن نەزەرىيىۋى قاراشلارنى تۇنجى قېتىم سىستېمىلىق
يەكۈنلەش ، ئەدەبىياتقا دائىر ئومۇمىي نەزەرىيىلەرنى ئۇيغۇر ئەدەبىيا-
تىدىكى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاش قاتارلىق جەھەتلەردىكى
ئالاھىدىلىكى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلەندى .

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بويىچە ئوتتۇرىغا چىققان
يەنە بىر گەۋدىلىك نەتىجە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ پرو-
فېسسورى **ۋاھىتجان غوپۇر** بىلەن **ئەسقەر ھۇسەيىن** بىرلىكتە
يازغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن تېزىسلار» ناملىق ئەسەر
بولدى . بۇ ئەسەر بىر پۈتۈن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي
تارىخى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ ساھەدىكى مۇھىم ئىلمىي ئەمگەكلەر-
نىڭ بىرى بولۇپ قالدى . بۇ كىتاب نەشر قىلىنغاندىن تارتىپ ھازىر-
غىچە ئىزچىل تۈردە مۇشۇ ساھەدىكى نوپۇزلۇق كىتابلارنىڭ بىرى
ۋە مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇپ كەلمەكتە .

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ساھەسىدە مەيدانغا كەلگەن
يەنە بىر مۇھىم نەتىجە قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى
ئاسراش - باشقۇرۇش ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى **ئابدۇرېھىم سابىت**

يازغان تۆت توملۇق «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتاب بولدى . بۇ كىتاب ماتېرىيال مەنبەسىنىڭ موللۇقى ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن ئەدىبلەرنى ، ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرۇشتىكى ئىنچىكىلىكى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىك بولدى . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ ساھەدە **غەيرەتجان ئوسمان** يازغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، **ئىمىنجان ئەھمىدى ئۇتۇق** يازغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر» ، **ئىسمايىل تۆمۈرى** يازغان «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ، **ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن** تۈزگەن «دېڭىز ئۈنچىلىرى» قاتارلىق بىر تۈركۈم يۇقىرى قىممەتكە ئىگە ئىلمىي ئەسەرلەرمۇ مەيدانغا كەلدى .

ئەلۋەتتە ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىن ئىبارەت بۇ ئىلمىي ساھەدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان تەرەپلەر بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ . بۇ ساھەدىكى ھاسىلاتلار ناھايىتى مول ۋە رەڭدار ، بۇ ساھەدىكى ئىزدەنگۈچىلەر ۋە تۆھپىكارلارمۇ ئىنتايىن كۆپ . بىراق بۇ كىتاب ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدىكى تەتقىقاتنى مەزمۇن قىلغان خاس ئەسەر بولغانلىقى ئۈچۈن تەتقىقاتلار ھەققىدىكى تەپسىلىي باياننى كېيىنكى ئەسەرلىرىمىزگە قالدۇردۇق .



# پايدىلىنىلغان ئاساسلىق ماتېرىياللار

1 . ئازاد سۇلتان : «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1997 ـ يىل نەشرى.
2 . ئابلىمىت ئىسمايىل ، ماخمۇتجان ئىسلام : «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1993 ـ يىل نەشرى.
3 . مۇھەممەت پولات : «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزا» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1985 ـ يىل نەشرى.
4 . مۇھەممەت پولات : «ئەدەبىيات ۋە دەۋر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1991 ـ يىل نەشرى.
5 . مۇھەممەت پولات : «ئەدەبىيات ـ چىنلىق ۋە گۈزەللىك زېمىنى» شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىل نەشرى.
6 . ئابدۇكېرىم راخمان : «ئەدەبىيات توغرىسىدا مۇلاھىزىلەر» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى .
7 . كېرىمجان ئابدۇرېھىم : «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى لۇغىتى» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1998 ـ يىل نەشرى.
8 . كېرىمجان ئابدۇرېھىم : «يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2000 ـ يىل نەشرى.

# ئاخىرقى سۆز

جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخى ياكى ئەدەبىيات تارىخى ئوچېرىكلىرىنى يېزىش خىزمىتىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى 1958 -يىلى ئوتتۇرىغا قويغانىدى . جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنى 1961 -يىلى بۇ خىزمەتنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ئومۇمىيۈزلۈك پىلان تۈزۈپ چىققاندىن كېيىن ، مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ھەرقايسى ئۆلكە ، ئاپتونوم رايونلار پىلانلىق ، قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا ئۆز تەۋەسىدىكى ئەدەبىيات تارىخى ياكى ئەدەبىيات تارىخى ئوچېرىكلىرىنى يېزىش خىزمىتىنى قولغا ئالغان ۋە بۇ ھەقتە مەلۇم خىزمەتلەر ئىشلەنگەنىدى . ئەپسۇسكى ، «سول» چىل لۇشيەن ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن بۇ ئەھمىيەتلىك خىزمەت ئۆز قەرەلىدە ئورۇنلانمىدى .

تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە پارتىيە 11 -نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 -ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن بۇ خىزمەت قايتىدىن كۈنتەرتىپكە قويۇلدى . 1984 -يىلى 11 -ئايدا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنى بېيجىڭدا مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخىنى يېزىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ ، «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات تارىخى ياكى ئەدەبىيات تارىخى ئوچېرىكلىرى مەجمۇئەسى»نى يېزىش مەسىلىسىنى ئۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلدى ۋە كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى . مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى قاتارلىق تۆت ئورۇن بىرلىكتە



1985 -يىلى 29 -ئىيۇلدا «مەركەز تەشۋىقات (1985) 18 -نومۇرلۇق» ئۇقتۇرۇشنى تارقىتىپ ، «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخىنى يېزىش خىزمىتى مەيلى سىياسىي جەھەتتە بولسۇن ياكى ئىلمىي جەھەتتە بولسۇن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە خىزمەت» دەپ كۆرسەتتى . ئۇقتۇرۇشقا «سۆھبەت يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى»نى قوشۇپ تارقىتىپ ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن «مۇھىم خاتىرە»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپلەر بويىچە ، ئۆز رايونى ئۈستىگە ئالغان «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات تارىخى ياكى ئەدەبىيات تارىخى ئوچېرىكلىرى مەجمۇئەسى»نىڭ ھەرقايسى مىللەت توملىرىنى يېزىش ئىشىغا پائال يېتەكچىلىك قىلىپ ۋە ئۇنى قوللاپ ، يېزىش داۋامىدا يولۇققان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلىپ ، بۇ خىزمەتنىڭ ۋاقتىدا تاماملىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش تەلەپ قىلىندى . 1984 -يىلى 11 -ئايدا بېيجىڭدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخىنى يېزىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ، قازاق ، قىرغىز ، ئۆزبېك ، تاجىك ، تاتار ، شىبە ۋە رۇس قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخى ياكى ئەدەبىيات تارىخى ئوچېرىكلىرىنى يېزىش خىزمىتىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇللۇقىغا تاپشۇرغانىدى . مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ، خەلق ھۆكۈمىتى ، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشى ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ماسلىشىشى ۋە ياردىمى ئارقىسىدا ، تولۇق مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئەستايىدىل ۋە جىددىي تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق ، 1985 -يىلى 5 -ئايدا ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخىنى يېزىش خىزمەت يىغىنىنى ئېچىپ ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سەككىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخى ياكى ئەدەبىيات تارىخى ئوچېرىكلىرىنى يېزىش

خىزمىتىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى . ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىش جەريانىدا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك سىياسەت ، پرىنسىپ ۋە ئىلمىي قائىدىلەرنى بەلگىلىدى .

يىغىن ئالدىن تولۇق مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق تەشكىللەنگەن ۋە يىغىننىڭ ماقۇللىشىدىن ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخى ياكى ئەدەبىيات تارىخى ئوچېرىكلىرى مەجمۇئەسى»نىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»نى يېزىش گۇرۇپپىسى خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى بويىچە ، شۇ يىلى 11-ئايدا گۇرۇپپا مەسئۇلى ، ئاكادېمىيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ، تەتقىقاتچى ئابدۇشۇكۇر تۇردى ، گۇرۇپپا ئەزاسى ، مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ كادىدات تاتقىقاتچىسى ئىمىنجان ئەھمىدى ئۇتتۇقنىڭ مەسئۇللۇقىدا «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى تېزىسلىرى» (دەسلەپكى لايىھە ، تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ‹تېزىس› دېيىلىدۇ) تۈزۈپ چىقىلدى . ئەستايىدىل ۋە ئىلمىي ئىشلەنگەن بۇ «تېزىس» كىرىش سۆز ، ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە زۆرۈرىيىتى ، پايدىلىق شەرت-شارائىتلار ، يېزىش پرىنسىپلىرى ، مەقسىتى ۋە مەزمۇنى ، سەرلەۋھىلەرگە بولۇش مەسىلىسى ، تەپسىلىي قۇرۇلمىسى قاتارلىق يەتتە قىسىمدىن تەشكىل تاپتى . 1986-يىلىنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت ، ئوبلاستلىرىدا مەزكۇر «تېزىس» ئۈستىدە مەخسۇس پىكىر ئېلىندى .

1986-يىلى 6-ئايدا مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنى ئۈرۈمچىدە 2-قېتىملىق خىزمەت يىغىنى ئېچىپ ، شىنجاڭدىكى سەككىز ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخى ياكى ئەدەبىيات تارىخى ئوچېرىكلىرى تېزىسلىرى ئۈستىدە مەخسۇس مۇھاكىمە ئېلىپ باردى . «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى تېزىسلىرى» يىغىننىڭ مۇھىم مۇھاكىمە نۇقتىسى قىلىنىپ ، نۇرغۇن پايدىلىق پىكىر ۋە تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى .



1986-يىلى 10-ئاينىڭ 29-كۈنىدىن 11-ئاينىڭ 4-كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ «بەش.يىللىق» تەتقىقات تېمىلىرىنى پىلانلاش يىغىنىدا .«جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات تارىخى ياكى ئەدەبىيات تارىخى ئوچېرىكلىرى مەجمۇئەسى»نى يېزىش ئىشى مەملىكەتلىك نۇقتىلىق ئىلمىي تەتقىقات تېمىلىرى قاتارىدا «7-بەش يىللىق پىلان»غا كىرگۈزۈلدى .

شۇ يىلى 11-ئايدا ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە بېيجىڭدا مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ ، جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىش داۋامىدا ئۇچرايدىغان مەسىلىلەر ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىندى ، فاڭجېن ۋە پرىنسىپلار بەلگىلەندى . ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى مەزگىلىدە مەملىكەتلىك پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەنلەرنى پىلانلاش-رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى 10-نومۇرلۇق ھۆججەتنى تارقىتىپ ، مەزكۇر مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ، ۋەزىپىنى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە يۇقىرى سۈپەت بىلەن ۋاقتىدا ئورۇنداشنى تەلەپ قىلدى .

1987-يىلى 6-ئايدا ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنى ئۈرۈمچىدە 3-قېتىملىق ئەدەبىيات تارىخى خىزمەت يىغىنى ئاچتى . يىغىندا مەملىكەتلىك ئەدەبىيات تارىخى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ روھى ۋە پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە پىلانلاش-رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ 10-نومۇرلۇق ھۆججىتى يەتكۈزۈلدى ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سەككىز ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخى ياكى ئەدەبىيات تارىخى ئوچېرىكلىرىنى يېزىش خىزمىتىنىڭ

ۋەزىپىلىرى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، سىياسەت ۋە پرىنسىپلارنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ۋەزىپىنى تەلەپكە لايىق، سۈپەتلىك ۋە ۋاقتىدا ئورۇنداش تەلەپ قىلىندى. يىغىندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سەككىز ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخى ياكى ئەدەبىيات تارىخى ئوچېركلىرىنى يېزىش گۇرۇپپىلىرى ئالاقىدار يىغىنلارنىڭ روھى بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخىنى يېزىشنىڭ ئاساسىي تەلەپلىرىگە شۇنىڭدەك كونكرېت پرىنسىپ، مەقسەت ۋە مەزمۇنلىرىغا ئاساسەن، بۇ خىزمەتنى رەسمىي قولغا ئالدى.

جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخى ياكى ئەدەبىيات تارىخى ئوچېركلىرى مەجمۇئەسىنى يېزىش خىزمىتى 1991-يىلى يەنە بىر قېتىم دۆلەتنىڭ پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى بويىچە «8-بەش يىللىق» پىلاندىكى نۇقتىلىق ئىلمىي تەتقىقات تۈرى قىلىپ بېكىتىلدى.

«تىزىس» بويىچە، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»نى يېزىشتا، ھازىرچە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخىدىن ئىبارەت ئىككى ئەدەبىيات تارىخى دەۋرىنى يېزىش پىلانلانغانىدى. 1996-يىلى، شۇ چاغدىكى دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»نى يېزىشقا دائىر ئەھۋاللارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، بۈگۈنكى دەۋرگە، رېئاللىققا يۈزلىنىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى بىر شانلىق سەھىپە ئاچقان ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ياخشى ئۆگىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخىنى مەخسۇس بىر توم قىلىپ يېزىپ چىقىش ھەققىدە يوليورۇق بەردى. ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى رەھبەرلىكى بۇ يوليورۇقنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر



ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى بىلەن بۇ خىزمەتنى ئورۇنلاشتۇردى.

«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»نى يېزىشتا، ئالدى بىلەن تەييارلىق خىزمىتى ۋە 1-تومنى يېزىش ئىشى چىڭ تۇتۇلدى. 1-تومنىڭ ئاساسىي گەۋدە قىسمى 1989-يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېزىلىپ چىققاندىن كېيىن، 1990- ۋە 1993-يىللىرى ئۇنىڭ بەزى بابلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش، مۇھاكىمە قىلىش ۋە ئۆزگەرتىش ئىشلىرى ئىشلەندى. 1997-يىلى 9-ئايدا، دۆلەتنىڭ مەزكۇر تەتقىقات پىلانىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كونكرېت مەسئۇل بولغۇچى ئورۇن — جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىلىرى ليۇ كۈيلى، لاڭ يىڭ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تەتقىقاتچى ئابدۇشۈكۈر تۇردى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، تەتقىقاتچى ليۇ بىن قاتارلىق مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئۈرۈمچىدە بىر قىسىم مۇناسىۋەتلىك خادىملار قاتناشقان باھالاپ بېكىتىش يىغىنى ئېچىلىپ، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»نىڭ 1-تومى تەكشۈرۈپ چىقىلدى. باھالاپ بېكىتىش داۋامىدا ئەسەرنىڭ مەزمۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېگە بولدى ۋە باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى. باھالاپ بېكىتىشكە قاتناشقان مۇتەخەسسىس، ئالىملار ئەسەرنى يەنە ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاش ھەققىدە بەزى تەكلىپلەرنى بەردى. 1999-يىلى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى، 1-تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ئىمىنجان ئەھمىدى ئۇتۇق ئەسەرنىڭ كونكرېت ئىشلىرىغا مۇسئۇل مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىككە بەلگىلىنىپ، باھالاپ بېكىتىش داۋامىدىكى پىكىرلەرگە ئاساسەن ئەسەرنىڭ 1-تومى تولۇقلىنىپ ۋە

ئۆزگەرتىلىپ نەشرگە تەييارلاندى .

يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويۇش بىلەن تەڭ ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى رەھبەرلىكى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»نىڭ تېخى يېزىلىپ بولمىغان 2- ۋە 3-توملىرىنى قايتىدىن تەشكىللەپ يېزىش ، نەشر قىلدۇرۇش خىزمىتىنى ئاكادېمىيىنىڭ مۇھىم ئىشلىرى كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ ، ئاكادېمىيە پارتكومىنىڭ شۇجىسى ، مۇئاۋىن ئاكادېمىيە باشلىقى ، تەتقىقاتچى ، ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى ئابدۇرازاق تۆمۈر ئۆزى بىۋاسىتە تۇتتى . ئابدۇرازاق تۆمۈر 2001-يىلىنىڭ بېشىدا ، بېيجىڭدا شۇ چاغدىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تۆمۈر داۋامەت ، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد بىلەن كۆرۈشۈپ ، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»نى نەشر قىلدۇرۇشقا دائىر ئىشلار توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى . رەھبەرلەر بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ ، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»نى مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ نەشر قىلىشىغا ئورۇنلاشتۇرۇشنى بېكىتتى .

مەركەز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ۋە رەھبەرلەرنىڭ ھەر تەرەپلىمە كۆڭۈل بۆلۈشى ، غەمخورلۇق قىلىشى ، ئابدۇرازاق تۆمۈرنىڭ بىۋاسىتە تۇتۇپ يېتەكچىلىك قىلىشى ، تەتقىق قىلىش ، يېزىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان مۇتەخەسسىس-ئالىملارنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن ، دۆلەتنىڭ پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى بويىچە 7- ۋە 8-بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى بولغان «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات تارىخى مەجمۇئەسى»نىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» قىسمىنى يېزىش ۋەزىپىسى 2003-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاندى .

ئەسەرنىڭ 2- ۋە 3-تومىنىڭ ئاخىرقى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىنى لىۋ بىن ، 4-تومىنىڭ ئاخىرقى تەكشۈرۈپ بېكىتىش



خىزمىتىنى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى ، پروفېسسور ، دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان ئىشلىدى . ئابدۇرازاق تۆمۈر تۆت توملۇق بۇ ئىلمىي ئەسەرنىڭ 1- ۋە 4-توملىرىنىڭ نەشرگە يوللاشتىن بۇرۇنقى ئىش تەرتىپلىرى ، 2- ۋە 3-تومىنىڭ تىزىسىنى تەييارلاش ، يېزىش ، تەھرىرلەش-بېكىتىش ، نەشرگە تەييارلاشتىن ئىبارەت ئىش ھالقىلىرىنى باشتىن-ئاخىرىغىچە چىڭ تۇتۇپ ، ماسلاشتۇرۇپ تەشكىللىدى . ئىمىنجان ئەھمىدى ئۇتتۇق ئابدۇرازاق تۆمۈرنىڭ يېتەكچىلىكىدە بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرگە كونكرېت مەسئۇل بولۇپ ، ئەسەرنىڭ نەشرگە يوللانغىچە بولغان ئىش ھالقىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىنىش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى . شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ، كاندىدات تەتقىقاتچى ھەبىبۇللا ئابدۇسالام بۇ خىزمەتلەرگە يېقىندىن ھەمكارلاشتى .

«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»نىڭ 1- ، 2-تومى ۋە 3-تومىنىڭ ئالدىنقى قىسمىنى «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» ، 3-تومىنىڭ كېيىنكى قىسمىنى «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخى» تەشكىل قىلدى . ئەسەرنىڭ 1- ، 2- ۋە 3-توملىرىنى يېزىشقا قاتناشقان ئاپتورلار ۋە ئۇلارنىڭ يېزىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە بولدى :

لىۋ بىن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»نى يېزىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى نامىدىن ئەسەرنىڭ دەسلەپكى «كىرىش سۆز» قىسمىنى يازدى (ئەسەرنى نەشرگە بېرىش ئالدىدا رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «كىرىش سۆز»نى يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتىپ تولۇقلىدى) .

ئابدۇشۈكۈر تۇردى 1- ، 2- بابنى ، 3-بابنىڭ 2-بۆلۈمىنى (ئى. ئەھمىدى ئۇتتۇق بىلەن بىرلىكتە) يازدى .

ئىمىنجان ئەھمىدى ئۇتۇق 1-توم 3-بابىنىڭ 1-بۆلۈمىنى ، 2-بۆلۈمىنى (ئا • تۇردى بىلەن بىرلىكتە) ۋە 5-بابنى ؛ 2-توم 7-بابىنىڭ ئاخىرقى بۆلۈمىنى (بابۇر ماۋزىسىنى) ۋە 8-بابنى ؛ 3-تومىنىڭ («ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخى» بۆلۈمى) 11-، 12-، 13- ۋە 15-بابلىرىنى يازدى .

«شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ باش مۇھەررىرى ، كاندىدات تەتقىقاتچى ئىسمايىل تۆمۈرى 1-تومنىڭ 4-بابىنى يازدى .

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى غەيرەتجان ئوسمان 2-تومنىڭ 9-بابىنى يازدى .

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەھمەت 2-توم 6-بابىنىڭ 3-بۆلۈمىنى (چاغاتاي ئەدەبىياتى قىسمى)نى ؛ 3-توم 10-باب 2-بۆلۈم («ئۇيغۇر تەنقىدىي رېئالىستىك ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى . . .»)نىڭ ئومۇمىي بايان قىسمى ، نىزارى ، زىيائىي ، تۇردى غەرىبىي ، نىيازى قاتارلىق ماۋزۇلارنى ، 3-بۆلۈم («تەزكىرىچىلىك ۋە تارىخىي داستانچىلىق»)نىڭ ئاسىي ، موللا قۇربان ماۋزۇلىرىنى يازدى .

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى ، دوكتور ئەسئەت سۇلايمان 2-توم 7-بابىنىڭ «ئەلىشىر نەۋائىي» قىسمىنى يازدى .

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى ھەبىبۇللا ئابدۇسالام 2-توم 6-بابىنىڭ 1-، 2-بۆلۈمى ؛ 3-توم 10-بابىنىڭ 1-بۆلۈمىنى ، 2-بۆلۈمىنىڭ سەبۇرى ، بىلال نازىم ، سەئىد مۇھەممەد قاشى ماۋزۇلىرىنى ؛ 3-بۆلۈمىنىڭ ئومۇمىي بايان قىسمى ، مۆجىزى ، موللا شاكىر ، زاھىد ئاخۇن پازىلباي ماۋزۇلىرىنى يازدى .

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى



تەتقىقات ئورنىنىڭ ياردەمچى تەتقىقاتچىسى شاۋكەت ئىبلاخۇن 3-توم («ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخى» قىسمى)نىڭ 14-بابىنى يازدى .

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش مائارىپ-مەدەنىيەت-سەھىيە-تەنتەربىيە كومىتېتى ئىشخانىسىدىن ماگىستېر مەھمۇتجان مۇھەممەت 3-توم 10-بابىنىڭ 4-، 5-بۆلۈمىنى يازدى .

«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»نىڭ 4-تومى مەخسۇس «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخى» قىسمى بولۇپ ، بۇ تومنى يېزىش ۋەزىپىسىنى ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان بىلەن قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى كېرىمجان ئابدۇرېھىم بىرلىكتە ئورۇنلىدى .

يولداش جياڭ زېمىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 16-قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا : «مەدەنىيەتنىڭ كۈچى مىللەتنىڭ ھاياتىي كۈچىگە ، ئىجادىي كۈچىگە ۋە ئۇيۇشۇش كۈچىگە چوڭقۇر سىڭگەن بولىدۇ» ، «ماركسىزم-لېنىنىزم ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى يېتەكچى ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ‹ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش› مۇھىم ئىدىيىسى بىلەن بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش شەرت . . . كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش ، توغرا جامائەت پىكرى بىلەن يېتەكلەش ، ئالىيجاناب روھ بىلەن تەربىيىلەش ، نادىر ئەسەرلەر بىلەن ئىلھاملاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەنىدى .

«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا ئالاھىدە جۇلالىنىپ تۇرىدىغان گۆھەرلەرنىڭ بىرى . ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كۆلىمىنىڭ كەڭلىكى ، ژانىرىنىڭ كۆپ خىللىقى ، شەكلىنىڭ رەڭدارلىقى ، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى ، بەدىئىيلىكىنىڭ

يۇقىرىلىقى، دەۋرىيلىكىنىڭ ئىزچىللىقى، تارىخىي ۋە رېئال ئىجتىمائىي-تەربىيىۋى قىممىتى بىلەن دۆلىتىمىزدىكى خەنزۇ ئەدەبىياتىدىن قالسىلا كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ. ناھايىتى ئۇزۇن بىر تارىخىي جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەن ۋە زور مەدەنىيەت بايلىقى جۇغلانمىسىنى ھاسىل قىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىي ماتېرىياللىرىنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ئىلمىي مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل، ئەستايىدىل، ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن ئۆگىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، ئۇنى دۆلەتنىڭ مۇھىم تەتقىقات تۈرى سۈپىتىدە، بىرقەدەر مۇكەممەل، سىستېمىلىق ۋە ئىلمىي ئەدەبىيات تارىخى ئەسىرى قىلىپ يېزىپ چىقىشتىن ئىبارەت بۇ شەرەپلىك، مۇشكۈل ۋەزىپىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىنىشى — پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان مىللەتلەر ئەدەبىياتى ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، زور كۈچ بىلەن قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى، پارتىيە مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، دۆلىتىمىز مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئىشلىرىنىڭ گۈللەپ-ياشنايدىغان يېڭى بىر تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىگە كىرگەنلىكىنى نامايان قىلدى.

«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»نىڭ دۆلەت دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىسى سۈپىتىدە، بىرقەدەر زور ھەجىملىك ئەسەر قىلىپ يېزىلىپ نەشر قىلىنىشى تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىش. ئۇن نەچچە ئەسىرلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىي ماتېرىياللىرىنى تولۇق ئىگىلەپ، ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، ئۇنى بىر ئەدەبىيات تارىخى ئىلمىي ئەسىرى قىلىپ يېزىپ چىقىش — زور كۈچ، ئۇزۇن ۋاقىت تەلەپ قىلىدىغان ئىش بولغانلىقى، شۇنداقلا سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىك، تەجرىبىمىزنىڭ كەمچىل بولۇشى سەۋەبىدىن، ئەسەردە بەزى كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. ئۇنىڭ ئۈستىگە



ئەسەرگە قايتا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە نەشرگە تەييارلاشقا ئائىت بەزى كونكرېت خىزمەتلەر تۇپەيلىدىن ئەسەر ئوقۇرمەنلەر بىلەن ۋاقتىدا يۈز كۆرۈشەلمىدى. بىز بۇ مەسىلىلەرنىڭ كېيىنكى تەتقىقات، ئىزدىنىش خىزمەتلىرى داۋامىدا ھەل بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ئاخىرىدا، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»نى يېزىش خىزمىتىنى تەشكىللەش، يېزىش، تەھرىرلەش، باھالاپ بېكىتىش، نەشرگە تەييارلاش ۋە نەشر قىلىش ئىشلىرىدا بىزنى قوللاپ، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە ياردەمدە بولغان مەركەز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى رەھبەرلەرگە، مىللەتلەر نەشرىياتى قاتارلىق ئورۇنلارغا، ئاكادېمىيە رەھبەرلىكىگە، يېزىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن مۇتەخەسسىس-ئالىملارغا، ئەسەر مۇھەررىرلىكىنى ئۆتىگەن يولداشلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخىنى يېزىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى.

2003-يىل نويابىر، ئۈرۈمچى.

# نەشرىياتتىن

«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇللۇقىدا ئالاقىدار مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ كۆپ يىل جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ تەييارلىشى بىلەن ۋۇجۇتقا چىققان بىر قەدەر زور ھەجىملىك ئىلمىي ئەسەر. ئەسەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسى يىراق قەدىمكى زامانلاردا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان مەدەنىيەت نامايەندىلىرىدىن تارتىپ يېقىنقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامانىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى پېشۋالىرىمىز، يېتۈك ئەدىبلىرىمىزنىڭ مول ئەدەبىي ئىجادىيەت نەتىجىلىرىگە چېتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئەسەرگە مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار ناھايىتى كۆپ ۋە مۇرەككەپ. بۇنداق مۇرەككەپ، زور ھەجىملىك تەتقىقات ئەسىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشنىڭ نەقەدەر مۇشكۇل ئىكەنلىكى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ.

ئەسەر تاماملىنىپ نەشرگە تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نەشر قىلىنىش ۋاقتى كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتتى. بولۇپمۇ ئەسەر تەتقىقات ئۇسلۇبى، سۆز-جۈملىلەرنى ئىشلىتىشى، قۇرۇلما تۈزۈلۈشى پەرقلىق بولغان كۆپلىگەن ئاپتورنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن تەشكىل تاپقان بولغاچقا، بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ئىمكانقەدەر بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تىرىشتۇق. شۇنداقتىمۇ ۋاقىت زىچ، ئادەم كۈچى ئاز بولغانلىقتىن ئەسەر باشتىن-ئاخىر بىر مۇھەررىر ۋە كوررېكتورنىڭ قولىدىن

ئۆتمىگەنلىكى شۇنىڭدەك كومپيۇتېر سىستېمىمىز بىردەك بولمىغانلىقى سەۋەبلىك پۈتۈن ئەسەرنىڭ تۈزۈلۈشى، ئىملاسى جەھەتلەردە قىسمەن مەسىلىلەرنىڭ ساقلانغانلىقى تۇرغان گەپ. بۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ ئوقۇرمەنلەردىن سەمىمىيەتلىك بىلەن ئۆزرە سورايمىز ھەمدە بۇنداق مەسىلىلەرنى كېيىنكى باسمىلاردا تۈزىتىپ كېتىشكە تىرىشىمىز.

مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

مەسئۇل مۇھەررىر : ئەركىن ئابدۇقادىر
ئەخمەتجان ھوشۇر

ئابلىز ئەمەت
مەسئۇل كوررېكتور : خەيرىنىسا روزى
خۇدابەردى خېلىل

## جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخى مەجمۇئەسى

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى(4)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇللۇقىدا يېزىلدى

**نەشر قىلغۇچى** : مىللەتلەر نەشرىياتى
**ئادرېسى** : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى :100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 _ 010
**ساتقۇچى** : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
**باسقۇچى** : دىشىن باسما زاۋۇتى
**نەشرى** : 2006 ـ يىل4 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
**بېسىلىشى** : 2006 ـ يىل4 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
**ئۆلچىمى** : 850×1168م م. 32كەسلەم
**باسما تاۋىقى** : 30.375
**سانى** : 0001 ـ 2000
**باھاسى** : 60.00 يۈەن (ئىككى قىسىم)

全国少数民族优秀图书出版资金资助项目

图书在版编目(CIP)数据

维吾尔文学史.第4卷/新疆社科院民族文学研究所编著.一北京：民族出版社, 2006.4
ISBN 7-105-07646-1

Ⅰ.维... Ⅱ.新... Ⅲ.维吾尔族—少数民族文学：当代文学—文学史—中国—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.Ⅰ207.915

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006) 第 034184 号

第4卷： 阿扎提.苏里坦
克力木江.阿布都热依木编

责任编辑：艾尔肯. 阿不都卡德尔　阿合买提江. 吾守尔

责任校对：阿不力孜.艾买提，海仁沙.肉孜，胡达百尔地
封面设计：刘家峰

出版发行: 民族出版社　http://www.e56.com.cn
社　址: 北京市和平里北街 14 号　邮编: 100013
电　话: 010-64290862 (维文室)
印　刷: 北京迪鑫印刷厂
版　次: 2006 年 4 月第 1 版　2006 年 4 月北京第 1 次印刷
开　本: 850 毫米×1168 毫米
印　张 30.375
印　数: 0001-2000 册
定　价:（上下册）60.00 元